بسم الله الرحمن الرحيم

# مەسجىدى ھەرەم خۇتبىلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

مەككە مۇكەررەمە

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى

**مەسجىدى ھەرەم خۇتبىلىرى**

مەككە مۇكەررەمە

تەرجىمە قىلغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلئەھەد ئۇجات

تەھرىرلىگۈچى: مەھمۇدجان ئۇچتۇرپان

2020 - يىلى ئاپرېل، ئىستانبۇل 1 - نەشرى

شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى نەشر قىلىپ تارقاتتى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

# مۇندەرىجە

ئىماملارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھاللىرى ..... 13

ئىسلامى قېرىنداشلىق رىشتىسى نەسەب رىشتىسىدىن كۈچلۈك ..... 17

ئاسىيلارغىمۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنىڭ كەڭتاشا بېرىلىشى، ئۇلارنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، ئازابقا دۇچار قىلىش ئۈچۈندۇر ..... 20

ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى ئالىملارنىڭ ئېزىپ كېتىشى بىلەن ئاياغ-ئاستى قىلىنماسلىقى لازىم ..... 23

ئىنسانلار ئارا ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىش، يامان ئىشلاردا ھەمكارلاشماسلىق، ئىسلامنىڭ توپ ئاساسىدۇر ..... 27

كۆز بوياماچىلىق، ئالداماچىلىق ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك ئاپەتتۇر ..... 31

باشقىلارنى ئالداشقا، قويمىچىلىقتا قارشى تۇرۇپ خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش كېرەك ..... 36

نەپسى - خاھىش، شەھۋەتكە ئەگىشىش ئىنساننى گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدۇ ..... 39

مۇسۇلمان ئۆزىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ باغلاش بىلەن بىرگە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسىنىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك ..... 44

ياخشىلىقتا ئىنتىلىش، يامانلىقتىن يىراق بولۇش ۋە باشقىلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرگە ھەسەت قىلماسلىق كېرەك ..... 48

ئاتا-ئانىلار ئائىلىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئەۋلادلىرىنى ياخشى تەربىيلەش ..... 51

ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنى خۇشاللىق ۋە ئىخلاس بىلەن قارشى ئېلىش لازىم ..... 54

ئاللاھنى ھەقىقي تونۇغان ئادەم ئاللاھتىن بەك قورقىدۇ ..... 57

رامىزان ئېيى رەھمەت، بەرىكەت، مەغپىرەت، روھانىيەت ۋە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش ئېيىدۇر. ..... 60

رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونى ئوتتىن ئازات بولىدىغان مۇبارەك كۈنلەردۇر ..... 64

رامىزاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېخىلىقتا بورانغا ئوخشاش مىسلىسىز ئىدى ..... 67

ئاللاھ بارلىق جانلىق-جانسىز مەخلۇقلارنى مۇكەممەل قانۇن-ئىنتىزام ئىچىدە ياراتقان بولۇپ، ھەربىر مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە لايىق خىزمىتى بار ..... 70

مۆمىنلەرگە تىل ۋە قول ئارقىلىق ئازار بېرىش ھارامدۇر ..... 74

پاك تەبىئەت ۋە ياخشىلىقتا يارىتىلغان ئىنسانلار ياخشىلىقتا ئالدىرايدۇ ........ 78
مۆمىننىڭ ئورۇن-مەرتىۋىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆننەتلىرىگە ئەگىشىش
بىلەن كۆتۈرىلىدۇ ........ 82
مەككە شەھىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر ........ 85
ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئاخىرقى غايىسى جەننەتكە كىرىش بولسا، ھەج ئىبادىتىنىڭ
مۇكاپاتى جەننەتتۇر ........ 89
ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كەلگۈسىنى مۇسۇلمانلاردىن باشقا ھېچكىم ياسىيالمايدۇ ........ 93
ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ئىختىلاپلىرىڭلارنى ھەل قىلىڭلار ........ 97
ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىسلام نېمىتىدۇر ........ 102
ئىسلام دىنى كېلىپ ئىنسانىيەتنى ھىدايەت نۇرىغا چۆمدۈردى. ........ 106
ئەقىل ئىگىسى ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىپ كەلگۈسىگە ئۈمىتلىك بولىشى كېرەك ........ 111
زاھىدلىق (دۇنياغا ھېرىسمەن بولماسلىق) تەركىدۇنيالىق دېگەنلىك ئەمەستۇر. ........ 114
ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، قاتارغا قوشۇش، بىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىزدۇر ........ 117
ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى خاتالاشقانلارنى جازالاش، توغرا ئىش قىلغانلارنى
مۇكاپاتلاش ئۈستىگە قۇرۇلغان ........ 121
دۇنياغا ئالدانماڭلار، بۇ دۇنيا ئاخىرەت ئۈچۈن ئۆتكەلدۇر ........ 124
مۇسۇلمانلار كېسەل داۋالاشتا تىببىي ئۇسۇلدا داۋالاش بىلەن بىرگە شەرئىي رۇقيىگىمۇ
ئاساسلىنىشى كېرەك ........ 128
ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا خالىغانچە باھا بەرمەسلىك كېرەك ........ 133
غەيۋەت قۇرئان ھەدىسنىڭ روھى بويىچە كەسكىن ھارامدۇر ........ 136
ئىسلام نېمىتىدىن قالسا ئەڭ بۈيۈك نېمەت نەسەھەت نېمىتىدۇر ........ 140
ھەقىقىي مېھرى-مۇھەببەت ئېسىل خىسلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشى ........ 143
ھازىرقى زاماندا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ مىڭ تۈرلۈك يولى بار ........ 147
شەيتان ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى، شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىڭلار ........ 151
ئىككى ھەرەم جايلاشقان بۇ دۆلەت ئاللاھنىڭ دىنىنى دۆلەت دىنى ۋە شەرىئەتنى قانۇن
قىلغان دۆلەتتۇر ........ 156
پەيغەمبەردىن باشقا ھېچكىم مەسۇم ئەمەس، توغرا قىلىدۇ ۋە خاتالىشىدۇ ........ 160
قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش، مۇشكۈلنى ئاسان قىلىش دۇنيا ئاخىرەتتە
نىجاتلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر ........ 164
ۋەسۋەسە ۋە قارا بېسىشلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يىراقلاشقانلىقنىڭ

ئالامىتى ..... 168

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئاخىر زامان پىتنىسىدىن ئاگاھلاندۇرغان ..... 171

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش-ئىختىلاپلار ۋە بالا-مۇسىبەتلەر كۆپ بولغاندا ئاللاھنىڭ
كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە قايتىش كېرەك ..... 175

سەلەف-سالىھ ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى ۋە ئالىملارنى ھاقارەتلەش دىنىغا
ھاقارەت قىلغانلىقتۇر ..... 179

ئاللاھ ئىنسانلارنى دۇنياغا ئورۇنباسار قىلىپ ياراتقان، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ياخشى
ئەمەللەرنى قىلغانلار ئورۇنباسارلىققا لايىقتۇر ..... 182

سۇخەنچىلىك ۋەگەپ توشۇش قەتئىي ھارام ..... 185

ئىپپەتنى ساقلاش ھەققىدە ..... 189

ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا ئىخلاس قىلىش ۋە بارلىق ئەمەللەردە پەيغەمبەر
ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش لازىم ..... 193

ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تازىلاشقا چاقىرغان بولۇپ، تەۋھىد
ئەقىدىسى دىللارنى پاكلايدىغان دىنىنىڭ جەۋھىرىدۇر ..... 197

كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ۋەھيي مەنبىيىنىڭ بىرلىكى ئىسلام ئۈممىتىگە بولغان
ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئىنئامىدۇر ..... 200

رامىزان ئېيىدا سۈنئىي ھەمرا تىلىۋىزور قاناللىرى ئاللاھتىن قورقۇشى، شەرىئەتكە خىلاپ
پروگراممىلارنى تارقاتماسلىقى لازىم ..... 203

مۇبارەك رامىزان ئېيى يېتىپ كەلدى چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، پۇرسەتنى قولدىن
بەرمەسلىك كېرك ..... 206

قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ بەندىلەرگە نېمەت ۋە ھىدايەت قىلىپ ئەۋەتتى ..... 209

ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنىڭ بىرى تۆۋبە قىلىشتۇر ..... 212

مۇسۇلمانلار ھەر تۈرلۈك پىتنىلەردىن ساقلىنىشى كېرەك ..... 215

ئىسلامنىڭ بارلىق تەلىماتىغا مۇكەممەل ئەمەل قىلىش كېرەك ..... 218

ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى خاتا چۈشىنىش ۋە بۇرمىلاش، خاتالىقتۇر ۋە خەتەرلىكتۇر ..... 223

ئاللاھ تائالا ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش ھارام، ياخشى كىشىلەر داۋاملىق ئاللاھتىن
ياخشى گۇمان قىلىدۇ ۋە ساۋاپ ئۈمىت قىلىدۇ ..... 227

دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ، ئەركىن ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەنە
شۇ ئەركىنلىك ئىسلام شەرىئىتى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاندۇر ..... 231

ماددىزىمچىلارنىڭ بازىرى چىققان بۇ دەۋردە مۇسۇلمانلار سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتىنى

بىرلەشتۈرۈشى كېرەك ........ 233
ھەج ئىسلامنىڭ 5 ئاساسىنىڭ بىرىدۇر ........ 237
دۇنيادىكى بارلىق تۈزۈم، ئىدىيەلەر يىمىرىلىپ ئىسلام پرىنسىپىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ........ 241
قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇسىدۇر، ياخشىلىقنىڭ
يوللىرى ئىنتايىن كۆپتۇر ........ 245
ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيەلەپ ئۈممەتكە پايدىلىق ئىنسانلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش،
ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر ........ 248
چۈش ۋە چۈش تەبىرىنىڭ شەرئىەتتىكى ئورنى ........ 251
جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ئائىلە، تالاق ئائىلىنى ۋەيران قىلىدىغان قەبىھ ئامىلدۇر ........ 254
گۇناھ-مەسىيەتلەرنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى ۋە زاكات بەرمەسلىك، ئۈممەتنىڭ بېشىغا
بالا-مۇسىبەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ ........ 258
روھىي دۇنياسىنى تازىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئارزۇسى بولۇپلا
قالماستىن، قەدىمقى مەدەنىيەتلەرمۇ تەشەببۇس قىلغان يۈكسەك غايىدۇر ........ 263
ئەقىل ئاللاھ بەندىگە بەرگەن نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر ........ 266
ئىسلام دىنى باراۋەرلىكنى جاكارلايدۇ ۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەت تۇرغۇزۇشقا
چاقىرىدۇ ........ 270
شام زېمىنلىرى ئاللاھ بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنلاردۇر ........ 274
سوراقتا تارتىلمايدىغان ئادەم يوق، تەۋبە قىلغۇچى گۇناھ قىلمىغان كىشىگە
ئوخشاشتۇر ........ 278
ھەرقانداق بىر مۈشكۈلچىلىكتىن كېيىن ئاسانلىق بولىدۇ ........ 282
ئۆچ ئېلىش ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئىسلام ئەخلاقىدىن ئەمەس ........ 286
ھالال كەسىپ ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈش ماختاشقا ۋە ياردەم بېرىشكە ئەرزىيدىغان
خىسلەتتۇر ........ 291
بالايى-مۇسىبەتلەر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر ........ 296
ئىسلام دىنىدىن قورقۇش ۋە قورقۇتۇش دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئەزەلدىن قوللىنىپ كەلگەن
قۇرالى ........ 301
ھالال رىزىق تېپىشقا تىرىشىش ساۋاپلىق ئىش بولغانىدەك، ھارامدىن پۇل تېپىش
جەھەننەمنى سېتىۋالغانلىقتۇر ........ 306
دىنىنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىپ، بەزىسىگە ئەمەل قىلماسلىق ئىسلام روھىغا
زىت ........ 311

ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە رازى بولۇش، قانائەتچان بولۇش ۋە مال دۇنيادىكى ئاللاھنىڭ
ۋە بەندىلەرنىڭ ھەققىنى بېرىش لازىم ........ 316
ئىززەت-شەرەپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىسلام دىنى ئاللاھتىن باشقىغا
چوقۇنۇش ۋە باش ئېگىشنى ھارام قىلغان ........ 320
زۇلۇم قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى، غەلبىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر ........ 325
قەلبى يورۇق بولۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇسىدۇر ........ 330
دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى، سۆھبەتلىشىشتۇر ........ 333
ھەر بىر مۇسۇلماندا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك ........ 338
مۇسۇلمان ۋاقتىنى قەدىرلىشى، ۋاقتىنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن
خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم ........ 342
ئائىلە ۋەئۆي مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە قورۇشى
ئارقىلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتى گۈللىنىدۇ ........ 347
مۇسۇلمانلار قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىپ، ئىختىلاپلار ۋە بۆلۈنۈشلەردىن يىراق
تۇرۇشى كېرەك ........ 351
مۇبارەك رامىزان ئېيى رەھمەت،مەغفىرەت ۋە بەرىكەت ئېيىدۇر ........ 354
رامىزان روزىسىنىڭ ئىسلامدا ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بار ........ 357
رامىزان ئېيى قۇرئان تىلاۋەت ئېيىدۇر ........ 359
ئىسلام ئۈممىتى ھەلقىلغۇچ بۇرۇلۇش پەيتىدە تۇرماقتا ........ 362
رامىزاندىن كېيىنمۇ ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم ........ 365
كۈچلۈك مۇسۇلمان ئاجىز مۇسۇلماندىن ياخشىدۇر ........ 369
ھەقىقەت بىلەن ھېكمەت، مۇئمىننىڭ يوقىتىپ قويغان ئەنگۈشتەرىدۇر، ئۇنى قەيەردىن
تېپىۋالسا ئۇنىڭغا ھەقلىقتۇر ........ 372
ئەرەب تىلى ئىسلام ئۈممىتىگە ئاللاھ تائالا ئىنئام قىلغان ئۇلۇغ تىلدۇر ........ 375
قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلايدۇ ۋە نەپسى-خاھىشىنىڭ ئارقىسىغا
كىرىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ ........ 378
ئاللاھنىڭ دىنى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىش
كەززابلارنىڭ خۇي-پەيلىدۇر ........ 381
شامال ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مۆجىزە ۋە نېمەتتۇر ........ 385
مۇسىبەت قانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك كېرەك ........ 388
سۆز مەسئۇلىيەتتۇر، ھەر بىر كىشى ئويلاپ سۆزلىشى ۋە سۆزى ئارقىلىق پىتنە-پاسات

پەيدا قىلماسلىقى كېرەك ..... 392
ئىسلامدىكى بەرىكەت ۋە ئۇنىڭ تەسىرى ..... 396
ئىمان ۋە ئىشەنچنىڭ مۇئمىننىڭ ھاياتىدىكى تەسىرى ..... 400
ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ئۈستىدە ئويلىنىش، چەكسىز قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى ئۈستىدە
تەپەككۇر يۈرگۈزۈش لازىم ..... 403
مۇسۇلمان كىشى ھەر ۋاقىت پىتنىدىن ساقلىنىشقا تىرىشىش كېرەك ..... 407
مۇسۇلمان كىشى مەسئۇلىيەتچان بولۇش كېرەك ..... 410
ئۇھۇد غازىتى ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئىبرەت ۋە مۇھىم بىر ساۋاقتۇر ..... 413
ئاللاھتىن ھەر دائىم تىچ - ئامانلىق ۋە سالامەتلىك تىلەش كېرەك ..... 418
باشقىلاردىن يامان گۇمان قىلىش گۇناھتۇر ..... 421
ئۈممەتنىڭ بىرلىكى ھەممىدىن مۇھىم ..... 425
مۇئمىننىڭ ئىمانى مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ ..... 429
خەيرىيەت ئىشلىرىنى ئىختىيارى، بەدەلسىز قىلىش ئىسلامنىڭ مۇھىم قىسمىدۇر ..... 433
ئىسلامدىن قورقۇش ۋەھىمىسى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى ..... 438
نېمەتلەرنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىش، بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەنلىكتۇر ..... 442
ئاللاھتىن ياخشىلىق تىلەش ۋە يامانلىقتىن پاناھ تىلەش ئىسلامنىڭ روھىدۇر ..... 445
ئىسلامى قېرىنداشلىق رىشتىسى ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئەڭ كۈچلۈك ۋە
مۇستەھكەم رىشتىدۇر ..... 449
ئىنسانىنىڭ روھىي دۇنياسى شۇ ئىنساننىڭ ئەخلاقىغا ئىجابىي ياكى سەلبىي تەسىر
كۆرسىتىدىغان ئامىلدۇر ..... 452
مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە ۋەتەننىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ
مەجبۇرىيىتىدۇر ..... 456
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا مۇھەببەت باغلاش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ
رەسۇلىغا مۇھەببەت باغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر ..... 460
تەبىئىي ئاپەتلەر، ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى، ھېكمەتلىك تەدبىرى ۋە روشەن بەلگىلىرىدىن
بولغان بىر بەلگىدۇر. ..... 463
مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان ۋە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىيەلمىگەن مىللەت تارىخ
بېتىدە ئىز قالدۇرالمايدۇ ..... 468
ئاللاھ ئىنسانلارغا ھالال رىزىق تەلەپ قىلىشنى پەرز قىلدى، ھارام يېيىشتىن چەكلىدى ..... 472
مۇسۇلماننىڭ تىلىنى ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىشى كېرەك ..... 477

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسىل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ............ 480
ھەر بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق بولۇشى ئىلاھىي قانۇنىيەتتۇر ............ 484
ئىسلام ئۈممىتى داۋاملىق جاپا-مۇشەققەتلەر ۋە مۇسىبەتلەر ئارقىلىق سىناقلارغا
دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ، غەلبە-نۇسرەت ئاللاھتىندۇر ............ 489
ئىسراپخورلۇق قىلماسلىق ۋە ھەر قانداق ئىشتا ئىقتىسادچان بولۇشتىن ئىبارەت ئاڭ
سەۋىيەنى تۇرغۇزۇش كېرەك ............ 494
ئىمان مۇئمىننىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە
مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ ............ 499
مۇبارەك رامىزان ئېيى، قۇرئان ئېيى ۋە تائەت-ئىبادەت ئېيىدۇر ............ 503
رامىزان ئېيى ئىنسانلارغا ئۆزىنى كونترول قىلىش، نەپسىنى تائەت-ئىبادەتكە
كۆندۈرۈش ئۈچۈن بۈيۈك بىر پۇرسەتتۇر ............ 505
نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئىبادەتلەرنىڭ ئەۋزىلىدۇر ............ 508
رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم ............ 511
رامىزاندىن كېيىن ئىبادەتلەر ئوخشاشلا داۋام قىلىشى، ھېيت بايراملىرىدىمۇ ئاللاھتا
بولغان قۇلچىلىقنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك ............ 513
ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر ............ 516
مەدەنىيەتلەر قاراڭغۇلۇقنى يورۇقلۇقتا چىقارغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ نۇرىدۇر ............ 520
قوشنا ھەققى ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم ھەقلەردىندۇر ............ 523
ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلارغا نەسىھەت ............ 526
ھەجنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ۋە ھەجدىن كېيىنكى ئەدەپ-ئەخلاقلار ............ 532
مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم ............ 537
بىر يىل ئاخىرلاشتى، يەنە يېڭى بىر يىل كىردى ............ 542
پىتنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىبادەتكە يۈزلىنىش كېرەك ............ 548
ئىنساندىكى ئاڭ-سەۋىيەنىڭ يۇقىرى بولۇشى، مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەكلىكىدۇر ............ 552
مۇسۇلماندا بىلىم-ئىدراك كامىل بولۇشى كېرەك ............ 556
ھەج مەۋسۇمىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە كۆرۈنۈشلىرى ............ 561
بىز مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭلەردىكى ئەخلاقىمىز ............ 567
شۈكرى قىلىش ئارقىلىق نېمەتلەر داۋاملىشىدۇ ............ 574
خاتىرجەملىك ۋە مۇقىملىق، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن مۇھىمدۇر ............ 581
نەسىھەت بىلەن كۆڭۈل سۆزىنىڭ پەرقى چوڭ ............ 586

ئاقىل ئىنسان نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرمەيدۇ 592
ئەقىل-ئىدراك نېمىتى ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ بۈيۈك نېمەتتۇر 595
مۇسۇلمانلارنى ئاساسسىز كۇفرىغا مەنسۇپ قىلىۋېتىش جىنايىتىنىڭ يامانلىقى 600
قىش پەسلى ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقلىرى 605
ياخشى پال ئېلىش ۋە شۇم پال ئېلىش 612
قۇتۇلۇش پاراخۇتى بولسا ئىككى ۋەھىيگە ئەگىشىشتۇر 618
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۈستىدىكى ھەقلىرى 624
ھارام مالنى يېيىشنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتى 629
ئىمانى ھايات بىلەن ماددى ھاياتنىڭ پەرقى ۋە ئاقىۋىتى 636
ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش پەرىزدۇر 643
پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان سەلبى تەسىرى 649
ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە پەزىلەتلىرى 653
رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار 659
ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كېسىلى ۋە ئۇنى داۋالاش چارىسى 667
مەنمەنچىلىكنىڭ خەتىرى ۋە ئۇنىڭ سەلبى تەسىرى 672
ئاللاھ بەندىلەرنى ئېغىر مۇسىبەتلەر بىلەن سىناشنىڭ ھېكمەتلىرى 678
باشقىلارنىڭ ئابروينى تۆكۈش ھارام 681
ئەخلاقىي جىنايەتلەرنىڭ خەتىرى 687
ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، چۈشكۈنلۈكتىن ساقلىنىش 692
مۇسۇلمان ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ھەر ئىشتا ئاگاھ بولۇشى كېرەك 703
يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشنىڭ خەتىرى 710
ئىسلامدا سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى 717
مۇھىتنى ئاسراش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر 724
دەم ئېلىشقا چىقىش ۋە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش 732
ئىسلامدا تەسەللى بېرىش ۋە ھەمدەمدە بولۇش ئەخلاقى 738
بوش ۋاقىت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى 744

# ئىماملارنىڭ قىسقىچە تەرجىمھاللىرى

## شەيخ سالىھ ئىبنى ھۇمەيد

سالىھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى ھۇمەيد سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ قەسىم ئۆلكىسىگە قاراشلىق بۇرەيدە ۋىلايىتىدە 1950 - يىلى تۇغۇلغان. باشلانغۇچ تەھسىلىنى يۇرتىدا پۈتتۈرگەن، تەۋھىد، فىقھى، ئەرەب تىلى قاتارلىق ئاساسلىق بىلىملەرنى دادىسىدىن ئالغان. دادىسى مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۈنىۋېرسىتېت، دوكتۇرلۇقنى مەككىدە تاماملىغان، قۇرئان كەرىمنى مەسجىدىلھەرەمدە يادلىغان. كىچىككىدىنلا ئىماملىق، خۇتبە ئوقۇشنى باشلىغان. 1972 - يىلى مەككىدىكى شەرىئەت فاكولتېتىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1984 - يىلى مەسجىدىلھەرەمنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلەنگەن. 1991 - يىلى ئىككى ھەرەم ئىشلىرى مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. 1994 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستان



مەسلىھەت كېڭىشى ئەزاسى، ھەرەمدە مۇدەررىس، مۇفتىلىققا تەيىنلەنگەن. 2001 – يىلى ئىككى ھەرەم ئىشلىرى رەئىسى بولۇپ، 2002 - يىلى مەسلىھەت كېڭىشى رەئىسى بولغان.

شەيخ سالىھنىڭ ئىلمي ئەسەرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى:

ئىسلام شەرىئىتىدە ئوڭايسىزلىقنى كۆتۈرۈۋېتىش
يولىيورۇقلار ۋە ئەسلىمىلەر (خۇتبە كىتابى)
ھازىرقى زامان مەسىلىلىرىدە ئۇقۇشماسلىقلار ۋە رەددىيەلەر
دىئالوگ ئۇسۇلى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرى
ئىختىلاپلىشىش ئەخلاقى
ئىززەت - شەرەپ يولىدا ئىزدىنىش

پىشۋالىق ئەخلاقى ۋە ئۆرنەكلىرى
شەيخ سالىھ ئىبنى ھۇمەيد ھازىرمۇ مەسجىدىلھەرەمدە ئىمام ۋە خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى داۋام قىلماقتا.

## شەيخ ئۇسامە خەييات

ئۇسامە ئىبنى ئابدۇللاھ ئابدۇلغەنى خەييات، 1956 - يىلى مەككە مۇكەررەمە ھارەتۇلباب مەھەللىسىدە تۇغۇلغان، خۇزائە قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، ھەدىس بىلىملىرىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئىگە.



### مۇھىم خىزمەتلىرى:

مەسجىدىلھەرەمنىڭ ئىمام ۋە خا-تىپى، سەئۇدى ئەرەبىستان بۈيۈك ئۆلىمالار ھەيئەت ئەزاسى.
ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتى شەرىئەت فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى.
سەئۇدى ئەرەبىستان مەسلىھەت كېڭەشىنىڭ ئەزاسى.
مەسجىدىلھەرەمدە مۇدەررىس.

### ئىلمى ھاياتى:

كىچىكىدە دادىسىدا قۇرئان كەرىمنى يادلىغان، ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېر-سىتېتىنىڭ شەرىئەت ۋە ئىسلام بىلىملىرى فاكولتېتىنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەن ۋە مەزكۇر ساھە بويىچە ئەينى ئۇنىۋېرسىتېتتىن ماگىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ھەدىس، ئۇسۇلى ھەدىس، تەپسىر ھەققىدە كىتاب يازغان. ھەر قايسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئىلمي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان.

## شەيخ سالىھ ئىبنى مۇھەممەد تالىب

سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئىبراھىم تالىب 1973 - يىلى رىياد شەھرىدە ئەھلى ئىلىم، دىندار ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى بەنى تەمىم ئايمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھاپىزۇلقۇرئان. باشلانغۇچ، ئۇنىۋېرسىتېت،



ماگىستىرلىقىچە رىياد شەھىرىدە ئوقۇغان.

مەسجىدلھەرەمنىڭ ئىمام ۋە خاتىپى، ھازىر مەككە شەھىرىنىڭ مەھكىمە قازىسى بولۇپ، ئىلگىرى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ئوخشىمىغان شەھەرلىرىدە قازى بولغان.

دۆلەتنىڭ تەكلىپى بىلەن ئەنگلىيەدە خەلقئارا قانۇندا دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا نامزات قىلىنغان، بىر يىلغا يېقىن ئەنگلىيەدە ئوقۇغان، ئىنگلىزچىنى راۋان سۆزلەيدۇ. پىكرى ئۆتكۈر، يېتۈك ياش ئالىملاردىن ھېسابلىنىدۇ.

ئەنگلىيەدە ئوقۇش جەريانىدا مەسجىدلھەرەمنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلىنىپ قايتىپ كەلگەن.

بىر قانچە كىتابى نەشر قىلىنغان.

## شەيخ سەئۇد ئىبنى شۇرەيم



سەئۇد ئىبنى ئىبراھىم شۇرەيم 1966 - يىلى رىياد شەھىرىدە تۇغۇلغان. قۇرئانە قەھتان ئايمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئۇنىۋېرسىتېتلەرنى رىياد شەھىرىدە تاماملىغان، رىياد ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1992 - يىلى پادىشاھنىڭ پەرمانى بىلەن مەسجىدلھەرەمنىڭ ئىمام - خاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن. بىر يىلدىن كېيىن مەھكىمىدە قازىلىققا تەيىنلەنگەن. 1996 - يىلى ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك شەرەپ بىلەن دوكتۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1994 - يىلى مەسجىدلھەرەمدە مۇدەررىسلىككە تەيىنلەنگەن. شەيخ شۇرەيم ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مەسجىدلھەرەمنىڭ قىرائەتتە ئەڭ يېقىملىق ۋە تەسىرلىك ئىماملىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەيخنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ھەر كۈنى بومدات نامىزىدىن كېيىن مەسجىدلھەرەمدىكى ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ سوئال سورىغانلارغا جاۋاب بېرىدۇ، دەرت - ئەھۋالى بارلارنىڭ دەردىنى ئاڭلايدۇ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشقا تىرىشىدۇ.

**يازغان ئەسەرلىرى:**

نەسەپنى قانداق ئىسپاتلايمىز.

ئەۋلىيالارنىڭ كارامەتلىرى.

ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە نەزىرىدە مەھدىينىڭ كېلىشى.

ھەج ۋە ئۆمرە ئۇسۇلى.

ھەرەمدىن شولا.

سوئال - جاۋابلىق ئۇسۇلى فىقھى.

## شەيخ ئابدۇررەھمان سۇدەيس



ئابدۇررەھمان ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ سۇدەيس 1962 - يىلى قەسىم ۋىلايىتىگە قاراشلىق بەكرىيە يېزىسىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان.

شەيخ سۇدەيس باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى تاماملىغاندىن كېيىن ئۇ-نىۋېرسىتېت ھەمدە ماگىستىرلىق بىلىملىرىنى رىيادتا، دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى مەككە شەھرىدە ئۇممۇلقۇرا ئۇنىۋېرسىتېتىدە تاماملىغان.

1984 - يىلدىن بۇيان مەسجىدىل-ھەرەمدە ئىمام - خاتىپلىق قىلىپ كەلمەكتە.

شەيخ سۇدەيس 2005 - يىلى دۇبەيدە تەسىس قىلىنغان خەلقئارالىق ئىسلامىي شەخس نامىلىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

شەيخ سۇدەيس 2012 - يىلدىن بېرى پادىشاھنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ۋەزىر مەرتىۋىسى بىلەن ئىككى ھەرەم ئىشلىرىنىڭ (مەسجىدىلھەرەم ۋە مەسجىدى نەبەۋىي) رەئىسلىك خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرماقتا.

ئۇ يەنە 36 يىلدىن بېرى مەسجىدىلھەرەمدە ئىماملىق قىلىپ جاراڭلىق ۋە يېقىملىق قىرائىتى بىلەن مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىگە روھىي ئوزۇق بولۇپ كەلمەكتە.

# ئىسلامى قېرىنداشلىق رىشتىسى نەسەب رىشتىسىدىن كۈچلۈك

شەيخ سالىھ بىن ھۇمەيد

(20/3/1431هـ - 6/3/2010م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولغان ئاللاھتىن قورقۇپ، بۈيۈك مەھشەر كۈنى ئۈچۈن، ئۆزىمىزنى تەقۋالىق بىلەن زىننەتلىشىمىز ۋە ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن داۋاملىق ھېساب ئېلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك، «ئەھلى ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسى نەسەب رىشتىسىدىن كۈچلۈك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. مۇسۇلمانلار تەقۋالىق قىلىشى، تەقۋالىقىدا مۇستەھكەم تۇرۇشى، تەقۋادارلىق ئۈچۈن ئاللاھ ئالدىدا بەرگەن ۋەدىلىرىگە ۋاپا قىلىشى ۋە ئۆزلىرى بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا كەمتەر بولۇشى كېرەك.

بىلىڭلاركى، مەخلۇقلارغا رەھىمدىل بولۇش، رەھمان تائالانىڭ رەھمەت دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. رەھىم ـ شەپقەتلىك دىللارغا رەھمان تائالامۇ رەھىم قىلغۇچىدۇر. ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى قىيامەت كۈنىدىكى مەھشەرگاھنىڭ ھېساباتى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك. بۇ دۇنيادا ئۆزى بىلەن ھېسابلاشقانلار ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ ھېساباتى يەڭگىل بولىدۇ.

ئەھلى ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسى ئالاھىدە رىشتە

بولۇپ، ئۇ ئىنساننى ئالاقىلەردە گۈللىنىشكە تېگىشلىك رىشتە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىسلام رىسالىسىنىڭ ھەقىقەتلىرى بىلەن يېقىندىن ئالاقىسى بار. ئىنسانلارنىڭ قېرىنداشلىق رىشتىسى، ھېسسىيات، پىرىنسىپلار، خۇشاللىقلار ۋە قايغۇلارغا ئالاقىلىقتۇر. قېرىنداشلىق ئىسلامنىڭ روھى (جەۋھىرى) بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلامنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرى ۋە شەرىئەت نىزاملىرىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. ھەقىقىي قېرىنداشلىق بولسا، ئىسلام تەلىماتى ۋە ئىسلام ئەخلاقىنى ئاساس قىلغان قېرىنداشلىقتۇر.

ئىسلام دىنى، ئۆزىنىڭ ئەقىدىسى، ئىبادەتلىرى ۋە يۈكسەك ئەخلاقى بىلەن ئىنسانىيەتنى ۋە ئىنسان روھىنى يۈكسەكلەرگە، ئەدەپ - ئەخلاق ۋە پەزىلەت ئۇپۇقىغا ئېلىپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ قارىشىدا ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى ھاۋايى- ھەۋەس، خاتا يول ۋە زۇلۇملار قاپلىۋالغان چاغدا، ئىسلام تەلىماتى، دىن بىلىملىرى ۋە ئەھكاملىرى ئىنسان قەلبىدە زەئىپلىشىشكە باشلايدۇ.

ئىنساننىڭ دىلى قاتتىق، ئەقلى ئازغۇن بولسا، ئۇنداق ئادەمنى ھېچقاچان دىندارلىق بىلەن سۈپەتلەشكە ئەرزىمەيدۇ. ھەقىقىي دىندارلىق، قەلب، ئەقىل ۋە روھتىن ئىبارەت ئىنسان ئورگانىزمىنىڭ ساغلاملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىبادەتنىڭ ئاساسىي غايىسى، روھىي دۇنيانى تازىلاش ۋە ئىچكى دۇنيانىڭ ئىخلاسمەنلىكىنى سىناشنى مەقسەت قىلىدۇ. بىز ئىلاھىي مەئبۇد بولغان ئاللاھ تائالاغا بولغان سەممىيىتىمىزنى خالىس قىلماي ۋە ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىمىزنى ياخشىلىماي تۇرۇپ، دۇنيا- ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيمىز.

ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىغان ئىبادەتلىرىنى ئۆز جايىدا ئادا قىلىپ تۇرۇپمۇ، باشقىلارغا ئوچۇق چىراي بەرمەيدىغان، باشقىلارغا يامانلىقنى ئويلايدىغان ۋە زۇلۇمنى راۋا كۆرىدىغان ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىبادەتلىرى ئۇ كىشىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

بىلىڭلاركى، نامازنى ئادا قىلىپ، زاكاتنى بېرىپ، روزىسىنى تولۇق تۇتۇپمۇ، يەنىلا «مۇپلىس» (پۇلدىن ئايرىلىپ قالغان) سانىلىدىغان ئادەم بار، ئۇ بولسا بىرلىرىنى تىللىغان، بىرلىرىگە تۆھمەت قىلغان،

يەنە بىرلىرىگە قارا چاپلىغان، باشقىلارنىڭ مېلىنى ھارام يېگەن، يەنە كىملەرنىڭ قېنىنى ناھەق تۆككەن كىشى بولۇپ، قىيامەتتە ئۇ كىشىنىڭ بارلىق ياخشىلىقلىرى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىلىپ، مۇپلىس بولۇپ قالىدۇ، ئۇنداق ئادەمنىڭ ياخشىلىقلىرى قالمىغان تەقدىردە ئۇنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغۇچىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا يۈكلىنىدۇ ـ دە، ئاخىرى ئوتقا تاشلىنىدۇ. بىز ھەقىقىي مۇسۇلمانلىق دەۋاسىنى قىلىدىكەنمىز، دىنىنى ئىچكى دۇنيايىمىزدا تىرىلدۈرۈشىمىز كېرەك. يەنە شۇ دىنىنى ئەخلاقىمىزدا ئۆزلەشتۈرۈش ۋە يولىيورۇقنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئەخلاق، باياشات تۇرمۇشنىڭ ئاساسىدۇر.

ئەھلى ئىلىملەر، دىن پۈتۈنلەي ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر، دېگەن. كىمكى سىزدىن ئەخلاقتا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىسە، ئۇ دىندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن بولىدۇ. ئەخلاقنىڭ خەرىتىسىنى دىن سىزىدۇ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن بەلگىلەرنىمۇ دىن قويىدۇ. ئۇنداقتا دىن ئاساسىغا قۇرۇلمىغان ئەخلاق، ساغلام ئەخلاق ھېسابلانمايدۇ. دىن بىلەن ئەخلاق بىر ـ بىردىن ئايرىلالمايدىغان قوشكېزەكلەردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدە كېلىشىچە: ئاللاھقا ئەڭ يېقىن بەندىلەر، ئەخلاقى ئەڭ ياخشى كىشىلەردۇر. مۇئمىنلەرنىڭمۇ ئەۋزىلى ئەخلاقى ياخشىلاردۇر. ئىنسان دۇنيادا ئېرىشكەن ئەڭ ياخشى بايلىق ئەخلاق بايلىقىدۇر. قىيامەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئورۇن جەھەتتە ئەڭ يېقىن ئىنسان، ئەخلاقى ياخشى بولغان ئىنساندۇر. قىيامەتتە تارازا ـ مىزانغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە، ياخشى ئەخلاقتۇر.

جەمئىيەت ئىنتىزامىنى ساقلاش ئۈچۈن، ھەر تۈرلۈك قانۇن ـ تۈزۈملەرنى يولغا قويۇش مۇمكىن، بىراق ئەخلاق بولمىسا، يولغا قويۇلغان تۈزۈملەر قانچە مۇستەھكەم ۋە چىڭ بولىشىغا قارىماي نەتىجە بەرمەيدۇ. ياخشى ئەخلاق ئىگىسى كەچۈرۈمچان كېلىدۇ ۋە ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇپمۇ كەچۈرۈم قىلىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا باغلىقتۇر. ئەخلاقنى يوقاتقان مىللەت، زاۋاللىققا قاراپ ماڭىدۇ ـ دە، ئاخىرى يوقىلىدۇ.

# ئاسىيلارغىمۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنىڭ كەڭتاشا بېرىلىشى، ئۇلارنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، ئازابقا دۇچار قىلىش ئۈچۈندۇر

شەيخ دوكتور ئۇسامە ئابدۇللا خەييات

(/3/1431ھ - 13/3/2010م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاسىيلارغىمۇ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنىڭ كەڭتاشا بېرىلىشى، ئۇلارنى بىخۇتلاشتۇرۇپ ئازابقا دۇچار قىلىش ئۈچۈندۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى خۇتبىنى ئوقۇغان:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھنىڭ، ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىنى دۇنيادىكى زالىم، پاسىق ۋە ئاسىيلارغىمۇ كەڭتاشا ئاتا قىلىشى بولسا، ئۇلار ئۈچۈن يامان ئاقىۋەتنىڭ كېلىشىدىن سىگنالدۇر. بىز كۆرۈۋاتقاندەك دۇنيادا ھەددىدىن ئاشقان زالىملار ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى چىققان كاپىرلارغا ئاللاھنىڭ كۆپلەپ رىزىق ئاتا قىلىشى، ئۇلار ئۈچۈن سىناق ۋە ئاگاھلاندۇرۇشتۇر.

ئىمام ئەھمەدنىڭ مۇسنەدىدە كەلگەن، ئۇقبە ئىبنى ئامىر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ ئاسىي بەندىسىگىمۇ نېمەتلىرىنى كەڭتاشا بەرگەنلىكىنى كۆرسىڭىز، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى بىخۇدلاشتۇرۇپ جەھەننەمگە ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلىڭ،

دەپ مونۇ ئايەتنى ئوقۇغان: ﴿فَلَمَّا نَسُوا۟ مَا ذُكِّرُوا۟ بِهِۦ فَتَحْنَا عَلَيْهِمْ أَبْوَٰبَ كُلِّ شَىْءٍ حَتَّىٰٓ إِذَا فَرِحُوا۟ بِمَآ أُوتُوٓا۟ أَخَذْنَٰهُم بَغْتَةً فَإِذَا هُم مُّبْلِسُونَ فَقُطِعَ دَابِرُ ٱلْقَوْمِ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ ۚ وَٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ﴾ ﴿بىز ئۇلارغا ئەسلەتكەن ئايەتلەرنى ئۇنتۇغاندا، ئۇلار ئۈچۈن ھەممە نەرسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىۋەتتۇق، ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن نېمەتلەردىن خۇشاللىنىپ كۆرەڭلىگەنلەرنى تۇيۇقسىزلا تۇتىمىز، ئۇلار ھېچپەرگە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. زالىملارنىڭ قۇيرۇقى كېسىلدى، پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا ھەمدۇ- سانالار بولسۇن﴾[1]. مەزكۇر ئايەتنىڭ روھى بويىچە، ئاللاھ تائالا بىزلەرگە ئاسىيلارنى قانداق بىخۇتلاشتۇرغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ھۆكۈملىرىدىن يۈز ئۆرۈگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب ئەۋەتكەنلىكى، ئۇلار ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ تۇرۇپمۇ، تەن سالامەتلىكى ياخشى ۋە بايلىقى مول بولۇشى، پەقەتلا ئۇلارنىڭ نېمەتكە تۇز كورلۇق قىلىشلىرىنى دەلىل ئىسپاتلار بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدۇر.

كۆپلىگەن ئاسىيلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن بايلىقلاردىن كۆرەڭلەپ، مەندەك ئەقىللىق، زېرەك ئادەم يوق، ماڭا كەلگەن بۇ بايلىق ئۆزەمنىڭ ئەقىللىق ۋە ھۇشيارلىقىمدىن كەلگەن، ماڭا كەلگەن بۇ ئامەت ھېچقاچان يوقالمايدۇ، دەپ ئويلايدۇ. لېكىن ئاللاھنىڭ ئازابى كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالىدۇ. ئىنسانغا ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان نەرسە، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە بولۇپ، تۇيۇقسىز كەلگەن بايلىقمۇ خەتەرلىكتۇر. تۇيۇقسىز كەلگەن مۇسىبەت بولسا، ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە ياماندۇر، شۇ سەۋەبتىن ئەقىل ئىگىسى تۇيۇقسىز ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى كېلىپ ئەجەلنىڭ ئاخىرلىشىشىدەك ئاقىۋەتلەر ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك.

يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئېلىشقا ئەڭ لايىق كىشى مۆئمىنلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مونۇ ھەدىسى ئاجايىپ ھېكمەت بىلەن تولغاندۇر: «مۆئمىنىنىڭ ئىشى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىقتۇر؛ خۇشاللىق كەلسە، شۈكۈر قىلىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ياخشىدۇر. مۇسىبەت كەلسە، سەۋر قىلىدۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ

[1] سۈرە ئەنئام: 44 ـ ۋە 45 ـ ئايەت.

ئۇچۇن ياخشىدۇر» .[1]

مۇئمىنلەر بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان زالىملار، كاپىرلار ۋە ئاسىيلارغا كەلگەن ئامەتلەردىن ئاللاھنىڭ ھېكمىتىنى بىلىشى لازىم، چۈنكى بۇنداق نېمەتلەر ئۇلار ئۇچۇن ياخشىلىق بولماستىن، بەلكى قىيامەتتىكى دەرتلىك ئازاب ئۇچۇن يېقىلغۇدۇر. ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، زالىملارنى ھېچقاچان جازاسىز قويۇۋەتمەيدۇ. زالىملار بۇ دۇنيادا جازاسىنى تارتىدۇ، ئەگەر تارتماي قالغان بولسا، ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك جەھەننەمگە بارىدۇ. جەھەننەمدىن يامان ئازاب بارمۇ؟! شۇ سەۋەبتىن مۇئمىنلەر زالىملارنىڭ ھازىرقى كۈنلىرىگە ئالدانماسلىقى لازىم.

ئىنسانغا كەلگەن چوڭ-كىچىك بارچە مۇسىبەتلەرنىڭ بەدىلى باردۇر. ئاللاھ ياخشى كۆرگەن بەندىلىرىنى مۇشۇ دۇنيادا ئوخشاش بولمىغان سىناق- ئىمتىھانلار بىلەن سىنايدۇ. ئاللاھنىڭ سىناقلىرىدىن غەلىبىلىك چىقالىغان كىشىگە، ئاللاھنىڭ مەڭگۈلۈك ئىنئامى بولغان جەننەتتى لايىق بولىدۇ. بۇ دۇنيادا پۇل، مەنسەپ، ئابروي ۋە ھاكىمىيەت بېرىلگەنلەر، دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختلىك كىشىلەر ئەمەس، بەلكى بۇ دۇنيادىكى ئامەت، زالىملار ئۇچۇن جەھەننەمنىڭ بېشارىتىدۇر. بىلىدىغان بولساق، پۇل-مال ۋە مەنسەپ بەختلىك تۇرمۇشنىڭ مىزانى ئەمەس. ھەقىقىي بەخت بولسا ئىنساننىڭ روھىي ئوزۇقى بولغان ئىمان لەززىتىدە تېپىلىدۇ.

ئاللاھ بىزنى دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىگە ئالدانغۇچىلاردىن قىلمىسۇن، دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن!!.

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

# ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى ئالىملارنىڭ ئىزىپ كېتىشى بىلەن ئاياغ-ئاستى قىلىنماسلىقى لازىم

شەيخ دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب.

(2010-6-4)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرى ئالىملارنىڭ ئىزىپ كېتىشى بىلەن ئاياغ-ئاستى قىلىنماسلىقى لازىم، شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە ئالاقىلىق پەتىۋالارنى تونۇلغان، ئىشەنچىلىك ئالىملاردىن ئېلىش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بىز بارلىق ئىنسانلار ئاللاھ تەرىپىگە سەپەر قىلغۇچىلارمىز، قىيامەتكە بارماي چارىمىز يوق. قىيامەت كۈنى نامى- ئەمەللىرىمىز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈلىدۇ، تارازا -مىزانغا قويۇلىدۇ. زۇلۇم قىلغان، ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، ھاياتى دۇنيانى يۇقىرى كۆرگەنلەرنى جەھەننەم كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ ماقامىدىن قورقۇپ، نەپسىنى ھاۋايى- ھەۋەستىن ساقلىغان كىشىنىڭ جايى جەننەتتۇر.

ئاللاھنىڭ شەرىئىتى دۇنياغا ئىنسانلارنى نەپسى- خاھىشلىرىنىڭ قۇللىقىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى ھەقىقىي ئابىد، خۇداگۇي بەندىلەردىن

قىلىش ئۈچۈن كەلگەن دىندۇر. ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنىڭ ھەقىقىتى بولسا، ئاللاھقا ھەقىقىي رەۋىشتە تەسلىم بولۇش ۋە ئاللاھنىڭ مۇراد-مەقسىتىنى بىلىپ، بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىشتۇر. ھەقىقەتتە، بىزنىڭ يارىتىلىشتىكى غايىمىز ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ۋە ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقىقەت مونۇ ئايەتتە روشەن نامايەن بولىدۇ: ﴿وَمَا خَلَقۡتُ ٱلۡجِنَّ وَٱلۡإِنسَ إِلَّا لِيَعۡبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[1].

ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بولسا، تەۋھىد، ئەقىدە، تائەت-ئىبادەتتىن ئىبارەت قۇلچىلىق قىلىش، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىشتەك ئەمەلىي ھەرىكەتتىمىزدە ئەمەللىشىدۇ. شەيئىلەرگە قارىتا ھالال-ھاراملىق ھۆكمىنى بېرىش مۇتلەق ئاللاھنىڭ ھوقۇقىدۇر. ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولغان ھەدىس-شەرىفلەرگە، ساھابە كىراملارنىڭ ئىش-ئىزلىرىغا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ تائالا داۋاملىق ئالىملاردىن شەرىئەتنى ساغلام ھالدا مۇھەممەد مۇستاپا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن بويىچە قوبۇل قىلىپ يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان ۋە ئالىملارغا ئەگىشىشنى ۋاجىپ قىلغان، چۈنكى ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسىدۇر.

ئىلگىرىكى ئالىملار پالانى دۆلەت، پۈستانى شەھەردە بىر ھەدىس ياكى بىر مۇھەددىس ئالىم بارلىقىنى ئاڭلىسا، ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن بىرەر مەسىلىنى بىلىشنى خالىسا، ئايلاپ-يىللاپ يول مېڭىپ بېرىپ ئۆگىنەتتى. ئەمەلىيەتتە ئالىملارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ، ئۇلار ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ياشلىق ئۆمرىنى مەدرىسىلەردە، بىلىم يۇرتلىرىدا، كېچىلىرى ئۇيقۇسىز، ئاچ، ئۇسسۇز ھالدا ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئۆگەنگەنلەردۇر. شۇنداق بۇيۇك ئالىملارمۇ پەتىۋا سورالسا، ئالدىراپ پەتىۋا بەرمەيتتى. بەزى پەتىۋا بېرىدىغان ئالىملار يۈز ئالىمنىڭ گۇۋاھلىقىدىن كېيىن پەتىۋاغا لايىق بولاتتى. ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ھازىرقى دەۋرگىچە ئەنە شۇنداق رەببانىي ئالىملارنىڭ تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ساقلىنىپ كەلگەن. 15 ئەسىردىن

[1] سۈرە زارىيات: 56 ـ ئايەت.

كېيىنكى بوگۈنكى كۈندىمۇ ئىسلام دىنى ئاپئاق، ساپ ھالدا بىزگە مەنىۋى ئوزۇق بەرمەكتە.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئىمام خۇتبىسىدە يەنە ئاللاھقا ھەمدى-سانا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار ئېيتقاندىن كېيىن: ئاللاھنىڭ دىنىغا، ھەقىقىي بىلىم-سەۋىيەگە ئىگە بولماستىن ۋارىسلىقنى ئىزھار قىلىپ، پەتىۋا بېرىشكە ئالدىرىماسلىققا تەۋسىيە قىلدى. ھەقىقىي ئالىم بولماستىن دىندا مۇفتى بولۇپ، پەتىۋا بېرىشنىڭ جازاسى ئېغىر. قىيامەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدۇ، بۇ دۇنيادىمۇ تېگىشلىك جازاغا تارتىلىشى كېرەك. دىندا ئالىم بولۇش ياكى پەتىۋا بېرىشتەك چوڭ ئىشقا ھەممە ئادەم جۈرئەت قىلىدىكەن، دىن بۇزۇلۇپ، ئەقىدە بۇلغىنىدۇ.

سۆزمەنلىك قىلىدىغان بولساق، ئىبلىس، فىرئەۋنمۇ سۆزلەيدۇ ۋە ھەممە ئادەم سۆزلەيدۇ، لېكىن سۆزلىگەنلەرنىڭ سۆزلىرى شەرىئەت مىزانىغا توغرىلانمىسا، سۆزمەنلەر ئۈچۈن ئازغۇنلۇقتىن باشقا يول يوق. چوڭقۇر بىلىم ئەھلى بولماي تۇرۇپ دىندا پەتىۋا بېرىشتىن پەخىرلىنىدىغان چالا موللىلار كۆپىيىۋاتقان بوگۈنكى زاماندا ئۇلار ئۈچۈن ئىلگىرىكىلەر دېگەندەكلا دېيىشتىن باشقا چارىمىز يوق: بۇ ئىلىم بولسا دىندۇر، دىنىڭلارنى كىمدىن ئېلىۋاتقانلىقىڭلارغا ياخشى قاراڭلار». قىيامەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارغان ۋاقتىڭلاردا ھەقىقىي بىلىم ئىگىسى بولغان، ئىشەنچلىك ئالىملاردىن دىنىڭلارنى ئالمىغان بولساڭلار، ئۆزرىلىرىڭلار ۋە سەۋەب-باھانىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايدۇ. دىن ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان، يەنە ئاللاھ تەرىپىگە قايتىدۇ. دىنىنىڭ ئىگىسى ئاللاھتۇر. ئىختىلاپلىق مەسىلىلەردە ھەقىقەت بىردۇر، ئاللاھنىڭ ھۆكمى مۇستەھكەمدۇر. دىنىمىزنى كىمدىن ئۆگىنىش، كىملەرنىڭ ئالىملىقىنى ئېتىراپ قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ بىزگە ئەقىل نېمىتىنى بەرگەن، سىزنىم قۇۋۋىتىنى ئىنئام قىلغاندۇر. ئاللاھنىڭ شەرىئىتى، ھودۇد-چەكلىمىلىرى ئالىمنىڭ ئېزىپ كېتىشى، بىلىمسىزنىڭ پەتىۋاسى بىلەن ئاياغ-ئاستى قىلىنماسلىقى كېرەك. پەتىۋا سوراشتا ئالىملارنىڭ يەككىل پەتىۋالىرىنى ئىزدەش ئارقىلىق چىقىش

يولى ئىزدەش يامانلىقنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئاچىدۇ.

شەرىئەت ئەھكاملىرىنى بىلمەسلىككە قارىماي، بۇرنىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ تەپ تارتماستىن خالىغانچە كەلسە-كەلمەس پەتىۋالارنى بېرىش، خۇددى تىببىي مەكتەپتە ئوقۇماي دوختۇرلۇق دەۋاسى قىلىپ كېسەل داۋالىغان بىلەن ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شەرىئەت ئىلىملىرى دوختۇرلۇق ئىلىملىرىگە سېلىشتۇرغاندا نەچچە ھەسسە قىيىن ۋە خەتەرلىكتۇر. دوختۇرلۇقتا ئوقۇمىغان بىر كىشىنى كېسەل داۋالاشتىن چەكلەش قانۇنلۇق بولسا، قۇرئان ۋە ھەدىس بىلىملىرىدە ئالىم بولمىغان كىشىنى شەرىئەتتە پەتىۋا بېرىشتىن چەكلەش، تېخىمۇ قانۇنلۇقتۇر. ئىمام ئىبنى ھەزىم مۇنداق دېگەن: ئىلىم ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە نىسبەتەن، بىلىم دەۋاسىنى قىلىپ، ئالىملار سېپىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغانلاردىن خەتەرلىك ئادەم بولمىسا كېرەك.

# ئىنسانلار ئارا ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىش، يامان ئىشلاردا ھەمكارلاشماسلىق، ئىسلامنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر

شەيخ دوكتور: ئۇسامە ئابدۇللا خەييات

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىنسانلار ئۆز ئارا مۇناسىۋەتتە ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىش، يامان ئىشلاردا ھەمكارلاشماسلىق ئىسلامنىڭ تۈپ ئاساسىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. بەندە ئاللاھتىن قورقۇپ تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاخىرەتتە ئۈچۈن ئوزۇق توپلايدىكەن ۋە ھاۋايى ـ ھەۋىسىنى كونترول قىلالايدىكەن، ياخشىلىق ئۇستىدە بولىدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابىدا بىرلا ئايەت، بەندىلەرنىڭ دۇنيالىق تۇرمۇشى ۋە ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك بارلىق مەنپەئەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى بىلەن پەرۋەردىگارى، ئۆزى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەمدە مەنپەئەتلەرنىڭ مىزانىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەنالىرىنى ياخشى چۈشىنىش، مۇرادىغا يېتىش ۋە روھىغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشىش ئىنتايىن مۇھىم.

ئۇ ئايەت بۇدۇر: ﴿... وَتَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡبِرِّ وَٱلتَّقۡوَىٰۖ وَلَا تَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ﴾ ﴿(ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھ (نىڭ ئازابى) دىن قورقۇڭلار، ئاللاھ نىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴾[1].

[1] سۈرە مائىدە: 2 ـ ئايەت.

سۈرە مائىدىدىكى بۇ ئايەت مۇكەممەل بىر ئايەتمۇ بولماستىن، بەلكى ئايەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەردە ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىش، يامانلىق ۋە زوراۋانلىقتا ھەمكارلاشماسلىق، ئاللاھتىن قورقۇش، ۋاقتى كەلگەندە ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىق بولىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىق ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن. ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزى ئېيتقاندەك ھەر بىر بەندە مەزكۇر ئىككى ھالەت ۋە ئىككى مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ بولسا: ئۆزى بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىدىكى مەسئۇلىيەت، ئۆزى بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەسئۇلىيەت. ئىنساننىڭ ئۆزى بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتتە پۈتۈن ئالاقىلار، ھەمكارلىق، دوستلۇق ئۇستىگە قۇرۇلغان بولۇشى، شۇ ھەمكارلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقى، ئىتائىتى ئاساسىدا بولۇشى لازىم. چۈنكى، بۇ بەندىنىڭ سائادىتى ۋە نىجاتلىقىنىڭ غايىسىدۇر. ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىق دىنىنىڭ ئومۇمىي شەكلىدۇر. ياخشىلىقنىڭ ھەقىقىتى ئىنسانلارغا دۇنيا-ئاخىرەتلىك پايدا-مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىش بولۇپ، ياخشىلىق سۆزى پۈتۈن ياخشى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىيلىقنى ئىپادىلەيدىغان سۆزدۇر. يامانلىق ياكى گۇناھ سۆزى بولسا، ئىنسانلاردا تېپىلىدىغان يامان قىلىقلار، ئەيىب-نۇقسانلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزدۇر.

ياخشىلىق سۆزىنىڭ كاتىگورىيىسىگە ئىمان ۋە ئۇنىڭ بارلىق تۈرلىرى كىرىدۇ. تەقۋا بولسا، ئەنە شۇ ئىماننىڭ بىر قىسمىدۇر. ياخشىلىقنى ئىپادىلەيدىغان ۋە ئۇنى ھېس قىلىدىغان ئورۇن ئاساسەن يۈرەك بولۇپ، ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى ئىنساننىڭ قەلبى ھېس قىلىدۇ. قەلبنىڭ راھىتى، كۆڭۈل خۇشاللىقى ئىماندا تېپىلىدۇ. ئىنسان ياخشى ئىشلاردىن روھىي لەززەت ۋە خۇشاللىق ھېس قىلمايدىكەن، ئىمانى ئاجىز ياكى يوقلىقىنى ھېس قىلىشى كېرەك.

ئاللاھ ياخشىلىقنىڭ بارلىق خىسلىتىنى تۆۋەندىكى ئايەتكە يىغىنچاقلىغاندۇر: ﴿لَّيْسَ ٱلْبِرَّ أَن تُوَلُّوا۟ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ ٱلْمَشْرِقِ وَٱلْمَغْرِبِ وَلَـٰكِنَّ ٱلْبِرَّ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ وَٱلْمَلَـٰٓئِكَةِ وَٱلْكِتَـٰبِ وَٱلنَّبِيِّـۧنَ وَءَاتَى ٱلْمَالَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ ذَوِى ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَـٰمَىٰ وَٱلْمَسَـٰكِينَ وَٱبْنَ ٱلسَّبِيلِ وَٱلسَّآئِلِينَ وَفِى ٱلرِّقَابِ وَأَقَامَ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَى

ٱلزَّكَوٰةَ وَٱلْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَٰهَدُوا۟ۖ وَٱلصَّٰبِرِينَ فِى ٱلْبَأْسَآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَحِينَ ٱلْبَأْسِۗ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُوا۟ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُتَّقُونَ﴾ ﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھ غا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا) (پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھ نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش- ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن سەبىللەرگە (يەنى پۇل- مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىغا ئىرىشىشىگە پۇل- مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىكتە ۋە (ئاللاھ نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾[1].

ئاللاھ مەزكۇر ئايەتتە ياخشىلىقنىڭ ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، پەيغەمبەرلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولۇپ، ئىماننىڭ بەش ئۇسۇلى شۇلاردۇر، ئۇنىڭسىز ئىمان مۇكەممەل بولمايدۇ. ئىماننىڭ ئەمەلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىبادەتلەر: ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئاللاھ يولىدا مال چىقىم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئىماننىڭ روھىي تەرىپى، قەلبكە ئائىت تەرەپلىرى، سەۋرچانلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق دېگەندەك ئىشلاردۇر. تەقۋانىڭ ھەقىقىتى بولسا، ئاللاھتىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىش بىلەن ئاللاھقا بويسۇنۇش، توسقانلىرىدىن بىجانىدىل قول ئۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. ھەر قانداق بىر ئەمەلنىڭ پرىنسىپى ۋە غايىسى بولىدۇ. مەنبىئى ئىمان بولمىغان ئەمەل، ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ. ئۇنداق ئىكەن ئۆرپ- ئادەت، ھاۋايى- ھەۋەس، مەنسەپ-ئابروي ئىزدەپ قىلىنغان ئەمەللەر ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ. ھەرقانداق ئەمەلنىڭ غايىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ۋە ساۋاپ ئۈمىت قىلىش بولىدىكەن، ئىبادەت ھېسابلىنىپ ئەجرىگە ۋە ساۋاپقا لايىق بولىدۇ. بۇ ئاساستا ئىنسانلارنىڭ بارلىق باردى-كەلدى مۇئامىلىلىرى

[1] سۈرە بەقەرە: 177 ـ ئايەت.

ياخشىلىققا ھەمكارلىشىش، تەقۋادارلىق پىرىنسىپى بويىچە بولىدىكەن، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆز قېرىندىشىغا ياردەم قولىنى سۇنالايدىكەن، ھەقىقىي مۇسۇلمانچىلىقنىڭ روھىنى ئەمەلىلەشتۈرگەن بولىدۇ. ئىنسان ئۆزى يالغۇز ھەممە ئىشنى بىلىپ، قىلىپ كېتەلمەيدۇ، شۇڭا بارلىق ئىنسانىيەتنى بىر-بىرىگە موھتاج قىلىپ قويغانلىقى ئاللاھنىڭ ھېكمىتىدۇر.

ئەمما ئاللاھتائالا شۇ موھتاجلىقتا ھەمكارلىق پىرىنسىپى ئورناتقان، ئۇ پىرىنسىپ بولسا، ياخشىلىققا ھەمكارلىشىش. يامانلىق ۋە تاجاۋۇزغا ھەمكارلاشماسلىق پىرىنسىپىدۇر. بۇ پىرىنسىپنى ئاتا-ئانىلار ئائىلە تەربىيىسىدە ئەۋلادلارغا كىچىكىدىن سىڭدۈرۈش ۋە پۇختا ئۆگىتىشى كېرەك. كىچىك بالىلار قايسى ئۇسۇلدا تەربىيەلەنسە، شۇ بويىچە چوڭ بولىدۇ. شۇڭا ئەۋلادلىرىمىز، ياخشىلىقنىڭ نېمىلىكى، يامانلىقنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە مۇكەممەل چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى ياخشىلىقنى سۆيىدىغان، يامانلىقتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان روھ بىلەن تەربىيىلىنىشى كېرەك.

ئاخىرىدا مۇئمىن، مۇئمىن ئۆچۈن خۇددى بىر گەۋدە قۇرۇلۇشقا ئوخشاش بولۇپ، بىر-بىرىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى ياخشىلىققا ھەمكارلىشىدىغان، يامانلىق ۋە تاجاۋۇزغا قارشى تۇرىدىغان تەقۋادار مۇئمىنلەردىن قىلسۇن، ئامىن!!

# كۆز بويامچىلىق، ئالدامچىلىق ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك ئاپەتتۇر

شەيخ دوكتور/ ئابدۇرەھمان ئەسسۇدەيس

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«كۆز بويامچىلىق ۋە ئالدامچىلىق، ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك ئاپەتتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلغان:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

مۇبارەك شەرىئىتىمىزنىڭ ئاساسىي غايىسى، مىللەتلەرنى ئىسلاھ قىلىش ۋە بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. شەرىئەت ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تازىلاش، مەنىۋىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئاساستا ئىسلام شەرىئىتى، مەسچىتلەردىن ئىبادەت ئورۇنلىرىنى بىنا قىلدى.

مىللەتلەر شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىدىكەن، شۇ مىللەت يەر شارىدىن يوقاپ كەتمەستىن مەڭگۈ ياشايدۇ، بەلكى تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىدۇ. كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشى يۈكسىلىشكە باشلايدۇ. ئەۋلادلاردا ئىخلاس بولسا، قىلغان ئىشلىرى تەرەققىي قىلىدۇ، باشقىلارغىمۇ تەرەققىياتتا ئۆرنەك بولغاندىن تاشقىرى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ. يۇقارقىلارنىڭ ھەممىسى بىر مەدەنىيەت بەلگىلىرىدۇر.

يەنە بىر تەرەپتىن مىللەتنىڭ مەدەنىي مەۋجۇتلۇقىنى ۋەيران قىلىدىغان

ئامىللارمۇ كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ يامان، خەتەرلىك ھەمدە رەزىل خىسلەت بولسا، كۆز بويامچىلىق ۋە ئالدامچىلىق جىنايىتىدۇر. ئاللاھ بارلىق مۇسۇلمانلارنى بۇنداق رەزىل قىلمىشتىن يىراق قىلسۇن، ئامىن!.

كۆز بويامچىلىق جىنايىتىنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كۆپلىگەن ئورۇندا يامان ئىللەت دەپ تەنقىتلىگەن. كۆز بويامچىلىق، ھەتتا يېمىرىلمەس مۇستەھكەم جەمئىيەتنىمۇ يىلتىزىدىن قورۇتۇپ تاشلايدىغان ئاپەتتۇر. شۇ ئاساستا شەرىئەت كۆز بويامچىلىقنى قەتئىي ھارام قىلغان، كۆز بويامچىلارنى دۇنيا-ئاخىرەتتە خار قىلىشقا ۋەدە قىلغان. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنۇ مەشھۇر ئايەت بار: ﴿وَيۡلٞ لِّلۡمُطَفِّفِينَ ٱلَّذِينَ إِذَا ٱكۡتَالُواْ عَلَى ٱلنَّاسِ يَسۡتَوۡفُونَ وَإِذَا كَالُوهُمۡ أَو وَّزَنُوهُمۡ يُخۡسِرُونَ أَلَا يَظُنُّ أُوْلَٰٓئِكَ أَنَّهُم مَّبۡعُوثُونَ لِيَوۡمٍ عَظِيمٖ﴾ ﴿(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ، كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ ئۇلار بۈيۈك بىر كۈندە تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمدۇ﴾[1].

مەزكۇر ئايىتى كەرىمەدىن مەلۇمكى، مەيلى تارازىدا ئالداش بولسۇن، مەيلى كۆكتات، مېۋە بازارلىرىدا بىز كۈندە ئۇچرىتىۋاتقاندەك مېۋىنىڭ ياخشىلىرىنى ئۈستىگە ناچارلىرىنى ئاستىغا تىزىشتەك كۆز بويامچىلىق ۋە ئالدامچىلىقلار بولسۇن كەسكىن ھارام ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. مۇئامىلىدە ئالدامچىلىق بولسا، خېرىدارنى ئالداپ مالنىڭ ئەيىبىنى كۆرسەتمەستىن سېتىۋېلىش بولۇپ، بۇمۇ ئېغىر جىنايەتتۇر. بىز باشتا دەپ ئۆتكەندەك، بۇنداق ئەھۋاللار بازارلاردا كەڭ دائىرىدە ئۇچرايدۇ. ھەتتاكى، كۆز بويامچىلار بۇ قىلمىشلىرى ئارقىلىق خېرىدارنىمۇ، ئۆزلىرىنىمۇ ئالداپ كۆندۈرۈپ قويغان، ھېچكىشى بازارلاردىكى كۆز بويامچىلىقلارنى يامان كۆرمەيدىغان، بۇ گۇناھقا قارىتا پەرۋا قىلمايدىغان دەرىجىگە كېلىپ قالغان.

ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا ئاللاھتىن قورقمايدىغان تىجارەتچىلەر ماللارنىڭ ياخشىلىرىنىڭ ئىچىگە يامانلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئەيىبىنى يوشۇرۇپ ساتىدىغان ئەھۋاللار تولىمۇ ئېغىر. يەنە كېلىپ بەزى تىجارەت ئورۇنلىرى خەلقنى ئالداپ 50% ياكى 80% باھاسىنى چۈشۈردۇق، دېگەن ئېلانلارنى

[1] سۈرە مۇتەففىفىن: 1 ـ 5 ئايەتلەر.

تارقىتىپ خېرىدارنى قىزىقتۇرىدۇ. ھەقىقەتتە بۇنداق قىلغانلىق خېرىدارلارنى ئالدىغانلىقتۇر. ئەسلىدە ھېلىقىماللار ئۆز باھاسىدا سېتىلغاندا خېرىدارنىڭ ساددىلىقىدىن پايدىلىنىپ ھەسسىلەپ پايدا ئالغان، كېيىن بازار سۈۋۈپ قالغاندا 80% باھاسىنى چۈشۈردۈق دەپ قويۇپ ئەقەللىسى 10 ـ 20% پايدىغا مالنى ساتقان. بۇنداق قىلمىشلار ھەقىقىي كۆز بويامچىلىقتۇر. بەزى ئىنسانلار ماللىرىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن يالغاندىن قەسەم ئىچىپ، ئانچە پۇلغا ئالغان، مۇنچە پۇلغا ئالغان دەپ خېرىدارنى ئىشەندۈرىدۇ. ئەمما شۇ تىجارەتچى بىلمەيدۇكى، بۇ قىلمىشى ئۇنىڭدىن بەرىكەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە كۈتۈلمىگەن ئاپەتلەرگە يولۇقۇپ تۈگىشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «مالنى قەسەم ئىچىپ سېتىش، مالنىڭ سېتىلىشىغا سەۋەب بولغان بىلەن بەرىكەتنى كەتكۈزىدۇ» دېگەن[1].

ئالدامچىلىق بىلەن مال ساتىدىغان تىجارەتچىنىڭ جامائەت ئارىسىدا ئىناۋىتى ۋە قەلبىدە راھەتمۇ بولمايدۇ. يەنە بىر ھەدىستە رەسۇلۇللا ئەلەيھىسسالام: «تىجارەتچى ۋە خېرىدار بىرلىكتە مالنىڭ ئەيىبىنى ئاشكارىلاپ، ئالغۇچىمۇ ئەيىبىنى كۆرۈپ سودىلاشسا، ئۇلارنىڭ سودىسىدا بەرىكەت بولىدۇ» دېگەن.[2]

راستچىل تىجارەتچىگە شۇنداق ئۇلۇغ بىشارەت بېرىلگەن: «راستچىل تىجارەتچى قىيامەتتە پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار ۋە شېھىدلار بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ». ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋف ئىسىملىك ساھابىدىن قانداق باي بولدۇڭ دەپ سورالغاندا: «كەلگەن پايدىنى قەتئىي قايتۇرمىدىم ۋە مالنىڭ ئەيىبىنى قەتئىي يوشۇرمىدىم» دېگەن.

ھازىرقى زاماندا بەزى ئىنسانلار كۆز بويامچىلىق ۋە ئالدامچىلىقنى ھوشيارلىق ۋە دانالىق دەپ قارايدىكەن، ئۇ قانداقمۇ دانالىق بولسۇن. ئەمەلىيەتتە كۆز بويامچىلىق ۋە ئالدامچىلىق بولسا، ئىنسان مەنىۋىيىتى چۈشكۈنلەشكەندە، رەزىللەشكەندە يۈز بېرىدىغان ئەھۋالدۇر. ئالدامچىنىڭ

[1] بۇخارى رىۋايىتى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

قەلبىدە مېھىر-شەپقەت بولمايدۇ.

ئى كۆز بوياмчىلىق قىلغانلار! بىلىڭلاركى، باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياپ تاپقان مالدىن ئۆزۈڭلارنىڭ مەنپەئەتلىنىشىڭلار ۋە بالىلىرىڭلارغا يېگۈزۈشۈڭلار ھارامدۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئەۋلادلىرىڭلارغا ھارام لوقما يېگۈزمەڭلار، ئەمىرىلمۇئمىنىن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىر ئايالنىڭ قىزى بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى ئاڭلىغان قىسسە ھەممىگە مەشھۇر. بۇ ۋەقەلىكتە: بىر ئايال قىزىنى، ساتىدىغان سۈتكە سۇ ئارىلاشتۇرۇشقا بۇيرىغاندا قىزى ئانىسىنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىپ، بۇنداق قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى ئېيتىپ، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر بۇنداق قىلىشتىن توسقان دېسە، ئانا: ئۆمەر بىزنى كۆرەتتىمۇ؟ دېگەن. مۇبارەك قىز ئانىسىنىڭ يۈزىگە: ئۆمەر كۆرمىسە، ئۆمەرنىڭ پەرۋەردىگارى كۆرمەمدۇ؟! دېگەن. ئەنە شۇ شەرەپلىك، تەقۋادار قىز 5-خەلىپە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنى تۇغقان.

ھەقىقەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئالدامچىلىق ۋە كۆز بويامچىلىق، سودا-مۇئامىلە بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، ئەقىدە، ئىبادەتلەردىمۇ يۈز بېرىدۇ. دىنىنىڭ ئاساسى بولغان ئەقىدە، ئىبادەتلەردە كەم-زىيادە قىلىشنىڭ ئۆزى ئالدامچىلىقتۇر. ئالدامچىلىقنىڭ ئەڭ يامىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ پۇقرالارنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئامانەتلىرىنى بىھۇدە ۋەيران قىلىۋېتىشىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ئاللاھ بىر بەندىسىگە پۇقرالارنىڭ خىزمىتىنى تاپشۇرسا، ئۇ پۇقرالارنى ئالدىغان ھالدا ئۆلۈپ كەتسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ» دېگەن.

بۇ پىرىنسىپ يالغۇز ئالماق-ساتماق، باشلىق بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدا بولماستىن ۋەقفىلەرگە مەسئۇل بولغان نازىرلاردا، ئائىلىدىكى ئاتا-ئانىلاردا، ئىدارە-جەمئىيەتلەردىكى مەسئۇللاردا، ئىشچى-خىزمەتچىلەردە تېپىلىدۇ. كىمكى، ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماستىن باشقىلارنى ئالداشقا كۆنۈپ قالىدىكەن، ئاقىۋىتى ئىنتايىن خەتەرلىك. ۋە يەنە بەزى ئىنسانلارنىڭ ئۈممەتنىڭ پىكرىي جەھەتتىن توغرا بولغان يۆنىلىشىنى

خاتاغا چىقىرىپ پىتنە پەيدا قىلىشى، ئىسلامغا زىت، پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان پەتىۋالارنى بېرىشى، كۆز بوياپچىلىقتۇر. كۆز بوياپچىلىقنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئاياللارنى ھىجاپلىرىنى تاشلاپ رەستىلەرگە چىقىشقا تەرغىپ قىلىش، ئەرلەر بىلەن ئارىلىششقا تەشەببۇس قىلىشتەك ئىشلارمۇ كۆز بوياپچىلىقتۇر. ئۈممەتنىڭ بارچە ئىشلىرىدا راستچىل بولۇش ۋە سەممىيلىك تەلەپ قىلىنىدۇ.

بىز بۇ كۈنلەردە ئىمتىھان زامانىدا تۇرىۋاتىمىز، ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئاللاھتىن قورقۇشى، نىيەتنى خالىس قىلىشى، ئىمتىھانلاردا كۆز بوياماسلىقى كېرەك. ئىمتىھاندا باشقىلاردىن كۆچۈرۈش چوڭ خىيانەتتۇر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇستازلار، ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئىمتىھانلارنى تەكشۈرۈشتە ئاللاھتىن قورقۇشى كېرەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋاپلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئوقۇپ، توغرا نومۇر قويۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاخىردا ئىمام يازلىق تەتىلدە ياشلارنىڭ ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەستىن دۇنيالىقى ۋە ئاخىرىتى ئۈچۈن پايدىلىق بولغان ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش، بىلىم - سەۋىيىسىنى ئاشۇرىدىغان كۇرسلارغا قاتنىشىش، ئۈممەتكە پايدىلىق ۋە يارامLIق ئىنسان بولۇشقا تىرىششقا چاقىردى.

# باشقىلارنى ئالداشقا، قويمىچىلىققا قارشى تۇرۇپ خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش كېرەك

شەيخ دوكتور/ سالىھ بىن ھۇمەيد

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتەۋاتقان يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «باشقىلارنى ئالداشقا، قويمىچىلىققا قارشى تۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ـ مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى ئادالەت ۋە ياخشىلىق ئۈستىگە قۇرۇلىشى كېرەك. بارلىق ئىشلاردا ئادىل بولۇش ۋاجىپ. ئادالەت بولسا، ئىسلاھاتنىڭ ئاساسىدۇر. زۇلۇمغا ھېچبىر زامان يول يوق. زۇلۇم بولسا، بۇزۇلۇش ۋە پىتنە ـ پاساتنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدىغان مىكروپتۇر. بەندىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئالغۇ ـ بەرگۈ مۇئامىلىلىرى، بەلكى دۇنيا ـ ئاخىرىتى ئەنە شۇ ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلارنىڭ دۇنيالىق ھاياتىدا پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلغان.

ئادىللىق تەجەللىي قىلىدىغان مەيدان بولسا، كىشىلەرنىڭ ئۆز ـ ئارا مەنپەئەت ئالماشتۇرۇش، سودا ـ مۇئامىلە، ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىدۇر. زۇلۇم، باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشتەك يولسىزلىقلار، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇئامىلىلىرىدە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ، شەرىئەتنىڭ ئاساسىي غايىسى زۇلۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە زۇلۇمنى چەكلەشتىن ئىبارەت. ئەھلى

ئىلىملەر دېگەنكى، سودا ـ مۇئامىلىلەردە ئىنسانلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش ئامىمنىڭ مەنپەئەتلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ.

تىجارەتچىلەردىن خالىغان كىشى مال باھاسىنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئاشۇرۇش، مال باھاسىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە ماللارنى ئامبارلارغا تىقىۋېلىپ، بازارغا سېلىشتىن چېكىنىش ئارقىلىق بازارنى كونترول قىلىۋېلىش، بازاردا ماللارنى قىسلاشتۇرۇپ باھانى كۆتۈرۈش، ماللارنىڭ سۈپىتىنى خالىغانچە ناچارلاشتۇرۇش ئارقىلىق كۆپ پايدىغا ئېرىشىش، مالنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىگە رىئايە قىلماسلىقتەك خاتالىقلارغا ۋاقتىدا چارە قوللانماستىن قويۇۋېتىش ئامىمنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر دەخلى ـ تەئەررۇز يەتكۈزىدۇ. نەتىجىدە ئالدامچىلىق، كۆز بويامچىلىق، جازانىخورلۇق، مال باھاسىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، ئاداۋەت، خۇسۇمەت، ئەتكەسچىلىكتەك جىنايەتلەر يۈز بېرىپ جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلىدۇ.

شۇڭا ئامىمنىڭ مەنپەئەتلىرىنى زۇلۇمدىن، شىركەتلەرنىڭ مونوپول قىلىشىدىن، كۆز بويامچىلىق ۋە ئالدامچىلىقتىن ساقلاش ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تىجارەتچىلەر، زاۋۇت ـ فابرىكىلار ھەتتا نورمال پۇقرالارنىڭمۇ ئورتاق مەسئۇلىيىتىدۇر. ئىسلاھاتنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، ھەر ساھەدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى ياخشى تونۇشتۇر.

ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئەدلى ـ ئادالەت تۇرغۇزۇش، كۆز بويامچىلىق، ئالدامچىلىقتىن ساقلىنىش، بارچە تەرەپنىڭ مەنپەئەت، ھوقۇقلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ۋىجدانى، ئىمانى بىلەن ھېسابلاشقاندا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىمۇ ئىسراپتىن يىراق بولۇش، تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە مۆتىدىللىك يولىنى تاللاش تەلەپ قىلىنىدۇ. بازاردىن مال سېتىۋېلىش بىر تۈرلۈك لەززەت بولماستىن، ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا سودا قىلىش كېرەك.

مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مېلى، ۋاقتىنى ھىمايە قىلىشى ۋە ئۆمرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ پايدىسىز ئىشلارغا سەرپ قىلماسلىقى كېرەك. مال سېتىۋالغۇچىلارمۇ نامى يامان، مۇسۇلمانلارغا ئاداۋەت قىلىدىغان شىركەتلەرنىڭ ھىلە ـ

مىكىرلىرىگە ئالدانماستىن، نېمە سېتىۋالسا ئۇنىڭ سالاھىيەت تارىخى، سۈپىتى، ھەتتا ئىشلەنگەن فابرىكا ۋە دۆلەت تەۋەلىكىگە قاراپ ئاندىن سېتىۋېلىش كېرەك.

مال سېتىۋالغاندا ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە مۇسۇلمانلار ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتنى باشقا مەھسۇلاتتىن ئەۋزەل بىلىپ سېتىۋېلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ مەھسۇلاتى تېپىلمىغاندا ئاندىن باشقىلارنىڭ مەھسۇلاتىنى ئامالسىزلىقتىن سېتىۋېلىش كېرەك. مال ساتقۇچى تىجارەتچىلەرمۇ ماللىرىنى ساتقاندا ئەيىبىنى يوشۇرماي، ئۆزگەرتىپ قولدىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈنلا مال ساتماستىن، مالنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەشۋىق قىلغاندەك، يېتەرسىزلىكى ھەتتا زىيانلىق تەرەپلىرىنىمۇ ئېلان قىلىپ سېتىشى كېرەك.

دۆلەتنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، بازاردىكى بارلىق تاۋارلارنىڭ باھاسىنى كونترول قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇنداق قىلمىغاندا ئامىمنىڭ مەنپەئەتى قوغدالمايدۇ، ھوقۇقلىرى زايا بولۇپ كېتىدۇ، جەمئىيەتتە ھالال-ھارامنى ئىلغايدىغانلار كېمىيىپ كېتىدۇ. ئامىمنىڭمۇ قايسى ماركا ۋە قايسى دۆلەتنىڭ مېلىنى سېتىۋېلىشتا تاللاش ھوقۇقى بولۇش كېرەك. بەزى تاۋارلارنى خەلققە مەجبۇرى تاڭغان ئاساستا بىر ماركىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەينى تۈردىكى باشقا ماركىلىق ماللارنى بازاردىن قوغلاپ چىقىرىش توغرا ئەمەس. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا: دۆلەت، پۇقرا، شىركەت، فابرىكا بىرلىكتە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىرىنى قوغدايدىغان مۇناسىپ بىر تۈزۈم يولغا قويۇلمىغاندا، ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ئېغىر دەرىجىدە ئاياغ-ئاستى بولۇپ كېتىدۇ. زۇلۇم، تەڭسىزلىك، كۆز بويامچىلىق ۋە ئالدامچىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ، نەتىجىدە جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلۇپ، پىتنە-پاسات ئومۇملىشىپ قالىدۇ. ئاخىرى ھەممە تەرەپ ئورتاق ۋەيرانچىلىققا دۇچ كېلىدۇ، ئىنساپسىزلار بىگۇناھ ئامىمنىڭ رىزقى بىلەن ئوينىشىدۇ.

شۇ ھەقىقەتنى ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، بىر دۆلەتتە ياشىغان ھەر بىر شەخسنىڭ ئۇزۇقلىنىش، كىيىم-كېچەككە ئىگە بولۇش، تۇرالغۇ جايغا ئىگە بولۇش، مائارىپ، سەھىيە خىزمەتلىرىدىن ئىبارەت ئاساسىي ھوقۇقلاردىن مۇكەممەل بەھرىمەن بولۇش ھەققى باردۇر.

# نەپسى - خاھىش، شەھۋەتكە ئەگىشىش ئىنساننى گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدۇ

شەيخ دوكتور سالىھ ئىبنى مۇھەممەد ئالى تالىب

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«نەپسى-خاھىش ۋە شەھۋەتكە ئەگىشىش، ئىنساننى گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. ئىنسانلارغا نەپسى-خاھىشقا ئەگىشىش چىرايلىق ۋە لەززەتلىك كۆرسىتىلدى.

ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدە داۋاملىق ھەۋەسنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا ئامراق كېلىدۇ. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنى تۇرمۇشنىڭ لەززەتلىرىدىن چەكلىمىگەن بولسىمۇ، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن قانداق پايدىلىنىش ھەققىدە بەلگىلىمىلەرنى بېكىتتى ۋە تۇرمۇشنىڭ گۇمراھلىق پاتقاقلىرىغا پېتىپ قېلىشتىن قانداق ساقلىنىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتتى ھەمدە ئىنسانغا دىنى ۋە دۇنياسىدا نېمىنىڭ پايدىلىق، نېمىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويدى.

ئىسلام دىنى ئىنساننى نېمىدىن چەكلىگەن بولسا، شۇ نەرسىنىڭ چەكلەنمەيدىغان يوللىرىنىمۇ كۆرسىتىپ قويدى. ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئىنسان ئۈچۈن دۇنيا-ئاخىرەتتە پايدىلىق تەرىپى بولسا ئۇنى ھالال

قىلدى. بەزى كىشىلەر چەكلەنمىگەن مۇباھ ئىشلارنىڭ كۆپلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن پايدىلانماستىن، ئاللاھ چەكلەپ قويغان چېگرالارنى بۇسۇپ ئۆتۈشكە ئۇرۇنۇپ باقىدۇ. پەرۋانە ئوتقا ئۆزىنى ئاتقاندەك دىندا ھارام قىلىنغان گۇناھلارنى قىلىشقا ئۆزىنى ئېتىشىدۇ.

نەپسى-خاھىش ۋە شەھۋەت توغرىسىدا ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَٱللَّهُ يُرِيدُ أَن يَتُوبَ عَلَيۡكُمۡ وَيُرِيدُ ٱلَّذِينَ يَتَّبِعُونَ ٱلشَّهَوَٰتِ أَن تَمِيلُواْ مَيۡلًا عَظِيمٗا يُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُخَفِّفَ عَنكُمۡۚ وَخُلِقَ ٱلۡإِنسَٰنُ ضَعِيفٗا﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنىڭ تۆۋبەڭلارنى قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ. شەھۋەتلەرگە ئەگىشىدىغانلار توغرا يولدىن بۇرۇلۇپ كېتىشىڭلارنى (شۇلارغا ئوخشاش فاجىر بولۇشۇڭلارنى) خالايدۇ. ئاللاھ سىلەرنىڭ يۈكۈڭلارنى يېنىكلىتىشنى (يەنى شەرئى ئەھكاملىرىنى سىلەرگە ئاسانلاشتۇرۇشنى) خالايدۇ. ئىنسان (نەپسى خاھىشىنى يېڭىشتىن) ئاجىز يارىتىلدى﴾[1].

ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە نەپسى خاھىشنىڭ ئارقىسىغا ئەگىشىپ كېتىش ئاجىزلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ بەندىلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىپ كۆپ ئىشلاردا ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن. ئىسلام دىنى كېلىپ ئازغۇنلۇق يوللىرىنى تارايتىپ، پىتنە-پاسات ئامىللىرىنى ئىنساندىن يىراقلاشتۇرغان. شۇ سەۋەبتىن نەپسى-خاھىشنىڭ تەلەپلىرىنى قانۇنلۇق يوللار ئارقىلىق قاندۇرۇشنىڭ چارىسىنى كۆرسىتىپ قويغان.

ئىسلام، مۇسۇلمانلارغا ئىمكانىيىتى يار بەرگەن تەقدىردە توي قىلىش ئارقىلىق شەھۋىتىنى قاندۇرۇشنى يولغا قويىدى. ھەتتاكى، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقىمۇ رۇخسەت قىلدى ھەمدە توي چىقىمى، مەھرى ھەققى چىقىملىرىدا ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئىسراپخورلۇق قىلىشتىن چەكلىدى. توي قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلەرگە بولسا، ئاللاھ ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچە سەۋر قىلىپ نومۇسىنى پاك ساقلاشقا تەشەببۇس قىلدى ۋە پاك ساقلاشنىڭ چارىسى روزا تۇتۇش، ئاددىي تاماقلار بىلەن غىزالىنىش ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. زىنانىڭ باشلامچىسى بولغان ناخشا-ئۇسۇللار، ھاراق-شاراپلارنى ھارام قىلدى.

[1] سۈرە نىسا: 27 ـ ئايەت.

ئۆيگە كىرگەندە ئۆي ئەھلىدىن رۇخسەت سوراپ كىرىش، نامەھرەم ئاياللارغا قاراشتىن ساقلىنىش، ئاياللارنىڭمۇ نامەھرەم ئەرلەرگە زىننەت يەرلىرىنى كۆرسەتمەسلىكى پەرز قىلىندى.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتَ ٱلنَّبِيِّ إِلَّآ أَن يُؤۡذَنَ لَكُمۡ إِلَىٰ طَعَامٍ غَيۡرَ نَٰظِرِينَ إِنَىٰهُ وَلَٰكِنۡ إِذَا دُعِيتُمۡ فَٱدۡخُلُواْ فَإِذَا طَعِمۡتُمۡ فَٱنتَشِرُواْ وَلَا مُسۡتَـٔۡنِسِينَ لِحَدِيثٍۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ يُؤۡذِي ٱلنَّبِيَّ فَيَسۡتَحۡيِۦ مِنكُمۡۖ وَٱللَّهُ لَا يَسۡتَحۡيِۦ مِنَ ٱلۡحَقِّۚ وَإِذَا سَأَلۡتُمُوهُنَّ مَتَٰعٗا فَسۡـَٔلُوهُنَّ مِن وَرَآءِ حِجَابٖۚ ذَٰلِكُمۡ أَطۡهَرُ لِقُلُوبِكُمۡ وَقُلُوبِهِنَّۚ وَمَا كَانَ لَكُمۡ أَن تُؤۡذُواْ رَسُولَ ٱللَّهِ وَلَآ أَن تَنكِحُوٓاْ أَزۡوَٰجَهُۥ مِنۢ بَعۡدِهِۦٓ أَبَدًاۚ إِنَّ ذَٰلِكُمۡ كَانَ عِندَ ٱللَّهِ عَظِيمًا﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندىلا كىرىڭلار يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇش) پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، ئاللاھ ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ، سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سوراپ (ئالماقچى) بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدىن سوراپ ئېلىڭلار، مۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ، سىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىپ قويۇشۇڭلار دۇرۇس ئەمەس، رەسۇلۇللاھدىن كېيىن ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ مەڭگۈ دۇرۇس ئەمەس، بۇنداق قىلىش (يەنى رەسۇلۇللاھنى رەنجىتىش ۋە ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىش) ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ گۇناھتۇر﴾[1].

ئەر-ئايال ئىككى جىنس، ئۆز-ئارا بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇش، سۆزلىشىش، بىرگە ئىشلەش دىللار ئۈچۈن پاك ئىش ئەمەسلىكى، لېكىن نەپسى - خاھىشقا مايىل؛ كۆڭۈل تارتىدىغان ھادىسە ئىكەنلىكى بارچە ئىنسان بىلىدىغان بىر ھەقىقەت. بىراق، سۆزلەشتە بولسا، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى سۆزلەيدۇ، ئاللاھ ئۆزىمۇ سۆزلەيدۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ سۆزىدىن

[1] سۈرە ئەھزاب: 53 - ئايەت

باشقا سۆزنىڭ ھېچ قىممىتى يوقتۇر. چۈنكى، ئاللاھ ھەق سۆزلەيدۇ، ئىنسانلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ. ئىسلام، نامەھرەم ئايال بىلەن يالغۇز جەم بولۇشنى چەكلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە:

«بىر ئەر كىشى بىر ئايال كىشى بىلەن يالغۇز بىر يەرگە كەلمىسۇن، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۈچۈنجىسى شەيتاندۇر» دېگەن.

شۇ ئاساستا ئاياللارنىڭ سەپەر قىلىشىنى مەھرەمگە باغلاپ قويغان. ئاياللارنىڭ ئۆيدە ئولتۇرۇشىنى مۇستەھەب سانىغان. ئايال كىشىنى ئۆيىدىن چىققاندا خۇشپۇراق چېچىپ چىقىشتىن ۋە ئۆز ئېرىگە باشقا بىر ئايالنى سۈپەتلەشتىن چەكلىگەن ھەمدە مۇئمىنلەر ئىچىدە پاھىشىنىڭ تارقىلىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. ئەكسىچە قىلىقلارنى سادىر قىلغانلارنى دۇنيا-ئاخىرەتتە قاخشاتقۇچ ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرغان. ئاللاھ يەنە ئىنسانلارنى زىناغا يېقىنلىشىشتىن چەكلەپ، زىنادىن ئۆزىنى تارتمىغانلارنى ئازابلاشقا بۇيرىغان. زىنانىڭ جازاسى شۇكى، توي قىلغانلارنى تاش-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈش. توي قىلمىغانلار بولسا، يۈز قامچا ئۇرۇپ يۇرتىدىن پالاش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «ھېچقانداق بىر ئىنسان مۇئمىن ھالىتىدە زىنا قىلمايدۇ، دەپ بولۇپ: ئەگەر زىنا قىلسا، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىمانى چىقىپ كېتىپ ئۇنىڭ بېشىدا سايىغا ئوخشاش تۇرىدۇ، ئەگەر زىنادىن كېيىن ھەقىقىي پۇشايمان قىلىپ شۇ زىناغا ئىككىنچى قايتماسلىققا تەۋبە قىلسا، ئىمان ئەسلىگە قايتىدۇ» دېگەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە زىناخورلارنىڭ بەرزەختىكى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ: «ئۇلار تونۇرغا ئوخشاش ئاغزى تەرەپ تار، ئاستى تەرەپ كەڭ ئورەكنىڭ ئىچىگە سېلىنىپ، ئاستىدىن ئوت يېقىلىدۇ، قىززىقلىق دەرىجىسى ئۆرلىگەندە لەيلەپ ئۈستىگە چىقىدۇ، پەسەيگەندە ئاستىغا چۈشىدۇ» دېگەن.

مۇشۇنداق دەھشەتلىك ئازابنىڭ بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن مۇئمىن، قانداقمۇ بۇ گۇناھقا يەنە قەدەم قويۇشقا پېتىنسۇن!. بۇ ئۇلۇغ

[1] تىرمىزى رىۋايىتى.

ئىسلام دىنى ئەگەشكۈچىلىرىنى پىتنىگە يولۇقتۇرۇشنى قەتئىي خالىمايدۇ. بۇ دىن جازا قوللىنىشتىن بۇرۇن ئەگەشكۈچىلىرىنى جازاغا مەھكۇم بولۇپ قېلىشتىن ساقلاشقا تىرىشىدىغان ئۇلۇغ بىر دىندۇر. ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ۋىجدانى، ھېسسىياتى، جىسمانىي ئەزالىرىنى ھىمايە قىلىشنى خالايدۇ. ئاللاھ ئۆزى ياراتقان ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزى ياخشى بىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!.

ئىنسانىيەت، ئىسلامنىڭ يولىيۇرۇقى ئىچىدە پاك-ساپ ياشىغان تەقدىردە، ئائىلىدە جىدەل-ماجىرا يۈز بەرمەيدۇ. ئايال ئېرىدىن خاتىرجەم، ئەر ئاياللىدىن خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. خىيانەت، بۇزۇقچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە بولسا، ئائىلە تۇرمۇشى خاتىرجەم بولمايدۇ، راھەت-پاراغەت ئىچىدە ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇزۇقچىلىق ۋە پاھىشىلەرنىڭ تارقىلىشى بارچە مۇسىبەت ۋە ئاپەتلەرنىڭ ئۇرۇغىدۇر. جەننەتنىڭ يولى ئۇزۇن ھەمدە قىيىن يولدۇر. بۇ يولدا تۈرلۈك توسالغۇلار، ئازدۇرۇش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئازغۇنلۇقلار مەۋجۇت. سەۋر قىلغانلار، نەپسى-خاھىشىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرالىغانلار ئۈچۈن ئاخىرقى مۇكاپات جەننەتتۇر. ئاللاھ بىزلەرنى جەننەتتىن مەھرۇم قىلمىسۇن، ئامىن!!.

# مۇسۇلمان ئۆزىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ باغلاش بىلەن بىرگە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسىنىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك

شەيخ دوكتور/ سەئۇد ئىبن ئىبراھىم ئەششۇرەيم

(16-07-2010)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمان ئۆزىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ باغلاش بىلەن بىرگە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسىنىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

مۇسۇلماننىڭ ئۆز ئورنىنى مۇستەھكەملىشى، دىنىغا بولغان سەمىمىيلىكى، دىنىدا مۇستەھكەملىكى ۋە سۈننەت پرىنسىپىغا ساداقەتمەنلىكىنى ئىزھار قىلىشى بولسا، پەرۋەردىگارىغا ۋە دىنىغا بولغان ئىشەنچىسىگە باغلىقتۇر. ئۆزىگە مۇكەممەل ئىشەنچ قىلغان مۇسۇلمان بوران ـ چاپقۇنلاردىمۇ تەۋرەنمەس تاغدەك مۇستەھكەم تۇرالايدۇ. ئۈممەتنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنۇپ قىلىنغان پىتنە ـ پاساتلاركەلكۈندىمۇ ئېقىپ كەتمەي پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. شەيتاننىڭ تۈرلۈك ئازدۇرۇشلىرىدىن ساقلىنالايدۇ. كىم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىسا، شۇنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قالىدىغانلاردىن بولماي، شەخسىيىتى كۈچلۈك، ئىرادىلىك بولىدۇ.

گەرچە ئۇنىڭ يولىدا ماڭىدىغانلار ئاز بولسىمۇ تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق دەپ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ پرىنسىپتا ماڭغان مۇئمىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن كىشىدۇر:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ياخشى ئىش قىلسا بىزمۇ ياخشىلىق قىلىمىز، زۇلۇم قىلسا بىزمۇ زۇلۇم قىلىمىز، دەيدىغان مەيدانى يوق، ئەگەشمىچى بولماڭلار! لېكىن، ئۆزۈڭلارنى روھلۇق تۇتۇڭلار! كىشىلەر ياخشى ئىش قىلسا بىرگە قىلىڭلار، يامانلىق قىلسا سىلەرمۇ قوشۇلۇپ زۇلۇم قىلماڭلار»[1].

مەزكۇر ھەدىستە كەلگەن ئەرەبچىدىكى «ئىممەئە» كەلىمىسى: مۇستەقىل مەيدانى يوق، كىم نېمە دېسە شېنىڭ راست دەپ ئارقىسىدىن ماڭىدىغان، شەخسىيىتى ئاجىز، ئىرادىسىز ئادەمگە ئىشىتىلىدۇ. ئىنسان دۇنيادا ئۆزىگە ئىشەنچىسى يوق، ئىككى يۈزلىمە بولۇپ ياشاشتىن ساقلىنىشى لازىم. مۇسۇلماندا مۇستەقىل قاراش، مۇستەھكەم ئىرادە بولۇش كېرەك. بىر ئىشقا تەرەددۇت قىلىپ، ئىككىلىنىپ قالغان ئادەمنىڭ ئىشى بۇزۇلىدۇ. بۇ ھەقىقەت ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىدا ئىسپاتلانغان، كېلىشىم قارىماققا مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنىغا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ۋەدىسىگە بولغان ئىشەنچىسى كامىل بولغاچقا، قەتئىي ئىككىلەنمەستىن كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراز بىلدۈرىشىگە قارىماي مۇشرىكلار بىلەن سۈلھى (كېلىشىم) تۈزگەن.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ بايان قىلىشىچە: ئەلىي ئىبنى ئەبى تالىب (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) خاۋارىجلارغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغاندا بىر پالچى:

ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! ئاي ئەقرەب دە تۇرىدۇ، سەپەر قىلمىسىڭىز ياخشى بولاتتى، بۇنداق ۋاقىتتا سەپەر قىلسىڭىز ئەسكەرلىرىڭىز مەغلۇپ بولۇپ كېتىدۇ، دېگەندە، ئەلىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئاللاھقا ئىشەنچىمىز كامىل، سەن سالغان پالنى يالغان دەپ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ مېڭىۋېرىمىز» دەپ سەپەرگە ئاتلاندى. ئىسلام خەلىپىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ

[1] تىرمىزى رىۋايىتى

ئەنھۇنىڭ شۇ سەپىرىدە كۆپ بەرىكەت بېرىلدى، خاۋارىجلارنىڭ ھەممىسى ئۆلتۈرۈلدى. بۇنىڭدىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن خۇشال بولغان ئىدى.

بەزىلەر مۇنداق سوئال قويىشى مۇمكىن: ھازىرقى زاماندا بۇنداق ئەگەشمىچىلىكتىن سۆز ئېچىش مۇناسىپمۇ؟ ئەگەشمىچىلەر شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشقا تېگىشلىك دەرىجىدە كۆپمۇ؟ بۇنىڭغا جاۋابەن دەيمىزكى: شۇنداق، بولۇپمۇ ھازىرقى زاماندا ھەقىقىي ئالىملار ئۆلۈپ تۈگىگەن، خەلق ئاممىسى بىلىمسىز، جاھىل كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە پېشۋا تىكلىۋالغان. جاھاننى بىلىمسىزلىك، جاھالەت قاپلاپ كەتكەن. ژورنالىست فىقھىدا ئالىم بولىۋېلىپ پەتىۋا بېرىشكە باشلىغان، تەشۋىقات ساھەسىگە ئەمدىلا كىرگەن بىرسى شەرىئەتشۇناسلىق دەۋاسىنى قىلىپ دىندىن، شەرىئەتتىن سۆزلەپ كۆرەڭلەشكە باشلىغان. دىنىنىڭ ئاساسىي مەنبىئى بولغان قۇرئان، ھەدىسنى قايرىپ قويۇپ ئۆز خاھىشى بويىچە دىنى پېشۋا بولىۋالغان، جامائەت ئىچىدە ھېچ قىممىتى يوق پەس ئىنسانلار ئاممىنىڭ ئىشلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرىدىغان بولۇپ قالغان دەۋرىدە شۇنداق ئاگاھلاندۇرۇش بەك مۇھىم.

باشقىلارنى قارغۇلارچە تەقلىت قىلىش ۋە مەيدانسىزلىق دېگەن بۇ ئۇقۇملار ئىككى بىسلىق ئۇقۇم بولۇپ، بۇنداق ئۇقۇمنى ئىنسانلار ئىچىدىكى شەخسلەرگە قوللىنىش مۇمكىن بولغاندەك، جامائەت، مىللەت، دۆلەتلەرگە قوللىنىشمۇ مۇمكىن. بەزى دۆلەتلەرنىڭ باشقا مۇستەمزور دۆلەتلەرگە بېقىندى بولۇپ ياششىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنە شۇ ھەدىسىگە ماس كېلىدۇ. بىر ئىنساننىڭ پەقەتلا ئالىم بولىشى، ئۇنىڭ مۇستەقىل ئىرادىلىك، ئۆزىگە ئىشەنچىسى كامىل بولىشىغا كاپالەتلىك قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا بەزى «مەن ئالىم» دېگەنلەردىن تارقالغان شەرىئەتنىڭ جەۋھىرىگە زىت پەتىۋالار، ئەنە شۇ ئالىملارنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ھەر قانداق بىر مىللەت شۇنداق بېقىندىلىقنى ئۆزىگە تاللايدىكەن، كۈنسېرى ئاجىزلىشىپ، ھېچكىم كۆزىگە ئىلمايدىغان، بەلكى ئۇنىڭدىن باشقا مىللەتلەر قاچىدىغان، يەرشارىغا يۈك بولۇپ، ئۇنداق مىللەتنىڭ بار-يوقلىقى ئىنسانىيەت ئالىمىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان مىللەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

شەخسىيىتىنى يوقاتقان مىللەت باشقىلارغا موھتاج بولۇپ ياشىغاندىن باشقا ئۆرپ ـ ئادەت ۋە روھىي جەھەتتىمۇ ئەگەشمىچى ھالەتتە ياشايدۇ. باشقىلارغا قارغۇلارچە ئەگىشىپ، تەقلىد قىلىپ ياشايدىغان مىللەت، روھىي مەغلۇبىيەتكە مەھكۇمدۇر. ئۆز شەخسىيىتىنى يوقاتقان ئىنسان ياتلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، دىنىدا بولسۇن، ئۆرپ-ئادەتتە بولسۇن، ياتلارنى تەقلىت قىلىدۇ.

ئىنسان شۇ ھەقىقەتنى بىلىشى كېرەككى، ياتلارنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزلەشتۈرۈش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىنى بۇزۇشتىن باشقا نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ. تەرەققىي قىلدۇرماستىن تېخىمۇ ئارقىغا چېكىندۈرىدۇ. بۇ دۇنيادا ئالغا ئىلگىرلەشنى، ئىنسانىي غۇرۇرى بىلەن ياشاشنى ۋە تەرەققىي قىلىشنى خالىغان ئىنسان ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە قايتىدۇ. ئىسلام ئەخلاقى بىلەن زىننەتلەنگەن ئىنسان دۇنيا-ئاخىرەتتە خورلانمايدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئىنسانىيەت ئالىمىدە مىللەتلەرنىڭ يەر شارىدىن يوقىلىشى ياكى گۈللىنىپ ياشىشىنى ئىنسانىنىڭ ئۆزگە باغلاپ قويغانلىقىنى مونۇ ئايەتتە ئۇچۇق بايان قىلغان:

﴿... إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمْۗ وَإِذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِقَوْمٍ سُوٓءًا فَلَا مَرَدَّ لَهُۥۚ وَمَا لَهُم مِّن دُونِهِۦ مِن وَالٍ﴾ ﴿ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت ـ ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)، ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھالاك قىلماقچى (ياكى ئازابلىماقچى) بولسا، ئۇنىڭغا قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارغا ئازابنى دەپئى قىلىدىغان ئاللاھتىن باشقا ئىگىمۇ بولمايدۇ﴾[1].

ئاللاھ بىزگە ھەقنى ھەق كۆرسىتىپ، ئۇ يولدا مېڭىشنى ۋە ناھەقنى ناھەق كۆرسىتىپ ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنى نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!

[1] رەئد سۈرىسى 11 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# ياخشىلىقتا ئىنتىلىش، يامانلىقتىن يىراق بولۇش ۋە باشقىلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرگە ھەسەت قىلماسلىق كېرەك

شەيخ دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللا خەييات

( 23-07-2010)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ياخشىلىقتا ئىنتىلىش، يامانلىقتىن يىراق بولۇش ۋە باشقىلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرگە ھەسەت قىلماسلىق كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا- مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا - ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

يۇقىرى مەنسەپلەرگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىش، ياخشىلىقلارغا ۋە كۆندىن-كۈنگە ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىش، ئىنساننىڭ قەلبىدىكى پاكلىق ۋە تىرىشچان ئىنسان ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولۇپ، ياخشى ئىنسان ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بارچە مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشىلىقتا تەرەققىي قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەكسىچە، ھىممەتسىزلىك، گۇناھ-مەسىيەتلەرگە بېرىلىش، ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىنى كۆزىگە ئىلماستىن، ھاراملارنى سادىر قىلىش ئارقىلىق، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ چەكلىگەنلىرىدىن يانماسلىقتەك خاتالىقلارنى سادىر قىلىدىغانلارغا دۇنيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىق يوق، بەلكى ئۇنداقلارغا ئاللاھنىڭ دەرتلىك ئازابى بار.

ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار قىلىدىغان يامان قىلمىشلارنىڭ يەنە بىرى باشقىلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلىشتىن ئىبارەت ھەسەتخورلۇق بولۇپ، بۇنداق ئېغىر جىنايەتنى ئاللاھ ئېغىر گۇناھ دەپ بەلگىلەپ، ئۇنداق ئىنسانغا دەرتلىك ئازاب كېلىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان. باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى نېمەتكە چىدىماي ئۇنىڭغا كۆز تىكىش ۋە ئۇ نېمەتنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلىشنىڭ يامانلىقىنى ئاللاھ مۇنۇ ئايەتتە ئوچۇق بايان قىلغان: ﴿وَلَا تَمُدَّنَّ عَيْنَيْكَ إِلَىٰ مَا مَتَّعْنَا بِهِۦٓ أَزْوَٰجًا مِّنْهُمْ زَهْرَةَ ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا لِنَفْتِنَهُمْ فِيهِ ۚ وَرِزْقُ رَبِّكَ خَيْرٌ وَأَبْقَىٰ﴾ ﴿بىز (كۇففارلاردىن) تۈرلۈك جامائەنى بەھرىمەن قىلغان دۇنيانىڭ نېمەتلىرى ۋە زىبۇ-زىننەتلىرىگە كۆز سالمىغىن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىنايمىز، پەرۋەردىگارىڭنىڭ رىزقى (يەنى ساۋابى بۇ پانىي نېمەتتىن) ياخشىدۇر ۋە ئەڭ باقىدۇر﴾[1]

مەزكۇر ئايەتنى كەرىمنىڭ مەزمۇنى بويىچە مۇسۇلمانغا بېرىلگەن نېمەت ئۇياقتا تۇرسۇن، كاپىرلارغا بېرىلگەن نېمەتلەرگىمۇ كۆز تىكىش ياكى چىدىماسلىق توغرا ئەمەسلىكى مۇئەييەنلەشتى. ئاللاھ بەندىلەرنىڭ توغرا يولدا مېڭىشى ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ، ئىنسانلار ماڭىدىغان داغدام يولنى كۆرسىتىپ قويىدى. قايسى يولنىڭ توغرا ۋە قايسى يولنىڭ خاتالىقىنى بەلگىلىدى. شۇڭا تەرەققىيات ۋە يۇقىرىغا ئۆرلەشتەك ئالىجاناپلىق، ئىنساننى خاتا يوللارنى تاللاشقا ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش ۋە باشقىلارنى كەمسىتىشتەك خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

مەزكۇر قىلىقلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامانلىقىنى ئوچۇقلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى پەس كۆرۈشىنىمۇ ئېغىر جىنايەت بولمىسا كېرەك»[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە، ئاللاھنىڭ ئۆزگە ۋەھيى ئەۋەتىپ كەمتەر بولۇشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى، ھېچكىم-ھېچكىمنى مەسخىرە قىلماسلىقى ۋە ھېچكىم-ھېچكىمگە زۇلۇم قىلماسلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن.

يۇقىرىغا ئۆرلەش ۋە تەرەققىي قىلىشنى ئارزۇ قىلىش، ئۆز-ئارا چىدىماسلىق،

[1] سۈرە تاھا: 131 ـ ئايەت

[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

ئاداۋەتلىشىش، تەتۈر قارىشىپ يۈرۈش، مۇناسىۋەتنى ئۈزۈشتەك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقى كېرەك. مۇسۇلمانلار ئۆز جەمئىيىتى ئارىسىدا بوشلۇق قويماستىن، بىر گەۋدە بولۇپ ياشىشى كېرەك، شۇ ئاساستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مەشھۇر ھەدىسىدە: «ھەسەت قىلىشماڭلار، بىر-بىرىڭلارغا تىل ئۇزارتىشماڭلار، ئاداۋەتلىشىپ تەتۈر قارىشىپ يۈرمەڭلار، بىرىڭلار قىلغان سودىنى يەنە بىرىڭلار بۇزۇپ مال سېتىشقا ئۇرۇنماڭلار! ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇپ ئۆتۈڭلار»[1]. دەپ تەۋسىيە قىلغان.

ياخشىلىققا ئىنتىلىش، رىقابەت ئېڭىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ياخشىلىققا ئالدىراش ۋە يامانلىقتىن يىراق بولۇشتەك ئالىجاناپلىقنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئۈممەتنىڭ يۈكسىلىشى، ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش ۋە ھەممە كىشىلەرنىڭ ئىمان روھى ئاستىدا ھايات كەچۈرۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «ئىككى تۈرلۈك ئىشتىن باشقا ئىشتا ھەسەت قىلىشقا بولمايدۇ، بىرى ئاللاھ قۇرئان ئۆگىنىشكە نېسىپ قىلغان، ئەتىگەن-ئاخشاملاردا قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان ئادەمگە ھەسەت قىلىش، يەنە بىرى ئاللاھ مال-دۇنيا ئاتا قىلغان، ئۇنى توغرا يولغا سەرپ قىلغان ئادەمگە ھەسەت قىلىش جايىز.»[2].

مەزكۇر ھەدىستىكى ھەسەت ئەرەبچىدە «غىبتە» دەپ ئاتىلىدۇ. ياخشى ئىشلاردا غىبتە قىلىش جايىز. ئەمما چەكلەنگەن ھەسەت ياكى چىدىماسلىق بولسا، ئۇ باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى نېمەتنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلىشتۇر. ئاللاھ ئەنە شۇ ھەسەت ۋە چىدىماسلىقتىن قاتتىق چەكلىگەندۇر.

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] بۇخارى رىۋايىتى.

# ئاتا-ئانىلار ئائىلىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئەۋلادلىرىنى ياخشى تەربىيەلەش

شەيخ دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(2010-7-31)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«ئاتا-ئانىلار ئائىلىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئەۋلادلىرىنى ياخشى تەربىيەلەپ ئۈممەتكە يارامлىق ئىنسانلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراڭلار ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇڭلار، ئائىلە تۇرمۇشىغا ئەھمىيەت بېرىڭلار، توي قىلغانلار ئەخلاقى ياخشى، دىندار، تەقۋادار ئاياللارنى تاللاڭلار، ئەۋلادلىرىڭلارنى ياخشى تەربىيەلەڭلار! چۈنكى، ئەۋلادلار ئۈممەتنىڭ كەلگۈسى ۋە ھىمايىچىلىرىدۇر.

ئاساسى مۇستەھكەم، پۇختا ئائىلىدە ئېسىل ئەخلاق، گۈزەل خىسلەتلەر يېتىلىدۇ، تەلەپكە لايىق ۋە ئىشەنچلىك ئەزىمەتلەر تاۋلىنىپ چىقىدۇ. ئەخلاقى ياخشى، نومۇسچان ئائىلىدە ئېسىل ئاياللار تەربىيىلىنىدۇ. ئىسلام دىنى جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي تۈۋرۈكى بولغان ئائىلە تۇرمۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئىسلام يەنە ئائىلىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە تەۋسىيە قىلغان، ئائىلە گۈللىنىشىنىڭ ئۆزىنى ياخشىلىق ۋە نېمەت سۈپەتلىگەن. ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى

ئالاقە ياخشى بولغان ۋە ئاتا-ئانا بىر ئۆيدە بولغان ئائىلىدە تەربىيەلەنگەن ئەۋلادلار، ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلماستىن، بەلكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئەكسىچە، شەيتان قانداق بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قالايمىقان قىلىپ، ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سېلىپ ئايرىۋەتەلىسە، بىرلا ئۆينى بۇزۇپ، بىر تۈرلۈك يامانلىق كەلتۈرگەن بولماستىن، بەلكى ئۇ يىراقنى كۆزلىگەن ھالدا ئىسلام ئۈممىتىنى ۋەيران قىلىش يولىدا غەلىبىلىك قەدەم ئالغان بولىدۇ.

ئائىلە تۇرمۇشىدا خاتىرجەملىك ۋە ئۈنسى-ئۈلپەت ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بۈيۈك نېمىتىدۇر. چۈنكى، بۇ ئۇلۇغ نېمەتنىڭ قەدرىنى ئائىلىسى ۋەيران بولۇپ پەرىشانلىق ئىچىدە ياشىغان، ئاتا-ئانا مېھرىدىن مەھرۇم بولۇپ، يېتىم قالغان ئەۋلادلاردىن باشقا ھېچكىم ياخشى چۈشىنەلمەيدۇ. ئىسلام دىنى ئۆينىڭ چوڭ-كىچىك ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن راھەتلىك، خاتىرجەملىك، كۆڭۈل ئازادىلىكى ھېس قىلىدىغان بىر مۇقەددەس ۋە ئىللىق ماكان بولۇشىنى خالايدۇ. ئەكسىچە، جېدەل-ماجىرا، ئۇرۇش-چېقىش، ئاداۋەت-خۇسۇمەت ماكانى بولۇشىنى قەتئىي خالىمايدۇ. ئىسلام ئۆينىڭ ھۆرمىتىگە كاپالەتلىك قىلغان. چۈنكى، خالىغان ئادەمنىڭ قانداق ئۆي بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭغا رۇخسەتسىز كىرىشنى چەكلىگەن. قانۇنسىز ھالدا بېسىپ كىرىش ۋە ئۆي ئىچىدىكى ئىشلارنى مەخپىي ھالدا كۆزىتىپ جاسۇسلۇق قىلىشنى قەتئىي ھارام قىلغان.

تۇي قىلىشنى پەقەتلا جىسمىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش، ھەۋەس ۋە شەھۋەتنىڭ تەلىپىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا دەپ قاراش ھېسسىيات ۋە تەپەككۇردە چۈشكۈنلەشكەنلىكنىڭ ئالامىتىدۇر. ئائىلە بۇنداق ماددىي قاراشلاردىن تولىمۇ ئۈستۈندۇر. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خاتىرجەملىك، راھەتلىك، مۇقىملىق ئىچىدە ئۆتۈشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ شۇ ھىكمىتىنى رېئال تۇرمۇشتا تەجرىبە قىلىپ، ئىناق، ئىتتىپاق، ھەمكارلىق روھى كۈچلۈك ئۆتكەن ئائىلىنىڭ مۇكاپاتى جەننەت ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

شۇ ئاساستا ئىسلام بارچە ئىنسانىيەتنى ئائىلە قۇرۇش، ئەۋلاد

يېتىشتۈرۈشكە بۇيرىغان ھەمدە ئىلگىرى ئۆتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى قىلىپ بېكىتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسلام دىنى ئاتا-ئانىلارنى ئوغۇل- قىزلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ياخشى كىشىلەرنى تاللاپ ئۆيلەندۈرۈپ ئىناق ئائىلە قۇرۇپ بېرىشكە چاقىرىدۇ ھەمدە توي ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش، تويلۇق چىقىمى، مېھىر ھەققىنى ئېغىر قويۇۋالماستىن توي قىلماقچى بولغان ئوغۇل-قىزلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىگە قاراپ مۇۋاپىق ھالدا توي چىقىمىنى يەڭگىللەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

توي قىلىشتا ئاساسلىق شەرت (ئەخلاق ۋە دىن) بولۇش كېرەك. ئوغۇل قىزلارغىمۇ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزىنىڭ ھالال جۈپتىنى تاللاش ئەركىنلىكى بېرىلىشى كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئوغۇل، قىزلىرىنى ئۇلار خالىمايدىغان كىشىلەرگە زورلاپ توي قىلىپ بېرىشى توغرا ئەمەس. بەزىلەر كىچىك قىزلىرىنى باي، مەنسەپدار، قېرى ئادەملەرگە مەجبۇرى ياتلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، بۇنداق قىلىش ئىسلامدا توغرا ئەمەس ھەمدە بۇنداق تەڭسىز تويىنىڭ ئاقىۋىتى پاجىئەلىك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ھەر بىر ئاتا-ئانا ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنى ئاساسى مەقسەت قىلىشى كېرەك. ئەكسىچە، بەزى ئىنسانلارنىڭ ئوغۇل قىزلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئۆزىنىڭ ماددىي مەنپەئەتىنى كۆزلىشى ۋە شۇ پرىنسىپ بويىچە توي قىلىشى توغرا ئەمەس. ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە ئەركىشى ئائىلىنىڭ ئىگىسىدۇر. بۇ ئىگىلىك ئەر كىشى ئۈچۈن ئابرۇي-مەنسەپ بولماستىن، بەلكى ئىلاھىي تەكلىپ ۋە مەسئۇلىيەتتۇر. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئائىلىدىن ئىبارەت مۇكەممەل تۈزۈم بولغان ئائىلە قۇرۇلۇشىنى ئىلاھىي قانۇن-پرىنسىپى بويىچە ماڭدۇرۇشتۇر. چۈنكى، ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىگە قارىغاندا ئېغىرچىلىقلارنى تەھەممۇل قىلىش ۋە سەۋرچانلىق قۇدرىتى كۈچلۈك بولىدۇ.

# ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنى خۇشاللىق ۋە ئىخلاس بىلەن قارشى ئېلىش لازىم

شەيخ دوكتور/ ئابدىراھمان سۇدەيس.

(25/8/14310ھـ 6/8/2010م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنى خۇشاللىق ۋە ئىخلاس بىلەن قارشى ئېلىش لازىم، ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش ئۈچۈن يىگى سەھىپە ئېچىش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھ قەلبىنى ئېچىپ، ئىسلام نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرغان كىشىنىڭ قەلبى ئىمان بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، نەسىھەت قوبۇل قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غاپىل بولغان كىشىگە ئاللاھ ئەززە ۋەجەل ھەسرەت شارابىنى ئىچكۈزىدۇ، ئاقىۋىتى ئىنتايىن يامان بولىدۇ. ھەقىقەتەن ئىنساننىڭ ئەھۋالى ئاجايىپ، ئۆلۈمنىڭ بارلىقىغا ئىمانى بار تۇرۇپ، ئۇنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزىدىكى تەن سالامەتلىك ۋە بایاشات تۇرمۇشتىن مەغرۇرلىنىپ ئۆلۈمنى ئۇنتۇيدۇ، ئارقىسىدا ئېغىر يۈك، غەم-ئەندىشە بارلىقى، ئېغىر بىر كۈننىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇيدۇ. ئەللامە ئىبنى قەييۇم رەھمەتۇللاھى ئەلەيھە مۇنداق دېگەن: «بەندە دۇنياغا قىزىققانسىرى ئاللاھنىڭ تائىتى ئېغىر

كېلىپ، ئاخىرەتنى ئېسىگە ئالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ».

غاپىل دىللار ئازغۇنلۇققا تېيىلىپ، قولىدىن پۇرسەت كېتىشتىن بۇرۇن ھەقىقىي ۋەز-نەسىھەتكە موھتاجدۇر. گۇناھ-مەسىيەتكە چۆمگەن ھەمدە بوگۇنى ۋە ئەرتىسىنى زىيان تارتقان كىشىنىڭ ئالدىدا سەممىي ياخشى كىشىلەرنىڭ قەدرى يوق، ھەقىقىي تەۋبە قىلغۇچىلارغا نادامەت يوق. سەممىي كىشىلەر گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىدۇ ۋە ئاللاھ بىلەن سىردىشىپ مۇناجات قىلىدۇ. ئاللاھ بىلەن مۇناجات قىلغان ۋاقىتلاردا ئائىلە-بالا چاقىلاردىن يىراق بولۇپ، پەقەت ئاللاھ بىلەن سىردىشىدۇ. مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئەڭ غەمكىن ئادەم كىم؟ دەپ سورالغان سوئالغا ئۇچۇقلاش بېرىپ: «ئۆلۈمنى كۆپ ئەسلەپ، ئۆلۈمگە پۇختا تەييارلىق قىلغان ئادەمدۇر» دېگەن.

شۇ ئەقىللىقلار دۇنيانىڭ شەرىپى ۋە ئاخىرەتنىڭ كارامىتىگە رىئايە قىلغانلاردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىم ئاللاھقا ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. كىم ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشنى يامان كۆرسە، ئاللاھمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى يامان كۆرىدۇ». بۇ چاقىرىق ھاياتنىڭ نېمەتلىرىدىن ۋە رۇخسەت قىلىنغان مۇباھ ئىشلاردىن يۈز ئۆرۈش ئەمەس، بەلكى ئۆتكەن ئىشلاردىن ئاچچىق ساۋاق ئېلىش ۋە كەلگۈسىگە تەييارلىق قىلىشتۇر.

بىز ئايلار، يىللارنى قارشى ئالىمىز، مەۋسۇملەرنى قارشى ئېلىش بولسا، ئىنسان ئۇچۇن ئالتۇن پۇرسەت بولۇپ، ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ئىش-ھەرىكەت بىلەن قارشى ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ بىزگە ئىنئام قىلغان پەزلى-كەرىمى، دىللىرىمىزنى يورۇتىدىغان مەۋسۇملەرنى ئاتا قىلىپ بەرگەنلىكىدۇر. بۇ مەۋسۇملەر ئارقىلىق دەرت-ئەلەملىرىمىزنى يۇيۇپ تازىلايمىز، ئاللاھتىن قورقۇشتىن ئىبارەت «خۇشۇ-خۇزۇ» لىرىمىزنى قايتا يېڭىلايمىز. بىز قارشى ئېلىش ئالدىدا تۇرغان ئۇلۇغ ئاي بولسا، مۇبارەك رامىزان ئېيىدۇر. بۇ مۇبارەك ئاينى ھەمدۇ-سانا ۋە شۈكۈر-تەسبىھلەر بىلەن قارشى ئېلىڭلار. ئاللاھقا تەۋبە-ئىستىغفار قىلىشتا چىنلىقنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇڭلار، ئىخلاسنى ئۇنتۇماڭلار،

ئۆز-ئۆزلۈكلىرىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرۇشلار، ئۇلۇغ رامىزان ئېيى كىرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ھاياتلىرىدا يېڭى سەھىپە ئېچىشلار. رامىزان ئېيى مۆمىنلەر ئۈچۈن يىلدا بىر كېلىدىغان ئۇلۇغ پۇرسەت بولۇپ، بۇنداق ئالتۇن پۇرسەتنى قەتئىي قولدىن بەرمەسلىك كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ قەلبى تۆمۈر داتلانغاندەك داتلاپ قالىدۇ. داتنى ئوتتا ئېرىتكەنگە ئوخشاش قەلبىمىزنىڭ داتلىرىنى رامىزاندىن ئىبارەت مۇبارەك مەۋسۇمدىكى ئىبادەتلەر ئارقىلىق تازىلاش كېرەك. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن قېتىپ قالغان دىللىرىمىز يۇمشاپ قېلىشى مۇمكىن. ھەقىقەتەن رامىزان ئېيى ئۇلۇغ نېمەتتۇر. بۇ ئاينىڭ ئەۋۋىلى رەھمەت، ئوتتۇرى مەغپىرەت، ئاخىرى ئوتتىن ئازات قىلىش مەۋسۇمدۇر. رامىزاندا ئىنسان ئۆزىدىكى بارچە يامان ئادەت، ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىپ، ئۆزىدە ھەقىقىي تۈردە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

رامىزان ئېيى خەيرى-ئېھسان، ياخشىلىق ۋە سەدىقە-زاكات ئېيىدۇر. بۇ ئايدا ياخشىلىقنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىدۇ، يامانلىق ۋە شەيتاننىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ. ئىسلام تارىخىدا بۇرۇلۇش پەيدا قىلغان چوڭ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى رامىزاندا يۈز بەرگەن. قۇرئان كەرىم رامىزاندا نازىل بولغان ۋە مىڭ ئايدىن ئۇلۇغ قەدرى كېچىسىمۇ رامىزان ئېيىدا بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنى بۇ ئۇلۇغ ئايدا كۈندۈزلىرى روزا تۇتقۇچى، كېچىلىرى ئىبادەت قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن، ئامىن!.

# ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغان ئادەم ئاللاھتىن بەك قورقىدۇ

شەيخ دوكتور/ سالىھ بىن ھۇمەيد

(1431/9/3ھ. 2010/8/13م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇغان ئادەم ئاللاھتىن بەك قورقىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىشنى خالىغانلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كىتابىدا ۋەز-نەسىھەتلەر كۆپتۇر. ۋەز-نەسىھەت ئويغاق دىللارنى نۇرلاندۇرۇپ ئويغىتىدۇ. دىللار ھەۋەسنىڭ ئۆلۈشى بىلەن تىرىلىدۇ، ئاللاھتىن قورقۇش بىلەن نەپسىنىڭ غەپلىتى يوقايدۇ، ھورۇنلۇقنى ئاگاھ بولۇش يوقىتىدۇ، قورققان كىشى خاتىرجەم بولالمايدۇ، بىلگەن كىشى جىم تۇرالمايدۇ، خاتالىشىپ قالغان ئادەم خاتالىقىنى ئەسلەتسە، دەرھال تونۇپ، نادامەت قىلىدۇ ۋە ئاقىۋىتى ئۈستىدە ئويلانسا، كۈچلۈك ئىرادىگە كېلىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر بۇ ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنى ئاللاھتىن ياخشىلىق ئۈمىت قىلىش ئارقىلىق قارشى ئېلىۋاتىسىلەر، ئېگەڭلار ئاللاھقا ئۆزۈڭلارنى تەقدىم قىلىسىلەر، ئاللاھنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ، كەمچىلىكلىرىڭلاردىن ئازابلىنىپ، گۇناھلىرىڭلاردىن قورقىۋاتىسىلەر، ئاللاھ سىلەرنىڭ ۋە بىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن! بىزلەرگە بۇ ئۇلۇغ رامىزاندا

كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇشنى كېچىلىرى ئىبادەت قىلىشنى نېسىپ قىلسۇن!.

ئاللاھ، بەندىلەرنى ئاللاھنى ياخشى كۆرسۇن، ئىبادەت قىلسۇن، ئۇلۇغلىسۇن، دەپ ياراتتى. ئۆزىنىڭ پەرۋەردىگارلىقى، كاتتا ئىلاھ ئىكەنلىكى، ئەزىمەتى، بۈيۈكلۈكىگە دالالەت قىلىدىغان دەلىللەرنى كەلتۈردى. بەندىلەر ئاللاھتىن قورقىشى، ئاللاھقا مۇھەببەت قىلىشى، ئۇلۇغلىشى كېرەك. ئاللاھنى ئۇلۇغلىغان ۋە قورققان كىشى ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنىدۇ.

دىللار ئاللاھتىن قورقۇنلىقتىن تىرىلىدۇ، ئاللاھ ئىنسانلارنى يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ، ئىلىم ئۆگۈنۈشكە، ئەمەل قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئاللاھتىن قورققان تەن، گۇناھلاردىن ئۆزىنى تارتالايدۇ. تائەت-ئىبادەتكە بېرىلىپ، ھاۋايى-ھەۋەستىن ساقلىنىدۇ. قورقۇنچ ئارقىلىق دىللاردا «خۇشۇ-خۇزۇ»، كەمتەرلىك ۋە تەسلىم بولۇش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئاللاھقا خارلىق ئىزھار قىلغان كىشى ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ تۇرىدۇ، قورقۇنچ ئاللاھقا داۋاملىق زىكىر قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھقا ئۆزىنى تاپشۇرۇپ، دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، ئاخىرەتكە قىزىققان كىشى، تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنلىك قىلىشتىن ساقلىنىدۇ.

مەقسەتلىك قورقۇنچ، قەلبنىڭ ئىزتىراپلىقى، كەلگۈسىدىن تەشۋىشلىنىشنىڭ ئالامىتىدۇر. ئاللاھتىن قورققان قەلبلەر ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ھارامغا يېقىنلاشمايدۇ. بەلگىلەنگەن ۋاجىپنى تەرك ئەتمەيدۇ، پەرىزلەرنى ئادا قىلىشقا ۋە ياخشىلىققا ئالدىرايدۇ، ئەمما ئۈمىتسىزلەنمەيدۇ. چۈنكى، ئۈمىتسىزلىك تەنقىتلەشكە تېگىشلىك قورقۇنچاقلىقتۇر.

ئاللاھتىن ھەقىقىي قورققان ئادەم ھارام يېمەيدۇ، يالغان گۇۋاھلىق بەرمەيدۇ، يالغان قەسەم قىلمايدۇ، ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ، مۇئامىلىدە كۆز بويامچىلىق قىلمايدۇ، شىركەتتە ئىشلىگەن بولسا، شىركەتكە خىيانەت قىلمايدۇ، گەپ توشۇمايدۇ، نەسەبتىنى ۋە ئاللاھنىڭ مەسچىتلىرىنى تاشلىمايدۇ. نامازنى جامائەت بىلەن ئوقۇيدۇ، ۋاقتىنى كەيپى-ساپا بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزمەيدۇ، غاپىللىق قىلمايدۇ، ئاللاھتىن ئۆز لايىقىدا قورقىدۇ، نامازنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇيدۇ، زاكات بېرىدۇ، رامىزاندا روزا تۇتىدۇ، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىدۇ، تۇققانلىق رىشتىسىنى ئۈزمەيدۇ،

ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدۇ، ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۆزىنىڭ ھەققىنى بېرىدۇ.

كىمكى ئاللاھنى بەك تونۇسا، ئاللاھتىن بەك قورقىدۇ. ئاللاھنى بەك تونۇيدىغانلار ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىدۇر. ئاللاھتىن قورقۇشتا ئۆرنەك كىشىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا رەببانىي ئالىملاردۇر، ھەقىقىي ئالىملار ئاللاھتىن قورقۇشتا ۋە مەسئۇلىيىتىنى تونۇشتا ئەڭ لاياقەتلىك كىشىلەردۇر.

ئىككى ھەرەم خادىمى ئالىملارغا خىتاپ قىلىپ مونۇ تەۋسىيەلەرنى قىلدى ۋە ئۇلارنى مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا چاقىرىپ مونداق دېدى: «دۆلەت، ئالىملار بىلەن شەرئىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ ھوقۇقىنى مۇكەممەل ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئالىملارنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھېچكىشى چېقىلالمايدۇ. ھېچكىشىنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە تىل تەگكۈزىشىگە يول قويمايمىز! پەتىۋاغا لايىق بولمىغانلارنىڭ دىندا پەتىۋا بېرىشىگىمۇ يول قويمايمىز! دىن پەخىرلىنىدىغان ۋە دۇنيا ئۈچۈن قوللىنىدىغان مال ئەمەس. ئەھلى ئىلىملار ئۈچۈن ھۆرمىتىمىز چوڭقۇر. دۆلەت مۇئەسسەسەلىرى، شەرىئەت ئورگانلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ھىمايە قىلىدۇ. شۇڭا شەرىئەت مۇئەسسەسەلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇشى كېرەك، ئالىملار بولسا، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىشىدىن قورقماسلىقى كېرەك، چۈنكى ھىدايەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر».

# رامىزان ئېيى رەھمەت، بەرىكەت، مەغپىرەت، روھانىيەت ۋە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش ئېيىدۇر.

شەيخ دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم ئەششۇرەيم

(2010-8-20)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «رامىزان ئېيى رەھمەت، بەرىكەت، مەغپىرەت، روھانىيەت ۋە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش ئېيىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللادىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

تۇرمۇشىمىزنىڭ ئاچچىق-تاتلىق كۈنلىرىنى بۇ ئۇلۇغ ئاينى كۈتۈپ 11 ئاينى تاقەتسىز تاق بولۇپ ئۆتكۈزدۇق. بىز ھەقىقەتەن يۈكلىرىمىزنى يەڭگىللىتىش ۋە ياشلىرىمىزنى تۆكۈش ئۈچۈن شۇنداق بىر روھانىي كۈنلەرگە موھتاج ئىدۇق. مانا بۇ ئۇلۇغ كۈنلەر يېتىپ كەلدى. بىز بۇ ئۇلۇغ رامىزاننىڭ روھانى كۈنلىرىدە دىللىرىمىزنى ئىمان بىلەن مۇستەھكەملەيمىز، ئۇىسسۇزلىقىمىزنى قاندۇرىمىز. بىز ئۆزىمىزنى رامىزان ئېيىغا، خۇددى بالا ئۆزىنى ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا ئاتقاندەكلا ئاتتۇق. بىز بۇ ئۇلۇغ ئايدا ئىشلىرىمىزنى تەرتىپكە سالىمىز، ئاساسىي غايىمىز ۋە ئاخىرقى مەنزىلىمىز بولغان جەننەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئاسان ۋە تېز يولنى ئىزدەش ئۈچۈن رامىزان ئېيىدىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكىمىز كېرەك.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە ئۆرلەپ: «ئامىن! ئامىن! ئامىن!» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندا، ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ، مۇنبەرگە چىقىپلا ئۈچ قېتىم ئامىن! دېدىڭىز دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: ماڭا جىبرىل كېلىپ: رامىزاننى تاپقان لېكىن گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنمىغانلىقتىن جەھەننەمگە كىرگەن ئادەمنى ئاللاھ ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرسۇن! «ئامىن» دېگىن. دېدى، مەن: «ئامىن» دېدىم. دەپ جاۋاپ بەرگەن.

رامىزان ئېيى رەھمەت، بەرىكەت، مەغپىرەت، روھانىيەت ئېيى بولغاندىن باشقا، يەنە نېمەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ ئويلىنىدىغان ئايدۇر. بۇ ئايدا مەسچىتلەر نۇرلار بىلەن بېزىلىدۇ. رامىزاننى زايا قىلىۋەتكەن ئادەمگە نىسبەتەن رامىزاندىن باشقىنى زايا قىلىش تېخىمۇ ئاساندۇر. رامىزان ئېيى ئىنسانلار ئۈچۈن ئۆزىدىن ھېساب ئېلىپ، ھاياتىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش، ياخشى بولسا تېخىمۇ ياخشىلىققا ئىنتىلىش ئۈچۈن بىر پۇرسەتتۇر.

ئىنسان بار يەردە شەيتان بارلىقىدا شەك يوق، لېكىن شەيتانلارنى كۆزدىن يىراق قىلىپ باغلاپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ، رامىزاندا شەيتانلار باغلىنىپ، خالىس ئىبادەتكە پۇرسەت كېلىدۇ. ئىنسان ئۆزىنى تەربىيەلەپ، شەيتانغا تاقابىل تۇرۇش ئىممونىتېتىنى كۈچلەندۈرىدىغان ۋاكسىنىغا موھتاج. رامىزان بولسا، ئەنە شۇ ۋاكسىنىدۇر. ئىنساننىڭ ئىمانى كۈچلەنگەنسېرى شەيتاننىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ بارىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەمەس، پەرىشتىمۇ ئەمەس، لېكىن ئىمانى كۈچلۈك مۆمىن بەندە ئىدى. بۇ ئايدا ھەقىقىي مۆمىن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەتكە بېرىلىپ، كېچىلىرى ناماز بىلەن، كۈندۈزى روزا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئايدۇر. رامىزان ئېيى قۇرئان ئېيىدۇر. بارلىق مۇسۇلمانلار بۇ ئايدا بىر ئايلىق ھاياتىنى ئىبادەتكە ئايرىپ مەخسۇس ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. داۋاملىق ناماز ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇش، روزا تۇتقۇچىلار بىلەن بىرگە روزا تۇتۇش، دىلى قارا كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئېرىتىشى ۋە غەپلەتتىن ئويغىتىشى مۇمكىن.

ئىنسانلارنى دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇشنى خالىغان شەيتانلارنىڭمۇ ئۇسۇللىرى رەڭگارەڭ، ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھېچقاچان بەرمىگەن ھەجۋى فىلىملەر ۋە

ئىتوتلارنى رامىزان ئېيىغا توغرىلاپ بېرىدۇ. ئەخلاقسىز، ناچار تىلشۇنۇر قاناللىرى رامىزاندا تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ بۇزۇق نەرسىلەرنى تارقىتىشقا باشلايدۇ. بۇ مۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىبرەت ۋە سىناق بولسا كېرەك. داستىخانلارمۇ ئادەتتىكىدىن تاشقىرى ئاۋاتلىشىپ، رەڭگارەڭ تائاملار بىلەن بېزىلىدۇ، ئىشتىھانى ئاچىدىغان تائاملارنى كۆپرەك يەپ قويۇپ، ئېغىرلىشىپ نامازغا چىقىش خۇشياقماي، ئىبادەت قىيامغا يېتىدىغان ۋاقىتلاردا ئۈيدە ئۇخلاپ قالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشلىرىدىن بولىدىغان ئالامەتلەردۇر.

رامىزان ئېيى قۇرئان ئېيى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. روزا تۇتقان كىشىلەر ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزمەستىن، قۇرئان كەرىمنى تەدەببۇر قىلىپ (مەنىسىنى مۇلاھىزە قىلىپ) ئوقۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەر ھەقىقەتەن مۇلاھىزە قىلىپ، ئىبرەت ئېلىشقا لايىق قىسسىلەردۇر. ئاللاھ راست سۆزلىگۈچىدۇر، ئاللاھتىن باشقا ھەقىقىي راست سۆزلەيدىغان كىم بار؟!. ھەقىقىي مۇئمىنلەر قۇرئان تىلاۋەت قىلغانلىرىدا قۇرئاننىڭ مەنىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىدىن تەسىرلىنىپ دىللىرى ئېرىيدۇ. قۇرئاندا قىسسىلەردىن تالۇت-جالۇت، ھابىل-قابىل، ئەسھابۇلكەھف، قارۇن، زۇلقەرنەيىن، فىرئەۋن، ھامان، ئەسھابۇلئۇخدۇد قىسسىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان قىسسىلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن سەۋەب بولىدىغان تەسىرلىك ھەمدە ھەقىقىي يۈز بەرگەن قىسسىلەردۇر.

روزا تۇتقۇچىلار ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيەتلىرىنى ئوقۇپ، بىلىپ تەدەببۇر قىلىشى كېرەك. ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنغان مىللەتلەرنىڭ قانداق روناق تاپىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلىپ يەر يۈزىدە پىتنە-پاسات قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋەيرانلىق، يوقىلىپ كېتىش ۋە باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ، قۇل بولىدىغانلىقىدەك ھەقىقەتلەرنى كۆرۈۋالالايدۇ.

ئاخىرىدا شۇ ھەقىقەتنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، قۇرئان كەرىم بىزنىڭ پايدىمىزغا ياكى زىيىنىمىزغا گۇۋاھچىدۇر. ئاللاھ بىزنى قۇرئاننى ئوقۇپ

ئەمەل قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن، قۇرئاننى ئوقۇپ، ئەمەل قىلمىغانلىقتىن قۇرئان لەنەت قىلىدىغان لەنەت كەردىلەردىن قىلمىسۇن، ئامىن!!

# رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى ئوتتىن ئازات بولىدىغان مۇبارەك كۈنلەردۇر

شەيخ دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللا خەييات ئۇستاز

**2010 – يىلى 8 – ئاينىڭ 27 - كۈنى**

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈلۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى ئوتتىن ئازات بولىدىغان مۇبارەك كۈنلەردۇر، بارلىق مۇئمىنلەر بۇ كۈنلەرنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇرتۇلۇشقا تىرىششى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

روھىي ئۇستۇنلۈك ۋە قەلبنىڭ ئازادىلىكى، ئەقىل ئېگىلىرىگە نېسىپ بولىدىغان نېمەتتۇر، بۇ نېمەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئىبادەتكە تېخىمۇ بېرىلىپ ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا ئېرىشىش، ئاقىللارنىڭ ئىشىدۇر. ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئېھساننىڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە ئېرىشىش مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېھساننى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ئېھسان دېگەن، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا سەن ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ئىبادەت قىلىسەن، گەرچە سەن ئاللاھنى كۆرمىسەڭمۇ، ئاللاھ سېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ساھابىلەر شۇ ئېھسان پىرىنسىپىنى قوللىنىپ بارلىق ئىشلىرىدا ئېھسان قىلىپ كەلگەن، ئۇلار ھەممە ئىشىدا ئاللاھنىڭ كۆزەتچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغان. ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان. بۈگۈنكىدەك رامىزان مەۋسۇمىدە ئېھسانىنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ كۆزەتچى ئىكەنلىكى تېخىمۇ روشەن ئايان بولىدۇ. رامىزان ئېيىنىڭ ئەڭ مۇھىم كۈنلىرى ئاخىرقى ئون كۈنى بولۇپ، ئەڭ مۇبارەك كۈنلەردۇر. بۇ كۈنلەردە ئاللاھ بەندىلىرىنى ياخشىلىقلارغا ئالدىراش ۋە ئۇنىڭدا مۇسابىقىلىشىشكە چاقىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى ئەھمىيەتلىك كۈنلەر ھېسابلىناتتى. ئاخىرقى ئون كۈندە باشقا كۈنلەردە كۆرۈلمىگەن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا باشقا ۋاقىتتا كۆرسەتمىگەن تىرىشچانلىقنى كۆرسىتەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىشتا نامايەن بولاتتى.

بىرىنچى: ئىشتان بېغىنى چىڭ باغلايتتى، (يەنى ئاياللىرىدىن يىراق بولاتتى) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرگەندە كەمىرىنى چىڭىتىپ، كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزۈپ، ئائىلىسىنى ئويغىتىپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

ئىككىنچى: كېچىدە ئۇخلىماي ئىبادەت قىلىش بولۇپ، تەراۋىھ نامازلىرىنى ئۇقۇش ئارقىلىق قىيامۇللەيل قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە دۇئا-تەسبىھ ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

ئۈچىنچىسى: ئائىلىسىنى ئويغىتىپ ناماز ئوقۇتۇش. زەينەب بىنتى ئۇممۇسەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇشقا تاقىتى بار ھەر قانداق كىشىنى ئويغىتىپ ئىبادەت قىلدۇراتتى. بۇ بولسا بىر خىل نەبەۋى تەربىيە ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىلغانلىرى ئائىلە باشلىقىنىڭ ئائىلە-تاۋاباتىنىڭ ئىبادەتلىرىدىن مەسئۇلىيىتى بارلىقىنى

بىلدۈرىدۇ. ئىلگىرىكى سەلەف-سالىھلار بۇ مۇبارەك ئايدىن پەقەت ئۆزى يالغۇز بەھرىمەن بولۇش بىلەن چەكلەنمەستىن، ئائىلىسىدىكى بارلىق چوڭ-كىچىك ئەزانىڭ ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرەتتى. مۇبارەك رامىزاننىڭ پەزىلىتىگە ئەۋلادلىرىنىمۇ شېرىك قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا مەسجىدتە ئېتىكاف قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىغا بۇ دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ ئەلۋەتتە بىر چوڭ ئەھمىيەتلىك بولۇشى تەبىئىي، چۈنكى ئاخىرقى ئون كۈن ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە رەھمەت قىلىش ئۈچۈن، گۇناھكارلارنىڭ گۇناھلىرىدىن پاكلىنىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەنلىكىدۇر. بۇ ئون كۈندە بارلىق كۈچىنى ئىبادەتكە مەركەزلەشتۈرۈپ ئىبادەت قىلغان ئادەمنىڭ دۇنيالىقتىكى غەم-ئەندىشىلىرى تامامەن يوقۇلۇپ، روھىي جەھەتتىن ئارام ئالىدۇ. ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ ئۇلۇغ كۈنلەرنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىشى كېرەك. بۇ ئون كۈن ئىچىدە قەدرى كېچىسى بار بولۇپ، ئۇ مىڭ ئايلىق ئىبادەتتىن ئەۋزەلدۇر. بۇ ياخشىلىقتىن مەھرۇم بولغان كىشى بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇمدۇر. ئەمما ۋاقىت كېتىپ پۇرسەت قولدىن كەتكەندە پۇشايمان قىلغاننىڭ پەقەت پايدىسى يوق.

رامىزان ئېيى ھېچقاچان ھورۇنلۇق، بىكار تەلەپلىك ئېيى ئەمەس. ئويۇن - تاماشا كۈنلىرىمۇ ئەمەس. بۇ ئاي ئىش قىلىش، جىھاد قىلىش، سەۋرچانلىق ۋە دىن-دۇنيالىق جەھەتتە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىش ئېيىدۇر. ئەھلى ئىلىملەر ئېيتقانىدەك، بۇ ئايدا ياخشىلىققا مۇۋەپپەق بولالىغان ئادەم، يىلنىڭ باشقا ۋاقىتلىرىدىمۇ شۇ ياخشىلىققا مۇشەررەپ بولىدۇ. مۆمىنلەر بۇ ئايدا ھەقىقەتەن ياخشىلىققا ئېرىشىش يولىدا مۇسابىقىگە چۈشۈش كېرەك. بۇنداق ئالتۇن پۇرسەت يىلدا بىر ئاي كەلگەن بىلەن كۆپلىگەن كىشىلەر ئۈچۈن ئاخىرقى پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن.

ئاللاھ ھەممىمىزنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈشكە نېسىپ قىلسۇن، قەدرى كېچىسىنى تاپقىلى نېسىپ قىلسۇن، ئاخىرىدا جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىسۇن! ئامىن.

# رامىزاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېخىلىقتا بورانغا ئوخشاش مىسلىسىز ئىدى

شەيخ دوكتور/ ئابدۇررەھمان سۇدەيس

**2010 - يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى**

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «رامىزاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېخىلىقتا تېز سۈرئەتلىك بورانغا ئوخشاش، مىسلىسىز ئىدى، بارچە ئۈممەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆرنەك قىلىش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىسلام ئۈممىتى ئۇلۇغ رامىزان ئېيىنىڭ ئىللىق شامىلىدىن لەززەتلىنىپ، ياخشىلىقىدىن بەھرىمەن بولۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، تولىمۇ ئەپسۇس بۇ ئۇلۇغ ئاي ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. بارماقتا سانىغۇدەك كۈنلەرلا قالدى. بارچە مۇسۇلمانلار شۇ قىممەتلىك مىنوتلاردىن پايدىلىنىپ ئەمەللىرىمىزنىڭ مەقبۇل بولۇشىنى تىلىشىمىز كېرەك. قېنى كېلىڭلار، ئى روزىدار مۇسۇلمانلار! ئاخىرقى ئون كېچىنىڭ ياخشىلىقى ۋە بايلىقلىرىنىڭ خەزىنىسىنى ئاچايلى، ياخشىلىقلارغا ئالدىراپ، مۇسابىقىلىشەيلى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سوغىتى ئەڭ بۈيۈك ۋە ياخشى سوغاتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرگەندە باشقا كۈنلەردە كۆرسەتمىگەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتەتتى. تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنىنىڭ سىرتىدا ئائىلىلىرىغا يېقىنلاشمايتتى.

ئاخىرقى ئونىدا بېلىنى چىڭتىپ، كېچىنى ئۇخلىماي ئىبادەت بىلەن تاڭ ئاتقۇزاتتى، ئائىلىسىنى ئويغۇتۇپ ئىبادەتكە سەپەرۋەرقىلاتتى.

بۇ كۈنلەر بارچە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئوتتىن ئازات بولۇش بىشارىتى بېرىلىدىغان كۈنلەردۇر. بۇ كۈنلەردە پەرز ئەمەللەر، سۈننەت ئەمەللەر، مۇستەھەب ئەمەللەر بىلەن ئاللاھقا يېقىنلىشىڭلار! ئىلگىرى قىلالماي قالغان ئىبادەتلەرنى قىلىڭلار، زىكىر-تەسبىھنى كۆپ قىلىڭلار! ئېتىكاپتا ئولتۇرۇڭلار، قۇرئاننى كۆپ ئوقۇڭلار! پۇرسەت كېتىپ قالغىنى يوق. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، تىجارەتكە ھېلىمۇ پۇرسەت بار، پايدىنىڭ يولى تاقالغىنى يوق. ئىبادىتىڭلارنىڭ قوبۇل بولىشى ئۈچۈن پەرز قىلىنغان زاكاتنى بېرىڭلار! سەدىقە بېرىڭلار! بۇ ئۇلۇغ ئايدا سېخىلىقنىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋېتىڭلار!.

ئى روزا تۇتقۇچىلار! سىلەر ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ ياخشى ئۈرنەكتۇر. سېخىلىقنى ئۆزۈڭلارغا ھەمراھ قىلىڭلار! رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىنى غەنىمەت بىلىڭلار! ئاللاھ بۇ ئۇلۇغ ئاينىڭ ئاخىرقى ئونىنى شەرەپلىك قىلىش بىلەن مىڭ ئايغا توغرا كېلىدىغان قەدرى كېچىسىنى ئاتا قىلغاندۇر. قەدرى كېچىسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى، قەدرى كېچىسىنى تولۇق ئىشەنچ ۋە ساۋاپ ئۈمىت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، ئىلگىرىكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. قەدرى كېچىسى توغرىسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قەدرى كېچىسىنى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىنىڭ تاق كۈنلىرىدە ئىزدەڭلار» دېگەن.

ئاللاھ تائالانىڭ قەدرى كېچىسىنىڭ ۋاقتىنى ئېنىق بىكىتمەسلىكى ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىپ تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت قىلىۋېلىشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن، ئى رەسۇلەللاھ! قەدرى كېچىسى ئىكەنلىكىنى بىلسەم نېمە دەيمەن؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھ! سەن كەرەملىك، كەچۈرۈمچان زاتسەن، كەچۈرۈم قىلىشنى ياخشى كۆرسەن، مېنى كەچۈرگىن! دەپ دۇئا قىلغىن» دېدى[1].

[1] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

قەدرى كېچىسىنى تېپىشقا تىرىشىڭلار، قەدرى كېچىسىنى تېپىش ئۈچۈن مىنۇت، سېكۇنتلار بىلەن ئىزدەڭلار. رامىزان ئېيى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن، قەھرىمانلىق، زەپەرلەر ئېيى بولسا، ئەلۋەتتە بۇ ئاي ئىچىدە شۇ قەھرىمانلىقلار، زەپەرلەردىن ئىبرەت ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەردە تارىختىن پەخىرلىنىپ، زەپەرلەردىن سۆزلەپلا ئۆتكۈزمەستىن، نىشاننى توغرىلاپ، ئولۇغ غايىگە يېتىش ئۈچۈن ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىش لازىمدۇر. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۈستىدە قىلىشقا تېگىشلىك خەلقئارالىق مۇھىم خىزمەت ۋە مەسئۇلىيەتلەر بار، ئەڭ مۇھىمى بەيتۇلمۇقەددەس مەسىلىسىدۇر. مەسجىدىل ئەقسانى ئازات قىلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان مەسئۇلىيىتىدۇر.

مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلمان نىيىتىنى خالىس قىلىپ، ئاللاھتىن كۈچ - قۇۋۋەت تىلىشى كېرەك. بۇ ئاي يەنە گۇناھلارغا تەۋبە-ئىستىغفار قىلىش ئېيىدۇر. بارچە مۇسۇلمانلار ياخشىلىقلىرىنى كۆپەيتىپ، گۇناھلىرىنى ئازايتىشقا، بەلكى يۇيۇپ تۈگىتىشكە تىرىشىدىغان ئۇلۇغ ئايدۇر. رامىزاننىڭ ئاخىرىدا بارچە مۇئمىنلەر «زاكاتىل فىتىر» نى ئۇنتۇماسلىقى كېرەك. سەدىقە فىتىر نامىلىق زاكات ھەر بىر جان ئىگىسى بەرمىسە بولمايدىغان سەدىقە بولۇپ، ئۇ روزا ھېيت نامىزى ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن ئادا قىلىنىشى ۋە كەمبەغەللەرنىڭ قولىغا تېگىپ بولىشى كېرەك.

ئاللاھ بۇ ئۇلۇغ ئاي، ئۇلۇغ كۈنلەردە بىزلەرنى ئوتتىن ئازات بولغۇچىلاردىن ۋە قەدرى كېچىسىنى تاپقۇچىلاردىن قىلسۇن، ئامىين!.

# ئاللاھ بارلىق جانلىق-جانسىز مەخلۇقلارنى مۇكەممەل قانۇن-ئىنتىزام ئىچىدە ياراتقان بولۇپ، ھەربىر مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە لايىق خىزمىتى بار

شەيخ دوكتور/ سالىھ بىن ئابدۇللا بىن ھۇمەيد

(16/10/14310ھ)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«ئاللاھ ئىنسان، جىن ۋە باشقا بارلىق جانلىق-جانسىز مەخلۇقلارنى مۇكەممەل قانۇن-ئىنتىزام ئىچىدە ياراتقان بولۇپ، ھەر بىر مەخلۇقنىڭ ئۆزىگە لايىق خىزمىتى بار» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھ ئىنساننى يەر يۈزىدە ئورۇنباسار قىلىپ ياراتتى. ئىنساندىن زېمىننى گۈللەندۈرۈشنى، زېمىننىڭ يەرئاستى، يەر ئۈستى بايلىقلىرىدىن مۇكەممەل پايدىلىنىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ئاساستا ئاللاھ ئىنساننى ئەقىللىق، تەدبىرلىك ياراتقاندىن تاشقىرى، ئۇنىڭغا زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇردى. ئاللاھ ئىنساننىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى، كىتابلارنى چۈشۈردى. ئىنسان، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە يەر يۈزىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا چاقىرىلدى.

دۇنيانىڭ ياخشىلىقلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن، ئەقىل نېمىتىنى ئاتا قىلدى. يەر ئاستى، يەر ئۈستى بايلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىنساننىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇپ بەردى. شۇڭا ئىنسان ئاللاھنىڭ ئالدىدا زېمىننى گۈللەندۈرۈشكە ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇلدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ئىنسان جەمئىيەتتە يۈز بېرىدىغان بۇزۇقچىلىق، ئازغۇنلۇق ۋە ۋەيرانچىلىقلاردىنمۇ مەسئۇلدۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى دۇنياغا ئاشكارىلاش ئۈچۈن، ئۆز ھېكمىتى بىلەن بارچە مەخلۇقلارنى ئىنچىكە ئۆلچەم ۋە مۇكەممەل تەدبىر ئىچىدە ياراتتى. ئاللاھ ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەن نېمەتلەر ئۈستىدە ئويلانغان ئىنسان، ئاللاھنىڭ كائىناتنى يارىتىشتىكى مۇراد ـ مەقسىتىنى بىلىۋالالايدۇ. ئاللاھ زېمىننىڭ ياخشىلىقلىرى ۋە بايلىقلىرىنى يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىگە يەرلەشتۈرگەن بولۇپ، سۇلار، ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار، باغۇ ـ بوستان، جاڭگاللار، ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ساغلاملىق مۇھىتىدۇر. چۈنكى ئاللاھ ئۇنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن نېمەت قىلىپ ياراتتى. دۇنيانىڭ تەڭپۇڭلۇق تۈزۈمى ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان ئىنچىكە قانۇنىيەت بولۇپ، ئاللاھنىڭ نەقەدەر ھېكمەتلىك، تەدبىرلىك ۋە ئەزىمەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق ئېلېمېنتلار، چوڭ ـ كىچىك، رەڭگارەڭ ھايۋانلار، قۇرت ـ قوڭغۇزلار تەدبىرلىك، ھېكمەتلىك ئاللاھنىڭ ئىنچىكە ئىلاھىي قانۇنىيىتى ئىچىدە ئىنتايىن رەتلىك، سىستېمىلىق ھەرىكەت قىلىدۇ.

دۇنيانىڭ ئىنتايىن سېستىمىلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن يارىتىلىپ يەنە شۇنداق باشقۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى بۇ دۇنياغا ئورۇنباسار قىلىپ، دۇنيانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنساننىڭ شۇ پرىنسىپ بويىچە دۇنيانىڭ بارچە نېمەتلىرىدىن مۇكەممەل پايدىلىنىشى، پاك مۇھىت يارىتىشى ۋە شۇ مۇھىتنى ئاسرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ناھايىتى ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى دۇچ كېلىۋاتقان مۇشكۈللەر ئەقىل ئىگىلىرىگە دۇنيانىڭ خەتەرلىك بىر ھالغا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنسانلار مۇھىت بولغاچ، ئاللاھ ياراتقان كائىناتنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىش، سۇ، ھاۋا، تۇپراقنىڭ ئەسلى ھالىنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنۇشتەك ئەھۋاللار ئېغىر دەرىجىدە كۆرۈلمەكتە. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە يالغۇز ئىنسانلار ھاياتىلا ئەمەس، ھايۋانلارنىڭ ھاياتىمۇ تەھدىت ئىچىدە قالماقتا. يېقىنقى زامانلاردا مۇھىت ئۆزگىرىشى، ھاۋا كېلىماتىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى، ئوزۇقلۇقلارنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە مۇھىتنىڭ ساپلىقىنى بۇلغىماقتا.

يېمەك-ئىچمەك، ئوزۇقلۇق ياسايدىغان فابرىكىلارمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇپ، ئوزۇقلۇقلاردا بۇلغىنىش پەيدا قىلىپ، شەكلىنى گۈزەللەشتۈرۈش، رەڭگىنى ياخشىلاش ئۈچۈن خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئەھمىيەت بەرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئوزۇقلۇقلار ئىنسانغا پايدا قىلماستىن، سالامەتلىكنى بۇزىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدە مۇھىتنى تۈزىمەستىن، ئۇنى بۇلغاشقا قاراپ مېڭىۋاتىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى مۇستەملىكىچى، مۇشتۇمزور كۈچلەر، ئاجىز مىللەتلەرنى مونوپول قىلىش ئارقىلىق ئىشغال قىلىش، بايلىقلىرىنى سۈمۈرۈش ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە ۋە يەر شارى مۇھىتىغا ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدىغان، خەلقئارادا چەكلەنگەن قوراللارنى قوللىنىپ، يەر شارى مۇھىتىغا ئېغىر زىيان سالغاندىن تاشقىرى، ئىنسانلار ئارىسىدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان، سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ۋە داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيدىغان كېسەللەرنىڭ تارقىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. زەھەرلىك قوراللار سەۋەبىدىن دۇنيادا مىليونلىغان گېكتار زېمىن، مىليونلىغان گېكتارلىق ئورمانلار ۋەيران بولۇپ، دۇنيانى قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە سۇ ئاپىتى قاپلىماقتا. نەتىجىدە دۇنيا خارابىلىققا قاراپ ماڭماقتا.

«ۋەلا ھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل ئەلىييىل ئەزىم».

ئىنسانىنى ئەخلاقلىق، ياخشىلىققا ئالدىرايدىغان، يامانلىقتىن قاچىدىغان قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە ئىمان بولۇپ، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ئادەم، ئاللاھقا يېقىن بولىدۇ. بارلىق ئىنسانلارغا

ياخشىلىقنى خالايدۇ، ياخشىلىققا چاقىرىدۇ. ئىنسان زېمىنىنىڭ ساغلاملىقى ۋە مۇھىتىنىڭ تازىلىقىغا مەسئۇلدۇر. زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە مۇھىتنى ئاسراش ئەنە شۇ ئىنسانىنىڭ بۇرچىدۇر. ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنىڭ ئۆزگىرىشى، ھاۋا كېلىماتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، كېلىماتىنىڭ كۆنسېرى ئىسسىپ بېرىشىدەك ئامىللارنىڭ سەۋەبچىسى يەنىلا ئىنسانلاردۇر. دۇنيانىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خەلق ئاممىسى ۋە ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتىدۇر.

دۆلەتلەر ۋە خەلقئارادىكى جەمئىيەتلەر، مۇھىتنى ئاسراشقا دىققەت قىلىشى ۋە ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە كېپىللىك قىلىشى كېرەك. ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ بارلىق غايىسى، ئىنسان ۋە ئىنسانىنىڭ ھاياتىنىڭ ساغلاملىقى بولۇشى كېرەك. شۇڭا سەھىيە ۋە ئىقتىساد مەيدانلىرىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش لازىم. ھەر قانداق شارائىتتا ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى ۋە بىخەتەرلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكى ھېسابىغا بايلىق توپلاش، قەتئىي توغرا ئەمەس. قارايدىغان بولساق سانائەتتە ۋە ئىقتىسادتا دۇنيانىڭ ئالدىن قاتارىدا تۇرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئىنسانىي پەزىلەت جەھەتلەردە ئارقىدا قالغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بىزلەر ئاللاھ تەرىپىگە قايتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتىدىن مەھرۇم قالماسلىق ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن! دۇنيانى گۈللەندۈرگۈچىلەردىن قىلسۇن!

ئۇنى ۋەيران قىلغۇچىلاردىن قىلمىسۇن، ئامىن!

# مۆمىنلەرگە تىل ۋە قول ئارقىلىق ئازار بېرىش ھارامدۇر

دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللا خەييات

2010 – يىلى 10 – ئاينىڭ 1 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇئمىنلەرگە تىل، قول ئارقىلىق ئازار بېرىش ھارامدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ھەر بىر جان ئىگىسىگە ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش، تاجاۋۇز قىلماسلىق ۋە ئېسىل ئەخلاقلىق بولۇش، ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئۇلۇغ خىسلەتتۇر. ئەكسىچە، مۇئمىنلەرگە ئازار بېرىش، بۆھتان چاپلاش ۋە يامان گېپىنى قىلىپ، غەيۋەت قىلىش ئېغىر گۇناھتۇر. ئۇنداق قىلغانلار ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارغاندا خارلىق شارابىنى ئىچىدۇ. شۈبھىسىزكى، مۇئمىن ئەر، مۇئمىن ئاياللارغا ئازار بېرىش، ئۇلارنىڭ شەرىپىنى تۆكۈش مەقسىتىدە تىل ئۇزارتىش ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىسا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ساھابىلىرى، ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان ئاياللىرىغا تىل ئۇزارتىش، كەچۈرگۈسىز ئېغىر گۇناھ ۋە ھالاكەتتۇر.

ئەمەلىيەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ۋە ئاياللىرىغا تىل ئۇزارتىش جىنايەتلىرى تارىختىن بىرى داۋام قىلىپ كەلگەن، ھەتتاكى بۇ جىنايەت تەرەققىي قىلىپ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى سەييىدە ئائىشە

رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تىل ئۇزارتىشقىچە يېتىپ بارغان، ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىزغا ئازار بېرىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئائىشە ئانىمىز بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئايالى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ماڭا ئائىشە توغرىلىق ئازار بەرمەڭلار، ماڭا ئائىشەدىن باشقا ھېچقايسى ئايالنىڭ قېشىدا بولغىنىمدا ۋەھيي نازىل بولمىغان». ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى رەسۇلەللاھ! ئاياللاردىن سىزگە ئەڭ يېقىملىقى كىم؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئائىشە» دېگەن. ئەرلەردىنچۇ؟ دېگەندە: «ئائىشەنىڭ دادىسى» دەپ جاۋاپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر ھەدىسلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئائىشە ئانىمىزنىڭ مۇسۇلمانلار قەلبىدىكى ئورنىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشكەن.

يەنە بىر شەرەپ شۇكى، ئائىشە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇنيادىكى ئايالى بولسا، ئاخىرەتتىمۇ ئايالىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى رەسۇلەللاھ! ئاياللىرىڭىزدىن كىملەر جەننەتتە كىرىدۇ؟ دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋابەن: «جەننەتكە كىرىدىغانلار ئىچىدە سىز بار» دەپ جاۋاپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە ئانىمىزغا: «سىزگە جىبرىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سالامى بار» دېگەندە، ئانىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:«ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھ». دەپ بولۇپ، سىز ئۇنى كۆرەلەيسىز، لېكىن بىز كۆرەلمەيمىز» دېگەن. ئائىشە ئانىمىز تەيەممۇم ئايىتى نازىل بولۇشقا سەۋەب بولغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزلى-كەرىمى شۇنچە كۆپكى، ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيىر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم ئائىشە ئانىمىزغا يۈز مىڭ دىرھەم پۇل ئەۋەتكەن ئىكەن. پۇل كەلگەن كۈنىنىڭ ئۆزىدە ئائىشە ئانىمىز يۈز مىڭ دىرھەمنىڭ ھەممىنى پېقىر-مىسكىنلەرگە تارقىتىپ بېرىۋەتكەن. ئائىشە ئانىمىزنىڭ چۆرىسى ئائىشە ئانىمىزغا:«كەچلىك تاماققا گۆش ئالدىغانغا ئازراق قالدۇرغان بولساڭمۇ» دېگەندە «بالدۇرراق خاتىرلەتكەن بولساڭ شۇنداق قىلاتتىم»دېگەن. بۇرۇنراق دېگەن بولسىڭىز شۇنداق قىلغان بولاتتۇق، دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلەتلىرىدىن يەنە بىرى، باشقىلارنىڭ ماختىشىنى خالىمايتتى. بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئائىشە ئانىمىزنىڭ ئېغىر كېسەللىك ۋاقتىدا بەلكى سەكراتتا ياتقان ۋاقتىدا ئۇنى يوقلاش ئۈچۈن قېشىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىغان، ئائىشە ئانىمىز: ئۇ قېشىمغا كىرسە، مېنى ماختىشىدىن قورقىمەن، دېگەندە ساھابىلار: ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى، مۇسۇلمانلارنىڭ سەركەردىلىرىدىن بىرى، دېگەندە: كىرسۇن، دەپ رۇخسەت بەرگەن. ئىبنى ئابباس ئائىشە ئانىمىزدىن ھال سوراپ، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ دەپ سورىغاندا: مەن تەقۋادار بولسام، ياخشى، دەپ جاۋاپ بەرگەن، ئىبنى ئابباس: ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سىز ياخشى، سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى، قىز ئۆيلەنگەن ئايالى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم سىزدىن باشقا قىزغا ئۆيلەنمىگەن. سىزنىڭ پاكلىقىڭىز ئاسماندىن نازىل قىلىنغان، دېگەن.

ئىبنى زۇبەير مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قېشىغا كىرگەندە: ئائىشە ئانىمىز ئۇنىڭغا: ئىبنى ئابباس كەلگەن ئىكەن، ئۇ مېنى ماختاپ كەتتى، مەن ئۆزۈمگە مەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسامكەن دەپ ئارزۇ قىلدىم، دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھايات ۋاقتىدىكى بەرىكەتلىرىدىن بىرى، ئۇنىڭ مول بىلىم بايلىقى بولۇپ، مۇسۇلمانلار بىلمىگەن مەسىلىلىرىدە مۇراجىئەت قىلىدىغان فىقھى ئالىمى ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ ئۆيۈمدە، مېنىڭ نۆۋىتىمدە ۋە مېنىڭ قۇچىقىمدا نەپەس ئۈزدى، دېگەن.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەزىلەتلىرى، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز كۆپ بولۇپ، بۇ پەزىلەتلەرنى كەڭ ئامما ئارىسىدا تارقىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭغا تىل ئۇزارتىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازار بەرگەنلىك بولۇپ، ئىمانغا تاقىشىدىغان ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇنداق جىنايەتنى سادىر قىلماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۇستىدىكى ھەقلىرى بولسا، ئۇنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادا ئەڭ ياخشى

ئىنسانلارنى ياخشى كۆرگەن، پەيغەمبىرىمىز ياخشى كۆرگەن كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈش ئىماندىندۇر. ئاللاھ ۋە ئاللاھنى ياخشى كۆرگەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد مۇستاپا ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى، ئاياللىرى، بولۇپمۇ ھەققىدە قۇرئان چۈشكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئايالى، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇلۇغلىشى، ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشى ۋە تىل ئۇزاتماسلىقى كېرەك.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۆزىنى، پەيغەمبىرىنى، ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋاباتىنى ياخشى كۆرىدىغانلار قاتارىدىن قىلسۇن! تەۋەللا-تەبەررادىن ئىبارەت ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن يامان كۆرۈش نېمىتىنى ئاتا قىلسۇن! مەنپەئەت كەلسە ماختاپ، مەنپەئەت ئۈزۈلسە غەيۋىتىنى قىلىشقا باشلايدىغان روھىي مەرەزلىكتىن ساقلىسۇن، ئامىين!!

# پاك تەبىئەت ۋە ياخشىلىقتا يارىتىلغان ئىنسانلار ياخشىلىقتا ئالدىرايدۇ

شەيخ سالىھ بىن ھۇمەيد

2010 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈلۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«پاك تەبىئەت ۋە ياخشىلىقتا يارىتىلغان ئىنسانلار ياخشىلىقتا ئالدىرايدۇ، ياخشىلىقتىن سۆيۈنىدۇ، يامانلىقتىن قاچىدۇ ۋە يامانلىق يۈز بەرسە قايغۇرىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بىزنىڭ ئىسلام شەرىئىتىمىز، دىنىنىڭ ئۇلۇغ غايىلىرىدىن بولغان ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراش ۋە ياخشىلىق پۇرسەتلىرىنى غەنىمەت بىلىشكە تەشەببۇس قىلغان. ئادەمنىڭ نەپسى-خاھىشى ياخشىلىقتا ۋە ئىسلاھاتتا ئىنتىلىدۇ ھەمدە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلالىسا خۇرسەن بولىدۇ. ئەكسىچە، يامانلىق ۋە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرسە قايغۇرىدۇ.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! قېنى ئېيتىڭلارچۇ! باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئىنسانغا ھۇزۇر بېغىشلىمامدۇ؟! ھەقىقىي ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىگە بېرىلمەستىن ئەتراپلىق ئويلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇپ ئىش قىلىدۇ.

ياخشىلىقنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاللاھ تائالا تۆۋەندىكى ئايەتتە كەرىمىدە ياخشىلىقلارنىڭ بىر قىسمىنى كۆرسىتىپ بەردى: ﴿لَّا خَيْرَ فِى كَثِيرٍ مِّن نَّجْوَىٰهُمْ إِلَّا مَنْ أَمَرَ بِصَدَقَةٍ أَوْ مَعْرُوفٍ أَوْ إِصْلَٰحٍۭ بَيْنَ ٱلنَّاسِ ۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ ٱبْتِغَآءَ مَرْضَاتِ ٱللَّهِ فَسَوْفَ نُؤْتِيهِ أَجْرًا عَظِيمًا﴾ ﴿ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن سۆھبەتلىرىنىڭ تولىسىدا خەيرىيەت يوقتۇر. پەقەت سەدىقىغە ياكى ياخشىلىققا ياكى كىشىلەرنى ئەپلەشتۈرۈشكە ئەمر قىلغان كىشىلەر (نىڭ يوشۇرۇن سۆھبىتى) بۇنىڭدىن مۇستەسنا. كىمكى ئۇ (ئىش) لارنى ئاللاھ نىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن قىلىدىكەن، ئۇنىڭغا بۈيۈك ئەجىر ئاتا قىلىمىز﴾[1].

ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱلَّذِينَ يُنفِقُونَ فِى ٱلسَّرَّآءِ وَٱلضَّرَّآءِ وَٱلْكَٰظِمِينَ ٱلْغَيْظَ وَٱلْعَافِينَ عَنِ ٱلنَّاسِ ۗ وَٱللَّهُ يُحِبُّ ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ ﴿تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل ـ مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر. ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرىدىمۇ تۆۋەندىكىچە بايان قىلغان: «ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولسا، مۇسۇلمان قېرىندىشىڭنىڭ قەلبىنى خۇشال قىلغانلىقىڭ ياكى قەرزىنى ئادا قىلىپ قويغانلىقىڭ ياكى بولمىسا ئاچ قالغان بولسا، قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويغانلىقىڭدۇر».

ئىمام يەنە مۇسۇلمانلارنى: قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش، باشقىلارغا قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، زۇلۇم قىلىنغانلارغا ياردەم بېرىش، مەھرۇم قىلىنغانلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئاداۋەتلىشىپ قالغانلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، بىلىم ـ مائارىپ ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش، ئىش قىلغاندا پۇختا قىلىش، يولدىن ئېزىپ قالغانلارغا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش، ياخشى ئىشقا ۋەسىلە بولۇپ شاپائەت قىلىش، كېسەلنى يوقلاش، داۋالىنىشقا ياردەملىشىش، تۇغقانلارنى يوقلاپ تۇرۇش، سىلە رەھىم قىلىش، دەۋەت مەركەزلىرىنى قۇرۇپ دىن

[1] سۈرە نىسا: 114 ـ ئايەت
[2] سۈرە ئالى ئىمران: 134 ـ ئايەت

تەشۋىقات ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق موھتاجلارنىڭ بېشىنى سىلاش ۋە بارچە ئۈممەتكە ياخشى ئىشلاردا ئۈرنەك بولۇشنى ياخشى ئىشلارغا تەۋسىيە قىلدى.

ئىمام يەنە: ئىنسانلار ئىچىدە بۇزۇقچىلىق، پىتنە-پاسات تارقىلىشنى خالايدىغان ۋە شۇنىڭغا تەشەببۇس قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى بەك ئېغىر بولۇپ، دۇنيادا خارلىق، ئاخىرەتتە جەھەننەمنىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇردى. بەزى ئىنسانلار باركى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ سەركەردىلىرىگە قارىتا چىدىماسلىق ۋە ھەسەت بىلەن تولغان. ئۇنداقلار گۇناھنىڭ بېشى، تاجاۋۇزچىلارنىڭ سەركەردىسى ۋە بۆھتانچىلارنىڭ كاتتىۋېشىدۇر. ئۇلاردىن ئاز بىر قىسىم بۇزۇق ئۇنسۇرلار مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا تىل ئۇزارتقانلاردۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئاللاھ يەتتە قات ئاسماننىڭ ئۈستىدىن پاكلاپ ئايەت نازىل قىلغان.

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە: ئەھلى ئىماننىڭ خىسلەتلىرى شۇكى، ئۇلارنىڭ دىللىرى ۋە تىللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلمايدۇ، دېگەن.

يامانلىق سەركەردىلىرىنىڭ يەنە بىر تۈرى، سىھيونىزمچى جۇھۇدلاردۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇلار ئىسلام مۇقەددەسلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ، مەسچىتلەرنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماستىن تاجاۋۇز قىلىۋاتىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ زېمىنلىرىنى تالان-تاراج قىلىپ، كۆچمەنلەر لاگېرلىرىنى بىنا قىلىۋاتىدۇ، ھەق ئىگىلىرىنىڭ ھوقۇقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار يەنە خەلقئارا قانۇن-تۈزۈملەرنى كۆزگە ئىلماستىن ئاياغ-ئاستى قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار؛ مۇسۇلمانلار ئاجىز، ھېچنەرسە قىلالمايدۇ، دەپ خىيال قىلىشىدۇ، چۈنكى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى قۇدرەتلىك ئاللاھ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنى ۋاقتى كەلگەندە قاخشاتقۇچ ئازاب بىلەن ئازابلايدۇ. بىز بۇ مۇنبەردە سىھيونىزمچىلارنىڭ جىنايەتلىرىدىن ئاللاھ تائالاغا يىلىنىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، شىكايەت قىلىمىز.

ئى پەلەستىندىكى قېرىنداشلىرىمىز! سىلەر سەۋر قىلىڭلار! ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىدىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىدە مۇستەھكەم تۇرۇڭلار! ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئىشىنى پۈختا قىلغۇچى ۋە غالىبتۇر. لېكىن كۆپلىگەن كىشىلەر بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ. پەلەستىندىكى قېرىنداشلار ئۆز ئارىسىدا بىرلىك ئورنىتىپ، دۈشمەنگە پۇرسەت بەرمەسلىكى كېرەك. بىز خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا تىرىشىش ئارقىلىق ئۈممەتنىڭ بېشىغا كەلگەن ئوخشاش بولمىغان ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك. ئۈممەتنىڭ كۈچىنى خورىتىۋاتقان تېرورلۇق، زەھەرلىك چېكىملىك ۋە ئەتكەسچىلىك ئاپەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بارلىق كۈچىمىز بىلەن تىرىشىشىمىز كېرەك. ھازىرقى زاماندا خەيرىيەت ئىشلىرىدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىۋاتقان ئالاھىدە جەمئىيەتلەردىن بىرى ئىككى ھەرەم خادىمى خەيرىيەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك مۇئەسسەسەسى بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە. بۇ مۇئەسسەسەنىڭ غايىسى شەرىئەتكە خىزمەت قىلىش، ئوتتۇراھاللىق يولىنى تاللاش، رادىكالىزىم ۋە مۇتەئەسسىپلىكتىن ساقلىنىشتىن ئىبارەتتۇر.

ئاللاھ بىزلەرنى ياخشىلىققا تەلپۈنىدىغان، يامانلىقتىن ھەزەر ئەيلەيدىغان، ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇندا قويىدىغان، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە ماڭىدىغان مۆمىنلەردىن قىلسۇن، ئامىن!!

# مۆمىنىنىڭ ئورۇن-مەرتىۋىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىش بىلەن كۆتۈرىلىدۇ

دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب ئۇستاز.

(1431/10/4ھ. 2010/9/13م )

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۆمىنىنىڭ ئورۇن-مەرتىۋىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىش بىلەن كۆتۈرىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى: ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىچكى دۇنياسىنى تازىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە، ئۆزىنىڭ سۆزلىرى، پىئىللىرى، ھەرىكەتلىرى ۋە يېتىپ-قوپۇشلىرىدا ئەگىشىش ۋە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلماننىڭ ھاياتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە مۇۋاپىق تەرتىپ-ئىنتىزامغا چۈشىدۇ. ھازىرقى زاماندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇھەببىتى بارلىقىنى داۋا قىلىدىغانلار كۆپىيىپ كەتكەن بولۇپ، بىز بۇ مۇھەببەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە قانچىلىك ئەمەل قىلىش، قىلماسلىق بىلەن ئۆلچەيمىز. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿قُلۡ إِن كُنتُمۡ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِي يُحۡبِبۡكُمُ ٱللَّهُ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡ ذُنُوبَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!ئۇلارغا)ئېيتقىنكى « ئەگەر سىلەر ئاللاھ نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ (ئۆتكەنكى)

گۇناھىڭلارنــى مەغپىــرەت قىلىــدۇ. ئاللاھ ناھايىتــى مەغپىــرەت قىلغۇچىــدۇر، ناھايىتــى مېھرىبانــدۇر﴾[1].

مۆمىنلەرنىــڭ مەرتىۋىســىنى ئۆلچەيدىغــان تــارازا، پەيغەمبــەر ئەلەيھىســساالمنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشتىن ئىبارەت بولۇپ، كىمكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالمنىڭ سۈننەتلىرىنى ھاياتىــدا قانچىلىك مۇكەممەل رەۋىشتە تەتبىقلىسا، شۇنچىلىك پەيغەمبــەر ئەلەيھىســساالمغا مۇھەببــەت قىلغــان بولىــدۇ ۋە ئالالھنىــڭ نەزرىــدە ئــۇ كىشــىنىڭ مەرتىۋىســى شــۇنچە كۆتۈرىلىــدۇ. يەنــە بىــر ھەقىقــەت شــۇكى، سۈننەتكە ئەھمىيــەت بەرگــەن ئــادەم، پەرىــز، ۋاجىپالرنــى قاچۇرمايــدۇ. ھەمــدە ســۈننەتكە ئەمــەل قىلغــان ئادەمنىــڭ ئەجــرى زىيــادە، ياخشــىلىقلىرى كــۆپ بولــۇپ، دىنــى تاكامۇللىشــىدۇ. ســۈننەتكە مۇكەممــەل ئەمــەل قىلغــان ئــادەم، پەيغەمبــەر ئەلەيھىســساالمغا ئەگىشىشــنىڭ ھاالۋىتىنــى تېتىياالىــدۇ. ھاۋايــى-ھەۋەسكە ئەگىشــىپ كەتمەيــدۇ، مۇھىمــى ئالالھنىــڭ مۇھەببىتىگــە ئېرىشــىدۇ. بــەزى ســۈننەتلەر بــار بولــۇپ، ئۇنــى بىجــا كەلتۈرگــەن ئــادەم، تەقــۋادار ۋە ياخشــى كىشــىلەر ماقامىغا ئېرىشــىدۇ، نەتىجىــدە جەننەتكــە مۇشــەررەپ بولىــدۇ.

شــۇڭا بىــز ســۈننەتنى پۇختــا ئۆگىنىــپ، ئەۋالدلىرىمىزغا ئۆگىتىــش ۋە قولۇم-قوشنا، جامائەتلەرگــە ئەسلىتىپ، بىر-بىرىمىزگــە ســۈننەتنى تەۋسىيە قىلىــش ھەمــدە ئۇرۇق-تۇغقانالرنــى ئاگاھالنــدۇرۇش ئارقىلىــق مۇھەممەد ئەلەيھىســساالمغا بولغــان مۇھەببىتىمىزنــى ئەمەلىيىتىمىــزدە ئىسپاتلىشــىمىز كېرەك.

ھەقىقىــي مۇســۇلمان پەيغەمبــەر ئەلەيھىســساالمنىڭ ســۈننەتلىرىگە ئاخشــامدا ھۇجرىســىغا كىرىــپ ئۇخلىغانــدىــن باشــالپ ئەتىســى ئويغىنىــپ، كۈندۈزنىــڭ بارلىــق ھەلەكچىلىكىنــى بېشــىدىن ئۆتكــۈزۈپ يەنــە ئاخشــامدا تۆشــەككە كىرگەنگــە قــەدەر، بارلىــق ئىــش، ســۆز، ھەرىكەتلىرىــدە ســۈننەتكە مۇۋاپىــق بولۇشــى تەلــەپ قىلىنىــدۇ.

پەيغەمبــەر ئەلەيھىســساالمۇ ئۇخــالش ئۈچــۈن تۆشــەككە بېرىــش ئالدىــدا تاھــارەت ئاالتتــى، ئىككــى ئالقىنىنــى بىــر يەرگــە ئەكىلىــپ دۇئاغــا قــول كۆتۈرگەنــدەك كۆتــۈرۈپ تــۇرۇپ ئالقىنىغــا تۈكــۈرەتتــى، «چاھارقۇل»نــى ئوقــۇپ بولــۇپ، ئىككــى ئالقىنى بىلــەن بەدىنىنىــڭ قولى يەتكــەن يەرلىرىگىچە سىالپ

[1] سۈرە ئالى ئىمران: 31 ـ ئايەت

چىقاتتى. بەدىنىنى سىيلاشتا بېشى، يۈزىدىن باشلايتتى ۋە ئۈچ قېتىم سىلايتتى. ئايەتەل كۇرسىينى ئوقۇيتتى. كىمكى ئايەتەل كۇرسىنى ئوقۇسا ئاللاھ ئۇ كىشىنى ساقلايدۇ ۋە شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ.

بەندە ئەتتىگەندە ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا، يۈزىدىن ئۇيقۇنىڭ تەسىرىنى سىلاپ يوقۇتىدۇ، ئاللاھقا ھەمدى ئېيتىپ: «بىزنى ئۆلۈك ھالىتىمىزگە قايتۇرغاندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن، ئاخىرى بىزلەر يەنە ئاللاھ تەرەپكە قايتىمىز» دەپ دۇئا قىلىش كېرەك.

مۇسۇلمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىشتا ھاجەت ئادا قىلىش ئۈچۈن ھاجەتخانىغا كىرىپ-چىقىشتىكى سۈننەتلەر، تاھارەتنىڭ سۈننىتى، مىسۋاك سۈننىتى، كىيىم-كېچەك سۈننىتى، ئۆيگە كىرىپ-چىقىش سۈننىتى، مەسجىدگە بېرىپ كېلىش سۈننىتى، ئەزان ئاڭلىغاندىكى سۈننەتلەر، يېمەك-ئىچمەكتىكى سۈننەتلەر، باشقىلارنىڭ چىرايىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، چىرايلىق سۆز قىلىشتەك سۈننەتلەرگە ئەمەل قىلىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلغان كىشى، دۇنيا-ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ.

# مەككە شەھىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر

دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم ئۇستاز.

(14/11/1431ھـ 24/10/2010م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۇمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«ئاللاھ تائالا مەككە شەھىرىنى ئۇلۇغ قىلدى.مەككە مۇكەررەمەگە شەھەرلەرنىڭ ئانىسى دەپ نام بېرىلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى قىلىپ بېكىتىلدى.مەككە شەھىرىنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كېلىپ قويۇپ كەتكەن ئانا ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاقتىن ئىبارەت كىچىك بىر ئائىلە بىلەن مەككە شەھىرىدە ئادىمزات ياشاشقا باشلىغان. ھاجەر، ئوغلى ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىدىن ئىبارەت بۇ ۋادىدا كىچىك بىر خالتىدا خورما ۋە بىر ئاز سۇ بىلەنلا قالغان، ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ئىمانى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق سۇسىز ۋە گىياھسىز ۋادىدا قېلىپ قالساق، ئاقىۋىتىمىز نېمە بولار دەپ قورقمىغان، ھاجەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن: «ئاللاھ ساڭا بىزنى بۇ يەردە تاشلاپ كېتىشكە بۇيرىدىمۇ؟» دەپ سورىغاندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

«شۇنداق» دېگەننى ئىشارەت قىلىپ بېشىنى لىڭشىتقان ۋە كېتىپ قالغان.

مەككە مۇكەررەمە ئۇلۇغ شەھەردۇر. مەككىنىڭ پەزىلىتى، ئەھمىيىتى ۋە ئورنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يۇقىرىدۇر. ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا مەككە مۇكەررەمەنى ئۇلۇغ شەھەر قىلدى. مەككە شەھەرلەرنىڭ ئانىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىدۇر. دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار كۈندىلىك نامازلىرىدا مەككىگە يۈزلىنىدۇ. مەككىنى ئۇلۇغلاش ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈستىگە ۋاجىپتۇر. مەككە شەھرىدە ياشايدىغان ھەر بىر كىشى شۇ مەككىنىڭ ھۆرمىتىگە لايىق ئەدەب-يوسۇنلىرىغا بويسۇنىشى كېرەك. مەككە شەھرىنى ئۇلۇغلاش بولسا، ئاللاھنى ئۇلۇغلىغانلىقتۇر.

ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار مەككە شەھرىگە بۇ يىللىق ھەج ئىبادىتى ئۈچۈن كېلىشكە باشلىدى. ھاجىلارمۇ مەككە شەھرىنىڭ قەدرىنى بىلىشى لازىم. ھېچ كىشىنىڭ مەككىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىقى تەۋسىيە قىلىنىدۇ. مەككىگە كەلگەن ھاجىلار مۇشۇ ئۇلۇغ شەھەردىكى بىر قانچە كۈنلۈك ئىبادەت ئۈچۈن ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ كەلگەن، ئەلۋەتتە شۇ بەدەلنىڭ نەتىجىسىدە مۇقەددەس شەھەر مەككىنى ئۆز لايىقىدا ئۇلۇغلىشى كېرەك. مەككىنى ئۇلۇغلاش دېگەنلىك، مەككىدە گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلماسلىق، دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿ٱلْحَجُّ أَشْهُرٌ مَّعْلُومَـٰتٌ ۚ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ ٱلْحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِى ٱلْحَجِّ ۗ وَمَا تَفْعَلُوا۟ مِنْ خَيْرٍ يَعْلَمْهُ ٱللَّهُ ۗ وَتَزَوَّدُوا۟ فَإِنَّ خَيْرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقْوَىٰ ۚ وَٱتَّقُونِ يَـٰٓأُو۟لِى ٱلْأَلْبَـٰبِ لَيْسَ عَلَيْكُمْ جُنَاحٌ أَن تَبْتَغُوا۟ فَضْلًا مِّن رَّبِّكُمْ ۚ فَإِذَآ أَفَضْتُم مِّنْ عَرَفَـٰتٍ فَٱذْكُرُوا۟ ٱللَّهَ عِندَ ٱلْمَشْعَرِ ٱلْحَرَامِ ۖ وَٱذْكُرُوهُ كَمَا هَدَىٰكُمْ وَإِن كُنتُم مِّن قَبْلِهِۦ لَمِنَ ٱلضَّآلِّينَ﴾ «ھەج ۋاقتى مەلۇم بىرقانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد - راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد - راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار

پەرۋەردىگارىڭلاردىن (ھەج مەۋسۇمىدە تىجارەت ۋە باشقا ئوقەت ئارقىلىق) رىزىق تەلەپ قىلساڭلار، سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەرەفاتتىن قايتقان چېغىڭلاردا مەشئەرى ھەرامدا (يەنى مۇزدەلىفەدە) ئاللاھ نى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ياد ئېتىڭلار، ئىلگىرى سىلەر ھەقىقەتەن گۇمراھ ئىدىڭلار (يەنى ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلىشتىن ئىلگىرى گۇمراھلار قاتارىدا ئىدىڭلار؟﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ھەج قىلغان ئادەم بۇزۇقچىلىق قىلمىسا ۋە جېدەل-ماجىرا قىلمىسا، ھەجدىن قايتقاندا ئانىسىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىتىكىدەكلا گۇناھتىن پاكلىنىدۇ».

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! ھەرەمدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار! گۇناھ-مەئسىيەت سادىر قىلماڭلار! جېدەل-ماجىرا قىلماڭلار!ئاللاھ پەيغەمبەرلىك مۇشۇ شەھەردىن تارقىلىش شەرپىنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلدى، شۇنىڭدىن بىرى ئاللاھنىڭ بەيتى قىلىپ بېكىتىلدى ۋە زەمزەم قۇدۇقىنى ئاتا قىلدى. ئاللاھ ئۆز ھېكمىتى بىلەن زەمزەم سۈيىنى ئۇلۇغ قىلدى، زەمزەم ھەقىقەتەن بىر مۆجىزەدۇر. مەككە، دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى داۋاملىق تەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن ئىنسانلار ئۇچرىشىدىغان، تىل، ئىرق، مىللەت ئايرىماستىن ھەممە ئادەمنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، بىر-بىرىگە تونۇشتۇرىدىغان ئۇلۇغ شەھەردۇر.

ھەج ئىبادىتى ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىنىڭ بىرىدۇر. ھەج ئىبادىتىنى ۋە ئۇنىڭ پەرزلىكىنى ئىنكار قىلغان ئادەم، دىندىن چىقىپ، كاپىر ھېسابلىنىدۇ. مەككە شەھىرىنىڭ ئاللاھدىلىكى شۆكى، بارلىق شەھەرلەردىن پەرقلىق، ئاللاھدە خۇسۇسىيەتكە ئېگىدۇر. قۇرئان كەرىم مەككىدە نازىل بولغان، مۇسۇلمانلار كۈندە 5 ۋاقىت نامازلىرىدا ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن ياشىغان ئۇلۇغ شەھەردۇر. بارلىق ئەھلى ئىسلام ئالىملىرى يەر يۈزىدە ئەڭ ئۇلۇغ زېمىن مەككە ئىكەنلىكىگە ئورتاقلاشقان. مەككىدىن قالسا 2-ئۇلۇغ شەھەر مەدىنە شەھىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ مېڭىشتىن

[1] بەقەرە سۈرىسى 197 - ۋە 198 - ئايەت.

بۇرۇن مۇنداق دېگەن: «ئى مەككە! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، سەن ماڭا نىسبەتەن ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ سۆيۈملۈك زېمىندۇرسەن، سەن مېنىڭ ۋەتىنىم. سەندىن مەجبۇرى چىقىرىۋېتىلمىگەن بولسام، ھەرگىزمۇ سەندىن چىقمىغان بولاتتىم».

مەككىنىڭ ئۇلۇغلىقى شۇكى، ئاللاھ ئىككى ئورۇندا مەككە بىلەن قەسەم قىلغان. ئاللاھ مەككىدە ئىنسانلارنىڭ قان تۆكۈشىنى ھارام قىلغان، باشقا ھېچقانداق شەھەرنى ھارام قىلمىغان بولۇپ، ئاللاھ شەھەردە قان تۆكۈشنى تا قىيامەت كۈنىگىچە ھارام قىلغاندۇر. مەككىنىڭ ئوت-چۆپلىرى يۇلۇنمايدۇ، دەرەخلىرى كېسىلمەيدۇ، جانلىقلىرى ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، چۈشۈپ قالغان نەرسىلىرى تېپىۋېلىنمايدۇ. مەككە ئەڭ بىخەتەر ۋە تىنچ شەھەردۇر. مەسجىدىلھەرەمدە ئوقۇلغان بىر رەكئەت ناماز، باشقا يەردە ئوقۇغان 100 مىڭ رەكئەت نامازغا باراۋەردۇر. مەككىنىڭ ئۇلۇغلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجەت قىلغاندا قىبلىگە ئالدىنى قىلماسلىق، ئارقىسىنىمۇ قىلماسلىققا بۇيرىغان. قىسقىسى ئاللاھ ۋە ئاللاھنى ياخشى كۆرگەن ئادەم ئۈچۈن، مەككە ئەڭ مۇقەددەس شەھەردۇر.

ئاللاھ بىزنى مەككىنى سۆيىدىغان، مەككىگە ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە گۇناھ - مەسىيەتلەردىن يىراق تۇرىدىغان ئىنسانلاردىن قىلسۇن، ئامىن!

# ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئاخىرقى غايىسى جەننەتكە كىرىش بولسا، ھەج ئىبادىتىنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر

دوكتور/ ئۇسامە بىن ئابدۇللا خەييات ئۇستاز

(21/11/1431ھـ 29/10/2010م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئوقۇغان يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئاخىرقى غايىسى جەننەتكە كىرىش بولسا، ھەج ئىبادىتىنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ غايىسى جەننەتكە كىرىش ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىش ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەمەللەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ۋە ئەجرى كۆپ ئەمەل بولسا ھەج ئىبادىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بۇ ھەقىقەتنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئۆمرە يەنە بىر ئۆمرە ئارىلىقىدىكى گۇناھلارغا كاپارەتتۇر، مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتۇر».

گۇناھ ئارلاشمىغان پاك ھەج ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇللۇق دەرىجىسىگە يەتسە، بەندە جەننەت ئەھلى بولۇشقا لاياقەتلىك بولىدۇ. ئىخلاس ۋە سەممىيەت بولغان ھەمدە گۇناھ-مەئسىيەتتىن يىراق بولغان ھەج،

مەقبۇللۇق دەرىجىسىگە يېتىدۇ. دەرۋەقە بارلىق ئىشلار ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ بىردۇ ياكى توسۇپ قويىدۇ، پايدا-زىيان ۋە ئۆلتۈرۈش-تىرىلدۈرۈش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقتا باشقىلارغا پايدا-زىيان يەتكۈزۈش قۇدرىتى ۋە ئۆلتۈرۈش ياكى ھاياتلىق بېرىش قۇدرىتىمۇ يوق. ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلايدۇ، ئاي، كۈننى بويسۇندۇرىدۇ، ئاي، كۈن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا سەيلە قىلىپ يۈرىدۇ. شۇڭا ئاللاھتىن باشقىغا يېلىنىپ، يۈزلەنسەڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولۇپ قالىسىز.

ئىبادەتلەرنىڭ توغرا بولۇشى ۋە مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن بارلىق ئىبادەتلەرنى، جۈملىدىن ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە مۇكەممەل ئەگىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشنى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇيرۇپ پەرز قىلغان ۋە مۇنداق دېگەن: ﴿... وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَىٰكُمْ عَنْهُ فَٱنتَهُوا۟ ...﴾ «پەيغەمبەر ئېلىپ كەلگەنگە مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار، توسقاندىن دەرھال قول ئۈزۈڭلار»[1].

ھاجى قېرىنداشلار بارلىق ئىبادەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق ئادا قىلغاندا، ئۆزىمۇ ئىبادىتىنىڭ توغرا بولغانلىقىدىن خاتىرجەم بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ھەججەتۇلۋىدادا: «ئىبادەتلىرىڭلارنىڭ ھەممىسىنى مەندىن ئۆگىنىڭلار!» دېگەن.

ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار ھەج پائالىيەتلىرى جەريانىدا ھەججگە دەخلى يەتكۈزىدىغان، ياكى ئەجرىنى كەمەيتىدىغان، ياكى ئۇنى بۇزىدىغان قىلىقلاردىن يىراق بولۇشى ۋە ھەزەر ئەيلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «سەت گەپ قىلمىغان، بۇزۇقچىلىق قىلمىغان ھالدا ھەج قىلغان ئادەم، ئانىسىدىن تۇغۇلغان ۋاقىتتىكىدەك گۇناھتىن پاك ھالدا قايتىدۇ».

بۇ ھەدىسنىڭ ئەرەپچىسىدە كەلگەن «رەفەس» سۆزىنىڭ مەنىسى، شەھۋانىي، ھاياسىز گەپلەرنى قىلىش، نامەھرەم ئاياللارغا شەھۋانىلىق

[1] ھەشر سۈرىسى 7 - ئايەت.

بىلەن تىكلىنىپ قاراش دېمەكتۇر. «فۇسۇق» دېگەن سۆز بولسا، يالغان ئېيتىش، غەيۋەت قىلىش، گەپ توشۇش، تىللىشىش ۋە باشقىلار بىلەن جېدەللىشىشكە ئېلىپ بارىدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ھاجى قېرىنداشلار ھەر بىر قەدەمدە ئۆزىنىڭ مۇقەددەس جايدا تۇرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇلۇغ ئىبادەت بولغان ھەج پەرزىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، گۇناھ-مەسىيەت سادىر قىلىشقا جۈرئەت قىلمايدۇ. زامان، ماكان ۋە ئىبادەتنىڭ شەرىپىگە لايىق پوزىتسىيىدە بولغان ئادەم، ھېچقاچان گۇناھ قىلىشنى ئويلىمايدۇ ۋە گۇناھقا يېقىنلاشمايدۇ.

ھاجى مۇقەددەس زېمىنلاردا بولغان ۋاقىتلىرىنى تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش، قۇرئان تىلاۋىتىنى كۆپ قىلىش، نامازنى كۆپ ئوقۇش، زىكىر-تەسبىھنى كۆپ قىلىش، تاۋاپنى كۆپ قىلىش، ياخشىلىقلارنى كۆپ قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا كۆپ چىقىم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەج يولىدا چىقىم قىلىنغان پۇل چوقۇم ھالال پۇللار بولىشى كېرەك. چۈنكى ئاللاھ پاكتۇر، پاك، ھالال پۇلدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدۇ.

ھاجى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن ھاياتىدا ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىنى تاشلاپ، نامازغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ياخشىلىقلارغا ئالدىرايدىغان، جېدەل-ماجىرا قىلمايدىغان، گۇناھ-مەسىيەتلەرگە يېقىنلىشىشتىن قورقىدىغان ئەھۋال پەيدا بولسا، بىلىشى كېرەككى، ئۇنىڭ ھەججى قوبۇل قىلىنغاندۇر. ئەكسىچە، ھاجىنىڭ ھاياتىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرمىگەن بولسا، ئىلگىرى سادىر قىلىپ كېلىۋاتقان گۇناھلارنى يەنە سادىر قىلىۋەرسە، نامازغا سۇسلۇق قىلىدىغان ئادىتى بولۇپ، ھەجدىن كېيىنمۇ شۇ سۇسلۇق داۋام قىلسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ ھەججى قوبۇل بولمىغان بولىدۇ. ھەجنىڭ مەقبۇل بولىشىنىڭ بىرىنچى شەرتى، بارلىق ھەج پائالىيەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ. ھەج ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان مەبلەغ چوقۇم ھالال پۇل بولۇشى كېرەك. شۈبھىلىك، رىشۋەت (پارا) ئارقىلىق كەلگەن پۇللار ھالال پۇل ئەمەستۇر.

ھاجى، سەپەر مۇشەققىتىنى چېكىپ، ئائىلىسىنى تاشلاپ، بالا-

چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ كەلگەن ئىكەن، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بەدىلى ئۇچۇن ھەجنى مۇكەممەل، سۈننەتكە لايىق ئادا قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجنىڭ سەپەر مۇشەققىتىنى تەسۋىرلەپ: «سەپەر ئازابتىن بىر پارچىدۇر، سەپەر ئىنساننى يېمەك-ئىچمىكىدىن، ئۇيقۇسىدىن مەھرۇم قىلىدۇ» دېگەن. ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار شۇنداق ئېغىر بەدەل تۆلىگەن بولغاچقا، ھەججىنىڭ مەقبۇل بولۇشى ئۈچۈن بارلىق شەرتلەرنى ھازىرلىشى ۋە بارلىق ھەرىكەتلىرىدە دىققەت قىلىشى كېرەك.

ھاجىلارنىڭ زامان، ماكان ۋە پائالىيەتنىڭ شەرىپىگە لايىق ھەرىكەت قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا ھەرەمدە تۇرۇش جەريانىدا ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ زىكىر - تەسبىھنى كۆپ قىلىش، قۇرئاننى كۆپ ئوقۇش ۋە تاۋاپنى كۆپ قىلىش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەسۋىرلىگەندەك، ئانىسىدىن تۇغۇلغان بوۋاقتەك گۇناھلاردىن پاكلىنىپ، ئاندىن بۇ مۇقەددەس زېمىندىن خوشلىشىشقا تىرىشىش، ھەر بىر ھاجىنىڭ بىردىن بىر ئارزۇسى بولۇشى لازىم.

ئاللاھ ھاجىلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن! ھاجىلارغا ئىككى ھەرەم دىيارىدىن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقتەك پاك ھالدا ۋەتىنىگە ساق-سالامەت قايتىپ بېرىشنى نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!!.

# ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كەلگۈسىنى مۇسۇلمانلاردىن باشقا ھېچكىم ياسىيالمايدۇ

دوكتور/ سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(1431/11/28ھـ 2010/11/05م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كەلگۈسىنى مۇسۇلمانلاردىن باشقا ھېچكىم ياسىيالمايدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. تەقۋالىق قىلغانلار ئاللاھ چەكلىگەن نەرسىدىن دەرھال قول ئۈزىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا سەممىي نىيەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ بويسۇنىدۇ.

ھەقىقىي بەختلىك ئىنسان باشقىلاردىن ئىبرەت ئالغان كىشىدۇر. پۇل تېپىپ ئاللاھ يولىدا خەجلىمەي توپلىغان ئادەم، دۇنيادىن پايدىلىنالماسلىقى، مىغىزىنى باشقىلار چېقىشى مۇمكىن. ھەقىقىي كۈچلۈك ئىنسان، ئاللاھنىڭ تائىتىدە ئىزچىل داۋاملاشقان كىشىدۇر. ئاجىز كىشى بولسا، ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرى ئالدىدا چارىسىز قالغان ۋە ئۆزىنى تۇتالمىغان كىشىدۇر. تەقۋالىقنىڭ ئاساسى بولسا ئاللاھتىن قورقۇش بىلەن بولىدۇ. پەزىلەتنىڭ بېشى تىلنى ساقلاشتۇر.

بۇ كۈنلەردە ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار ئىككى ھەرەم زېمىنىغا

سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى. ھەقىقەتەن بارلىق دىللار مۇقەددەس ئورۇنلارغا، ۋەھىيى مەنبەئىگە ۋە ئاللاھ ئۇلۇغ قىلغان ھەج پائالىيىتىگە تەلپۈنىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ مېھمانلىرىدۇر، ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىغا ئاللاھ ئۆزى بىشارەت بەرگەن.

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى! ئىككى ھەرەمدىكى قېرىنداشلىرىڭلار، سىلەرنىڭ ئىككىنچى ئائىلەڭلار، سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارنى قىلىشنى شەرەپ بىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرى، خىزمەتچى خادىملىرى ۋە ئومۇمىي خەلق سىلەرنى قارشى ئالىدۇ. سىلەرنى زېمىندىن بۇرۇن دىللار قارشى ئالىدۇ. بارلىق كىشىلەر خىزمىتىڭلارغا ھازىردۇر. ھاجىلار خىزمىتى تەييارلىقلىرى ئاللىبۇرۇن تاماملانغان. سىلەرنىڭ بۇ مۇقەددەس زېمىنلارغا بولغان تەشنالىقىڭلار دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ تەشنالىقىدۇر. سىلەرنىڭ غايەڭلار ئەڭ ئۇلۇغ غايىدۇر. ئاللاھ بۇ زېمىنلارغا كېلىشىڭلارنى ئاسان قىلغان بولسا، قالغان ئىشلىرىڭلارنىمۇ ئاسان قىلغۇسىدۇر. ئاللاھ تىرىشچانلىقىڭلارنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ئاقىۋىتىڭلارنى ياخشى قىلسۇن.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كەلگۈسىنى مۇسۇلمانلاردىن باشقا ھېچكىم ياسىيالمايدۇ. يول تۈز ۋە پىلان توغرا بولسا، ۋاقىت داۋالاشنىڭ بىر قىسمىدۇر. ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى مۇھىم ئەمەس، مەقسەت مەنزىلگە يېتىش. ئىسلام دىنى ھەقىقىي توغرا دىنىدۇر. ئۇنىڭ پاكىتى دىنىنىڭ ئۆزىدۇر. ئىسلامنىڭ ھۆججىتى ئۆزىنىڭ تېكىستلىرى بىلەن تەتبىقلاشتۇر. ئىسلام دىنىنىڭ نۇر چىرىقى پۈتۈن دۇنيانى يورۇتقان، نىزامنامىسى بولسا، مەغرىب بىلەن مەشرىقنى، شىمال بىلەن جەنۇبنى تۇتاشتۇرغاندۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار جامائىتى! بىز بەيتۇللاھنىڭ مۇشۇ مۇنبىرى ئارقىلىق جاكارلايمىزكى، ئىنسانىيەت يېڭى قانۇن-پرىنسىپلارغا مۇھتاج ئەمەس، لېكىن ئۆزىدە بار قانۇن-پرىنسىپلارنى سەممىيلىك ۋە ئادالەت بىلەن تەتبىقلاشقا ھەمدە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا مۇھتاج. ئامىنىڭ ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىشقا مۇھتاج.

ئەھلى ئىسلام قولىدىكى ئەنگۋشتەرگە قاراپ باقمىدىڭلارمۇ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام قۇرۇپ چىققان دۆلەت دائىرىسى، سەددىچىن سېپىلىدىن تا قاراڭغۇلۇقلار دېڭىزى بولغان ئاتلانتىك ئوكيانغىچە سوزۇلمىدىمۇ؟!

ئىسلام دۆلىتى ئەسىرلەر بويىچە دۇنياغا ھىدايەت نۇرىنى چېچىپ، قەد كۆتۈرۈپ تۇرمىدىمۇ!. ھەق دىنىنى ئەرۋاھلاردىن بۇرۇن روھلار قوبۇل قىلمىدىمۇ! ئىسلام دىنىنىڭ فەتىھلىرى دۇنيانىڭ بارچە مەدەنىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتمىدىمۇ؟ ئادالەت، رەھىمدىللىق، بىلىم ۋە تەرەققىياتلار، بىلىمگە يېڭىدىن كۆز ئاچقان ۋە ئىلگىرى ئوقۇ-ئوقۇتۇشنى بىلمىگەن بىر ئۈممەتنىڭ قولىدا بارلىققا كەلمىدىمۇ!

ئەنە شۇلار ، ھەقىقەت ۋە نۇرنىڭ مەنبىئى بولغان، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ۋەھيىسى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقمىدىمۇ؟.

مۇسۇلمانلارنىڭ جانلىرى قان تومۇرلىرىدا تېز سۈرئەت بىلەن ئايلانماقتا، روھ بىلەن جەسەتنى بىرلەشتۈرمەكتە، دىن بىلەن دۇنيانى، ئۈمەت بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۇچراشتۇرماقتا. ئىسلام دىنى بولسا، ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغلىقىنى، ئىنسان ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئەركىنلىك ھوقۇقلىرىنى قوغدايدۇ. ئىنساننىڭ ئىنسانغا قۇللىقى يوق، ھەقىقي قۇللۇق بولسا پەقەت ئاللاھقىدۇر.

ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد مۇستافا ئەلەيھىسسالام سۆزدە راستچىل، رەھىمدىل ۋە ھېكمەتلىك بولۇپ، ھاياتىدا ئۆزىنىڭ تۇتقان پىرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلمىغان. ئۇنىڭدىن مەنسەپكە ۋە داھىيلىققا ئىنتىلىدىغان ھېچقانداق بىر سۆز ۋە ھەرىكەت سادىر بولمىغان. ئاللاھ ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئەقىل-ئىدراك بەرگەن بولۇپ، ئۇ ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە سىرلىرىنى ھېس قىلالايتتى. ئەخلاق، خۇش پېئىللىق ۋە سېخىلىقتا تەڭداشسىز ئىدى.

بىز ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستافا ئەلەيھىسسالامنىڭ سىرلىرىنى كەشىپ قىلىشقا باشلىساق، ئاجايىپ ھەيران قالىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلىسىدىكى تۇرمۇشىنى كۆزىتىپ بېقىڭلار، ئۇ ئائىلىسىدە ئاددىي - ساددا ۋە قانائەتچان ئىدى. ئائىلىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەۋزەل كۆرۈشتەك ئالاھىدىلىكنى قىيامەتكىچە ئۆرنەك قىلىپ قالدۇرۇپ كەتكەن. ئۇ ئائىلىسىگە پۇل-دۇنيا قالدۇرمىغان. ھەتتا

قىزى فاتىمە ۋە كۈيئوغلى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ ئۆيىدە خىزمەتچى تۇرغۇزۇشىغا رۇخسەت قىلمىغان، بەلكى ئاللاھتىن كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ياردەم تىلەشكە چاقىرغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبلىرى بولغان ئەھلى بەيتلەرنىڭ مۇسۇلمانلار قەلبىدە ئالاھىدە ئورنى بولۇپ، ئۈممەت ئۇلارنى ھۆرمەتلىشى ۋە مۇھەببەت قىلىشى كېرەك. ئىسلام ئاللاھنىڭ دىنىدۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا، ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. ئاللاھ بۇ دىننى ۋە قۇرئان كەرىمنى قىيامەتكىچە ئۆزى ھىمايە قىلىشقا ۋەدە بەرگەن.

ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە بولۇشىنى ئىرادە قىلغان. ئۇلار ۋەھيىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دەل ۋاقتىدا، يېڭى ۋە ساپ ھالدا قوبۇل قىلىپ باشقىلارغا يەتكۈزگەن، ساھابىلار بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىگە مۇشەررەپ بولغان ئۇلۇغ كىشىلەردۇر. ئىنسانىيەت، ساھابىلاردەك ئۇلۇغ ئىنسانلارنى كۆرمىگەن. ئۇلار ئىسلامغا چاقىرىلغاندا دەرھال قوبۇل قىلغان، قۇرئاننى ئوقۇپ مۇكەممەل ئەمەل قىلغان ۋە ئۇنى ھاكىمىيەت دەستۇرى قىلغان.

جىھادقا چاقىرىلغاندا قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھېچ ئارقىسىغا قارىماستىن، جىھادقا ئاتلانغان. دىننى تارقىتىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان. بىرلىك سەپ قۇرۇشتا تاغاقنىڭ چىشىدەك باراۋەر بولغان. ئۇلار ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلاپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن، روزا تۇتۇتقانلىقتىن قورساقلىرى چاپلىشىپ قالغان. ساھابە كىراملارنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىگە سەممىي ۋە مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئالاھىدە ئىخلاسمەن بولغانلىقىدا شەك يوق. بىزمۇ ئەنە شۇ ساھابىلاردىن بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئىبرەت ئېلىشىمىز ۋە ئۇلارنى پۈتۈن ھاياتىمىزدا ئۈلگە قىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ بىزنى ئىسلام بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ ماڭىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە مۇكەممەل ئەمەل قىلىپ ئەگىشىدىغان ۋە ساھابىلار ھاياتىنى ئۈرنەك قىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىن قىلسۇن، ئامىن!.

# ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ئىختىلاپلىرىغلارنى ھەل قىلىڭلار

دوكتور/ ئابدۇرراھمان سۇدەيس

(6/12/1431ھـ 12/11/2010م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مىليونلارچە مۇسۇلمانغا: «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ مۇقەددەس ئىككى ھەرەمگە يەتكۈزدى، زامان ۋە ماكانىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىڭلار، ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ئىختىلاپلىرىڭلارنى ھەل قىلىڭلار» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. تەقۋالىق بىلەن دىللىرىڭلارنى راھەت ئالدۇرۇڭلار، ۋاقتىڭلارنى تىنجەڭلار، زامان ۋە ماكان شەرىپىگە لايىق ئەمەل-ئىبادەتلەرنى بىجا كەلتۈرۈڭلار! ئاخىرەت ئۈچۈن ئوزۇق توپلاڭلار، ئەڭ ياخشى ئوزۇق تەقۋالىقتۇر.

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! مانا بۇ ئۇلۇغ ھەج مەۋسۇمى يېتىپ كەلدى. ئۈممەتنىڭ ئاسمىنى نۇرلاندى. مۇقەددەس زېمىنلار خۇش بىشارەت گۈللىرى بىلەن تولدى. بەرىكەت ۋە ياخشىلىقلار بىلەن بېزەلدى. ھاجىلارنىڭ قەلبلىرىدە ئىككى ھەرەمگە بولغان ھۆرمەت ۋە سۆيۈنۈش ئەمەلىي روشەنلەشتى. ئى ھاجىلار! ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇ-

ئارمانلىرىڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. سىلەر بىلەن ئىككى ھەرەم زېمىنى شەرەپلىنىدۇ، سىلەرنى پۇقرالار، مەسئۇللار، زىمىنلار، تاغ-باياۋانلار ھەممىسى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. سىلەر ھەقىقەتەن بۇ مۇقەددەس دىيارنىڭ ئەزىز مېھمىنى. بۇ دىيارنىڭ ئەھلى سىلەرگە خىزمەت قىلغانلىقتىن پەخىرلىنىدۇ. شۇڭا سىلەرنىڭ شۇئارىڭلار يەككە-يىگانە ئاللاھقا لەببەيك ئېيتىش بولسۇن!.

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! سىلەر ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى بىلەن مەسجىدىلھەرەم بولغان بەيتۇللاھتا تولۇپ - تاشقان روھى ھالەت ۋە خەلقئارالىق ئىسلامي مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سەھنىلىرىدە تۇرماقتاسىلەر. سىلەر رەھىمدىل، دوستانە قېرىنداشلاردىن بولۇڭلار. دۇنيادىكى دىنى قېرىنداشلىرىڭلارنى كۆرۈش، ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ ھەمنەپەس بولۇش نىيىتىدە باياشات تۇرمۇشۇڭلارنى، يۇقىرى مەنسەپلىرىڭلارنى، ئىناق ئائىلەڭلارنى ۋە گۈزەل ۋەتەنلىرىڭلارنى تاشلاپ، يول مۇشەققەتلىرى ۋە خەتەرلەرگە قارىماي ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا لەببەيك دەپ، بۇ مۇقەددەس شەھەرگە ھەج پەرىزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدىڭلار. ئاللاھ ئەمىن قىلغان بىخەتەر، مۇقەددەس جايغا يېتىپ كەلدىڭلار، سىلەرگە خۇش بىشارەت بولسۇن، مۇبارەك بولسۇن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ياشىغان، رىسالەت نۇرى دۇنياغا تارقالغان مۇبارەك زېمىنلارغا يېتىپ كەلدىڭلار. بۇ سىلەرنىڭ ئىمانىڭلارنىڭ تېخىمۇ كۈچلىنىشىگە تۈرتكە بولغۇسى! ئىرادەڭلارنى مۇستەھكەملىگۈسى ۋە ھىممىتىڭلارنى تېخىمۇ ئاشۇرغۇسى.

شۇنداق، ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! ئاللاھ سىلەرنىڭ ئارزۇيىڭلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى، مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزدى، بەيتۇللاھنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلار. سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ ئۇلۇغ ئىنسانلار توپلىمى، مۇبارەك ئىنسانلار جامىئەسىنىڭ ئەلۋەتتە بىر ھېكمىتى بارلىقىغا ھېچكىم شەك قىلمايدۇ. ئۇلۇغ ھەجنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن بىرى ئىسلامي بىرلىكنى نامايەن قىلىشتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ئالدىدا بارلىق جاپا-مۇشەققەتلەر ھېچنەرسە ئەمەس.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَإِنَّ هَـٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَٰحِدَةً وَأَنَا۠ رَبُّكُمْ

فَاتَّقُونِ﴾ ﴿(ئى پەيغەمبەرلەر جامائەسى!) سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن. (مېنىڭ ئازابىمدىن) قورقۇڭلار. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار، مەندىن قورقۇڭلار﴾[1].

ھەج ئىبادىتى ۋە بارلىق تائەت-ئىبادەتلەرنىڭ مەقسىتى ئىنسانلارنىڭ تەۋھىدىنى خالىس قىلىشتۇر. تەۋھىد بولسا، ئاللاھنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىدۇر. ھەجنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەقسىتى بولسا، ھەقىقىي تەۋھىدنى ئىنسانلار ئېڭىدا نامايەن قىلىشتۇر. ھاجىلارنىڭ لەببەيىك ئېيتىشلىرىدىن مۇقەددەس زېمىن تىترەپ كېتىدۇ. بۇ مۇقەددەس بەيتۇللاھنىڭ ئۆزى تەۋھىد ئۈستىگە بىنا قىلىنغان. ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿وإذ بوأنا لإبراهيم مكان البيت أن لا تشرك بي شيئا وطهر بيتي للطائفين والقائمين والركع السجود﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن﴾[2].

ھەجنىڭ ئاساسى مۇھەببەت، ئۈلپەت، ھىدايەت ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىشتۇر. ھەج ئىبادىتىدە بارلىق ھاجىلار ھەج پائالىيەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق ئادا قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «سىلەر ھەج ئىبادىتىڭلارنى مەندىن ئۆگىنىڭلار» دېگەن. ھەج بولسا، ئىسلامنىڭ بەش ئاساسىي پىرىنسىپىدىن بىر ئاساس بولغانىكەن، ئۇنى توغرا ئادا قىلىش بەك مۇھىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قوبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر». يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەت گەپ قىلماستىن، بۇزۇقچىلىق قىلماستىن ھەج قىلغان ئادەم، ھەجدىن ئانىسىدىن تۇغۇلغان ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش پاكلانغان ھالدا قايتىدۇ» دېگەن.

ھەج ئىبادىتى مۇقەددەس بىر مۇناسىۋەت بولۇش بىلەن بىرگە

[1] مۆمىنۇن سۈرىسى 52 ـ ئايەت.
[2] ھەج سۈرىسى 26 ـ ئايەت

مۇسۇلمانلارغا ئالاقىلىق بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش پۇرسىتىدۇر. ھەج، بىز ئۇچۇن بارلىق ئىختىلاپلىرىمىزنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ بىرلىشىش، ئۆز-ئارا، ئىقلىملار ئارا ۋە خەلقئارالىق ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىش پۇرسىتىدۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى ۋە دەرت-ئەلەملىرىگە ھەمدەم بولۇشنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم. ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم داۋاسى، پەلەستىندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەسىلىسىدۇر. مۇبارەك بەيتۇلمۇقەددەسنى سىھيۇنىزىمچى جوھۇدلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىدۇر. پەلەستىندىكى قېرىنداشلىرىمىزنى زالىملار مۇھاسىرە قىلىپ، ئۆز-ئارا ئىختىلاپلار ئىسكەنجىسى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغاندۇر. ئىراقتىكى قېرىنداشلىرىمىزنى بولسا، مۇستەملىكە ۋە ئىچكى ئۇرۇش خورىتىپ ئېچىنارلىق ئەھۋالغا كەلتۈرۈپ قويغان. بۇ قېرىنداشلىرىمىز ھەج مۇناسىۋىتى بىلەن ئارىسىدىكى ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىپ توغرا يولغا مېڭىشقا تىرىشىشى كېرەك.

ھەج، ئىنساننى رەھىمدىللىق ۋە ئادالەتپەرۋەرلىككە چاقىرىدۇ. زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىككە قارشى تۇرۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاخىرىدا ھاجىلارنىڭ راھىتى ۋە ئامانلىقى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز خىزمەت قىلىۋاتقان ئىككى ھەرەمدىكى ئامانلىق خادىملىرىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز. بۇ يىلقى ھەج مەۋسۇمىنى باشقا يىللارغا قارىغاندا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە قىلغان ئالاھىدىلىك مەشائىر (ئىبادەت ئورۇنلىرى) دا بىنا قىلىنىپ بىر قىسمى ئىشقا چۈشكەن ئىككى ھەرەم پويىزىدۇر. ئاللاھ بۇ خىزمەتلەرنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن.

ھەج ئىبادىتى زۇلھەججە ئېيىنىڭ 8-كۈنى مىناغا يۈزلىنىش بىلەن باشلىنىدۇ. ھاجىلار بۇ كۈندە مىنادا قونۇپ، 9-كۈنى ئەتىگەن ئەرەفاتقا يۈزلىنىدۇ، ئەرەفاتتا كۈن ئېگىلگەندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغىچە تۇرىدۇ. ئەرەفات كۈنى ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەڭ كۆپ ئوتتىن ئازات قىلىدىغان كۈندۇر. كۈن ئولتۇرۇش بىلەن تەڭ ھاجىلار مۇزدەلىفە تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ. كېچىنى ئۇيەردە ئۆتكۈزۈپ، بامداتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يەنە مىناغا يۈزلىنىپ، «جەمرە ئەقەبە» ناملىق مەككە تەرەپتىكى چوڭ شەيتانغا يەتتە تال تاش ئاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مال بوغۇزلاش، تاۋاپ قىلىش،

چاچ چۈشۈرۈشتەك ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەھلى ئىلىملارنىڭ ھاجىلارغا قارىتا ئىبادەتلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە مۇئامىلە قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ ھاجىلارنى ساق سالامەت ھەجلىرىنى ئادا قىلىپ، يۇرتلىرىغا قايتىشقا نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!.

# ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىسلام نېمىتىدۇر

دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(2010 – يىلى 11 – ئاينىڭ 19 - كۈنى مەككە)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان نېمەتلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئىسلام نېمىتىدۇر، دىنىنىڭ يىلتىزى بولغان كەلىمە شاھادەتكە مۇستەھكەم ئېسىلىش، مەنىسىنى بىلىش ۋە شاھادەت ئېيتقانلارغا مۇھەببەت قىلىش، دىنىنىڭ ئاساسىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ھەج پەرزىنى تاماملىدىڭلار، ئەرەفاتتا تۇرغاندىن كېيىن مۇزدەلىفىگە كېلىپ قوندۇڭلار، مىنادا شەيتانلارغا تاش ئاتتىڭلار، كەبىنى تاۋاپ قىلىپ، زەمزەم سۈيىدىن ئوتلىدىڭلار، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ۋەھىينىڭ مەنبىيى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەدەملىرى تەگكەن ئۇلۇغ زېمىنلاردا تۇرۇۋاتىسىلەر. شېرىك ئەقىدىسىگە خاتىمە بېرىلگەن ۋە ئىسلام دىنى كېلىش ئارقىلىق ساماۋى دىنلارغا خاتىمە بېرىلگەن مۇقەددەس زېمىندا بولۇۋاتىسىلەر. تاھارەت ئېلىشىڭلار، ھەرەمدە ناماز ئوقۇشۇڭلار ۋە قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىشىڭلار ئۇلۇغ ئىبادەت ۋە نۇر ئۈستىگە نۇردۇر ھەمدە ئەڭ بۈيۈك نېمەتتۇر.

ئاللاھ بىزگە بەرگەن نېمەتلەر ئىچىدە ئىسلام نېمىتىنى ئاتا قىلىپ، مۇسۇلمانلار سېپىدە قىلغاندىنمۇ ئۇلۇغ نېمەت يوقتۇر. ئاللاھ بىزگە ئىمان نېمىتىنى ئاتا قىلدى. باشقىلار ئېزىپ كەتكەندە بىزنى توغرا يولغا باشلىدى. باشقىلار گاڭگىراپ قالغاندا

بىزنىڭ ماڭىدىغان يولىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى.

مۇسۇلمانلار تائەت-ئىبادەتلەر بىلەن ئۆزىۇقلىنىشى ۋە سۈننەتلەرگە بىجانىدىل ئەمەل قىلىشى كېرەك، بىدئەتلەردىن يىراق بولۇش، ئاللاھ بۇيرىمىغان ۋە پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتمىگەن ئىشلارغا شەرئەت نامىنى بەرمەسلىك لازىم. دىندا يوق بىدئەتلەرنى دىندىن قىلىپ كۆرسىتىش ياكى ئۇنى يولغا قويۇشتەك ئىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى خۇنۈكلەشتۈرىدىغان خەتەرلىك ئىشلاردۇر. بىدئەتلەرنى دىن قاتارىدا كۆرسىتىپ، ئىبادەت دەپ قىلغاندا، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئىبادەت قاتارىدا سانىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئەھلى كىتابلار (يەھۇدى، ناسارالار) مۇ دىنىنى ئۆزگەرتىشنى خالىسا، دىندا يوق ئىشلارنى دىن قاتارىدا يولغا قوياتتى. ئۇ ئىشلار ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۆزلىكىدىن دىنغا ئايلىنىپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ خىرىستىيان دىنىنىڭ شەكلى زامانىنىڭ ئۆتىشى بىلەن تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن.

مۇسۇلمانلار دىنىنىڭ يىلتىزىغا مۇستەھكەم ئېسىلىشى لازىم، دىنىنىڭ بېشى «لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» تىن ئىبارەت كەلىمە شاھادەتتۇر. ھەر بىر مۇسۇلمان كەلىمە شاھادەتنىڭ مەنىسىنى بىلىشى، مۇھەببەت قىلىشى ۋە كەلىمە شاھادەت ئەھلىگە مۇھەببەت قىلىشى لازىم. كەلىمە شاھادەت ئېيتقان ھەر بىر كىشى دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولۇشتىن قەتئىينەزەر مۇسۇلمانلىق رىشتىسى بىلەن قېرىنداشتۇر. مۇسۇلمانلار تەۋھىد ۋە سۈننەت ئاساسىدا بىرلىشىش كېرەك، چۈنكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى، شەيتاننى يېڭىدۇ، ئىنسان ۋە جىندىن بولغان شەيتاننىڭ دوستلىرىنىڭ ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى پىلانلىغان ھىيلە-مىكىرلىرىنى بىتچىت قىلالايدۇ.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىك تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك، مۇسۇلمانلار ئۆز-ئارا غەم - قايغۇ بولسۇن، ياكى خۇشال-خۇراملىقلاردا بولسۇن، ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا بولسۇن، بىرلىك، ھەمكارلىق تۇرغۇزۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ھەقىقىي بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ سىمۋولىنى تىكلىيەلەيدۇ. توغرا، مۇسۇلمان مىللەتلەر باي-كەمبەغەللىك، كۈچ-قۇدرەت، بىلىم-سەۋىيە، مەدەنىيەت-ساپا جەھەتلەردە بىر-بىرىدىن پەرقلىق. لېكىن بۇ تەڭپۇڭسىزلىق كۈچلۈكنىڭ ھاكاۋۇرلۇقى، ئاجىزنىڭ ھەسەت قىلىشىغا سەۋەب بولماسلىقى كېرەك. بارلىق تەرەپ باشقىلارغا قارىتا ياخشى گۇمان قىلىشى ۋە كۈچلۈك ئاجىزغا ھېسداشلىق قىلىشى كېرەك.

مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش ئارقىلىق تاكامۇللۇق ھاسىل قىلالايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرىنىڭ غېمى خەلقنىڭ ھەر ساھەدىكى مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈش ۋە ئورنىنى مۇستەھكەملەش بولۇشى كېرەك، كۆڭۈللەردە ئاداۋەت ساقلىماسلىققا تىرىشىش ئاقىللارنىڭ ئىشىدۇر. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھەر ساھەدىكى مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈش، ئۈممەت ئىچىدىكى ھەر بىر شەخسنىڭ ئۈستىدىكى ۋاجىبتۇر. بىز ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىمىزنى ياخشىلىمىساق، ئاندىن ئىخلاس ۋە سەمىمىيلىك بىلەن خىزمەت قىلمىساق، كۆزلىگەن مەخسىتىمىزگە يېتەلمەيمىز، چۈنكى مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئۆتتۈشۈۋاتقان كۈچ-ئېنىرگىيەلەر بىر-بىرىنى تاكامۇللۇققا ئېلىپ بېرىشى كېرەك.

بۈگۈن جۈمە، كۈن ئولتۇرۇش بىلەن تەڭ ئۇلۇغ ھەج ئىبادىتىنىڭ مۇھىم قىسمى بولغان تەشرىق كۈنلىرىنىڭ سەھىپىسى ئاخىرلاشقان بولىدۇ. بۇ يىلقى ھەج ئىبادىتى نىھايىتىگە يەتكەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇربانلىق كۈنلىرىنىڭمۇ ۋاقتى تۈگىگەن بولىدۇ. ھاجىلار يۇرتىغا قايتىشنى خالىسا تاۋاپ ۋىدا قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەتسە بولىدۇ. تاۋاپ ۋىدا ۋاجىپتۇر. تاۋاپ ۋىدا قىلغان ئادەم سافا-مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلمايدۇ ۋە چاچ كەسمەيدۇ. ھەجنىڭ قوبۇل بولۇش ئۆلچىمى ئىبادەتتە قىلىنغان ئىخلاسقا باغلىقتۇر. ياخشى ئەمەلنىڭ قوبۇل بولغانلىقى شۇ ياخشىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئەكس ئېتىدۇ. ھەجنىڭ مەقبۇل بولۇشى ھەجدىن قايتقاندىن كېيىن ئىلگىرىكىدىن ياخشىراق ئىبادەتكە بېرىلگەنلىكتە نامايەن بولىدۇ. ئۆزىنى

ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى بىلەن پاكلانغان ئادەم، گۇناھ-مەئسىيەتلەر بىلەن ئۆزىنى قايتا كىرلەشتۈرمەيدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئاللاھنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئىچىدە مېڭىشقا، ھەقىقىي ئىسلامىي ھاياتتا ھايات كەچۈرۈشكە نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!.

# ئىسلام دىنى كىلىپ ئىنسانىيەتنى ھىدايەت نۇرىغا چۆمدۈردى.

دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(21/12/1431ھـ 27/11/2010م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋەتىلىشىدىن بۇرۇن ئىنسانلار جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك ئىچىدە ياشايتتى، ئىسلام دىنى كېلىپ ئىنسانىيەتنى ھىدايەت نۇرىغا چۆمدۈردى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسانىيەت، ۋەھىي كېلىشتىن بۇرۇن جاھىلىيەت قاراڭغۇلىقىدا، پىتنە-پاسات ئىچىدە ياشايتتى. كۈچلۈك ئاجىزنى بوزەك قىلاتتى، يۈزلۈك، ئابرويلۇق قەبىلىدىن بولغان بىرسى ئوغۇرلۇق قىلسا جازاغا تارتىلمايتتى، ئاجىز ئوغۇرلۇق قىلسا، جازاغا تارتىلاتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ھەممە يەردە زۇلۇم، تەڭسىزلىك، قاتىللىق ۋە بۇلاڭچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولۇپ، ھەممە تەرەپنى جاھالەت قاراڭغۇلىقى قاپلاپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر كېلىشتىن بۇرۇن زۇلۇم شۇنداق ئەۋجگە چىققان ئىدىكى، زۇلۇم قىلىش ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېۋېلىش شەرەپلىك ئىشلاردىن سانىلاتتى. زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ پەخرى ئىدى. زۇلۇم قىلمىغان ئادەم، نورمال ئادەم ھېسابلانمايتتى.

زۇلۇمنىڭ سىمۋولى بىگۇناھ قان تۆكۈشتە، نامۇس-شەرەپلەردە، ماللاردا، تارازىدا كەم بېرىشتە ۋە ئاياللارنى خارلاشتا گەۋدىلىنەتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەڭ قەبىھ ئىشلاردىن بىرى قىز بالىلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئاياللارنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە قۇدۇقتىن سۇ تارتىش، جاڭگاللاردىن ئوتۇن يىغىش ۋە ئەرلەرنىڭ شەھۋىتىنى قاندۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق رولى يوق ئىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىنسانلار بىر-بىرىگە قارشى تۈگىمەس-پۈتمەس ماجىراغا كىرىپ قالغان بولۇپ، ئايىغى چىقماس قەبىلە ئۇرۇشلىرى يىللارچە داۋاملىشاتتى.

شۇنداق بىر زۇلمەتلىك زاماندا، ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ھەق دىن بىلەن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇ جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئىنسانلىرىنى ھەق دىنغا دەۋەت قىلدى، شېرىكى يوق، تەڭداشسىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا چاقىردى. ئىنسانلارنى بەندىلەرگە چوقۇنۇشتىن قايتۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىلاھى بولغان ئاللاھقا چوقۇنۇشقا چاقىردى ۋە ئىنسانىيەتنى قاراڭغۇ زۇلمەتتىن ھىدايەت نۇرىغا ئېلىپ چىقتى. شىرىكتىن ئىبارەت دىنلارنىڭ زۇلۇملىرىدىن تەۋھىدتىن ئىبارەت ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە چىقاردى. دۇنيانىڭ تارچىلىقىدىن دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ كەڭچىلىكىگە ئېلىپ چىقتى. شېرىك ئەقىدىسىنى سۈپۈرۈپ تاشلىدى. زۇلۇم، تەڭسىزلىك ۋە تاجاۋۇزچىلىققا خاتىمە بەردى.

ئىسلام دىنى ئاياللارنى ئىنتايىن ئۇلۇغلىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاياللارغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلدى. جاھىلىيەتتىكى ئىنسانلار تەبىقىسىنىڭ زور پەرقلىرىنى تۈپتىن يوقاتتى. ئاق تەنلىك بىلەن قارا تەنلىكنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقلىقىنى بەلگىلىدى. ئېسىل نەسەبلىك بىلەن تۆۋەن نەسەب كىشىلەر ئارىسىدىمۇ ھېچقانداق پەرق يوقلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ھەقىقەت ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىدە ئوچۇق نامايەن بولدى: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقۡنَٰكُم مِّن ذَكَرٖ وَأُنثَىٰ وَجَعَلۡنَٰكُمۡ شُعُوبٗا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓاْۚ إِنَّ أَكۡرَمَكُمۡ عِندَ ٱللَّهِ أَتۡقَىٰكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٞ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن

مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىكتۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[1].

ئەنە شۇ دەۋەت ئارقىلىق ئىنسانلار ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرگەن. كەمبەغەل باي بىلەن ۋە ئالى نەسەبلىك تۆۋەن نەسەبلىك ئىنسانلار بىلەن تويى قىلغان. ئىسلام ئىنسانلارنىڭ دىللىرىنى بىرلەشتۈرگەن، ھەقىقىي ئىسلام بىرلىكى گەۋدىلەنگەن. ئىسلام ئۈممىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام سۆيەتلىگەندەك بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئوخشاش بولۇپ، بەدەننىڭ بىر قىسمىغا ئاغرىق تەگسە، ھەممە يەر ئاغرىقنى ھېس قىلىدىغان سەۋىيەگە يەتكەن.

مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلاھى بىر، پەيغەمبىرى بىر ۋە كىتابى بىردۇر. ئىسلام بىرلىكى ھېچقاچان تىل، رەڭ ۋە مىللەت تەركىۋى ئۈستىگە قۇرۇلمىغان. بىر تىلنى مۇسۇلمانمۇ ۋە كاپىرمۇ سۆزلەيدۇ، ئىسلام دىنى قىتئە، ياكى دۆلەتكە خاس بولماستىن بارلىق دۇنيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالەمشۇمۇل دىندۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ باللىرى ۋە ئادەم بولسا تۇپراقتىن (لايدىن) يارىتىلغان. ئىسلام بىرلىكى ئىنسانلارنىڭ ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىسىدە بىرلىك ئۆلچىمى پۈتۈن دۇنيانى ياراتقۇچى ئاللاھ تائالانى يەككە يىگانە دەپ بىلىشتە گەۋدىلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَلَا تُشۡرِكُواْ بِهِۦ شَيۡـٔٗاۖ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَٰنٗا وَبِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱلۡجَارِ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡجَارِ ٱلۡجُنُبِ وَٱلصَّاحِبِ بِٱلۡجَنۢبِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتۡ أَيۡمَٰنُكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ مَن كَانَ مُخۡتَالٗا فَخُورًا﴾ ﴿ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا- ئاناڭلارغا، خىيش- ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن خوشنىغا، يىراق خوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل- چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ﴾[2].

[1] سۈرە ھۇجۇرات: 13 ـ ئايەت
[2] سۈرە نىسا: 36 ـ ئايەت

پەيغەمبەرنىڭ بىرلىكى مۇنۇ ئايەتتە مۇئەييەنلىشىدۇ: ﴿قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡ جَمِيعًا ٱلَّذِي لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ يُحۡيِۦ وَيُمِيتُۖ فَـَٔامِنُواْ بِٱللَّهِ وَرَسُولِهِ ٱلنَّبِيِّ ٱلۡأُمِّيِّ ٱلَّذِي يُؤۡمِنُ بِٱللَّهِ وَكَلِمَٰتِهِۦ وَٱتَّبِعُوهُ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشالىقى ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرىدىغان ئەلچىسى ئۇممى (تۇغما ساۋاتسىز) پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەگىشىڭلار» دېدى﴾[1].

دىن بىرلىكىدە مۇنۇ ئايەت كۇپايىدۇر: ﴿وَمَن يَبۡتَغِ غَيۡرَ ٱلۡإِسۡلَٰمِ دِينٗا فَلَن يُقۡبَلَ مِنۡهُ وَهُوَ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ﴾ ﴿كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر﴾[2].

كىتاب بىرلىكىدە تۆۋەندىكى ئايەت كۇپايە: ﴿إِنَّ هَٰذَا ٱلۡقُرۡءَانَ يَهۡدِي لِلَّتِي هِيَ أَقۡوَمُ وَيُبَشِّرُ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٱلَّذِينَ يَعۡمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمۡ أَجۡرٗا كَبِيرٗا﴾ ﴿بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇشخەۋەر بېرىدۇ﴾[3].

قىبلە بىرلىكىدە مونۇ ئايەت كۇپايىدۇر: ﴿قَدۡ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجۡهِكَ فِي ٱلسَّمَآءِۖ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبۡلَةٗ تَرۡضَىٰهَاۚ فَوَلِّ وَجۡهَكَ شَطۡرَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۚ وَحَيۡثُ مَا كُنتُمۡ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ شَطۡرَهُۥۗ وَإِنَّ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ لَيَعۡلَمُونَ أَنَّهُ ٱلۡحَقُّ مِن رَّبِّهِمۡۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا يَعۡمَلُونَ﴾ ﴿بىز سېنىڭ (كەئبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا - قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى

---

[1] سۈرە ئەئراف: 158 - ئايەت.

[2] سۈرە ئالى ئىمران: 85 - ئايەت.

[3] سۈرە بەنى ئىسرائىل: 9 - ئايەت.

مەسجىدى ھەرەم تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) بۇنىڭ (يەنى قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس﴾[1].

ئىسلام ئۈممىتى ئىسلامغا مۇستەھكەم ئېسىلماستىن، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. ئىسلامىي بىرلىك ئورناتماستىن مۇكەممەللىشەلمەيدۇ. ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە زۇلۇم، تەڭسىزلىك ۋە بىر-بىرىنى كەمسىتىش ئومۇملىشىدىكەن مۇسۇلمانلارنىڭ زىيان تارتقىنى شۇدۇر. ئىسلام شەرىئىتى ئادالەت ۋە ئىنساپ ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئۇ ئىنساننى ئۆز نەپسى، ئائىللىرى، باللىرى، دوستلىرى، ھەتتا دۈشمەنلىرىگىمۇ ئادالەتلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا ئادالەتلىك بولۇشقا چاقىرغان ۋە زۇلۇمدىن چەكلىگەن، قۇرئان كەرىمدە 350 ئورۇندا ئادالەتلىك بولۇش ۋە زۇلۇم قىلماسلىققا چاقىرىلغان. ئادالەت بولسا، زېمىندا ئىنسانلارغا قىلىنىدىغان مۇئامىلىنىڭ مىزانىدۇر. ھەتتا غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەنمۇ ھەقانىداق مۇئامىلىدە ئادالەتلىك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُونُوا۟ قَوَّٰمِينَ لِلَّهِ شُهَدَآءَ بِٱلْقِسْطِ ۖ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَـَٔانُ قَوْمٍ عَلَىٰٓ أَلَّا تَعْدِلُوا۟ ۚ ٱعْدِلُوا۟ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ ۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىنىدۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[2].

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىسلام رەھىمدىللىق ۋە ئىنساپ دىنىدۇر. بىرلىك، ئامانلىق ۋە تىنچلىق دىنىدۇر. بۇ پەقەتلا ئاللاھنىڭ كىتابىغا قايتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھەج مەۋسۇمى بولسا، ئەنە شۇ ھەقىقەتنى نامايەن قىلىدىغان، ئىسلام بىرلىكىنىڭ مۇكەممەل سىمۋولىدۇر.

[1] سۈرە بەقەرە: 144 ـ ئايەت

[2] سۈرە مائىدە: 8 ـ ئايەت

# ئەقىل ئىگىسى ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىپ كەلگۈسىگە ئۈمىتلىك بولىشى كېرەك

دوكتور/ ئۇسامە بىن ئابدۇللا خەييات

(28/12/1431ھـ 4/12/2010م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«ئۆتكەن يىلنى ئۇزىتىپ يېڭى يىلنى قارشى ئېلىۋاتىمىز، ئەقىل ئىگىسى ئۆتمۈشتىن ئىبرەت ئېلىپ كەلگۈسىگە ئۈمىتلىك بولىشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بىز بۇ كۈنلەردە ئۆتكەن يىلنى ئۇزىتىپ يېڭى يىلنى كۈتىۋېلىش ئالدىدا تۇرماقتىمىز. ئەقىل ئىگىلىرى كۈنلەر، يىللارنىڭ ئۆتىشىدىن ئىبرەت ئالىدۇ. ھەر بىر كۈن قۇياش مەشرىقتىن ئۆرلەپ مەغرىپتە ئولتۇرۇشتەك ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت بىلەن نىھايىتىگە يەتكەن بولىدۇ. ھىلال ئاينىڭمۇ كىچىك قىياقتەك تۇغۇلۇپ، تولۇن ئاي بولۇپ، يەنە كىچىكلەپ ئەسلى قىياپىتىگە قايتىپ غايىپ بولغانلىقىنى كۆرىمىز. خۇددى قۇياش چىقىپ تېزلا غايىپ بولغاندەك، يىلمۇ باشلانغاندەك قىلىپلا ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ بىر ھەقىقەتنى ئوچۇقلايدۇكى، ئىنسانىنىڭ ئۆمرى خۇددى ئېچىلىپ تورىغان گۈلگىلا ئوخشايدۇ. ئادەم باللىرىنىڭمۇ ھاياتى شۇنداق

باشلانغاندەك قىلىپلا نىھايىتىگە يېتىپ قالىدۇ. بۇ ھەر قانداق ئەقىل ئىگىسى ئىنكار قىلالمايدىغان ھەقىقەت. لېكىن غەپلەت كۆزى بۇنداق ھەقىقەتلەرنى ئالدىراپ كۆرمەيدۇ. كۆپلىگەن ئىنسان ئارزۇ- ھەۋەسىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، خىيال دۇنياسىغا غەرق بولۇپ، دۇنياغا قارىتا خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك ھېرىسمەنلىك بىلەن ياشايدۇ.

ئىنسان ھايات مۇساپىسىنىڭ بۇ دەرىجىدە قىسقا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسا ئىدى، ئاندىن يىل ئاخىرى كەلگەندە بىر يىل ئىچىدە نېمە قىلدىم؟ كىملەرگە پايدا يەتكۈزدۈم، كىملەرگە زىيان سالدىم، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىن قايسىنى قىلدىم، قايسىنى قىلالمىدىم؟ دېگەن سوئاللارنى ئۆزىگە قويغان بولاتتى. خاتالاشقان يەرلىرىنى ئوڭشاشقا، ئەگرى يەرلىرىنى رۇسلاشقا، كەم قالغان يەرلىرىنى تولۇقلاشقا تىرىشقان بولاتتى.

ئۆتمۈشنىڭ خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاشقا ياردەمچى بولىدىغان ئەڭ مۇھىم ياردەمچى، ئاللاھ بۇيرىغان تۆۋبە نەسۇھادىن ئىبارەتتۇر، ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿... وَتُوبُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ جَمِيعًا أَيُّهَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تۆۋە قىلىڭلار﴾[1].

ئۆتكەنگە پۇشايمان قىلىش، ئۆگىنىپ قالغان گۇناھلاردىن قول ئۈزۈش ۋە گۇناھنى قايتا سادىر قىلماسلىققا ئىرادە باغلاش توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەشھۇر ھەدىسىدە بىر كىشىگە مۇنداق تەۋسىيە قىلغان:

«بەش ئىش يۈز بېرىشتىن بۇرۇن بەش تۈرلۈك ئىشنى غەنىمەت بىلگىن؛ ياشلىقىڭنى قېرىلىقتىن بۇرۇن، سالامەتلىكىڭنى كېسەللىكىڭدىن بۇرۇن، بايلىقىڭنى كەمبەغەللىكتىن بۇرۇن، بوش ۋاقتىڭنى مەشغۇللىقىڭدىن بۇرۇن، ھاياتىڭنى ئۆلۈم كېلىشتىن بۇرۇن غەنىمەت بىل».

شۇڭا ھەقىقىي ئەقىل ئىگىسى مەزكۇر بەش تۈرلۈك پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويماي، غەنىمەت بىلىپ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى تونۇيدۇ. ياشلىق ھاياتىنى مەنىسىز ئۆتكۈزگەن ئادەم، دىنى ۋە دۇنيالىقىنى بىھۇدە، پايدىسىز

[1] سۈرە نۇر: 31 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى

ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

يېڭى يىلنى قارشى ئېلىشتا ئەڭ ياخشى مۇقەددىمە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان تائەت-ئىبادەتلەردۇر. يېڭى يىلنىڭ ئەڭ گۈزەل باشلىنىشى مۇھەررەم ئېيىنىڭ روزىسىنى تۇتۇشتۇر. مۇھەررەمنىڭ ئاشۇرا كۈنى روزىسى رامىزان روزىسىدىن قالسا، ئەڭ ئەۋزەل روزىدۇر. يىلنىڭ ئاخىرىنى ھەج ئىبادىتى بىلەن ئۆتكۈزۈش، ھەج قىلمىغانلار بولسا، ئەرەفات كۈنى روزا تۇتۇش، يىلنىڭ بېشىنى تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش يىل بويى ئىبادەت قىلغانلىقتۇر. شۇ سەۋەبتىن كۈنلەر، ئايلار ۋە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىزلەر ئۈچۈن ئەجەل يېقىنلاشقانلىقىنى ئۇيلاشتىن ئىبارەت ياخشىلىقنىڭ سەۋەپچىسى بولىشى كېرەك. يىلنىڭ باشلىنىشى بىزلەرنى ئۆز-ئۆزىمىزدىن ھېساب ئېلىشقا، خاتالىقلىرىمىزدىن قول ئۈزۈشكە، دىللىرىمىزنىڭ يۇمشىشىغا، ئاللاھنى كۆپ زىكرى قىلىشىمىزغا تۈرتكە بولىشى كېرەك. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېڭى يىل كىرگەندە مونۇ دۇئالارنى كۆپ قىلاتتى:

«ئى ئاللاھ! ھاياتىمنى مەن ئۈچۈن ياخشىلىقنى كۆپ قىلىدىغان پۇرسەت قىلىپ بەرگىن، ئۆلۈمنى مەن ئۈچۈن ھەر قانداق يامانلىقتىن راھەت ئالىدىغان پۇرسەت قىلغىن».

مۇئمىن يېڭى يىلنى قارشى ئالغاندا ئۆمرىگە ۋە ئىشلىرىغا بەرىكەت، كەلگۈسى ئۈچۈن ئىززەت-شەرەپ ۋە ئاقىۋىتى ئۈچۈن ياخشىلىق تىلىشى كېرەك.

ئاللاھ يېڭى يىلدا بىزلەرگە تائەت-ئىبادەت بىلەن ئۆتۈش، ۋاقىتنى قەدىرلەش، قىسقىغىنە ھاياتىمىزنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە نېسىپ قىلسۇن، ئۆمرىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!.

# زاھىدلىق (دۇنياغا ھېرىسمەن بولماسلىق) تەركىدۇنيالىق دېگەنلىك ئەمەستۇر.

شەيخ دوكتور/ سالىھ بىن ئابدۇللا بىن ھۇمەيد

(2010-12-17)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «زاھىدلىق (دۇنياغا ھېرىسمەن بولماسلىق) تەركىدۇنيالىق ئەمەس» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. تەقۋالىق ئارقىلىق بىر لەھزىمۇ غايىپ بولمايدىغان ئاللاھنىڭ كۆزىتىشىنى ھېس قىلالايسىلەر، نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلالايسىلەر، گۇناھلارغا تۆۋە قىلالايسىلەر، تاپاندىن ۋە كوكۇلا چاچلاردىن تۇتۇپ سۆرىلىدىغان قىيامەت كۈنىگە تەييارلىق كۆرەلەيسىلەر.

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر يېڭى ھىجرىيە يىلىنى قارشى ئالدىڭلار، ئاللاھ بۇ يىلنى ياخشىلىق، بەرىكەت ۋە ئەمىن-ئامانلىق يىلى قىلسۇن، بارلىق مۇسۇلمانلارنى ھەق ئۈستىدە جەملىسۇن، ئىسلام ۋە ئەھلى ئىسلامنىڭ شەنىنى ئۇلۇغلىسۇن ۋە مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!.

زاماننىڭ ئۆزگىرىشىدە ئىبرەتلەر بار، كۈنلەرنىڭ ھاۋادىسلىرىدا ئۆزگىرىشلەر بار. ئىنسان، دۇنيانىڭ زىننەتلىرىگە ئالدىنىپ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكى كېرەك، ئىنساننىڭ ئۆمرى چەكلىك ۋە كۈنلىرى ساناقلىقتۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَن يُؤَخِّرَ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِذَا جَآءَ أَجَلُهَاۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ﴾ «ئاللاھ ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، ئاللاھ قىلمىشلىرىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر»[1].

دۇنيادىن زاھىد بولۇش ـ ئەمەللەردە، خىزمەتتە، دۇنيانى گۈللەندۈرۈشتە، ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق ئىشلاردا تەركىدۇنيالىقنى تاللاش دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى زاھىدلىقتىن مەقسەت، قەلبنى تازىلاش، دىلدىكى ئىماننى كۈچلەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئىمان بىلەن قەلبلەر نۇرلىنىدۇ، ياخشى سۆزلەر ئارقىلىق نەپسىمىز پاكلىنىدۇ، ياخشى ئەخلاق دۇنيادىكى ئەڭ بۈيۈك نېمەتتۇر.

ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئىدىئولوگىيە كرىزىسى، ئىقتىسادى قىيىنچىلىق ۋە مالىيە قىسىنچىلىقى ئىچىدە ياشىماقتا. بىزنىڭ دىنىمىزدا ئىنساننىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئىشلەش، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ چىقىش ۋە دۇنيانى گۈللەندۈرۈشتە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ دۇنيا يەنە ئىنسانلار ئۈچۈن سىناق ۋە ئىمتىھان دۇنياسىدۇر. يۇقىرىقىلاردىن مەقسەت، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئىبادەتلىرىدە ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىلەن بىرگە، دۇنيانىڭ بايلىقلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھنىڭ پەزلىدىن بەھرىمەن بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

زاھىدلىق (دۇنياغا ھېرىسمەن بولماسلىق) نىڭ 6 خىل تۈرى بولۇپ: نەپسىدە، خەلق ئاممىسىدا، شەكىلدە، مال-دۇنيادا ۋە مەنسەپتە مۇجەسسەملىنىدۇ. ھېچكىشى مال-دۇنيانى رەت قىلماسلىق كېرەك. داۋۇت ئەلەيھىسسالام ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ زاھىد كىشىلىرىدىن ھېسابلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا مەنسەپ، مال-دۇنيا ۋە خوتۇنلار بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئەڭ زاھىد زاتتۇر. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇ گۆش يەيتتى، ھەسەل، ھالۋىغا ئوخشاش تاتلىق نەرسىلەرنى يەيتتى. ئاياللارنى، خۇشپۇراقنى ۋە چىرايلىق كىيىمنى ياخشى كۆرەتتى. مىسالغا ئالساق، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب، ئوسمان بىن ئەففانىدەك بۈيۈك ساھابىلار شۇنچە كۆپ بايلىقلىرىغا قارىماي زاھىد ئىدى. ئىمامى ئەھمەدتىن

[1] سۈرە مۇنافىقۇن: 11 ـ ئايەت

بىرسى: بىر ئادەمدە مىڭ تىللا پۇل بولسا، زاھىد بولالامدۇ؟ دېگەندە، ئۇ: شۇنداق؛ بولالايدۇ، بىراق تىللالىرى كۆپەيسە كۆرەڭلىمەي، كەمىيىپ كەتسە قايغۇرماي ئۆتەلىسە شۇنداق بولىدۇ، دېگەن.

كىمكى ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى مۇستەھكەم قىلىدىكەن، بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى كامىل بولىدۇ. قازا ۋە قەدەرگە رازى بولىدۇ، مەخلۇققا چوقۇنمايدۇ، مەخلۇقتىن ساۋاب ئۈمىت قىلمايدۇ، بەندىدىن قورقمايدۇ، ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا بوشاڭلىق قىلمايدۇ. ئىمانى كۈچلۈك بولغان ئىنسان بەندىنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنى غەزەپلەندۈرمەيدۇ. ئاللاھ بەرگەن رىزىق ئۈچۈن بەندىگە رەھمەت ئېيتمايدۇ. پايدا-زىيان ئاللاھتىن ئىكەنلىكىنى ھېچ ئىسىدىن چىقارمايدۇ. ئاللاھ بەندىگە بەرگەن رىزىقنى دۇنيادا ھېچقانداق ئىنسان تارتىۋالالمايدۇ، ئاللاھ بەرمىگەن رىزىقنى دۇنيادا ھېچقانداق ئىنسان بېرەلمەيدۇ. قەلبى باي بولغان ئىنساننىڭ قولى ئوچۇق كېلىدۇ. قەلبى فەقىر ئىنسانغا بايلىقى ئەسقاتمايدۇ. قانائەتچانلىق يېزىلغان رىزىقنى توسۇپ قويمايدۇ ۋە كېمەيتمەيدۇ.

كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئۇنىڭغا ئاللاھ كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھتىن سورىسا بېرىدۇ. قانائەت تۈگىمەس-پۈتمەس بايلىقتۇر. ئېھتىياجنى قامدىغان ئاز نەرسە، بىخۇتلاشتۇرغان كۆپ بايلىقتىن ياخشىدۇر. دۇنيا كۆزىگە چوڭ كۆرۈنۈپ قالغان ئادەم ماختانچاق كېلىدۇ، تەنقىت كۆتۈرەلمەيدۇ، ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرالمايدۇ. باشقىلارنىڭ مالامىتىدىن قورقۇپ ھەقىقەتكە كۆز يۇمىدۇ.

ماددىي بايلىق بەخت ئۆلچىمى ئەمەستۇر. كۆپلىگەن بايلار بار، ئۇلارنىڭ تۇرۇقىدىن قاراپ كەمبەغەل چاغلاپ قالىسىز، كۆزى كىچىك، چىرايى سۇلغۇن، بېخىللىقتىن ئۆلەي دەيدۇ، باشقىلارنىڭ بايلىقىدىن تەمە قىلىدۇ، باشقىلارغا ئامەت كەلسە ھەسەتتىن چىدىيالمايدۇ ۋە ئازابلىنىدۇ.

# ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، قاتارغا قوشۇش، بىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىزدۇر

دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(19/1/1432ھـ 25/12/2010م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئەۋلادلار جىگەر پارىلەردۇر، ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، قاتارغا قوشۇش، دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈش، بىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىزدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئەۋلادلىرىڭلارغا ئەھمىيەت بېرىڭلار، ئۇلارغا ياخشى تەربىيە قىلىڭلار! بالىلارنى قورقۇتۇپ، قوپاللىق قىلىش ئارقىلىق خاتا تەربىيە قىلماڭلار! باشقىلارنىڭ قوپاللىقى ۋە قورقۇتىشىغا ئۇچرىغان بالىلار، شەخسىيىتى ئاجىز، روھى چۈشكۈن چوڭ بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق بالىلاردا جۈرئەت، شىجائەت ۋە ھەققانىيەتچىلىكتەك خىسلەتلەر ئاز تېپىلىدۇ. ئائىلىلىرىمىزدە ئاق قەغەزدەك پاك، مەسۇم ئۆسمۈرلەر باركى، ئۇلارنى ياخشى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشۇش، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق، يارامىلىق ئەۋلاد قىلىپ يېتىشتۈرۈش بىزنىڭ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىزدۇر. كىچىك بالىلار دىللارنىڭ راھىتى ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى. بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، قاتارغا قوشقاندا ھازىرىمىز ۋە كەلگۈسىمىزنى پارلاق ئۇپۇققا يەتكۈزگەن بولىمىز. كىچىك

باللارنىڭ بوۋاقلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرى بىر باغدىن ئىبارەت بولۇپ، چوڭلارنىڭ غەم-قايغۇلىرىنى يۇيۇپ تاشلايدىغان گۈل-چىچەكتۇر.

ھاياتنىڭ باشلىنىشىدىكى گۈزەللىك بوۋاقلارنىڭ، تەمتۇم مېڭىشلىرى بولۇپ، بوۋاقلار چوڭلارنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتىدۇ. بوۋاقلار ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە ئاتا قىلغان بۈيۈك نېمەتتۇر. ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بوۋاقلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى يولغا قويغان بولۇپ، بوۋاقلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھوقۇقلىرىنى ئۆز لايىقىدا ئادا قىلىش ۋە ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر. بوۋاقلارنىڭ روھىي ۋە ماددىي تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا ئىسلام دىنى قايسى ئۇسۇلدا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سىيرىتىنى (تەرجىمىھالىنى) ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىۋالالايمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوۋاقلارنى كۈلدۈرۈشكە ۋە ئۇلار بىلەن ئوينىششقا تىرىشاتتى، ئۆسمۈرلەر بىلەن چاقچاقلىشاتتى، يېتىملەر بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالىناتتى، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىپ بېشىنى سىيلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ھەدىسىدە مۇنداق كەلگەن:

«جەننەتتە يېتىمنى كېپىللىككە ئالغان كىشى بىلەن مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئورۇندا تۇرىمىز، دەپ ئىككى بارمىقىنى جۈپلەپ كۆرسەتكەن ئىدى».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازدا كىچىك باللارنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسا، نامازنى تېز ئاخىرلاشتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوۋاقلارنى ئانىسىدىن ئايرىۋەتمەسلىكنى تەۋسىيە قىلغان، ھەتتاكى ھايۋانلارنىمۇ باللىرىدىن ئايرىۋەتمەسلىككە چاقىرغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەنە بەزى نامازلاردىمۇ نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھۈسەينلەر ئۆزىنىڭ بويىنغا ئېسىلىۋالسا، ئۇلارنى كۆتۈرگەن پېتى نامازنى داۋام قىلاتتى. ئەسلىدە ئىنسانىنىڭ تەبىئىتىدە كىچىك باللارغا مېھرىبانلىق قىلىش ۋە بوۋاقلارنى ئەركىلىتىش بولغان ئىكەن، بۇنى ئىنسانلارغا ئەسلىتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، بىراق بۇ مەسىلە مۇھىم مەسىلە بولغاچقا ئەسلىتىشكە ۋە داۋاملىق ئاگاھلاندۇرۇشقا توغرا كەلدى.

ئاتا-ئانىلار باللىرىنى تەربىيىلەشتە خاتا ئادەتلەرگە ۋە گۇناھ-

مەسىيەتلەرگە كۆندۈرمەسلىك كېرەك. ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۆز جىگەر پارىلىرى بىلەن كارى بولماي، داۋاملىق سىرتنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇشى، ياكى بالىلارنى ئۆيدىكى خىزمەتچى ئاياللارغا تاشلاپ قويۇپ ھېچ ئىشىدىن خەۋەر ئالماي ئۆتۈشى، بوۋاقلاردا ۋە ئۆسمۈرلەردە ئاتا-ئانىغا بولغان مېھرى-مۇھەببەتنى سوۋۇتۇپ قويغاندىن تاشقىرى، غەيرى نورمال ئەھۋاللارنى پەيدا قىلىدۇ. بالىلار ياخشى تەربىيەگە ئېرىشەلمەي چوڭ بولغاندا ئازغۇن يوللارنى تاللايدىغان ئەھۋاللار كېلىپ چىقىدۇ.

بەزى ئائىلىلەردە غەيرى نورمال ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ، جىگەر پارىلىرىمىزنىڭ ھوقۇقلىرى ئاياغ-ئاستى قىلىنىدۇ، بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلارغا جىسمانى زەربە بېرىپ، ئۇرۇپ تىللاپ، قىيىن قىستاققا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ مەسۇم، غۇبارسىز قەلبىنى داغلايدۇ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئازابلايدۇ. روھىي جەھەتتىن بېسىمغا ئۇچرىغان ئاتا-ئانىلار، تۇرمۇشنىڭ بېسىمدا كەيپىياتى بۇزۇلغان ھالدا ئۆيگە كىرىدۇ-يۇ، ئاچچىقىنى سەبى بالىلىرىدىن ئېلىپ، ئۆيگە كىرە-كىرمەيلا بالىلارغا ۋارقىراپ-جارقىراپ، بەزىدە قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپ-سوقىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇنداق جاھالەت ۋە مەدەنىيەتسىزلىك، ئىنسانغا كەلگۈسىدە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىتىدۇ، ئائىلە بېسىمغا ئۇچرىغان بالىلاردا يولدىن چىقىپ كېتىش، ئېزىپ كېتىش، زەھەرلىك چېكىملىكلەرگە ئۆگىنىپ قېلىش ۋە جېدەل-ماجىراغا ئامراقلىقتەك سەلبىي ئامىللار كۆرۈلىدۇ، نەتىجىدە ئاتا-ئانىسىغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدۇ.

بەزى ئاتا-ئانىلار ئۆيدىكى خىزمەتچىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلماستىن، قوپال تېگىدۇ، ئارام ئېلىشقا پۇرسەت بەرمەي ئىشقا سالىدۇ، خىزمەتچىلەر خوجايىندىن ئالالمىغان ئىنتىقامنى خوجايىننىڭ بالىلىرىدىن ئالىدۇ. گەرچە بۇنداق ئەھۋال ئاز بىر قىسىم كىشىلەردە تېپىلسىمۇ، مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىغان، ئاتا-ئانىلار ئائىلىدە قىدەل-ماجىراغا يول قويمايدۇ، ئاجراشمايدۇ. چۈنكى، بىر ئۆيدە ياشىمىغان ئاتا-ئانىنىڭ بالىلىرى ياخشى تەربىيەگە ئېرىشەلمەي قالىدۇ.

باللارغا ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى كىچىك ۋاقتىدا باشقىلارنىڭ ئەزىيىتىگە ئۇچرىغان بالا، ئازار بەرگۈچىنىڭ قىلمىشىنى قەتئىي ئۇنۇتمايدۇ.

ئۆسمۈرلەرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن قۇرۇلغان مەركەزلەرمۇ ھەقىقەتەن ماختاشقا لايىق، چۈنكى ئۇلار تۈگىمەس-پۈتمەس ساۋاب ۋە سەدىقە جارىيىگە ئېرىشىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزگە ياخشى، سالىھ پەرزەنت ئاتا قىلسۇن، پەرزەنتلىرىمىزنى ئىسلام ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق، ئىقتىدارلىق پەرزەنتلەردىن قىلسۇن، ئامىن!.

# ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى خاتالاشقانلارنى جازالاش، توغرا ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈستىگە قۇرۇلغان

دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(26/1/1432ھـ 1/1/2011م مەككە مۇكەررەمە)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى خاتالاشقانلارنى جازالاش ۋە توغرا ئىش قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش ئۈستىگە قۇرۇلغان» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

تارىختىن بىرى ھەر نەرسىنىڭ ئىجابىي ـ سەلبىي تەرىپى بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. بىز ئۆزىمىزگە قارايدىغان بولساقمۇ، مەيلى ماددىي ـ ھېسسىي جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ئەقلىي ـ مەنىۋىي جەھەتتە بولسۇن، ياخشى بىلەن يامانني، كۈيۈر بىلەن ئىماننى، ئىتائەت بىلەن ئاسىيلىقنى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، ھالال بىلەن ھارامنى، ئادالەت بىلەن زۇلۇمنى روشەن پەرق ئېتەلەيمىز.

بىز مەزكۇر زىتلىقلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلىدىغان بولساق، مەزكۇر زىتلىقلارنىڭ ماھىيىتىگە ئىنسانىيەت ئالىمىدە تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، رادىكاللىق بىلەن كەڭ قورساقلىق ئوتتۇرىسىدىكى

ئوتتۇراھاللىق (مۆتىدىللىك) نى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايە يۇشۇرۇلغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز. بۇ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، پەقەتلا خاتالاشقاننى جازالاش ۋە توغرا قىلغانلارنى مۇكاپاتلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاللاھنىڭ دىنىغا تېنىپ كاپىر بولغان، چەكلەنگەن، ھارام ئىشلارنى سادىر قىلغان ۋە زۇلۇم قىلغانلار جازاغا تارتىلىشى كېرەك، ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىش قىلغان، ئادالەتلىك بولغان، ئىتائەت قىلغان ۋە ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار مۇكاپاتلىنىشى كېرەك. ئەقلىي جەھەتتىن بولسۇن، ياكى شەرئەت پرىنسىپى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇلۇغ دىنىمىز روشەن مەيدان ئۈستىگە قۇرۇلغان. چەكلەنگەن ئىشلارنى سادىر قىلغانلارنى جازالاش، بۇيرۇلغان ۋاجىپ ۋە مۇستەھەبلەرنى ئورۇندىغانلارنى مۇكاپاتلاش پرىنسىپىنى بېكىتكەن.

ئىسلام ياخشى بىلەن ياماننى پەرق ئېتىشكە چاقىرغان. شۇنداقلا ياخشى ئىش قىلغانلار بىلەن يامان ئىش قىلغانلار ئوتتۇرىسىنىمۇ پەرقلەندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن دۇنياغا رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلىشىمۇ ئەنە شۇ كاتېگورىيە دائىرىسىگە كىرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مەن ئېسىل ئەخلاقلارنى تاكامۇللاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم».

شۇ ئاساستا ھەر قانداق بىر جەمئىيەتتە ياخشىنى مۇكاپاتلاش ۋە ياماننى جازالاش پرىنسىپى يولغا قويۇلمىسا، مۇقىملىق بەرپا قىلىنمايدۇ. ساۋاپلىقتىن باشقىنى بىلمەيدىغان جەمئىيەتمۇ ۋە گۇناھ-مەسىيەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان جەمئىيەتمۇ روناق تاپالمايدۇ. ئىسلام دىنى ھەر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالايدىغان ئوتتۇراھال ئۈممەت بولۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئوتتۇراھال ئۈممەتنى ماختىغان. ئۈممەتى مۇھەممەدىيەنى ماختاشتىكى سىرمۇ ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا ياخشى بىلەن ياماننىڭ، مۇئمىن بىلەن كاپىرنىڭ، ئادىل بىلەن زالىمنىڭ، راستچىل بىلەن يالغانچىنىڭ نېمە پەرقى؟!

بەزى ئەقلى چولتا، كالتا پەم ئىنسانلار، ئىسلام شەرىئىتىنى پەقەتلا جازالاشقا تۇرغان، قورقىتىشنىلا بىلىدىغان، ئىنسانىنى قارىلاشقا ئۇرۇنىدىغان دىن دەپ قارايدۇ. ئۇلار ھەقىقەتنى ئاڭقىرالمىغان، شەيئىلەرنى بىر كۆزىدىلا كۆرىدىغان ئىنسانلاردۇر. شۇڭلاشقا بەزىلەر ئىسلام شەرىئىتىدىكى جازا قانۇنلىرىغا قارشى چىقىۋاتىدۇ، شەرىئەتنىڭ ھەد (جازا) دىن ئىبارەت ئاساسىي پرىنسىپىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، دىنغا قارشى بىلجىرلىماقتا. ئۇلار شەرىئەتتىكى قىساس، ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، تويي قىلغان زىناخورنى چالما كېسەك قىلىش ۋە ھاراق ئىچكەننى قامچىلاشتەك جازا قانۇنلىرىغا قارشى چىقىۋاتىدۇ. ئۇلار بىر پۈتلۈك ئاقساقتەكلا مېڭىشنى خالايدۇ، چۈنكى ئۇلار مۇكاپات بېرىمىز دەيدۇ، جازالاشنى خالىمايدۇ. دېمەك، ئۇلار جىنايەتچىنى مۇكاپاتلايدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇلار تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك ئىشتا خاتالاشقان؛

بىرىنچىسى: ساۋابنى جازا ئورنىدا قويغان، شۇڭا ئۇلار خاتالاشقانلارنى مۇكاپاتلىغان، قانداقمۇ ئاسىيلىق قىلغان ئادەم مۇكاپاتلانسۇن؟!

ئىككىنچىسى: ئۇلار جازانى ساۋاپ ئورنىغا قويغان، شۇڭا ئۇلار ياخشىلىق قىلغان كىشىنى مۇكاپاتتىن مەھرۇم قىلغان.

ئۈچىنچىسى: ئۇلار جازالاش ۋە مۇكاپاتلاشتا ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىنى تەبىقىگە ئايرىپ پەرقلەندۈرگەن، يەنى قوش ئۆلچەم قوللانغان.

تۆتىنچىسى: مۇكاپاتلاشتىمۇ ۋە جازالاشتىمۇ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى خاتالاشقانلىق بولۇپ، ئىسلام شەرىئىتى ھەممە ئىشتا ئوتتۇراھال بولۇشنى تەشەببۇس قىلغاندۇر.

# دۇنياغا ئالدانماڭلار، بۇ دۇنيا ئاخىرەت ئۈچۈن ئۆتكەلدۇر

دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللا خەييات

2011 - يىلى 1 – ئاينىڭ 7 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «دۇنياغا ئالدانماڭلار، بۇ دۇنيا ئاخىرەت ئۈچۈن ئۆتكەلدۇر ۋە ياخشىلار بىلەن يامانلارنىڭ پەرقىنى ئايرىيدىغان سىناق دۇنياسىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ مەھشەرگاھتا توپلىنىدىغان ۋاقتىڭلارنى ئەسلەڭلار! كاپىر، كاشكى مەن توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن بولسامچۇ! دەپ، ئارزۇ قىلىدىغان قورقۇنچلۇق كۈننى ئەسلەڭلار!

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مەنا-چۈشەنچىلەرنى كىشىلەرنىڭ زېھنىدە ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنسانلار ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئوخشىتىش ۋە گۈزەل تەسۋىرلەشكە موھتاجدۇر. بۇ بالاغەتلىك سۆز ماھارىتى، دېمەك ئاتىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ مَا فِي قُلُوبِهِمۡ فَأَعۡرِضۡ عَنۡهُمۡ وَعِظۡهُمۡ وَقُل لَّهُمۡ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ قَوۡلَۢا بَلِيغٗا﴾ ﴿ئەنە شۇلار (يەنى مۇناپىقلار) (يالغان ئېيتىدۇ)، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكىنى (يەنى مۇناپىقلىقنى، مىكرىنى) بىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگىن، ئۇلارغا نەسىھەت قىلغىن، ئۇلارغا

تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلغىن﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى دۇنيانىڭ ھەقىقىتى ۋە دۇنيانىڭ پىتنىسىگە ئالدىنىپ كېتىشتىن ئىبارەت رىئاللىق تەرەپكە جەلب قىلىشنى خالايدۇ. بۇ دۇنيا تاتلىق ھەمدە گۈزەلدۇر. ئاللاھ ئىنسانلارغا بۇ دۇنيانى قانداق گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل ئاتا قىلدى ۋە ئورۇنباسار قىلدى. شۈبھىسىزكى، شۇ گۈزەللىك ۋە ھالاۋەتنىڭ ئىنسانلار قەلبىدە ئورنى بار بولۇپ، ھەر بىر كىشىنىڭ دۇنيانىڭ گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن بولۇش ھەققى بار، لېكىن بۇ مەسىلىگە قارىتا ئىنسانلارنىڭ مەيدانى 2 خىل بولۇپ، بىرىنجىسى: ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئەقىل ئىگىلىرى ۋە توغرا يولنى تاللاپ ماڭغانلاردۇر. ئۇلار ئەڭ شەرەپلىك غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلغان. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق نېمەتلىرىدىن پايدىلىنىش ھەققى بار تۇرۇپ، ئاگاھ بولغان ۋە دۇنيانىڭ رەڭگارەڭ نېمەتلىرى ئۇلارنى ئالدىيالمىغان كىشىلەردۇر. ئاللاھ نېمەتلەرنى ئەنە شۇنداق سالىھ بەندىلەر ئۈچۈن تەييارلىغاندۇر.

ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرىگە دۇنيادا ھېچقانداق نەرسە توغرا كەلمەيدۇ، بەسلىشەلمەيدۇ ۋە ئورنىنى باسالمايدۇ. ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرى ئۈچۈن بارلىق نېمەتلەردىن نەسىۋە بېرىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ياخشى كىشىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا تولۇق بويسۇنىدۇ، پەرز-ۋاجىپلارنى مۇكەممەل شەكىلدە ئادا قىلىدۇ، چەكلىگەن ھاراملاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ ۋە ئاللاھقا نەفلە ئەمەللەر ئارقىلىق تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. ئۇلار يەر يۈزىدە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ئىشلارنى قىلىشتىن يۈز ئۆرىمەيدۇ. پايدىسىز، كۆپۈكلەر بىلەن ئاۋارە بولمايدۇ. ئۇلار قىسقا ئۆمرىنى پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش يولىغا خىزمەت قىلدۇرالايدۇ. ياخشى كىشىلەر ئۇ دۇنيادا مەھسۇلات ئېلىش ئۈچۈن بۇ دۇنيادا كۆچەت تىكىدۇ. ئۇلار داۋاملىق ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى سۆزىنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ: ﴿مَنْ كانَ يُرِيدُ حَرْثَ الْآخِرَةِ نَزِدْ لَهُ فى حَرْثِهِ وَ مَنْ كانَ يُرِيدُ حَرْثَ الدُّنْيا نُؤْتِهِ مِنْها وَ ما لَهُ فِى الْآخِرَةِ مِنْ نَصِيب﴾ ﴿كىمكى (ئۆزىنىڭ ئەمەلى بىلەن) ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭ ساۋابىنى زىيادە بېرىمىز، كىمكى (ئەمەلى

[1] سۈرە نىسا: 63 ـ ئايەت

بىلەن) دۇنيانىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلىسە، (ئۇنىڭ تىلىگەن) مەنپەئەتىنىڭ بەزىسىنى بېرىمىز، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ساۋابتىن) ھېچ نېسىۋە يوق﴾[1].
يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ﴿وَمَنْ أَرادَ الْآخِرَةَ وَسَعى لَها سَعْيَها وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَأُولئِكَ كانَ سَعْيُهُمْ مَشْكُوراً﴾ ﴿كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ﴾[2].

ئەبى ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن مۇئمىن بەندىلىرىم ئۈچۈن، كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنسانىنىڭ قەلبىگە كەچمىگەن جەننەتنى تەييارلاپ قويدۇم».

ئىككىنچى قاراشتىكىلەر بولسا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قەلبىنى پېچەتلىگەنلەردۇر. ئۇلار ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غاپىل بولغان، ھاۋايى-ھەۋەسلىرىگە ئەگەشكەن، زالالەت-ئازغۇنلۇق يوللىرىنى تاللىۋالغان، توغرا يولدىن ئاداشقان، ئاللاھ بۇيرىغان پەرزلەرنى ئادا قىلىشتىن چېكىنگەن، ئاللاھ چەكلىگەن ھاراملاردىن ئۆزىنى تارتماستىن، ھاراملارنى سادىر قىلغان. ھارام يېيىشتىن ئۆزىنى تارتماستىن، دىنار، دىرھەملەرگە چوقۇنغان، بېخىللىقنى سېخىلىق ئورنىغا قويغان، پانىي دۇنيانىڭ لەززىتىگە بېرىلىپ، باقىي ئالەمنى ئۇنتۇغانلار، دۇنيا توپلاشقا كىرىشىپ كېتىپ، ئاخىرەتنى ئۇنتۇغانلار، ئۇنداقلار ئاللاھنىڭ مالامىتىگە لايىق بولغانلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەققىدە قۇرئان كەرىمنىڭ تەكاسۇر سۈرىسىدە مۇنداق دېگەن: ﴿أَلْهَىٰكُمُ ٱلتَّكَاثُرُ حَتَّىٰ زُرْتُمُ ٱلْمَقَابِرَ كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ ثُمَّ كَلَّا سَوْفَ تَعْلَمُونَ كَلَّا لَوْ تَعْلَمُونَ عِلْمَ ٱلْيَقِينِ لَتَرَوُنَّ ٱلْجَحِيمَ ثُمَّ لَتَرَوُنَّهَا عَيْنَ ٱلْيَقِينِ ثُمَّ لَتُسْـَٔلُنَّ يَوْمَئِذٍ عَنِ ٱلنَّعِيمِ﴾ ﴿تاكى قەبرىلەرنى زىيارەت قىلغىنىڭلارغا (يەنى قەبرىلەرگە كۆمۈلگىنىڭلارغا) قەدەر، (پۇل-مال، بالىلار بىلەن) پەخىرلىنىمەك سىلەرنى غەپلەتتە قالدۇردى. راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر. ئاندىن راستلا كەلگۈسىدە بىلىسىلەر. ئەگەر سىلەر راستلا ھەقىقىي بىلسەڭلار (غەپلەتتە قالماڭلار). سىلەر چوقۇم جەھەننەمنى كۆرىسىلەر. ئاندىن ئۇنى

[1] سۈرە شۇرا: 20 - ئايەت.
[2] سۈرە ئىسرا: 19 - ئايەت.

چوقۇم ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر. ئاندىن (دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېئمەتلەردىن سوئال- سوراق قىلىنىسىلەر﴾[1].

قانائەتچانلىق ئىنساننى ئەپسىنى يۈكسەك ماقاملارغا يەتكۈزىدۇ، ھايات گۈزەللىكى نامايەن بولىدۇ. قانائەتچانلىق پەيغەمبەر يولىيورۇقى بولۇپ، قانائەتچان كىشىنىڭ قەلبى پاك، سېخى، باشقىلارغا مېھرىبان كېلىدۇ. ئەقىللىق ئىنسان ھېچقاچان دۇنيالىقى ئۈچۈن ئاخىرىتىنى زىيان تارتمايدۇ.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئىمام ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: ئابدۇللاھ بىن ئەمر ئىبنىلئاس رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئېيتقان، يەتكۈدەك رىزىق بېرىلگەن، ئاللاھنىڭ بەرگەنلىرىگە قانائەت قىلغان كىشى، نىجات تاپقان بولىدۇ»[2].

ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ:

«ئى ئاللاھ! مۇھەممەد ئائىلىسىنىڭ رىزقىنى كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك قىلغىن». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەبەۋى پرىنسىپى مۇسۇلمانلارنى قانائەتچانلىققا ئۈگىتىش بولۇپ، ئىنسان ئۈچۈن بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچى ماكاندۇر، شۇڭا ئۇ ئاخىرەتكە ئۆزى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان نەرسىدىن باشقىنى بىرگە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىشقا بۇيرىدى.

ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنى دۇنيا-ئاخىرىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىغان، بۇ دۇنيانى ئاخىرەت ئۈچۈن ئۆتكەل قىلىدىغانلاردىن قىلغىن! ئۇلارنى ئالتۇن، تىللا بەندىسى قىلمىغىن، ئامىن!

[1] سۈرە تەكاسۇر.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى

# مۇسۇلمانلار كېسەل داۋالاشتا تىببىي ئۇسۇلدا داۋالاش بىلەن بىرگە شەرئىي رۇقيىگىمۇ ئاساسلىنىشى كېرەك

دوكتور/ ئابدىرەھمان سۇدەيس

(11/2/1432ھـ 15/1/2011م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمانلار كېسەل داۋالاشتا تىببىي ئۇسۇلدا داۋالاش بىلەن بىرگە شەرئىي رۇقيىگىمۇ ئاساسلىنىشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! سالامەتلىكىڭلارنى غەنىمەت بىلىڭلار! كېسەللىك يېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن سالامەتلىكىڭلارنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىڭلار! ئاللاھقا ياخشى ئەمەللەر بىلەن يېقىنلىشىڭلار! ياخشى ئەمەللەردىن ئۈزۈلۈپ قالماڭلار! ئۆزۈڭلارنىڭ ئەڭ ياخشى تەقۋادارلىق ئۈزۈۈقىدۇر. ئىسلام ئۈممىتى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئۆتمۈش تارىخىدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئۈچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، كېسەل داۋالاش، مىدىتسىنا ساھەسىدە يۈكسەك سەۋىيەلەرگە يەتكەن. كېسەل داۋالاش تېخنىكىلىرىدىمۇ قۇرئان-ھەدىسنى چىقىش قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى كېسەللىكلىرىنى كىتاب ۋە سۈننەت روھى بويىچە داۋالىغان.

بىز ياشاۋاتقان ھازىرقى نازۇك دەۋىردە ئىنسانىيەت ئوخشاش بولمىغان مەيدانلاردا توقۇنۇشلار، نىيەتلەردىكى ئىزتىراپلار ۋە شۈبھىلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئەقىدىگە باغلىق بىر داۋالاش مەسلىسى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇ بولسىمۇ «رُوقْيِ شَرْعِيْ» (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن دۇئالار ئارقىلىق كېسەل داۋالاش) تۇر. ئەمەلىيەتتە بولسا، تەن ساغلاملىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھمىيەت بەرگەن مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرىدۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن:

«ئۆيىدە خاتىرجەم ياشىغان، جىسمى ساغلام بولغان، كۈندىلىك تۇرمۇشىغا يەتكۈدەك ئۇزۇقلۇققا ئىگە بولغان ئادەم دۇنيانىڭ ھەممە نېمەتلىرى بېرىلگەن ئادەمدۇر».

ھازىرقى زاماندا ئىنسانلار ئىچىدە سىرى ئېچىلمىغان ھەر تۈرلۈك كېسەللىكلەر ئوتتۇرىغا چىققان، جىسمانىي ۋە مەنىۋى كېسەللەر ئۈممەتنىڭ جىسمىغا سىڭىپ كەتكەن. بولۇپمۇ تۇتقاقلىق، بەھۇشلۇق كېسىلى، جىن چاپلىشىۋېلىش، سېھىر قىلىنىش ۋە كۆز تېگىشتەك كېسەللەر كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپەيگەن. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىنسانلاردا كۆرەلمەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇق كېسىلىمۇ ئەۋج ئالغان بولۇپ، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس نەبەۋىلار ھەر قانداق كېسەلگە شىپادۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَوۡ جَعَلۡنَٰهُ قُرۡءَانًا أَعۡجَمِيّٗا لَّقَالُواْ لَوۡلَا فُصِّلَتۡ ءَايَٰتُهُۥٓۖ ءَا۬عۡجَمِيّٞ وَعَرَبِيّٞۗ قُلۡ هُوَ لِلَّذِينَ ءَامَنُواْ هُدٗى وَشِفَآءٞۚ وَٱلَّذِينَ لَا يُؤۡمِنُونَ فِيٓ ءَاذَانِهِمۡ وَقۡرٞ وَهُوَ عَلَيۡهِمۡ عَمًىۚ أُوْلَٰٓئِكَ يُنَادَوۡنَ مِن مَّكَانِۭ بَعِيدٖ﴾ «مۇبادا بىز ئۇنى ئەجەم تىلىدىكى قۇرئان قىلىپ نازىل قىلغان بولساق، ئۇلار ئەلۋەتتە: «نېمىشقا ئۇنىڭ ئايەتلىرى (بىز چۈشىنىدىغان تىلدا) روشەن بايان قىلىنمىدى؟ پەيغەمبەر ئەرەب، كىتاب ئەجەمچىمۇ؟» دەيتتى. ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە ھىدايەتتۇر ۋە (دىللاردىكى شەك ـ شۈبھەگە) شىپادۇر، ئىمان ئېيتمايدىغانلارنىڭ قۇلاقلىرى (قۇرئاننى ئاڭلاشتىن) ئېغىردۇر (يەنى قۇرئاننىڭ دەۋىتىگە قۇلاق سالمىغانلارنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنىڭ گويا قۇلاقلىرى ئېغىردۇر)، قۇرئان ئۇلارنىڭ (دىللىرىغا) كورلۇقتۇر (يەنى ئۇلار ھىدايەت نۇرىنى كۆرمەيدۇ)، ئەنە شۇلار يىراقتىن نىدا قىلىنغۇچىلاردۇر (يەنى ئۇلار ھەقنى

قوبۇل قىلماسلىقتا ئىمانغا يىراقتىن چاقىرىلغان، مۇساپىنىڭ يىراقلىقىدىن چاقىرىقنى ئاڭلىمىغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇقىي ئوقۇش توغرۇلۇق ساھابىلارغا يوليورۇق بېرىپ: «سىلەر ئوقۇيدىغان رۇقىيلىرىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار، شېرىك كەلتۈرۈلمىگەن تەقدىردە رۇقىي ئوقۇشقا بولىدۇ» دېگەن.

قارايدىغان بولساق، بىز بىلىدىغان كۆپلىگەن ساقايماس، خەتەرلىك كېسەللەر، دۇنيانىڭ ئەڭ زامانىۋى شىپاخانىلىرى، ئەڭ داڭلىق دوختۇرلىرى داۋالاشتىن ئاجىز كېلىپ ساقايماس كېسەل دېگەن دىئاگنوزنى قويغاندىن كېيىن، «رۇقىي شەرئى» ئارقىلىق ئاللاھ شىپالىق بېرىپ ساقايغان ئەھۋاللار كۆپ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «سىلەر قۇرئان، ھەسەلدىن ئىبارەت ئىككى شىپالىققا ئاساسلىنىڭلار» دېگەن. ئىمام سۇيۇتى بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلاھىي تىبابەت بىلەن ئىنسانىي تىبابەتنى بىرلەشتۈرگەن» دەيدۇ. ئەللامە ئىبنى قەييۇم جەۋزى مۇنداق دېگەن: «كېسەل داۋالاشتا قۇرئان كەرىم ھەر قانداق روھىي ۋە جىسمانى كېسەللەرگە شىپادۇر، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھنىڭ كالامىغا كېسەللەر ۋە ئىللەتلەر قانداقمۇ رىئەكسىيە كۆرسەتمىسۇن؟ ئەگەردە ئاللاھنىڭ كالامى تاغلارغا چۈشكەن بولسا، تاغلارنى كۇكۇن-تالقان قىلىۋەتكەن بولاتتى».

ئەپسۇسكى، كۆپلىگەن ئىنسانلار، بىمارلار ۋە كېسەللەرنى داۋالاشتا تىبىي دورىلار، زامانىۋى دوختۇرخانا ۋە دوختۇرلارغا ئاساسلىنىپ، كېسەللىرىنى داۋالاپ كۆرۈپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ساقايماسلىقتىن ئەندىشە قىلغاندا، ئاندىن «رۇقىي شەرئىي» ئىسىگە كېلىدۇ-دە، رۇقىي ئوقۇيدىغان موللا ئىزدەشكە باشلايدۇ. يەنە كېلىپ، شەرىئەت كۆرسەتكەن توغرا رۇقىي ئوقۇماستىن پالچى، رامبال، خۇراپاتچى، سېھىرگەر ۋە باخشىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، كېسەلگە شىپالىق ئىزدەيدۇ. بۇنداق بىر ئىنچىكە ئەھۋال ئاستىدا بىز ھەقىقىي رۇقىي ئوقۇيدىغانلار بىلەن ئالدامچى، مەككارلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك. «رۇقىي شەرئىي» ئوقۇيدىغان ئالىملار ھەقىقىي

[1] سۈرە فۇسسىلەت: 44 ـ ئايەت

رەببانىي ئالىملار بولۇشى كېرەك. ئەمما رۇقىينى كېسەل داۋالاش قورالى قىلىپ، ھېچ ئىش قىلماستىن رۇقىي ئوقۇشنى ئۆزىگە بايلىق توپلاش ۋاستىسى ۋە كەسىپكە ئايلاندۇرىۋالغانلارنىڭ ئوقۇغان رۇقىيسى، تەسىر قىلماسلىقى، ئەكسىچە زىيان ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

بەزىلەر كېسەلدىن ساقىيىش ۋە كۆز تېگىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، چۈشىنىكسىز تۇمارلارنى ئېسىپ قويىدۇ. بۇنداق ئىشلار شەرىئەت چەكلەيدىغان خاتا يوللاردۇر. بەزى كېسەللەرنى جىن چاپلىشىۋاپتۇ، ئۇنى چىقىرىمىز، دېگەن باھانە بىلەن باغلاپ، ئۇرۇپ، جىسمانىي جەھەتتىن بەدەنلىرىنى يارىلاندۇرۇپ، قىلمىغانلىرى قالمايدۇ. بۇنداق قىلمىشلارمۇ ئىنتايىن خاتا قىلمىشلاردۇر. ئەنە شۇنداق قىلىقلارنى سادىر قىلغانلار ئۆزىنى رۇقىيچى ئالىم سۈپىتىدە كۆرسەتسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئالدامچى، قويمىچىلاردۇر. ئەگەر سىز دىنىي تونۇغا ئورنىتىۋېلىپ، رۇقىي ئوقۇپ جان باقىدىغانلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلسىڭىز، ئۇلار رۇقىينى تىجارەتكە ئايلاندۇرىۋالغانلار ئىكەنلىكىنى چۈشىنىسىز. ئۇنداقلارنىڭ ئوقۇغان رۇقىيلىرى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. ئاياللار دۇنياسىغا قارايدىغان بولسىڭىز، بۇنداق ئىشلارغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىسىز. پالچى، رامبال ۋە باخشىلارنىڭ بازار تاپقان بىر ئەھۋالنى بايقىمىقىڭىز قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

ھەقىقىي «رۇقىي شەرئىي» نىڭ 3 تۈرلۈك شەرتى بار؛ بىرىنچىسى: ئاللاھنىڭ ئىسمى سۈپەتلىرى ۋە ئايەتلىرى بىلەن رۇقىي ئوقۇش. ئىككىنچىسى: ھەممە ئادەم چۈشىنەلەيدىغان ئەرەب تىلىدا ئوقۇش. ئۈچىنچىسى: رۇقىينىڭ ئۆزى تەسىر قىلمايدۇ بەلكى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ئاللاھ ئۆزى شىپالىق بېرىدۇ، دېگەن ئەقىدىنى تۇرغۇزۇش.

رۇقىي ئوقۇتۇشنى خالىغانلار باشتا زىكىر قىلىنغاندەك ھەقىقىي رەببانىي ئالىملارنىڭ قېشىغا بېرىپ، شۇلارنىڭ رۇقىيسىنى ئوقۇتۇش كېرەك. چۈنكى ئوسمان ئىبنى ئەبىلئاس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ جىسمىدا قاتتىق ئاغرىق بارلىقىدىن شىكايەت قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاغرىقىڭنى ئاغرىق بار ئورۇنغا قويغىن، بىسمىللاھنى ئۈچ قېتىم، ئەئۇزۇ بىللاھى ۋە قۇدرەتىھىي مىن شەررى ما ئەجىدۇ ۋە ئۇھازىرۇ، دېگەن

دۇئانى 7 قېتىم ئوقۇ» دېگەن.

دېمەك، رۇقىي ئوقۇش خاتا ئەمەس، لېكىن رۇقىي ئارقىلىق خاتالىشىش، ئەقىدىگە ۋە ئەخلاققا زىت خاتالىقلارنى سادىر قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! كېسەللەرگە داۋا قىلىڭلار، لېكىن ھارام بىلەن داۋالىماڭلار» دېگەن.

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ قَدۡ جَآءَتۡكُم مَّوۡعِظَةٞ مِّن رَّبِّكُمۡ وَشِفَآءٞ لِّمَا فِي ٱلصُّدُورِ وَهُدٗى وَرَحۡمَةٞ لِّلۡمُؤۡمِنِينَ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن نەسىھەت بولغان، دىللاردىكى دەرتكە (يەنى شەك ۋە نادانلىققا) شىپا بولغان، مۆمىنلەرگە ھىدايەت ۋە رەھمەت بولغان (قۇرئان) كەلدى﴾[1].

[1] سۈرە يۇنۇس: 57 ـ ئايەت.

# ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا خالىغانچە باھا بەرمەسلىك كېرەك

دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

2011 – يىلى 1 – ئاينىڭ 29 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماستىن ئامىمنىڭ مەنپەئەتلىرىگە زىيان سالغانلارنى جازالاش ۋاجىپ، ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا خالىغانچە باھا بەرمەسلىك كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بىلىم ئىگەللىۋاتقان ئوقۇغۇچى ھەقىقىي دەلىل-ئىسپاتقا ئىگە بولماستىن سۆزلىمەسلىكى ۋە پەتىۋا بەرمەسلىكى لازىم. دوختۇر كېسەلگە دىئاگنوز قويالمىسا، داۋالىماسلىقى كېرەك. يازغۇچىلار ۋە ئالىملارنىڭ سورۇنلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ پەتىۋا بېرىشكە ئۇرۇنماسلىقى كېرەك. ھەر بىر شەخس ئۆزىنىڭ كىملىكى ۋە ئورنىنى بىلىشى ھەمدە ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا قوشۇق سېلىپ، ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلىماسلىقى ۋە شەرىئەتكە خالىغانچە تىل ئۇزارتماسلىقى كېرەك. ئىنسانلار ئېغىزىدىن چىققان ھەر بىر كەلىمە ھەققىدە ئاللاھتىن قورقىشى لازىم.

بىز ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھاكىمنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنىشىمىز، دوختۇرنىڭ دوختۇرلۇقىغا ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئىقتىسادشۇناسنىڭ ئىقتىسادى قاراشلىرىغا

ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. خۇلاسە قىلغاندا، ھەممە تەرەپ بىر-بىرىگە نەسىھەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىنىدۇ، ئۆز ئارا مۇناسىۋەتكە چاقىرىدىغان ئۇلۇغ شەرىئەت، بىزلەرنى بىر يەرگە توپلىشى كېرەك. بىر كەسىپتە ماھارەت ھاسىل قىلغان ۋە مۇتەخەسسىس بولغان ئىختىساس ئىگىسى شۇ كەسىپتە خاتالاشمايدۇ ۋە مۇكەممەل دېگەنلىك ئەمەس، چۈنكى ھەقىقىي كامالەت ۋە خاتالاشماسلىق، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا خاستۇر. لېكىن ھەقىقىي خاتالىق ئىختىساس ئىگىسى بولغان ۋە مەسئۇلىيەت تاپشۇرۇۋالغان ئادەم، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماستىن خاتالاشقان تەقدىردە، ئۇنىڭدىن ھېساب ئالماسلىقتۇر. بولۇپمۇ مەسىلە مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرى زىيانغا ئۇچرىغان تەقدىردە شۇ زىيانغا سەۋەب بولغانلار ھېساب بېرىشى، ۋاقتى كەلگەندە جازاغا تارتىلىشى كېرەك. مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى دېگىنىمىزدە دىنىي بولسۇن ياكى دۇنيالىق بولسۇن ئوخشاشتۇر.

بىر قانچە كۈن ئىلگىرى كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىز ۋەيران قىلغۇچ كەلكۈن ئاپىتىدە جان، ماللىرىدىن ئايرىلىپ شەھەر قۇرۇلۇشىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغان مەسئۇللارنىڭ قۇربانى بولدى. ئىش ئىگىلىرى خىزمەتچىلەرگە تاپشۇرغان خىزمەتلەرگە خىيانەت قىلىپ، مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلماستىن ئىنسانلارنىڭ جانلىرى ۋە ماللىرىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان سالدى. بۇنداق مەسئۇللار كىم بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ھېساب ئېلىنىشى ۋە تېگىشلىك جازاغا تارتىلىشى كېرەك. بۇنداق چوڭ بىر پاجىئەدە ھەر كىم مەسئۇلىيەتتىن قاچسا، شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنى پىلانلاشتا خاتالاشقانلار مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرسا، ئۇنداقتا يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنىڭ مەسئۇلى كىم بولىدۇ؟

ئىنسانلار ئىختىلاپلاشقان ھەرقانداق مەسىلىنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەت ئىلاھىي قانۇنغا توغرىلاپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك.

قارايدىغان بولساق، خەلق ئاممىسى بولسۇن، گېزىتلاردا كۈنلۈك ماقالە يازغۇچىلار بولسۇن، ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ دىنىي ۋە دۇنياۋىي مەسىلىلەردە

ھاكىمغا، ئالىمغا ۋە ئىسلاھاتچىلارغا خالىغانچە تىل ئۇزارتىدىغان، يازغان، سۆزلىگەنلىرىدە قانۇن ۋە ئەدەپ-ئەخلاقنى رىئايە قىلمايدىغان ئەھۋاللارنى كۆرمەكتىمىز. ئىش ئىگىلىرى بولغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىلىمىگە ھۆرمەت قىلىشمۇ يوق. خالىغان ئادەم خالىغان ماۋزۇدا ئەقلىگە كەلگەننىڭ ھەممىنى سۆزلەۋاتىدۇ، ۋاھالەنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر بىر ھەق ئىگىسىگە ئۆز ھەققىنى بېرىڭلار» دېگەن.

ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلاپ، ھەممىنى بىلىدىغاندەك دىنىي ۋە دۇنياۋىي ئىشلارغا قارىتا مۇپتىدەك پەتىۋا بېرىدىغان، دوختۇردەك دىئاگنوز قويىدىغان، ئىقتىسادشۇناستەك سۆزلەيدىغان ۋە مۇتەپەككۇردەك جۆيلۈيدىغان ئىنسانلار كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ پەقەتلا گېزىتلەرنىڭ بۇرجىكىدىن ئورۇن بېرىلگەن مەسئۇلىيەتسىز يازغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغانلاردۇر. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا ئارىلىششى، شۆھرەت قازىنىش ۋە جاسارەتلىك دېگەن نام-نىشانغا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر.

بىلىش كېرەككى، پەقەت ئىسلام شەرىئىتىدە ناقىسلىق ۋە خاتالىق يوق. قالغان بارلىق ئىنسانلار خاتالىشىدۇ، ياكى توغرا قىلىدۇ. ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ غەلبىلىرىگە ھۆرمەت قىلىش، زەپەر قازىنىشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. شۇنداق قىلغاندىلا جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە تەكشۈرۈلمىگەنلىكى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ ھەمدە ھېچكىم-ھېچكىمگە تاجاۋۇز قىلمايدۇ. بارلىق ئىشلاردا بىزنىڭ مىزانىمىز ۋە ئەندىزىمىز قۇرئان ھەدىس بولۇشى كېرەك.

# غەيۋەت قۇرئان ھەدىسنىڭ روھى بويىچە كەسكىن ھارامدۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن ھۇمەيد

2011 – يىلى 2 – ئاينىڭ 5 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈلۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«غەيۋەت قۇرئان ھەدىسنىڭ روھى بويىچە كەسكىن ھارامدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

جەمئىيەتتە ئەڭ خەتەرلىك ۋە قەبىھ بىر ئىللەت بولۇپ، ئۇبولسا، دىيانەتنىڭ ئاجىزلىقى، تەقۋالىقنىڭ كەملىكى ۋە دىندارلىق ئۇقۇمىدا خاتالىقنىڭ بارلىقىدۇر. دىننى خاتا چۈشىنىۋېلىش ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ۋە دىننى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلايدىغان ھالاكەتلىك ئىللەتتۇر. چۈشەنچىدە خاتالاشقان ئىنسانلار كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى كولاپ، تاتىلايدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ شەرىپىنى تۆكىدۇ. ئۇ ئەڭ ناچار خىسلەتلەردىن بىر خىسلەت ۋە جەمئىيەتتىكى بارلىق سورۇنلاردا كەڭ ئومۇملاشقان بىر ئىللەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچكىم مۇستەسنا ئەمەس. ئالىملار، ئاۋام كىشىلەر، ئەرلەر، ئاياللار، چوڭلار ۋە كىچىكلەر ھەممىسى ئورتاق مۇپتىلا بولغان ساقايماس كېسەللەردىن سانىلىدۇ. بۇ كېسەل جەمئىيەت ئالاقىسىنى بۇزىدۇ، مۇھەببەت ۋە ئۈلپەتنى بىتچىت قىلىدۇ، ئوتتۇرىدىن دوستلۇق ۋە قېرىندىشلىق ئالاقىلارنى قوغلاپ چىقىرىدۇ، ئىنسانلار ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە

ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدۇ، ئۇ بولسا «غەيۋەت» تىن ئىبارەت گۇناھى كەبىرە دۇر.

غەيۋەتتىن ئىبارەت بۇ گۇناھ، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلايدىغان، پاسىقلار ۋە ئاجىزلار قوللىنىدىغان قورالدۇر ھەمدە ئادەم گۆشى يەيدىغان پەسكەشلەرنىڭ ئۇزۇقلىنىش يايلىقىدۇر.

غەيۋەت قىلىش بولسا، ئۆز قېرىندىشىڭنىڭ گۆشىنى يېگەنلىكىڭ، قېرىندىشىڭنىڭ ئەيىبىنى كولاپ، ئۆزۈڭنى ياخشىچاق كۆرسىتىپ، قېرىندىشىڭنىڭ مەرتىۋىسىنى، ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشكە ئورۇنغانلىقىڭدىن ئىبارەت رەزىل ئىللەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەيۋەتنى چۈشەندۈرۈپ: «غەيۋەت، قېرىندىشىڭنى ئۇ يامان كۆرىدىغان نەرسە بىلەن تىلغا ئېلىشىڭدۇر» دېگەن.

غەيۋەت؛ تىل، سۆز، تەسۋىرلەش، ھەرىكەت، ئىشارەت، كۆز ئىشارىتى، قول ئىشارىتى ئارقىلىق سادىر بولىشى مۇمكىن. غەيۋەتنىڭ تۈرى ۋە ئۇسۇللىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ھەممىنى ئەسلەپ بولۇش قىيىن. غەيۋەتخورلۇق كېسەللىكە گىرىپتار بولغانلار دىندارلىق، ئەخلاق ۋە ئېپپەت-نومۇس قېلىپىدىنمۇ چىقىپ كېتىدۇ. غەيۋەتخورلار بەزىدە ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى زىكىر قىلغاندا خۇددى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان قىياپەتتە پالانىنى ئاللاھ كەچۈرسۇن، ئۇنداق قىلدىكەن، مۇنداق قىلدىكەن، تۆۋە دېمەك لازىم، دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن غەيۋەت قىلىدۇ. غەيۋەتنىڭ ئۇسۇلى نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇ غەيۋەتتۇر.

ئالىملار باشقىلاردىن يامان گۇمان قىلىشنىمۇ غەيۋەت قاتارىغا كىرگۈزگەن. گۇمان قىلغان بولساڭ، گۇمان بىلەن كىشىلەرگە باھا بەرمىگىن، غەيۋەتنىڭ ئۇسۇلىنىڭ چەك-دائىرىسى يوق، غەيۋەتنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاشمۇ قىيىندۇر.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى رەسۇلۇللاھ،! ئادەمدە بار ئىللەتنى دېسەممۇ غەيۋەت بولامدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدا بار ئىللەتنى دېسەڭ، غەيۋەت قىلغان بولىسەن، ئۇنىڭدا يوقنى دېسەڭ بۆھتان چاپلىغان بولىسەن» دېگەن.

قارايدىغان بولساق، ئىنسانلار كۆپلىگەن سورۇنلاردا، ئىنتېرنېت تورلىرى ۋە مۇنبەرلەر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىپچىشتىن تەپ تارتماستىن ئىغىزنىنى كەلسە-كەلمەس قويىۋەتكەن. بەزى تەقۋادار ۋە ياخشى مۇسۇلمان دەپ نام ئالغان كىشىلەرمۇ باشقىلارنىڭ غەيۋىتىدىن تىلىنى يىغالمايدۇ، ئۇ ئۇزۇن، بۇ قىسقا، ئۇ ئەخمەق، بۇ پاسىق، پالانى مۇناپىق، پۇستانى خائىن، دېگەندەك كىشىلەرنىڭ شەرىپىگە داغ تەككۈزىدىغان سۆزلەرنى تەپ تارتماستىن دەيدۇ. غەيۋەتنى قىلىشتا تىرىكلەر ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆلۈكلەرمۇ ساق قالمايدۇ.

غەيۋەت-شىكايەت مەجلىسلىرى پىتنە-پاسات ۋە بالايى-ئاپەت مەجلىسى بولۇپ، ئىنساننىڭ ياخشىلىقلىرىنى خۇددى ئوت ئوتۇننى يېگەندەك يەپ تۈگىتىدۇ. غەيۋەت، قۇرئان ھەدىسنىڭ ئوچۇق ھۆكمى بىلەن ھارامدۇر. ئىنساننىڭ تەبىئىتىمۇ غەيۋەتنى رەت قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجغا چىققاندا ئاسماندا ئىنسانلارنىڭ بەزىسى تۆمۈر تىرناقلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ يۈزلىرى، مەيدىلىرىنى تاتىلاپ، يۈزلىرىنى قىيما-ياما قىلغاننى كۆرگەندە، جىبرىل ئەلەيھىسسالامدىن ئۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىغان، جىبرىل: «ئۇلار ئادەملەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىپ، گۆشلىرىنى يېگەنلەر» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئىمام خۇتبىسىدە يەنە: ئەگەر غەيۋەتخور ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان بولسا، ئۇ غەيۋەت ئارقىلىق ئۆزى ۋە مەجلىس ئەھلىنى ھالاك قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. غەيۋەتخورنىڭ غەيۋىتىنى توسماستىن ۋە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلماستىن، غەيۋەتنى ئاڭلاپ لەززەتلىنىپ ئولتۇرغان ئادەم، غەيۋەتنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولغان بولىدۇ. مۇئمىن-مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىپىنى ساقلاش ۋە دىنىي قېرىنداشنىڭ شەرىپىنى غايىبانە ھىمايە قىلىش ۋاجىپتۇر. ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىپىنى مۇداپىئە قىلغان كىشىنىڭ يۈزىنى قىيامەتتە ئوتتىن ساقلايدۇ. قېرىنداشنىڭ ئەۋرىتىنى ئېچىشقا ئۇرۇنغانلارنىڭ ئەۋرىتىنى ئېچىپ، خالايىق ئالدىدا شەرمەندە قىلىدۇ. قانداق بىر ئورۇندا غەيۋەت ئومۇملاشسا، قېرىنداشلىق يوقىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ نومۇسى ئولتۇرۇشلارنىڭ ئىشتىھا بىلەن يەيدىغان مېۋىسى ۋە داستىخانلارنىڭ گۆشىگە ئايلانماسلىقى كېرەك. غەيۋەت مۇسۇلماننىڭ جىسمىنى خورىتىشتا قۇرتتىنمۇ ياماندۇر.

غەيۋەت قىلىش گۇناھى كەبىرە قاتارىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىنساننىڭ ياخشى ئەمەل، ناماز، روزا، زاكات، سەدىقە ۋە باشقا ھەسەناتلىرى كافارەت بولالمايدۇ. غەيۋەت قىلغان ئادەم گۇناھىغا تەۋبە قىلىپ پۇشايمان قىلىشتىن باشقا چارە يوقتۇر. غەيۋەت ئىنساننى ئىمان ۋە تەقۋالىقتىن يىراقلاشتۇرىدىغان ئىللەت بولۇپ، قانچە تەقۋادار كىشىمۇ غەيۋەتنى تاشلىمىسا، پاسىقلىق تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ. ھاكىمىيەت بېشىدىكى ۋەلى ئەمرلەر، سالىھ، پازىل، ئۆلىمالارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، تېخىمۇ ئېغىر گۇناھتۇر. غەيۋەت كۆپ بولغان جەمئىيەتتىن بەرىكەت كۆتىرىلىپ كېتىدۇ، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىپ قالايمىقانچىلىق پەيدا بولىدۇ.

ئەھلى ئىلىملار، زالىمنىڭ زۇلۇمىنى پاش قىلىدىغان، ئوچۇق-ئاشكارا گۇناھ-مەسىيەتلەرنى سادىر قىلىپ، جەمئىيەتكە يامان تەسىر بېرىدىغان، بىدئەت ۋە شېرىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، پىتنە ئۇرۇغىنى چاچىدىغان ئەخلاقسىزلارنىڭ يامانلىقلىرىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن، ياخشى نىيەت بىلەن سۆزلەنگەن سۆزلەرنى غەيۋەت قاتارىدىن سانىمىغان. ئەمما شۇنداقتىمۇ زالىم، گۇناھكار ۋە ئەخلاقسىزلارنىڭ ئەيىپى بەشرىسىنى ئېچىشتىن بۇرۇن، تۆھمەت قىلىپ سالماسلىق ئۈچۈن تەكشۈرۈپ كۆرۈش كېرەك. ئەگەر گۇناھكارلارنىڭ ۋە زالىملارنىڭ زۇلۇملىرىغا قارىتا گۇمانى قاراش بولىدىغان بولسا، سۈكۈت قىلغان ئەۋزەلدۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى غەيۋەت-شىكايەتتىن ساقلىسۇن، ئامىن!

# ئىسلام نېمىتىدىن قالسا ئەڭ بۈيۈك نېمەت نەسىھەت نېمىتىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللا خەييات

2011 – يىلى 2 – ئاينىڭ 11 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتىگەن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلام نېمىتىدىن قالسا ئەڭ بۈيۈك نېمەت نەسىھەت نېمىتىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ بۈيۈكى، ئاللاھنىڭ دىنىغا ھىدايەت قىلىش نېمىتى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى 2- بۈيۈك نېمەت، سادىق ۋە سەمىمىي نەسىھەتچى ئالىملارنىڭ نەسىھىتىدۇر. سەمىمىي ئالىملار ئۆزىنىڭ دىنى قېرىنداشلىرىغا ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە دىندىكى ياخشى يامان ئىشلارنى ئەسلىتىش ئارقىلىق نەسىھەت قىلىدۇ. ئالىملار بولسا، جامائەتكە دىنىنىڭ ھەقىقىتى، توغرا-خاتا ئىشلار، ئاپەت ۋە ھالاكەتنىڭ ئامىللىرىنى ئەسلىتىپ، ئاگاھلاندۇرىدۇ. نەسىھەت قىلىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە نىيەتنىڭ خالىسلىقى ۋە سەمىمىيەتتۇر. نەسىھەتنى قوبۇل قىلىش، خاتالىقنى تونۇش بولسا ئالىجاناپلىق، ئىسىل سۈپەت، ئەقلىنىڭ كامالىتى ۋە قەلبىنىڭ پاكلىقىدۇر.

ئادەمدە كەمچىلىك بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى ئىنسان خاتالىشىدۇ ۋە خاتالىق داۋاملىق يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئەمما خاتالىقنى تونۇش، ئاللاھنىڭ

پەزىلى ئارقىلىق بولمىسا، خاتىلىقنى ئىپتىراپ قىلىش ئېخىمۇ قىيىن، شۇڭا خاتالىقنى تونۇش ئۈچۈن ھەقىقىي نەسىھەتچى ئالىملارغا موھتاجمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەسىھەتنىڭ مۇھىملىقىدىن خەۋەر بېرىپ، تۆۋەندىكى ھەدىسنى بىزلەرگە يەتكۈزگەن: «دىن نەسىھەتتۇر»، ساھابىلار، ئى رەسۇلەللاھ! كىم ئۈچۈن نەسىھەت؟ دېگەندە؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىملىرى ۋە ئاممىۋى خەلق ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشتۇر» دېگەن.

نەسىھەتنىڭ مەنىسى بولسا، ئاللاھنىڭ تەۋھىدى، ئىسىم ـ سۈپەتلىرى، بارلىق مەخلۇقلارغا ئاللاھنىڭ رىزىق بەرگۈچى، تىرىلدۈرگۈچى، ئۆلتۈرگۈچى ئىكەنلىكى ۋە خالايىقنى ئۆز نېمىتى بىلەن تەربىيەلىگۈچى ئىكەنلىكىگە نەسىھەت قىلىشتۇر. ئاللاھنىڭ كىتابىغا نەسىھەت بولسا، كىتابنى ئۆگىنىش، باشقىلارغا ئۆگىتىش، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، ئۇنى ھەرىپمۇ ـ ھەرىپ تەتبىقلاش، بەلگىلىمىلىرىنى ھىمايە قىلىش، دۈشمەنلەرنىڭ سۈيىقەستلىرىدىن ھىمايە قىلىش ۋە جاھىللارنىڭ بۇرمىلاشلىرىدىن ھىمايە قىلىش دېگەنلىكتۇر. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىش بولسا، رەسۇلۇللاھقا مۇھەببەت قىلىش، ئىتائەت قىلىش، سۈننىتىگە ئەگىشىش، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆگىتىش، ئەمەل قىلىش، ئۇنىڭ سۆزىنى باشقا ھەر قانداق مەخلۇقلار نىڭ سۆزى ئۈستىگە قويۇش بىلەن بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىغا نەسىھەت قىلىش بولسا، ئۇلارغا ياردەملىشىش، غەپلەتتىن ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇش، ئۇلار ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرۇش بىلەن بولىدۇ.

نەسىھەتنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى شۇنداق چوڭكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ساھابىلارغا ئاللاھ يولىدا نەسىھەت قىلىشنى شەرت قىلاتتى. نەسىھەت بولسا، سەممىيەت ـ ساداقەتسىز تەسىر قىلمايدۇ. نەسىھەت قىلغۇچى ئالىم، ياكى ھەر قانداق بىر شەخسنىڭ نىيىتى خالىس بولىشى، كىشىلەرگە مېھرىبان بولىشى، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇندا قويالىشى، نىجاتلىق يولىغا باشلىيالىشى، ئىشلارنىڭ سىرلىرىنى

بىلىشتە ھېكمەتلىك بولىشى، ئىشلارنى ئىلگىرى-كېيىن قىلماسلىقى ۋە بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىيانلىرىنى ئېتىبارغا ئېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

نەسىھەتچى، جامائەتنىڭ ياكى نەسىھەت قىلىنماقچى بولغان شەخسنىڭ ئىناۋىتىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنماسلىق، مۇلايىم بولۇش ۋە دىلغا ئازار بەرمەسلىكى كېرەك. ئىلگىرىكى سەلەف ئالىملىرى نەسىھەتچىنىڭ ھەقىقىتىنى چەشەندۈرۈپ، مۇنداق دېگەن: بىلىڭكى، سىزگە نەسىھەت قىلغان كىشى، سىزنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىن نەسىھەت قىلىدۇ، سىزنى ئۆچ كۆرگەن كىشى نەسىھەت قىلمايدۇ، نەسىھەت قىلغان تەقدىردىمۇ توغرا نەسىھەت قىلمايدۇ. نەسىھەت ئارقىلىق كېسەلنىڭ ھەقىقىتى ئاشكارىلىنىدۇ ۋە دورىسى مۇئەييەنلىشىدۇ. نەسىھەت مۇئمىننىڭ قورالىدۇر ۋە مەنىۋى كېسەلگە شىپادۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى مۇسۇلمانلارغا نەسىھەت قىلىدىغان، ھەققە تەۋسىيە قىلىدىغان، باتىلدىن ئاگاھلاندۇرىدىغان ۋە نەسىھەت قوبۇل قىلىدىغانلار قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن!.

# ھەقىقىي مېھرى-مۇھەببەت ئېسىل خىسلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشى

ئۇستاز دوكتور/ ئابدىرەھمان سۇدەيس

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈلۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھەقىقىي مېھرى-مۇھەببەت ئېسىل خىسلەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشى، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى «مەھبۇب» تۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ «ئاللاھنىڭ ھەبىبى» دەپ ماختالغان» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بىز ياشاۋاتقان ئۆزگىرىشچان زامان، تۈرلۈك كىرىزىسلار، پىتنە-پاساتلار ۋە چاقماق تېزلىكىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئارىسىدا ئىنسانىيەت موھتاج بولىۋاتقان نەرسە، ئالىي جانابلارنىڭ، شەرەپ ئىگىلىرىنىڭ ۋە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئېسىل سۈپەتلىرىدىن بىرى بولغان «مۇھەببەت» سۈپىتىدۇر. مۇھەببەت ھەر بىر ئىنساننىڭ قەلبىگە ئورنىسا، ئەتراپقا ئىللىق ۋە مېھرىبانلىق تارقىلىدۇ، قەلبلەر تەسكىن تاپىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىدىن بىرى «مەھبۇب» دۇر. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئەنە شۇ مەھبۇب يەنى سۆيۈملۈك دېگەن نام بېرىلگەن. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە پەم-ئىدراك خۇسۇسىيىتىنى ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىق گۇمراھلىقتىن قۇتۇلدۇرغان، ھەقىقىي مۇمىنىنىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ

مۇھەببىتى، قۇرئان مۇھەببىتى ھەمدە ئېسىل ئەخلاقلار مۇھەببىتى ئورۇن ئالغان.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنۇ ئايەتتە مۇئمىنلەرنىڭ خىسلەتلىرىنى شۇنداق بايان قىلغان: ﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَندَادًا يُحِبُّونَهُمۡ كَحُبِّ ٱللَّهِۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَشَدُّ حُبًّا لِّلَّهِۗ وَلَوۡ يَرَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوٓاْ إِذۡ يَرَوۡنَ ٱلۡعَذَابَ أَنَّ ٱلۡقُوَّةَ لِلَّهِ جَمِيعًا وَأَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعَذَابِ﴾ ﴿بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۆمىنلەرنىڭ) ئائاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۆمىنلەر ائاللاھنى ھەممىدىن بەك دوست تۇتقۇچىلاردۇر، زالىملار (قىيامەت كۈنى ئۆزلىرىگە تەييارلانغان) ئازابنى كۆرگەن چاغدا پۈتۈن كۈچ- قۇۋۋەتنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئازابىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى (دۇنيادا ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكلىرىگە ھەددىدىن زىيادە پۇشايمان قىلاتتى)﴾[1].

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلىپ: «سىلەر بىر-بىرىڭلارنى دوست تۇتمىغۇچە مۇئمىن بولالمايسىلەر» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشەببۇس قىلغان ئەنە شۇ دوستلۇق ۋە مۇھەببەت ئاساسىغا قۇرۇلغان جەمئىيەت ھەقىقىي مۇستەھكەم جەمئىيەت بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىگە مۇھەببەت قىلىشى ۋە دوستانە مۇئامىلىدە بولىشى، ئۇممەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنى چەتكە قايرىپ قويغان مىللەتنىڭ بېشىغا تۈرلۈك مۇسىبەت ۋە پىتنە-پاساتلار كېلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «كىمدە 3 تۈرلۈك خىسلەت تېپىلىدىكەن، ئۇ ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايدۇ: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دۇنيادىكى بارچە نەرسىلەردىن ئۇنىڭغا سۆيۈملۈك بولۇش. ھەركىمنى ياخشى كۆرسە، ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش. ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، كۇفرىغا قايتىشنى ئوتقا تاشلانغاندىنمۇ بەكرەك يامان كۆرۈش» .(بۇخارى،مۇسلىم)

[1] سۈرە بەقەرە: 165 ـ ئايەت

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى دوست تۇتۇش، ئەڭ كاتتا ۋە ئەڭ شەرەپلىك دوستلۇقتۇر. ئاللاھنى گۇۋاھچى قىلىمىزكى، ئاللاھنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىمىز، ئاللاھنىڭ رەسۇلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى چىن دىلىمىزدىن ياخشى كۆرىمىز. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ مۇھەببىتى قەلبىمىزدە ئۆز جېنىمىز، بالىلىرىمىز، ئاتا-ئانىمىز، بەلكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن تۇرىشى كېرەك. ئاللاھنى ياخشى كۆرگەن كىشى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەمەل قىلىدۇ، چەكلىمىسىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ. ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرگەن كىشى، ئۇنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ ۋە بىدئەت-خۇراپاتلاردىن يىراق بولىدۇ.

دوستلۇق-مۇھەببەتنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى، ئاتا-ئانا بىلەن باللار، ئەر-خوتۇنلار، ئائىلە ئەزالىرى، بىر تۇققانلار ئوتتۇرىسىدا بولغان دوستلۇقتۇر. ئائىلىنىڭ بەخت-سائادىتى ئەنە شۇ دوستلۇق-مۇھەببەتكە باغلىق. ئەتراپىتىكى مۇھىت ۋە تىلۋىزور قانالىلىرىدىكى ئاپەتلەر سەۋەبىدىن، كۆپلىگەن ئائىلىلەردە مېھرى-مۇھەببەت يوقالغان. جەمئىيەتتىكى يازغۇچىلار، ئالىملار ۋە تەشۋىقاتچىلار بىردەك دوستلۇق مەدەنىيىتىنى ئىنسانلار قەلبىدە گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىش كېرەك. يامان نىيەتلىك كىشىلەر جەمئىيەتتە پىتنە-پاسات ئۇرۇغىنى چېچىش ئارقىلىق، ياشلارنىڭ قەلبىنى ئوغرىلاش بىلەن ھەقىقەتنى بۇرمىلاشقا ۋە جەمئىيەت رىشتىسىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنماقتا.

ئىنسان قەلبىدە بولۇشقا تېگىشلىك يەنە بىر مۇھەببەت ۋەتەن مۇھەببىتىدۇر. ۋەتەنگە مۇھەببەت بولمايدىكەن، ۋەتەننىڭ گۈللىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەتەنگە مۇھەببەت بولمايدىكەن شەرەپ، ئامانلىق، ئادالەت، تۆزۈم ۋە خاتىرجەملىك تۇرغۇزىلىشى مۇمكىن ئەمەس. يۇقىرىقى خىسلەتلەرنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسلىق شەرتى، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆلچەم قىلىشتۇر. ئاللاھنىڭ دىنىنى ئىجرا قىلىش، بۆلۈنۈش، جىدەل-ماجىرا ۋە ئاداۋەتلەردىن يىراق بولۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ھەقىقىي ۋەتەن پۇقراسى بولۇشنىڭ شەرتى، ۋەتەننىڭ مەنپەئەتلىرىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشتۇر. شۇئار توۋلاپ، يوللارغا چىقىۋېلىپ، ئامما مال-مۈلۈكلىرىنى ۋەيران قىلىش، ئوت قويۇش ۋە ئۇرۇپ-چېقىش ئارقىلىق

قولغا كەلمەيدۇ. ياخشى پۇقرا داۋاملىق ۋەتىنىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئامىنىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يېتىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك. پۇقرالارنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئەقىل، ھېكمەت ۋە ھوشيارلىق بىلەن ھەل قىلىشقا تىرىشىش لازىم.

ئاللاھ ئىككى ھەرەم زېمىنى ۋە باشقا مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىنى بارلىق پىتنە-پاساتلاردىن، ياتلارنىڭ سۇيىقەستى ۋە بالا-مۇسىبەتلەردىن ساقلىسۇن، ئامىن!.

# ھازىرقى زاماندا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ مىڭ تۈرلۈك يولى بار

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

2011 - يىلى 5 – ئاينىڭ 22 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھازىرقى زاماندا ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ مىڭ تۈرلۈك يولى بار» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بىز ياشاۋاتقان زامان تەرەققىيات ۋە تېخنىكا ئەڭ تەرەققىي قىلغان زامان بولۇپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، ھەر تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە يوللار بار. ئىسلام ئۈممىتىنى ھازىرقى ھۇشسىز ۋە جانسىز ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بولۇپ، ئىلگىرىكى سەلەف ـ سالىھلار بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىسلامنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشقان. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرمەستىن، بۇنداق بىر گۈللىنىشكە يېتىش مۇمكىن ئەمەس.

ھازىرقى زامان پىتنە ـ مۇسىبەتلەر، داۋالغۇشلار ۋە گۇناھ ـ مەسىيەتلەر كۆپ سادىر بولىدىغان زامان بولۇپ، ئۈممەت قەلبىگە ئۈمىتسىزلىك، ئاجىزلىق ۋە خارلىق تۇيغۇسى چاپلىشىۋالغان، شۇڭا ئىنسانلار بۇ دۇنيانىڭ سىناق ـ

ئىمتىھان دۇنياسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇغان. دەۋەت ۋە ئىسلاھات يولى بولسا، مۇشەققەتلىك ۋە ئۇزۇن يول بولۇپ، بۇ يولدا تۈرلۈك بالايى-مۇسىبەتلەر، كۆتۈلمىگەن دەرت-ئەلەملەر ۋە خورلۇق-كەمسىتىشلەرگە دۇچ كېلىش تەبىئىي ئەھۋال. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھنىڭ يولىغا ماڭغان ئىكەنمىز، توسالغۇلار، ئازارلار ۋە ھەرتۈرلۈك زەربىلەرگە ئۇچرىشىمىزمۇ نورمال ئەھۋال. شۇڭا ئەڭ مۇھىمى بارلىق توسالغۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يېڭىپ چىقىشىمىز كېرەك.

نۇھ ئەلەيھىسسالام دەۋەت يولىدا ئىنسانلارنى 950 يىل ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرىپ، ئاران 80 گە يېقىن ئادەم ئىمان ئېيتقان. ئىبراھىم خەلىلۇللاھ ئوتقا تاشلانغان، ئىسمايىل ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق ئۈچۈن بوينىغا پىچاق سۈركەلگەن، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەرزان باھادا قۇللۇققا سېتىۋېتىلگەن ۋە ئۇزۇن يىللار تۈرمىدا يېتىشقا رازى بولغان. زەكەرىيا ئەلەيھىسسالام ھەرە بىلەن ھەرىدىلگەن. يەھيا ئەلەيھىسسالام بوغۇزلانغان، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئۇرۇپ قىينالغان. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا، تۈرلۈك ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە دۇچ كەلگەن، مەجنۇن، سېھىرگەر دەپ تۆھمەت قىلىنغان، يۇرتىدىن پالانغان، ئەگەشكۈچىلىرى ئازابلانغان، ئۆلتۈرۈلگەن، ھەتتا ئازابلىق يىللاردىن بىرسى «غەم-قايغۇ يىلى» دەپ نام بېرىلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەر شۇنچە ئېغىر ۋە ئەلەملىك بولۇشىغا قارىماي، دەۋەت يولىدا بىر مىنۇتمۇ بوشاشماستىن، ئىرادىسى مۇستەھكەم ھالدا، روھلۇق ۋە جانلىق ئىلگىرىلەپ، ئاخىرى غەلىبە قىلغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ئەھۋاللىرىدا نەسىھەتچى، ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى يەتكۈزگۈچى، مۇئەللىم ۋە رەھىمدىل پەيغەمبەر ئىدى. ئالىملار بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. ھەقىقىي ۋارىس بولغان ئالىم، ئەنە شۇ مىراستىن نېسىۋىسىنى ئالماي مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەرلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا-مۇسىبەتلەر ئالىملارنىڭمۇ بېشىغا كېلىشى تەبىئىي. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن رەببانىي ئالىملارنىڭ مىسالىنى كەلتۈردى. بۇنداق مىساللارنى كەلتۈرۈشتىن مەقسەت، بىز مۇئمىنلەرنى ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئىمان كارۋىنىغا ئۇلاش ۋە مۇئمىنلەر ئارىسىدا يېقىنلىق

مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلاشتۇر.

شۇ ھەقىقەتنى بىلىش كېرەككى، ئەقىدە ۋە ئىمان يولى ھەر زامان ئوخشاشلا تىكەنلىك يولدۇر. ھەقىقىي رەببانىي ئالىملار بالا-مۇسىبەتلەر قانچە ئېغىر بولسىمۇ قىلچە بوشاشماي، كۈرەش يولىدا مۇستەھكەم ماڭىدۇ، يىغلاپ-قاخشىمايدۇ ۋە دۈشمەنلەرگە قەتئىي تەسلىم بولمايدۇ، مەسئۇلىيەتتىنمۇ قاچمايدۇ. ئاللاھ يەر يۈزىدىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنى رەببانى بولۇشقا چاقىرىدۇ، رەببانىي ئالىمنىڭ، رەببى بۇيرىغان ھەر قانداق بۇيرۇققا بويسۇنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ إِنَّ صَلَاتِى وَنُسُكِى وَمَحْيَاىَ وَمَمَاتِى لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت-ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر﴾[1].

رەببانىي مۇسۇلمان ئاللاھ نېمىگە بۇيرىسا، شۇنى بىجانىدىل ئىجرا قىلىدۇ، نېمىدىن توسسا دەرھال قول ئۈزىدۇ. مۇسىبەت كەلسە يىغلاپ-قاخشىماستىن سەۋر قىلىدۇ، خاتالىشىپ قالغان تەقدىردە دەرھال ئاللاھقا يېلىنىپ تەۋبە-ئىستىغفار قىلىدۇ. ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە رەببانىي ئالىملارنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَ كَأَيِّنْ مِنْ نَبِيٍّ قاتَلَ مَعَهُ رِبِّيُّونَ كَثِيرٌ فَما وَهَنُوا لِما أَصابَهُمْ فى سَبيلِ اللّٰهِ وَ ما ضَعُفُوا وَ مَا اسْتَكانُوا وَ اللّٰهُ يُحِبُّ الصّابِرينَ﴾ ﴿نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگوي ئالىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى. ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ﴾[2].

ھەقىقىي ئالىملار، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار خىزمەتنى بىجىرىدۇ، قۇرئان ھەدىسىنىڭ روھىنى يەتكۈزىدۇ، چوڭلاردىن بۇرۇن كىچىكلەرنى تەربىيلەيدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ھېكمەتلىك كىشىلەر ئالىملاردۇر»، مەزكۇر خىتابلار

[1] سۈرە ئەنئام 162 - ئايەت

[2] سۈرە ئال ئىمران: 146 - ئايەت.

بارلىق مۆئمىنلەرگە ئىمام بولۇپ، ھەر بىر شەخس ياخشىلىق تەشۋىقاتچىسى بولۇش كېرەك.

دېمەك، ئۈممەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ئالىملارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ. مۆئمىنلەر باشقىلارغا ئۈلگە بولغۇدەك سەۋىيەدە ئىلىم ئىگىسى ۋە ئەخلاق ئىگىسى بولمىسا، يەر يۈزىدە ئورۇنباسارلىققا يارىمايدۇ.

راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ كەتكەن ئادەم، ئىتائەت مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيدۇ، بىز ئىنسانلار بۇ دۇنيادا مەڭگۇ ياشاش ئۈچۈن يارىتىلمىدۇق، بۈيۈك بىر مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلدۇق. سىلەرنى دۇنيا ھاياتى مەغرۇرلاندۇرمىسۇن، ئاخىرەتتىن بىپەرۋا قىلمىسۇن. پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرى ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ ئارقىسىغا كىرمەيدۇ. زىيان-زەخمەتلەرنىڭ كۆپلىكىدىن ئۈمىتسىزلەنمەڭلار! پاسىقلارنىڭ مۇشتۇمزورلۇقىدىنمۇ ئۈمىتسىزلەنمەڭلار! سىلەر ھىدايەت تاپساڭلار، ئۇلارنىڭ پاسىقلىقى ۋە زالىملىقى سىلەرگە زىيان قىلمايدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى رىسالەت دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە ئارام تاپمىغان ۋە يولى راۋان بولمىغان. چۈنكى، بالا-مۇسىبەت ۋە سىناق-ئىمتىھانلار ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىدۇر. مۇسۇلمانلار قاچان بوشىشىپ، بىخۇتلىشىپ قالىدىكەن، شەيتان دەرھال ئارىغا كىرىپ، ھەقىقەتتىن ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ھەقىقىي مۇسۇلمان تەقۋالىققا ئالدىرايدۇ، ھەقىقىي مۆئمىن ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيىتىنى ئىشقا سالىدۇ.

ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرىشنىڭ مىڭلىغان يولى بار بولۇپ، قايسى ۋاقىت، قايسى يول، قايسى ئۇسۇل مۇناسىپ بولسا، شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق دەۋەت قىلىش كېرەك. زامان، ماكان ۋە شارائىت ئېتىبارى بىلەن دەۋەتنىڭ ئۇسۇلىمۇ ئۆزگىرىشى كېرەك. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا قانچە ئېغىر كۈلپەت كەلسۇن، دەۋەت ئۈچۈن شارائىت يار بەرمەي قېلىشى ۋە چىقىش يولى يوق بولىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھ بىزلەرنى توغرا يولدا ماڭغانلار، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغانلاردىن قىلسۇن..

# شەيتان ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى، شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىڭلار

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللا خەييات

(-3-2011)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«شەيتان ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى، شۇڭا شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىڭلار» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئەقىللىق ۋە ئاڭلىق كىشىنىڭ خىسلىتى، دۈشمەنىنىڭ ھىلە-مىكرىدىن ئاگاھ بولۇشتۇر. دۈشمەنىنىڭ خەتىرىنىڭ چوڭ-كىچىك بولىشى، دۈشمەنىنىڭ كىملىكى ۋە كۈچىگە باغلىق. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە زىكىر قىلغان ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەنىنىڭ كىملىكى قۇرئان كەرىمنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىدە نامايەن بولىدۇ: ﴿إِنَّ ٱلشَّيۡطَٰنَ لَكُمۡ عَدُوّٞ فَٱتَّخِذُوهُ عَدُوًّاۚ إِنَّمَا يَدۡعُواْ حِزۡبَهُۥ لِيَكُونُواْ مِنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ﴾ ﴿شەيتان ھەقىقەتەن سىلەرگە دۈشمەندۇر، ئۇنى دۈشمەن تۇتۇڭلار، شەيتان ئۆزىنىڭ تەۋەلىرىنى ئەھلى دەۋزەختىن بولۇشقا چاقىرىدۇ﴾[1].

شەيتاننىڭ دۈشمەن ۋە رەزىللىكى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا سەجدە قىلىشتىن

[1] سۈرە فاتىر: 6 - ئايەت.

باش تارتىش بىلەن باشلىنىپ، جەننەتتىن قوغلىنىشى بىلەن يەكۈنلىنىدۇ. شەيتان ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن قوغلانغاندىن بېرى، ئادەم بالىسىنى ئازدۇرۇش ۋە توزاققا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. بەلكى قىيامەتكىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ. شەيتاننى ئەڭ قاتتىق بىئارام قىلىدىغان نەرسە، مۆئمىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۈلپەت، دوستلۇق، رەھىمدىللىق ۋە بىرلىك-باراۋەرلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلار كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ، سېپىنى تۈزلەپ، دۈشمەنگە قارشى جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرسا، شەيتان بىئاراملىقتىن ئۆلەي دەپ قالىدۇ.

شەيتان داۋاملىق مۆئمىنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىش، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش، پىتنىنىڭ ئۇرۇغىنى چېچىش، بىر-بىرىگە تىغ تەڭلەتكۈزۈپ، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. شەيتاننىڭ بۇ قىلمىشى قىيامەتكىچە ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدۇ. شەيتان ئىنسانلارنى ئازدۇرۇشتىن ھېچبىر زامان بوشاپ، سوۋۇپ قالمايدۇ. شەيتان ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش يولىدا بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىدۇ، ھىلە-مىكىرلەرنى ئىشقا سالىدۇ. شۇڭا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەۋلادلىرى شەيتاننىڭ ئارقىسىغا كىرىپ بىر-بىرىگە قارشى چىقىدۇ، بىر-بىرىگە تىغ تەڭلەيدۇ، ئاتالمىش مەنپەئەتىنى قوغداش باھانىسى بىلەن بىر-بىرىنى دۈشمەن كۆرىدۇ. ئەقلىنى ئىشقا سېلىشقا تىرىشمايدۇ، شەخسىيەتچىلىك قىلىپ، ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىماي، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسى ئارقىسىغا كىرىپ كېتىدۇ.

قاراپ بېقىڭلار! يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئەگىشىپ يۈسۈپكە نېمىلەرنى قىلدى؟ ئاكىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋەسۋەسە پەيدا قىلىپ، ئىنىسىنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلاشقا ۋە ئۇنى قۇدۇققا تاشلاشقا ئېلىپ باردى ئەمەسمۇ! ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئەڭ ئېغىر جىنايەت ھېسابلىناتتى. ئاللاھنىڭ بىزگە يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاكىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە قىسسە بايان قىلىشى، ئەلۋەتتە بىزلەرنىڭمۇ شەيتاننىڭ ئازدۇرىشىغا ئەگىشىپ شۇنداق ئېغىر جىنايەتلەرنى سادىر قىلىپ سېلىشىمىزدىن بىزنى ئاگاھلاندۇرۇش ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئەگەشمەيدىغان ئەقىل ئىگىلىرىمۇ كۆپ، چۈنكى ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز رەھمىتى ئاستىغا ئالغاندۇر. شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىغا ئەگىشىشتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ پىتنىسىگە ئالدىنىپ كېتىشتىن ساقلىنىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى، ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مۇستەھكەم ئېسىلىش بىلەن بولىدىغانلىقى تۆۋەندىكى ئايەتتە گەۋدىلىنىدۇ: ﴿وَٱعْتَصِمُوا۟ بِحَبْلِ ٱللَّهِ جَمِيعًا وَلَا تَفَرَّقُوا۟ ۚ وَٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتَ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ إِذْ كُنتُمْ أَعْدَآءً فَأَلَّفَ بَيْنَ قُلُوبِكُمْ فَأَصْبَحْتُم بِنِعْمَتِهِۦٓ إِخْوَٰنًا وَكُنتُمْ عَلَىٰ شَفَا حُفْرَةٍ مِّنَ ٱلنَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنْهَا ۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ﴾ ﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار) ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېئمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆزـ ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىللىرىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېئمىتى بىلەن ئۆزـ ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾[1].

ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى بولغان ئىسلام دىنى ۋە ئىسلامنىڭ دەستۇرى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئەھكاملىرىغا چىن ئەمەل قىلىش، ئىنساننى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلايدىغان قالقاندۇر. شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىشنىڭ يەنە بىر چارىسى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان چەكسىز نېمەتلىرىنى ئەسلەشتۇر. ئاللاھ يەنە قۇرئان كەرىمدە توغرا يولدا مېڭىش ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿وَأَنَّ هَٰذَا صِرَٰطِى مُسْتَقِيمًا فَٱتَّبِعُوهُ ۖ وَلَا تَتَّبِعُوا۟ ٱلسُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن سَبِيلِهِۦ ۚ ذَٰلِكُمْ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھ نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دەۋزەختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾[2].

---

[1] سۈرە ئالى ئىمران: 103 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنئام: 153 ـ ئايەت

يۇقىرىقى ئايەتلەر ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە قىلغان رەببانىي ۋەسىيەتلىرىدۇر. توغرا يولدا مېڭىشنى خالىغانلار ئاللاھنىڭ كۆرسەتكەن يولىنى ئۆزىگە يول خەرىتىسى قىلىشى كېرەك. شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىشنى خالىغان ئادەم تىلىنى داۋاملىق ياخشى سۆزگە كۆندۈرۈش كېرەك. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَقُل لِّعِبَادِي يَقُولُوا۟ ٱلَّتِي هِيَ أَحْسَنُۚ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ يَنزَغُ بَيْنَهُمْۚ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ كَانَ لِلْإِنسَٰنِ عَدُوًّا مُّبِينًا﴾ «بەندىلىرىمگە ئېيتقىنكى، ئۇلار ياخشى سۆزلەرنى قىلسۇن، شۈبھىسىزكى، شەيتان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پىتنە قوزغايدۇ، شەيتان ئىنسانغا ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر»[1].

ياخشى سۆز ۋە چىرايلىق گەپ، ياخشىلىق ئەلچىسىدۇر، ئۇ جەمئىيەتتە ئۈلپەت ۋە مۇھەببەت تېرىيدىغان ئۇرۇقتۇر. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىك ئورنىتىپ بىرگەۋدە بولغاندا شەيتان ئۈمىتسىزلىنىپ ئازابلىنىدۇ. ئىسلام ئۈممىتى جىدەل-ماجرادىن يىراق بولۇش، ئىختىلاپ ۋە تالاش-تارتىشقا ئېلىپ بارىدىغان ئىللەتلەردىن ساقلىنىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. چۈنكى توقۇنۇشنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىكتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «وَلَا تَنَٰزَعُوا۟ فَتَفْشَلُوا۟ وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْۖ» (تالاش-تارتىش قىلىپ جىدەللەشمەڭلار، مەغلۇب بولىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار يوقىلىدۇ)[2].

شەيتان داۋاملىق ئىنسانغا زىيانلىق، مۇنكەر ئىشلارنى چىرايلىق، پايدىلىق كۆرسىتىپ ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بەزى تەشۋىقات، ئاخبارات ۋاستىلىرى، ئىنتېرنېت تورلىرى ئىنسانلار ئارا قۇتراتقۇلۇق پەيدا قىلىپ، ئاساسسىز يالغان ئاۋازلارنى تارقىتىش ئارقىلىق ئۇخلىغان پىتنىنى ئويغىتىپ، ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنى كېرەكسىز قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، پىتنىنى ئويغاتماسلىق كېرەك. پىتنە ئويغانسا، ئۇنى ئۇخلىتىش ۋە يوقىتىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. ھېكمەت بېرىلگەن ھەر قانداق ئىنسان ئاگلىق ۋە ھېس-تۇيغۇلۇق بولۇپ، پايدا-زىياننى مۆلچەرلىيەلەيدۇ، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ھېس قىلالايدۇ ۋە ئۈممەتنىڭ پايدا-مەنپەئەتىنى بايقىيالايدۇ.

ئاللاھ ئىنسانلارغا سان-ساناقسىز نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، شۇ

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل: 53 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنفال: 46 ـ ئايەت.

نېمەتلەر ئىچىدە باياشات تۇرمۇش ۋە ئامانلىق نېمىتى ئەڭ مۇھىمدۇر، يەر يۈزىدە ھاياتلىقنىڭ ئاساسى، ئەنە شۇ 2 ئىشقا مەركەزلىشىدۇ. تۇرمۇش پاراۋان بولۇش ـ ئىقتىسادى ئەركىنلىكنىڭ مەنبىئى ۋە ئامانلىق بولسا سىياسىي ئەركىنلىكنىڭ مەنبىئىدۇر. ھەر قانداق بىر دۆلەتتە ئەنە شۇ 2 تۈرلۈك شەرت تېپىلسا، ئاللاھنىڭ ھەققى بولغان ئىمان، تائەت-ئىبادەت، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش. ئاللاھ ھالال قىلغاننى ھالال بىلىش ۋە ھارام قىلغاننى ھارام بىلىش ئاسان ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنى شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشىدىن ساقلىسۇن ۋە توغرا يولدا مېڭىشقا نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!.

# ئىككى ھەرەم جايلاشقان بۇ دۆلەت ئاللاھنىڭ دىنىنى دۆلەت دىنى ۋە شەرىئەتنى قانۇن قىلغان دۆلەتتۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

2011 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتەۋاتقان يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«ئىككى ھەرەم جايلاشقان بۇ دۆلەت ئاللاھنىڭ دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان، شەرىئەتنى قانۇن قىلغان دۆلەتتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ھىجرىيە 15 - ئەسىرنىڭ ئەۋۋەلقى يېرىمىدا ياشىماقتىمىز. دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىگە سەۋەب بولغان چوڭ-چوڭ ۋەقەلەر مانا مۇشۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن تارقىغان، كۆپلىگەن مىللەتلەر، دۆلەتلەر ۋە ئىمپىراتورلۇقلار مەيدانغا كەلگەن، يەنە ھەممىسى يوقاپ، ئۆتمۈشكە بەلكى تارىخقا ئايلىنىپ قالغان. شۇ تارىخ ۋە زامانلار داۋاملىشىپ بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان، شەرىئەتنى قانۇن مىزانى قىلغان بۇ دۆلەت بارلىققا كەلدى.

بۇ دۆلەت دىنىنىڭ غېرىپلىق دەۋرىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئاجىز ۋە جانسىز دەۋرىدە بارلىققا كېلىپ، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن قۇرۇلدى.

ئاللاھ تەرىپىگە دەۋەت قىلىش، ياخشىلىقنى بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى. بۇ دۆلەت يەنە دۇنيانىمۇ ئۇنۇتمىدى، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئارقىسىدا قالماستىن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. شەرق-غەرب كۈچلىرى بۇ دۆلەتنى يىقىتىش ئۈچۈن ئۈچ ئەسىر داۋامىدا بارلىق ھىلە-مىكىرلىرىنى ئىشلەتتى. دۈشمەنلەر سۇيىقەست قىلغانسېرى ئىلگىرىكىدىن كۈچلۈك ھالغا كېلىپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىدى. كۆپلىگەن دۈشمەنلەر، بۇ دۆلەت ياشىيالمايدۇ، ھەقىقىي دۆلەت بولۇش شەرتلىرى يوق ۋە تەرەققىي قىلغان دۆلەت بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس، دېگەندەك سەپسەتىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۆلەت بولۇشنىڭ شەرتى، دىننى بىر چەتكە قايرىپ قويۇش، كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمنى يولغا قويۇش ۋە شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىدىن ھالقىپ ئەركىنلىكنى كەڭ ئېچىۋېتىشى ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ دۆلەت ئۇلارنىڭ مىزانى بويىچە شەرىئەت مىزانى بويىچە قۇرۇلدى.

بۇ كۈنلەردە ئەرەب دۇنياسىنى بوران چاپقۇنلار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، بەزىلەرنى بوران ئېلىپ قاچقان بولسا، بەزىلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى ۋە بەزىلەر يىقىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. لېكىن بوران-چاپقۇن دۆلىتىمىزگە يېقىنلاشقاندا مەيىن شامالغا ئايلىنىپ يۈزلەرنى سىلىغىن سىپاپ ئۆتۈپ كەتتى، چۈنكى خەلق ھاكىم بىلەن، ھاكىم خەلق بىلەن يېقىنلاشتى.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ياخشى كۆرىدىغان ئىماملىرىڭلارنىڭ ياخشىسى شۇكى، سىلەر ئۇلارنى ياخشى كۆرىسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلار سىلەرگە رەھمەت ئېيتىدۇ ۋە سىلەر ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىسىلەر، ئىماملىرىڭلارنىڭ يامىنى شۇكى، سىلەر ئۇلارنى يامان كۆرىسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرنى يامان كۆرىدۇ، سىلەر ئۇلارغا لەنەت ئېيتىسىلەر، ئۇلارمۇ سىلەرگە لەنەت ئېيتىدۇ».

ئىككى ھەرەم خادىمى يەنى پادىشاھ خەلققە نۇتۇق سۆزلىدى، ئاللاھقا شۈكۈر قىلغاندىن كېيىن، ئالىملارغا ۋە تالىبۇلئىلىملارغا رەھمەت ئېيتتى، چۈنكى ئالىملار بىلەن تالىبلار دۆلەتنىڭ باشلىنىشتىن تا بۈگۈنگىچە داۋام

قىلىشىنىڭ ئاساسى بولغان. بۇ دۆلەت ئالىمىنىڭ مەۋجۇتلىقى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلىتى قۇرۇلۇپ 3 ئەسىردىن كېيىن سوراشقا ئەرزىيدىغان سوئال شۇكى، بۇ دۆلەت شۇنچە ئۇزۇن زاماندىن بىرى مۇقىملىق ۋە خاتىرجەملىك ئىچىدە تۇرغانلىقىنىڭ سىرى نېمە؟ بۇنداق بىر قۇرغاق چۆللەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ ھېكمىتى نېمە؟ ئەلۋەتتە بۇنىڭ ئىككى تۈرلۈك سىرى بار؛ بىرىنچىسى دىنىي جەھەتتىكى ئورنى بولسا، ئىككىنچى سىرى دۇنيالىقتىمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىشىدۇر.

ئاللاھ ھەر قانداق بىر ھاكىمىيەتنىڭ داۋاملىشىشىدىكى سىرنى مۇنۇ ئايەتتە ئاشكارىلىغان: ﴿ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُوٓاْ إِيمَٰنَهُم بِظُلْمٍ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلْأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾ ﴿ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارىلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱلَّذِينَ إِن مَّكَّنَّٰهُمْ فِى ٱلْأَرْضِ أَقَامُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتَوُاْ ٱلزَّكَوٰةَ وَأَمَرُواْ بِٱلْمَعْرُوفِ وَنَهَوْاْ عَنِ ٱلْمُنكَرِ ۗ وَلِلَّهِ عَٰقِبَةُ ٱلْأُمُورِ﴾ ﴿(ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشكە ھەقلىق بولغانلار) شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئەگەر ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلساق، نامازنى ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ. ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر (يەنى ھەممە ئىشلار ئاخىرەتتە ئاللاھقا قايتىدۇ)﴾[2].

سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلىتى قۇرۇلغاندىن بىرى، مۇسۇلمانلار جامائەسى بىلەن بىر سەپتە تۇردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگەشتى. بۇ دىياردا ئىسلام دىنى ساپ، بىدئەتتىن خالى ۋە قۇرئان ھەدىس روھىدىن يىراقلاشمىغان ئاساستا داۋام قىلدى. بۇ دۆلەتنىڭ ئالىملىرى ۋە ھاكىملىرى باشقىلارنىڭ تاپا-تەنە ۋە تۆھمەت-بەتناملىرىدىنمۇ ساق قالمىدى. كۇفۇرلۇق، خاتا مەزھەبلىك ۋە ئازغۇنلۇق تۆھمەتلىرى بىلەن تۆھمەت قىلىندى. سىياسىي قاراشلىرى تەنقىتكە ئۇچرىدى. لېكىن بۇ دۆلەت ئۆزىنىڭ تۇتقان توغرا سىياسىتىدىن ۋاز كەچمىدى، چۈنكى

[1] سۈرە ئەنئام: 82 - ئايەت.
[2] سۈرە ھەج: 41 - ئايەت

دۆلەتنىڭ غايىسى، دۆلەتلەر ئارا بولسۇن، ياكى شەخسلەر بولسۇن، بۆلۈنۈشنى ئەمەس توپلاشنى، ئاداۋەتلىشىشنى ئەمەس يارىشىشنى ئاساس قىلغان ئىدى.

دۆلەتنىڭ داۋام قىلىشىدا ئالىملارنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭدۇر. ئۇلار دىنىنى ۋە دۆلەتنى بىردەك ھىمايە قىلىپ كەلدى. تارىختىن بىرى ئوتتۇرىغا چىققان ئىچكى پىتنىلەر ئەقىدىدە ئازغۇنلۇق، ئىدىيىدە بۇزۇلۇش، ئەخلاقتا چىرىكلىشىش ۋە مۇئامىلىدە كۆز بويامچىلىق سەۋەبىدىن بولغان. بەزى ئەقلى ئاجىز ۋە روھى كىر كىشىلەر، دۆلەتنىڭ ئامانلىقىنى بۇزۇش ۋە ۋەزىيەت مۇقىملىقىنى ئېتىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار مۇستەملىكىچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىگە ئالدىنىپ، ئۆز دۆلىتى ۋە خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇنداق ئەقىلسىزلەر ئۇچۇن جەمئىيەتنى پارچىلاش ۋە تائىپىلەرگە بۆلۈش چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي بىر گەۋدە بولغان جەمئىيەتتە كۈچ بىرلىكى بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈنلەردە ئەرەب دۇنياسىدا ئوتتۇرىغا چىققان سىياسىي داۋالغۇشلارنىڭ ئارقىسىدا كىملەرنىڭ بارلىقى، نېمە قوللارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ داۋالغۇشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ھېچكىم تەخمىن قىلالمايدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كەلگۈسى كۈنلەردە نېمە ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلمەيدۇ. دۇنيادا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىرادىسىدىن تاشقىرى ئەمەس. بىز شۇنداق بىر زاماندا ياشىماقتىمىزكى ئۆلتۈرگۈچى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەنلىكى، ئۆلتۈرۈلگۈچى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ھازىر قان تۆكۈلۈش ئىنتايىن ئاسان ۋە كۆپ بولماقتا.

پادىشاھ ئېلان قىلغان يېقىنقى پادىشاھلىق پەرمانلىرى ئۈچۈن بارلىق پۇقرالار ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىشى ۋە پادىشاھ ھەققىدە دۇئا قىلىشىغا ئەرزىيدۇ.

ئاللاھ بارلىق مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى پىتنىلەردىن ساقلىسۇن، ئامىن!

# پەيغەمبەردىن باشقا ھېچكىم مەسئۇم ئەمەس، توغرا قىلىدۇ ۋە خاتالىشىدۇ

ئۇستاز دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

**2011 - يىلى 4 – ئاينىڭ 2 - كۈنى**

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «پەيغەمبەردىن باشقا ھېچكىم مەسئۇم ئەمەس، توغرا قىلىدۇ ۋە خاتالىشىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بەزى جۈملىلەر بار، ئۇنىڭ تەركىۋى ئاددى، لېكىن مەنىسى چوڭقۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھەركىمنىڭ سۆزى قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە رەت قىلىنىدۇ».

بىز ياشاۋاتقان بۇ دەۋر، ئۇچۇر دەۋرى بولۇپ، ئاخبارات ۋە تەشۋىقات دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. تەشۋىقات ساھەسى يىراقنى يېقىن، يېقىننى يىراق قىلىدىغان تالاش-تارتىش مەنبەئى بولۇپ، ئىدىئولوگىيە، ئىلمىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە ھەركىم ئۆز پىكرىنى بايان قىلىدۇ.

ئوتتۇرىغا تاشلانغان نۇقتىلار ۋە پىكىرلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرىدىغان بولساق، سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ھېسسىياتقا بېرىلىپ قىلىنغان ياكى

بولمىسا تەخمىن- پەرەزلەرگە ئاساسلانغان بولۇپ، شەرئىي دەلىلى يوق، تۇراقسىز پىكىرلەر ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كۆپلىگەن قەلەم ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ خاتا ئىدىيە ۋە كېسەل پىكىرلىرىنى باشقىلارغا تېڭىش، ھەتتا شەرىئەتنىڭ ئاساسلىق مەسىلىلىرىگە قارشى چىقىشتەك خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ. بەزى قەلەم ئىگىلىرى رادىكاللىقتا ئۇچىغا چىققان مۇتەئەسسىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ قارىشىنى بازارغا سالىدۇ، باشقا ئىدىيەدىكىلەرنى چەتكە قېقىپ، تامامەن يوققا چىقىرىدۇ. ئىسلامىي ئېقىمنىڭ قاراشلىرى ۋە شەرئىي ئاساسقا قۇرۇلغان پىكىرلەرنى چەتكە قېقىشقا ئورۇنۇپ قەلەم تەۋرىتىدۇ. ئۇلار بەزى ئۆلىمالارنىڭ سۆزلىرىنى سۇزۇپ ئېلىپ قوراشتۇرۇپ بۇرمىلايدۇ، ئوتتۇرىدىن خاتالىق چىقىرىپ ھۇجۇم قىلىشقا باشلايدۇ. بۇنداق قەلەم ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ رادىكال چۈشەنچىلىرى بىلەن ئادالەت، ئىنساپ ۋە ئوتتۇراھاللىق دېگەنلەرنى يوقىتىدۇ. كۆپلىگەن قەلەم ئىگىلىرى بەزى پىكىر، ئېقىملارنى يوغىنىتىپ، تۈگمىنى تۆگە كۆرسىتىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئىدىيەسىدە داۋالغۇش ۋە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئىچىدە ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆزىنىڭ كېسەل ئىدىيە ۋە پىكىرلىرىنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن قۇرئان، ھەدىسنىڭ ئوچۇق ھۆكمىگە خىلاپلىق قىلغانلار ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغاندۇر: ﴿ثُمَّ أَنتُمْ هَٰٓؤُلَآءِ تَقْتُلُونَ أَنفُسَكُمْ وَتُخْرِجُونَ فَرِيقًا مِّنكُم مِّن دِيَٰرِهِمْ تَظَٰهَرُونَ عَلَيْهِم بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَإِن يَأْتُوكُمْ أُسَٰرَىٰ تُفَٰدُوهُمْ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيْكُمْ إِخْرَاجُهُمْ ۚ أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ ٱلْكِتَٰبِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ ۚ فَمَا جَزَآءُ مَن يَفْعَلُ ذَٰلِكَ مِنكُمْ إِلَّا خِزْىٌ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ يُرَدُّونَ إِلَىٰٓ أَشَدِّ ٱلْعَذَابِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ﴾ كېيىن سىلەر (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر- بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئىچىڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرگە ياردەم بەردىڭلار، ئۇلار ئەسىر چۈشۈپ كەلسە، فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى (يەنى بىر- بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى

راۋا كۆرىسىلەرۇ، ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىنى راۋا كۆرمەيسىلەر). سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خورلۇققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر﴾[1].

باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ ئايرىم قىسمىنى تاللاپ ئېلىش، بەزى پىكىرلىرىنىڭ بىر تەرىپىنىلا سۆزلەپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا خالىغانچە باھا بېرىش، ئىنسانىنىڭ سەممىيىتى ۋە تەگپۈگىلىقىنى يوقىتىدىغان ئىللەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئىنسان مەيلى سۆز ھەرىكىتى، مەيلى قەلەم تەۋرىتىپ يازغان يازمىلىرىدا ئۇيلىماستىن يېزىپ، سۆزلەپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان يەرگە يەتمەسلىككە تەۋسىيە قىلىپ، ساھابە كىراملارنىڭ بىرىگە مۇنداق دېگەن: «ئېغىزىڭدىن چىقىرىپ بولۇپ ئەتىسى پۇشايمان قىلىپ ئۆزرە ئېيتىشقا ئېلىپ بارىدىغان سۆزنى قىلما».

بىز ھازىرقى ۋەزىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، ئىككى تۈرلۈك مۇھىم مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز. ئۇ بولسا، ساغلام پىكىرلىك بولۇش ۋە پىكىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ھېكمەتلىك بولۇش. بۇ ھەققەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ زىنا قىلىشقا رۇخسەت سورىغان ياشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەرگەن جاۋابىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. بىر ياش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئى رەسۇلەللاھ! ماڭا زىنا قىلىشقا رۇخسەت قىلسىلا، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «زىنانى ئاناڭغا راۋا كۆرەمسەن؟» دېگەندە، ئۇ: ياق، ئى رەسۇلەللاھ! دېگەن، يەنە «ھەدە ـ سىڭىللىرىڭغا، ھاما ـ ئاچىلىرىڭغا راۋا كۆرەمسەن؟» دەپ سورىغاندىمۇ، ھېلىقى ياش ئەينى جاۋاپنى بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئاناڭغا خالىمىغاندەك، باشقىلارمۇ ئۆزىنىڭ قىزلىرىغا خالىمايدۇ» دېگەن. بىز باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشتا، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاش ۋە ئۇنى قوتۇرتىش مەقسىتىدە ئەمەس،

---

[1] سۈرە بەقەرە: 85 ـ ئايەت.

بەلكى ھەقىقەتنى ھاكىم قىلىش ۋە توغرىنى چۈشەندۈرۈپ ئەمەل قىلىشقا ئۈندەش ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ بىزلەرنى خاتالىشىپ قېلىشتىن، خاتالاشقاندا خاتالىقىمىزنى تونۇيالمايدىغان ئىللەتلەردىن ساقلىسۇن، ئامىن!

# قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش، مۇشكۈلنى ئاسان قىلىش دۇنيا ئاخىرەتتە نىجاتلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللاھ خەييات

2010 – يىلى 4 – ئاينىڭ 15 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش ۋە مۇشكۈلنى ئاسان قىلىش، دۇنيا ئاخىرەتتە نىجاتلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

كېچە-كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كۈتۈلمىگەن قىيىنچىلىقلار كېلىدۇ، غەم-ئەندىشىگە يولۇقىدۇ. بەزى ئىنسانلارغا شۇنداق مۇسىبەتلەر كېلىدۇكى، جېنىدىن ئايرىلىدۇ، مېلىدىن ئايرىلىدۇ ۋە ئابرۇيىغا داغ تېگىدۇ. ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىگە چۈشۈپ قېلىپ، شۇ قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرىدىغان شەپقەتچىگە موھتاج بولۇپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەشكە مەجبۇر بولىدۇ: ﴿وَإِن يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَ ۖ وَإِن يَمْسَسْكَ بِخَيْرٍ فَهُوَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ﴾ ﴿ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر كۈلپەت يەتكۈزسە، ئۇنى ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم كۆتۈرىۋېتەلمەيدۇ، ئەگەر ئاللاھ ساڭا بىرەر ياخشىلىق يەتكۈزسە (ئۇچاغدا ئۇنىڭغا ھېچكىم ئارلىشالمايدۇ)

چۈنكى ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر﴾[1].

ئىنسان شۇ چاغدا بىلىدۇكى، ئاللاھتىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوق. ئىنساننىڭ بېشىغا كەلگەن ھەر قانداق بالا-مۇسىبەتنى كۆتۈرگۈچى پەقەت ئاللاھ. مۇسىبەتكە چۈشكەن ئىنسان، ئاللاھقا دۇئا قىلىشى ۋە ئاللاھتىن تىلىشى كېرەك. ئىنسان داۋاملىق دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنى ئىزلەپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ ئاللاھقا يېلىنىشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھتىن باشقا قۇتقۇزغۇچى يوقتۇر. ئەنەس ئىبنى مالىك رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بىر مۇسىبەت كەلسە: «ئى مەڭگۈ ھايات ئاللاھ! سېنىڭ رەھمىتىڭدىن ياردەم سورايمەن» دەيتتى. يۇنۇس ئەلەيھىسسالاممۇ بېلىقنىڭ قارنىدىكى ۋاقتىدا ئاللاھقا يېلىنىپ مۇنداق دېگەن: «(پەرۋەردىگارىم!) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر. سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم».

مۇسۇلمان ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا دۇئا قىلىدىكەن، ئاللاھ چوقۇم ئىجابەت قىلىدۇ. بېشىغا كەلگەن دۇنيادىكى بالا-مۇسىبەتنى يەڭگىللىتىشنىڭ، قىيامەتتە بولسا ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى، ئاللاھنىڭ ھەققىنى مۇكەممەل ئادا قىلىش، ئاللاھنى رازى قىلىشقا ئالدىراش، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە مۇكەممەل ئەمەل قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ھاكىم قىلىشتۇر. يەنە باشقا كۆپلىگەن ھەقلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، ئۇلارغا قولدىن كېلىشچە ياخشىلىق قىلىش، شۇ ئارقىلىق مۇھەممەد مۇستافا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

بىلىش كېرەككى، مۇشۇ دۇنيادا ياخشىلىق ئىگىسى بولغانلار قىيامەتتىمۇ ياخشىلىق ئىگىسى بولىدۇ. ئېھسان بولسا، دىنى قېرىنداشلىقنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئارا دوستلۇقىنى مۇنۇ ئايەتتە بەلگىلىگەن: ﴿إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُواْ بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ

[1] سۈرە ئەنئام: 17 ـ ئايەت.

لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ ﴿مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «مۆمىنلەر بىر-بىرىگە ھېسداشلىق، مېھرى-مۇھەببەت ۋە ھەمكارلىقتا خۇددى بىر پۈتۈن جىسىمغا ئوخشاشتۇر، بەدەننىڭ قايسى بىر يېرىدە ئاغرىق بولسا، باشقا ئەزالارمۇ قىزىتىپ بىئارام بولىدۇ». بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن مۆمىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىمان قېرىنداشلىقى مۆمىننىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى يەڭگىللىتىش، جاپا-مۇشەققەتتە ئورتاقلىشىش ۋە ھەمدەم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىمام ئۆز خۇتبىسىدە يەنە: قانداق بىر مۇسۇلمان ئۆز قېرىندىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلىرىنى ئاسان قىلىدۇ؛ دېدى. كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ بۇ دۇنيادا ئەيىبىنى ياپسا، ئاللاھ ئۇنىڭ قىيامەتتىكى ئەيىبىنى ياپىدۇ. قىيامەتنىڭ دىشۋارچىلىقى تولىمۇ ئېغىر ۋە يامان بولۇپ، بۇ دۇنيانىڭ مۇسىبىتى ۋە قىيىنچىلىقىنى ئاخىرەتنىڭ مۇسىبىتى ۋە قىيىنچىلىقلىرىغا سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. قىيامەتتە بەندە ئاللاھنىڭ پەزلى-كەرىمىگە موھتاج. مۇئمىن مۇسۇلمان ئۆز شەخسىيىتىدە باشقىلارغا نەمۇنە، ئۈرنەك بولىدىغان شەكىلدە ئۆزىنى ئەمەلىيىتى بىلەن كۆرسىتىشى كېرەك. ھەر بىر مۇسۇلمان قۇرئان كەرىمنىڭ ھىدايىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگەشكەن ھالدا باشقىلارغا ئۈرنەك بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

بارلىق ئىنسانلار ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بولۇپ، ئاللاھقا موھتاجدۇر. شۇ بەندىلەرگە ياخشىلىق قىلىش ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش، ئېھساننىڭ جۈملىسىدىندۇر. خوجايىن قول ئاستىدىكىلەرگە سىلە رەھىم قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرگەندەك، ئاللاھ تائالا بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە ياخشىلىقنى خالايدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرىنى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ھەقىقىي

[1] سۈرە ھۇجرات: 10 ـ ئايەت

مۇئمىن ئۆزىنى باشقىلار ئۈچۈن ۋەقفى قىلىۋەتكەندەك ھېس قىلىدۇ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، دەردىگە دەرمان بولىدۇ، مۇسىبەت ئىگىسىگە سەبرنى تەۋسىيە قىلىپ، تەسەللى بېرىدۇ، قورقۇنچ ئىچىدىكىلەرگە ئامانلىق بېرىشكە تىرىشىدۇ، ئاجىز بولسا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، ئۆزىدىن تۆۋەنلەرگە قوپال مۇئامىلە قىلمايدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا زىيان سالمايدۇ ۋە يامانلىق قىلمايدۇ.

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «چىدىماسلىق قىلىشماڭلار، ئاداۋەتلەشمەڭلار، بىر-بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىشماڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزماڭلار، ئاللاھنىڭ قېرىنداش بەندىلىرى بولۇپ ياشاڭلار، چۈنكى مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، خارلىمايدۇ، ھاقارەتلىمەيدۇ، تەقۋالىق بۇ يەردە، دەپ ئۈچ قېتىم كۆكرىكىگە ئىشارەت قىلغان، مۇسۇلمان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ھاقارەت قىلىشتىنمۇ يامانراق گۇناھ بولمىسا كېرەك، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ قېنى ھارام، مېلى ھارام ۋە ئابرۇيى ھارامدۇر».

بىلىش كېرەككى، مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلماندا دۇنيانىڭ قايسى بۇرجىكىدە بولۇشتىن قەتئىينەزەر قېرىنداشلىق ھەققى باردۇر.

# ۋەسۋەسە ۋە قارا بېسىشلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يىراقلاشقانلىقنىڭ ئالامىتى

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تەلىب

(19/5/1432ھ - 23/4/2011م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ۋەسۋەسە ۋە قارا بېسىشلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يىراقلاشقانلىقنىڭ ئالامىتى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ياخشىلىقنىڭ قانداق بىر دەرۋازىسى بولسا، جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان قانداق بىر يول بولسا ۋە بەخت-سائادەتنىڭ قانداق بىر مەنزىلى بار بولسا، بىزنى ئۇنىڭغا باشلىغان ھەمدە بىزگە سۈننەتلەرگە قانداق ئەمەل قىلىش ھەققىدە يوليورۇق بەرگەن، ئەدەپ-ئەخلاق قائىدىلىرىنى ئۆگۈتۈپ، بىزنى بارلىق ئەھۋاللىرىمىزدا ئاللاھنىڭ مۇرادىغا لايىق ھەرىكەت قىلىشقا تەشەببۇس قىلغان. بىز ئۇيقۇ ئۈچۈن تۆشەكتە ياتقىنىمىزدا، ئىبادەت ئۈچۈن مېھرابقا بارغىنىمىزدا، دۇنيالىقىمىز ئۈچۈن مەيدانغا چۈشۈپ ئىشلىگىنىمىزدە ۋە بارلىق ھالىتىمىزدە ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى كۆزلەشكە چاقىرغان.

ئىنسان داۋاملىق ئۇيقۇدا ياكى بولمىسا ئويغاق ھالىتىدە بولىدۇ، ئۇ كېچە-كۈندۈزنىڭ ئۆزگىرىشىدەكلا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇيقۇ ئىنسان ھالىتىدىكى ئاجايىپ بىر ھادىسە بولۇپ، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن بىر نېمەت ۋە ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ. ئۇيقۇ ئىنسانلار ئەھمىيەت بېرىدىغان مۇھىم مەسىلىدۇر. ئۇيقۇ ئۈچۈن ئىنسانلار ئالاھىدە تەييارلىق قىلىدۇ، ئۆي، جايلارنى تەييارلايدۇ. ئىنسان ئۈچۈن ئۇيقۇ ھاياتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بەك مۇھىم، ئۇيقۇنىڭ كەملىكى ئىنسانغا زىيان ئېلىپ كەلسە، زىيادىلىقىمۇ ئادەمنىڭ جىسمى ۋە روھىغا سەلبىي تەسىر ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇيقۇنىڭ كەم زىيادىلىكىنى تەڭشەش ئۈچۈن بەزىلەر كۆپلىگەن مەبلەغلەرنى سەرپ قىلىدۇ. ئىنسان ئۆز ھاياتىنىڭ 3 تىن بىرىنى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزىدۇ، بۇ ئاساستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇيقۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى ھەققىدە ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيقۇلىرىمىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن بولىشىنىڭ ئۆزى ئىبادەتتۇر. ئۇيقۇنى ياخشى ۋە تولۇق ئۇخلىغان كىشى بامدات نامىزىغا روھلۇق ھالدا ئورنىدىن تۇرالايدۇ، نامازنى خۇشۇ-خۇزۇ بىلەن ئوقۇيالايدۇ، ۋەسۋەسە ۋە قارا بېسىشلارغا ئوخشاش روھىي كېسەللىكلەردىن ساقلىنالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇيقۇ ھەققىدىكى ئەدەپ-ئەخلاق سۈننەتلىرى بولسا، ئىنساننىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتى ئۈچۈندۇر. ئاخشامدا كېچىكمەستىن ئۇخلاش، ئۇيقۇدىن بۇرۇن ۋىتىر نامىزى ئوقۇش، چىراقلارنى ئۆچۈرۈش، ئىشىكلەرنى تاقاش، قاچا-ئىدىشلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىش، ئۇخلاشتىن بۇرۇن قولنى ۋە ئېغىزنى يۇيۇش، تاھارەت ئېلىش، ئۇخلاشتىن بۇرۇن دۇئا ئوقۇش، بىسمىللاھ دەپ ئورۇنغا بېرىش، ئۇخلىغانلار بىر بىرلىرىدىن يىراق ئۇخلاش، ئوڭ تەرەپنى بېسىپ يېتىش، ئوڭ قولنى مەڭزى ئاستىدا قويۇپ ئۇخلاش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ۋەسىيەت يېزىپ قويۇشتەك ئىشلار ئۇخلاشتىكى سۈننەتلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۈم يېتىپ ئۇخلاشتىن توسقان، چۈنكى ئۇ ئەھلى دوزىخلارنىڭ يېتىشىدۇر. ئىنسان ئۇخلاش جەريانىدا بەزىدە قارا باسىدۇ، چۆچۈپ ۋە قورقۇپ ئويغىنىدۇ، ئۇنداق چاغلاردا ئاللاھقا سېغىنىپ شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ

تىلـەش كېـرەك.

چـۈش كۆرگەنـدىـن كېيىنمۇ ئەمـەل قىلىشـقا تېگىشـلىك سـۈننەتلەر بـار بولـۇپ، چـۈش ئىككـى تۈرگـە بۆلۈنىـدۇ، بىـرى رويـا دېيىلىـدۇ، ئـۇ ئاللاھ تەرىپىدىــن بولغــان چۈشــتۇر، ئىككىنچىســى قورقۇنچلــۇق چــۈش بولــۇپ، ئــۇ شــەيتاندىندۇر. قايســى بىرســىڭلار چۈشــىدە ياخشــى كۆرمەيدىغــان بىــر ھالەتنــى كۆرگــەن بولســا، ســول تەرىپىگــە ئــۈچ قېتىــم تۈكــۈرۈپ، ئاللاھتىــن پانــاھ تىلىســە، زىيانغــا ئۇچرىمايــدۇ. بەنــدە بارلىــق ئىشــلىرىدا پەيغەمبــەر ئەلەيھىســالامنىڭ ســۈننەتلىرىنى بىجــا كەلتۈرســە، ســەۋەبى ئېنىــق ئەمــەس كېسـەللەردىن ساقلىنالايدۇ، جىن-شـەيتانلار سۇيىقەسـت قىلالمايدۇ. ۋەسۋەسە، ئۇيقۇســىزلىق ۋە قــارا بېســىش قاتارلىــق روھىــي كېســەللەردىن ســاقلىنىدۇ. قارايدىغــان بولســاق، بــۇ كۈنلــەردە جىــن چاپلىشــىۋالدىغان، ســېھىرنىڭ ئالامەتلىــرى كۆرۈلىدىغــان ئەھۋاللار كۆپىيىــپ كەتكــەن بولــۇپ، بۇنــداق ئىللەتلەردىــن ساقلىنىشــنىڭ چارىســى، پەيغەمبــەر ئەلەيھىســالامنىڭ چــوڭ-كىچىــك ســۈننەتلىرىگە بىجانىــدىل ئەمــەل قىلىشــتۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنــى ســەۋەبى ئېنىــق بولمىغــان كېســەللەردىن، ۋەسۋەســە ۋە قــارا بېسىشــلاردىن ئامــان قىلســۇن، پەيغەمبــەر ئەلەيھىســالامنىڭ ســۈننەتلىرىگە ئەمــەل قىلىشــنى نېســىپ قىلســۇن، ئامىــن!.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئاخىر زامان پىتنىسىدىن ئاگاھلاندۇرغان

ئۇستاز دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

2010 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئاخىر زامان پىتنىسىدىن ئاگاھلاندۇرغان» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھ ئۆزىنىڭ بەندىلەرگە بولغان رەھىمدىللىقى ۋە مېھرىبانلىقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىشى ئۈچۈن، ھىدايەتكە يېتەكلىگۈچى، جەننەتنى بىلەن بشارەت بەرگۈچى، ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئاللاھ تەرىپىگە چاقىرغۇچى نۇرلۇق چىراق قىلىپ ئەۋەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى بارلىق ياخشىلىقلارغا چاقىرىپ، يامانلىقلاردىن ئاگاھلاندۇرغان ھەمدە ئۈممەتنى ئاخىر زامان پىتنىلىرى ۋە ئۇنىڭ كۆپلىكىدىن ھەزەر قىلىشقا ئۈندىگەن.

بىز ئۈممەت ئۈچۈن بالايى-ئاپەتلەر ۋە كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر كۆز ئالدىمىزدا ۋە ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن پاجىئەلەرنى قانداق ھەل قىلىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىمىز. ھادىسىلەرنىڭ

چاقماق تېزلىكىدە يۈز بېرىشى، ئويلىمىغان ۋەقەلەر ۋە كرىزىسلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئىنسانىنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. بىر قانچە ئايدىن بىرى ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن كائىناتتىكى ئۆزگىرىشلەر، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە ئىدىئولوگىيە جەھەتلەردىكى كۆتۈلمىگەن ۋەقەلەر بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىيامەت ھەققىدىكى ھەدىسىنى ئەسلىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «قىيامەت قائىم بولغاندا شۇنداق تېز ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇكى، ئىككى ئادەم كىيىملىرىنى بازارغا سالىدۇ ۋە يايغان كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەيدۇ. بىر ئادەم سۈتىنى ساغىدۇ ۋە ئۇنى ئىچىشكە ئۈلگۈرەلمەيدۇ، بىر ئادەم چىلەككە سۇ توشقۇزىدۇ ۋە سۇنى ئىبلىشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ، بىر ئادەم بىر لوقما يېمەكنى ئېغىزىغا سېلىش ئۈچۈن كۆتۈرىدۇ ـ يۇ، يېيىشكە ئۈلگۈرەلمەيدۇ» بۇ ھەدىستىن شۇ ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، ئىنسان ئەتراپىدا يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەرنىڭ تېزلىكىدىن، ئۇنى كۆتۈپ تۇرغان ۋە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئەھۋاللاردىن ھەيرانلىقتا قالىدۇ. قىسقىسى ئۆزىنىڭ ئەتە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى، قايسى زېمىندا، قاچان ۋە قانداق ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇنداق ۋەقەلەرنىڭ چاقماق تېزلىكىدە يۈز بېرىشى ۋە تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىقىدىغان ھادىسىلەر، بىز ياشاۋاتقان ھازىرقى زاماننىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر.

ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدە ماددىغا بېرىلىپ روھىيەتنى ئۇنتۇش ھۆكۈم سۈرمەكتە. بۇ زامان زامانىۋى تېخنىكا ۋە ئۇچۇر زامانى بولۇپ، ئاللاھ سىلەر ۋە بىزلەر بىلمەيدىغان كۆپ نەرسىلەرنى ياراتقان. ھادىسىلەرنىڭ تېزلىكىدىن شۇ ۋەقەلەرنىڭ يالقۇنى تېزلا ئەتراپقا تۇتىشىپ كېتىدۇ. يۈز بېرىدىغان ھادىسىلەر ھېچقاچان سەۋەبسىز ۋە مۇقەددىمىسىز يۈز بەرمەيدۇ، بىراق بىزلەر ئۇنى ھېس قىلمايمىز ياكى ھېس قىلىشنى خالىمايمىز. ئەمما دۇنيانىڭ شۇ ئۆزگىرىشلىرى ۋە ھادىسىلىرىدىن پەيدا بولغان بوران-چاپقۇندا ساق قالغان جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار، ئاللاھتىن ئافىيەت ۋە سالامەتلىك تىلەشتىن بىخللىق قىلماسلىقى كېرەك.

ئەتراپتا يۈز بەرگەن ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئالماي ۋە دەرس ئالماي ئۆتۈش ئەقىلسىزلىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقىي بەختلىك كىشى باشقىلارنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلغان كىشىدۇر، بەدبەخت كىشى ئانىسىنىڭ قورسىقىدا بەختسىز بولغان كىشىدۇر».

يۈز بەرگەن ھادىسىلەردىن ئىبرەت ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەقىللىق بولۇش ئۈچۈن ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن، ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. تىببىي پرىنسىپتا دېيىلىشىچە: «كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋالاشتىن ياخشى». بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَنِيبُوٓاْ إِلَىٰ رَبِّكُمۡ وَأَسۡلِمُواْ لَهُۥ مِن قَبۡلِ أَن يَأۡتِيَكُمُ ٱلۡعَذَابُ ثُمَّ لَا تُنصَرُونَ﴾ ﴿سىلەرگە ئازاب كېلىپ، ياردەمگە ئېرىشەلمەسلىكىڭلار بۇرۇن پەرۋەردىگارىڭلار تەرەپكە قايتىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار﴾[1].

ئەسلىدە شەرىئەت ئىنسانلارنى ياخشى ئىشلارغا ئالدىراشقا چاقىرغان، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرمۇ خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە پاراۋانلىقىنى ھېچقاچان ئۇنۇتماسلىقى ھەمدە داۋاملىق خەلقنىڭ غېمىنى يېيىشى كېرەك. «كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋالاشتىن ياخشى» دېگەن پرىنسىپ، سالامەتلىك ساھەسىگىلا چەكلىنىپ قالماستىن، يېمەك-ئىچمەك، ئىلمىي، پىكرىي، ئاخبارات-تەشۋىقات، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە گەۋدىلىنىشى كېرەك. ھەر بىر مۇسۇلمان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئۈستىدە ئويلىنىشى، تەدبىرنى ئېلىشى ۋە سەۋەب-چارىلەرنى قىلىشى كېرەك.

ئىسلام شەرىئىتى ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىراشقا چاقىرغان بولسا، ئۇ شەخسلەرگىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى شەخس، ئائىلە، خەلق ئاممىسى، ئالىم، سىياسىيون، مۇتەپەككۇر، ھاكىم ۋە مەھكۇم ھەممىسىگە ئورتاق قىلىنغان خىتابتۇر.

جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بارلىق ساھەنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتى بولۇپ، ھەقىقەت، ئادالەت ۋە ياخشىلىق ئۈستىدە بىرلىشىش ۋە ھەمكارلىشىش لازىم. ئەتراپىمىزدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر ۋە پاجىئەلەر، جەمئىيەتنىكى گالۋاڭلىقنىڭ سەزگۈرلىكىنى بېسىۋالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى «كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋالاشتىن ياخشى» دېگەن

[1] سۈرە زۇمەر: 54 ـ ئايەت.

پىرىنسىپقا سەل قاراپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

ئىسلام ئۈممىتى دۈشمەنلەرنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىگە ئالدانماسلىقى ۋە پىتنىلەرگە كىرمەسلىكى لازىم.

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى دۇنيانىڭ پىتنىسىگە ئالدىنىشتىن ساقلىسۇن، ئامىن!!.

# مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش-ئىختىلاپلار ۋە بالا-مۇسىبەتلەر كۆپ بولغاندا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە قايتىش كېرەك

ئۇستاز دوكتور/ ئابدۇررەھمان سۇدەيس

**2011 - يىلى 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى**

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش-ئىختىلاپلار ۋە بالايى-مۇسىبەتلەر كۆپ بولغاندا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىگە قايتىش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىسلام ئۈممىتى ئۈستىگە پىتنە-پاساتلار ۋە تۈرلۈك بالايى-مۇسىبەتلەر ھەر تەرەپتىن كېلىشكە باشلىغاندا، سۈزۈك ئاسماننى خاتالىقلار بۇلۇتلىرى قاپلىغاندا، ھەق بىلەن باتىل بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەندە، ئۈممەت ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بولغان ھەدىس-شەرىفكە مۇراجىئەت قىلىشتىنمۇ گۈزەل چارە يوق. چۈنكى، قۇرئان ۋە ھەدىس بالايى-مۇسىبەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نىجاتكاردۇر ۋە پىتنە-پاساتلار قايىنىمىدىن ساق-سالامەت قۇتقازغۇچىدۇر.

ئىسلام ئۈممىتى ئىچىدە ئازغۇن يوللار ۋە ئازغۇن پىكىرلەر يامراپ

كەتكەن بۈگۈنكى زاماندا ئۈممەتنىڭ ئىچىدە داۋالغۇش يۈز بېرىپ، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ۋە ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى ھەمدە ئۈممەتنىڭ ئىچىگە ئازغۇن پىكىرلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشى بىلەن، چوڭقۇر ئىختىلاپلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى، بالايى-مۇسىبەتلەر ۋە پىتنە-پاساتلارنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ئىسلام ئۈممىتى مەزھەبلەرگە، تائىپىلەرگە، ھەر خىل بىدئەت قاپلىۋالغان جامائەتلەرگە ۋە بىر-بىرىگە زىت پارتىيەلەرگە بۆلۈنۈپ، ھەممە تەرەپ مىنىڭ توغرا دەيدىغان بىر روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغان زاماندا ياشىماقتىمىز. بوران-چاپقۇنلار ۋە كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر، ئۈممەتنى ئاقىۋىتى نامەلۇم قاراڭغۇلۇقلارغا ئېلىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى زاماندا، ئۈممەتنىڭ بىرلا قۇتۇلۇش يولى، قۇرئان-ھەدىسنى چىڭ تۇتۇش قىلىشتۇر.

ئىسلام ئۈممىتى شۇنداق بىر ئاجىز ۋە روھسىز ۋەزىيەتتە ياشىماقتا، كەلگۈسى قاراڭغۇ، كۈچ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلغان، ھەقىقەت بايراقلىرى يىرتىلىپ تاشلانغان، ئۈممەت بۆلۈنۈش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ۋە ئەقىلسىزلىك ھېكمەت ئۈستىدىن غالىپ كەلگەندۇر. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆز خاھىشىمىزغا ئەگىشىپ كېتىش، بىزلەرگە پۇشايمان ۋە ئازغۇنلۇقتىن باشقىنى ئېلىپ كەلمەيدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَكَيۡفَ تَكۡفُرُونَ وَأَنتُمۡ تُتۡلَىٰ عَلَيۡكُمۡ ءَايَٰتُ ٱللَّهِ وَفِيكُمۡ رَسُولُهُۥۗ وَمَن يَعۡتَصِم بِٱللَّهِ فَقَدۡ هُدِيَ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ﴾

﴿سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئوقۇلىۋاتقان (يەنى ۋەھى ئۈزۈلۈپ قالماي ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى نازىل بولىۋاتقان) ۋە ئاراڭلاردا ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى (ھايات) تۇرغان تۇرسا، قانداقمۇ كاپىر بولىسىلەر؟ كىمكى ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىدىكەن، ئۇ توغرا يولغا يېتەكلەنگەن بولىدۇ﴾[1].

ئاللاھ بىزنى ھەر قاچان ئىختىلاپلاشقان ۋاقتىمىزدا ئاللاھ تەرىپىگە قايتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ

[1] سۈرە ئالى ئىمران: 101 ـ ئايەت

ﭐلرَّسُولَ وَأُوْلِي ٱلْأَمْرِ مِنكُمْۖ فَإِن تَنَٰزَعْتُمْ فِي شَيْءٖ فَرُدُّوهُ إِلَى ٱللَّهِ وَٱلرَّسُولِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْأٓخِرِۚ ذَٰلِكَ خَيْرٞ وَأَحْسَنُ تَأْوِيلًا﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزەڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر بىرەر شەيئىدە ئىختىلاپ قىلىشىپ قالساڭلار، بۇ توغرىدا ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە مۇراجىئەت قىلىڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە (ھەقىقىي) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، بۇ (يەنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىش) سىلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، نەتىجە ئېتىبارى بىلەن گۈزەلدۇر﴾[1].

ئىرباز ئىبنى سارىيە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن كىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسە كۆپلىگەن ئىختىلاپلارنى كۆرىدۇ، مەندىن كېيىن قالساڭلار، سىلەر مېنىڭ سۈننىتىم ۋە خۇلەفائى راشىدىنلارنىڭ سۈننىتىنى چىش-تىرنىقىڭلار بىلەن مۇستەھكەم تۇتۇڭلار، يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، بىدئەتلەرنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر».

ئۈممەتنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەن ۋە مۈشكۈلاتقا يولۇققان چاغدا دىندا مۇستەھكەم دەپ تونۇلغان ئىلىم ئىگىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشى كېرەك، بەلكى شۇنداق قىلىش ۋاجىبتۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ بەزى دىيارلىرى ھەقىقىي پىتنە ئىچىدە ياشىماقتا، پىتنىگە ئوت يېقىپ قوزغايدىغان تەرەپلەرمۇ يوق ئەمەس، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مەزھەپچىلىك، تائىپەۋازلىق، يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق ۋە جامائەتۋازلىقتەك جاھىلىيەت كېسەللىرىنى قوزغاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلارمۇ كۆپ، شۇڭا ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇتراتقۇلۇق قىلماقتا. بەزى ئەقىلسىز مۇسۇلمانلارمۇ بىر دۆلەتتە ياشاۋاتقان مۇسۇلمانلارنى مىللەت تەركىبىگە بۆلۈپ، يەرلىكلەر ۋە ئەجنەبىلەر دېگەندەك ئىنسانىيەتكە ۋە ئىسلام روھىغا يات بۆلگۈنچىلىكلەرنى سادىر قىلماقتا. بۇنداق تائىپەۋازلىق، بۆلگۈنچىلىك ۋە ئىنسانلارنى تەبىقىگە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش، ئىسلام شەرىئىتىگە تۈپتىن قارشىدۇر ۋە بۇنداق قىلمىشلار ئىسلامنىڭ ھەقىقىي روھىدىن تولىمۇ يىراقتۇر.

[1] سۈرە نىسا: 59 - ئايەت

ھەر قانداق بىر كىرىزىس، ئاپەت، بالايى-مۇسىبەت يۈز بەرگەندە ئىنسانلار ئەقلىنىڭ ئاۋازىنى ھېسسىيات ئاۋازىدىن يۇقىرى ئورۇندا قويۇشى كېرەك. بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ۋە كۈچىنى خورىتىدىغان ئىللەتتۇر. ھەر قانداق بوھراندا ئەسلى قايتىش مەنبەسى، ھەقىقىي رەببانىي ئالىملار بولۇپ، ئۆلىمالارنىڭ كۆرسەتمىسى ۋە يولىيورۇقى بىلەن ماڭغان ئىنسان ئازمايدۇ. ئالىملارغا قايتىش دېگەنلىك، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلغان ھەقىقىي تەقۋادار ئالىملارغا مۇراجىئەت قىلىش دېگەنلىكتۇر. مۇسۇلمانلار دۇنيا-ئاخىرەتلىك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قۇرئان ھەدىسكە قايتماي مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ھەقىقىي ئىسلامىي بۇرادەرلىكنى ئۆزلەشتۈرىشى ۋە مۇسىبەت كەلگەندە تۆۋبە ئىستىغفارنى كۆپ قىلىش لازىم.

ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىنى پىتنىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىسۇن، بىزنى ئامانلىق ۋە ئىمان نېمىتىدىن ئايرىمىسۇن، ئامىن!

# سەلەف-سالىھ ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى ۋە ئالىملارنى ھاقارەتلەش دىنغا ھاقارەت قىلغانلىقتۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

2011 – يىلى 5 – ئاينىڭ 28 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتكۈزۈلگەن مۇسۇلمانلارغا: «سەلەف-سالىھ ئۆلىمالار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى ۋە ئالىملارنى ھاقارەتلەش دىنغا ھاقارەت قىلغانلىقتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى كەشپىياتلىرى، بۈگۈنكىدەك قارىغاندا ناھايىتى ياخشى ۋە ئالاھىدە بولۇپ، ھازىرقى زامان كەشپىياتى قانچىلىك يېڭى بولغانسېرى ئىقتىدارى يۇقىرى ۋە تېخنىكىسى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولۇشىدا شەك يوق. مەدەنىيەتلەر ئەمدى ئۆمىلەۋاتقاندا دىنلار مۇكەممەل ھالغا كەلگەن ئىدى. مەدەنىيەت، مەرىپەتنىڭ تۈگۈنى بولسا، دىن ئاسماندىن نازىل بولغان ۋەھيى ۋە مۇستەھكەم ھىدايەتتۇر. ئەمما دىنغا ئەگەشكۈچىلەر ئىچىدە ئاۋۋالقىلار بىلەن كېيىنكىلەر ئىچىدە پەرق بار، بۇ پەرقنى سۈ مەنبەسىنىڭ باشلىنىشى پاك-سۈزۈك بولسا ئاخىرقىسى دۇغ بولىدىغانلىقىغا ئوخشاتساق خاتالاشقان بولمايمىز. چۈنكى، يەھۇدىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئۆلىمالارنىڭ پەيغەمبەرلىرى ۋە دەسلەپكى موللىلىرىدۇر، ناسارالارنىڭ ياخشىسى،

ئىسا ئىبنى مەريەم بولسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا كېيىنكىلەردۇر.

ھەر بىر ئەسىر ئۆتۈپ زامان قاتلانغانسىرى، ياخشىلىق ۋە پەزىلەت شۇلار بىلەن بىللە قاتلىنىدۇ. دىن ئەھلىنىڭ ئۆز دىنىغا يېقىنلاشقانلىقىنى بىلىشنى خالىسىڭىز، ئۇلارنىڭ سەلەف ئالىملىرىغا بولغان يېقىنلىقىغا قاراڭ. چۈنكى، ئۆز ئالىملىرىدىن يىراقلاشقان ئۇممەت ئېزىپ كېتىدۇ. ئۇممەتنىڭ كېيىنكىلىرى ئىلگىرىكىلىرىگە لەنەت ياغدۇرسا، ئۇنداق ئۇممەتتە ياخشىلىق يوقتۇر. ئىمامى ئەھمەد رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى: «بىر ئادەمنىڭ ساھابىلارغا تىل ئۇزارتقانلىقىنى كۆرسەڭ، ئۇنى ئىسلامغا قارشى چىققانلىق بىلەن ئەيىپلىسەڭ بولىدۇ» دېگەن.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالىملىق داۋاسى قىلىدىغان كىشىلەر كۆپتۇر، ھەقىقىي نەسىھەتچى ئالىملار ئازلاپ، شۈبھىلىك كىشىلەر ۋە شۈبھىلىك سۆزلەر كۆپ بولسا، ھەقىقەت ۋە ھەققانىيەتچىلەرمۇ ئۆزىنىڭ ھەق يولىدا ئىكەنلىكىدىن گۇماندا قالىدىغان ئەھۋال يۈز بېرىدۇ ۋە ھىدايەت دۈشمەنلىرى جانلىنىپ، ئازغۇنلۇق تەشۋىقاتچىلىرى بازار تاپىدۇ. دىن دۈشمەنلىرى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇممەت ئىچىدە بۆلۈنۈش ۋە پىتنە پەيدا قىلىشقا باشلايدۇ. دۈشمەنلەر بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ ئىسلام تارىخىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىسلام ئۇممىتى كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆز ئوغلانلىرىنىڭ بىلمەسلىكى ۋە جاھالىتىدىن دۈشمەنلەرگە يەم بولۇپ كېتىدۇ. بىز ياخشى گۇمان قىلغان بەزى جاھىل كىشىلەر دۈشمەننىڭ پىلانلىرىغا پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

ئۆزىنى سەلەفكە مەنسۇپ قىلىپ قويۇپ، سەلەف نامىدا تۈرلۈك جامائەت ۋە تەشكىلاتلارنى قۇرۇپ، بۇ شەرەپلىك ئىسىمنى بۇلغىغانلار ۋە شۇ سەلەف ئالىملىرى نامىدا ئىنسانىيەتكە قارشى خاتالىقلارنى سادىر قىلغانلارمۇ كۆپ كۆرۈلگەن. دۈشمەنلەر بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ جاسۇسلىرىنى كىرگۈزۈپ، ئىسلام ئۇممىتىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىۋالايمىز. بەزى تەرەپلەر ئىسلامغا قىلىدىغان دۈشمەنلىكىنى، ئاتالمىش «رادىكال سەلەفىيلەر» گە قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن سادىر قىلماقتا. تەتۈر تەشۋىقات قىلىۋاتقان ئاخبارات ۋاستىلىرى، تېرورچىلار ۋە رادىكال كۈچلەرنى

«سەلەفىيلەر» دەپ ئاتايدىغان يەرگە يەتتى ۋە ئۇممەتنى ئۆز دىنىغا چاقىرىش رادىكال سەلەفىيلىك دەپ سۈپەتلەندى، شۇڭا سەلەفىي دېگەن ئىسىم ھاقارەت، جىنايەت ۋە ناچار ئىللەت سىموۋۇلىغا ئايلىنىپ قالدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ سەلەفلىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، ساھابىلار، تابىئىنلار ۋە ئۇلاردىن كېيىنكى ئىسلام ئالىملىرى ئىدى، قايسى كىتابتا سەلەفلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەنلىكىنى، قەبرىلەر ۋە مازارلاردىن مەدەت تىلىگەنلىكىنى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە پەيدا قىلغانلىقىنى ئاڭلىدىڭلار؟ ئىلگىركى سەلەف ئالىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ۋە دىنىنىڭ ساپلىقىنى ساقلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن، دىندا ئاشۇرۇۋېتىشتەك ئىشلارغا يول قويمىغان. سەلەف ـ سالىھلارنىڭ تۇتقان يولى، ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئوسمان ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ يولىدۇر. خالىد ئىبنى ۋەلىد، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس، ھەمزە ۋە مۇسئەبلەر ئۇرۇش قىلىپ شېھىد بولغان يولدۇر. ئەنە شۇ يول، ھەسەن بەسرى، نەخەئىي، شەئبىي، ئەبۇ ھەنىيفە، مالىك، شافىئىي، ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىمامى بۇخارى، ئىمامى مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئۇلاردىن باشقا سەلەفلەر ماڭغان يولدۇر.

سەلەفلەرنىڭ تۇتقان يولى ئىسلامنىڭ ئاساسىي يولىدۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدا يېڭىلىق پەيدا قىلىشى، ئىختىلاپلىشىشى ۋە خاتا يوللاردا مېڭىشىغا ھېچقانداق سەۋەب يوق، چۈنكى دىنىنىڭ ئاساسى قۇرئان ۋە ھەدىستۇر. قۇرئان، ھەدىستە مۇجمەللىك يوق، شۇڭا ئۇنىڭدا چۈشىنىكسىز مەسىلىمۇ يوق. ئۇنداقتا ئازغۇنلۇققا نېمە ھاجەت؟ ئىسلامنىڭ كۈچلىنىشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۆز دىنىنى توغرا مەنبەدىن ئېلىشى لازىمدۇر. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ئۆمرىدە: «مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابى، مېنىڭ سۈننىتىم ۋە خۇلەفائى راشىدىنلارنىڭ سۈننىتىنى قويۇپ كېتىۋاتىمەن، سىلەر شۇلارغا مۇستەھكەم ئېسىلساڭلار ئازمايسىلەر» دېگەن.

ئاللاھ بىزلەرنى قۇرئان، ھەدىسنىڭ روھىدىن ئازدۇرمىسۇن، ئىسلام مەشئىلىنى كۆتۈرگەن سەلەف ـ سالىھىنلار قاتارىدا قىلسۇن، ئامىن!.

# ئاللاھ ئىنسانلارنى دۇنياغا ئورۇنباسار قىلىپ ياراتقان، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئورۇنباسارلىققا لايىقتۇر

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللاھ خەييات

2011 - يىلى 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا مونۇلارنى تەۋسىيە قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

قەلبنىڭ ئويغاقلىقى، كۆڭۈل ئاراملىقى ۋە روھنىڭ پاكلىقى، ھەر بىر ئاقىلنىڭ ئارزۇسى، ھوشيارنىڭ غايىسى ۋە ئاللاھ تەرىپىگە قايتقۇچىنىڭ ئارزۇ-ئارمىنىدۇر. ئۆزى ۋە خەلقىگە ياخشىلىقنى خالىغان ئادەم، خارلىقنىڭ ھەر قانداق زەنجىرلىرىدىن ئازات بولۇشقا ۋە ھالاكەتنىڭ ئامىللىرىدىن ئۆزىنى ۋە خەلقنى قۇتقۇزۇشقا تىرىشىدۇ. دۇنيادا ئۆز يولىنى تېپىپ، ھاياتىدا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلەر، پەرۋەردىگارىنىڭ ھىدايىتىگە مۇيەسسەر بولغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگەشكەنلەر بولۇپ، ئۇلار مۆمىنلەرنى ھىدايەت ۋە نىجاتلىق يولىغا باشلىغان ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئەسلەيدۇ: ﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ مِنكُمۡ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ لَيَسۡتَخۡلِفَنَّهُمۡ فِى ٱلۡأَرۡضِ كَمَا ٱسۡتَخۡلَفَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمۡ دِينَهُمُ ٱلَّذِى

ٱرْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّنۢ بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا ۚ يَعْبُدُونَنِى لَا يُشْرِكُونَ بِى شَيْـًٔا ۚ وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَـٰسِقُونَ﴾ ﴿ئاللاھ ئىچىڭلاردىكى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى زېمىندا ھۆكۈمران قىلغاندەك، ئۇلارنىمۇ چوقۇم ھۆكۈمران قىلىشنى، ئۇلار ئۈچۈن تاللىغان دىننى چوقۇم مۇستەھكەم قىلىپ بېرىشنى ۋە ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى ئامانلىققا ئايلاندۇرۇپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ماڭا ئىبادەت قىلىدۇ، ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، شۇ ۋەدىدىن كېيىن كاپىر بولغانلار ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر﴾[1].

مۆمىنلەر بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدا پاسىل پەيدا بولۇپ، مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن يىراقلىشىپ، يامانلىق ۋە پىتنە-پاسات ھۆكۈم سۈرسە، ئۈممەتلەرنىڭ بېشىغا بالايى-مۇسىبەتلەر كېلىدۇ ھەمدە ئارىدا خۇسۇمەت ۋە ئاداۋەت پەيدا بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ظَهَرَ ٱلْفَسَادُ فِى ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِى ٱلنَّاسِ لِيُذِيقَهُم بَعْضَ ٱلَّذِى عَمِلُوا۟ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾ ﴿ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى﴾[2].

بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولىدۇكى، بىزلەرنىڭ قىلمىشلىرىمىز بىلەن كائىناتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئوتتۇرىسىدا مۇستەھكەم ئالاقە بار، ئىنسانلار ئادەمنىڭ يارىتىلىشىدىكى ھېكمەتنى چۈشىنىپ ئاللاھقا ھەقىقىي قۇلچىلىق قىلسا، ئاللاھنى رازى قىلىشقا تىرىشسا ۋە ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە توغرا يولدا ماڭسا، ئاللاھ ئۇلارغا رەھمەت خەزىنىسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ. ئاسماندىن بەرىكەتلەرنى ياغدۇرىدۇ ۋە يەر ئاستىدىكى بايلىقلارنى چىقىرىپ بېرىدۇ.

ئىنسان ئۆز ئالدىدا تاللاش يولىغا دۇچ كەلگەندە، قەلبىدە قىلچە شەك بولماستىن ئاللاھنىڭ توغرا پرىنسىپىنى تاللىشى كېرەك. ئاللاھنىڭ يولى نىجاتلىق، ھىدايەت ۋە بەخت-سائادەت يولىدۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە

[1] سۈرە نۇر: 55 - ئايەت.
[2] سۈرە رۇم: 41 - ئايەت.

ئاتىمىز ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەيتاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈلۈش قىسسىسىنى بىزگە بايان قىلىپ، مۇنداق دېگەن: ﴿قَالَ ٱهْبِطَا مِنْهَا جَمِيعًۢا بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ ۖ فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّى هُدًى فَمَنِ ٱتَّبَعَ هُدَاىَ فَلَا يَضِلُّ وَلَا يَشْقَىٰ﴾ «ئاللاھ (ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا) ئېيتتى: «سىلەر ھەممىڭلار جەننەتتىن بەزىڭلار بەزىڭلارغا دۈشمەن بولغان ھالدا چۈشۈڭلار، ئەگەر سىلەرگە مېنىڭ تەرىپىمدىن ھىدايەت كەلسە، كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ»[1].

ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن يۈز ئۆرۈگەن، ئاللاھنىڭ يولىيورۇقلىرىغا قارشى ئىشلارنى سادىر قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتى، زىيان تارتىش ۋە تۇرمۇشىدا راھەتسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. چۈنكى ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَنْ أَعْرَضَ عَن ذِكْرِى فَإِنَّ لَهُۥ مَعِيشَةً ضَنكًا وَنَحْشُرُهُۥ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ أَعْمَىٰ قَالَ رَبِّ لِمَ حَشَرْتَنِىٓ أَعْمَىٰ وَقَدْ كُنتُ بَصِيرًا قَالَ كَذَٰلِكَ أَتَتْكَ ءَايَٰتُنَا فَنَسِيتَهَا ۖ وَكَذَٰلِكَ ٱلْيَوْمَ تُنسَىٰ وَكَذَٰلِكَ نَجْزِى مَنْ أَسْرَفَ وَلَمْ يُؤْمِنۢ بِـَٔايَٰتِ رَبِّهِۦ ۚ وَلَعَذَابُ ٱلْءَاخِرَةِ أَشَدُّ وَأَبْقَىٰٓ﴾ «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز». ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ؟ ۋەھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك، ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن». ھەددىدىن ئاشقان ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر»[2].

ئاللاھقا ئىخلاس قىلمىغان قەلب، داۋاملىق ئەندىشە، ھەيرانلىق، قورقۇنچ، گۇمان ۋە شۈبھىلەر ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ تۇرمۇشتىكى قىينچىلىق ۋە سىقىلىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى ئاللاھقا ئىخلاس قىلىشقا، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، چەكلىمىلىرىدىن ساقلىنىشقا نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!!.

[1] سۈرە تاھا: 123 ـ ئايەت.
[2] سۈرە تاھا: 124 ـ 127 ئايەتلەر.

# سۇخەنچىلىك ۋەگەپ توشۇش قەتئىي ھارام

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن ھۇمەيد

2011 – يىلى 6 – ئاينىڭ 17 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۇمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «سۇخەنچىلىك ۋە گەپ توشۇش قەتئىي ھارام» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. سىلەر ئۆتكەنلەردىن ئىبرەت ئېلىڭلار! ھايات بارلار بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقانلاردىن ئىبرەت ئالماسلىق، ئېغىر زىيانكارلىقتۇر.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! ياخشى ئەمەللەرگە ئالدىرىغىن، ئۆلۈم بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ ھالقىسىنى ئۈزۈپ قويىدۇ. ئاخىرەتتە ئەيىب يوق، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە خاھىشلىرى بىلەن مەست بولغان كىشى ئىبرەت ئالمىغان كىشىدۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلارنى ئىبرەت ئېلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ لَا تُلْهِكُمْ أَمْوَٰلُكُمْ وَلَآ أَوْلَـٰدُكُمْ عَن ذِكْرِ ٱللَّهِ ۚ وَمَن يَفْعَلْ ذَٰلِكَ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار، سىلەرنى ئاللاھنىڭ زىكرىدىن (يەنى ئاللاھنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىدىن) غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن، كىملەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[1]. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَن يُؤَخِّرَ ٱللَّهُ نَفْسًا إِذَا جَآءَ أَجَلُهَا ۚ وَٱللَّهُ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئاللاھ ھېچ ئادەمنى ئەجىلى

[1] سۈرە مۇنافىقۇن: 9 ـ ئايەت

كەلگەنــدە ھەرگىــز كىچىكتۈرمەيــدۇ، ئاللاھ قىلىۋاتقــان ئىشــلاردىن تولــۇق خــەۋەرداردۇر﴾[1].

بىــر توختىماقچــى بولغــان كىســەل، ئېغىــر كىســەل بولــۇپــلا قالماســتىن، كىسەللەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئېغىرراقى بولمىغان كىسەلدۇر. بۇ كىسەل مىڭلىغان قەلبلەرنى قانغا بويىغان، نەچچىلىگەن ئائىلىنى ۋەيران قىلغان، ئۆيلەرنى يىقىتقان، پىتنىلەرنى قوزغىغان، ئالاقىلارنى بۇزغان ۋە يارىشىش-سۆلھىگە ئورۇن قويمىغان كىسەل بولۇپ، ئۇ سۇخەنچىلىك ۋە گەپ توشۇش كىسىلىدۇر. سۇخەنچىلىك كىسىلى ئىنسانلاردا بىر-بىرىگە بولغان ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە خۇسۇمەت ئوتىنى قوزغايدىغان رەزىل بىر كىسەلدۇر. سۇخەنچىلىك بولسا، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىرىنىڭ گېپىنى يەنە بىرىگە ئاداۋەت پەيدا قىلىش مەقسىتىدە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تُطِعْ كُلَّ حَلَّافٍ مَّهِينٍ هَمَّازٍ مَّشَّآءِۭ بِنَمِيمٍ مَّنَّاعٍ لِّلْخَيْرِ مُعْتَدٍ أَثِيمٍ عُتُلِّۭ بَعْدَ ذَٰلِكَ زَنِيمٍ﴾ ﴿قەسەمخور، پەس، غەيۋەتخور، سۇخەنچى، بېخىل، ھەددىدىن ئاشقۇچى، گۇناھكار، قوپال، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارامدىن بولغان ئادەم (ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە) گە ئىتائەت قىلمىغىن﴾[2].

سۇخەنچى ئۆزىنىڭ سەممىي ئەمەسلىكى، ئىچى باشقا، تېشى باشقا ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. سۇخەنچى دېگەن تەبىئىتى پەس، شەكلى گۈزەل، تۇرقى كۆركەم، لېكىن ئۆزىگە ھۆرمەت قىلمايدۇ. مېلى كۆپ، مەنسۇۋى يۇقىرى بولسىمۇ، كىشىلەر ئالدىدا ھۆرمىتى يوق. ئۇ باشقىلارنى كۆزگە ئىلماي كۆز قىسىدۇ، كۆز ئىشارىتى ئارقىلىق ھاقارەت قىلىدۇ. سۇخەنچى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىدىغان ئېھسان ئىگىسى بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ياخشىلىق قىلىدىغانلارنىڭ يولىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. سۇخەنچى ئۆزىنى ھارامدىن تارتمايدۇ، كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا تەبىئىي بولماستىن، سۈنئىيلىكنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان، ئىككى يۈزلىمە بولۇپ، بۇلارنىڭ قېشىغا كەلسە بىر يۈز بىلەن، ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغاندا يەنە بىر يۈز بىلەن بارىدۇ.

سۇخەنچىنىڭ دوستلىرى ناچار ۋە ئەخلاقسىز كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ

[1] سۈرە مۇنافىقۇن: 11 ـ ئايەت

[2] سۈرە قەلەم: 10 ـ 13 ئايەتلەر.

سورۇنلىرى غەيۋەت ـ شىكايەت ۋە باشقىلارنىڭ ئابرۇي ـ شەرەپلىرىنى تۆكۈش بىلەن تولغان. سۇخەنچى داۋاملىق ئۆزىنى ئۇنتۇپ باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كولايدۇ، ياخشىلىقنى كۆرسە كۆرمەسكە سالىدۇ، يامانلىقنى كۆرسە ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەيدۇ. سۇخەنچىلىككە ئامال تاپالمىسا، يالغانچىلىق ئېتىشقا مىنىدۇ ـ دە! نىشان ئوبيېكتى قىلغان كىشىنىڭ ئۈستىدىن يالغانلارنى توقۇشقا باشلايدۇ. سۇخەنچىلەر، گەپ توشۇيدىغان، دىنىنى باشقىلارنىڭ دىنىغا ساتىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئورنىغا ئىنسانلارنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەنلەردۇر. سۇخەنچىنىڭ تىلى شېكەر، دىلى زەھەر بولۇپ، ئۆزىنىڭ شەرىپى ۋە ئىناۋىتىنى ساقلاشنى بىلمەيدۇ ھەمدە باشقىلار بىر يىلدا بۇزالمىغاننى بىر سائەتتە بۇزالايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «سۇخەنچى جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئىككى قەبرىنىڭ قېشىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: «بۇ ئىككى قەبرىدىكىلەر ئازابلىنىۋاتىدۇ، ئۇلار چوڭ ئىشلار ئۈچۈن ئەمەس، ئادەتتىكى ئىشلار ئۈچۈن ئازابلىنىۋاتىدۇ، بىرى گەپ توشۇپ سۇخەنچىلىك قىلاتتى، يەنە بىرى سىيدۈكىدىن ساقلانمايتتى» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «قىيامەتتە ئەڭ يامان كىشىلەر ئىككى يۈزلۈك كىشىلەر بولۇپ، بەزىلەرنىڭ قېشىغا بىر يۈز بىلەن، يەنە بەزىلەرنىڭ قېشىغا يەنە بىر يۈز بىلەن كېلىدۇ» دېگەن. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سۇخەنچى ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر».

ئىسلام ئۈممىتى سۇخەنچىلىكنىڭ ھاراملىقىغا بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، گەپ توشۇش گۇناھى كەبىرە ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىنسانلارنىڭ يامىنى سۇخەنچىلىك قىلىدىغانلاردۇر، ئۇلار دوستلارنى ئايرىۋېتىدۇ، ئارىلىقنى بۇزىدۇ ۋە بىگۇناھ كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىدۇ» دېگەن.

سۇخەنچىلىك ئىنساننى يالغانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ، يالغانچىلىق، خارلىققا ئېلىپ بارىدۇ. سۇخەنچىلىك سۆز ۋە ئىما ـ ئىشارەت ئارقىلىق بولۇپ، ئىنسانلار ئوتتۇرىدىكى قېرىنداشلىق ۋە مۇھەببەت رىشتىسىنى بۇزىدىغان ئىللەتتۇر. سۇخەنچىلىك شۇنداق ئېغىر كېسەلكى، كۆپلىگەن ئائىلە، ئاتا ـ

ئانىلار، ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللارنىڭ ئوتتۇرىسىنى بۇزۇپ، ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. سۇخەنچىلىك دوست-بۇرادەرلەر، ئائىلە تاۋاباتلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىمۇ ھەمدە مەسئۇللار ۋە ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ئىچىدىمۇ يۈز بېرىدۇ، لېكىن ھاكىمىيەتتىكىلەر ئىچىدە يۈز بەرگەن سۇخەنچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىك بولۇپ، كۆپلىگەن كىشىلەر زۇلۇمغا ئۇچراپ قالىدۇ، شۇڭا ئالىملار ۋە ھاكىملار باشقىلار ھەققىدە سۇخەنچىلەردىن گەپ-سۆز ئاڭلىغاندا، ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارماسلىقى، كەلگەن خەۋەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى تەكشۈرۈشى كېرەك.

بىز ياشاۋاتقان زامان ئۇچۇر زامانى بولۇپ، توردىن ئىبارەت ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىمۇ گەپ توشۇش ۋە سۇخەنچىلىككە كەڭ ئورۇن بېرىلگەن. بەزى تەرەپلەر مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تائىپەۋازلىق، مەزھەبچىلىك ۋە سىياسىي پىتنە پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنماقتا، شۇڭا خەلق ئاممىسى يامان غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئالدانماسلىقى كېرەك. مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قارىتا يامان گۇماندا بولماسلىقى كېرەك. ھەقىقىي مۇسۇلمان دىللارنى بۆلگۈچى ئەمەس، بەلكى ئۇنى بىرلەشتۈرگۈچى بولۇشى كېرەك.

ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بىر ئادەم، باشقا بىر كىشىنىڭ گېپىنى دەپ كەلگەندە، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب: «گېپىڭ راست بولسا ساڭا كايىشىمىز كېرەك، يالغانچى بولساڭ جازاغا تارتىشىمىز كېرەك، خىزمەتچى بولساڭ خىزمىتىڭدىن قالدۇرىشىمىز كېرەك» دېگەندە، ئۇ كىشى: مېنى خىزمىتىمدىن ئېلىپ تاشلاڭ، ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! دېگەن.

سىزنىڭ ھەقىقىي دوست-قېرىندىشىڭىز سىزنى يوق يېرىڭىزدە مۇداپىئە قىلىدۇ، شەرىپىڭىزنى ساقلايدۇ، ئابرۇيىڭىزغا داغ تەككۈزمەيدۇ ۋە غەيۋىتىڭىزنى قىلمايدۇ. كىم سىزگە باشقىلارنىڭ سىزنى سۆككەنلىكىنى يەتكۈزسە، ئۇ كىشى سىزنى سۆككەن ۋە سىزگە ھاقارەت قىلغان بولىدۇ. سىز داۋاملىق كۆڭلى - كۆكسىڭىز كەڭ، كەچۈرۈمچان ۋە ئەپۇچان بولۇڭ. باشقىلارغا قەلبىڭىزدە ئاداۋەت ۋە ھەسەتكە ئورۇن بەرمەڭ.

ئاللاھ ھەممىمىزنى سۇخەنچىلىك، گەپ توشۇش، ھەسەت ۋە چىدىماسلىق كېسەللىرىدىن ساقلىسۇن، ئامىن!.

# ئىپپەتنى ساقلاش ھەققىدە

ئۇستاز دوكتور ئابدۇراھمان سۇدەيس

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىپپەتنى ساقلاش ھەققىدە» تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئۇلۇغ ئىسلام شەرىئىتىمىز، ئەڭ ئالىي غايە ۋە ئەڭ ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ئىنسان نەپسىنى ھەر تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ۋە ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان كىرلاردىن پاكلىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن ۋە ناچار ئىللەتلەردىن خالىي، شەرەپلىك، پاك ئىپپەتنى قوغداپ، ھاياسىزلىقتىن قاچىدىغان، ساغلام بىر جەمئىيەت بەرپا قىلغان. ئاللاھ تائالا بۇ جەمئىيەت كىشىلىرىنى مەدھىيلەپ مۇنداق دېگەن: ﴿كُنتُمْ خَيْرَ أُمَّةٍ أُخْرِجَتْ لِلنَّاسِ تَأْمُرُونَ بِٱلْمَعْرُوفِ وَتَنْهَوْنَ عَنِ ٱلْمُنكَرِ وَتُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ ۗ وَلَوْ ءَامَنَ أَهْلُ ٱلْكِتَٰبِ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُم ۚ مِّنْهُمُ ٱلْمُؤْمِنُونَ وَأَكْثَرُهُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ﴾ ﴿سىلەر پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن چىقىرىلغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر، ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر، يامانلىقتىن توسىسىلەر﴾[1].

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئىپپىتىگە چېقىلىشنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱلَّذِينَ لَا يَدْعُونَ مَعَ ٱللَّهِ إِلَٰهًا ءَاخَرَ وَلَا يَقْتُلُونَ ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِى حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّ وَلَا يَزْنُونَ ۚ وَمَن يَفْعَلْ

[1] سۈرە ئال ئىمران: 110 ـ ئايەت

ذَٰلِكَ يَلْقَ أَثَامًا﴾ ﴿ئۇلار ئاللاھقا ئىككىنچى بىر مەبۇدنى شېرىك قىلمايدۇ، ئاللاھ ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ، كىمكى بۇ (گۇناھلار) نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ﴾[1].

غۇرۇرلۇق مۇئمىن، ئىپپىتىگە دەخلى يېتىشتىن ئۆلۈمنى ئەۋزەل بىلىدۇ. ئىپپىتىگە چېقىلىدىغان بولسا دەرھال غەزەپكە كېلىپ يولۋاستەك ئېتىلىدۇ ۋە ئىپپىتىنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مۇئمىن كۈنلەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن بەكرەك كۈنلەيدۇ» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھنىڭ كۈنلىشى مۇمىننىڭ ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلىشىدىن كۈنلىشىدۇر» دېگەن[2].

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، زامانىمىزدا كىشىلەر ئەركىنلىك داۋاسى ئاستىدا ئىپپەت-نومۇسنى قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەي، يامان غەرەزلىك، ئىستىلى بۇزۇق، ئادىمىي شەيتانلارنىڭ ئىپپەت-نومۇس ۋە شەرەپلەرنى ئاياغ ئاستى قىلىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرمەكتە.

ئى شەرەپ ۋە غۇرۇر ئىگىلىرى! ئىپپەت-نومۇسنىڭ بۇلغىنىشى ۋە شەرەپلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىشى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەر يۈرەكلەرنى ئېچىشتۇرىدۇ. چۈنكى، ئىپپىتى بۇزۇلغان سەۋەبتىن قانچىلىغان قىزلار يۈزىنى كۆتۈرەلمەس، ئۆيىدىن چىقالماس بولدى! ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن قانچىلىغان قىزلار ئىنسانىي ھايۋانلارنىڭ نىجىس قوللىرى بىلەن ھاياتى دوزاخقا ئايلاندى! قانچىلىغان ئائىلىلەر ۋەيران بولۇپ، ھەسرەت چەكتى، ياقىلىرىنى يىرتتى ۋە بەدەنلىرىنى يارىلىدى، چۈنكى بىر دانە بۇلۇت سائادەت قۇياشىنى ئورىۋالالايدىغان تۇرسا، گۆلدۈرمامىلار ۋە چاقماقلار نېمىلەرنى قىلمايدۇ؟! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، پۇل-مال ئوغرىلىغان ئوغرى جىنايەتچى ھېسابلانسا، ئىپپەت ئوغرىلىرى گۇناھكارلارنىڭ بېشى ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر.

ئاللاھ تائالا قويغان جازالار، مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى مۇشۇنداق يامان

[1] سۈرە فۇرقان: 68 - ئايەت
[2] ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

غەرەزلىك كىشىلەرنىڭ شەررىدىن ساقلاش ۋە ئۇلارنىڭ شۇم جىنايەتلىرىدىن پاكلاش ئۈچۈن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جازالار كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئىجرا قىلىناتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱلزَّانِيَةُ وَٱلزَّانِى فَٱجْلِدُواْ كُلَّ وَٰحِدٍ مِّنْهُمَا مِاْئَةَ جَلْدَةٍۖ وَلَا تَأْخُذْكُم بِهِمَا رَأْفَةٌ فِى دِينِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ تُؤْمِنُونَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِۖ وَلْيَشْهَدْ عَذَابَهُمَا طَآئِفَةٌ مِّنَ ٱلْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿زىنا قىلغۇچى ئايال ۋە زىنا قىلغۇچى ئەرنىڭ ھەر بىرىنى يۈز دەررىدىن ئۇرۇڭلار، ئەگەر سىلەر ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان بولساڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ (ئەھكامىنى ئىجرا قىلىشتا) ئۇلارغا رەھىم قىلماڭلار، ئۇلارنى جازالىغان چاغدا مۆمىنلەردىن بىر تۈركۈم كىشى ھازىر بولسۇن﴾[1].

ئەي ئاتا-ئانىلار! ئوغۇل-قىزلىرىڭلارنى ياخشى تەربىيلەپ، ئۇلارنى ئادىمي شەيتانلارنىڭ قىسمىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاڭلار. ئۇلارنىڭ كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىدىغان ۋە يۈزلىرىنى چۈشۈرىدىغان ئىشلارنى قىلىشىغا يول قويماڭلار.

ئى مۇسۇلمان ھەدە-سىڭىللار! ھايالىق ۋە نومۇسچان بولۇڭلار! بەدەنلىرىڭلارنى نامەھرەمدىن ياخشى ساقلاپ، ئىپپىتىڭلارنى قوغداڭلار. ئىسلام شەرىئىتى سىلەرنىڭ پاك ۋە پەزىلەتلىك جەمئىيەتتە، شەرەپلىك ياشىشىڭلار ئۈچۈن قائىدە-يوسۇنلارنى قويغان. ئىسلامنىڭ شۇ تەلىماتلىرىغا ئەمەل قىلىڭلار، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَرْنَ فِى بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ ٱلْأُولَىٰۖ﴾ ﴿ئى ئاياللار! ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك كوچىلارغا ياسىنىپ چىقماڭلار﴾[2].

ئى ئىسلام ئۈممىتى! دىنىمىزنى، ئىززىتىمىزنى، غۇرۇرىمىزنى، ھۆرمىتىمىزنى ۋە خاتىرجەملىكىمىزنى بۇزىدىغان ھەمدە جەمئىيەتتە دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدىغان نىجىس قىلىقلار ۋە رەزىل ئىللەتلەردىن ساقلىنايلى، قىزلىرىمىزنىڭ، ھەدە-سىڭىللىرىمىزنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى ساقلايلى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئاللاھ سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا قانلىرىڭلارنى، ماللىرىڭلارنى

[1] سۈرە نۇر: 2 - ئايەت
[2] سۈرە ئەھزاب: 33 - ئايەت

ۋە ئىپپەت-نومۇسۇڭلارنى ھارام قىلدى» دېگەن[1]. يەنى بىر-بىرىڭلارنىڭ جانلىرىغا، ماللىرىغا ۋە ئىپپەت-نومۇسىغا چېقىلىش ھارام دېگەنلىكتۇر. ئىپپەت-نومۇسقا چېقىلىشنى يوقىتىشنىڭ يولى، ياشلارنى ئۆيلەندۈرۈش ۋە مېھىر ھەققىنى تۆۋەنلىتىشتۇر. چۈنكى، ئەڭ ياخشى قەلئە (سېپىل) ئىسلام شەرىئىتى بەلگىلىگەن قائىدىلەردۇر. بۇ قائىدىلەرگە توغرا ئەمەل قىلىش بىلەن ئوغۇل-قىزلىرىمىزنى ھەر تۈرلۈك يامان ئىشلاردىن ساقلاپ، ئۇلارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى قوغداپ قالالايمىز.

---

[1] ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى.

# ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا ئىخلاس قىلىش ۋە بارلىق ئەمەللەردە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش لازىم

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

2011 – يىلى 7 – ئاينىڭ 2 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتا ئىخلاس قىلىش ۋە بارلىق ئەمەللەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش لازىم» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىلگىرىكى زامانلاردا كىشىلەرنىڭ ئالىملارغا بولغان ھۆرمىتى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، ئالىملارغا ۋە چوڭلارغا قارىتىپ خىتاب قىلغاندا، ئىنتايىن ئەدەپلىك ۋە ئەخلاقلىق مۇئامىلە قىلاتتى. يۈرۈش-تۇرۇشى ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئىسلام دىنى بىزنى ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى ۋە دىنىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان نامازغا قانداق تۇرۇش، ناماز ئارقىلىق ئاللاھقا قانداق ۋەسىلە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ. بىز ئاللاھقا يېلىنغاندا ئەڭ چىرايلىق سۆزلەر ئارقىلىق يېلىنىشىمىز كېرەك. ئاللاھتىن كەرەملىك كىم بار؟ ئاللاھتىن ئۇلۇغ كىم بار؟ ناماز ئوقۇغاندا بەدەنلىرىمىزنىڭ ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىپ قانداق ھەرىكەتلەنگەنلىكىگە قاراڭ. ناماز ئوقۇغان كىشى

نامـاز ئىبادىتىنـى تامامـلاپ، سـالام بېرىشـتىن بـۇرۇن تەشـەھھۇدتا ئولتۇرغانـدا ئاللاھنـىڭ ئالدىـدا تىزلىنىـپ ئولتۇرىـدۇ، ئاللاھنـىڭ ئەزىمىتـى ۋە كاتتىلىقىنـى ئەسـلەيدۇ، ئۆزىنىـڭ خوجايىـن ئالدىـدا ئولتۇرغانلىقىنـى ۋە قۇلچىلىقىنـى يـاد ئېتىـدۇ. نامـازدا ئولتۇرغانلىـق، خارلىـق ۋە قۇلچىلىـق ئىزھـار قىلىشـتىكى ئـەڭ چىرايلىـق ۋە ئەدەپلىـك كۆرۈنۈشـتۇر. بەنـدە تەشـەھھۇدتا ئولتۇرغانـدا ئاللاھقا ئـەڭ گـۈزەل رەۋىشـتە تۆۋەندىكىـدەك ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىـدۇ:

«التحيـات لله والصلـوات والطيبـات السـلام عليـك ايهـا النبـى و رحمـة الله وبركاتـه السـلام علينـا وعلـى عبـاد الله الصالحيـن اشـهد ان لا الـه ان الله وان محمـدا عبـده ورسـوله اللهـم صلـى علـى محمـد كمـا صليـت علـى ابراهيـم وعلـى ال ابراهيـم وبـارك علـى محمـد كمـا باركـت علـى ابراهيـم وعلـى ال ابراهيـم فـى العالميـن انـك حميـد مجيـد» .

ئىبنـى مەسـئۇد رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دەيتتـى: بىـز پەيغەمبـەر ئەلەيھسسالام بىلـەن نامازغـا تۇرغاندا: ئاللاھقا بەندىلىرىدىن سالاملار بولسۇن! پالانى ـ پۇسـتانىلارغا سـالاملار بولسـۇن! دەيتتـۇق، پەيغەمبـەر ئەلەيھسسـالام بىـر كۈنـى: «ئاللاھقـا سـالاملار بولسـۇن! دېمـەڭلار، چۈنكـى ئاللاھنـىڭ ئـۆزى سـالامدۇر، لېكىـن: ئەتتەھىيياتـۇ لىللاھى ۋەسسـەلەۋاتۇ ۋەتتەييىباتۇ، ئەسسالامۇ ئەلەيكـە ئەييۇھەننەبىييـۇ ۋەرەھمەتۇللاھـى ۋە بەرەكاتۇھـۇ، ئەسسالامۇ ئەلەينا ۋە ئـەلا ئىبادىللاھىسسـالىھىن» دەڭلار، شـۇنداق دېسـەڭلار، ئاسـمان ـ زېمىندىكـى ياكـى ئاسـمان ـ زېمىن ئارلىقىدىكـى بارلىـق مەخلۇقلارغـا يېتىـدۇ» دېگـەن.

كىشـىلەرنىڭ ئادىتـى بويىچـە، بىـرەر كىشـى پادىشـاھلارنىڭ ھۇزۇرىغـا كىرسـە، ئـۇ پادىشـالارنى شـۇلارنىڭ ماقامىغـا لايىـق ماختـاپ كېتىـدۇ. نامـازدا تەشـەھھۇدتا ئولتۇرغـان ئـادەم، بارلىـق ۋۇجـۇدى بىلـەن ئاللاھقا يېلىنغـان ھالدا ئاللاھتىـن باشـقىغا يېلىنمايدىغانلىقىنـى ئىزھـار قىلىـپ ئولتۇرىـدۇ. كاتتىلىـق ۋە ئەزىمـەت ئاللاھقـا خاسـتۇر، سـالاۋات ئاللاھقـا خاسـتۇر، نامـاز دېگـەن سـۆز، لۇغـەت ۋە شـەرئىي ئىستىلاھ بويىچە، مەخسۇس ئالـلاھ ئۈچۈنـلا قىلىنىدىغان قۇلچىلىقنىـڭ ئىسـمىدۇر. نامازلارنىـڭ ھەممىسى ئاللاھقىـلا خاسـتۇر، ئاللاھتىـن باشـقا ھېچبىـر مەخلـۇق ئۈچـۈن نامـاز ئوقۇلمايـدۇ، دۇئـا قىلىشـمۇ ئاللاھقـا خـاس بولـۇپ، ئاللاھتىـن باشـقىغا دۇئـا قىلىنمايـدۇ، چۈنكـى ئالـلاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَقَالَ رَبُّكُمُ ٱدۡعُونِيٓ أَسۡتَجِبۡ لَكُمۡۚ إِنَّ ٱلَّذِينَ يَسۡتَكۡبِرُونَ عَنۡ

عِبَادَتِى سَيَدْخُلُونَ جَهَنَّمَ دَاخِرِينَ﴾ «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)، شۈبھىسىزكى، مېنىڭ ئىبادىتىمدىن چوڭچىلىق قىلىپ باش تارتىدىغانلار خار ھالدا جەھەننەمگە كىرىدۇ»[1].

ئۇنداقتا بارلىق ھەمدۇ-سانالار ۋە نامازلار ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى كېرەك. بىز باشتا زىكىر قىلغان «تەييىبات» سۆزى بارلىق ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئاتالغۇسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاللاھقا ئالاقىلىق تەرىپى ۋە بەندىنىڭ قىلىقلىرىغا ئالاقىلىق تەرىپىمۇ بولىدۇ. ئاللاھقا ئالاقىلىق تەرىپى بولسا، ئاللاھنىڭ ماقامىغا لايىق سانا ئېيتىش بولۇپ، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىگە لايىق سانا ئېيتىش بىلەن بەندىنى ماختاش توغرا ئەمەس، بىراق بەندىلەرنى ماختاشتا ئىلاھلىق ماقامىغا يەتكۈزمەستىن، ھەر شەخسنىڭ ئۆز ئورنىغا لايىق ماختىسا بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلْعِزَّةَ فَلِلَّهِ ٱلْعِزَّةُ جَمِيعًا ۚ إِلَيْهِ يَصْعَدُ ٱلْكَلِمُ ٱلطَّيِّبُ وَٱلْعَمَلُ ٱلصَّٰلِحُ يَرْفَعُهُۥ ۚ وَٱلَّذِينَ يَمْكُرُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ لَهُمْ عَذَابٌ شَدِيدٌ ۖ وَمَكْرُ أُو۟لَٰٓئِكَ هُوَ يَبُورُ﴾ «كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن). ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ، (پەيغەمبەرگە قارشى) ھىيلە-مىكىرلەرنى تۈزىدىغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە-مىكرى ئىشقا ئاشمايدۇ»[2].

ياخشىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ ۋە ئاللاھ تەرەپكە ئۆرلەيدۇ. ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ ئالاھىدە ماقام بېرىپ، ئەسسەلامۇ ئەلەيكە ئەييۇھەننەبىييۇ (ئى پەيغەمبەر ساڭا سالاملار، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەرىكەتلىرى بولسۇن! دېگەن. سالام ئاللاھنىڭ ئىسمىدۇر، ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿هُوَ ٱللَّهُ ٱلَّذِى لَآ إِلَٰهَ إِلَّا هُوَ ٱلْمَلِكُ ٱلْقُدُّوسُ ٱلسَّلَٰمُ ٱلْمُؤْمِنُ ٱلْمُهَيْمِنُ ٱلْعَزِيزُ ٱلْجَبَّارُ ٱلْمُتَكَبِّرُ ۚ سُبْحَٰنَ ٱللَّهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ﴾ «ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر، (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ

[1] سۈرە غافىر: 60 - ئايەت
[2] سۈرە فاتىر: 10 - ئايەت

مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نوقسانىدىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھىر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۇرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر﴾[1].

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئۆزىنىڭ بارلىق ئەيىپ-نۇقسانلاردىن پاك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە ئەمەللەرنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىشقا بۇيرىدى. ئاللاھ يەنە بىزلەرنى ھەر نامازدا ئاللاھقا سانا ئېيتىپ بولۇپلا ئارقىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇشقا، ئاللاھتىن ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەشكە چاقىردى. گەرچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى بولسىمۇ، مىراجغا چىققاندا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغان، يەنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىمامىدۇر.

ئاللاھ بىزلەرنى ئىبادەتتە ئىخلاس قىلغۇچى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈپ، ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن، ئامىن!!.

[1] سۈرە ھەشر: 23 - ئايەت.

# ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تازىلاشقا چاقىرغان بولۇپ، تەۋھىد ئەقىدىسى دىللارنى پاكلايدىغان دىنىنىڭ جەۋھىرىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللاھ خەييات

2011 - يىلى 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى تازىلاشقا چاقىرغان بولۇپ، تەۋھىد ئەقىدىسى دىللارنى پاكلايدىغان دىنىنىڭ جەۋھىرىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. داۋاملىق ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇش، ئاللاھقا بولغان ئىماننى يېڭىلاپ تۇرۇش، تۆۋبىگە ئالدىراش ۋە ئاللاھقا بولغان ساداقەتمەنلىكتە سەممىي بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى تازىلاش، دىللارنى ئىسلاھ قىلىش ۋە پاكلاشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، روھىي دۇنياسىنى تازىلاش بارلىق دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەرگە مەنسۇپ ئىنسانلار ئارىسىدا ئورتاق تەشەببۇس قىلىنغاندۇر. قەدىمقى زامانلاردىن بېرى بارلىق مەدەنىيەتلەر ئىنسانلارنى روھىي دۇنياسىنى تازىلاشقا ۋە مەنىۋىي پاكلىققا چاقىراتتى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ روھىيىتىنى پاكلاش ئۈچۈن مۇمكىن بولغان چارە-تەدبىرلەرنى قوللانغان ئىدى. ئىنسانلار روھىيىتىنى تازىلاش يولىدا ئوخشاش بولمىغان يول-چارىلەرنى ئىزدەپ

كۆرگەندىن سىرت، مەنىۋىيىتىنى تازىلاشنى ئىنساننىڭ ئاساسىي غايىسى دەپ قارىغان.

ئەقىل ئىگىلىرى ۋە ئەقەللىي ھېس-تۇيغۇغا ئىگە بولغان كىشىلەر، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى تازىلاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. چۈنكى ئۇلار ھەقىقىي بەخت-سائادەت ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ سائادىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان. روھنى تازىلاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس- شەرىفلەر ئىنتايىن روشەن ئىبارە بىلەن بايان قىلغان. ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىش ۋە كىتابلارنى نازىل قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى قانداق تازىلاشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتتى، دىللارنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈردى، چۈنكى روھىيەتنى تازىلاش، ئاللاھقا ھەقىقىي قۇللۇق قىلىش ۋە خالىس ئىبادەت قىلىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ مَآ أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَآ أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلرَّزَّاقُ ذُو ٱلْقُوَّةِ ٱلْمَتِينُ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (ئاللاھنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر﴾[1].

ئاللاھنىڭ كىتابىدا روھىيەتنى پاكلاش ۋە تازىلاشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى بېرىلگەن. چۈنكى ئىنسان ئۈچۈن روھىي دۇنياسىنى تازىلىماستىن نىجاتلىق يوقتۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى دىللارنى ياشارتىدىغان روھ ۋە مەنىۋى كۈچ قىلىپ نازىل قىلدى. شۇ روھنىڭ نۇرى ئارقىلىق دىللار يورۇيدۇ، قاراڭغۇلۇقلار سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ. ئىسلامدا روھىي دۇنيانى تازىلاشنىڭ ئاساسى، ئاللاھنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت تەۋھىد ئەقىدىسىنى دىلدا مۇجەسسەملەشتۇر. تەۋھىد ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ، تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت، تەۋھىدى رۇبۇبىيەت ۋە «تەۋھىدى ئەسما ۋەسسىفاتتىن» ئىبارەتتۇر.

ئىنسانغا پايدا-زىيان يەتكۈزۈش، ئىنئام ئاتا قىلىش-مەھرۇم قىلىش، ھەدىيە-ئىنئام قىلىش ۋە بەختلىك ياكى بەدبەخت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ

[1] سۈرە زارىيات: 56 ـ 58 ئايەتلەر.

ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە چىن ئىمان كەلتۈرۈش، تەۋھىدنىڭ جەۋھىرىدۇر. دىللارنى ئۆزگەرتىشمۇ ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

ئاللاھنىلا مەبۇد تىكلىگەن دىل ئەڭ ساغلام، مېھرىبان، مۇلايىم، ساپ ۋە ئەڭ يۇمشاق دىلدۇر. ئاللاھقا ھەقىقىي مۇھەببەت قىلغان دىلدا باشقا ھەر قانداق كىشىنىڭ مۇھەببىتى ئاجىزلىشىدۇ، ئاللاھتىن ھەقىقىي قورققان ئادەم بەندىدىن قورقمايدۇ. دىللارنى تازىلاش ئۈچۈن ئىنسان داۋاملىق ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىشى كېرەك. ۋاھالەنكى، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ بەندىگە ئاتا قىلغان بارلىق نېمەتلەر ئاللاھنىڭ بەندىگە بەرگەن ئىنئامىدۇر. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەش بولسا، بەندىنى ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ ۋە قەلبلەردە ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتنى زىيادە قىلىدۇ. بەندىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلەر ئىچىدە سالامەتلىك، بايلىق ۋە بالا-چاقا ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان مەرھەمىتىدۇر. شۇڭا بەندە داۋاملىق ئاللاھ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى، خارلىقى ۋە بىچارىلىكىنى ئىزھار قىلىش كېرەك. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىگەن ئادەم، ئۇنىڭ چەكلىمىلىرىگە يېقىن كەلمەيدۇ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

روھىيەتنى تازىلاشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى تۆۋبە قىلىشتۇر. ئىنسان گۇناھتىن خالى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئىنسان داۋاملىق خاتالىقلارنى سادىر قىلىپ تۇرىدۇ، گۇناھلىرىغا تۆۋبە قىلغان ئادەم، روھىيىتىنى پاكلىيالايدۇ ۋە قەلبىنى ئىسلاھ قىلالايدۇ. ئاللاھ بەندىسىنىڭ تۆۋبىسىدىن ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ ۋە تۆۋبە قىلغۇچىلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ بەزى بەندىلىرىنى ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭ تۆۋبىسىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى بەزى گۇناھلارغا مۇبتىلا قىلىدۇ. بەندە ئاللاھقا تۆۋبىنى كۆپ قىلغانسېرى ئاللاھ تۆۋبە قىلغۇچى بەندىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈشكە باشلايدۇ. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە تۆۋبىنىڭ ئورنى ئىنتائىتتىنمۇ يۇقۇرىدۇر.

ئاللاھ بىزنى روھىيىتىمىزنى تازىلاشقا ۋە مەنىۋىيىتىمىزنى پاكلاشقا نېسىپ قىلسۇن! تۆۋبە قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن ۋە تۆۋبىلىرىمىزنى قوبۇل قىلسۇن! ئامىين.

# كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ۋەھيي مەنبىيىنىڭ بىرلىكى ئىسلام ئۈممىتىگە بولغان ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئىنئامىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

2011 – يىلى 7 – ئاينىڭ 15 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «كىتاب ۋە سۈننەتتىن ئىبارەت ۋەھيي مەنبىيىنىڭ بىرلىكى، ئىسلام ئۈممىتىگە بولغان ئاللاھنىڭ بۈيۈك ئىنئامىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا ئەھلى ئىسلام ئۈچۈن ۋەھيىدىن ئىبارەت نۇرلۇق چىراقنى ئەۋەتىش ئارقىلىق، ئۇلارنى قايمۇقۇپ قېلىش ۋە ئېزىپ كېتىشتەك ئاقىۋەتلەردىن ساقلاپ قالدى. ئىسلام ئەقىدىسى، ئەھكاملىرى ۋە ئۇنىڭ ھىدايەت يوللىرى روشەن ۋە ئوچۇق بولۇپ، ئۈممەت ھېچقاچان يولنى تاپالماي گاڭگىراپ قالمايدۇ. چۈنكى، دىنىنى ئۆگىنىدىغان مەنبە ئېنىق، ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئان كەرىم خاتالىق ۋە نۇقسانلاردىن پاكتۇر. ئىككىنچى مەنبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى بولۇپ، ئۇمۇ ئىنسان ئۈچۈن دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىش مەنبەسىدۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە كېيىنكى كۈنلەردە پىتنىلەرنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقى، ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقى، ئاخىر زامان ئەھۋاللىرى ۋە

قان تۆكۈلۈشىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، شۇنداق ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل قىلىشى توغرۇلۇق يوليورۇقلارنى بەرگەن.

ئىمام يەنە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى كېچە-كۈندۈز خەۋەر-تەھلىللەر بىلەن مەشغۇل قىلىدىغانلىقى، بەزى كىشىلەرنىڭ شۇنداق خەۋەرلەرگە خۇمار بولۇپ قالغانلىقى، كېچىنى-كۈندۈزگە ئۇلاپ بېرىلىۋاتقان خەۋەر-تەھلىللەرنىڭ تىلىۋىزور ئالدىدا سائەت-سائەتلەپ ئولتۇرىدىغانلار ئۈچۈن ئانچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى سۆزلەپ، ئۆزىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان تەھلىللەر بىلەن ئاۋارە بولماي، ۋاقىتنى ياخشى ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل قىلىش ۋە ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن چىقىشىنىڭ پايدىسى كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئەسلەتتى.

يىتنە ئەۋجىگە چىققان زامانلاردا، ياخشى ئەمەللەر،( دىنغا نۇسرەت بېرىش،؟) مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش، نامازنى كۆپ ئوقۇش، سەدىقىنى كۆپ قىلىش، ھەج، ئۆمرە ۋە زىيارەت بىلەن مەشغۇل بولۇش، ئىنسانلارغا خەيرى-ئېھسان قىلىش، ياخشىلىققا بۇيرۇپ-يامانلىقتىن توسۇشتەك ئىشلارنىڭ ئۈممەتنىڭ ئاقىۋىتىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان چوڭ-كىچىك ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى شەرىئەت ئۆلچىمىگە توغرىلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭغا شەرئىي ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر. چۈنكى ئەتراپىمىزدا كۆپلىگەن ھادىسە ۋە ۋەقەلەر يۈز بېرىشى مۇمكىن، ئۇنىڭغا قۇرئان-ھەدىستىن ئوچۇق ھۆكۈم تاپالماسلىقىمىز ھەم مۇمكىن، تارىخىمىزدا چوڭ-چوڭ ۋەقەلىكلەر ۋە ھادىسىلەر يۈز بەرگەن بولۇپ، ئالىملىرىمىز ئۇنىڭغا ئايەت-ھەدىستىن ھۆكۈم ئىزدەپ ئولتۇرمىغان. بىزدىن تەقدىرگە تەقدىر ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇش ۋە ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بارلىق چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، سەۋەب قىلىش تەلەپ قىلىنغان.

ھىدايەت بەلگىلىرىدىن بىرى ئەھلى-ئىلىملارغا بولغان ئىشەنچىنى مۇستەھكەملەش، ئالىملارنى قەدىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتۈرۈشتۇر. گەرچە ئالىملار خاتالاشمايدىغان مەسۇم پەرىشتىلەر بولمىسىمۇ، ئۇلار

باشقىلار بىلمىگەننى بىلىدۇ ۋە باشقىلار ھېس قىلمىغاننى ھېس قىلىدۇ. ئالىملارنىڭ مەرتىۋىسىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇش، ئۇلارنى كۆزگە ئىلماسلىق، نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سالماسلىق، سەن ئالىم بولساڭ، سەن بىلگەننى مەنمۇ بىلىمەنغۇ دەپ ئالىملارغا قۇلاق سالماسلىق، ئەڭ چوڭ پىتنىدۇر. پىتنە يۈز بەرگەن زاماندا قارايدىغان بولسىڭىز، ھەممە ئادەم سىياسىيون ۋە ھەممە ئادەم بىلەرمەن بولۇپ كەتكەندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالىسىز، خۇددى ھەممە كىشى ئۇممەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ، ئەمەلىيەتتە كۆپ كىشىلەر ھېچ ئىش قىلماي گەپ ساتىدۇ.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، دىنىنى خاتا چۈشەنگەنلىك ۋە ھەقىقەتنى بىلىش يولىدا ئىزدەنمىگەنلىكتۇر. ئەتراپىنى پىتنە قاپلاپ كەتكەن زامانلاردا مۇسۇلمانلاردىن ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش، ئېھسان قىلىش، نەسىھەتنى قولدىن بەرمەسلىك، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، سەۋرچان بولۇش، تىلىنى ساقلاش، راستچىل-سەممىي بولۇش، ئاللاھقا تۆۋبە-ئىستىغفارنى كۆپ قىلىش، قۇرئان-ھەدىسنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇش ۋە ئېغىر كۆڭلەرگە سەۋر قىلىشتەك خىسلەتلەر تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاللاھ بىزلەرنى پىتنىلەر كۆپ بولغان زاماندا ئازغۇنلۇقتىن ساقلىسۇن، قۇرئان-ھەدىسنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇشقا نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!!.

# رامىزان ئېيىدا سۈننىي ھەمرا تىلىۋېزور قانالىرى ئاللاھتىن قورقۇشى، شەرىئەتكە خىلاپ پروگراممىلارنى تارقاتماسلىقى لازىم

ئۇستاز دوكتور/ ئابدىرەھمان سۇدەيس

2011 – يىلى 7 – ئاينىڭ 29 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «رامىزان ئېيىدا تېلىۋىزور قانالىرى ئاللاھتىن قورقۇشى، مۇسۇلمانلارنى ئىبادەتتىن ئۇزاقلاشتۇرىدىغان ۋە ئەخلاقنى، شەرىئەتكە خىلاپ پروگراممىلارنى تارقاتماسلىقى لازىم» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئۇلۇغ رامىزان ئېيى يېتىپ كەلدى، بۇ ئاي بارچە ئىنسانلار ئۈچۈن، ئالتۇندەك پۇرسەت، ئاخىرەت ئۈچۈن ئوزۇق توپلاش ۋە ياخشى ئەمەل قىلىش پۇرسىتىدۇر. رامىزاندا بارچە مۇسۇلمانلار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق، ئاخىرەتنىڭ ئوزۇقىنى توپلىشى كېرەك. رامىزان روزىسىنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى روھىي دۇنيايىمىزنى تازىلاش، روھىمىزنى پاكلاش، ياخشى ئەمەللەرگە ئۆزىمىزنى كۆندۈرۈش ۋە ھەقىقىي تەقۋالىقنى رېئاللىقتا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتۇر.

مۇبارەك رامىزان ئېيى كىرىش بىلەن، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە ئىسلام ئۈممىتى پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بۆلۈنۈش،

ئىختىلاپ ۋە ئاداۋەت-خۇسۇمەتلىرىنى تۆگىتىپ، ھەقىقىي دىنىي قېرىنداشلاردىن بولۇشى كېرەك. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆز ئارا ئۇرۇشۇۋاتقان مۇسۇلمانلار، ئاللاھنىڭ ئەمرى-پەرمانلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئاداۋەت ۋە خۇسۇمەتكە خاتىمە بېرىشى كېرەك. رامىزاننىڭ ھىكمىتى مۆمىنلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى تازىلىغاندىن تاشقىرى، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئاممىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتلىرىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

قارايدىغان بولساق، ئىسلام دۆلەتلىرىدىن بىر قانچىسىدە مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە قارشى جەڭگە كىرگەن ۋە بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشكەن ئەھۋاللارنى كۆرىمىز، بۇنداق ئەھۋاللار مۇسۇلمانلارغا ياراشمايدىغان ۋە ئىسلامنىڭ روھىغا توغرا كەلمەيدىغان ئېچىنارلىق ۋەزىيەتتۇر، بارلىق تەرەپلەر ئۇلۇغ رامىزان ئېيىدا بولسىمۇ، ئاللاھتىن قورقۇشى ۋە پاك قانلارنىڭ ئېقىشىنى توختىتىشى كېرەك. بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى ھېچقاچان مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىق ئېلىپ كەلمەيدۇ.

تەشۋىقات ساھەسى بولسا، ئېخىمۇ ئاللاھتىن قورقۇشى ۋە ئىسلام ئەخلاقىغا زىت پروگراممىلار بىلەن رامىزاننىڭ ھۆرمىتىنى بۇزماسلىقى كېرەك. رامىزان ئېيى ئۇلۇغ ئايدۇر، تېلېۋىزور قاناللىرى رامىزاندا رامىزاننىڭ ھۆرمىتى، شەرىپى ۋە ھىكمىتىگە لايىق پروگراممىلارنى تارقىتىشى كېرەك. ئەكسىچە بەزى قاناللارنىڭ رامىزاندىن بۇرۇن، رامىزان ئېيى ئىچىدە ئىسلام ئەخلاقىغا زىت تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى، دراممىلار ۋە ھەر خىل مەھسۇلات ئېلانلىرىنى تارقىتىشى ھەر بىر مۇسۇلماننى ئېچىندۇرماي قالمايدۇ. بەزى قاناللار رامىزان ئېيىدا ھېچقاچان تارقاتمايدىغان ھەجىۋى كومېدىيەلەرنى تارقىتىدۇ، ناماز ۋە تەراۋىھ ۋاقىتلىرىدا كىشىلەرنى جەلىپ قىلىدىغان تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى تارقىتىدۇ، بۇنداق قىلغانلىق مۇسۇلمانلارنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن ۋە ئىبادەتتىن مەشغۇل قىلغانلىقتۇر. بارلىق ئاخبارات ساھەسى، تېلېۋىزور قاناللار ئىگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنسۇپلىرى ئۇلۇغ رامىزاندا ئاللاھتىن قورقۇپ، مۇسۇلمانلارنى ئىبادەتتىن بىخۇتلاشتۇرىدىغان ۋە ئىسلام ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان ھەر

قانىداق پىروگىراممىلارنى تارقاتماسلىقى لازىم.

مۇبارەك رامىزان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يىلدا بىر كېلىدۇ. كۆپلىگەن ئىنسانلارغا كېلەر يىلقى رامىزاننى كۆرۈش نېسىپ بولماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا بۇ ئۇلۇغ پۇرسەتنى ئەلۋەتتە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ پەزىلىتى ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى سۆزلىگەن. مەشھۇر بىر ھەدىسىدا «رامىزاننىڭ ئەۋۋىلى رەھمەت، ئوتتۇرىسى مەغفىرەت ۋە ئاخىرى ئوتتىن ئازات قىلىش كۈنلىرىدۇر» دېگەن. يەنە: «كىمكى رامىزاندا چىن ئىمانى بىلەن ساۋاپ ئۈمىت قىلىپ، روزا تۇتىدىكەن، ئىلگىرىكى گۇناھلىرىنىڭ ھەممىسى مەغفىرەت قىلىنىدۇ» دېگەن.

ئاللاھ قۇرئاندا مىڭ ئايدىن ياخشى، دەپ زىكىر قىلغان قەدرى كېچىسى رامىزاننىڭ تاق كۈنلىرىدە بولىدىغانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالاھىدە ئەسلەتكەن. بەندە يىل بويى گۇناھ-مەسىيەت بىلەن مەشغۇل بولسا، ئاللاھ يەنە ئۇنىڭغا مەرھەمەت قىلىپ، مۇبارەك رامىزاننى ئىبادەت قىلىۋېلىش ۋە گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئىنسانلارغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتى.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئۇلۇغ رامىزاندا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل قىلسۇن، گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلسۇن ۋە ئوتتىن ئازات قىلسۇن، ئامىن!

# مۇبارەك رامىزان ئېيى يېتىپ كەلدى چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

2011 – يىلى 8 – ئاينىڭ 6 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇبارەك رامىزان ئېيى يېتىپ كەلدى، چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇڭا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ـ مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. تەقۋادارلىق گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، مۇشكۈلاتلارنى ئاسان قىلىدۇ ۋە يوللار كۆپ بولغاندا توغرا يولنى كۆرسەتكۈچى يولباشچى نۇرلۇق چىراق بولىدۇ.

مۇبارەك رامىزان ئېيى يېتىپ كەلدى، رامىزان ھەممىمىزگە ئورنىنى تولدۇرۇش مۇمكىن بولمايدىغان ئالتۇن پۇرسەتتۇر. بەندە بۇ ئۇلۇغ ئايدا مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىپ ئىبادەت قىلىدۇ ياكى خۇدىنى يوقىتىپ بەدبەختلىكنى تاللايدۇ، كۈنلىرى بەرىكەتسىز تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. كۈنلىرى بەرىكەتلىك بولغان كىشىلەر بولسا، ئىبادەتنى كۆپ قىلىپ، سان ـ ساناقسىز ئەجىرگە ئىگە بولىدۇ. دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا يەنە كۆپ قەۋم ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ، بىھۇدە ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن نادامەت قىلىدۇ. مۇبارەك رامىزاندا ئىنسانلار دۇنياغا بېرىلىشتىن

ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. تۇققانلارنى يوقلاش، پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلاش ۋە سىلە-رەھىم قىلىش لازىم. داۋاملىق ئاللاھنى زىكىر قىلىش ۋە تەقۋادار بولۇش لازىم. چۈنكى ئاللاھ رامىزان روزىسىنى روھىي دۇنيالىرىمىزنى تازىلاش ۋە قەلبلىرىمىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن يولغا قويغاندۇر. رامىزاندا قىلغان ئىبادەتلەر ئارقىلىق بىز ھەقىقىي ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايمىز. ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىغان ئادەم، ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ۋە باشقىلارغا يامانلىق قىلىشتەك ئىشلارنى ئويلىمايدۇ. دىللاردا تەقۋادارلىق ئورۇن ئالسا، ئالدامچىلىققا ئورۇن قالمايدۇ. تەقۋادار دىللار داۋاملىق ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئۆزىنى ۋە كۆزلىرىنى ھارامدىن يىغىدۇ، تىلىنى يالغاندىن يىغىدۇ، ئاخىرەتنى كۆزلىگەندە ئۇلارنىڭ كۆزىگە دۇنيا كىچىك كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

رامىزاندا ھەقىقىي روزا تۇتقان مۇئمىن تەقۋادار بولىدۇ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ، پۇرسەت كېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن ياخشىلىقلارنى كۆپ قىلىشقا تىرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەشھۇر بىر ھەدىسىدە مۇبارەك رامىزاننى سۈپەتلەپ: «ئەۋۋىلى رەھمەت، ئوتتۇرىسى مەغفىرەت ۋە ئاخىرى ئوتتىن ئازات بولىدىغان ئاي» دېگەن. مۇبارەك قەدرى كېچىسمۇ رامىزاندا كېلىدۇ. رامىزان بولسا، سىلە-رەھىم، سەدىقە ۋە تەۋبە-ئىستىغفار ئېيىدۇر. قارايدىغان بولساق، كۆپلىگەن كىشىلەر رامىزاننى خۇددى پەقەت يېمەكلىكتىن چەكلىنىش ئېيى دېگەن مەنادا چۈشىنىۋېلىپ، ئىبادەت بىلەن كارى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ناماز، تەراۋىھ ۋە تەھەججۇتلارنىڭ ھېچ ئەھمىيىتى يوق.

بىلىڭكى، رامىزاندا ئىمانىڭىز كۈچلەنمىسە، ئەمەللىرىڭىز كۆپەيمىسە ۋە ئاسىيلىقىڭىز ئاخىرلاشمىسا، ئۆزىڭىزنى جىددىي تەكشۈرۈشكە باشلىشىڭىز كېرەك. ئىنسانلارنىڭ، ئىسلام دېگەن ئەمەل قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئېغىزدىكى سۆزدىن ئىبارەت دەپ قارىغانلىقى، ئىسلامنى خۇنۇكلەشتۈرگەنلىكتۇر. ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ قويۇپ، ۋاجىپنى ئادا قىلماستىن ۋە ھارامدىن قول ئۈزمەستىن، دىننى ئويۇن-تاماشىنىڭ ئورنىدا قاراپ، ھاياتى دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەنلەر دۇنيا بىلەن مەغرۇرلانغانلاردۇر. قۇرئان كەرىمدە قانداق ئورۇندا ئىماندىن سۆز ئېچىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئەمەلگە باغلىغان، تەقۋادارلىق، ياخشى

ئەمەل ۋە ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈش، بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان ئايرىلماس ھەقىقەتتۇر. مۇسۇلمانلاردىن رامىزان ئىبىنى ئىبادەت، خۇشۇ-خۇزۇ ۋە تەۋبە-ئىستىغفار بىلەن ئۆتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنى مۇبارەك رامىزاندا ئوتتىن ئازات بولغانلار قاتارىدىن قىلسۇن، مۇبارەك ئايدا زىيان تارتقانلاردىن ئەمەس، پايدا ئالغانلار قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن!!.

# قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ بەندىلەرگە نېمەت ۋە ھىدايەت قىلىپ ئەۋەتتى

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

2011 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتكۈزۈپ يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ بەندىلەرگە نېمەت ۋە ھىدايەت قىلىپ ئەۋەتتى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھ تائالا ئۈممىتى مۇھەممەدىيەگە قۇرئان كەرىمنى نېمەت ۋە ھىدايەت قىلىپ نازىل قىلدى. قۇرئان كەرىمدە خاتالىق، ناقىسلىق ۋە ئەيىب-نۇقسان يوقتۇر. قۇرئان توغرا يولنى خالىغانلارغا ھىدايەتتۇر. قۇرئان كەرىم ئارقىلىق بەندىلەرنىڭ تۇرمۇشى نۇرماللىشىدۇ، دىللىرى بەخت-سائادەت ھېس قىلىدۇ ۋە ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ئۆلۈك دىللارنى ياشارتىدۇ ۋە قاراڭغۇ يوللارنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ بەرىكىتى چەكسىز بولۇپ، ئۇنىڭغا يېتىشنىڭ يولى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمنى ھاياتىمىزنىڭ يول مىزانى قىلىشنى خالىساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە مۇستەھكەم ئېسىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە قۇرئان كەرىمدىن قانداق پايدىلىنىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يوللىرىنى ئۆگەتتى.

قۇرئان كەرىمگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش، دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش بولسا، ئالاھىدە بىر لەززەت بولغاندىن سىرت، كاتتا ئەجرى-ساۋاپقا ئېرىشتۈرىدۇ ۋە ئالىي ماقاملارغا يەتكۈزىدۇ. قىيامەتتە بولسا، ئاللاھ تەييارلىغان شەرەپلىك جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىڭلار، چۈنكى قۇرئان كەرىم قىيامەتتە قۇرئاننى ئوقۇغانلارغا شاپائەتچى بولىدۇ» دېگەن.

بىز ياشاۋاتقان مۇبارەك رامىزان ئېيى قۇرئان ۋە بەرىكەت ئېيىدۇر، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتىن مەقسەت، ئۇنىڭ مەنالىرىنى تەدەببۇر(تەپەككۇر) قىلىش ۋە ئۇنىڭ نازىل بولۇش مەقسىتىنى چۈشىنىشتۇر. قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىش ئارقىلىق قۇرئاننىڭ روھىغا ئەمەل قىلىش ئاساسىي غايىدۇر. مۇبارەك رامىزان ئېيى، قۇرئان كەرىمنى ھەقىقىي رەۋىشتە ھاياتىمىزدا ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئەمەل قىلىش پۇرسىتى بولۇپ، مۇبارەك رامىزاندىن پايدىلانمىغانلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە قۇرئاننى نوقۇل ھالدا ئوقۇپ تىلاۋەت قىلىپ قويۇش ئەمەس، بەلكى قۇرئان ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَلَا يَتَدَبَّرُونَ ٱلْقُرْءَانَ أَمْ عَلَىٰ قُلُوبٍ أَقْفَالُهَآ﴾ ﴿ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ)﴾[1].

ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دېگەن: ﴿شَهْرُ رَمَضَانَ ٱلَّذِىٓ أُنزِلَ فِيهِ ٱلْقُرْءَانُ هُدًى لِّلنَّاسِ وَبَيِّنَٰتٍ مِّنَ ٱلْهُدَىٰ وَٱلْفُرْقَانِ ۚ فَمَن شَهِدَ مِنكُمُ ٱلشَّهْرَ فَلْيَصُمْهُ ۖ وَمَن كَانَ مَرِيضًا أَوْ عَلَىٰ سَفَرٍ فَعِدَّةٌ مِّنْ أَيَّامٍ أُخَرَ ۗ يُرِيدُ ٱللَّهُ بِكُمُ ٱلْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ ٱلْعُسْرَ وَلِتُكْمِلُوا۟ ٱلْعِدَّةَ وَلِتُكَبِّرُوا۟ ٱللَّهَ عَلَىٰ مَا هَدَىٰكُمْ وَلَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى، قۇرئان ئىنسانلارغا يېتەكچىدۇر، ھىدايەت قىلغۇچى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىغۇچى روشەن ئايەتلەردۇر، سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن؛ كىمكى كېسەل ياكى سەپەر ئۈستىدە (يەنى مۇساپىر) بولۇپ

[1] سۈرە مۇھەممەد: 24 ـ ئايەت

(تۇتمىغان بولسا، تۇتمىغان كۈنلەر ئۈچۈن) باشقا كۈنلەردە تۇتسۇن. ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ، (ئاغرىغانلار ئۈچۈن يۈرگەن كۈنلەرنىڭ قازاسىنى قىلىش بىلەن رامىزان روزىسىنىڭ) سانىنى تولدۇرۇشۇڭلارنى، سىلەرنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ائاللاھنى ئۇلۇغلىشىڭلارنى، (ئۇنىڭ ئىنئاملىرىغا) شۈكرى قىلىشىڭلارنى خالايدۇ﴾[1].

مۇبارەك رامىزاننىڭ كېچىلىرى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، تاراۋىھ ناماز ئوقۇش ۋە تەھەججۇد نامازلىرىنى ئوقۇش بىلەن ئۆتىدۇ، بۇ مۇبارەك ئاي ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئالتۇن پۇرسەتتۇر. بۇ ئاينىڭ قەدرىنى بىلگەن ئادەم، چەكسىز پايدا-مەنپەئەتكە ئىگە بولىدۇ. ئاللاھ بىزنى قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن، مۇبارەك رامىزان ئايدا ئابىد ۋە سائىملاردىن قىلسۇن، ئامىن!!.

[1] سۈرە بەقەرە: 185 ـ ئايەت

# ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنىڭ بىرى تۆۋبە قىلىشتۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

2011 – يىلى 8 – ئاينىڭ 20 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەرنىڭ بىرى تۆۋبە قىلىشتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

دىنىنىڭ بەلگىسى، ئاللاھقا ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا ئىخلاس قىلىش بولسا، شۈكۈر ئېيتىشنىڭ بەلگىسى، قازاغا رازى بولۇش ۋە قەدەر(تەقدىر) گە بويسۇنۇشتۇر. مۇھەببەتنىڭ بەلگىسى، مەھبۇبنى كۆپ ياد ئېتىشتۇر.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئەگەشكىن، بىدئەت پەيدا قىلما. تەۋەززۇلۇق بول، تەكەببۇرلۇق قىلما. روھىيەتنىڭ پاكلىقى، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ۋە دىللارنى تازىلاش بولسا، ياخشى تۇرمۇش ئۈچۈن دەرۋازىلارنى ئاچىدۇ، روھلار قاچان ئاللاھ ئۈچۈن پۈكلىنىدىكەن، ئارزۇسىغا يېتىدۇ.

ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك، ئىنسانغا يۇقىرى ماقام بەخش ئېتىدىغان، دىلدا مۇھەببەت پەيدا قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىنى قوزغايدىغان ۋە گۇناھلارغا كاپارەت بولىدىغان ئىبادەت تۆۋبە ئىبادىتىدۇر. تۆۋبە، ئاللاھ

تەرىپىگە قايتىش بولۇپ، ئاشكارا ـ مەخپىي ھاللاردا ئاللاھ ياخشى كۆرمەيدىغان ئەمەللەردىن يىراق بولۇش دېمەكتۇر. دۇئا بولسا، خارلىق، ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە قايىل بولۇش، ئادالىتى، ھېكمىتى، پەزىلىتى ۋە رەھمىتىنى ئىقرار قىلىش ۋە ئىنساننىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. تۆۋبە، گۇناھنى تەرك ئېتىش، قىلىپ سالغان گۇناھلارغا نادامەت قىلىش، قايتا تەكرارلىماسلىققا ئىرادە باغلاش ۋە ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولغۇسىدۇر. ھەر بىر بەندە تۆۋبىگە موھتاج بولۇپ، ھېچقانداق بىر بەندە تۆۋبىدىن بىھاجەت بولالمايدۇ، تۆۋبە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. ئۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ، تا قىيامەتكىچە ئىنسانغا ھەمراھ بولىدىغان نەرسىدۇر. تۆۋبە ئارقىلىق بەندە گۇناھ ـ مەسىيەتتىن تائەت ـ ئىبادەتكە، ۋەيرانچىلىقتىن ئىسلاھاتقا ۋە زۇلۇمدىن ئادالەتكە يۆتكىلىدۇ. تۆۋبە پىتنە ـ پاسات ئالدىغا قالقان بولىدىغان بىر تۇغدۇر.

دۇنيادا ئىنساننىڭ گۇناھ ـ مەسىيەتلىرى قانچە كۆپ بولسۇن تۆۋبە ئارقىلىق ئۆزىنى پاكلاش مۇمكىنچىلىكى بار. چۈنكى بەندىنىڭ تۆۋبىسىدىن ئاللاھ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ، ئاللاھ تۆۋبىنى ئۆزىنىڭ مۇھەببىتى ئۈچۈن ۋەسىلە قىلغان ۋە قۇرئان كەرىمدە: «ئاللاھ تۆۋبە قىلغۇچىلارنى ۋە ئۆزىنى پاكلىغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ»، دېگەن. (بەقەرە سۈرىسى، 222 ـ ئايەت)

تۆۋبە گۇناھلارنى ئۈچۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى ياخشىلىقلارغا ۋە ئىبادەتلەرگە ئۆزگەرتىدۇ. ئىنساننىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى كۈچلەنگەنسىرى، تائەت ـ ئىبادەت قىزغىنلىقى ئېشىپ بارىدۇ. بىز مۇبارەك رامزاننىڭ ئاخىرقى ئونلىرىدا كېتىپ بارىمىز، بۇ كۈنلەردە گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى سادىر قىلىشتىن ھايا قىلىشىمىز كېرەك، ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتىمىزنى كۈچەيتىپ، ئاللاھتىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىش بىلەن بىرگە كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلىشىمىز لازىم. ئي ئەھلى مەككە (ئەسلى مەككە ئەھلى ۋە مەككىگە ئىبادەت ئۈچۈن كەلگەن بارلىق ئۆمرە قىلغۇچى، زىيارەتچىلەر كۆزدە تۇتىلىدۇ) سىلەردە ماكان ۋە زامان شەرىپى بىرلەشتى. بۇ مۇقەددەس ئورۇننىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاڭلار ۋە ۋاقتىڭلارنى ئىبادەت بىلەن مەشغۇل قىلىڭلار.

بۇ مۇقەددەس دۆلەت قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان دۆلەتتۇر. دۆلەتنى قۇرغۇچى پادىشاھ ئابدۇلئەزىز دۆلەت ئاساسىنى تىكلەپ بولۇپلا، ئىككى ھەرەم خىزمىتىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى ۋە بۇرچى دەپ بىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دۆلەتكە ۋارىس بولۇپ، يەنىلا ئىككى ھەرەم خىزمىتىدىن ھېچقاچان قولىنى تارتمىغان. كۆنىمىزدە بولسا ئىككى ھەرەم خادىمىنىڭ مەسجىدىلھەرەمنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا ئۇل سېلىشى، بۇنىڭ جانلىق مىسالىدۇر. بۇ دۆلەت مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان كەئبە جايلاشقان، ۋەھيىنىڭ مەنبىيى ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەنىۋى مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۆللەندۈرۈشكە ھەسسە قوشۇشى لازىم بولغان بىر دۆلەتتۇر.

ئاللاھ بىزنى تەۋبە قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن، تەۋبە-ئىستىغفارلىرىمىزنى قوبۇل قىلسۇن، ئامىن!!.

# مۇسۇلمانلار ھەر تۈرلۈك پىتنىلەردىن ساقلىنىشى كېرەك

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللاھ خەييات

2011 - يىلى 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئوقۇغان يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمانلار ھەر تۈرلۈك پىتنىلەردىن ساقلىنىشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھتىن ھەقىقىي قورقىدىغان تەقۋادارلار ئەتراپىدىكى پىتنىلەردىن ھەر زامان ئاگاھ بولىدۇ، پىتنىلەرنىڭ دىنىي، دۇنياۋىي ۋە شەھۋانىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاگاھلىق بىلەن ھەزەر ئەيلەيدۇ. بەندە ئەتراپىدىكى پىتنىلەردىن ساقلىنىش ۋە ئاگاھ بولۇشتا ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە كەلگەن يوليورۇقلارغا مۇكەممەل ئەمەل قىلىشى كېرەك. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱتَّقُواْ فِتۡنَةً لَّا تُصِيبَنَّ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنكُمۡ خَآصَّةًۖ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلۇم قىلغانلارنىڭ بېشىغا كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغان بالا- قازادىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[1].

پىتنە ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر زامانلار كەلگەندە پىتنىلەر يۈز بېرىدۇ، شۇنداق ۋاقىتتا ئولتۇرغۇچى ئۆرە

[1] سۈرە ئەنفال: 25 - ئايەت

تۇرغۇچىدىن ياخشى، ئۇرە تۇرغۇچى ماڭغۇچىدىن ياخشى ۋە ماڭغۇچى يۈگۈرگۈچىدىن ياخشىدۇر، پىتنىدىن ساقلىنىش شەرىپىگە ئىگە بولغانلار، ئۆزىنى شەرەپلەندۈرسۇن، پىتنىدىن قاچىدىغان پاناھلىق ئورنى تاپالىغانلار، ئۆزىنى پاناھلاندۇرسۇن».

پىتنىنىڭ خەتىرى ئىنتايىن يامان ۋە زىيانلىرى ھەممىگە ئومۇمىيدۇر. ئىبنى قەييۇم جەۋزى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى پىتنىنى ئىككى تۈرگە بۆلگەن. بىرى شۈبھىلەر پىتنىسى (ھەقىقەتنىڭ مۇجمەللىكى بولۇپ، بۇ پىتنىلەرنىڭ ئەڭ خەتەرلىكىدۇر. ئىككىنچىسى ھەۋەسنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىش پىتنىسى بولۇپ، بەزى ئىنسانلاردا مەزكۇر ئىككى پىتنە بىرلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. شۈبھىلەر پىتنىسى يىراقنى كۆرۈش ئېڭىنىڭ تۆۋەنلىكى، بىلىم سەۋىيەنىڭ ناقىسلىقىدىن بولىدۇ. بۇ ئاللاھ تائالا خەۋەر بەرگەن ئەڭ چوڭ ۋە خەتەرلىك پىتنە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىش، ئىنسانىنى كۇپرىغا ۋە مۇناپىقلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنداق خەتەرلىك پىتنىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئىچىدە تەقۋادار كىشىلەرلا قۇتۇلۇپ قالالايدۇ.

ئىككىنچى پىتنە بولسا، ھەۋەسنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كېتىش پىتنىسى بولۇپ، خاھىشىغا ئەگىشىپ كەتكەنلەر شەرىئەتنىڭ ھۆكمىنى ئۆزىنىڭ خاھىشىغا بويسۇندۇرىدۇ، ئۆزىنى مەن ئالىم، ياكى تەقۋادار مۇسۇلمان دەپ قارىسىمۇ، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، خاھىشىغا كەلگەننى قىلىدۇ، ئۆزىنى ھەممىدىن بىلەرمەن، توغرا يولدا ماڭغۇچى ۋە قۇرئان-ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلغۇچى ھېسابلايدۇ، باشقىلارنى بىدئەتچى، ئازغۇن ۋە ئىسلامنىڭ روھىنى خاتا چۈشىنىپ قالغانلار دەپ قارايدۇ.

ھەۋەسنىڭ پىتنىسىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ياخشى چارىسى، سەۋرچانلىق ۋە ئىزچىل ھالدا ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىشتۇر. ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا ۖ وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ﴾ ﴿ئۇلار كۈلپەتلەرگە) سەۋر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول

كۆرسەتتىدىغان پېشۋالار قىلدۇق﴾[1].

ئۈممەتكە رەھبەرلىك قىلىدىغانلارنىڭ ئاساسلىق شەرتى، ھېكمەتلىك بولۇش، داۋاملىق ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە پايدا-زىيىنى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە سەۋرچان بولۇشتۇر. ھاۋايى-ھەۋەس پىتنىسىدىن ساقلىنىشنىڭ ئاساسلىق چارىسى، ئەقىل ۋە بەسىرەتنى كامالەتكە يەتكۈزۈشتۇر. ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى دىندا پىتنىگە سەۋەب بولۇشتىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە پىتنىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەگەشمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَّا تَجۡعَلُواْ دُعَآءَ ٱلرَّسُولِ بَيۡنَكُمۡ كَدُعَآءِ بَعۡضِكُم بَعۡضٗاۚ قَدۡ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ يَتَسَلَّلُونَ مِنكُمۡ لِوَاذٗاۚ فَلۡيَحۡذَرِ ٱلَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنۡ أَمۡرِهِۦٓ أَن تُصِيبَهُمۡ فِتۡنَةٌ أَوۡ يُصِيبَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! (پەيغەمبەرنى سىلەر بىر-بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار، سىلەردىن(پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن)ئاستا سۇغۇرۇلۇپ غىپپىدە چىقىپ كەتكەنلەرنى ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلىدۇ، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[2].

كىمكى سۆزى ياكى ھەرىكىتى ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئەملى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كىمكى دىنىمىزدا يوق ئىشلارنى پەيدا قىلىدىكەن، ئۇ رەت قىلىنىدۇ».

ئاللاھ ھەممىمىزنى دىن ۋە دۇنيا پىتنىلىرىدىن ساقلىسۇن، قۇرئان ۋە ھەدىس روھىغا مۇكەممەل ئەمەل قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن!

[1] سۈرە سەجدە: 24 ـ ئايەت
[2] سۈرە نۇر: 63 ـ ئايەت

# ئىسلامنىڭ بارلىق تەلىماتىغا مۇكەممەل ئەمەل قىلىش كېرەك

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(10/1432/ھ 10/9/2011م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئوقۇغان يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلامنىڭ بارلىق تەلىماتىغا مۇكەممەل ئەمەل قىلىش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن بىر مۇئمىن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ھىدايەت ۋە بۈيۈك ھۆججەت ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە قىلغان تۆۋەندىكى خىتابىدۇر: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱدۡخُلُواْ فِي ٱلسِّلۡمِ كَآفَّةٗ وَلَا تَتَّبِعُواْ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيۡطَٰنِۚ إِنَّهُۥ لَكُمۡ عَدُوّٞ مُّبِينٞ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئىسلام دىنىغا پۈتۈنلەي كىرىڭلار (يەنى ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇڭلار، بەزى ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىپ، بەزى ئەھكاملىرىنى تەرك ئەتمەڭلار)، شەيتاننىڭ يوللىرىغا (ۋە ئىغۋاسىغا) ئەگەشمەڭلار. شەيتان سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايىتى كەرىمىدە ھەقىقىي مۇئمىن بەندىلەرنى ئىسلامنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى ئەمەلىي ھاياتىدا ئىخلاس بىلەن تەتبىقلاشقا ۋە بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، توسقانلىرىدىن يېنىشقا بۇيرىغان. ئاللاھنىڭ

[1] سۈرە بەقەرە: 208 ـ ئايەت

مەزكۇر چاقىرىقى، بارلىق مۆئمىنلەر شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئەگىشىش يولىدا ئەستىلىش ۋە ئاگاھلاندۇرۇشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسىي روھى بار بولسىمۇ مۆئمىنلەر ئىماننى ئېخىمۇ مۇستەھكەملەش، روھنى تازىلاش، روھىي كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئەستىلىش ۋە تەشۋىقاتقا موھتاجدۇر. مۆئمىنلەر ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھەقىقىي روھنى تۇرمۇشىدا ئۆزلەشتۈرۈش، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىرادە قىلغان شەكىلدە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ روھى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى مىزان قىلىشى كېرەك. ئەنە شۇ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي روھىدۇر. مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ مەزكۇر چاقىرىقىغا كۆڭگەن تەقدىردە بەخت-سائادەت ۋە تىنچلىق دۇنياسىغا كىرگەن بولىدۇ-دە، تۇرمۇشىدا مۇقىملىق، خاتىرجەملىك ۋە رازىمەنلىك ئۇمۇملىشىدۇ.

تەۋھىد بۇلىقى ۋە ئىمان دەرياسىدىن قەلبى سۇ ئىچكەن ئىنسان، ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە ئۆزىنى بېغىشلايدۇ. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، دېگەن ھەقىقەتنى قەلبىدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ، ئاللاھنىڭ ئىسمى سۈپەتلىرىگە بولغان ئىماننى كۈچلەندۈرىدۇ، ماڭىدىغان يوللىرىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولمايدۇ، ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەيدۇ. ئەتراپىغا ھەر خىل شەكىلدىكى ئىلاھلار توپلىشىۋالمايدۇ، كۆڭلىدە بىرىنى ئەۋلىيا تىكلىۋالمايدۇ، بايغا خوشامەت قىلمايدۇ، باشلىققا چوقۇنمايدۇ، ئىمان ۋە ۋىجداننى بەش تىيىن ئۈچۈن ئەرزان سېتىۋەتمەيدۇ. مۆئمىن ئۆزىنىڭ ساپ ئىمانى بىلەن بېشى ئۈستۈن ۋە قەلبى پاك ياشايدۇ. ئاللاھنىڭ ئىسىم سۈپەتلىرىنى لايىقىدا چۈشەنگەن بويىچە، ئاللاھتىن باشقىغا باش ئەگمىگەن ھالدا ياشايدۇ ۋە دۇنيادا ھەممىدىن كۈچلۈك ياردەم قىلغۇچىنىڭ پەقەت ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ھېچبىر لەھزە ئېسىدىن چىقارمايدۇ ھەمدە ئاللاھنىڭ دۇئانى ئىجابەت قىلىدىغانلىقى، بالايى-مۇسىبەتنى كۆتۈرگۈچى ئىكەنلىكى، كېسەلگە شىپالىق ئاتا قىلغۇچى ئىكەنلىكى ۋە غەم-قايغۇنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرغۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمايدۇ.

قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرۈش بولسا، بەندىگە روھىي خاتىرجەملىك

ئاتا قىلىدۇ ھەمدە غەم-قايغۇ ۋە ئەندىشە-ئىزتىراپلاردىن يىراق بولۇش كۈچىنى ئاتا قىلىدۇ، ئۈمىتسىزلىككە يول قويمايدۇ. ئاللاھ سۈرە يۈسۈفتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰبَنِيَّ ٱذْهَبُواْ فَتَحَسَّسُواْ مِن يُوسُفَ وَأَخِيهِ وَلَا تَاْيۡـَٔسُواْ مِن رَّوۡحِ ٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ لَا يَاْيۡـَٔسُ مِن رَّوۡحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ﴾ ﴿ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۈسۈفنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلىنىدۇ﴾[1].

ئىنساننىڭ دۇنيادا قىلغان ھېچقانداق ئىشى ھېسابسىز قالمايدۇ، ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٍ خَيۡرٗا يَرَهُۥ وَمَن يَعۡمَلۡ مِثۡقَالَ ذَرَّةٖ شَرّٗا يَرَهُۥ﴾ ﴿كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[2].

ئاللاھنىڭ كامالى ئادىللىقى شۇكى، ياخشى ئىش قىلغانلار ئۈچۈن مۇكاپات بېرىش، يامان ئىش قىلغانلاردىن ھېساب ئېلىش ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئۈچۈن قىساس ئېلىپ بېرىشتۇر. مۇسۇلمان كىشى، بۇ دۇنيانىڭ ھاياتلىقىنىڭ ھەممىسى ئەمەسلىكىنى، قىيامەتتە ئەبەدى ھايات بارلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ يېنىدا ھېچنەرسىنىڭ زايا بولمايدىغانلىقىنى بىلسە، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر ئۈچۈن سەۋر قىلىدۇ، قىلغان ئىشلىرىدىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىدۇ ۋە تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئەمەل قىلىدۇ. چۈنكى ئاللاھ ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ ئەجرىنى زايا قىلىۋەتمەيدۇ. ئاخىرەت كۈنىگە چىن ئىمان كەلتۈرۈش، كىشىلەر ئارىسىدىكى دۇنياغا ھېرىسمەنلىكتىن كېلىپ چىققان توقۇنۇشنى پەسەيتىدۇ.

بىز كۆرۈۋاتقان ئەخلاقنى بۇزۇپ ئۆتۈپ، چەكلىملەرگە ھۆرمەت قىلماسلىق، دۇنيالىقتا بەسلىشىش، شەھۋانىي ھەۋەسلەرنىڭ ئارقىسىغا بېرىلىپ، قېرىنداشلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئوتقا ئىتتىرىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، ئىمانغا بېرىپ تاقىلىدىغان نازۇك مەسىلىلەردۇر. قىيامەتتە ھېساب ۋە جازا بارلىقىغا ئىمانى بار كىشى باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلمايدۇ.

[1] سۈرە يۈسۈف: 87 ـ ئايەت
[2] سۈرە زەلزەلە7 ـ 8 ـ ئايەت

مۇئمىنىنىڭ ئىسلامنىڭ بارلىق ئەركانلىرىنى قوبۇل قىلىشى، ئىسلامغا تولۇق ئەمەل قىلىش پرىنسىپىغا قول قويغانلىقى بولۇپ، ئىنسان شۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتكە تەسلىم بولغانلىقىدۇر.

ئىبادەت ۋە نامازلار بولسا، مەسجىدلەردە ئوقۇپ، چىقىپلا ئۆزى بىلگەن يولغا ماڭىدىغان ئىش-ھەرىكەت بولماستىن، ھايات پرىنسىپىدۇر. ئىبادەت قىلغان ئادەم، شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ ۋە چەكلىمىلىرىدىن يانىدۇ. مال-دۇنياغا ئىشلىشىڭىز ئىبادەت بولغاندەك، قولغا كەلتۈرگەن مال-دۇنيانى جايىغا چىقىم قىلىشىڭىزمۇ ئىبادەتتۇر. خىزمەتچى بولسىڭىز بەلگىلەنگەن خىزمىتىڭىزنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىشىڭىزمۇ ئىبادەت بولۇپ، بارلىق سۆز-ھەرىكەتلىرىڭىز ۋە ئىش-ئىزلىرىڭىزدا ئاللاھتىن قورقىشىڭىز كېرەك.

ئىسلام دىنى ئېتىقاد، جان، مال، ئەقىل ۋە ئابرۇيدىن ئىبارەت 5 تۈرلۈك زۆرۈرىيەتكە كېپىللىك قىلغاندۇر. ھەر بىر شەخسنىڭ مەزكۇر 5 تۈرلۈك ھوقۇقى ئىسلامدا تولۇق كېپىللىككە ئىگە قىلىنغان.

ئىسلام يەنە بەندىلەر ئارىسىدا ئىجتىمائىي كېپىللىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كىشىلەر ئارىسىدا ھەمكارلىق، موھتاجلارنى تويغۇزۇش، سەدىقە بېرىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سالامنى ئومۇملاشتۇرۇشقا چاقىرغان. ئىسلامنى لايىقىدا قوبۇل قىلغانلار جەمئىيەتتە پاھىشىنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويمايدۇ ۋە ئۇنى تەشەببۇسمۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ يُحِبُّونَ أَن تَشِيعَ ٱلْفَٰحِشَةُ فِى ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِۚ وَٱللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لَا تَعْلَمُونَ﴾ ﴿مۆمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر، شۈبھىسىزكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ، ئاللاھ (سىرلارنى ۋە نىيەتلەرنى) بىلىپ تۇرىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر﴾[1].

ئاللاھ يەنە پاك، ئەفىپ ئاياللارنى قارىلاش ۋە بۇزۇقلۇق، پاھىشە بىلەن تۆھمەت قىلىشنىڭ قانچىلىك يامانلىقى، ئىنسانلارنىڭ شەرىپى، نومۇسىغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقى، دەلىل-ئىسپاتى يوق تۇرۇپ، مۇسۇلمان ئاياللارنى پاھىشىلىك بىلەن تۆھمەت قىلىشنىڭ نەقەدەر يامانلىقىنى مۇنۇ

[1] سۈرە نۇر: 19 ـ ئايەت

ئايەت ئارقىلىق ئوچۇق كۆرسەتكەن: ﴿وَٱلَّذِينَ يَرْمُونَ ٱلْمُحْصَنَٰتِ ثُمَّ لَمْ يَأْتُوا۟ بِأَرْبَعَةِ شُهَدَآءَ فَٱجْلِدُوهُمْ ثَمَٰنِينَ جَلْدَةً وَلَا تَقْبَلُوا۟ لَهُمْ شَهَٰدَةً أَبَدًا ۚ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ﴾ ﴿ئىپپەتلىك ئاياللارنى زىنا بىلەن قارىلىغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچىنى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى 80 دەررە ئۇرۇڭلار، ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر (يەنى ئۇلار بوھتان چاپلاشتىن ئىبارەت چوڭ گۇناھنى ئىشلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن، الله نىڭ ئىتائىتىدىن چىققۇچىلاردۇر)﴾[1].

ئاللاھ ئاياللارغىمۇ باشقىلارنىڭ گۇمانىي قاراشلىرىغا يول ھازىرلاپ بەرمەسلىك ئۈچۈن، ئىففەت-نومۇسىنى ساقلاش بۇيرۇقىنى بېرىپ، باشقىلارنىڭ گۇمان قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك ئۈچۈن مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿قُل لِّلْمُؤْمِنِينَ يَغُضُّوا۟ مِنْ أَبْصَٰرِهِمْ وَيَحْفَظُوا۟ فُرُوجَهُمْ ۚ ذَٰلِكَ أَزْكَىٰ لَهُمْ ۗ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ بِمَا يَصْنَعُونَ وَقُل لِّلْمُؤْمِنَٰتِ يَغْضُضْنَ مِنْ أَبْصَٰرِهِنَّ وَيَحْفَظْنَ فُرُوجَهُنَّ وَلَا يُبْدِينَ زِينَتَهُنَّ إِلَّا مَا ظَهَرَ مِنْهَا ۖ وَلْيَضْرِبْنَ بِخُمُرِهِنَّ عَلَىٰ جُيُوبِهِنَّ ۖ﴾ ﴿مۇئمىن ئەرلەرگە ئېيتقىنكى، (نامەھرەملەرگە) تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى (زىنادىن) ساقلىسۇن، مۇنداق قىلىش ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ ياخشىدۇر، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن تولۇق خەۋەرداردۇر. مۇئمىنەلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن﴾[2].

مۇئمىنلەر ئىسلامنىڭ روھىنى مۇكەممەل ئۆزلەشتۈرگەن، قۇرئان ئەھكاملىرىغا تولۇق ئەمەل قىلغان چاغدا، بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرى خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. ۋەز-نەسىھەتلەر توسالمىغان ئادەمنى شەرىئەتنىڭ جازا-ھەدلىرى توسالايدۇ.

ئاللاھ بىزلەرنى ئىسلام تەلىماتىغا مۇكەممەل ئەمەل قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن، باشقىلارنىڭ ئابرۇي-شەرەپلىرىنى چۇشۇرۇشكە ئۇرۇنۇپ، پىتنە-پاسات ئۇرۇغىنى چاچىدىغانلاردىن قىلمىسۇن، ئامىن!!.

[1] سۈرە نۇر: 4 - ئايەت.
[2] سۈرە نۇر: 30 - ۋە 31 - ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى

# ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى خاتا چۈشىنىش ۋە بۇرمىلاش، خاتالىقتۇر ۋە خەتەرلىكتۇر

ئۇستاز دوكتور/ ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(19/10/1432ھـ 17/9/2011م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈپ يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلام دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى خاتا چۈشىنىش ۋە ناتوغرا بۇرمىلاش، خاتالىقتۇر ۋە خەتەرلىكتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىسلام ئۈممىتى ۋە مۇسۇلمان مىللەتلەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئەڭ خەتەرلىك پىتنە، ئەقىل ۋە چۈشەنچىلەردىكى چەتنەش بولۇپ، شەرىئەتنىڭ ئاشكارا كۆرسەتمىلىرى ۋە تېكىستلىرىنى بۇرمىلاش ياكى خاتا چۈشىنىشتەك خاتالىقلار ئۈممەتنىڭ تولۇپ مەنپەئەتلىرىگە زىت بولغاندىن تاشقىرى ئۈممەتنىڭ ئاقىۋىتىگە ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. شەرىئەت كۆرسەتمىلىرى ۋە ئەھكاملىرى ھەققىدىكى تېكىستلارنى بۇرمىلاش، قۇرئان كەرىمنىڭ پرىنسىپى ۋە ھەدىس-شەرىفلەرنىڭ غايىسىگە خىلاپتۇر.

ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ غايىسى، پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلەر، ئىبادەتلەر ۋە مۇئامىلىلەرنىڭ ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئۇيغۇن

بولۇش ۋە قۇرئان، ھەدىس ئۇقۇملىرىنى توغرا چۈشىنىش بىلەن بولىدۇ. ئىسلامنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى تۇرمۇشتا مۇكەممەل تەتبىقلاش ئۈچۈن، ئەمەلىي رېئاللىقنى تونۇش ۋە بىلىمگە ئىگە بولۇش كېرەك. ئۇندىن كېيىن مەسئۇلىيەتنى تونۇش ئەڭ مۇھىم مەسىلە. بىز مۇسۇلمانلار، بولۇپمۇ دىنىي ئالىملار، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنىڭ تولۇپ مەقسىتى ۋە مەزمۇنىنى توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە چۈشەنگەننى ئامىمغا توغرا يەتكۈزۈشىمىز كېرەك، شۇنداق بولغاندا شەرىئەتنىڭ غايە-مەقسىتىنى چۈشەنگەن بولىمىز.

ئۈممەت ئىسلامنىڭ ھەقىقىي غايىسىنى توغرا چۈشىنىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە تەتبىقلىغان تەقدىردە ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلىدۇ ۋە دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ئورنىنى قايتا تىكلىيەلەيدۇ. شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئائىت مەسىلىلەرنى چۈشىنىشتە ئىختىلاپلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، شەرىئەتنىڭ كەڭچىلىكى ۋە مۇلايىملىقىنىڭ دەلىلىدۇر. دىنىنى چۈشىنىش ئاسان ۋە ئۇنى ھاياتىمىزدا تەتبىقلاش تېخىمۇ قولايدۇر. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەسلەشتۈرۈش ۋە مۇرەككەپلەشتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق.

شەرىئەتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، بەزى ئەھكاملار زامان ۋە ماكان ئېتىبارى بىلەن ئۆزگىرىدۇ ۋە يۇمشايدۇ، ھەتتا ئەمەلدىنمۇ قالىدۇ. دىندا كەڭچىلىك قىلىش ۋە قولايلاشتۇرۇش پىرىنسىپى خېلى سالماقنى ئىگەللەيدۇ. بۇنىڭ مىسالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسىدۇر: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «ئاللاھقا ۋە قىيامەتكە ئىمان ئېيتقان ھەر بىر كىشى ئەسىر نامىزىنى بەنىي قۇرەيزىگە بېرىپ ئوقۇسۇن» دېگەن. ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر بۇيرۇقى ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىپ قالغان، بەزىلەر: ئۇ يەرگە بېرىپ بولغىچە نامازنىڭ ۋاقتى چىقىپ كېتىدۇ، ۋاقتىدا ئوقۇيمىز دېسە، بەزىلەر: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇغانىكەن، نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىپ، بەنى قۇرەيزىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئوقۇشىمىز كېرەك، دېگەن. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ھەر ئىككى تەرەپنىڭ قاراشلىرى ۋە ئىختىلاپلىرىنى ئاڭلاپ كۆرگەندىن كېيىن، ھەر ئىككىسىگە «سىلەرنىڭ ئىجتىھادىڭلار ۋە قارارىڭلار توغرا» دېگەن. مانا بۇ دىندىكى كەڭلىك ۋە ئاسانلاشتۇرۇش پرىنسىپىدۇر.

دىننىڭ جەۋھىرىنى خاتا چۈشىنىشتىن كېلىپ چىققان يەنە بىر ئاپەت، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى توقۇنۇش، ئۆچمەنلىك، مەزھەبچىلىك ۋە تەپرىقىچىلىك بولۇپ، مەزھەبچى، بەدمەزھەب، سەلەفى ۋە بىدئەتچى دېگەندەك لەقەملەرنى مۇئەييەن شەخسلەرگە قارىتىش ئارقىلىق ئەھلى ئىسلامغا ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئىختىلاپلار سەۋەبىدىن بىر-بىرى بىلەن توقۇنۇش، زىتلىشىش، دۈشمەنلىشىش ۋە ئۆچ كۆرۈش نەتىجىسىدە ھەقىقىي ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، ئۈممەتنىڭ بارلىق كۈچى ئەسلى ماھىيىتىدىن ئادىشىپ كېتىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە كۆپلىگەن نادان كىشىلەر، سورۇنلار، تەشۋىقات ۋاستىلىرى، تور مۇنبەرلىرى قاتارلىق ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئىسلام ئۈممىتى ئارىسىدا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چېچىشقا ئۇرۇنىۋاتىدۇ. بۇنداق سۈيقەستلەرگە پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك.

ئىمام يەنە ھەيرانلىق بىلەن سوئال قويۇپ دەيدۇكى، ئوچۇق-ئاشكارا ھارامنىڭ ھالاللىقىغا ئايلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلىپ باشقىلارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش ۋە قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى قىلىش باشقىلارنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشقانلىق بولامدۇ؟ مىراس تەقسىماتىدا ئەر كىشىنىڭ ئايال كىشىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئېلىشى، ئاياللارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلغانلىقمۇ؟ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپلىگەن مەسىلىلەردە شەرىئەتنىڭ مەقسىتى ۋە ھېكمىتىنى چۈشىنىش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئاخىرىدا يىگى يىللىق دەرسلەرنىڭ باشلىنىشى بىلەن مۇئەللىملەرگە تەۋسىيە شۇكى، ئوقۇغۇچىلارغا شەرىئەتنىڭ ھەقىقىي روھى ۋە قۇرئان، ھەدىسنىڭ توغرا يەشمىسىنى يەتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. يىگى يېتىشىۋاتقان نەسىللەر ھەقىقىي مۇخلىس مۇسۇلمان بولۇپ يېتىشىشى لازىم. قۇرئان ھەدىسنىڭ روھىنى توغرا چۈشەنگەن ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقسا،

ئىسلام دۇنياسى ۋە مۇسۇلمانلار راۋاج تاپىدۇ ھەمدە ساغلام ئەقىدە ۋە ساغلام ئەخلاق ئومۇملىشىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنى قۇرئان ھەدىس ئەھكاملىرىنى توغرا چۈشەنگەنلەردىن ۋە بىلگەنلىرىگە ئەمەل قىلغۇچىلاردىن قىلسۇن، ئامىن!.

# ئاللاھ تائالا ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش ھارام، ياخشى كىشىلەر داۋاملىق ئاللاھتىن ياخشى گۇمان قىلىدۇ ۋە ساۋاپ ئۈمىت قىلىدۇ

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

26/10/1432ھـ 24/9/2011م

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈش يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: ئاللاھ تائالا ھەققىدە يامان گۇمان قىلىش ھارام، ياخشى كىشىلەر داۋاملىق ئاللاھتىن ياخشى گۇمان قىلىدۇ ۋە ساۋاپ ئۈمىت قىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئەقىل ئىگىلىرى بولغان تەقۋادار كىشىلەر، ھەر دائىم ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەم قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئەپۇچان، قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتمايدۇ، مانا بۇ ھەقىقىي مۇئمىنلەر ۋە مۇتتەقىيلەرنىڭ تۇتقان يولىدۇر. ئاللاھنىڭ رەھىمدىل ۋە ئەپۇچان ئىكەنلىكى، زالىملارغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۇلارنى خالىغان جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىشقا قويۇۋەتمەيدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن بولغاچقا، بەزى زالىملارغا زۇلۇملىرىدا ھەددىدىن ئېشىپ، چېكىگە يېتىشكە مۆھلەت بەرسىمۇ، ھېچقاچان ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادا خالىغان رەزىللىكلەرنى قىلىشىغا پۇرسەت بەرمەيدىغانلىقىغا ئىمانىمىز كامىل بولىشى كېرەك. ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىس قۇدسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق

دېگەن: «ئاللاھ دەيدۇكى، مەن بەندەمنىڭ ياخشى گۇمان قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن، بەندەم مىنى ياد ئېتىدىكەن، مەن ئۇنىڭ قېشىدا بولىمەن» دېگەن.

مەزكۇر ھەدىس ئاللاھقا يامان گۇمان قىلىدىغانلار ئۈچۈن كەسكىن دەلىل بولۇپ، ئاللاھ ھېچقاچان بەندىسىنى تاشلىۋەتمەيدۇ، ئاللاھقا يامان گۇمان قىلغانلارنىمۇ جازاسىز قويمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ثُمَّ أَنزَلَ عَلَيْكُم مِّنۢ بَعْدِ ٱلْغَمِّ أَمَنَةً نُّعَاسًا يَغْشَىٰ طَآئِفَةً مِّنكُمْ ۖ وَطَآئِفَةٌ قَدْ أَهَمَّتْهُمْ أَنفُسُهُمْ يَظُنُّونَ بِٱللَّهِ غَيْرَ ٱلْحَقِّ ظَنَّ ٱلْجَٰهِلِيَّةِ ۖ يَقُولُونَ هَل لَّنَا مِنَ ٱلْأَمْرِ مِن شَىْءٍ ۗ قُلْ إِنَّ ٱلْأَمْرَ كُلَّهُۥ لِلَّهِ ۗ يُخْفُونَ فِىٓ أَنفُسِهِم مَّا لَا يُبْدُونَ لَكَ ۖ يَقُولُونَ لَوْ كَانَ لَنَا مِنَ ٱلْأَمْرِ شَىْءٌ مَّا قُتِلْنَا هَٰهُنَا ۗ قُل لَّوْ كُنتُمْ فِى بُيُوتِكُمْ لَبَرَزَ ٱلَّذِينَ كُتِبَ عَلَيْهِمُ ٱلْقَتْلُ إِلَىٰ مَضَاجِعِهِمْ ۖ وَلِيَبْتَلِىَ ٱللَّهُ مَا فِى صُدُورِكُمْ وَلِيُمَحِّصَ مَا فِى قُلُوبِكُمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِذَاتِ ٱلصُّدُورِ﴾ «غەمدىن كېيىن ئاللاھ سىلەرگە ئەمىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى، سىلەرنىڭ بىر قىسمىڭلارنى (يەنى ھەقىقى مۆمىنلەرنى) مۈگدەك باستى، يەنە بىر قىسمىڭلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆزلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى (يەنى كۇففارلار قايتا ھۇجۇم قىلارمۇ، دەپ جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كەتتى)، بۇلار، جاھىلىيەت دەۋرى كىشىلىرىگە ئوخشاش ناتوغرا گۇمانلاردا بولدى، ئۇلار: «بىزگە ئاللاھ ۋەدە قىلغان غەلىبىدىن نېسىۋە بارمۇ؟» دەيدۇ. ئېيتقىنكى، «ھەممە ئىش ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئىلكىدە» ئۇلار ساڭا ئاشكارا قىلمايدىغان نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىدە يوشۇرىدۇ. ئۇلار: «ئەگەر غەلىبىدىن بىزگە ئازراق نېسىۋە بولسا ئىدى، بۇ يەردە ئۆلتۈرۈلمەيتتۇق» دەيدۇ. (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئۆيلىرىڭلاردا بولغان تەقدىردىمۇ (ئاراڭلاردىكى) ئۆلتۈرۈلىشى پۈتۈۋېتىلگەن كىشىلەر چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ ئۆلىدىغان جايلىرىغا بېرىشىدۇ (ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ). (ئاللاھنىڭ مۇنداق قىلىشى) كۆڭلۈڭلاردىكىنى سىناش ۋە قەلبىڭلاردىكى نەرسىلەرنى پاكلاش ئۈچۈندۇر. ئاللاھ كۆڭۈللەردىكىنى (ياخشىلىق بولسۇن، يامانلىق بولسۇن) بىلگۈچىدۇر»[1].

مەزكۇر ئايىتى كەرىمىدە ئاللاھ تائالا مۇناپىقلار ۋە گۇمانخورلارنىڭ،

[1] سۈرە ئالى ئىمران: 154 ـ ئايەت

ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى يوقلىقىغا قاتتىق كايىغان، مۇناپىقلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىغىمۇ قاتتىق كايىغان. ئۇ ۋاقىتتا مۇناپىقلار مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە ئىشەنمىگەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاللاھنىڭ ئۆز دىنىنى ئۈستۈن قىلىدىغانلىقى ۋە كۇپرىنى مەغلۇپ قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەن، بەلكى ئۇنى خالىمىغانلار ئىدى.

مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ، ئاللاھنىڭ دىنى غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە گۇماندا بولغانلىقىنى سۈرە فەتھدىكى مۇنۇ ئايەت تېخىمۇ روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿وَيُعَذِّبَ ٱلۡمُنَٰفِقِينَ وَٱلۡمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلۡمُشۡرِكِينَ وَٱلۡمُشۡرِكَٰتِ ٱلظَّآنِّينَ بِٱللَّهِ ظَنَّ ٱلسَّوۡءِۚ عَلَيۡهِمۡ دَآئِرَةُ ٱلسَّوۡءِۖ وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِمۡ وَلَعَنَهُمۡ وَأَعَدَّ لَهُمۡ جَهَنَّمَۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرٗا﴾ ﴿مۆمىنلارنىڭ دىللىرىغا ئاللاھنىڭ تەمكىنلىك چۈشۈرۈشى) مۇناپىق ۋە مۇناپىقەلەرگە، مۇشرىك ۋە مۇشرىكەلەرگە ئازاب قىلىشى ئۈچۈندۇر، ئۇلار ﷲ قا قارىتا (ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە ياردەم) بەرمەيدۇ دەيدىغان يامان ئويلاردا بولدى، (ئۇلار مۇئمىنلەرگە يەتسۇن دىگەن) ھالاكەت ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يېتىدۇ. ئاللاھ ئۇلارغا غەزەپ قىلدى، ئۇلارنى رەھمىتىدىن يىراق قىلدى، ئۇلارغا جەھەننەمنى تەييارلىدى، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1].

مەزكۇر ئايەتنىڭ روھى بويىچە، ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە گۇمانى قاراشتا بولغان، ئاللاھنىڭ پۈتۈن دۇنيانى باشقۇرىدىغان ئىلاھ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان، ئالدىدىكى دۈشمەنىنىڭ كۈچى چوڭ، كۈچلۈك كۆرۈنۈپ كېتىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنمەستىن ئاللاھقا بولغان ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، بىز كۆرىۋاتقان بۇ كۈچلۈك دۆلەت ۋە سانى كۆپ مىللەتنى قانداقمۇ يېڭىش مۇمكىن بولسۇن! ئەقىلگە سىغمايدىغان گەپلەرغۇ بۇ، بىزلەردە نېمە ئامال! دەپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە قۇدرىتىگە گۇمانى قاراشتا بولغانلارنىڭ جايى جەھەننەم ئىكەنلىكى، ئۇنداقلارغا ئاللاھ ھەقىقەتەن ياردەم بەرمەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا ئاز دۈشمەندىنمۇ قورقۇدىغان قورقۇنچ سالىدىغانلىقى

[1] سۈرە فەتھ: 6 ـ ئايەت

كۆرسىتىلگەن.

ئىنسانلار شۇ ھەقىقەتنى بىلىشى كېرەككى، ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىش، ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈن قىلىش ۋەدىسىگە ئىمان كەلتۈرگەنلەرنى ئەلۋەتتە بۇ دۇنيادا ئۈستۈن قىلىدۇ.

لېكىن شۇ ئىنسانلار شۇ ھەقىقەتنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەككى، ئاللاھ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى سەۋەبكە باغلاپ قويغان، سەۋەب قىلماستىن، ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھنىڭ ئىسمى-سۈپەتلىرى، بىلىم-ھېكمىتى ۋە چەكسىز قۇدرەتلىرىنى بىلگەن ئادەم، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ھېچقاچان گۇمانى قاراشتا بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلمىگەن ھەر قانداق ئىنسان جەمئىيەت ياكى مىللەت ئەڭ باشتا ئۆزىنى تەكشۈرۈشى كېرەك. ئاللاھقا بولغان ئىمانى ۋە ئىشەنچىسىنى تەكشۈرسە، سەۋەب ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاللاھقا يامان گۇمان قىلغان، ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىگە ئىمانى ئاجىز بولغانلار، دەرھال تۆۋبە قىلىپ ئىمانىنى يېڭىلاشقا ۋە تۆۋبە-ئىستىغفارنى كۆپ قىلىشقا چاقىرىلىدۇ. ئاللاھ ھاكىملارنىڭ ئەڭ كۈچلىكى، ئادىللارنىڭ ئەڭ ئادالەتلىكى ۋە رەھىمدىللارنىڭ ئەڭ رەھىمدىلىدۇر.

ئاللاھ بارلىق دۇنيادىن بىھاجەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئاللاھقا ئېھتىياجى باردۇر. دۇنيادا ھېچقانداق كۈچ ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلالمايدۇ.

ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە ئىمانى كامىل ئىنسان، ئاللاھ ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلىش بىلەن بىرگە سەۋەب قىلىش كېرەك. سەۋەب قىلماستىن ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇدرىتى بار، بىزنى دۈشمەنلەرنىڭ زۇلۇملىرىدىن قۇتقۇزىدۇ؛ دەپ سەۋەب قىلماستىن يېتىشنىڭ ئۆزى، ئاللاھقا بولغان قاراشنىڭ خاتالىقى ۋە ئىمانى ئاجىزلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

# دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ، ئەركىن ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەنەشۇ ئەركىنلىك ئىسلام شەرىئىتى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاندۇر

شەيخ دوكتور سالىھ ئالى تالىپ

3/11/1432ھـ 1/10/2011م

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈپ يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلار ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ، ئەركىن ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەنەشۇ ئەركىنلىك ئىسلام شەرىئىتى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاندۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىشتا بىرلا ئامانلىق كۈچى شەرىئەتتۇر. ئىسلام شەرىئىتى رەھىمدىللىق، ئادالەت ۋە ياخشىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانلارنى قىلىشقا بۇيرىغان ئىشلار ھەمدە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى توسقان چەكلىمىلەرمۇ شۇ ئىنساننىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈندۇر. لېكىن بەزى ئىنسانلار بۇ ھەقىقەتنى بىلمەيدۇ. ھەقىقىي ئەركىنلىك، ئەمەل بىلەن بېزەلگەن دىن بولۇپ، ئەركىنلىكنى خالىغان ئادەم، قىيىن ئىشلارنى قىلىپ، توسالغۇلارنى يېڭەلەيدۇ ۋە دۇچ كەلگەن بالايى-مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىپ، شەرىئەتنىڭ چېگرا-ھۆدۇدلىرىدىن

چەتنىمەي، ئىسلام كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنىدۇ.

ھەقىقىي ئەركىن ئادەم ئەبەدىي ھايات ئۈچۈن فانى دۇنيانى قۇربان قىلالايدۇ، ئەركىنلىك بولسا، ئاللاھنىڭ ئىلاھلىقىغا رازى بولۇش، ئىسلامنى دىن سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى دەپ ئېتىقاد قىلىش، بەلگىلەنگەن تەقسىماتقا قانائەت قىلىش، ئاللاھقا مۇكەممەل ئىشەنچ قىلىش، ياردەمنى ئاللاھتىن سوراشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھقا قۇلچىلىقنى تولۇق ئادا قىلغان ئىنسان، بەندىگە قۇل بولمايدۇ، نەپسىنىڭمۇ قۇلى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا پەرىزلەرنى بەلگىلىدى، زايا قىلىۋەتمەڭلار، چېگرا سىزىقلارنى سىزىپ بەردى، تاجاۋۇز قىلماڭلار، بەزى نەرسىلەرنى ھارام قىلدى، (چەكلىدى) ئۇنى ئاياق ئاستى قىلماڭلار، بەزى نەرسىلەر ئۈستىدە سىلەرگە رەھمەت قىلىپ سۈكۈت قىلدى، ئۇنىڭ تېگىنى كوچىلىماڭلار». بىگۇناھ جاننى ئۆلتۈرۈش ئىسلامدا كەچۈرۈلمەس چوڭ گۇناھتۇر.

قوراللىرىنى ئۆز قېرىنداشلىرىغا تەڭلەپ ئوق چىقارغان تەلۋىلەر، كەچۈرۈلمەس جىنايەت سادىر قىلغان جىنايەتچىلەردۇر. ئۇلار يوقىلاڭ دۇنيالىقى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلغانلار، پۇل-مال، مەنسەپ ئۈچۈن قان تۆككەنلەردۇر.

ئۇلار بۇ جىنايەتلىرىدە ئاللاھتىن قورقىشى كېرەك. بىلىش كېرەككى، قاتىل تۇرمىدىن قۇتۇلغان تەقدىردىمۇ روھىي مەھبۇستۇر. خۇشالدەك كۆرۈنسىمۇ بىر ئۆمۈر غەم-قايغۇدا ياشايدۇ.

# ماددىزىمچىلارنىڭ بازىرى چىققان بۇ دەۋردە مۇسۇلمانلار سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك

ئۇستاز دوكتور/ ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(11/11/1432ھـ 9/10/2011م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ماددىزىمچىلارنىڭ بازىرى چىققان بۇ دەۋردە مۇسۇلمانلار سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ھازىر كىشىلەر ماددىي مەنپەئەتنى ئاساس قىلىدىغان، ھەق دىندىن ۋاز كەچكەن بىر ۋەزىيەتتە ياشىماقتا. ئۈممەتتە سۆزلىگىنىگە ئەمەل قىلمايدىغان ئىللەتلەر ئومۇملاشماقتا. بۇنداق ئىللەتلەر ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئارقىدا قېلىشى ۋە دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدىكى ئورنىنى يوقىتىپ قويۇشتەك پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئۈممىتى دۇنياغا دىنىي يەتكۈزۈشتەك مۇھىم رىسالىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

ئى ئىمان قېرىنداشلىرى! مۇسۇلماننىڭ، ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىدە رەببانىي كامالەتنى ئۆزلەشتۈرۈشى ئۈچۈن ئىسلام دىنى بىر قانچە تۈرلۈك ئەخلاقىي ۋە ئىدىئولوگىيىلىك قائىدە-تۈزۈملەرنى يولغا قويغان ھەمدە روھىي ۋە

ئىجتىمائىي ئەدەپ-ئەخلاق پرىنسىپىنى بىكىتكەن.

ھەقىقىي مۇئمىنلەر دىندارلىقتىن پەخىرلىنىدۇ، دىندارلىقنىڭ مىۋىسى، ئۇنىڭ تۇرمۇش ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئورتاق كۆرۈلىدۇ. سۆزى ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لِمَ تَقُولُونَ مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾ «ئى مۆئمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟ (يەنى ئەمەلدە سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟)»[1].

ئىنسانلار دىندارلىق دەۋاسىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئاياللارغا ئالاقىلىق بەزى خاتا چۈشەنچىلەردە بولۇشى، ئۇلارنىڭ دەۋاسىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بەزى تىلشۇناس قاناللىرى خۇددى ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىنى مۇداپىئە قىلغاندەك كۆرۈنۈپ، سۆز-ھەرىكەتلەرنى ئۇستىلىق بىلەن پەدازلاپ ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاياللارنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى ئاياغ-ئاستى قىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقسىزلىقنى يول ھازىرلاشنى مەقسەت قىلغانلاردۇر. ۋەھالەنكى، ئىسلام شەرىئىتى ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىپ، ئاياللارنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئۆز لايىقىدا كۆتۈرگەن بىردىن بىر ئۇلۇغ دىندۇر.

دىندارلىق دەۋاسى قىلغانلارمۇ دىندارلىقنى قوش ئۆلچەمدە ئۆلچەمەستىن ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا ئوخشاشلا دىنىنىڭ ئەھكاملىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىشى كېرەك. جەمئىيەت ئارىسىدا، مەسچىتلەردە دىندارلىق دەۋاسى قىلغان ياكى دىندار ئاتالغان بەزى كىشىلەر، ئائىلىسىگە مۇئامىلە قىلىشتا ئىسلام ئەخلاقى ۋە ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا قوپال مۇئامىلە قىلىدۇ، زۇلۇم قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئامانىتى ۋە نېمىتى بولغان ئوغۇل-قىزلارنى ياخشى تەربىيىلەشكە تىرىشماستىن، ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىدۇ، كېچە-كۈندۈز ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئائىلىسى بىلەن كارى بولمايدۇ، نەتىجىدە ئائىلە ۋەيران بولىدۇ، جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلۇپ، يارامسىز ئەۋلادلار يېتىشىپ، پۈتۈن مىللەت زىيان تارتىدۇ.

يەنە بەزى دىندارلىق دەۋاسى قىلغانلار، ئالىملارغا تىل ئۇزارتىدۇ،

[1] سۈرە سەف: 2 - ئايەت

ئالىملارنىڭ شەنىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. بۇنداقلارمۇ ھەقىقەتنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغانلاردۇر. ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان قان تۆكۈلۈشلەرگە قارايدىغان بولساق، بەزى ھاكىمىيەتلەر مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا مىڭلارچە جانلارغا زامىن بولۇپ، قان تۆكۈش، ئەركىنلىك تەلەپ قىلغان خەلقنى قانلىق باستۇرۇش ۋە ئۇنمىڭلارچە كىشىنى تۈرمە-زىندانلارغا تاشلاشتەك جىنايەتلەرنى سادىر قىلماقتا. دۆلەت بىخەتەرلىكىنى ساقلاش باھانىسى بىلەن بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ قېنىنى تۆكۈش، ئاللاھ كەچۈرمەيدىغان جىنايەتتۇر. ئۆز تەختلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، پۇقرالارنى باستۇرۇۋاتقان مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەر ئاللاھتىن قورقسۇن، قان تۆكمىسۇن، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرسۇن!. بەزى ھاكىمىيەتلەر، خەلقنى قىرغىن قىلىشتا فىرات دەريالىرىنى قانغا بويىغان موڭغۇللارغا ئوخشاپ قالغاندەك قىلىدۇ.

ئىككى ھەرەم دۆلىتى بولسا، رايوندا قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش يولىدا بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى ھەرەمگە يامان نىيەت بىلەن خىرىس قىلىۋاتقان، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان، قورال كۆتۈرۈپ خەلقنى قورقۇتىۋاتقان، ئادالەت ۋە شەرىئەتنى ئىجرا قىلىۋاتقان بىر ھاكىمىيەتكە قارشى قورال كۆتۈرگەنلەرمۇ ئاللاھتىن قورقسۇن، ئۇلار بىھۇدە قان تۆكۈشتىن باشقا نىمىگە ئېرىشىدۇ؟! ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ﴿وَإِذْ يَمْكُرُ بِكَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ لِيُثْبِتُوكَ أَوْ يَقْتُلُوكَ أَوْ يُخْرِجُوكَ ۚ وَيَمْكُرُونَ وَيَمْكُرُ ٱللَّهُ ۖ وَٱللَّهُ خَيْرُ ٱلْمَٰكِرِينَ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا كاپىرلار سېنى قاماقتا ئېلىش، ياكى ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى (مەككىدىن) ھەيدەپ چىقىرىش ئۈچۈن مىكىر ئىشلەتتى، ئۇلار مىكىر ئىشلىتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ مىكرىنى بەربات قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ تەدبىرى ئۇلارنىڭ مىكرىدىن ئۈنۈملۈكتۇر﴾[1].

ئىنسان ھەر دائىم ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدا ئوخشاش بولۇش كېرەك، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان سۆزلىسە ئەمەل قىلىدۇ، ئەمەل قىلمايدىغان سۆزلەرنى

[1] سۈرە ئەنفال: 30 - ئايەت

قىلىپ ئولتۇرمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿كَبُرَ مَقْتًا عِندَ ٱللَّهِ أَن تَقُولُواْ مَا لَا تَفْعَلُونَ﴾ ﴿سىلەر قىلمايدىغان ياخشى ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ (كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر)﴾[1].

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئەمەلىيىتىمىز بىلەن سۆز-ھەرىكىتىمىز ئوخشاش كىشىلەر قاتارىدىن قىلسۇن ۋە دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ساقلىسۇن، ئامىن!!.

[1] سۈرە سەف: 3 ـ ئايەت

# ھەج ئىسلامنىڭ 5 ئاساسىنىڭ بىرىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(17/11/1432ھـ 15/10/2011م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۇمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھەج ئىسلامنىڭ 5 ئاساسىنىڭ بىرىدۇر، ھەج ئىبادىتى بىرلىك-باراۋەرلىك، ئاللاھقا بولغان قۇللۇقنى كۈچەيتىش، ۋەدىلەرگە ۋاپا قىلىش ۋە گۇناھلار مەغفىرەت قىلىنىدىغان ئۇلۇغ مەۋسۇمدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىسلام ئۈممىتى ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە ئاللاھنىڭ كۈنلىرىدىن ئۇلۇغ كۈنلەرنى قارشى ئېلىش تەييارلىقنى كۆرۈۋاتىدۇ، ھەج مەۋسۇمى ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ كۈنلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىدۇر. ھەج مەۋسۇمدە گۇناھلار مەغفىرەت قىلىنىدۇ، خاتالىقلار كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، دۇئالار قوبۇل قىلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ بەيتىگە ھەج مەۋسۇمى ئۈچۈن يىغىلىش، بىرلىك ۋە بىرلەشتۈرۈش شۇئارى بولۇپ، ئاللاھ ئالدىدا ۋەدە بېرىش، ئىنسانلارنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى مۇداپىئە قىلىش، ئىنسانلارنىڭ شەرىپىنى ساقلاش، قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئىنسانلارنىڭ جانلىرى، ماللىرىنى ھىمايە قىلىشتەك قانۇنلار ھەججەتۇلۋىدا (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاخىرقى ھەجى بولغان ۋىدالىشىش ھەجى) دە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر خۇتبىسى ئارقىلىق بېكىتىلگەن ئىدى.

مانا بۇ يىلقى ھەج مەۋسۇمى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار بەيتۇللاھقا كېلىشكە باشلىدى. ھاجىلار پەرۋەردىگارىنىڭ فەزلى ۋە رازىلىقىدىن ئۈمىت قىلىشىدۇ، يىراق-تاقلىرىنى بەيتۇللاھ قېشىدا تاشلاپ ئىبادەتكە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ دائىم يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان تۆۋەندىكى نىداسىغا لەببەي دەپ كېلىۋاتىدۇ: ﴿وَأَذِّن فِى ٱلنَّاسِ بِٱلْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَىٰ كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ﴾ ﴿كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ﴾[1].

ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى، ئىسلامنىڭ 5-رۇكنى (تۈگرىكى) بولغان ھەج پەرزىنى ئادا قىلىدۇ، تەۋھىد كەلىمىسىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن تۇۋلاپ لەببەيك ئېيتىدۇ. ئىبادەتلىرىنىڭ قوبۇل بولۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىت كۈتۈپ ئازابىدىن قورقىدۇ. ھەجدىن ئىبارەت بۇ ئىمان سەپىرىدە دۇئالار كۆپىيىدۇ ۋە ياخشىلىقلار ھەسسىلەپ ئاشىدۇ، دۇئالار ئىجابەت قىلىنىدۇ. مىنا، مۇزدەلىفە ۋە ئەرەفاتتىن ئىبارەت ئىبادەت ئورۇنلىرى رەھمەت ۋە مەغفىرەت تولغۇنلىرىدۇر. ھەج مەۋسۇمىدە ئاللاھ تائالا ئەرەفات مەيدانىغا يىغىلغان ھاجىلاردىن پەرىشتىلەر ئالدىدا پەخىرلىنىپ دەيدۇكى: «قاراڭلار! ئۇلار مېنىڭ بەندىلىرىم، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن چاچلىرى چۇۋۇلغان، ئۈستى - بېشىنى چاڭ-توزان قاپلىغان ھالدا كەلدى، مەن سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، مەن ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى مەغفىرەت قىلدىم ۋە ئۇلارنى ئەبەدى بەخت-سائادەت ئورنى بولغان جەننەتكە كىرگۈزىمەن».

ھەج توغرىلىق سۆز قىلىش نېمىدېگەن ياخشى، نېمىدېگەن خۇشاللىق ھە! ھەج، رەھمان تائالانىڭ چاقىرىقىغا لەببەي دېگەنلىكتۇر. ھورۇنلۇق ۋە ھىممەتسىزلىك سەۋەبىدىن ئىمان كارۋىنى بولغان ھاجىلارغا قوشۇلماي قالغانلارنىڭ ئاقىۋىتىگە ۋاي ئېسىت!. ھەج مەۋسۇمىدە زامان ۋە ماكان شەرىپى بىرلەشكەندۇر. ماكان، ئاللاھنىڭ ھارام قىلغان مۇقەددەس شەھىرى

[1] سۈرە ھەج: 27 - ئايەت

بولسا، زامان ئاللاھ قان تۆكۈشنى ھارام قىلغان مۇبارەك ئون كۈندۇر. ئىسلام دىنى، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ بۇرۇنلا قورالسىزلاندۇرۇلغان ئورۇن ۋە زاماننى بەرپا قىلىپ، ئىككى ھەرەمنى قورالسىز ۋە خاتىرجەم ماكان قىلغان، شۇڭا ئىككى ھەرەمگە كەلگەن ھەر بىر ئىنسان ھەقىقىي ئامانلىق نېمىتىگە نائىل بولىدۇ. ئەسلىدە بۇنداق ئامانلىق پۈتۈن دۇنيادا ھۆكۈم سۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەت ۋە پاراۋان تۇرمۇش ھۆكۈم سۈرگەندە ئۇرۇش-جېدەلگە ئورۇن قالمايدۇ.

ھەقىقەتەن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججەتۇلۋىدادىكى خىتابىغا ئەمەل قىلىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەججەتۇلۋىدادا مۇنداق دېگەن: «سىلەرنىڭ قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار ۋە شەرەپ-ئابرۇيىڭلار سىلەرگە خۇددى مۇشۇ كۈنىڭ، مۇشۇ شەھەرنىڭ ۋە مۇشۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىگە ئوخشاشلا ھارام قىلىنغاندۇر». مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەزكۇر نىداسىغا بويسۇنۇش كېرەك. ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتلىرىنى شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈستىدە قويۇشى كېرەك. ھاكىملار بولسۇن، پۇقرالار بولسۇن، تۆكۈلۈۋاتقان قانلارنى توختىتىشقا كۈچ چىقىرىش مەسئۇلىيىتى بار. ئىسلام دۇنياسىدىكى توقۇنۇشلار مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى پارچىلاشتا ئالاھىدە رول ئوينىدى، بىر ئۈممەتنى مىڭ ئۈممەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. بىز ئەسلىمىزگە قايتىپ، ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرمىسەك، ئىسلامنىڭ ھەقىقىي رىسالىتىنى يوقاتقان بولۇپ قالىمىز. چۈنكى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ هَـٰذِهِۦٓ أُمَّتُكُمۡ أُمَّةً وَٰحِدَةً وَأَنَا۠ رَبُّكُمۡ فَٱعۡبُدُونِ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر. مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار﴾[1].

ئىسلام مەملىكەتلىرىدە دىن دۈشمەنلىرى، بۆلۈپ-پارچىلاپ باشقۇرۇش سىياسىتىنى قوللانغان بولۇپ، ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى تائىپىۋازلىق ۋە مەزھەبچىلىك ئىدىيەلىرىنى كۆچەپ بازارغا سالماقتا. ئىسلام دۇنياسىدا تائىپىۋازلىق پىتنىسى كۈنسىرى ئۇلغىيىپ بارماقتا. ئەسىرلەر بويىچە ئىناق ياشىغان تۈرلۈك تائىپىلەر بۈگۈنگە كەلگەندە ھەر خىل شوئارلار بىلەن

[1] سۈرە ئەنبىيا: 92 ـ ئايەت

بىر-بىرىگە قوراл تەڭلەپ، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئۇتتۇرىغا چىقماقتا. مەسىلەن، ئىسلام دىيارىدا ياشىغان غەيرى دىندىكىلەرنى مۇسۇلمانلار ھېچقاچان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىمىغان ياكى ئۆلارنى يەكلىمىگەن.

ۋەتەننى سۆيۈش ۋە ئۇنى مۇداپىئە قىلىشنى ئىسلام چەكلىگەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغان. لېكىن ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىگە زىت ئىشلارنى ۋەتەنپەرلىك ئىددىيىسى بىلەن سادىر قىلىش قوبۇل قىلىنمايدىغان بىر خاتالىقتۇر.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە ئۇرۇقىنى چېچىپ، پايدا ئالىدىغان تىجارەتچىلەرگە پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك.

# دۇنيادىكى بارلىق تۈزۈم، ئىدىيەلەر يىمىرىلىپ ئىسلام پىرىنسىپلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ

ئۇستاز دوكتور/سالىھ بىن مۇھەممەد ئال تالىب

(23 /12/1432ھـ 19/11/2011م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «دۇنيادىكى بارلىق تۈزۈم، ئىدىيەلەر يىمىرىلىپ، پەقەت ئىسلام پىرىنسىپلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

دۇنيادا سان ـ ساناقسىز قانۇن ـ تۈزۈملەر، بىر ـ بىرىگە زىت پىكىرلەر، ئاسمانغا تاقاشقان دېگەن بىناكارلىقنىڭ ئەڭ ھەيۋەت قۇرۇلۇشلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇرىدۇ. لېكىن قاتتىق چىققان بوران ـ چاپقۇن ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر ئالدىدا كۆز بويامچىلىق بىلەن ياسالغان ۋە سۈنئىي پەدازلانغان قۇرۇلۇشلار ۋەيران بولماي تۇرالمايدۇ ياكى بولمىسا ئەيىبى ئېچىلىپ، نۇقسانلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدۇ.

بۈگۈنكى كۈنلەردە ئىقتىسادىي ۋەيرانچىلىقلار، ھاكىمىيەتلەرنىڭ چۈكۈشى، سىياسىي تۈزۈملەرنىڭ چۈكۈشى ۋە ئىدىئولوگىيەلەرنىڭ ئارىدىن غايىب بولۇشى قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ۋەيران بولۇش ۋە چۆكۈش ھادىسىلىرىنى كۆرۈۋاتىمىز، مەزكۇر چۆكۈشلەر ئالدىدا ئىنسان ھەيرانلىق ئىچىدە گاڭگىراپ قالماقتا. تەۋرىمەس ئىقتىسادى گەۋدىلەر ۋە سىياسىي كۈچلەرمۇ، ئىسلام

قۇرۇلىشىنىڭ تەۋرىمەستىن مۇستەھكەم قەد كۆتۈرۈپ، بوران-چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىپ تۇرۇشلىرىدىن ھەيران قېلىشماقتا.

سىز ئىسلام پىرىنسىپىنىڭ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى، ئوخشاش بولمىغان ئىدىئولوگىيەلەر ئىچىدە ئېزىپ كەتمەستىن مۇستەھكەم تۇرغانلىقىنى كۆرسىڭىز، ھەيرانلىقتا قالىسىز. يەنە كېلىپ ئىسلام شەرىئىتى مىڭ تۆت يۈز يىلدىن بېرى ھەر زامان ۋە ماكانغا ماس ھالدا ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىگە كېپىللىك قىلىپ تۇرىشى، بۇ دىن ئاللاھنىڭ دىنى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. سىز بىلىڭكى، ئاللاھ سىزگە ئىسلام نېمىتىدىنمۇ مۇكەممەل ۋە بۈيۈك بىر نېمەت ئاتا قىلمىغاندۇر. سىز دەرەخكە، تاشقا سەجدە قىلماڭ. ھايۋانلارغا، جانلىق-جانسىز مەخلۇقلارغا ۋە ئادەملەرگە چوقۇنماڭ. قىسقىسى، ئاللاھنىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلماڭ.

قېرىندىشىم، ئىسلامغىزدىن خۇشاللىنىڭ، ئىمان نېمىتىدىن بەھرىمەن بولۇڭ، باشقىلار ئېزىپ كەتكەندە، ئاللاھ سىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلدى، باشقىلار يول تاپالمىغاندا سىزگە يول كۆرسىتىپ بەردى. باشقىلار شېرىك گۇمراھلىقىغا پاتقاندا ئاللاھ تائالا سىزنى تەۋھىد ئەقىدىسىگە مۇشەررەپ قىلدى. خۇش بىشارەتكى، تەۋھىد كەلىمىسى سىزنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى، چىن قەلبىدىن ئاللاھتىن باشقا چوقۇنۇشقا لايىق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، دەپ ئىمان ئېيتسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەھەننەمنىڭ ئوتىنى ھارام قىلىدۇ». ئەنە شۇ تەۋھىدنىڭ بەلگىلىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ بەرگەن، شۇڭا مۇسۇلمان شۇ خەرىتە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك يولىنى تېپىۋېلىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئىماننىڭ ئاساسى تەۋھىد، ناماز، زاكات، باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ۋە ئادالەت بەرپا قىلىش، دەپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ ئىنساننى ئۇلۇغ ياراتتى، ئۇنى ھەر خىل خۇراپات ۋە ئازغۇنلۇقلاردىن ئاگاھلاندۇردى. ئاللاھتىن باشقىدىن پايدا-زىيان كۈتمەسلىككە چاقىردى. بىلىش كېرەككى، تەۋھىدنىڭ ھەقىقىتى ئاللاھنىڭ تۆۋەندىن پايدا-

مەنپەئەت كۆتمەسلىكتۇر. ئەكسىچە بولسا شېرىك ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُولِجُ ٱلَّيۡلَ فِى ٱلنَّهَارِ وَيُولِجُ ٱلنَّهَارَ فِى ٱلَّيۡلِ وَسَخَّرَ ٱلشَّمۡسَ وَٱلۡقَمَرَ ۖ كُلٌّ يَجۡرِى لِأَجَلٍ مُّسَمًّى ۚ ذَٰلِكُمُ ٱللَّهُ رَبُّكُمۡ لَهُ ٱلۡمُلۡكُ ۚ وَٱلَّذِينَ تَدۡعُونَ مِن دُونِهِۦ مَا يَمۡلِكُونَ مِن قِطۡمِيرٍ﴾ ﴿ئاللاھ كېچىنى كۈندۈزگە كىرگۈزىدۇ، كۈندۈزنى كېچىگە كىرگۈزىدۇ (شۇنىڭ بىلەن كېچە- كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن- قىسقا بولۇشى جايلار، پەسىللەر بويىچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ)، ئاللاھ كۈن بىلەن ئاينى (بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە) بويسۇندۇرۇپ بەردى. ھەر ئىككىلىسى مۇئەييەن مۇددەتكىچە (يەنى قىيامەتكىچە ئۆز ئوقىدا) سەير قىلىدۇ، ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر، پادىشاھلىق ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار قىلچىلىك نەرسىگە ئىگە ئەمەس﴾[1].

دىننى بۇزغان، توغرا دىننى ئۆزگەرتىۋەتكەن نەرسە، دىندا ئاشۇرۇۋېتىشتۇر. دىندا ئاشۇرۇۋېتىش بولسا، دىندارلىقتا مۇبالىغە قىلىش بولۇپ، ئۆزىنى تەقۋادارلىقتا ھېچكىشىگە تەڭ قىلماستىن، بىلىمسىز، جاھىل تۇرۇپ، باشقىلارنىڭ ئىمانى، ئەقىدىسى ۋە ئىبادەتلىرىگە شۈبھىلىك قاراش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دىندىن چىقىپ كېتىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قېلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «سىلەر دىندا ئاشۇرۇۋەتمەڭلار! سىلەردىن ئىلگىرىكى ئۈممەتلەر دىندا ئاشۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ھالاك بولغان»، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەۋلىيالار ۋە ئۆلىمالارنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاشتىنمۇ مۆمىنلەرنى ئاگاھلاندۇرغان. ئەۋلىيالار ئۇياقتا تۇرسۇن، ساھابىلەرگە: سىلەر مېنى ناسارالار مەريەمنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلىماڭلار، مەن ئاللاھنىڭ بىر بەندىسىدۇرمەن، مېنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەڭلار» دېگەن.

ئىسلامنىڭ ھەممىسى ياخشىدۇر.

ئاللاھ چەكلىگەن ھەر قانداق نەرسە، زىيانلىق بولغانلىقى ئۈچۈنلا چەكلەنگەندۇر. ھەقىقىي مۇئمىن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى نېمىدىن چەكلىسە، شۇنىڭدىن قول ئۈزىدۇ ۋە نېمىگە بۇيرۇسا شۇنى بىجانىدىل ئىجرا قىلىدۇ. دىن ئاللاھنىڭ دىنىدۇر، شەرىئەت ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدۇر،

[1] سۈرە فاتىر: 13 ـ ئايەت

كىمگە ئاللاھنىڭ كالامى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى يەتسە، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يولىيورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپتۇر. ئېتىقادتا تەۋھىد مۇھىم بولغاندەك ئەمەلدىمۇ تەۋھىد مۇھىمدۇر.

مۇسۇلمان پەرۋەردىگارىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلىدۇ. مۇسۇلمان دۇئادا ئاللاھتىن باشقىنى چاقىرمايدۇ، ئاللاھتىن باشقىغا ئىتائەت قىلمايدۇ. ئاللاھ ھالال قىلغاننى ھالال ۋە ئاللاھ ھارام قىلغاننى ھارام دەپ بىلىدۇ. مۇسۇلمان ھەر قانداق مەخلۇق ئالدىدا قەددىنى رۇس ۋە بېشىنى تىك تۇتىشى كېرەك، چۈنكى ئاللاھتىن باشقىغا باش ئېگىش ھارامدۇر. ئىمانى كۈچلۈك، ئەقىدىسى ساغلام ئادەم، ئاللاھتىن باشقىغا باش ئەگمەيدۇ. ھەقىقىي مۇئمىن بەندە ئۆزىنى خار قىلمايدۇ ۋە خۇنۇكلەشمەيدۇ. ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشى، بەندىنىڭ ئىخلاسىغا باغلىقتۇر. ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولىشى، شۇ ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن داۋاملاشتۇرۇشتۇر.

ئاللاھ ئەمەللىرىمىزنى قوبۇل قىلسۇن ۋە دىللىرىمىزنى رىيا، نىفاقتىن پاكلىسۇن. ئامىن!!.

# قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇسىدۇر، ياخشىلىقنىڭ يوللىرى ئىنتايىن كۆپتۇر

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە ئابدۇللاھ خەييات

8/1/1433ھـ 3/12/2011م

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ياخشى ئىشلارنى قىلىش ۋە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇسى بولۇپ، ياخشىلىقنىڭ يوللىرى ئىنتايىن كۆپ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ياخشى ئىشلارغا قىزىقىش، ياخشىلىقنى تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنىڭ دەرۋازىلىرىنى قېقىش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ رىغبىتى ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئاللاھتىن قورققان ۋە تەقۋالىق قىلغان مۇسۇلمان، ئاللاھتىن ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يېتىش ئۈچۈن بارلىق ۋاستە ۋە ۋەسىلىلەردىن پايدىلىنىدۇ. ئاللاھقا ئىمانى بار مۆئمىننىڭ بارلىق ئارزۇسى، دۇنيادا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە قىيامەتتە بولسا ئاللاھنىڭ جەننىتىگە مۇشەررەپ بولۇشتۇر. ھەقىقەتەن كەڭلىكى ئاسمان-زېمىننىڭ كەڭلىكىدە بولغان جەننەت تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تەييارلانغاندۇر.

ئاللاھنىڭ رەھمىتىنىڭ چەكسىزلىكى، بەندىلەرگە بولغان پەزلى-كەرىمىنىڭ كەڭلىكى، ياخشىلىق يوللىرىنىڭ كۆپلىكى ۋە دەرۋازىلىرىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئاشكارا بولىدۇ. ئاللاھ بارلىق ئىنسانلارنى قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرىپ، ياخشىلىق يوللىرىنى كۆرسەتكەن، ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى ياخشى ئىشلار تەرىپىگە جەلىپ قىلغان. ياخشىلىق يوللىرى، قۇرئان-ھەدىسلەر ئارقىلىق رۇشەن بايان قىلىنغان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «ياخشىلىقنىڭ يوللىرى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا كۆپ ۋە داغدامدۇر، يىلنىڭ ھەممە كۈنلىرى، ئايلارنىڭ ھەممىسى، كېچە-كۈندۈزلەرنىڭ ھەممىسىدە ياخشىلىققا شارائىت بار. مۇسۇلمان ھەر قاچان ياخشى ئىشلار ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشالايدۇ ۋە ساۋابقا ئېرىشەلەيدۇ»، دېگەن.

مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ يىلنى ھەج ۋە ئۆمرىگە ئوخشاش ئىبادەتلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان بولسا، يېڭى يىلنىمۇ مۇھەررەمنىڭ روزىسىنى تۇتۇش بىلەن باشلايدۇ. مۇھەررەم بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوليورۇقى بىلەن بىرىنچى ئاي ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «رامىزاندىن قالسا مۇھەررەمنىڭ روزىسى ئەڭ ساۋابى كۆپ روزىدۇر»، دېگەن. ئاللاھ ئىنسانلارنى بۇ دۇنياغا ئۆزىگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتقاندۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ مَآ أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَآ أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلرَّزَّاقُ ذُو ٱلْقُوَّةِ ٱلْمَتِينُ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزىق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (ئاللاھنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر﴾[1].

مۇسۇلمانىنىڭ ھاياتى ۋە ئەمەللىرىنىڭ ھەممىسى، ياراتقان خالىقى، رىزىق بەرگۈچى رازىقى ۋە پەرۋەردىگارى بولغان مالىك ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئاللاھ ئىنساننىڭ ھاياتىنى خالىغان بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ بەندىنىڭ ھەممە ئىشىغا كۆزەتچى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشكەندىن كېيىن،

[1] سۈرە زارىيات: 56 ـ ئايەت.

بەندە ئاللاھنى نارازى قىلىدىغان ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلماسلىقى كېرەك.

مۇسۇلمان داۋاملىق ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق گۇناھلىرىغا كاپارەت بولىدىغان ۋاستىلەرنى ئىزدەش لازىم، مۇھەررەم ئېيىنىڭ روزىسى گۇناھلارغا كاپارەت بولىدۇ، مۇسۇلمانلار مۇھەررەم روزىسىغا بۇ سەۋەبتىن ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. مۇھەررەم روزىسىدا ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسى ئىنتايىن مۇھىمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇشى، ئاللاھقا تەشەككۇر بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. پىرئەۋننىڭ غەرق بولىشى، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشنىڭ سەۋەبى بولۇپلا قالماستىن، زالىملارغا ئىبرەتتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكرى قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرىنى نىئمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ، دەپ جاكارلىدى»[1].

مۇسۇلمان ھەر زامان نېمەت بەرگۈچى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتىن ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلىشتىن ساقلىنىشى كېرەك. مۇسۇلمان ھەر دائىم نېمەت بەرگۈچى ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى ۋە رازىلىقىنى ئىزدىشى لازىم. ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆچلۈك سۆيۈنىشىدۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ياخشىلىققا مۇيەسسەر قىلسۇن، رازىلىقىغا نېسىپ قىلسۇن ۋە غەزىپىدىن ساقلىسۇن، ئامىن!!.

[1] سۈرە ئىبراھىم: 7 ـ ئايەت

# ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيەلەپ ئۈممەتكە يارامىلىق ئىنسانلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(13/2/1433ھـ 7/1/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈلۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «جەمئىيەت كىشىلىرى ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ياراشتۇرۇش، ئائىلىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئۈممەتكە يارامىلىق ئىنسانلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇش، ساۋاپ ئۈمىت قىلغۇچىنىڭ ئوزۇقى ۋە قورققۇچىنىڭ كۆزەتچىسىدۇر، تەقۋادارلىق بىلەن بەندىگە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىلىدۇ، ھەر قانداق بالايى-مۇسىبەتتىن قۇتۇلىدۇ ۋە ھەر قانداق قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە چىقىش يولىغا ئېرىشەلەيدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَآ إِنَّ أَوۡلِيَآءَ ٱللَّهِ لَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ﴾ ﴿راستلا ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا (ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) قورقۇش، (دۇنيادا قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانغا) قايغۇرۇش يوقتۇر. ئۇلار ئىمان ئېيتقان ۋە تەقۋادارلىق قىلغانلاردۇر﴾[1].

بەزى ئادەملەرنىڭ بىر ئاتا، بىر ئانىنىڭ بالىلىرى تۇرۇقلۇق، تۇرلۇك

[1] سۈرە يۇنۇس: 62 ـ ئايەت

شــەكىلدە يارىتىلىشــى، چىۋىشــەنچىلىرىنىڭ ئوخشاشماســلىقى، قىزىقىشــلىرى ۋە تەبىئىتىنىڭمۇ ئوخشاش بولماسلىقى، ئىنتايىـن مۇھىـم سـىناق ۋە ئىمتىھانـدۇر. ئىنسـانلار ئىچىــدە تەمكىــن ۋە مېھرىبــان كىشــىلەرمۇ بــار، ئۇلارنىــڭ ئەقلــى ئۆتكـۈر، ئەخلاقـى گـۈزەل ۋە يۈكسـەك پەزىلەتلىـك بولـۇپ، ئاڭلىغانـلا نەرسـىگە ھاياجانلىنىــپ ياكــى غەزەپ ـ نەپرەتلىنىــپ كېتىــپ ئاخىرىنــى يىغىشــتۇرۇپ بولالمايدىغــان قىيىنچىلىقلارغــا كىرىــپ قالمايــدۇ. ئىنســانلار ئىچىــدە بــەزى تەنتەكلەرمـۇ بـار، ئـۇلار يوقـلاڭ گەپ ـ سـۆزلەرگە ئالەمنى ـ مالـەم قىلىۋېتىـدۇ، ئـۇلار ئالدىراڭغـۇ، كـۆزى كىچىـك ۋە ئەخمـەق بولـۇپ، يوقـلاڭ نەرسـىلەرگە غەزەپلىنىــپ تۈگىمــەس غەم ـ قايغۇلارنــى پەيــدا قىلىــدۇ. ئۇنــداق كىشــىنىڭ تىلــى ئەقلىدىــن بۇرۇن سـۆزلەيدۇ، قولى، قەلبى ۋە مېڭىسـىدىن بـۇرۇن ھەرىكەتلىنىدۇ.

شــۇلار ئىچىــدە ئــەڭ بۈيــۈك كىشــى، مۇئمــن ۋە ئىســلاھاتچى بولــۇپ، ئــۇ كىشــىلەرنى بىرلەشــتۈرىدۇ، ئىســلاھ قىلىــدۇ ۋە ئەتراپىدىكىلەرگــە قولىدىــن كېلىشــىچە ياخشــىلىق قىلىــدۇ. ئۆزىنىــڭ دانــا ھېكمىتــى بىلــەن ياخشــىلىق قىلىشــنى بىلمەيدىغــان كىشــىلەرنىمۇ ياخشــى ئىشــلارنى قىلىشــقا كۆندۈرىــدۇ. بارلىــق كىشــىلەر ئۇنىڭغــا خالىســانە دۇئــا قىلىــدۇ ۋە يــوق يېرىــدە ماختايــدۇ. ئىنسـانلارنىڭ ئـۆز ئـارا تونۇشۇشـى، مېھرىبانلىـق ۋە ئىللىقلىـق بىلـەن مۇئامىلـە قىلىشــى، ئالاھىــدە خىســلەتلەر بولــۇپ، ئىللىــق مۇئامىلــە ئىنســان قەلبىــدە مۇھەببــەت رىشتىســىنى قوزغايــدۇ ۋە ئىنســانلار ئارىســىدا ئۈنســى ـ ئۈلپەت پەيــدا قىلىــدۇ، چۈنكــى تۇرمـۇش قانۇنىيىتــى بىرى ـ بىرىنــى تولۇقلىغۇچىــدۇر.

كىشــىلەرنىڭ ھازىرقــى تۇرمۇشــىغا قارايدىغان بولساق، كىشــىلىك تۇرمۇشــنى بۇزىدىغــان، مۇھەببەت ـ ئۈلپەتنــى بۇلغايدىغــان، دوســتلۇق ۋە ســاپلىقنى غۇۋالاشــتۇرىدىغان، ئۆزىنىــڭ ھاۋايــى ھەۋەســىگە ئەگىشــىدىغان ۋە باشــقىلارنى كۆزگـە ئىلمايدىغانلارنـى كۆپلەپ كۆرمەكتىمىز. ئۆزىدىن باشقىغا ئىشـەنمەيدىغان، ئۆزىنىــڭ قارىشــىنىلا توغــرا دەپ قارايدىغــان ۋە باشــقىلارنىڭ پىكىر، كـۆز ـ قاراشــلىرىغا ھۆرمــەت قىلمايدىغانــلار كۆپلــەپ مەۋجــۇت. بەزىلەرنىــڭ تىلــى ۋە قەلىمــى ئالىم بىلـەن جاھىلنى، پادىشـاھ بىلـەن گادايىنــى پــەرق ئېتەلمەيــدۇ.

بىلىــش كېرەككــى، ئــاداۋەت بالايى ـ مۇســىبەتتۇر. يارىشــش رەھمەتتــۇر. ھەر قانــداق مىللــەت ئىچىــدە بىر ـ بىرىگــە ھۆرمــەت قىلىــش ۋە چىقىشــىپ ئۆتــۈش

ئېغى ئۆزلىشىدىكەن، ئىشلىرى ئوڭغا تارتىدۇ. ئىنسانلار ئارىسىدا ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك، تەپرىقچىلىك ۋە نەپرەت ئۇرۇغىنى چېچىش، ئۇممەتنى ۋەيرانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ. ئىنسانىيەت مېھرىبانلىق ۋە رەھىمدىللىقتا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا ھېچقانداق ئىسلاھاتچىنى كۆرمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەبىلىلەر ۋە شەخسلەر ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغان، ھەتتاكى گورۇھلار، ئەر-خوتۇنلار، سودىگەرلەر، قەرىزدارلار ۋە قان قىساسى بارلارنىڭ ئارىسىنىمۇ ئىسلاھ قىلىپ ياراشتۇرغان.

ئىسلاھ قىلىش دوستلۇقنىڭ ۋە ئاداۋەتنى يۇيۇشنىڭ ئۇسۇلىدۇر. سۈلھى قىلىش كۆپ ۋاقىتلاردا كەچۈرۈمچانلىق خىسلىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەجرى كۆپ بولىدۇ. مۇسۇلمان ئائىلە، جەمئىيەتنىڭ ئاساسىدۇر، ئائىلىدە زىددىيەت-ئىختىلاپلار كۆپ بولسا، جەمئىيەتتە زىددىيەت كۆپىيىدۇ. زىددىيەتنىڭ ئاقىۋىتى ۋەيرانچىلىق ۋە سەرسانلىقتۇر. جەمئىيەتتىكى ئائىلە تۇرمۇشىغا قارايدىغان بولساق، ئاددى سەۋەبلەر ۋە ئەرزىمەس گەپ-سۆزلەر بىلەن زىددىيەت تۇغۇلىدۇ. ئايال كىشى ئاشىنىڭ تۇزىنى كەم قىلىپ قويغان ۋە ئىشىكنىڭ ئاچقۇچىنى يوقىتىپ قويغان، دېگەندەك ئاددى سەۋەبلەر بىلەن تالاق قىلىنىدۇ. ئىسلام دىنى بولسا، ئەر-ئاياللار ئارىسىدا ئىسلاھ قىلىش ۋە زىددىيەتنى پەسەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى، تۇرمۇشنىڭ پاراۋانلىقىنى خالايدۇ. شۇنداق بولغاندا جەمئىيەت مۇكەممەل ساقلىنىپ قالىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ خِفْتُمْ شِقَاقَ بَيْنِهِمَا فَابْعَثُوا حَكَمًا مِنْ أَهْلِهِ وَحَكَمًا مِنْ أَهْلِهَا إِنْ يُرِيدَا إِصْلَاحًا يُوَفِّقِ اللَّهُ بَيْنَهُمَا إِنَّ اللَّهَ كَانَ عَلِيمًا خَبِيرًا﴾ ﴿ئەگەر ئەر-خوتۇن ئىككەيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى، خوتۇننىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىنى ئەۋەتىڭلار، ئاللاھ ئەگەر بۇ ئىككى كىشىنى ئەپلەشتۈرۈشنى خالىسا، ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[1].

---

[1] سۈرە نىسا: 35 ـ ئايەت

# چۈش ۋە چۈش تەبىرىنىڭ شەرئىيتتىكى ئورنى

ئۇستاز دوكتور/ ئابدىرەھمان سۇدەيس

(20/2/1433ھـ 14/1/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «چۈش ۋە چۈش تەبىرىنىڭ شەرئىيتتىكى ئورنى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئەھلى ئىمان ئىچىدە ھېچبىر كىشى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئىسلام دىنىنى ھىمايە قىلىشىنى، ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ۋە تەپەككۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى، ئازغۇنلۇقلار ۋە خىيالپەرەسلىكلەردىن ساقلىنىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىغا شەك قىلمايدۇ. كائىنات دەپتىرىگە قارىغان ئىنسان، ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە بولغان دەلىل ـ ئىسپاتلار ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ تەسلىم بولماي چارىسى يوق. ئىنسان ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقلار ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ گۆھەردۇر. ئاللاھ ئىنسان جىسمىدا ئۆزىنىڭ كامالى قۇدرىتى ۋە مۆجىزىلىرىنى مۇجەسسەملەندۈرگەن، شۇ مۆجىزىلەر ئىچىدە ئەقىللەرنى ھەيران قالدۇرغان، ئىنسانىيەت ئەقلى ئۇنىڭ سىرىنى بىلىشتىن ئاجىز كەلگەن ۋە ئالىملارمۇ تەكتىگە يېتەلمىگەن بىر ھەقىقەت چۈشتۇر.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿لَّقَدۡ صَدَقَ ٱللَّهُ رَسُولَهُ ٱلرُّءۡيَا بِٱلۡحَقِّۖ لَتَدۡخُلُنَّ

ٱلْمَسْجِدَ ٱلْحَرَامَ إِن شَآءَ ٱللَّهُ ءَامِنِينَ مُحَلِّقِينَ رُءُوسَكُمْ وَمُقَصِّرِينَ لَا تَخَافُونَ فَعَلِمَ مَا لَمْ تَعْلَمُوا۟ فَجَعَلَ مِن دُونِ ذَٰلِكَ فَتْحًا قَرِيبًا﴾ «ئاللاھ پەيغەمبىرىگە، ھەق رەۋىشتە، ھەقىقىي راست چۈش كۆرسەتتى. (ئى مۇھەممەد! سەن ۋە ساھابىلىرىڭ) خۇدا خالىسا (دۈشمەندىن ئەمىن بولغان)، (بەزىلىرىڭلار) چاچلىرىڭلارنى چۈشۈرگەن ۋە (بەزىلىرىڭلار) قىرقىغان ھالدا، قورقماي چوقۇم مەسجىدى ھەرامغا كىرىسىلەر، ئاللاھ (سۈلھىدىكى) سىلەر بىلمەيدىغان (پايدىنى) بىلدۇ. ئاللاھ بۇنىڭدىن بۇرۇن (سىلەرگە) يېقىن بىر غەلىبىنى (يەنى خەيبەرنىڭ فەتھىسىنى مۇيەسسەر قىلدى)»[1].

مەزكۇر ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن چۈش ئۈچ تۈرلۈك بولۇدۇ، بىرىنچىسى: ياخشى چۈش بولۇپ، ئۇ ئاللاھتىن بەندىگە ئالدىن بېرىلىدىغان خۇش بىشارەتتۇر. ئىككىنچىسى: شەيتاندىن كېلىدىغان چۈش بولۇپ، ئىنساننى غەم-قايغۇغا سالىدىغان چۈشتۇر. ئۈچىنچىسى: نورمال چۈش بولۇپ، ئىنسان ئۆزى سۆزلىگەن نەرسىنى كۆرىدىغان ياكى كۆرگەن چۈشى كېيىنكى كۈنلەردە ئالدىغا كېلىدىغان چۈشتۇر. ياخشى چۈش، شەيتاندىن بولغان چۈش ۋە چۈشىدە كۆرگەن ئىش ئالدىغا كېلىدىغان چۈشلەرنىڭ ئورنى ھەققىدە ئىماملار ۋە ئالىملار توغرا ھەدىسلەردە چۈشلەرنىڭ تەبىرىنى بابلارغا بۆلۈپ، مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: ياخشى چۈش پەيغەمبەرلىكنىڭ 46 دىن بىرىدۇر.

يېقىنقى زامانلاردا تىلشۇنىزوردا چۈشكە تەبىر بېرىدىغان قانالالار كۆپەيمەكتە، كىشىلەرمۇ بۇنىڭغا قىزىقىپ كۆرگەن چۈشلىرىنىڭ تەبىرىنى بەس - بەستە سوراش ئارقىلىق، ئۆزىگە تەسەللىي بېرىپ، تۇرمۇشى ۋە كەلگۈسى ھاياتىنى تەگسىز خىياللار ئاساسىدا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشماقتا. كۆپلىگەن كىشىلەر كۆرگەن چۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ تەبىرى ئارقىلىق، كەلگۈسى ھاياتى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، بەزىلەر ئەندىشە، غەم-قايغۇغا چۆمسە، بەزىلەر خۇشاللىق ۋە ئۈمىت ئىچىدە ئۆتمەكتە. ھەتتا كۆپلىگەن ئائىلە كىشىلىرى، كۆرگەن چۈشلىرى سەۋەبلىك، ئائىلىسى ۋە بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشلىرىنى قالايمىقان قىلىپ، جەمئىيەت تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىشقا قاراپ ماڭماقتا. چۈش ئارقىلىق ئەرلىرىگە ۋە خوتۇنلىرىغا شەك-شۈبھى بىلەن قارايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە.

---

[1] سۈرە فەتھ: 27 - ئايەت

چۈشكە تەبىر بېرىۋاتقان كىشىلەرمۇ ئاللاھتىن قورقىشى ۋە بىلىشى كېرەككى، چۈشكە تەبىر بېرىش پەتىۋا بىلەن ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتتە مەسئۇلىيىتى باردۇر. چۈشكە تەبىر بېرىدىغان كىشى، بۇ ساھەدە ئالىم بولۇپ، يېتىشكەن، تەجرىبىلىك كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. ئەكسىچە گەپدانلىق قىلىپ، بىلەرمەنلىك بىلەن چۈشكە تەبىر بېرىش، تەبىر بەرگۈچى ۋە سورىغۇچى ھەر ئىككىسىنى ۋەيرانلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

بىلىش كېرەككى، چۈش ۋە چۈشكە بېرىلگەن تەبىر ئۇستىگە شەرىئەتتە ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. مۇسۇلمانلار ھاياتىنى چۈش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە سەۋەب قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ مېڭىشى كېرەك. ئىنسانلارنىڭ ياخشى يامان ئاقىۋىتى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ھازىرقى زامان تەشۋىقاتى مەسئۇلىيەتچان ۋە ئىمان ئاساسىغا قۇرۇلغان تەشۋىقات بولسا، ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش مۇمكىن. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا خاتا تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىغا ئىشەنچ قىلىش، خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. ئالىملار بولسۇن، ئەدىبلەر بولسۇن، ھەتتا سىياسىيونلار بولسۇن، تەشۋىقات ساھەسىدە نام چىقىرىش ۋە كۆز-كۆز قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىشنىڭ ئۆزى، ئۆزىنىمۇ ۋە خەلق ئاممىسىنىمۇ گۇمراھلىققا ئېلىپ بارغانلىقتۇر.

بارلىق مۇسۇلمانلارغا قىلىدىغان تەۋسىيە، ھېچبىر ئىنسان كەلگۈسى ھاياتىنى چۈش ۋە ئۇنىڭ تەبىرى ئاساسىغا قۇرماسلىقى، كىمدە-كىم قانداق بىر چۈشنى كۆرسە، ئۇنىڭ تەبىرىگە ئالدىرىماسلىقى كېرەك. ئىلگىرىكى سەلەفلەر، ئالىملار ۋە سىياسىيونلار، دۆلەتلىرى ۋە جەمئىيەتلىرىنى قۇرۇپ چىقىشتا چۈشكە ۋە ئۇنىڭ تەبىرىگە ئاساسلىنىپ ئولتۇرغان بولسا، ھېچقاچان غەلىبە قىلمىغان بولاتتى. شۇڭا ھەر بىر كىشى بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى ۋە تەۋەككۇلدىن كېيىن تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلەپ، سەۋەب قىلىشى كېرەك. چۈش ۋە ئۇنىڭ تەبىرىگە قاراپ ئولتۇرماسلىقى لازىم. ئۇممەت ئۆزىنىڭ بارلىق دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىدا، ئەقلىگە تايىنىشى، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى لازىم.

ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلسۇن، دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!!

# جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ئائىلە، تالاق ئائىلىنى ۋەيران قىلىدىغان قەبىھ ئامىلدۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن ھۇمەيد

(26/2/1433ھـ 20/1/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «جەمئىيەتنىڭ ئاساسى ئائىلە، ئائىلىدە ئىناقلىق ۋە ئۈنسى-ئۈلپەت، پاراۋان تۇرمۇشنىڭ ئاساسىدۇر، تالاق ئائىلىنى ۋەيران قىلىدىغان قەبىھ ئامىلدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش، ئاللاھنى زىكرى قىلىشتا بارلىق كۈچى بىلەن ئىجتىھاد قىلىش، ئىنسانلارغا مېھرى-مۇھەببەت قىلىش، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىش ۋە ياخشى ئەخلاقلىق بولۇشقا تىرىشىش، ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسان ئۆز تەبىئىتىدە ئۆيۈمچان، ئىجتىمائىيلىقى يۇقىرى، خەلق بىلەن ئارىلىشىپ ياشايدىغان، ئەتراپىدىكى ئامىلدىن تەسىرلىنىدىغان، باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىدىغان، بارلىق ئىنسانلار بىلەن ئىجتىمائىي ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇشقا تىرىشىدىغان ئالاھىدە مەخلۇقتۇر. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقى بوۋاقلىقىدا ئاتا-ئانىسى بىلەن بولغان مېھرى-مۇھەببەتكە تولغان ئالاقە بىلەن باشلىنىپ، ئائىلە ئەزالىرى، تۇققانلار، قولۇم-قوشنىلار، مەكتەپ ھاياتى، بازار، خىزمەت ئورۇنلىرى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ خەلقى ئالەم بىلەن بولىدىغان ھەر ساھەدىكى ئالاقىلاردا گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ

مۇستەھكەم بولىشى، ساغلاملىقى ۋە تەرەققىياتى، شۇ جەمئىيەتتىكى ئاكتىپ ۋە بىر-بىرىگە ماسلاشقان ئەزالارغا باغلىق. ئائىلە، جەمئىيەتنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئەر-ئايال ئىككىسى ھەر قانداق بىر ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. ساغلام ئائىلە ۋە مۇستەھكەم جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئائىلە ئەزالىرى بىردەك ئورتاق ھەسسە قوشۇش كېرەك.

جەمئىيەت بولسا، ئەر-خوتۇن، ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا ۋە ئاچا-سىڭىللاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەت تۇرمۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ھارماي-تالماي ئىشلىشى ۋە بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم. شۇڭا ئائىلە تۇرمۇشىغا ئىسلام دىنى، ئالىملار ۋە مۇتەپەككۇرلەر ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن. ئائىلە تۇرمۇشى خاتىرجەم ۋە كۆڭۈللۈك ئۆتكەندە مۇقىملىق ۋە داۋاملىشىش ھاسىل بولىدۇ، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشى پاراۋان بولىدۇ. ئەر-ئايال بولسا، ئاللاھ تائالا ئارىلىرىدا مېھرى-مۇھەببەت سالغان بىر جۈپ بولۇپ، ئۇلار تۇرمۇش قايىنىمىغا ئوخشاش ھەسسە قوشۇش ئارقىلىق جەمئىيەتنى گۈللەندۈرىدۇ. توي قىلىش (يەنى نىكاھلىنىش) ئەر-ئايال ئوتتۇرىدىكى كۈچلۈك ئەھدىنامە بولۇپ، ئۇنى بۇزۇش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ئاسان ياكى ئاددىي ئىش ئەمەس.

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَيْفَ تَأْخُذُونَهُۥ وَقَدْ أَفْضَىٰ بَعْضُكُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ وَأَخَذْنَ مِنكُم مِّيثَٰقًا غَلِيظًا﴾ ﴿ئۆز-ئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەقدىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟﴾[1].

ھەممىگە مەلۇمكى، قىز-يىگىتنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇنقى ئارزۇ-ئارمانلىرى ۋە تۇرمۇشقا بولغان چۈشەنچىلىرى، تويدىن كېيىنكى ئەمەلىي رېئال تۇرمۇشتىن باشقىچە بولىدۇ. توي قىلغاندىن كېيىن ئەر-خوتۇن يېڭى تۇرمۇشنىڭ ئىمتىھانلىرىغا سەۋر قىلىشى ۋە دۇچ كېلىدىغان تۈرلۈك مەسىلىلەرگە ماسلىشىشى كېرەك. ھەر ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

[1] سۈرە نسا: 21 ـ ئايەت

ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە قارىتا رەقىب بولماستىن، بىر-بىرىنى تولۇقلايدىغان شېرىكلەردۇر. ئەرنىڭ پايدىسى ئايالنىڭمۇ پايدىسى ۋە ئەرنىڭ مەنپەئەتى ئايالنىڭمۇ مەنپەئەتى بولىشى كېرەك. ئائىلىنىڭ مەنپەئەتى جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى بولۇشى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا بارلىق ئىشلاردا ھەمكارلىشىش بولۇش كېرەك. ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىدا ئىختىلاپلار ۋە جېدەل-ماجىرالار نىڭ يۈز بېرىشى تەبىئىي ئەھۋال، لېكىن بۇ ئىختىلاپلار ئائىلە تۇرمۇشىنى بۇزۇشقا ئېلىپ بېرىشى توغرا ئەمەس. ئەر-خوتۇن ھەر ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە مەنپەئەتلىرىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇشى كېرەك. ئەر ئايالغا ۋە ئايال ئەرگە يول قويۇش تۇرمۇشنىڭ ساغلام داۋام قىلىشىنىڭ ئاساسىدۇر. ئەر ئايالغا ۋە ئايال ئەرگە چوڭلۇق قىلماسلىق، ھەر قانداق ئۇقۇشماسلىق يۈز بەرسە چىرايلىقچە سۆزلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تىرىشىش لازىم. ئەر-خوتۇن ئوتتۇرىدا غەلىبە قىلغان ياكى مەغلۇب بولغان تەرەپ بولمايدۇ.

ئائىلىنىڭ بەختلىك بولۇش ئۆلچىمى بايلىق، مەنسەپ، ئەرنىڭ شەخسىيىتى كۈچلۈك ۋە يۈز ئابرۇيلۇق بولۇشتەك ئامىللار بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي ئىمان، سەۋرچانلىق، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ پىكرىگە ۋە ۋىجدانىغا ھۆرمەت قىلىش ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. ھەقىقىي بەخت-سائادەت بارلىق ئىشلاردا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش ۋە ئائىلىنىڭ ياخشى تەربىيىلىنىشىگە باغلىقتۇر. ئىنساننىڭ تەبىئىتى شۇكى، غەزەپلەنگەندە ئائىلىدىكىلەرنىڭ ياخشىلىقلىرى ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، خاتالىقلىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالىدۇ. شۇ ھەقىقەتنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى ئەلۋەتتە خاتالىقلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئىجابىي تەرەپلىرى سەلبىي تەرەپلىرىدىن كۆپ بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئەر مۇئمىن ئايالنى ئۆچ كۆرمىسۇن، ئۇنىڭ بىر خۇيىنى يامان كۆرسە، يەنە بىر خۇيىنى ياخشى كۆرىدۇ». (مۇسلىم رىۋايىتى)

ئائىلە ۋە تۇرمۇش مەسىلىسى ئىسلام ئۇممىتى ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەردىندۇر. ئەپسۇسكى، بەزى ئىنسانلار ئائىلىسىدە

جىدەل-ماجىرا يۈز بەرسە، چىقىش يولى ئىزدىمەستىنلا تالاق بىلەن ئىشنى ھەل قىلىمەن دەيدۇ. ئالدىراقسانلىق بىلەن تالاق قىلىش ئائىلە ئۈچۈن تۈگىمەس قىيىنچىلىق ۋە مۇسىبەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئاجراشقان ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرى كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئوقۇشسىز قالىدۇ، ئازغۇن يوللارغا كىرىپ كېتىدۇ، روھىي كەيپىياتى ياخشى بولماي، ئۈمىتسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك پاتقىقىغا پېتىپ، تۇرمۇشقا ئىشەنچسىز قارايدۇ، ئالاقە قىلغان كىشىلەرگە قارىتا گۇمانى قاراشتا بولىدۇ.

تالاق، ئاللاھ تائالا ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان ھالالدۇر. ئىسلام شەرىئىتى تالاقنى ئائىلىدە ھەل بولمىغان قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش چارىسى قىلىپ يولغا قويغاندۇر. تالاق مەسىلىسىدە ھەممە تەرەپ ئويلىنىپ، كېيىن پۇشايمان قىلمايدىغان ئەھۋال ئاستىدا تالاق يولىنى تاللىشى كېرەك. تالاق يۈز بېرىپ قالغان تەقدىردە ئوتتۇرىدا قالغان ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەيدىغان بىر يولنى تۇتۇش كېرەك. ئىسلام دىنى تالاق مەسىلىسىدە ئىلاجىنىڭ بېرىچە تالاق قىلغانلارنىڭ خاتالىقىنى تونۇپ، قايتىۋېلىشقا يول قويغاندۇر. شەرىئەت يەنە ئەر-خوتۇنلار ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىۋېلىش ئۈچۈن، نەسىھەت قىلىش، قېيداش، پۇرسەت بېرىش، ھەتتا تالاقتىن كېيىن يېنىۋېلىش پۇرسىتىنى قويغان. تالاق قىلغان ئادەم بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم تالاق قىلسا، يېنىۋېلىش پۇرسىتى بار، ئۈچ قېتىمدىن كېيىن يول تاقىلىدۇ. ھەر قانداق بىر ئەقىل ئىگىسى، تالاقنى ئۈچىنچى قېتىمغا يەتكۈزمەسلىكى لازىم. بىردىن ئىككىدىن، ئۈچ قېتىم تالاق قىلغان ئادەم، تالاقتىن كېيىنلا چوقۇم پۇشايمان قىلىدۇ، كېيىن ئۇنىڭغا يول ئىزدەيدۇ. بىر ئۆمۈر تۇرمۇشى ۋەيران بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ئائىلە ۋەيرانچىلىقىدىن، ئەۋلادلىرىمىزنى ئازغۇنلۇقتىن ۋە دۇنيا-ئاخىرەتتىكى بەختسىزلىكتىن ساقلىسۇن، ئامىن!!.

# گۇناھ-مەسىيەتلەرنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى ۋە زاكات بەرمەسلىك، ئۈممەتنىڭ بېشىغا بالا-مۇسىبەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(4/3/1433ھـ 27/1/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «گۇناھ-مەسىيەتلەرنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى ۋە زاكات بەرمەسلىك، ئۈممەتنىڭ بېشىغا بالا-مۇسىبەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

دۇنيادىكى بارچە ئادەم تۇرمۇشتا بەختلىك بولۇش ۋە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەيدۇ. بارلىق ئىمكانىيەتلىرى ۋە ئېنېرگىيەلىرىنى ئىشقا سالىدۇ. بەختسىزلىك، ئازاب-ئۇقۇبەت يوللىرىغا كىرىپ قېلىشتىن قاچىدۇ. ھەر كىمگە بەختلىك ۋە پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش نېسىپ بولسا، ئۇنى ساقلاپ قېلىش يولىدا بارلىقىنى ئاتايدۇ. تارىختا كۆپلىگەن مىللەتلەر، دۆلەتلەر، خەلقلەر خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۇزۇن مۇددەت رەڭگارەڭ نېمەتلەر بىلەن ئوزۇقلانغان، شاھانە تۇرمۇشتا ياشىغان، رىزقى كەڭ-تاشا بولغانلىقتىن، ئاچارچىلىقنىڭ تەمىنى تېتىمىغان. لېكىن نۇرغۇنلىغان دۆلەت، مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ ئۇزۇن زاماندىن بېرى ياشاپ كەلگەن باياشات تۇرمۇشى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، يەر بىلەن

يەكسان بولغان، نېمەت مۇسىبەتكە ئايلانغان ۋە بالا-مۇسىبەتلەر ھەممە ئەتراپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن، بۇنداق ئەھۋاللارنى كۆپلىگەن مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا ئۇچرىتىمىز.

تارىخ بىرگە خەرىتىدىن يوقالغان دۆلەتلەر ۋە تارىخ بېتىدىن سۈپۈرۈپ تاشلانغان مىللەتلەر، جامائەتلەر ۋە شەخسلەرنىڭ تارىخىنى كۆپ ھېكايە قىلغان. بۇنداق ئېچىنارلىق پاجىئەلەر ئۆتمۈشتىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زاماندىمۇ كۆپلەپ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. شۇنداق دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرمۇ ئۆتكەنكى، ئۇلارغا ئۆز دۆلىتىنىڭ كۈچى، قىرغىنچ قوراللىرى ۋە تۆگمەس-پۈتمەس بايلىقلىرى ئەسقاتمىغان ۋە پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان، نەتىجىدە ئاللاھنىڭ ھەممىدىن كۈچلۈك-قۇدرەتلىك زات ئىكەنلىكى خەلقى ئالەمگە ئايان بولغان. مەسىلەن: سەمۇد ۋە ئاد قەۋملىرى قېنى؟! خۇدالىق داۋاسى قىلغان پىرئەۋنلەر قېنى؟! ئاللاھ ئۇلارنى تارىخ بېتىدىن سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنتۇلدۇرغاندا، ئۇلارنى كىم ئەسلىدى؟

ئىلاھى قانۇنىيەت، دۇنيادا ھېچقانداق كۈچلۈك شەخس، دۆلەت، ھاكىمىيەت ۋە جامائەتلەرگە يۈز قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن ھېچكىم ئۆزىنى قاچۇرۇپ قالالمايدۇ. ھەر قانداق بىر ئۈممەت ياكى مىللەت زاۋاللىقنىڭ يولىنى تاللىۋالىدىكەن، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچكىم ساقلاپ قالالمايدۇ. خاتالاشقان، ھەددىدىن ئاشقان ۋە ئۆزىنىڭ گورىنى ئۆزى كولىغان مىللەتلەر خاتالىقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان چارىسى يوق.

ھەقىقىي بەختلىك ئادەم باشقىلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئىبرەت ئالغان كىشىدۇر. مەن ئاللاھنىڭ ئازابلىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىمەن، دېگەنلىك گۇناھى كەبىرە سادىر قىلغانلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى بالايى-مۇسىبەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە ئۈممەتنىڭ مۇسىبەتكە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇھاجىرلار! سىلەر 5 تۈرلۈك ئىش بىلەن سىناققا (دۇچ كەلسەڭلار؟؟؟)، ئاللاھقا سېغىنىپ سىلەرنىڭ سىناققا دۇچ كېلىشىڭلاردىن

پاناھ تىلەيمەن. ھەر قانداق بىر قوۋم ئىچىدە گۇناھ-پاھىشە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقسا، ئۇلاردا ئىلگىرىكىلەردە كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە سەۋەبى ئېنىق بولمىغان ۋابا-تائۇن كېسەللىرى تارقىلىپ كېتىدۇ. ئۆلچەم، تارازىلاردا كەم بېرىپ ئۆگىنىپ قالغان مىللەت، قەھەتچىلىك (ئاچارچىلىق) ۋە زالىم ھاكىمىيەت ئاستىدا قالىدۇ. قايسى بىر مىللەت زاكاتنى توسۇپ قالسا، يامغۇر ياغمايدۇ، ئەگەر ھايۋاناتلار بولمىغان بولسا ئىدى، قەتئىي ياغمىغان بولاتتى. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا بەرگەن ئەھدىنى بۇزغانلارغا ئاللاھ ئۆز مىللىتىدىن بولمىغان دۈشمەنلىرىنى مۇسەللەت قىلىپ قويىدۇ. ھاكىملىرى ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلمىغان مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدىن پىتنە پەيدا بولۇپ، بىر- بىرىنى يەپ تۈگىشىدۇ».

مۇسۇلمانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا پاھىشە ۋە گۇناھلارنىڭ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشى، بايلارنىڭ زاكاتلىرىنى بەرمەستىن بىپەرۋالىقتا ئۆتۈپ كېتىشى، ئامانەتكە خىيانەت قىلىشى، كېلىشىم-ئەھدىنامىلەرگە خىلاپلىق قىلىشى، شەرىئەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ھاكىملار ئۆز خاھىشى بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇشى قاتارلىقلار ئۈممەتنىڭ بېشىغا بالا-مۇسىبەتلەرنى ئېلىپ كەلگەننىڭ ئۈستىگە، مۇسىبەتتىن ھېچكىم ساق قالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئۈممەتنىڭ بېشىدا كۆپ تۈتۈلۈش، شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىش، قارا چاپلاپ، تۆھمەت قىلىش يۈز بېرىدۇ» دېگەندە بىر كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئەھۋال قاچان يۈز بېرىدۇ؟ دەپ سورىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ناخشىچى ئاياللار، ناخشا-ئۇسۇللار ۋە ھاراق-شاراب ئىچىش كۆپەيگەندە يۈز بېرىدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ئىبنى قەييۇم جەۋزى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ مۇنداق دېگەن: ئىسلام ئۈممىتىدە شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىش ئىككى خىل تائىپىدە يۈز بېرىدۇ. بىرى ھەقنى يوشۇرۇپ، يالغاننى بازارغا سالىدىغان مۇناپىق ئالىملاردا، ئىككىنجىسى: رەستىلەردە گۇناھ-مەسىيەتلەرنى ئاشكارا سادىر قىلىدىغانلاردا بولۇپ، مەزكۇر كىشىلەرنىڭ شەكلى، بۇ دۇنيادا ئۆزگەرمىگەن تەقدىردىمۇ قەبرىسىدە ۋە قىيامەتتە چوقۇم ئۆزگىرىدۇ. جەمئىيەتتىكى بارچە كىشىلەر ئۈممەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان مۇسىبەتلەردىن ساقلىنىشنىڭ چارىسىنى

ئىـزدەش كېـرەك. ئاللاھ بـۇ ھەقتـە مۇنـداق دېگـەن: ﴿وَٱتَّقُواْ فِتْنَةً لَّا تُصِيبَنَّ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ مِنكُمْ خَآصَّةً وَٱعْلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلْعِقَابِ﴾ ﴿سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى زۇلـۇم قىلغانلارنـىڭ بېشـىغا كېلىـش بىلەنـلا چەكلىنىـپ قالمايدىغـان بـالا-قازادىـن سـاقلىنىڭلار، بىلىڭلاركـى، ئاللاھنـىڭ ئازابـى قاتتىقتـۇر﴾[1].

مۇسـۇلمانلارنىڭ بېشـىغا كېلىدىغـان ئومۇمـي مۇسـىبەتلەردىن سـاقلىنىش، ئۇنـىڭ سـەۋەبلىرىدىن سـاقلىنىش بىلـەن بولـىدۇ. ئومۇمـي مۇسـىبەتلەرگە سـەۋەب بولىدىغـان ئامىللارنـىڭ ئـەڭ چوڭـى زۇلۇمـدۇر. ئىلگىرىكـى ئۇممەتلـەر، دۆلەتلـەر ۋە جامائەتلـەر زۇلۇمنـىڭ سـەۋەبىدىن ھـالاك بولغـان. ھازىرقـى زامانىدىمـۇ زۇلۇمنـىڭ سـەۋەبىدىن كۈچلـۈك دۆلەتلەرمـۇ ۋەيـران بولـىدۇ. ئاللاھ زالىملارغـا پۇرسـەت بېرىـدۇ، ئەممـا ھېچقاچـان سـەل قارىمايـدۇ ۋە پەرۋاسـىزلىق قىلمايـدۇ. ھاكىمىيـەت بېشـىدىكىلەر پۇقرالارغـا زۇلـۇم قىلمىسـۇن! شـىركەتلەر ۋە ئـادەم ئىشـقا سـالغانلارمۇ ئىشـچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ھوقۇقىغـا تاجـاۋۇز قىلمىسـۇن! كۈچلۈكلـەر ئاجىزلارغـا زۇلـۇم قىلمىسـۇن!.

مەزلۇملارغـا يـاردەم قولىنـى سۇنماسـلىق ۋە نۇسـرەتكە چاقىرىلسـا قۇلاقنـى يۇپـۇرۇپ تۇرىۋېلىشـىنىڭ ئـۆزى زۇلۇمنـىڭ ئـەڭ يامىنـى بولـۇپ، ئومۇمنـىڭ بېشـىغا كېلىدىغـان ئازابنـىڭ بېشـارىتىدۇر. زۇلۇمنـىڭ ئـەڭ ئېغىرلـىرى دىنـىدا مۇسـتەھكەم تۇرماسـلىق، بىگۇنـاھ قانلارنـىڭ تۆكۈلۈشـىگە قارشـى تۇرماسـلىق، ئىپپەت-نومۇسـنى ساقلىماسـلىق ۋە شەخسـلەرنىڭ ئىگىلىـك ھوقۇقىغـا ھۆرمـەت قىلماسـلىقتەك ئېغىـر ئىللەتلـەردۇر. ياخشـىلىققا بۇيـرۇش ۋە يامانلىقتىـن توسـۇش، ئاللاھنـىڭ ئازابىدىـن سـاقلىنىپ قېلىشـنىڭ كۈچلـۈك سـەۋەبلىرىدىندۇر. ئاللاھنـىڭ بـۇ دۇنيادىكـى قانۇنىيەتلىرىدىـن بىـرى شـۇكى، قانـداق بىـر مىللەتتـە مۇنكـەر ئىشـلار ئومۇملىشـىپ كەتسـە، ئۇنـى ئۆزگـەرتىشكە ھەرىكـەت قىلىدىغانـلار چىقمىسـا، ئاللاھنـىڭ ئازابـى ھەممىگـە ئومۇملىشـىپ قالـىدۇ. ئومۇمـي ئازابقـا سـەۋەب بولىدىغـان ئامىللارنـىڭ يەنە بىـرى، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگـە كۇفرانـى نېمـەت قىلىـش بولـۇپ، ئاچارچىلـىق، قورقۇنـچ، پىتنە-پاسـاتلار ۋە مۇقىمسـىزلىقلارغا سـەۋەب بولـىدۇ. ئاللاھنـىڭ نېمەتلـىرى شـۈكرى قىلىنغانلاردىـن يوقالمايـدۇ. تۇزكورلارنـىڭ قولـىدا ئـۇزۇن تۇرمايـدۇ. ئاللاھنـىڭ

[1] سۈرە ئەنفال: 25 ـ ئايەت

بىزلەرگە بەرگەن نېمەتلىرىنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس.

نېمەتكە تۇزكورلۇق قىلىشنىڭ يەنە بىر ئامىلى ئىسراپخورلۇق، پۇل بۇزۇش، تائامنى كۆزگە ئىلماسلىق، چالا يەپ تۆكۈۋېتىش ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىپ قاچىدىكى تائامنى قەستەن ئاشۇرۇپ قويۇشتەك قەبىھ قىلىقلار ئاللاھنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئامىللار بولۇپلا قالماستىن، ئاللاھنىڭ ئازابىنى كەلتۈرىدىغان ئامىللاردۇر. مۇسۇلمانلاردىكى غەپلەت، كېچە-كۈندۈز ئويۇن-تاماشا، كۈلكە-ساپالار، زىنا-پاھىشىنىڭ ئومۇملىشىپ كېتىشى، ئاللاھنىڭ ئومۇمغا ئەۋەتىدىغان غەزىپىگە سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، ئەقىدىنىڭ بۇزۇلۇشى، ئىنسانلاردا پېقىرلىق، قۇرغاقچىلىق، ئاپەت، قەھەتچىلىكتەك مۇسىبەتلەرگە سەۋەب بولىدۇ. مەزكۇر ئازابلاردىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى، ئاللاھقا يېلىنىپ ئىستىغفار ئېيتىش، تەۋبە قىلىش ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُعَذِّبَهُمْ وَأَنتَ فِيهِمْۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ مُعَذِّبَهُمْ وَهُمْ يَسْتَغْفِرُونَ﴾ ﴿سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىڭدا (سېنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن) ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ، ئۇلار ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان چاغدا، ئاللاھ ئۇلارغا ئازاب قىلمايدۇ﴾[1]. ئىستىغفار ئېيتىش، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە سەۋەبتۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى دۇنيا-ئاخىرەتتىكى ئازابىدىن ساقلىسۇن، ئىسلام ئۈممىتىنى بالا-مۇسىبەت ۋە ئازاب-ئوقۇبەتلەردىن ساقلىسۇن، ئامىن!!.

[1] سۈرە ئەنفال: 33 ـ ئايەت

# روھىي دۇنياسىنى تازىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئارزۇسى بولۇپلا قالماستىن، قەدىمقى مەدەنىيەتلەرمۇ تەشەببۇس قىلغان يۈكسەك غايىدۇر

ئۇستاز ئۇسامە ئابدۇللاھ خەييات

(11/3/1433ھـ 3/2/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈگەن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «روھىي دۇنياسىنى تازىلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش، ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئارزۇسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قەدىمقى مەدەنىيەتلەرمۇ تەشەببۇس قىلغان يۈكسەك غايىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئەقىللىق ئىنسانلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى تازىلاش ۋە ئەخلاقىي مۇئامىلىسىدە داۋاملىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىپ كەلگەن. ئىنسان ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تازىلاپ تۇرۇشى، قەدىمدىن تارتىپ ئومۇملىشىپ كەلگەن خىسلەتلەر بولۇپ، مەزكۇر غايىگە يېتىش ئۈچۈن كىشىلەر تۈرلۈك يوللارنى تاللىغان. بۇ دۇنيادا ھەقىقىي بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ يولى، روھىي دۇنيايىمىزنى تازىلاش ۋە ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەر ئۈچۈق بايان قىلغاندۇر.

ئىنسانلار روھىي دۇنياسىنى تازىلىسۇن ۋە قەلبىنى ئىسلاھ قىلسۇن ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى ۋە كىتابلارنى چۈشۈردى ھەمدە قۇرئان، ھەدىس قەلبنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يوللىرىنى كۆرسەتتى. ئاللاھنىڭ ئىنسانىنى يارىتىشتىن مەقسىدى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئىكەنلىكىنى مۇنۇ ئايەتتە ئوچۇق بايان قىلدى: ﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ مَآ أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَآ أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ إِنَّ ٱللَّهَ هُوَ ٱلرَّزَّاقُ ذُو ٱلْقُوَّةِ ٱلْمَتِينُ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. ئۇلاردىن مەن رىزق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنى تىلىمەيمەن. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىگە رىزق بەرگۈچىدۇر، قۇدرەتلىكتۇر، (ئاللاھنىڭ) قۇۋۋىتى ئارتۇقتۇر﴾[1].

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردە روھىي دۇنيالىرىمىزنى تازىلاش ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەتلەر كەلگەن، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى روھىي دۇنيانىڭ پاكلىنىشىغا باغلاپ قويۇلغان. روھىي دۇنياسى پاكلانمىغانلار دۇنيا ـ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، روھىي دۇنيانىڭ مەركىزى بولغان قەلبنى تازىلاشنىڭ ئاساسى ئاملى، ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىدىن ئىبارەت تەۋھىدنى قەلبىمىزدە مۇستەھكەم ئورنىتىشتۇر. «تەۋھىد» دېمەك، ئاللاھ تائالا دۇنيانى يوقتىن بار قىلىپ پەيدا قىلغۇچى، جانلىق ـ جانسىز مەخلۇقلارغا رىزىق بەرگۈچى، قىلچىلىك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك ھەجىمدىكى نەرسىلەر ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھەرىكەت قىلمايدىغانلىقى، بارلىق مەخلۇقلار ئاللاھنىڭ تەسەررۇپىدا ئىكەنلىكىنى بىلىشتەك ئەقىدە بولۇپ، بۇ ئىماندۇر.

ھەر بىر قەلب ئاللاھنىڭ ئىككى بارمىقى ئارلىقىدا بولۇپ، ئۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش تەۋھىددۇر. ھەقىقەتەن بىزنىڭ دىللىرىمىز ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَنَفْسٍ وَمَا سَوَّىٰهَا فَأَلْهَمَهَا فُجُورَهَا وَتَقْوَىٰهَا قَدْ أَفْلَحَ مَن زَكَّىٰهَا وَقَدْ خَابَ مَن دَسَّىٰهَا﴾ ﴿روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى ـ يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات

[1] سۈرە زارىيات: 56 ـ 58 ئايەتلەر.

بىلەن قەسەمكى، روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ. نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى- فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ﴾[1].

مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا تەۋھىدنىڭ تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، مۇسۇلمان كىشىنىڭ غايىسى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش، قىيامەتتە بولسا جەننەتكە كىرىش بولۇپ، ئەنە شۇ غايىگە يېتىشنىڭ بىردىن-بىر شەرتى ئەقىدە توغرا بولۇش ۋە تەۋھىدى خالىس بولۇشتۇر. روھىي دۇنيانى تازىلاش، داۋاملىق ئىماننى يېڭىلاپ تۇرۇش بىلەن، ئىماننى يېڭىلاش، ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىش بىلەن، ئاللاھنى كۆپ ياد ئېتىش، تائەت-ئىبادەتنى كۆپ قىلىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئىمان كەم-زىيادە بولۇپ تۇرىدىغان نەرسىدۇر. ئاللاھنى داۋاملىق زىكرى قىلىش ئىماننى كۈچەيتىدۇ. گۇناھ-مەسىيەتلەرنى كۆپ قىلىش ئىماننى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلەشمۇ ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئامىللاردىندۇر. نېمەتلەرنى ئەسلەپ قويۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، نېمەتلەرنى ئەسلەش، ئىبادەتنى ئىخلاس بىلەن قىلىشقا ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ئىماننى كۈچەيتىدىغان ئامىللار يەنە پەرز ئەمەللەرنى جايىدا ۋە ۋاقتىدا ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ، نەتىجىدە روھىي دۇنيايىمىز تازىلىنىدۇ.

بەزى ئەمەل-ئىبادەتلەرگە سۇسلۇق قىلىش، خاتالىقلارنى سادىر قىلىش ۋە گۇناھ-مەسىيەتلەرگە چۆشۈپ قېلىش، ئىنساندا سادىر بولىدىغان ئىللەتلەر بولۇپ، ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا كۆپىنچە ئىنسانلار گۇناھدىن ساقلىنالمايدۇ، لېكىن گۇناھقا كاپارەت بولىدىغان ئامىللار كۆپتۇر، ئۇنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى تەۋبىدىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاللاھ تەۋبە قىلغۇچى بەندىلەرنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدۇ. بەندە تەۋبە ئارقىلىق ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

ئاللاھ روھىي دۇنيالىرىمىزنى پاكلىسۇن، بىزنى مۇۋەھھىد، تەۋبە قىلغۇچى بەندىلەر قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن!!.

---

[1] سۈرە شەمس: 7 ـ 10 ئايەتلەر.

# ئەقىل ئاللاھ بەندىگە بەرگەن نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيىم

(18/3/1433ھ 10/2/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئەقىل ئاللاھ بەندىگە بەرگەن نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئەقىل-ئىدراك ئۆلچىمىدە قانچە چوڭ پەرق بولىشىغا قارىماي، ئەقىل نېمىتى ئەڭ چوڭ ۋە ئۇلۇغ نېمەت ئىكەنلىكىدە ھېچكىم ئىختىلاپلاشمايدۇ. ئەقىل ئارقىلىق ئىنسانلار ياخشى بىلەن يامانىنىڭ، پاك بىلەن ناپاكنىڭ، نومۇسچانلىق بىلەن نومۇسسىزلىقنىڭ پەرقىنى ئايرىيالايدۇ. ئەقىل بولسا، ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتۇر . ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّنۢ بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ وَٱلْأَفْـِٔدَةَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكرى قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى﴾[1].

ئەقىلنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ نېمەت ئىكەنلىكىنى، ئەقلىنى يوقاتقانلارنىڭ قىلىق-ھەرىكەتلىرىنى كۆرگەن چېغىڭىزدا بىلەلەيسىز. ئەقىل نېمىتىنى

[1] سۈرە نەھل: 78 - ئايەت

بەرگەندىن كېيىن، ئۇنى كۆندىلىك ھاياتىدا تەتبىقلىمىغان ئادەمنى ئاللاھ كىتابلارنى يۈكلەپ كۆتۈرۈپ ماڭسىمۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايدىغان ئېشەككە ئوخشاتقان. بەزى ئىنسانلاردا ئەقىل بار، لېكىن ئەقلىنى ئىشلىتىشتە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ھەقىقەتەن بىز ياشاۋاتقان بۇ زامان، بىر مەزگىل ھەققانىيەت ئۈستۈنلۈككە ئېرىشسە، بىر زامان ناھەقچىلىك ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدىغان زاماندۇر. ئىنساننىڭ ئەقلىدە قاچانكى داۋالغۇش، مۇقىمسىزلىق ۋە ئىزتىراپ ھۆكۈم سۈرسە، تەپەككۇرىدا داۋالغۇش يۈز بېرىپ، ئەخلاقىدا بۇرۇلۇش پەيدا بولىدۇ. ئەقلىنى ئەخمىقانە جاھالەت قاپلايدۇ. ئەقلىدە بۇلغىنىش يۈز بەرگەن جاھىل بولسا، باشقىلارنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىدۇ. ئەقلىدە داۋالغۇش يۈز بەرگەن ئادەمنىڭ تىلى، قەلىمى ۋە ئەخلاقىدا بۇلغىنىش يۈز بېرىدۇ.

بۇ ئەخمەقلىق، ساراڭلىق ئەمەس ۋە ئەقلىنى يوقاتقانلىقمۇ ئەمەس، بەلكى ئەقلىنى جايىغا ئىشلەتمەسلىكتۇر. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ مۇرادىغا لايىق ماڭغان ۋە ئەقلىنى ئىشقا سالغان ئادەم ھەقىقىي ئاقىلدۇر. ئەكسىچە، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ مۇرادىغا خىلاپ ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلغان ئادەم، ئەقىل-تەپەككۇردە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەخمەقتۇر.

ئەخمەقلىق، ئىنسانغا دۇنيالىق ۋە دىنى ئىشلاردا چاپلىشىۋالىدىغان ئاپەت بولۇپ، دىنى ساھەدىكى ئەخمەقلىق بولسا، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ۋە تىل ئۇزارتىشتۇر. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا تىل ئۇزارتىش ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى سۆز ھەرىكەتلىرىدە مەسخىرە قىلىش، دىنىنىڭ ئاساسى، شەرىئەتنىڭ يوليورۇقلىرىنى كۆزگە ئىلماستىن، ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈش، شەرىئەتنىڭ بەلگىلىمىلىرى ھازىرقى زامانغا ئۇيغۇن ئەمەس، ياكى شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەتبىقلاش ھازىرقى زامانغا مۇناسىپ ئەمەس، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھۆكۈملىرى مودىدىن قالدى، شەرىئەتنى قانۇن قىلىشنىڭ كېرىكى يوق، دېگەندەك ئەپسانىلەرنى سۆزلەش دىندىن چىققانلىق بولۇپ، بۇنداق خاتالىقلارنى سادىر قىلغان ئادەم ئەخمەق دېيىلىدۇ. ئاللاھ تائالا دىنغا تىل ئۇزارتقان ئىنسانلارنى

«ئەخمەق» دەپ سۈپەتلەپلا قالماستىن، جىنلارنىڭ ئىچىدىمۇ شۇنداق «ئەخمەقلەر» نىڭ بارلىقىنى بايان قىلغاندۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن يَرۡغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبۡرَٰهِـۧمَ إِلَّا مَن سَفِهَ نَفۡسَهُۥۚ وَلَقَدِ ٱصۡطَفَيۡنَٰهُ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ﴾ «ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك-شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ»[1].

ئەخمەقنىڭ ئەخمەقلىقى، ئاقىلغىمۇ ۋە ئەخمەققىمۇ بالا-مۇسىبەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاپەت-مۇسىبەتلىرى باشقىلارغا تەسىر قىلىدۇ ۋە ھالاكەتكە سەۋەب بولىدۇ. دۇنياۋى ئىشلاردىمۇ ئەخمەقلىق بولۇپ، ئەخمەق مال-دۇنياسىنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە زىت، بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلىدۇ، ئىسراپخورلۇق قىلىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ ماددىي - مەنىۋى ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىدۇ.

ئىمام يەنە: ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى ئۆلتۈرۈشمۇ ئەخمەقلىقتۇر، دېدى. ئادەم بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەنسېرى ئەخمەقلىقى ئېشىپ بارىدۇ. ھەددىدىن ئېشىپ ئۆز خەلقىنى قەتلىئام قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ، مانا بۇ تەگدىشى يوق ئەخمەقلىق بولۇپ، سۈرىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى تاجاۋۇز، قەتلىئام ۋە زۇلۇم جىنايەتلىرىگە ئۇچرىماقتا. سۈرىيە خەلقىگە قارىتا سادىر بولىۋاتقان جىنايەتلەر ھېچبىر دىن، مىللەت ۋە قانۇن قوبۇل قىلمايدىغان جىنايەت بولۇپ، سۈرىيەدىكى زالىملارغا باشقىلار نەسىھەت قىلىپ، قاتتىق قوللۇق قىلماسلىققا چاقىرغانسېرى ئېخىمۇ غالجىرلىشىپ بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە ئالدىراۋاتىدۇ. ئۇلار ھەققىدە ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىنى ئەسلەش لازىم: ﴿قَدۡ خَسِرَ ٱلَّذِينَ قَتَلُوٓاْ أَوۡلَٰدَهُمۡ سَفَهَۢا بِغَيۡرِ عِلۡمٖ وَحَرَّمُواْ مَا رَزَقَهُمُ ٱللَّهُ ٱفۡتِرَآءً عَلَى ٱللَّهِۚ قَدۡ ضَلُّواْ وَمَا كَانُواْ مُهۡتَدِينَ﴾ «ھاماقەتلىك ۋە نادانلىقلىرىدىن بالىلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتىپ، ئاللاھ رىزق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى ھارام بىلگەن كىشىلەر ھەقىقەتەن زىيان تارتتى، ئۇلار

[1] سۈرە بەقەرە: 130 - ئايەت

ھەقىقەتـەن (توغـرا يولدىـن) ئاداشـتى، ھىدايـەت تاپمىـدى﴾[1].

ئىمـام خۇتبىسـىدە سـۈرىيەدىكى زۇلۇمغـا نارازىلىـق بىلـدۈردى، سـۈرىيەدىن ئەلچىلىرىنـى قايتـۇرۇپ چىقىشـنى قـارار قىلغـان، زالىـم ھاكىمىيەتكـە قارشـى تۇرغـان ھـەر قانـداق شـەخس، جەمئىيـەت ۋە دۆلەتلەرگـە ئالاھىـدە تەشـەككۈر بىلـدۈردى. دۇنيـا خەلقـى سـۈرىيەدىكى قانلارنىـڭ تۆكۈلۈشـىنى توختىتىـش ئۈچـۈن بىرلىششـى، ئىبىقىۋاتقـان قانلارنـى توختىتىشـقا، زۇلـۇم ۋە تەڭسـىزلىككە خاتىمـە بېرىشـكە كېپىللىك قىلىشـى لازىمـدۇر. ئاڭلىـق ۋە ئەقىللىق جەمئىيەت، جەمئىيەتتىكـى ئىللەتلەرنـى ياخشـى ئانالىـز قىلىـپ، ئۇنـى ھـەل قىلىشـقا تىرىشـقان جەمئىيەتتـۇر.

دىنىمىـزدە ئەقىلگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن. ئىنسـانلارنىڭ دۇنيالىـق مەنپەئەتلىرىگـە، بىگۇنـاھ جانغـا ۋە ئىنسـانىيەتكە تاجـاۋۇز قىلغـان ئەخمەقلەرگـە سـۆز، ھەرىكـەت ۋە قەلـب ئارقىلىـق نارازىلىـق بىلـدۈرۈش ئىماندىنـدۇر. زۇلۇمنـى كـۆرۈپ تـۇرۇپ، ئۇنـى توسۇشـقا قادىـر بولالماسـلىق ئىماننىـڭ ئاجىزلىقىـدۇر. ئەخمەقلىـق، جەمئىيەتكـە بىـر ئاپـەت بولـۇپ، ئەخمەقلىـق قاچـان سـۆزلەش، قاچان سـۈكۈت قىلىشـنى بىلەلمەسـلىكتۇر. ئەخمـەق، ھەممـە ئىشـقا قوشـۇق سـالىدۇ، ھەممـە ساھەدە سـۆز قىلىـدۇ، ئۆزىنـى ئالىـم، ئەزىمەتلـەر بىلـەن تـەڭ ئورۇنـدا قويىدۇ، تەنتەكلىكـى ئەقلىنـى قاپلىۋالـدۇ، غەزىپـى مېھرىبانلىقىنـى چىرمىۋالـدۇ، غەپلىتـى ئويغاقلىقىنـى بېسـىۋالىدۇ. ئەخلاقتـا ئەخمەقلىقنـى تاللىغـان كىشـى ئۈچـۈن، ئـەڭ ياخشـى چـارە سـۈكۈت قىلىشـتۇر ۋە سـۈكۈت ئۇنـى ئۆلتۈرىـدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنـى ئەخمىقانـە ھەرىكەتلەردىـن ساقلىسۇن! ھەقنـى قوللاپ قۇۋۋەتلىگۈچـى ۋە ناھەققـە قارشـى تۇرغۇچـىلار قاتارىدىـن قىلسـۇن، ئامىـن!!.

---

[1] سۈرە ئەنئام: 140 ـ ئايەت

# ئىسلام دىنى باراۋەرلىكنى جاكارلايدۇ ۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەت تۇرغۇزۇشقا چاقىرىدۇ

ئۇستاز دوكتور/ ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(25/3/1433ھـ 17/2/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ رەڭ ۋە جىنس پەرقى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر باراۋەرلىكنى جاكارلىغان، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئادالەت تۇرغۇزۇشقا چاقىرغان» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

خەلقئارادا قايناۋاتقان ئوتلۇق ۋەقەلەر، مۇدھىش ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئالدىدا تۇرغان سىياسىي كىرىزىسلار ۋە ھەر تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان پىتنىلەر ئارىسىدا، ئىسلام دىنى مۇستەھكەم ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئىنتايىن مۇھىم بولغان ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ بولسا ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىدۇر. ئەپسۇسكى، ئىنسانلار ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بولغان ئىسلام مەدەنىيىتىنى ئۇنتۇپ، ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى يوقۇتۇپ، ئازغۇن مەدەنىيەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگەننىڭ ئۈستىگە، ئازغۇنلىقدىن پەخىرلىنىدىغان، ئىسلام مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت پاك مەدەنىيەت ئىگىسى بولغانلىقىدىن نومۇس قىلىدىغان جاھالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەنلەرمۇ مەۋجۇت.

ھەممىگە ئايانكى، ئىسلام دىنى ئېسىل ئەخلاق بۆشۈكى ۋە توغرا يولنىڭ نۇرلۇق-چىرىقىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلۡ إِنَّنِي هَدَىٰنِي رَبِّيٓ إِلَىٰ صِرَٰطٖ مُّسۡتَقِيمٖ دِينٗا قِيَمٗا مِّلَّةَ إِبۡرَٰهِيمَ حَنِيفٗاۚ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلۡمُشۡرِكِينَ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد! بۇ مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم مىنى توغرا يولغا يەنى توغرا دىنغا، باتىل دىنلاردىن توغرا دىنغا بۇرالغان ئىبراھىمنىڭ دىنىغا باشلىدى، ئىبراھىم مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى﴾[1].

پۈتۈن دۇنيانى ئېسىل ئەخلاق، يۈكسەك غايە ۋە ئالىي پەزىلەتكە چاقىرغان ئىسلام دىنى، دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارنى باراۋەرلىك، ئۆز ئارا مېھرىبانلىق، ئىناقلىق ۋە بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا ئاداۋەتلەشمەستىن چىقىشىپ ئۆتۈشكە تەشەببۇس قىلغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقۡنَٰكُم مِّن ذَكَرٖ وَأُنثَىٰ وَجَعَلۡنَٰكُمۡ شُعُوبٗا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓاْۚ إِنَّ أَكۡرَمَكُمۡ عِندَ ٱللَّهِ أَتۡقَىٰكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٞ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[2].

ئىسلام ئەخلاقىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ روھى ئىنسانلار رەڭدە، نەسەبتە ۋە مەنسەپتە قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادالەت تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، ئادالەت بەرپا قىلىنغاندا ئىنسانلار بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ، دۆلەت گۈللىنىدۇ، دىللاردا راھەت ئورۇن ئالىدۇ ۋە مۇسىبەتلەر يەڭگىللەشكە باشلايدۇ. ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلارنى ئادالەتلىك بولۇشقا چاقىرغاندىن ھالقىپ، ئۇلارنى ئېھسانغا (يەنى ياخشىلىق قىلىشقا) چاقىرىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُ بِٱلۡعَدۡلِ وَٱلۡإِحۡسَٰنِ وَإِيتَآيِٕ ذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَيَنۡهَىٰ عَنِ ٱلۡفَحۡشَآءِ وَٱلۡمُنكَرِ وَٱلۡبَغۡيِۚ يَعِظُكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ﴾ ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق

[1] سۈرە ئەنئام 161 ـ ئايەت

[2] سۈرە ھۇجۇرات: 13 ـ ئايەت.

قىلىشقا، خىش- ئەقرىبالارغا سىلە- رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ (سۆز- ھەرىكەتلەر) دىن يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ، نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند- نەسىھەت قىلىدۇ﴾[1].

ھازىرقى زاماندا بولسا، زالىملار ئۆزىنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرى ئارقىلىق دۇنيانى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندۇرۇۋەتتى. مۇستەبىت ھاكىملار ئۆز خەلقىگە ئىنسان تەسەۋۋۇرىدىن تاشقىرى زۇلۇملارنى سالدى، خەلقىنى قۇل قىلىشتىن باشقىنى ئويلىماستىن، ھەق ئاۋازى كەلسە، قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ ئازغۇنلىقىدا داۋاملاشتى، دۇنيا خەلقى نەسىھەت قىلغانسېرى تەكەببۇرلىقى ئېشىپ، تېخىمۇ غالجىرلىششقا باشلىدى، تۆكۈلۈۋاتقان قانلار، چېچىلىپ ياتقان جەسەتلەر ۋە يېتىملەرنىڭ يىغا زارلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئېرىتەلمىدى.

ئى دۇنيانىڭ شەرەپلىك ئىنسانلىرى! ۋە ئەركىن كىشىلەر! ئىنسانلار ئارىسىدا ئۆز- ئارا ھۆرمەت بەرپا قىلىش، ئەخلاق ۋە ئادالەت تۇرغۇزۇش ۋاقتى يېتىپ كەلدى، ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق ۋە مېھرىبانلىق تۇرغۇزۇش، ئادالەتكە رىئايە قىلىش، كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق، بوزەك قىلماسلىق، ھەقلىرىنى سۈمۈرمەسلىك ۋە كۈچلۈكلەر ئۆز مەنپەئەتلىرى يولىدا ئاجىزلارنىڭ ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلماسلىق ئاساسىدا بولىدۇ.

دۇنيادا ئادالەت تۇرغۇزۇلمىسا، مىللەتلەر، دۇنيا جامائەتچىلىكى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىقلار ئۆز رولىنى توغرا رەۋىشتە جارى قىلدۇرمىسا، ئۇنىڭغا لەنەتلەر ياغدۇرغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ يوقىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىنسانلارنى قورقىتىشنى چەكلەش قېنى؟ دۆلەت تېرورلۇقىنى تەنقىدلەش قېنى؟ ئىنساپ ۋە تىنچلىق قېنى؟ ئەركىنلىك تەلەپ قىلغان بىگۇناھ خەلقنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈش، قورقۇتۇش، بومباردىمان قىلىش ۋە قۇل قىلىش بىر يىلدىن بېرى داۋاملاشسا، ھەرىكەتكە كەلمىگەن كېڭەشلەر ۋە ھەيئەتلەرنىڭ نېمە كېرىكى؟!

[1] سۈرە نەھل: 90 - ئايەت

سۈرىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىز ئۇچرىغان زۇلۇم ۋە ئىستىبدات قاچانغىچە داۋام قىلىدۇ؟ سۈرىيەدىكى سىستېمىلىق ھالدا قورقۇتۇش ۋە ئۆلتۈرۈشلەر، كىچىك بالىلار، ئاياللار ۋە قېرىلارنىڭ جانلىرىنى قىرماقتا. سۈرىيەدە قان تۆكۈلۈشىنى توختىتىشقا قارشى چىققان تەرەپلەر، ئۆز ۋىجدانى بىلەن ھېسابلىشىشى كېرەك ئىدى. خىيانەت قىلغۇچىلىرىدا ئۆلتۈرۈلىۋاتقان بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ قېنىغا جىنايەتتە شېرىك بولماسلىقى كېرەك ئىدى.

بىزنىڭ رەببانى ئەخلاقىمىز خىيانەتنى، بىگۇناھ جانلارنى قەتلى قىلىشنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئادالەت، سەمىمىيەت، ۋاپادارلىق، ساپلىق، مېھرىبانلىق، ئامانەت ۋە ئېھسان ھەمدە قېرىنداشلىق ئىنسانىيەت ئىچىدە ئومۇملىشىشى كېرەك.

مەزكۇر خىسلەتلەرنى ئىنسانلار ئارا ئومۇملاشتۇرغىنىمىزدا ھىدايەت نۇرى دۇنياغا شولىسىنى چاچىدۇ. ئىسلام روھى بىزلەرنىڭ كۆز قارىچۇقىمىز ۋە يولباشچىمىزدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت ئالەمىدە كامالەتكە يەتكەن، سەمىمىيەت، مېھرىبانلىق، ئادالەت، كەمتەرلىك ۋە ئىشەنچتەك ئېسىل خىسلەتلەردە مۇسۇلمانلارغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈرنەك بولغان يولباشچىدۇر.

ئۈممەت ئىككى ھەرەم خادىمىنىڭ شامدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە تىل ئۇزارتقان ئەخمەقنى جازالاش بۇيرۇقى ئۈچۈن تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلسۇن، ھەقىقەت، ئادالەت ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇشنى نېسىپ قىلسۇن، ھەقىقەتنى ياقلايدىغان ۋە ناھەق-باتىلغا قارشى تۇرالايدىغان روھ ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

# شام زېمىنلىرى ئاللاھ بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنلاردۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(2/4/1433ھـ 24/2/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈلۈپ يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «شام زېمىنلىرى ئاللاھ بەرىكەتلىك قىلغان زېمىنلاردۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ـ مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھ يەر شارىنى يارىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەر شارىدا ياشايدىغان مەخلۇقلار ئالەمىنى ياراتقاندا، كۆپلىگەن دۆلەت، شەھەر ۋە ئىنسانلارنى ياراتقان، ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەرلەر ئىچىدىن مەخسۇس شەھەرلەرنى ۋە ئىنسانلار ئىچىدە مەخسۇس ئىنسانلارنى تاللىغان. شەھەرلەر ئىچىدە ئۈلۈغ شەھەر قىلىپ: مەككە، مەدىنە ۋە شام دىيارىنى تاللىغان. ئىنسانلار ئىچىدىن پەيغەمبەرلىرىنى تاللىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنى شام دىيارىدىن تاللىغان. مەھشەر زېمىنى ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالام چۈشىدىغان زېمىنلار، يەنىلا شام زېمىنىدۇر. سەھىھ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئىسا ئەلەيھىسسالام دەمەشقنىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئاق مۇنارغا يېقىن ئورۇنغا چۈشىدۇ.

شامغا خۇش خەۋەر بولسۇنكى، رەھمان تائالانىڭ مالائىكىلىرى قانىتىنى يايغاندۇر. شام دىيارى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ ھۆكمى بويىچە ئاللاھ مۇبارەك قىلغان زېمىندۇر. شام بىر زامانلاردا ئىسلام ھىمايىچىسى

ۋە پايتەختى بولغان. شام كۆپلىگەن ساھابىلەر ۋە ئالىملار دەپنە قىلىنغان مۇبارەك دىياردۇر. يەنە كېلىپ شام جىھاد بايراقلىرى ۋە ئىلىم بايراقلىرى لەپىلدىگەن ھەمدە خرىستىئانلار ۋە ئەھلىسەلىبلارنىڭ سۇيىقەستلىرى بىتچىت بولغان دىياردۇر. ئىسلام ھارارىتى زىكرى قىلىنىدىكەن شامنى زىكىر قىلماي مۇمكىن ئەمەس. ئىلىم ۋە پەزىلەت زىكىر قىلىنسا، پەيغەمبەرلەر زېمىنى بولغان شامنى ئەسلىمەي مۇمكىن ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ سىرتىدا ھېچقانداق دىيارنى زىيارەت قىلماستىن شامغا بارغان. ئاخىر زاماندا ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن تۇتۇشقاندا مۇسۇلمانلارنىڭ فۇستاتى ۋە بايراقلىرى لەپىلدەيدىغان يەر شامدۇر. ئۇز زامانىسىدا دەمەشىق ئەڭ مەدەنىيەتلىك زېمىن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى ئاللاھ بىزنىڭ شامغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ئى ئاللاھ! بىزنىڭ شامغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن!» دېگەن دۇئاسىنى ئۇنتۇماستىن، دەرھال دىللىرى شامغا يۈزلەنگەن ۋە ئۇ يەردە جىھاد بايرىقىنى كۆتۈرگەن. ئىمان ئاۋانگارتلىرىدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنىلجەرراھ، شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەن، ئەمر ئىبنى ئاس، يەزىد ئىبنى ئەبى سۇفيان، قەئقائ ئىبنى ئەمرى، زىرار ئىبنى ئەزور ۋە ئۇلاردىن باشقا مىڭدىن ئارتۇق ساھابە بىرگە بولۇپ، بەدرىگە قاتناشقان ساھابىلاردىن يۈزدىن ئارتۇق ساھابە بار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شامنى تاللاپ، ئۇنى ساھابىلارغا ۋەسىيەت قىلغان، شام شۇ ۋەسىيەتتىن كېيىن ئىسلام پايتەختى بولغان، ئىسلام مەملىكەتلىرىنىڭ دەسلەپكىسى، ئەڭ ئادالەتلىكى شامدا قۇرۇلغان. شامدىن دۇنياغا ئىلىم نۇرى چېچىلغان، شامدىن دۇنياغا ئادالەت نۇرى تارالغان. ھەقىقەت، ئەركىنلىك، قوشنىدارچىلىق ۋە باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشتەك خىسلەتلەر ئومۇملاشقان. ئىنسانلار تىنچ-ئامان، ئەركىن ۋە خاتىرجەم ھايات كەچۈرگەن. شامغا ئادالەتنىڭ بەرىكىتى ياغقان. دىنلار ئەھلى ئۆز دىنىغا ئەركىن ئېتىقاد قىلغان، كىشىلەرنىڭ رىزقى كۆپ بولۇپ، باياشاتلىق ئومۇملاشقان. ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز شامغا خەلىپە

بولغانىدا: «تاغلارنىڭ ئۈستىگىمۇ دان چېچىڭلار، مۇسۇلمانلار دىيارىدا ئۇچار قۇشلار ئاچ قېلىپتۇ دېيىلمىسۇن» دېگەن ئىدى.

شام قىرغاقلىرىدا مۇڭغۇل ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئىسلام مەشئىلى قايتا گۈللەنگەن، بەزى ئىنسانلار ئىبنى تەيمىيەدىن: شامدا ئىقامەت قىلىش ئەۋزەلمۇ ياكى مەككە، مەدىنىدە ئىقامەت قىلىشمۇ؟ دەپ سورايدىغان يەرگە يەتكەن. پەلەكنىڭ چاقى ئايلىنىپ، شام ئەسلى ماھىيىتىنى يوقاتتى، شامنىڭ گۈلى سولدى، شام ئۆز ئەھلىگە تار كەلدى، ئامانلىق، خاتىرجەملىك يوقالدى. شامدىكى ئالىملار دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىگە تارقىلىشقا، ھىجران دەردىنى تارتىشقا ۋە مۇساپىرلىققا مەجبۇرلاندى. زالىم قوللار ئۇلارنى ھىجرەت دىيارلىرىدىمۇ خاتىرجەم قويماستىن، قارا چاڭگىلىنى سېلىشتىن توختاتمىدى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا مۇستەبىت ئايروپىلانلىرى ھېچ ئىككىلەنمەستىن شام خەلقىنى تانكىلار ۋە بومبىلار بىلەن بومباردىمان قىلدى. شامنىڭ ئۆتمۈش تارىخى ئىلھاملىق بولسا، ھازىرقى ۋەزىيىتى ئەلەملىك بولماقتا. شام خەلقى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى قورال ئاللاھنىڭ دىنىغا قايتىش، ئىمان كۈچى بىلەن قوراللىنىشتۇر. شامنىڭ شانلىق تارىخىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ئىككى تۈرلۈك جاراھەت كۆڭلىمىزنى غەش قىلىدۇ. بىرى پەلەستىن جاراھىتى، ئىككىنچىسى ھازىر كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان چىدىغۇسىز باستۇرۇش، قىرغىنچىلىقلاردۇر.

ئىنسان، مۇقەددەس شامدىكى قىرغىنچىلىققا قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ ئۆز جىنسىدىن بولغان ئىنسانلارنىڭ خىيانىتى ۋە زۇلۇملىرىغا قانداق چىداپ تۇرالىسۇن؟ دۈشمەنگە قارشى قوللىنىدىغان قوراللارنىڭ ئۆز خەلقىگە قارشى قوللىنىشى، نېمىدېگەن ئېچىنارلىق!

بارماقتا سانىغۇدەك ئاز ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، پۈتۈن بىر مىللەت يەر بىلەن يەكسان قىلىنىشىغا كىممۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟! چېگرا سىرتىدىكى ھەقىقى دۈشمەن ئۆز جىنسىتىكى دۈشمەندىن رەھىملىكرەك بولۇپ قالغانلىقى تىللارغا چىقىۋاتىدۇ. قولىدا تاشنىڭ سۇنۇقى بولمىغان كىچىك باللار ۋە ئاياللار باشقۇرۇلىدىغان بومبىلار ۋە ئايروپىلانلار ئارقىلىق بومباردىمان قىلىنىشى، ئەقىلگە سىغامدۇ؟! شام خەلقىنىڭ قانلىرى

دەجلە ـ فۇراتقا ئوخشاش ئاقماقتا.

ئى شام ئەھلى! قوراللىرىڭلارنىڭ شەرىپىنى بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق بۇلغىماڭلار، دۈشمىنىڭلاردىن قورقۇپ تىترەپ تۇرۇپ، ئۆز ئەھلىڭلارغا غالجىرلىق بىلەن قورال ئىشلەتمەڭلار. سىلەرگە ئاللاھ ئالدىدا ۋە تارىخ ئالدىدا ھېچقانداق ئۆزرە يوق. ئىككى ھەرەم خادىمى بۇرۇنلا شامدىكى پاجىئەدە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنى ئەقلىنى ئىشقا سېلىش، ئادالەت تۇرغۇزۇش، ھېكمەتلىك بولۇش ۋە شەخسى مەنپەئەتلەر ئۈچۈن ئاممىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلماسلىق توغرۇلۇق چاقىرىقتا بولغان ئىدى. شام خەلقى شۇنداقلا پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىرلىكنى ساقلاش، ئىختىلاپلارنى قانلىق پاجىئەگە ئېلىپ بارماسلىق، تائىپىۋازلىق ۋە مەزھەبۋازلىق قاينىمىغا كىرمەسلىك لازىم.

ئاللاھ بىزلەرنى ھەقنى قوللىغۇچىلاردىن، زۇلۇمغا قارشى چىققۇچىلاردىن ۋە باتىلغا قارشى ھەقىقەت تەرەپدارلىرى قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن!!.

# سوراقتا تارتىلمايدىغان ئادەم يوق، تۆۋبە قىلغۇچى گۇناھ قىلمىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(9/4/1433ھـ 2/3/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتكۈزۈلۈپ، جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلامدا قوغدىلىدىغان (گۇناھنىڭ جازاسىدىن ساقلىنىپ قالىدىغان) ۋە سوراقتا تارتىلمايدىغان ئادەم يوق، تۆۋە قىلغۇچى گۇناھ قىلمىغان كىشىگە ئوخشاشتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى: ئىمام مۇسۇلمانلارنى ئاللاھتىن قورقۇشقا ۋە ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىشقا چاقىردى. تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر، دېدى.

ئى مۇسۇلمانلار! ئىسلامدا گۇناھنىڭ جازاسىدىن ساقلىنىپ قالىدىغان ۋە قوغدىلىپ قالىدىغان ئادەم يوق. مۇسۇلمانلاردا باشقا دىنلارغا ئوخشاش «غۇفران ھۆججەتلىرى» مۇ يوق. ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ھەر قانداق ئادەم ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ گۇناھكار بولسا ۋە ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىدىكى پەردىنى يىرتىپ تاشلىسا، دەرھال تۆۋبە قىلسۇن! گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ تۆۋبە قىلغان ئادەم، گۇناھ قىلمىغان ئادەمگە ئوخشاش پاكلىنىدۇ.

ئىنسان بەزىدە شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن ھەۋەسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، چەكلەنگەن گۇناھ ـ مەسىيەتلەرنى قىلىپ سالىدۇ. كىمكى گۇناھقا مۇپتىلا بولۇپ قالسا، گۇناھىنى باشقىلاردىن يوشۇرسۇن. گۇناھىنى ئاشكارىلاپ

ئۆزىنى رەسۋا قىلمىسۇن. ئۈممەتنىڭ ھەممىسى تىنچ ۋە خاتىرجەمدۇر، گۇناھلارنى تەپ تارتماستىن ئاشكارا سادىر قىلغانلارلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. گۇناھنى سادىر قىلىپ، ئاللاھ ئۇنى يوشۇرۇپ، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن يىراق قىلغان بولسىمۇ، كېچىدە قىلغان گۇناھلىرىنى ئەتىسى ئۆز ئېغىزى ئارقىلىق باشقىلارغا سۆزلەپ يۈرگەنلىك، گۇناھنى ئاشكارا سادىر قىلغانلىق ۋە رەسۋا بولغانلىقتۇر. ئاللاھ سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى باشقىلارنىڭ كۆزىدىن يىراق قىلسا، سەن ئۆز ئېغزىڭ ئارقىلىق ئاچقانلىقىڭ نېمدېگەن رەسۋالىق ھە!!.

بەندە گۇناھ قىلىپ سالسا، ئاللاھ مېھرىبان، رەھىملىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى جازالاشقا ئالدىرىمايدۇ، بەلكى كۆپ ۋاقىتلاردا گۇناھنى سەترى قىلىپ يۆگەيدۇ، باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن توسىدۇ، خالىسا پەزلى-كەرىمى ئارقىلىق يۆگەلگەن پېتى كەچۈرۈم قىلىپ مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ پەزلى-كەرىمىدىن ئىنسانلارنى گۇناھ-مەسىيەت ئۆتكۈزۈپ قالغان تەقدىردە دەرھال گۇناھىغا تۆۋبە قىلىپ، ئۇنى قايتا سادىر قىلماستىن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا چاقىرىدۇ. بەلكى گۇناھكارنى گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلىش ئارقىلىق، ئۇنى ساۋاب ۋە مۇكاپاتقا ئايلاندۇرۇشقا چاقىرىدۇ. بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق پەزلى-كەرەم بولامدۇ؟.

ئاللاھ بەزى ئىنسانلارنى يىللارچە سەترى قىلىپ تەۋبە قىلىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىپ مۆھلەت بېرىدۇ. كۈندۈزى گۇناھ قىلغانلار ئۈچۈن كېچىدە تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ، كېچىدە گۇناھ قىلغانلار ئۈچۈن كۈندۈزدە تەۋبە قىلىش پۇرسىتى بېرىدۇ. ئاللاھ بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن، بەندە ئاللاھقا قايتقان ۋاقتىدىكى خۇشاللىقىدىنمۇ بەكرەك خۇشال بولىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە ئەڭ رەھىمدىل بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەڭ ھايالىق، تىلىنى بىھۇدە سۆزلەردىن ساقلاش ۋە باشقىلارنىڭ ئەيىپىنى يېپىشتا تەڭداشسىز ئۈلگە زاتتۇر. ساھابىلاردىن خاتالىق كۆرسە ياكى ئاڭلىسا، ئۇنى ئوچۇقلا، بىۋاسىتە تەنقىتلىمەستىن، ئىما-ئىشارەت بىلەن دارىتمىلاپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: ئارىمىزدا مۇنۇ گەپلەرنى ياكى پالانى قىلىقلارنى قىلىدىغانلار بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھالى نېمە؟!

ئۈممەتنىڭ «سىددىقى»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك سىردىشى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى: ئوغرىلىق قىلغان، زىنا قىلغان، ھاراق ئىچكەن ئىنسانلارنىڭ ئەيىپلىرىنى يېپىش ئۈچۈن ئۈستۈمدىكى توندىن باشقا نەرسە تاپالمىسام، شۇ تونۇمدا ياپقان بولاتتىم! ئاسىيلار ۋە گۇناھكارلارغا قارىتا ئىسلامنىڭ يولى مانا بۇدۇر. سادىر قىلغان گۇناھلىرىنى ئاللاھ سەترى قىلىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىدىن يوشۇرسا، ئەتىسى ئۆز ئىغىزى ئارقىلىق پاش قىلىپ، ئۆزىنى رەسۋا قىلغان ئادەم، نېمىدېگەن رەسۋا ۋە زىيانكاردۇر!

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر ئاراڭلاردىكى ئاسىيلارنىڭ ئەيىپلىرىنى يېپىشقا، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى يوشۇرۇشقا تىرىشىڭلار! گۇناھكارلارنىڭ ئەيىپلىرىنىڭ ئېچىلىپ قېلىشى، گۇناھلارنىڭ ئاشكارا ھالدا خالايىقتىن تەپ تارتماستىن سادىر بولىشى، ئىسلام ئۈممىتىدىكى ئاجىزلىق نوقتىدۇر. بۇ دۇنيادا بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى يوشۇرغان ئادەمنىڭ ئەيىبىنى ئاللاھ قىيامەتتە يوشۇرىدۇ. مۇسۇلمان قېرىندىشىنىڭ ئەيىبىنى ئاچقان كىشىنى ئاللاھ مۇشۇ دۇنيادا، ئۆز ئۆيى ئىچىدە رەسۋا قىلىدۇ. قېرىنداشلىرىڭلارغا قارشى شەيتانغا ياردەمچى بولماڭلار. مۇئمىن يېپىپ نەسىھەت قىلىدۇ، مۇناپىق كولاپ تارقىتىدۇ ۋە گۇمان قىلىدۇ. كىمكى قېرىندىشىنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپسۇن. سەلەف ئالىملىرى: گۇناھلىرىنى يوشۇرۇن قىلغان مىللەتنى ئاللاھ ئازابلىمايدۇ، دەيتتى.

كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ يۈرۈپ تارقىتىش، ئاڭلىغان سۆزلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ئېنىقلىماي تۇرۇپ، باشقىلارغا يەتكۈزۈش ياكى پەرەز-گۇمانلار بىلەن باشقىلارنى قارىلاشتەك ئىشلار، جەمئىيەتتە بۇزۇقچىلىق ئوتىنى كۈچەيتىدىغان ۋە ئۆچمەنلىك-ئاداۋەت ئۇرۇغىنى چاچىدىغان ئىشلاردۇر.

مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى كىشىلەرنى تۆھمەت قىلىشتىن تىلىنى يىغىپ، سۈكۈت قىلغانلىقى ئۈچۈن زىيان تارتقان ئەمەس، باشقىلارنى كەلسە-كەلمەس قارىلاش، تۆھمەت قىلىش ۋە ئەيىبىنى ئېچىش سەۋەبىدىن ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارنى تارتقان. جەمئىيەتتە پاھىشىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئاداۋەت-ئۆچمەنلىك ئۇرۇغىنى چاچقانلارغا، باشقىلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش، ئەيىبنى

كولاشتىن لەززەتلىنىدىغانلارغا لەنەت بولسۇن!.

ھازىرقى زامان تەشۋىقات ۋاسىتىلىرىمۇ ياخشىلارغا، ئالىملارغا تىل ئۇزارتىپ، پىتنە ئۇرۇقلىرىنى چېچىشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.جەمئىيەتتە پىتنە-پاسات ۋە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان، گۇناھلارنى تەپ تارتماستىن ئاشكارا قىلغان، ھېچ ئىش قىلماستىن مۇسۇلمان ئەر، مۇسۇلمان ئاياللىڭ ئەيىبلىرىنى ئىچىپ ياكى ئۇلارغا تۆھمەت قىلىپ ئۆتىدىغانلارنى رەسۋا قىلىش ۋە ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خەلقى ئالەمنى ئاگاھلاندۇرۇش، گۇناھ بولماستىن ئەجرىگە لايىق ئىشتۇر.

ئاخىرىدا ئاللاھ سۈرىيەدىكى مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىزغا سەۋر، نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، ئىمانىنى كۈچەيتسۇن، زالىمنىڭ تانكا، زەمبىرەكلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلسۇن! سۈرىيەدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ھەقىقىي قېرىنداشلىققا، ھېسداشلىققا ۋە ياردەمگە، ئەقەللىسى دۇئاغا موھتاجدۇر.

# ھەرقانداق بىر مۈشكۈلچىلىكتىن كېيىن ئاسانلىق بولىدۇ

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

16/4/1433ھـ 9/3/2012م

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھەر قانداق بىر مۈشكۈلچىلىكتىن كېيىن ئاسانلىق بولىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش، ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ راۋان قىلىش، ھەر بىر ئىنسان ئارزۇ قىلىدىغان، دىللار تەلپۈنىدىغان ئىشلاردۇر. بۇ دۇنيادا تۇرمۇشتىن خاتىرجەم بولۇش، ھېچقانداق توسالغۇ ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەستىن پاراۋان تۇرمۇش كەچۈرۈش، ھەر بىر كىشىنىڭ ئارزۇسى بولغانىدەك، ياخشىلىقلارغا ئالدىراش ۋە يامان ئىشلاردىن يىراق بولۇش، ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئارزۇسىدۇر. بەزى كىشىلەر قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسە ۋە قىلىۋاتقان ئىشىدا توسالغۇغا ئۇچرىسا، خۇددى دۇنيا قاراڭغۇلىشىپ، شۇملۇق ئالدىنى قىلغانىدەك قايغۇرۇپ كېتىدۇ، بەلكى زېمىن تار كەلگەندەك، ھەممە تەرەپتىن سىقىلىشقا دۇچ كەلگەندەكلا ھېسسىياتتا بولىدۇ. ئۆزىنىڭ تەگپۈڭلىقىنى يوقىتىپ خۇددى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقى ئۈنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ نىھايىتىدەك ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە ئېغىرىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، ئۆزى ۋە ئاللاھ ھەققىدە خاتالىقلارنى سادىر قىلىدۇ.

ھەقىقىي تەقۋادارلار بولسا ئەكسىچە، ئەڭ بەختلىك ۋە ئەقىللىق كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەر قانداق بىر مۇسىبەت ياكى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلسە، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى ئۇنۇتمايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنمەيدۇ. چۈنكى ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىقنىڭ ئارقىسىدىن ئاسانلىق كېلىدۇ، مۇسىبەتتىن كېيىن خۇشاللىق بولىدۇ ۋە كەمبەغەللىكتىن كېيىن رىزقى كەڭلىك يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەت ئالىمىگە بەلگىلىگەن ئىلاھىي قانۇنىيىتىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنَّ مَعَ ٱلْعُسْرِ يُسْرًا﴾ «ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار»[1].

ئاللاھ ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق بولىدىغانلىقىنى سەۋەبكە باغلاپ قويغان. سەۋەبلەرنىڭ ئالدىن قاتاردىكىسى تەقۋادارلىقتۇر. تەقۋالىق بولسا ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەنگۈچىلەرنىڭ قورالى، ئاللاھنىڭ ئەۋۋەلقى ۋە ئاخىرقىلارغا قىلغان ۋەسىيىتىدۇر. تەقۋادار كىشىلەر ھەر ۋاقىت ئۆزى بىلەن گۇناھ-مەسىيەت ئوتتۇرىدا پەردە قويىدۇ، ئۆز-ئۆزىگە نەسىھەت قىلىدۇ. بەندە ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشتا تەقۋالىقتىن ياخشىراق ۋەسىلە تاپالمىسا كېرەك. تەقۋالىق ئارقىلىق ئېھسانىنىڭ ھەممە يوللىرى مۇكەممەللىشىدۇ، ئېھسان بولغاندا ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت، قورقۇنچ، ئۈمىت، خۇشۇ-خۇزۇ، ناماز، روزا، زاكات-سەدىقىلەر ئارقىلىق ھەقىقىي قۇللۇق گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ بولسا «لا ئىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» تىن ئىبارەت كەلىمە شاھادەتنىڭ تەقەززاسىدۇر.

بىلىش كېرەككى، ئاللاھ تائالا بارلىق كامالى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەندۇر. قىيىنچىلىقتا ۋە مۇسىبەتتە قالغانلارنىڭ قىيىنچىلىقى ۋە مۇسىبىتىنى يەڭگىللىتىشىنىڭ ئۆزى ئېھساندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «قىيىنچىلىقتا قالغان بىرسىنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن كىشىنىڭ ئىشىنى، ئاللاھ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرىدۇ» .(مۇسلىم)

بەندە ئاللاھتىن داۋاملىق ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ دۇئا قىلىشى كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام دۇئالىرىدا

[1] سۈرە ئىنشىراھ: 5 ـ ئايەت

داۋاملىق مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «ئى ئاللاھ! سەن ئاسانلاشتۇرغان نەرسىدىن باشقا ئاسانلىق يوق، سەن خالىغان قىيىنچىلىقلارنى ئاسانلاشتۇرغۇچىسەن». مۇسا ئەلەيھىسسالاممۇ شۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى رەببىم! مېنىڭ قەلبىمنى ئاچقىن، ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن، تىلىمدىكى كەمتۇكلۇكنى يېشىۋەتكىن، كىشىلەر مېنىڭ سۆزلىرىمنى چۈشەنسۇن».

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا يېلىنىپ قىلغان دۇئالىرىدا ئاللاھقا بولغان كامالى ئېھتىرام، دۇئانىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى ۋە سۈننەتلىرىنى ئۈممەتكە ئۆگەتكەن. دۇئانىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى بولسا، ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئوقۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت-سالام يوللاش، قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ دۇئا قىلىش، دۇئادا قاتتىق يېلىنىش ۋە قايتا-قايتا تەكرارلاشتۇر. بەزى ئىنسانلار: دۇئا قىلدىم، ئىجابەت بولمىدى، دەيدۇ. دۇئا نىڭ ئىجابەت بولىشى، بەندە قىلغان دۇئاسىدا ئىخلاس قىلىش، گۇناھنى ئېتىراپ قىلىپ قايتا تەكرارلىماسلىق، ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى ۋەسىلە قىلىش ياكى بولمىسا ئىلگىرىكى سەلەفلەرگە ئوخشاش تاھارەتنى ئېلىپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يېمەك-ئىچمەكلىرىدە ھارامنى ئارلاشتۇرماي، ھارامنى سادىر قىلىشتىن ساقلانغان ۋە تۇققانلىق رىشتىسىنى ئۈزمىگەن ئاساستا قىلغان دۇئالار مەقبۇل بولغۇسىدۇر.

ئىمام «ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانلىق بار» دېگەن ئايەتنى چۈشەندۈرۈپ: بۇ ئايەت دۇنيادا زۇلۇمغا ئۇچرىغان، باشقىلارنىڭ خورلىشى ۋە كەمسىتىشىگە دۇچ كەلگەن مەزلۇم ئىنسانلار ئۈچۈن، ئىنساننىڭ بېشىغا كەلگەن بالا-مۇسىبەت، كۈلپەت ۋە مۇشەققەتلەر قانچە ئېغىر، قاراڭغۇ بولسىغا قارىماي ھامان ئۇنىڭ بەدىلىگە ئاسانلىق بولىدىغانلىقىدىن بىشارەت بەرگەن ئايەتتۇر، دېگەن. مەزكۇر ئايەتنىڭ بىشارىتىدىن دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن، ھەق-ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنغان، زۇلۇمغا ئۇچرىغان ۋە خورلانغان كىشىلەر، ئاللاھنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى رەھمىتىدىنمۇ ئۈمىتسىزلەنمەسلىكى لازىم.

شام خەلقى بۇ كۈنلەردە زۇلۇمغا ئۇچرىغان، خورلانغان، ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ پات يېقىندا كېلىدىغان

رەھمىتىدىن ئۈمىتسىزلەنمەسلىكى لازىم. ئاللاھ زالىملارغا ھېچقاچان يول قويمايدۇ، ئاللاھ زالىملارغا پۇرسەت بەرسىمۇ جازالاشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ.

ئىنسانلار بىلىشى كېرەككى، قايسى بىر مىللەتنىڭ ئۈستىدىكى زۇلۇم كۆچىيىدىكەن، شۇ مىللەت ئۈستىدىكى زۇلۇمنىڭ نىھايىتى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ بىشارىتىدۇر.

ئاللاھ بىزلەرنى مۇشەققەتتىن كېيىن ئاسانلىققا چىققان بەندىلەر قاتارىدا قىلسۇن، ئامىن!

# ئۆچ ئېلىش ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئىسلام ئەخلاقىدىن ئەمەس

ئۇستاز دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(24/4/1433ھ 16/3/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈپ يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «باشقىلاردىن ئۆچ ئېلىش ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئىسلام ئەخلاقىدىن ئەمەس» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

باشقىلارنى ئالداش، ئۆچمەنلىك قىلىش، چىدىماسلىق، نەپسى-خاھىشىمىزغا ئەگىشىپ، بىزنىڭ ھەققىمىزدە خاتالاشقان كىشى ئۈستىدىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئارزۇ قىلىشتەك ئىللەتلەردىن قەلبىمىزنى پاكلاش، ھەقىقىي مۇئمىنىنىڭ خىسلىتىدۇر. مۇئمىن كىشى باشقىلارغا مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئاداۋەت ساقلىمايدۇ، چىدىماسلىق ۋە ھەسەتخورلۇقتەك ئىللەتلەردىن يىراق بولىدۇ. چىدىماسلىق، ئۆز مەنپەئەتىمىزنىلا ئويلاش ۋە باشقىلارغا قارىتا يامانلىقنى ئارزۇ قىلىشتەك ناچار ئىللەتلەردىن قەلبىمىزنى پاكلاش، ئىنتايىن مۇھىم. ئۆزىدىن باشقىنى ياخشى كۆرمەيدىغان، ئۆز بالىلىرىغا مېھرىبانلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ بالىلىرىغا قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان، دىلى قاتتىق، كۆڭلى قارا ۋە مۇئامىلىسى قوپال ئادەم، ھېچقاچان جامائەتنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشى، ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئىززەت-شەرىپىگە

ئىگە بولۇشنى خالىغانلار، ئۆزىنىلا ئويلايدىغان مەنمەنچىلىكتىن ساقلىنىشى كېرەك. قەلبىنى پاكلاش، باشقىلارغا قارىتا ياخشى گۇمان قىلىش، خاتالاشقانلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش، ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇپ، كەچۈرۈم قىلىش ۋە ئادالەتلىك بولۇشتەك ئىشلار، پاكلىق، ياخشىلىق ۋە ئالى جانابلىقنىڭ ئۆلچەملىرىدۇر. ئىنساننىڭ قەلبىدە ئۆچ ئېلىش ۋە ئىنتىقام ئوتى يېنىپ تۇرسا، باشقىلارغا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئەۋزەل كۆرسە، ئۇنداق ئىنساندا زۇلۇم ۋە ياۋايىلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئىنتىقام ئېلىش روھى داۋاملىق ناچار ئىللەت سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ، ئىنتىقام ئېلىشنى ياخشى كۆرىدىغانلار، ئادەتتە قوپال، ياۋايى ۋە ۋىجدانسىز كېلىدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ بىرنى ئەپۇچان ۋە كەچۈرۈمچان بولۇشقا تەشەببۇس قىلغانلىقى، بىرنى ئاجىزلىق ۋە قورقۇنچاقلىققا تەشەببۇس قىلغانلىقى ھەمدە قەلبىمىزدە خارلىق ۋە پەسكەشلىككە چاقىرغانلىقى ئەمەس، بەلكى بىرنى ئۆزىمىزگە يامانلىق قىلغانلارغىمۇ ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرغانلىقىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئىنتىقام ئېلىش ۋە باشقىلارغا قوپال مۇئامىلە قىلىش، شۇ ئىنساننىڭ ئاجىزلىق نوقتىسىدۇر. ھەقىقي كۈچلۈكلەر ھەر زامان كەچۈرۈمچان ۋە مۆتىدىل كېلىدۇ.

بۇ ئاساستا باشقىلاردىن ئىنتىقام ئېلىش يولىنى تاللىغانلار، شەخسىيىتى ئاجىز، روھى ناچار، ئەخمەق ۋە نەپسىنىڭ ئالدىدا ئاجىز كەلگەن ئادەملەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى، مۇئمىنلەرگە مۇلايىم ۋە مېھرىبان ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ دۇنياغا بولغان رىسالىتى رەھىمدىللىق ۋە كەچۈرۈمچانلىقتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دۇنياغا رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى مۇنۇ ئايەتتە كۆرسەتكەن: ﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ إِلَّا رَحۡمَةٗ لِّلۡعَٰلَمِينَ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[1].

ئەنە شۇ رەھىمدىللىق، مېھرىبانلىق ۋە يۇمشاقلىق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە ئورنىغان بولغاچقا، 7 قات ئاسماندىن ئاللاھ ئۇنى ماختىغان. شۇنىڭدىن بىلىمىزكى، ئىنتىقام ئالغۇچى، كورغا ئوخشايدۇ،

[1] سۈرە ئەنبىيا: 107 ـ ئايەت

چۈشەنمەيدۇ، ھېس قىلمايدۇ ۋە ئادالەتكىمۇ لايىق ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇسى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ۋە نەپسىنى قاندۇرۇش بولۇپ، ئۇنداق ئادەم ئەقلىنىڭ دۈشمىنىدۇر. ئىنتىقام ھەۋەسى كۈچلۈك ئىنسانلار، ھېسسىياتسىز ئىنسانلار بولۇپ، بىر كىشى ئاچچىقىنى كەلتۈرسە، چالۋاقاپ، ئېتىلىپ ھۇجۇم قىلىدۇ.

ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش بولسا، ھاياتقا ۋە ئىنسانىيەتكە ئەڭ قاتتىق زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولۇپ، ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَقْتُلُوا۟ ٱلنَّفْسَ ٱلَّتِى حَرَّمَ ٱللَّهُ إِلَّا بِٱلْحَقِّ ۗ وَمَن قُتِلَ مَظْلُومًا فَقَدْ جَعَلْنَا لِوَلِيِّهِۦ سُلْطَٰنًا فَلَا يُسْرِف فِّى ٱلْقَتْلِ ۖ إِنَّهُۥ كَانَ مَنصُورًا﴾ ﴿ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمەڭلاركى، ئاللاھ (ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشنى) ھارام قىلدى، كىمكى ناھەق ئۆلتۈرۈلىدىكەن، (قاتىلدىن قىساس ئېلىش، يا دىيەت ئېلىش، يا كەچۈرۈم قىلىش) ھوقۇقىنى ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىسىنىڭ قولىدا قىلدۇق، ئىگىسى قىساس ئېلىشتا چەكتىن چىقىپ كەتمىسۇن (يەنى قاتىلدىن غەيرىينى ئۆلتۈرۈش، يا ئۇنىڭ ئەزالىرىنى كېسىش، بىر ئادەم ئۈچۈن ئىككى ئادەمنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلمىسۇن)، (ناھەق ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ) ئىگىسىگە ئاللاھ ھەقىقەتەن مەدەتكاردۇر﴾[1].

ئىنتىقام ئالغۇچى ئىنتىقام بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئاشۇرۇۋېتىدۇ، ئاللاھ ئاشۇرۇۋېتىشنى خالىمايدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا۟ بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُم بِهِۦ ۖ وَلَئِن صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِّلصَّٰبِرِينَ﴾ ﴿ئەگەر (ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان- زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزەڭلارغا يەتكەن زىيان- زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر﴾[2].

گەرچە مەزكۇر ئايەت زالىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشقا چاقىرغان بولسىمۇ، سەۋر قىلىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى كۆرسەتكەن. بەزى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل: 33 ـ ئايەت.
[2] سۈرە نەھل: 126 ـ ئايەت

ئىنتىقامنىڭ تەسىرى، دادا ئوغلى بىلەن، ئاكا-ئۇكىسى بىلەن، ئېرى ئايالى بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا روشەنلىشىدۇ. بەزى ئىنسانلار ئايالىدىن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە ئۇرىدۇ، ياكى تالىقىنى بەرمەستىن ئۇزۇن مۇددەت ئېسىپ قويۇپ خارلايدۇ. پاك ئىسلام دىنى بولسا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنتىقام ئېلىش ۋە ئۆچ ئېلىشتەك ئىللەتلەرنىڭ ھېچبىر كىشىنىڭ ئىدىيىسىدە بولماسلىقىغا چاقىرىدۇ. ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، بىرى ئۆزىدىن تۆۋەن ۋە ئاجىز بەندىدىن ئىنتىقام ئېلىپ زۇلۇم قىلسا، ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالىدۇ.

ئۆز خەلقىدىن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىۋاتقان، ئۆلتۈرىۋاتقان ۋە ۋەيرانچىلىق سېلىۋاتقان مۇشتۇمزور زالىملار، ئاللاھنىڭ ئىنتىقامىنى چۈشەنمەمدۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋىجدانى قېنى؟ كىچىك بالىلار، ئاياللار ۋە قېرىغانلارنى ئۆلتۈرىۋاتقان زالىملار، ئاقىۋىتىنى ئويلىمامدۇ؟! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِكَافٍ عَبۡدَهُۥۖ وَيُخَوِّفُونَكَ بِٱلَّذِينَ مِن دُونِهِۦۚ وَمَن يُضۡلِلِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِنۡ هَادٖ وَمَن يَهۡدِ ٱللَّهُ فَمَا لَهُۥ مِن مُّضِلٍّۗ أَلَيۡسَ ٱللَّهُ بِعَزِيزٖ ذِي ٱنتِقَامٖ﴾ ﴿ئاللاھ بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداشقا ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە) يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنى ئاللاھتىن باشقا مەبۇدلار بىلەن قورقۇتىدۇ، ئاللاھ گۇمراھ قىلغان ئادەمنى ھېچ ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەمنى ھېچ ئازدۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ غالىب، (دۈشمەنلىرىنى) جازالىغۇچى ئەمەسمۇ؟﴾[1].

ئاللاھنىڭ ئاجايىب گۈزەل ئىسىم-سۈپەتلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئەزىمەتلىكىگە لايىقتۇر. ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى ئىچىدە ئىنتىقام ئالغۇچى سۈپىتى بار بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىنتىقامى ھەددىدىن ئاشقان زالىملارنىڭ ئاقىۋىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، مۇشۇ دۇنيادا بارلىق ئىنسانىيەتكە ئىبرەت بولغىدەك ھالدا خار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز ئىنتىقامىنى ئىززىتى بىلەن بىر ئورۇندا زىكىر قىلغان. گەرچە ئىنتىقام ئېلىش باشتا سۆزلەنگەندەك ناچار خىسلەت بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا ئىنتىقامىنى دۇنيا تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ۋە بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى

[1] سۈرە زۇمەر: 36 - ۋە 37 - ئايەت

قوغداش ئۈچۈن يولغا قويغان. ئاللاھنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلغان، يەر يۈزىدە زۇلۇم قىلىپ ھەددىدىن ئاشقان، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا زۇلۇم قىلغانلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشنى پەرىز قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشتا رەھىم قىلماسلىقنى چاقىرغان. زالىملاردىن باشقا كىشىلەردىن ئىنتىقام ئېلىش رەزىللىك بولغاندەك، ئاللاھنىڭ ھۆرمىتىگە تىل ئۇزارتقان زالىملار ئالدىدا خوشامەتچىلىك ۋە تەخسىكەشلىك قىلىش، ئەڭ چوڭ خىيانەتتۇر.

ئاللاھ بىزنى قېرىنداشلىرىدىن ئىنتىقام ئالغۇچىلاردىن قىلمىسۇن، زالىملارغا ۋە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە خوشامەت قىلىپ، بېشىمىزنى تۆۋەن تۇتۇشتىن ساقلىسۇن، ئامىن!!

# ھالال كەسىپ ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈش ماختاشقا ۋە ياردەم بېرىشكە ئەرزىيدىغان خىسلەتتۇر

ئۇستاز دوكتور سالىھ ئالى تالىب

**2012-يىلى 3- ئاينىڭ 23-كۈنى**

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا:

«ھالال كەسىپ قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇش كەچۈرۈش، ماختاشقا ۋە ياردەم بېرىشكە ئەرزىيدىغان خىسلەتتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

كەمبەغەللەر ۋە كەمبەغەللىك بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە كەڭ تارقالغان ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلارنىڭ ئاساسلىقى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەتتە سەلبى تەسىر پەيدا قىلىدىغان ۋە تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلارغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار قاتارىدا بولۇپ، ئۇنى ھەل قىلىش دۆلەت ۋە بايلارنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. كەمبەغەللىك ۋە كەمبەغەللەرنىڭ قانداق بىر دۆلەتتە بولۇشى ئەيىبلىك ئىش بولماستىن، ئۇنى ھەل قىلىشقا تىرىشماستىن قويۇۋېتىش ئەيىب ۋە ناچار قىلىقتۇر.

ئىنسانىيەت تارىخى قەدىمقى زاماندىن بېرى كەمبەغەللىكتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئىللەتنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشقا تىرىشقان. تارىختىن

بىرى دۆلەتلەر، بايلار ۋە مۇتەپەككۇرلەر، ئېقىم ۋە مەزھەبلىرىنىڭ قانداق بولۇشىغا، كەمبەغەللىكنى يوقىتىشقا، كەمبەغەللىكتىن ئىبارەت جەمئىيەتكە بولغان يۈكنى يەڭگىللىتىشكە تىرىشىپ كەلگەن. بەزىدە كەمبەغەللىكتىن ئاگاھلاندۇرسا، بەزىدە چىقىش يوللىرىنى ئىزدىگەن. بەزى ئازغۇن ئېقىم ۋە ئازغۇن پىكىردىكى ئىنسانلار، ئۆزىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى باشقىلارغا تېڭىش ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ قولىنىڭ قىسقىلىقى ۋە كەمبەغەللىكنى سۇيىئىستىمال قىلىپ، كەمبەغەللەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ خاتا ئەقىدىسى، ئېقىملىرى ۋە ئىدىئولوگىيىسىنى ئۇلارغا تېڭىشقا تىرىشقان.

لېكىن ئىسلامىي جەمئىيەتلەردە ئەھۋال باشقىچە بولۇپ، ئىسلام دىنى ھەر قانداق قىيىنچىلىقنىڭ چىقىش يولىنى كۆرسەتكىنىگە ئوخشاش، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشنىڭمۇ چارىسىنى كۆرسەتكەن. كەمبەغەللىك ئىنساننىڭ تەقدىرى، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت بولسا، كەمبەغەللىككە تاقابىل تۇرۇشقا تىرىشىش ۋە ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشمۇ تەقدىر ۋە ھەل قىلىش چارىسىدۇر. ئىسلام دىنى 14 ئەسىردىن بېرى داۋاملىق پېقىر-كەمبەغەللەرنىڭ بارلىق ھەق-ھوقۇقلىرىنى مۇداپىئە قىلغان.

ھەقىقەتەن كەمبەغەللىك ئىسلامنىڭ نەزىرىدە قېچىشقا تېگىشلىك مۇسىبەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىش ئىبادەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەپ، ئۇنى كاپىرلىق بىلەن يانداش ھالدا زىكىر قىلغاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئالىرىدا مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ! مەن سەندىن كاپىرلىقتىن ۋە پېقىرلىقتىن پاناھ تىلەيمەن». يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى ئاللاھ! مەن ساڭا سېغىنىپ پېقىرلىقتىن، قىسقا قوللۇقتىن ۋە خارلىقتىن پاناھ تىلەيمەن، مەن ساڭا سېغىنىپ زۇلۇم قىلىشتىن ۋە زۇلۇم قىلىنىشتىن پاناھ تىلەيمەن».

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پېقىرلىق ئەگەر ئىنسان بولغان بولسا، ئۇنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم». قۇرئان كەرىم ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئاللاھ بەزى كاپىر ئۈممەتلەرنى ئاچارچىلىق بىلەن ئازابلىغانلىقى، ئۇنىڭ قارشىسىدا قۇرەيش قەبىلىسىنى ئاچارچىلىقتىن

قۇتۇلدۇرۇپ تويغۇزغانلىقى ۋە قورقۇنچتىن ئامانلىققا چىقارغانلىقىنى بايان قىلغان. بايلىق ياكى كۆڭۈل توقلۇق بولسا، ئاللاھنىڭ نېمىتى بولۇپ، ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەببىي ۋە خەلىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامغا خىتاب قىلىپ، ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَوَجَدَكَ عَآئِلًا فَأَغْنَىٰ﴾ ﴿سېنى يوقسىز بىلىپ (كىشىلەردىن) بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟﴾[1].

كەمبەغەللىك نورمالسىز ھالەت بولۇپ، ئىنسان ئۆزىنىڭ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرالغۇ، داۋالىنىش، تەربىيىلىنىشتىن ئىبارەت ئېھتىياجلىرىنى قامداشتىن ئاجىز كېلىدۇ. كەمبەغەللىك، ئېھتىياجىنى قامداشتىن ئاجىز كېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەزىدە ناچار ئوزۇقلۇنۇش سەۋەبىدىن تۈرلۈك كېسەللەر تارقىلىش ۋە كىچىك باللارنى سۇيىئىستېمال قىلىشتەك ناچار ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كەمبەغەللىكتىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلۇغ دىنىمىز ئىشلەشكە قۇدرىتى يېتىدىغان ھەر بىر مۇسۇلماننى بىكار يۈرمەستىن ئىشلەشكە ۋە خىزمەت پۇرسىتى يارىتىشقا چاقىرغان. كەمبەغەللىككە خاتىمە بېرىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئىشلەش ۋە ھەرىكەت قىلىشتۇر. ئىشلەش بولسا، ئاللاھنىڭ تەۋپىقى بىلەن كەمبەغەللىككە خاتىمە بېرىپلا قالماستىن، بەلكى زېمىننى گۈللەندۈرىدۇ.

ئىسلام دىنى ئىشلەش ۋە خىزمەت قىلىشنى ئىبادەت قىلىپ بەلگىلىگەن، چۈنكى خىزمەتنىڭ پايدىسى ۋە مەنپەئەتى ئىشلىگەن ئادەم بىلەنلا چەكلەنمەستىن باشقىلارمۇ مەنپەئەتلىنىدۇ. ئىسلامدا خىزمەتنىڭ دەرۋازىسى ئوچۇق ۋە خىزمەت پۇرسەتلىرى ئىنتايىن كۆپ. ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى، ئەقلى ۋە جىسمانىي تالانتىغا لايىق خىزمەت قىلالايدۇ. مەسىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «راستچىل، ئامانەتدار ۋە ئىشەنچلىك تىجارەتچى قىيامەتتە سىددىقلار ۋە شېھىدلار بىلەن بىرگە تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېگەن.

بەزى ئىنسانلار ئۆزىگە لايىق ئىشلارنى پەس كۆرۈپ، ئۇنداق ئىشنى قىلىش بىر خىل خارلىقتەك ھېسسىياتتا بولىدۇ، بولۇپمۇ قول

---

[1] سۈرە زۇھا: 8 - ئايەت

ھۈنەرۋەنچىلىكنى تەۋەن كۆرىدىغان ئىشلار بەزى ئەرەبلەردە تارىختىن بىرى مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. بۇنداق قاراشتا بولۇش ئىسلامنىڭ روھىغا ۋە ئەقلىگىمۇ زىت بىر قاراشتۇر. خىزمەتنىڭ تۈرىنىڭ قانداق بولىشىغا قارىماي، ئىسلام دىنى ھالال رىزىق ئۈچۈن قىلىنغان خىزمەتنى ماختىغان. ئەكسىچە ئاجىزلىق، ئىشسىزلىق ۋە باشقىلارغا يۈك بولۇپ ئىشلىمەي يېتىشنى قاتتىق چەكلىگەن. ھەر قانداق ھالال كەسىپ ئۈچۈن ساۋاپ بېرىلىدۇ. خىزمەتكە قارىتا ئىككىنچى بىر قاراش بولسا، بەزى كىشىلەر ئۆز يۇرتىدا خىزمەت تاپالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئىشلىمەستىن ئائىلىسىگە يۈك بولۇپ بىكار ياتىدۇ، ئاللاھنىڭ رىزقىنىڭ كەڭلىكى ۋە ئاللاھنىڭ زېمىنىنىڭمۇ كەڭلىكىنى ئېسىگە كەلتۈرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ ٱلَّذِي جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ ذَلُولٗا فَٱمۡشُواْ فِي مَنَاكِبِهَا وَكُلُواْ مِن رِّزۡقِهِۦۖ وَإِلَيۡهِ ٱلنُّشُورُ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرگە زېمىندە مېڭىشنى ئاسان قىلدى، زېمىنىنىڭ ئۈستىدە مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[1].

بىلىش كېرەككى، بەندىنىڭ رىزقى، ماكان ۋە زامانغا باغلىق ئەمەس. بىز ياشاۋاتقان بۇ مۇبارەك دىيارغا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن دىنى قېرىنداشلىرىمىز كېلىپ بىز بىلەن ھەمكارلىشىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇپ، ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن ئەجرى سىڭدۈرىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن خۇش كەپسىلەر، مەرھابا دەيمىز. يەنە بۇ دىيارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان ياشلارنىڭمۇ چەت ئەللەردىن كېلىپ خىزمەت قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرى بىلەن بىرلىكتە خىزمەت قىلىشى، بەلكى بارلىق ساھەلەردە خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى ئۈچۈن رىقابەتلىشىشى، شۇ قېرىنداشلىرىنىڭ تەجرىبە ۋە تېخنىكىلىرىنى پۇختا ئىگەللىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

بەزى ئىنسانلار باركى، ئۇلار ئىمكانىيەتلىرى يار بېرىپ تۇرسىمۇ، پۇت-قولى ساغلام بولسىمۇ، ھورۇنلۇق قىلىپ باشقىلارنىڭ سەدىقە زاكاتلىرىغا تايىنىپ ياتىدۇ. كۆپلىگەن ئىنسانلار سەدىقىگە موھتاج ئەمەس تۇرۇپ، بايلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى خار قىلىپ، تىلەمچىلىك دەرىجىسىگە يېتىپ

[1] سۈرە مۇلك: 15 ـ ئايەت

قالىدۇ. بۇ نېمىدېگەن ئېچىنارلىق!!. دەرھەقىقەت، ئىسلام دىنى ئىشلەشكە قادىر بولغان، پۇت-قولى ساق، لېكىن ھورۇن ئىنسانلارنىڭ سەدىقە، زاكات ئېلىشىنى جايىز كۆرمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەندە ئۆزىگە تىلەمچىلىكنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا پېقىرلىقنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ»، دېگەن.

بايلارمۇ ئاللاھ بەرگەن بايلىق ۋە نېمەتلەردە ئائىلىسى، تۇققانلىرى، قولۇم-قوشنىلىرى ۋە يوقسۇللارنىڭ ھەققى بارلىقىنى ئېسىدىن چىقارماسلىقى كېرەك. ئاللاھ بەرگەن بايلىقنىڭ قەدرىگە يېتىشى ۋە بايلىقنىڭ ئۆز قولىدىكى ئاللاھنىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقى لازىم.

ئاللاھ ھەممىمىزنى كەمبەغەللىكتىن ساقلىسۇن، تەكەببۇرلۇققا ئېلىپ بارىدىغان ۋە يوقسۇللارنىڭ ھەققىگە كۆز يۇمىدىغان بايلىقتىن ساقلىسۇن، ئامىن!!.

# بالايى-مۇسىبەتلەر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(7/5/1433ھ 30/3/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا داۋاملىق مۇسىبەت ۋە پاجىئەلەر كېلىپ تۇرىدۇ، بالايى-مۇسىبەتلەر مۇسۇلمان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەھمىتىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنساننىڭ بېشىغا بالايى-مۇسىبەتلەر، كېلىشمەسلىكلەر ۋە زۇلۇم-ئىستىبداتلار ھەر تەرەپتىن كېلىشكە باشلىغاندا، ئىنسان قايسى تەرەپتىن بولسۇن ئاسايىشلىقنىڭ كېلىشى، مۇسىبەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە ئۈمىدنىڭ ئېچىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ كۈنلەردە ئىسلام ئۈممىتىگە مۇسىبەتلەر ھەممە تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان، ئىسلام دۈشمەنلىرى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن سۈيقەست قىلىۋاتقان پەيتتە، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە قۇدرىتىدىن باشقا ھېچقانداق كۈچ، ئۈممەتنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرۈۋېتەلمەيدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىدىن غالىبتۇر، لېكىن كۆپلىگەن ئىنسانلار ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى ۋە دۇنيادىكى ھەر قانداق كۈچ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالدىدا چارىسىز قالىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.

ئۆتمۈش تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلىغان، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن

مۇسىبەتلەرنى ئەسلىگەن ۋە قۇرئان، ھەدىستىن ئىبارەت، ئىككى ۋەھيىنىڭ روھىنى چۈشەنگەن كىشى، شۇ ھەقىقەتنى بىلىدۇكى، مۇسۇلمانلار ھەر زامان مۇسىبەت ۋە ئىمتىھانلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئۈممەتنىڭ بېشىغا كۆتۈلمىگەن مۇسىبەتلەرنىڭ كېلىشى، ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بولۇپ، مۇسۇلمان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى رەھمەت بولغاندەك، مۇسىبەتلەرمۇ سىناق ۋە ئىمتىھان بولۇپلا قالماستىن گۇناھلارغا كاپارەتتۇر. ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ بېشىغا ئىنسان چىداپ تۇرالمايدىغان ۋە ئەقىلگىمۇ سىغمايدىغان مۇسىبەتلەرنىڭ كېلىشى، ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلغان كەلگۈسى نۇسرەت ئۈچۈن تاۋلاش سىنىقىدۇر.

مۇسۇلمانلارغا كېلىشمەسلىك ۋە مۇسىبەتلەر كۆپ بولغانسېرى قەلبى يۇمشاپ ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئاللاھ بەلگىلىگەن قانۇنىيەتنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئىنسانلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ئاقىۋىتى، بارلىققا كېلىشى، يوقىلىشى ۋە دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىدەك ئىشلار، ئاللاھنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر. دۇنيادا بارلىق ئىشلار، ھەتتا دەرەخنىڭ بىر تال غازىڭىنىڭ يەرگە تۆكۈلۈشى، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە بىلىمى دائىرىسىدىن تاشقىرى ھاسىل بولمايدۇ. بۇنىڭدا تەقۋادارلارنىڭ ئىمامى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە ئەڭ ياخشى ئۈرنەكتۇر.

مۇسىبەت كەلگەندە ئىنسانلار ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ، بىر تۈرلۈكى ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلماستىن، بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، ئاللاھقىلا تەۋەككۇل قىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە سەۋەب قىلىش بىلەن بىرگە يولىغا داۋام قىلىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك ئىنسانلار بولسا، مۇسىبەت كېلىپ، بېشىغا كۈن چۈشسە، سەۋر قىلالماستىن، ئۈمىتسىزلىك پاتقىقىغا چۆكۈپ، سۆز-ھەرىكەتلىرىدىمۇ قالايمىقان جۆيلۈپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن شەك قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ زالىملارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان قاھھار ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلىپ، ئىماندىن ئاجراش دەرىجىسىگە كېلىپ قالىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿مَن كَانَ يَظُنُّ أَن لَّن يَنصُرَهُ ٱللَّهُ فِى

ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِ فَلْيَمْدُدْ بِسَبَبٍ إِلَى ٱلسَّمَآءِ ثُمَّ لْيَقْطَعْ فَلْيَنظُرْ هَلْ يُذْهِبَنَّ كَيْدُهُۥ مَا يَغِيظُ﴾ ﴿كىمكى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەرگىز ياردەم بەرمەيدۇ دەپ گۇمان قىلىدىكەن، ئۇ تورۇسقا ئارغامچا سىلىپ بوغۇلۇپ ئالسۇن، قارىسۇنكى، ئۇنىڭ (بۇ) تەدبىرى غەزىۋىنى باسالامدۇ؟ (يەنى ئاللاھ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بەرمەيدۇ دەپ ئويلايدىكەن، ئۇ ئىسىلىپ ئۆلىۋالسۇن، ئەگەر بۇ ئۇنىڭ خاپىلىقىنى باسالايدىغان بولسا. (چۈنكى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە چوقۇم ياردەم بېرىدۇ)﴾[1].

ئىنسانلارغا ئاللاھنىڭ قازا ۋە قەدەرى، ھۆكۈملىرى ئىجرا بولماي مۇمكىن ئەمەس. بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە تاقابىل تۇرىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. مۇئمىنلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان مۇسىبەتلەر، كۈلپەتلەر ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر، بەزىلەر ئۇچۇن گۇناھلىرىغا كاپارەت، ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرۇش، ياخشى ئىشلارغا رىغبەتلەندۈرۈش بولسا، بەزىلەر ئۈچۈن دەرىجىسىنى كۆتۈرۈش، بۇ دۇنيادا شەرەپلىك ۋە قىلىش ئۈچۈندۇر. ھەقىقىي مۇئمىن بېشىغا كۈن چۈشۈپ، مۇسىبەتكە يولۇقسا، ئاچچىقلىنىپ دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ داد-پەرياد قىلمايدۇ.

بالايى-مۇسىبەتكە دۇچ كەلگەندە سەۋر قىلىپ مۇستەھكەم تۇرالىغان ئىنسان، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىنساندۇر. ئاللاھ قانداق بىر بەندىنى ھەر قانداق مۇسىبەتكە دۇچار قىلسا، ئۇنى بۇ دۇنيادا قىلغان گۇناھلىرى ۋە خاتالىقلىرىدىن پاكلايدۇ، سىلەر بەزى نەرسىلەرنى يامان كۆرۈشىڭلار مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە ئۇ نەرسە سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ھەرنىنىڭ نەشتىرىسىز ھەسەل چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. گۈلنىڭ تىكىنى بولغاندەك، ئىمانى كۈچلۈك بولغان مۇئمىن، بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ كەلگۈسى ياخشىلىقلار ۋە نۇسرەتنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ.

بالايى-مۇسىبەتلەر ئىنسانلارنىڭ بېشىغا كەلگەندەك، مىللەت ۋە ئۈممەتنىڭمۇ بېشىغا كېلىدۇ. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىمىز بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. كۆپلىگەن مىللەتلەر ئۇزۇن مۇددەت خارلىقتىن كېيىن،

[1] سۈرە ھەج: 15 - ئايەت

قايتا دۇنياغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ، خوجا بولىدۇ. كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم دۇنياغا ئۆزىنى كۆرسەتكەن مىللەتلەر، ئىز- دېرەكسىز بۇ دۇنيادىن يوقاپ كېتىدۇ. كۆپلىگەن زالىملار، ئاللاھنىڭ جەببار ۋە قەھھار سۈپەتلىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىققا يول ئاچىدۇ، بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئازابلاپ قىينايدۇ.

شام زالىمى (بەششار ئەسەد) ماڭا ھېچكىمنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، خالىغاننى قىلىمەن، خەلقىمنى خالىغانچە باستۇرىمەن، زالىم، كۈچلۈك دۆلەتلەردىن يانتايىقىم بار، كىممۇ ماڭا تەڭ كېلەلەيتتى! دەپ، ئىنتىقام ئالغۇچى، جەببار ۋە قەھھار سۈپىتى بار ئاللاھنى ئۇنۇتتى. ئاللاھ ئۇنىڭدىن چوقۇم بىگۇناھ ئاققان مىڭلارچە كىشىنىڭ قېنى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ.

ئى ئاللاھ! زالىملارنى، ھەددىدىن ئاشقان مۇتەكەببىرلەرنى ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن نۇھ، ئاد ۋە سەمۇد قەۋمىنى ھالاك قىلغاندەك ھالاك قىل!

شامدا ئىنسانلارنىڭ ۋە مەسجىدلەرنىڭمۇ ھۆرمىتى قالمىدى، تۇل ئاياللار ۋە يېتىم قالغان نارىسىدە باللار يىغا-زار قىلىشماقتا. كىچىك باللارنىڭ جەسەتلىرى پارچە -پارچە بولۇپ يوللاردا چېچىلىپ ياتماقتا، بۇنداق بىگۇناھ قانلارنىڭ ئېقىشى دەرھال توختىشى كېرەك! بۇنداق قانخورلۇقلارغا قاراپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلىش ئېغىر جىنايەتتۇر. بۇنداق جىنايەتنى تارىخ ئۇنۇتمايدۇ ۋە ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، تەقۋادار بولۇڭلار، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن سىلەرگە نۇسرەت بىلەن بىشارەت بېرىمەن! زۇلۇمنىڭ ئاقىۋىتى خارلىق. زالىمنى بۇ دۇنيادا ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ، ئاقىۋىتى خارلىق بىلەن ئۆلۈش ۋە قىيامەتتە جايى جەھەننەمدۇر. غەلىبە-نۇسرەت، سەۋر قىلىش ھەمدە مۇستەھكەم تۇرۇش بىلەن قولغا كېلىدۇ. زەپەر قازىنىش بولسا، تەڭدىشى يوق ئاللاھقا سېغىنىش بىلەن بولىدۇ.

ئۇممەتنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى، تارىخ بويىچە ئەڭ ئېغىر ۋە ئېچىنارلىق باسقۇچ بولۇپ، ئۇممەتنىڭ دۈشمەنلىرى ھەر تەرەپتىن سۈيىقەست قىلىپ، پۇرسەت كۈتۈپ كەلمەكتە. بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۇممەت بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىققا موھتاج، ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇندا

قويىشى كېرەك. ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى-مۇسىبەت ھەزىم قىلىش قىيىن بولغىدەك دەرىجىدە ئېغىر بولسىمۇ، ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋرسىنى سىناش ۋە كەلگۈسى غەلىبىلەرگە ئۇل ھازىرلاش ئۈچۈن بىر ئىمتىھان قىلدى. شۇڭا ئۇھۇد غازىتىدىن كېيىن ئىسلام ئۈممىتى ھەر ساھەدە غەلىبە-نۇسرەتلەرگە ئېرىشتى، ئاللاھنىڭ دىنى دۇنياغا نۇر چاچتى. ئۇھۇد غازىتى ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن نۇسرەتكە سەۋەب بولغان تىرياق بولۇپلا قالماستىن، ئىسلام نۇرىنى دۇنيانىڭ غەرب-شەرقىگە چاچقان سېھرلىك كۈچ ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندىمۇ شام، پەلەستىن زېمىنلىرىدا رەزىل سېھيونىزىمچى جوھۇدلارنىڭ، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىگە تاقابىل تۇرۇشتا، ئۇھۇد غازىتىنىڭ ئۆچمەس روھى مۇسۇلمانلارغا روھىي ئوزۇق بولغۇسى. تېررورلۇق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنىڭ جىنايەتلىرى ھەممە تەرەپتىن قاپلىۋالغىنىغا قارىماي، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن غەلىبە، نۇسرەت ۋە شەرەپ ئىسلام ئۈممىتىگە مەنسۇپتۇر. ئاخىرىدا دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارغا مۇراجىئەت قىلىمىزكى، سۈرىيە، پەلەستىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش دۇنيانىڭ باشقا يەرلىرىدە زۇلۇمغا دۇچ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەر ياردەم قولىمىزنى سۇنۇش ئىسلامىي ۋە ئىنسانىي بۇرچىمىزدۇر.

ئاخىرىدا ئاللاھ بىزلەرگە دۇنيادا نۇسرەت، ئاخىرەتتە رەھمەت ۋە جەننەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!!

# ئىسلام دىنىدىن قورقۇش ۋە قورقۇتۇش دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئەزەلدىن قوللىنىپ كەلگەن قۇرالى

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

2012 – يىلى 4 – ئاينىڭ 7 – كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلام دىنىدىن قورقۇش ۋە قورقۇتۇش، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئەزەلدىن قوللىنىپ كەلگەن قورالى، بۇنداق شەيتانلار ھەر زامان ئاكتىپ تەشۋىق قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ تەشۋىقاتلار باشقا دىنلىكلەر بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئىشەنچ ۋە ھۆرمەت كۆۋرۈكلىرىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىسلام تارىخىدا «بەيئەتۇلئەقەبە» دەپ تونۇلغان مەشھۇر ۋەقەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەنسارلار بىلەن مەخپى ھالدا كېلىشىم تۈزۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياردەم بېرىشكە قول بېرىپ ۋەدە ئالغان، بۇ ۋەقەنى چۈشەندۈرۈپ مەشھۇر ساھابە كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلغان: بەيئەتۇلئەقەبە ۋەقەسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى بولۇپ بەيئەت قىلغان ساھابە بەرائ ئىبنى مەئرۇر ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنلا ساھابىلەر ئارقا-ئارقىدىن بەيئەت قىلىشقا باشلىغان. بەيئەت ئاخىرلىشاي دەپ تۇرغاندا، ئەقەبەنىڭ چوققىسىدىن ناھايىتى پەس ئاۋاز

بىلەن شەيتان ۋارقىراپ بەيئەت قىلغان ساھابىلارنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاشقا ئۇرۇندى ۋە <ئى ئەھلى جەباجىب! مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى سىلەرگە قارشى جەڭ قىلىشقا كېلىشتى>، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! ئاللاھ بىلەن قەسەم! بىلگىنكى، مەن سېنى چوقۇم مەغلۇب قىلىمەن» دېدى[1]. (بۇ ھەدىس ناھايىتى ئۇزۇن ھەدىس بولۇپ، پەقەت مۇشۇنچىلىك بايان قىلىمىز).

بۇ ئىسلام تارىخىدا يۈز بەرگەن تۇنجى قېتىملىق ئىسلامدىن قورقۇتۇش بولۇپ، بۇنى شەيتانلاردىن بىرى قوزغىغان ۋە ئۆزىنىڭ ئىغۋاسىدا ئىسلام دىنىنىڭ دۇنياغا كېلىشى كىشىلەرگە قارشى ئۇرۇش ئاچقانلىق دەپ تەسۋىرلىگەن. شۇنىڭدىن بېرى تا كۈنىمىزگە قەدەر، ئىنسانلار ئىچىدىكى شەيتانلارمۇ ئىسلام دىنىدىن قورقۇتۇپ، ئىسلامنى ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكىنى چەكلەپ، خالىغاننى قىلىشتىن توسۇپ قويىدىغان دىن سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ كەلدى. ئىسلام دىنىدىن قورقىدىغان ۋە باشقىلارنى قورقىتىدىغان تەشۋىقاتلار كۈنىمىزدىمۇ داۋاملىشىۋاتقان بولۇپ، خەلقئارادىكى كۈچلەر، دۇنيا جامائەتچىلىكلىرى، دۇنيادىكى سىياسىيونلار ۋە تەشۋىقات ساھەسىدىكىلەر، داۋاملىق ئىسلام دىنىنى ياۋايى، دۈشمەنلىشىش ۋە تاجاۋۇزچىلىق دىنى سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىپ كەلدى.

غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئىسلام مەدەنىيىتى ياۋايى، قانخور بىر مەدەنىيەت. غەرب مەدەنىيىتى بولسا، ئادالەتلىك، كەچۈرۈمچان ۋە ئىنساپ مەدەنىيىتى ئىمىش!. ئەگەر ئۇلار ھەقىقىي ئادالەت، ئىنساپ ئىزدىسە، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ پرىنسىپىدا ئەدەپ-ئەخلاق، ئالىجاناپلىق، كەچۈرۈمچانلىق ۋە ئادالەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى بىلگەن بولاتتى. ئىسلامدىن قورققۇچىلارنىڭ قورقۇنچىسى، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغانلار ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق سەلبىي تەسىر پەيدا قىلىدۇ. ئۆز ئارا ئىشەنچ ۋە ھەمكارلىق كۆۋرۈكىنى يىقىتىپ تاشلاپ، خەلقئارا ئالاقىلارنىڭ بۇزۇلىشىغا ۋە ئىنسانىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق مەنپەئەتلەرنىڭ ۋەيران بولىشىغا سەۋەب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئارىدا ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچىدۇ ھەمدە

[1] ئىمام ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

ئىنسانلار ئارىسىدا دىنلارنى يەكلەيدىغان، مەزھەبلەر ئارا ئاداۋەت ئوتى قوزغىلىدىغان، دىنى ۋە مىللىي كەمسىتىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغان، نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ دىنىي ۋە شەخسىي ئەركىنلىكى بوغۇلۇپ، ئاللاھنىڭ دىنى بولغان مۇقەددەس ئىسلام دىنىنىڭ كەچۈرۈمچانلىق روھى بۇلغىنىدىغان ئەھۋاللار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دىنلار ئارا دىنىي ئۆچمەنلىك ئوتى قوزغىلىدۇ، بەزى رادىكال كۈچلەر، ئىسلام مۇقەددەسلىرىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان، قۇرئان كەرىمگە بى قىلىپ، ئۇنى ھاقارەت قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ ئاياللارنىڭ ئىسلامىي ھىجابىنى چەكلەيدىغان ۋە ئىسلامنىڭ روھىغا زىت قانۇن تۈزۈملەر يولغا قويۇلماقتا. خەلقئارادىكى تەشۋىقات ساھەلىرى ئىسلام دىنىنى تېرورلۇق ۋە رادىكاللىق بىلەن باغلاشقا ئۇرۇنماقتا. ئىسلامدىن قورقۇش، پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ 60 يىلدىن بىرى زۇلۇمغا ئۇچرىشى، بەلكى زۇلۇمنى قانۇنلۇق قىلىپ كۆرسىتىشكە ئېلىپ بارغان، پەلەستىن خەلقىنىڭ قانلىرى ھالال قىلىنغان.

باشقا دىندىكى ئىنسانلارنىڭ مەدەنىي مىراسلىرى، ئىنسانلارنى ئىسلامغا قارشى قوزغاشتا مۇھىم رول ئوينىغان، غەرەزلىك تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە زالىم سىياسەتلەر ئاداۋەت ئوتىغا بېنزىن چاچقان. ب د ت باش سېكرېتارى ب د ت مۇنبەرلىرىدە: ئىسلام دىنىدىن قورقۇتۇش دولقۇنى، دىنغا قارشى ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەرىجىسىگە يېتىپ قالىدۇ، دېگەن. بۇنىڭدىن بۇرۇنقى مەسئۇللارمۇ دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئىسلام دىنىغا قارىتا ئىنساپ ۋە ئادالەت نەزىرى بىلەن قاراش لازىملىقىنى تەكىتلەپ، ئەگەر بۇ مەسىلىگە سەل قارالغان تەقدىردە، ئارىدا قانلىق سۈركىلىشلەرگە سەۋەب بولۇپ قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

ھەقىقەتتە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتى ۋە توغرا تەلىماتىنى بىلمەسلىك، ئىسلامدىن قورقۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدە بىلمىگەن نەرسىدىن قورقىدۇ.

دۇنيا ئىسلام دىنىدىن نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا قورقىدۇ؟ مۇسۇلمانلار ھېچقاچان ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىغا سەۋەبچى بولمىغان. بىرىنچى

دۇنيا ئۇرۇشىدا 17 مىليون، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 50 مىليون ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، يارىدارلار ۋە مېيىپلار ئۇنىڭ سىرتىدا. مۇسۇلمانلار ھېچقاچان باشقا دۇنيانى مۇستەملىكە قىلىپ بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىشقا ئۇرۇنمىغان. ئىسلام ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا باشقا دىنلارنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمىغان. بەلكى ئىسلام دىيارىدا تارىختىن بىرى باشقا دىندىكى مىللەتلەر تولۇق ئەركىنلىك ئىچىدە ياشىغان، كەمسىتىشكە ۋە يەكلەشكە ئۇچرىمىغان.

بۈگۈنكى كۈندە سۇرىيەدەك بىر دۆلەت خەلقى قەتلىئام ۋە ئىرقىي تازىلاش جىنايەتلىرىگە دۇچ كەلسە، دۇنيا خەلقىنىڭ بۇنى تاماشا قىلىپ ھېچ ئىش قىلماستىن قاراپ تۇرۇشى، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئىنسانىي ئەخلاقنىي يوقاتقانلىقى دېسەك، قەتلىئامغا يولۇققانلارنىڭ مۇسۇلمانلار بولۇپ قالغانلىقى سەۋەب بولۇشىمۇ مۇمكىن! سۇرىيە قىرغىنچىلىقى، دۇنيا خەلقىنىڭ دۇنيا جامائەتچىلىكىگە قارىتا ئىشەنچىسىنى يوقاتتى. ھازىرقى زاماندىكى خەلقئارا ئالاقىلەردە ئىنسانىيەت، ئەخلاق ۋە ۋىجدان ئۆلچىمى يوقالغان بولۇپ، پۈتۈن ئالاقىلار مەسئۇلىيەتتىن تامامەن خالى مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان.

ئىنسان ھەقلىرىنى مۇداپىئە قىلىش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشتىن ھالقىپ، ھايۋانلارنىڭ ھەقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتلىرىمۇ قۇرۇلغان، بەزى دۆلەتلەر ئىنسان ھەقلىرىنى مۇداپىئە قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنى قىلىپ بېكىتكەن، ئۆتكەن يۈز يىل مابەينىدە ھېچقانداق بىر ئىسلام دۆلىتى غەيرى دىندىكى بىر دۆلەتنى بېسىۋالغىنى يوق. ئەكسىچە مۇستەملىكىلەرنىڭ قۇربانلىرى ھەر ۋاقىت مۇسۇلمانلار بولۇپ كەلدى.

تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى دۇنيانىڭ قايسى بۇلۇڭىدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، جاللاتنى قۇربان بولغۇچى، قاتىلنى ئۆلتۈرۈلگۈچى سۈپىتىدە كۆرسىتىپ، تەتۈر تەشۋىقات بىلەن دۇنيا خەلقىنىڭ كۆزىنى بوياپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن رەھمەت، مېھرىبانلىق، ئاسانلاشتۇرۇش، كەچۈرۈمچانلىق دىنى بولسىمۇ، ئىنساننىڭ ئىنسان ئالدىدا خارلىنىشىغا يول قويمايدۇ. كەچۈرۈمچانلىق دېگەن، ئۆزىنى خارلاش دېگەنلىك بولماستىن،

بەلكى ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر بولۇپ تۇرۇپ، كەچۈرۈم قىلىش ۋە زالىملارغا تەسلىم بولماسلىق، دېگەنلىكتۇر.

ئىسلام دىنىدىن قورقۇش ھەمدە باشقىلارنى قورقۇتۇش، دىن دۈشمەنلىرى ئىجات قىلغان ئىجادىيەت بولۇپ، ئىسلامدا سىياسىي زوراۋانلىق، ئىرقىي ئايرىمىچىلىق ۋە شەھۋانىيەت يوقتۇر. ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارغىلا خاس دىنمۇ ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىنسانىيەتكە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئالەمشۇمۇل دىندۇر. مۇسۇلمانلار دۇنياغا ئىسلامنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يەتكۈزۈشى ۋە ئىسلام پرىنسىپلىرىنى ھاياتىدا مۇكەممەل تەدبىقلىشى كېرەك. قورقۇنچ ئىسلامنىڭ كەلگۈسىدە ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە بولۇپ، دىنىنى ئاللاھ ئۆزى ھىمايە قىلىدۇ، مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىنىڭ ئىستىقبالىدىن غەم يېمەستىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىدىن غەم يېيىشى كېرەك.

دۇنيادا ھەر قانداق دۆلەت، باشقا دۆلەتلەر ئىچىدە ئۆز قەدرى-قىممىتىنى كۆتۈرۈشنى خالىسا ۋە ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنى خالىسا، زالىمغا قارشى مەزلۇمنىڭ تەرىپىنى ئالسۇن ۋە زالىمغا يانتاياق بولمىسۇن، چۈنكى زۇلۇم ۋە زالىملارنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئاقىۋىتى خارلىق ۋە قىيامەتتىكى ئاقىۋىتى جەھەننەمدۇر.

# ھالال رىزىق تېپىشقا تىرىشىش ساۋاپلىق ئىش بولغاندەك، ھارامدىن پۇل تېپىش جەھەننەمنى سېتىۋالغانلىقتۇر

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

2012 – يىلى 4 - ئاينىڭ 13 – كۈنى

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ- سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مال- دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ۋە مال دۇنيا توپلاش، ئىنسان تەبىئىتىدىكى خۇسۇسىيەتلەر بولسىمۇ، ھالال رىزىق تېپىشقا تىرىشىش ساۋاپلىق ئىش بولغاندەك، ھارامدىن پۇل تېپىش جەھەننەمنى سېتىۋالغانلىقتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت- سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسان تەبىئىتىدە مال- دۇنياغا قىزىقىش ۋە دۇنيا ئۈچۈن ھارماي- تالماي ئىشلەش خۇسۇسىيىتى بولغاندەك، مال- دۇنيانى ئاپەت ۋە خەتەرلەردىن ساقلاشمۇ ئاقىلانە ئىشلاردىندۇر. مال- دۇنياغا قىزىقىش ۋە ھېرىسمەن بولۇشنىڭ ئىنسان تەبىئىتىدىكى خۇسۇسىيەت ئىكەنلىكىنى قۇرئان كەرىم ئوچۇق بايان قىلىپ، مۇنداق دېگەن: ﴿وَتُحِبُّونَ ٱلۡمَالَ حُبّٗا جَمّٗا﴾ ﴿مالنى (ھېرىسلىق بىلەن) ناھايىتى دوست تۇتىسىلەر﴾[1]. ۋە ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّهُۥ لِحُبِّ ٱلۡخَيۡرِ لَشَدِيدٌ﴾ ﴿ئىنسان پۇل- مالغا ئىنتايىن

[1] سۈرە فەجر: 20 ـ ئايەت

ھېرىستۇر﴾[1].

رەھمەت پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنيانى ياخشى كۆرۈش ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئىككى نەرسىنى ياخشى كۆرۈشتە قېرىلارنىڭ قەلبى ياشلارغا ئوخشاشتۇر، بىرى ياشاشنى ياخشى كۆرۈش (ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىش)، ئىككىنچىسى، مال-دۇنيانى ياخشى كۆرۈشتۇر».

ئىنسان بىر نەرسىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرسە، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن ھەر قانداق چارە-تەدبىرلەرنى ئىشقا سالىدۇ. ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ ئەنە شۇ ئارزۇسىغا يېتىشنى ئىنساننىڭ مەيلى-خاھىشىغا تاشلاپ قويماستىن، دۇنيانىڭ قولى بولۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قانۇن-تۈزۈملەرنى يولغا قويغان ۋە قۇرئان، ھەدىسلەردە يول خەرىتىسىنى سىزىپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى بەندىگە بېرىلگەن ياخشى مال-دۇنيانى ماختاپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئەمرى! پاك مال-دۇنيا ياخشى ئادەمنىڭ قولىدا بولسا، نېمىدېگەن ياخشى!».

مالنىڭ ياخشىلىقى ئۇنىڭ خېمىر تۇرۇچىنىڭ پاكلىقىغا باغلىق. ئۇنداقتا ئىنسان ھارام يېيىشتىن ساقلىنىشى كېرەك، ھارام مال-دۇنيادىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى يېيىش بولسا، ئىنسانغا بالايى-ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ پاكتۇر، پاك نەرسىدىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدۇ، ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى نېمىگە بۇيرىسا، مۆمىنلەرنى شۇ نەرسىگە بۇيرىغاندۇر».

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلرُّسُلُ كُلُوا۟ مِنَ ٱلطَّيِّبَـٰتِ وَٱعْمَلُوا۟ صَـٰلِحًا ۖ إِنِّى بِمَا تَعْمَلُونَ عَلِيمٌ﴾ ﴿ئى پەيغەمبەرلەر! ھالال نەرسىلەرنى يەڭلار، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىڭلار، مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى ئوبدان بىلىمەن﴾[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم ئۇزۇن سەپەردە ھېرىپ-چارچاپ چاچلىرى چۇۋۇلغان، چىرايىنى توپا باسقان ھالدا ئاللاھقا قول كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم! ئى رەببىم! دەپ دۇئا قىلىدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگىنى ھارام، ئىچكىنى ھارام، تاپقان

[1] سۈرە ئادىيات: 8 ـ ئايەت
[2] سۈرە مۆمىنۇن: 51 ـ ئايەت

پۇللىرى ھارام، ئۇنداق ئادەمنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟» . (مۇسلىم1015)

ئەھلى ئىلىملار مۇنداق دەيدۇ: ئىنسان ئەمەللىرىنىڭ مەقبۇل بولۇشىنىڭ بىرىنچى شەرتى، ھالال رىزىق يېيىشتۇر. ھارام يېگەندىن كېيىنلا پۈتۈن ئەمەللەر مەقبۇل بولمايدۇ، بەلكى بۇزۇلىدۇ.دېمەك، بارلىق ئىنسانىيەت ھەتتا پەيغەمبەرلەر ھالالدىن يېيىشكە ۋە ياخشى ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئەمەللەرنىڭ مەقبۇل بولۇشى، ھالالدىن رىزىق تېپىشقا باغلىقتۇر. ئالىملار بۇ ئۇقۇمغا ئاساسەن دەيدۇكى، ھارام پۇلدىن قىلىنغان سەدىقە قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تاھارەتسىز ئوقۇغان نامازنى قوبۇل قىلمىغاندەك، ھارامدىن تاپقان مالنىڭ سەدىقىسىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ» . مەسىلەن، ئۇرۇشتا غەنىمەت چۈشكەن مالنى ھەقلىق كىشىلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىشتىن بۇرۇن ئېلىۋېلىش، ھارامدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «مالنىڭ زاكىتىنى بەرسەڭ، بۇرچۇڭنى ئادا قىلغان بولىسەن، ھارامدىن پۇل تېپىپ سەدىقە قىلغان ئادەمگە ئەجرى بېرىلمەيدۇ» .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئادەم ھارامدىن پۇل تاپسا، شۇ پۇل بىلەن تۇققانلىرىغا سىلە رەھىم قىلسا، ياكى سەدىقە قىلسا، ياكى بولمىسا ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلسا، شۇ قىلغانلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ شۇ ئادەمنى جەھەننەمگە تاشلايدۇ» . دېمەك، ئادەم قانچە كۆپ ئىبادەتلەرنى قىلسۇن، قانچە كۆپ سەدىقە۔ زاكاتلارنى بەرسۇن، ئاللاھ يولىدا قانچە كۆپ پۇللارنى خەجلىسۇن، تاپقان پۇللىرى ھارامدىن بولسا، ئاخىرقى نەتىجىدە ئادەمنىڭ يەنىلا بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. بۇ نېمىدىگەن ئېچىنارلىق ۋە قورقۇنچلۇق ئاقىۋەت ھە!.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئى كەئىب ئىبنى ئۇجرە! بىلگىنكى، ھارامدىن ئوزۇقلىنىپ ئۆسكەن گۆش جەننەتكە كىرمەيدۇ» . ھارامنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئاساسلىقى: جازانە يېيىش، يېتىمنىڭ ھەققىنى يېۋېلىش، پارا ئېلىش ۋە پاھىشە ئارقىلىق پۇل

تېپىشتەك ئىشلار ئاساسلىق ھاراملاردۇر. ئۇنىڭ سىرتىدا، جىنكەشلىك قىلىپ پۇل تېپىش، جىنكەشلەرگە پۇل بېرىش، ھاراق-شاراپ سېتىپ پۇل تېپىش، زەھەرلىك چېكىملىك ئارقىلىق پۇل تېپىش، ئاللاھ ھارام قىلغان ھەر قانداق يول ئارقىلىق پۇل تېپىش، يېمەك-ئىچمەكلەردىمۇ ئاللاھ ھارام قىلغان يېمەكلىكلەر، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ تىجارىتىنى قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھارام ئىشلاردۇر. ھارامدىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى تەقۋادارلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە خىتاپ قىلىپ: «سىلەر ئاللاھتىن ئۆز لايىقىدا ھايا قىلىڭلار!» دېگەندە، ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھقا شۈكرى، بىز ئاللاھتىن قاتتىق ھايا قىلىمىز، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر چۈشەنگەن ھايانى دېمەيۋاتىمەن. ئاللاھتىن ھايا قىلىش بولسا، باش ۋە ئۇنىڭدىكى ئەقلىنى ھارامدىن ساقلايسەن، قورساق ۋە قورساقتىكى ھەممە نەرسىنى ھارامدىن ساقلايسەن، ئۆلۈم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاقىۋەتلەرنى ئەسلەيسەن، ئاخىرەتنى ئويلىغان ئادەم، دۇنيانىڭ زىننىتىنى تاشلايدۇ. شۇلارنى بىجا كەلتۈرگەن ئادەم، ئاللاھتىن ئۆز لايىقىدا ھايا قىلغان ئادەمدۇر» دېگەن.

ھۇزەيفە ئىبنى يەمان رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەتراپىدىكى ساھابىلارغا: ئەتراپىمغا ئولىشىڭلار! دېگەندە، ساھابىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مانا بۇ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى جىبرىل مىنىڭ كۆڭلۈمگە سالدى ۋە مۇنداق دېدى: ھېچقانداق بىر جان ئىگىسى رىزقىنى تولۇق ئېلىپ بولماستىن ئۆلمەيدۇ. ئاللاھتىن قورقۇڭلار، تەلەپنى ياخشى قىلىڭلار! رىزقىڭلارنىڭ كېچىكىپ قېلىشى، سىلەرنى رىزىق تەلەپ قىلىش يولىدا گۇناھ-مەسىيەتكە زورلىمىسۇن» دېگەن.

ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ھەر قانداق نەرسىگە، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش ئارقىلىقلا يېتىكىلى بولىدۇ. شۇنى ئەسلەش كېرەككى، ئاللاھ قىيامەت كۈنى بەندە قولىغا كەلتۈرگەن رىزىقنىڭ مەنبەئىنى سورايدۇ، ئۇنى نەگە ئىشلەتكەنلىكىنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ، ئاندىن ئادىللىق بىلەن سورايدۇ ۋە

ھېچقاچان زۇلۇم قىلمايدۇ. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بەندە قىيامەتتە ھەممىدىن ئەۋۋەل ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكى، بىلىمىنى نېمىگە ئىشلەتكەنلىكى، مېلىنى نەدىن تېپىپ، نەگە ئىشلەتكەنلىكىدىن سورىلىدۇ» دېگەن. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئادەمنى بىخۇتلاشتۇرۇپ، ئازدۇرۇپ تاشلايدىغان كۆپ مالدىن، ئادەمگە تەستە يەتسىمۇ، ئازدۇرمايدىغان رىزىق ياخشىدۇر.

يۇقىرىدىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن شۇنداق خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى، ئىنسان نېمە قىلسا قىلسۇن، ھالال رىزىق تەلەپ قىلىپ، ھارامدىن ئۆزىنى تارتسۇن. جەمئىيەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا ھەسسە قوشسۇن!. چۈنكى، ھالال رىزىق ئىنسانغا ياخشىلىق ۋە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئەسلىدە شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە، ھەممە نەرسىنىڭ ئەسلى ھالال بولۇپ، ھارام قىلىنغان نەرسىلەر ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. بىرى ئۆزىدىن نىجىس بولۇپ، ئۇ پاكىنىڭ زىتىدۇر. ئىككىنچى تۈرى ئەسلىسى ھارام بولماستىن، خىلاپ يول ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەنلىك ئۈچۈنلا ھارامغا ئايلىنىپ قالىدىغان نەرسىلەردۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزگە ھالالدىن رىزىق بەرسۇن، ھالال يېيىشكە ۋە ھارامدىن ساقلىنىشقا ئۆزىمىز ۋە ئەۋلادىمىزنى نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!!

# دىنىنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىپ، بەزىسىگە ئەمەل قىلماسلىق ئىسلام روھىغا زىت

ئۇستاز دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(28/5/1433هـ 20/ 4/2012م )

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمانلار ئىسلام دىنىدىن پەخىرلىنىشى كېرەك، ئىسلام مەدەنىيىتى دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەتلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دىنىنىڭ بەزىسىگە ئەمەل قىلىپ، بەزىسىگە ئەمەل قىلماسلىق ئىسلام روھىغا زىتتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا، خۇشاللىق ۋە قايغۇلۇق كۈنلەردىمۇ تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلارنى توپلاپ مۇنداق دېدى: «مەن ۋە مېنى ئاللاھ ئەۋەتكەن رىسالەت (پەيغەمبەرلىك)، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇكى، بىر كىشى ئۆز قەۋمىگە خىتاپ قىلىپ: ئى قەۋمىم! مەن تاغنىڭ ئارقىسىدا سىلەرگە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن قوشۇنلارنى كۆردۈم، مەن سىلەرنى ئۆلارنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغۇچى دېگەندە، ئۇنىڭغا بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىشىنىپ، ئەگەشكەنلىكتىن قۇتۇلۇپ قالغان. يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەستىن ئۆيلىرىدە بىمالال ئۇخلىغان، سەھەردە دۈشمەن قوشۇنلار بېسىپ كىرىپ، ئۆيلىرىدە قېلىپ قالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلغان. ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن

ئەگەشمىگەن كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى شۇلارغا ئوخشاشتۇر» دېگەن.

مەزكۇر ھەدىس ئىنتايىن سەھىھ ھەدىس بولۇپ، ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلغان كىشى، شۇ ھەقىقەتنى جەزىملەشتۈرەلەيدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زىكىر قىلغان ئىشلار ھازىرقى زاماندا ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. بۈگۈنكىدەك ئۇچۇر دەۋرى، بىلىم-تېخنىكىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن دەۋرلەردە مۇسۇلمانلار مۇقەددەس ئىسلام دىنىدىن پەخىرلىنىدىغان، دىنى بىلىملەرگە قىزىقىدىغان ۋە دىن ئالىملىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان بولغاندا، دۇنيا خەلقى مۇسۇلمانلارغا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئىش ئۇنداق بولمايدۇ. دۇنيادا ھېچنەرسە مەخپى قالمايدىغان، ئۇچۇر ئالاقە ئىنتايىن تەرەققىي قىلغان، دىن دۈشمەنلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى ۋە مەدەنىيەتلىرىنى باشقىلارغا تېڭىۋاتقان، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى كۈچلەندۈرۈپ باشقىلارنى ھەر تەرەپتىن ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىۋاتقان پەيتتە، مۇسۇلمانلار مۇقەددەس ئىسلامغا بولغان ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئىسلام مەدەنىيىتى، ئەخلاقى ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ روھىغا ماسلاشتۇرۇشى لازىم.

مۇسۇلمانلار مەيلى دۇنيالىق، مەيلى ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا ئىسلام كۆرسەتمىسىگە مۇكەممەل شەكىلدە ئەمەل قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن تامامەن چىقىرىشقا كۆزى يەتمىسىمۇ، ئىسلامغا قارىتا سۇيىقەستلەر، پاسىقلاشتۇرۇش ۋە بىخۇتلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە ۋە بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلىرى، زامانىۋى تېخنىكىلار ۋە ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىنى قوللانماقتا. دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلاردا مۇسۇلمان دېگەن ئىسىمدىن باشقا ھېچنەرسە قالمىسىكەن، دەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقىنى، ئەقىدىسىنى بۇزۇش ۋە ئىبادەتلىرىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئىسلامنىڭ ھەقىقىي روھىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىنى خالايدۇ. ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زاماندىكى ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت، دۇنيانى قاپلىغان تەشۋىقات ئاپپاراتلىرى، رادىئو، تېلېۋىزور، ئىنتېرنېت ۋە گېزىت-ژورناللاردەك ۋاسىتىلەر، مۇسۇلمانلارنى ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتىن چىرىتىشكە ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە. ئەمەلىيەتتە

مەزكۇر ۋاسىتىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپ، توغرا ئىسلام روھى كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن.

بىز غەرب مەدەنىيىتى ۋە خەلقئارالىق تېخنىكىلاردا ئىنسانىنىڭ تۇرمۇشىغا پايدىلىق تەرەپلىرىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز. بىراق بىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى ئازدۇرۇپ كەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلالىساقلا بولىدۇ. غەرب مەدەنىيىتى ۋە تېخنىكىلىرىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك ۋە ناچار ئاقىۋىتى، ئەھلى ئىسلامدا ئۆزىنىڭ دىنىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويۇش خەتىرىدۇر.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! كۆپلىگەن مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ خەلقئارا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىسلام روھىغا زىت بولۇشىغا قارىماي، ئۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئۆزلەشتۈرۈشتەك ئاقىۋەتلىرى، ئىنسانىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئىككى تۈرگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ. بىرى: مۇسۇلمان بولمىغانلاردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ بولۇپ، مەزكۇر كۈچلەر تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىگە سىڭىپ كىرگەن ۋە ھەربىي، ئىقتىسادى، سىياسىي جەھەتتىن ئۈچ قىرلىق كۈچكە ئايلانغان. ئىككىنچىسى بولسا، مۇسۇلمانلاردىكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدۇر.

ئەگەر بىز خەلقئارا مەدەنىيەتلەر ئىگىلىرى بىلەن مۇسۇلمانلاردىن شۇلارنىڭ مەدەنىيىتىگە ھەۋەس قىلىپ قالغانلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، خەلقئارالىق مەدەنىيەتلەر بىلەن ھەقىقىي ئىسلام روھى ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن چوڭ پەرقنى كۆرەلەيمىز. بىرىنچى ھەقىقەت شۇكى، ئىسلام دىنى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھەق دىندۇر. دىنىنىڭ شەرىئىتى ھەر زامان ۋە ماكانغا لايىق بولۇپ، تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ، كونىراپ ئەمەلدىن قالمايدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلمەيدۇ. ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى مۇستەھكەم بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى ھىمايە قىلىشقا ۋەدە بەرگەندۇر. مۇسۇلمانلار سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا 14 ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ سەزگۈر ۋە ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى ئىنتايىن ياخشى بىلىدۇ. ھەتتاكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن قوشنىسى، تاغىسى ۋە بالىلىرىدىنمۇ ياخشى بىلىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى: ھەقىقەت ۋە ئادالەت ئۇقۇمى بولۇپ، خەلقئارا مەدەنىيەتلەر، ئادالەت ئۇقۇمىنى داۋاملىق كۆز-كۆز قىلىشىمۇ ئىككى بىسلىق قوللىنىپ كەلگەن. ئادالەتنى مەنپەئەت ئۆلچىمى بىلەن ئۆلچىگەن. ئەگەر ئادالەت مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىپ قالغان تەقدىردە ئۇنىڭغا كۆز يۇمغان. غەربلىكلەرنىڭ ئادالەت مىزانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سۈرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىلىۋالماق قىيىن ئەمەس. غەرب دۆلەتلىرى سۈرىيەگە كەلگەندە، ئادالەت، ئىنساپ ۋە مەزلۇمغا ياردەم بېرىشتەك ئالى جاناپلىقلارنى ئۇنۇتتى، ئۆز خەلقىنى قىرغىن قىلغان زالىم قانخورنىڭ ۋەھشىيلىكلىرىگە كۆز يۇمدى.

مۇسۇلمانلار ھازىرقى زاماندا دەرت-ئەلەملەرگە ئەڭ كۆپ يولۇقىۋاتقان ئىنسانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قانلىرى ھالال قىلىنغان، دىيارلىرى ئىشغال قىلىنغان، ماللىرى تالان-تاراج قىلىنغان، خەلقئارالىق مەدەنىيەتلەر ئۇلارغا تېخىمۇ ئېغىر زۇلۇم قىلىپ مەزلۇمنى تېرورچى قىلىپ سۈپەتلەپ، قانخور، ئوغرىنى بىچارە سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ كەلدى. خەلقئارالىق مەدەنىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ يولسىزلىقلىرىغا «مىللىي مەنپەئەت» دەپ چىرايلىق ئىسىم قويدى. باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئادالەت ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى كۈچ ئۈستىگە قۇردى.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېدى: ﴿وَكَيۡفَ أَخَافُ مَآ أَشۡرَكۡتُمۡ وَلَا تَخَافُونَ أَنَّكُمۡ أَشۡرَكۡتُم بِٱللَّهِ مَا لَمۡ يُنَزِّلۡ بِهِۦ عَلَيۡكُمۡ سُلۡطَٰنٗاۚ فَأَيُّ ٱلۡفَرِيقَيۡنِ أَحَقُّ بِٱلۡأَمۡنِۖ إِن كُنتُمۡ تَعۡلَمُونَ﴾ ﴿ئاللاھنىڭ شېرىكى بولۇش ھەققىدە ئاللاھ سىلەرگە ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن بۇتلارنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قورقمايۋاتساڭلار، سىلەرنىڭ شېرىك كەلتۈرگەن بۇتلىرىڭلاردىن مەن قانداقمۇ قورقاتتىم! ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ئېيتىڭلارچۇ)، بىز بۇ ئىككى گۇرۇھ ئادەمدىن زادى قايسىمىز ئەڭ قورقماسلىققا تېگىشلىك﴾[1].

ئىسلام شەرىئىتىدىكى ئىقتىساد پرىنسىپى بىلەن خەلقئارالىق ئىقتىساد تۈزۈمى ئوتتۇرىدىكى پەرق شۇنچە زوركى، غەرب ئىقتىسادى نورمال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان پۇقرالارنىڭ كىرىمىنى سۈمۈرۈپ، ئۇلارنى جان ساقلاپلا

[1] سۈرە ئەنئام: 81 ـ ئايەت

ياشاشقا مەجبۇرلايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەرب ئىقتىسادى ۋەيران بولۇش ئالدىدا تۇرماقتا. بانكىلار قەرزلەرگە بوغۇلماقتا، غەرب ئىقتىسادى قىمارغا ئوخشاش بولۇپ قالماقتا. ئىسلام ئىقتىسادى بولسا، ئۈچ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ: بىرىنچىسى: باي بولۇشتا بارلىق ئىنسانىيەت ئوتتۇرىدا ئايرىمچىلىق بولمايدۇ. ئىككىنچىسى: بايلىق پەقەتلا بايلار ئىچىدىلا ئايلىنىپ يۈرمەستىن، ھەر تەبىقە كىشىلەرنىڭ قولىدىمۇ ئايلىنىش ھەققى بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّآ أَفَآءَ ٱللَّهُ عَلَىٰ رَسُولِهِۦ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡقُرَىٰ فَلِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَٰمَىٰ وَٱلۡمَسَٰكِينِ وَٱبۡنِ ٱلسَّبِيلِ كَيۡ لَا يَكُونَ دُولَةَۢ بَيۡنَ ٱلۡأَغۡنِيَآءِ مِنكُمۡۚ وَمَآ ءَاتَىٰكُمُ ٱلرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَىٰكُمۡ عَنۡهُ فَٱنتَهُواْۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ﴾ ﴿ئاللاھ پەيغەمبىرىگە غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى) نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر﴾[1].

ئۈچىنچىسى: مۇئامىلىدە ئادالەت تۇرغۇزۇشتۇر. ئاللاھ جازانىنى ياخشى كۆرمەيدۇ ۋە جازانە قىلىنغان ماللارنىڭ بەرىكىتىنى يوقىتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَمۡحَقُ ٱللَّهُ ٱلرِّبَوٰاْ وَيُرۡبِي ٱلصَّدَقَٰتِۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ كُلَّ كَفَّارٍ أَثِيمٍ﴾ ﴿ئاللاھ جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۆچۈرىۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ. ئاللاھ ھەر بىر ناشۈكرى (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[2].

[1] سۈرە ھەشر: 7 ـ ئايەت
[2] سۈرە بەقەرە: 276 ـ ئايەت

# ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە رازى بولۇش، قانائەتچان بولۇش ۋە مال دۇنيادىكى ئاللاھنىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ھەققىنى بېرىش لازىم

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇمەيد

( 6/6/1433ھـ 27/4/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە رازى بولۇش، قانائەتچان بولۇش، مال دۇنيادا ئاللاھنىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ ھەققىنى بېرىش لازىم» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا، بارلىق ئەمەللەر ۋە ئەھۋاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

غايىسى ۋە ماگدىنغان يولىنى بىلگەن، خاتىرجەم بولغان ئادەم بىلەن ئازغۇن، غايىسىز ۋە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقى، نەگە كېتىۋاتقانلىقى ۋە ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىشىنى بىلمەيدىغان ئىككى تۈرلۈك ئادەم ئوتتۇرىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ ھە! كۆپلىگەن پۇل-مال ئىگىسى ياخشىلىققا ئىنتىلىدۇ، ھالال رىزىق تەلەپ قىلىشتا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەيدۇ، ئاللاھنىڭ ھەققىنى (يەنى زاكات، سەدىقىلەرنى) رازىمەنلىك، خۇشاللىق بىلەن ئادا قىلىدۇ. ئىشقا سالغان خىزمەتچىنىڭ ھەققىنى ۋاقتىدا، تولۇق بېرىدۇ. مال-دۇنيا ۋە مەنسەپ ئۈچۈن ئۆزىنى خار قىلمايدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك ئادەملەرباركى، قول-ئىلكىدە مال-دۇنياسى كۆپ، لېكىن كۆزى تويمىغان، تەمەخورلۇقنى تاشلىمىغان، رىزقىنىڭ زىيادە بولمىغانلىقىدىن

ئاچچىقلىنىدىغان ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىدىن شىكايەت قىلىدىغان ئىنسانلاردۇر.

ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇش بۈيۈك نېمەتتۇر. بەندە ئۆز ئىمانىنىڭ كۈچى، سەۋر ـ تەھەممۇلى، زىكىر ـ تەسبىھ ۋە شۈكرانىلار بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئاللاھ بەرگەن رىزىققا رازى بولۇش ۋە قانائەت قىلىش ئاللاھنىڭ بۈيۈك نېمىتى بولۇش بىلەن بىرگە دۇنيانىڭ جەننىتىدۇر. رازىمەنلىك بەختنىڭ سىرى، ئابىدلارنىڭ نېمىتى ۋە مۇخلىسلارنىڭ كۆز قارچۇغىدۇر. ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت پۇل ـ مالنىڭ كۆپلىكى، پەرزەنتنىڭ كۆپلىكى، راھەت ـ پاراغەت ۋە ئابروي ـ مەنسەپ بىلەن بولماستىن، بەلكى تەمەخورلۇققا ۋە ئاچكۆزلۈككە خاتىمە بېرىش بىلەن بولىدۇ.

ھەقىقىي بايلىق روھىي بايلىقتۇر. رازىمەنلىك ۋە قانائەتچانلىق ئىنسانى كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە تالانتىنى ئىشقا سېلىشقا تەشەببۇس قىلىدۇ. قانائەتچان ئادەم كۈچى يەتمەيدىغان ئىشنى ئارزۇ قىلمايدۇ. نېسىپ بولمىغان بايلىقنى تەمە قىلمايدۇ. ھەقىقىي رازىمەنلىك ۋە قانائەتچانلىق، قەلبنىڭ راھىتىدۇر. ئاللاھ تائالا بەندىسىگە نېمىنى تاللىسا، شۇنىڭغا رازى بولۇش ياخشى خىسلەت بولۇپ، ئۇ ئىشەنچ ۋە يەقىنىدۇر. ئاللاھ بەلگىلىگەن رىزىققا قانائەتلەنگەن ئادەم، ئاللاھتىن رازى بولغان كىشىدۇر. ھەقىقىي بەخت ـ سائادەت، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن قولغا كېلىدۇ.

ھەقىقىي مۇئمىن ئاللاھنىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس پەزلى كەرىمىنى ۋە نېمەتلىرىنى ھېس قىلىدۇ. قۇلاق، كۆز، پۇت، قول، مېڭە، سۆڭەك، يېمەك ـ ئىچمەك، ئۇيقۇ، ئويغاقلىق، ئائىلە ۋە ئەۋلاد دېگەندەك نېمەتلەر، ئاللاھنىڭ تۈگىمەس نېمەتلىرى بولۇپ، ئۇنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەستۇر.

ھەقىقىي مۇئمىن ئاللاھنىڭ تەقسىماتى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭغا رازى بولىدۇ ۋە قانائەت قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ قازا ۋە قەدەرىگە ئىمانىنى مۇستەھكەملەيدۇ ھەمدە شۇنى ئوبدان بىلىدۇكى، ئاللاھ بەندىلىرىگە ئاسانلىقنى خالايدۇ ۋە قىيىنچىلىقنى خالىمايدۇ. ئۇ ئاللاھنىڭ ھەر دائىم

ئۆزىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى ۋە ياخشى-يامان ھەممە نەرسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتمايدۇ.

بۇ دۇنيادا يامان ئىشلارنىڭ كۆپ بولىشى ۋە زۇلۇمنىڭ ئىنسان چىدىغۇسىز دەرىجىدە كۆپىيىشى، ياخشىلىقلارغا زىت بولماستىن، ئۇمۇ ئاللاھنىڭ ھېكمىتىدۇر. ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىمانى كۈچلۈك بەندە، ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايى-مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ. شۈكۈر قىلغانلىق سەۋر قىلغانلىقتۇر. ئېھتىياج بولماستىن سېخىلىق بولمايدۇ، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلماستىن، شۇجائەت بولمايدۇ. پەزىلەتلەر ۋە ياخشىلىقلار، ئۇنىڭ ئەكسى يۈز بەرمىگۈچە تونۇلمايدۇ. ئاچ قالمىغۇچە توقلۇقنىڭ قەدرى بىلىنمەيدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقسىز سۇنىڭ قەدرى يوقتۇر. بەندە كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ۋە مەخلۇقلارنىڭ سىرلىرىنى بىلسە، ئاللاھنىڭ پەزلى-كەرىمىنى بىلگەن بولىدۇ. رازى بولۇش بەختلىك كىشىنىڭ دەرت-ئەلەملىرىنى ھېس قىلماسلىق ۋە ئۇنىڭغا بالايى-مۇسىبەتلەرنىڭ كەلمەسلىكىدىن ئەمەستۇر. رازىمەن ئىنسان تەقدىرگە بويسۇنىدۇ ۋە بالايى-مۇسىبەتلەر كەلسە ئاچچىقلانمايدۇ.

ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىمكانىيەتلىرىنى ئىشقا سېلىپ كېلىۋاتقان بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ دىپلوماتىنى ئېلىپ قېچىش، ئېغىر جىنايەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ قۇتراتقۇلۇق بولۇپ، دۆلەت بۇنداق تېررورلۇقنى قەتئىي رەت قىلىدۇ ۋە بۇ ھەقتە مەيدانى ئېنىقتۇر. دۆلەتتىكى مەھكىمە شەرئىينىڭ ئادالىتىدىن ھېچكىشى شەك قىلمايدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاندەك بىر مۇسۇلمان دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان دىپلوماتىنى ئېلىپ قېچىشتەك جىنايەت، ئازغۇنلارنىڭ نەقەدەر چۈشكۈنلەشكەنلىكى ۋە روھىيىتىنىڭ داۋالغۇشتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنداق ئىنسانلاردىن ئىسلام دىنى پاكتۇر ۋە بىزاردۇر. دىن دۈشمەنلىرى ئازغۇن پىكىرلىك ئىنسانلاردىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئويۇنچۇق ئورنىدا قوللانماقتا. ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ماسلىشىپ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا زىيان سالماقتا. ئۇلار ئىسلام تەلىماتىنى نەزەر ئېتىبارغا ئالمايدۇ، شەرىئەتنى ئىجرا قىلىمىز دەيدۇ، ئەمما شەرىئەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلمەيدۇ.

ئىسلام دىنى قىزىپ كەتكەن جەڭ مەيدانىدىمۇ، بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈش قىلىدىغان ئىشلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئەيىبلەيدۇ. ... 

ئىسلام دىنى قىزىپ كەتكەن جەڭ مەيداندىمۇ، بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئېلىپ قېچىش ۋە ئازار بېرىشنى چەكلەيدىغان تۇرسا، بىر مۇسۇلمان دۆلەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان، قولىدا قورال بولمىغان ئىنساننى ئېلىپ قېچىشقا قارىتا نېمە دەيدۇ؟! مۇسۇلمانلار ئۇرۇش ھالىتىدىمۇ ئاياللار، كىچىك باللار ۋە قېرىلارنى ئۆلتۈرۈشنى، گۆرۈگە ئېلىۋېلىشنى چەكلىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قېشىغا مۇسەيلىمە كەززابنىڭ ئىككى ئەلچىسى كەلگەندە، ئۇلارغا: «مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسىلەر؟» دېگەندە، ئۇلار: سەن مۇسەيلىمەنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈردۈم، مەن ئەلچىلەرنى ئۆلتۈرىدىغان بولسام، سىلەرنى ئۆلتۈرگەن بولاتتىم» دېگەن.

يەنە ئۇلار (ئازغۇن گورۇھلار) نىڭ ئاياللارنى ئۆزىنىڭ دۆلىتىدىن باشقا يات بىر دۆلەتكە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلغانلىقى، ئىسلام ئەھكاملىرىغا ئوچۇقتىن ئوچۇق تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر. ئۇنداق ئازغۇنلار تەۋبە قىلىشى ۋە ئاللاھ تەرىپىگە قايتىشى كېرەك.

ئاللاھ بىزلەرنى نېمەتلىرىگە رازى بولغۇچى ۋە قانائەت قىلغۇچىلار قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىن!!

# ئىززەت-شەرەپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىسلام دىنى ئاللاھتىن باشقىغا چوقۇنۇش ۋە باش ئېگىشنى ھارام قىلغان

ئۇستاز دوكتور/ ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(14/6/1433ھـ 4/5/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈلۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىززەت-شەرەپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ئاللاھتىن باشقىغا چوقۇنۇش ۋە باش ئېگىشنى ھارام قىلغان» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرنىڭ كۆپلۈكى، بوران-چاپقۇنلارنىڭ تېزلىكى، ھەر مىنۇت-سىكۇنت ئارىلىقىدا يۈز بېرىۋاتقان يېڭى ھادىسىلەر ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى پۈچەكلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىۋاتقان بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە مۇسۇلمانلارنى ۋە بارلىق ئىنسانىيەتنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش ۋە كىشىلەرنىڭ ئېگىدىكى مۇجمەللىكنى يوقىتىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلىق ئىززەت-شەرەپكە بولغان چۈشەنچىسىدۇر. ئىنسان ئۈچۈن ئىنسانلىق ئىززەت-شەرەپ شۇنداق مۇھىمكى، ئۇنى يوقىتىش ئىنسانلىقنى يوقاتقانلىقتۇر.

ئەپسۇسكى، كۆپلىگەن دىيارلاردا ئىنسانلارنىڭ ئىززەت-شەرىپى ئاياغ-

ئاستى قىلىنىپ، ئاللاھ ئۇلۇغ ياراتقان ئىنسانلار، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى، دىنسىزلار، ھەتتا دىنغا ئىشىنىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان زالىملار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئىززەت-شەرىپى ھاياتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئىززىتى شۇ ئىنسانىنىڭ غۇرۇرى ۋە ھەيۋىتىدۇر. ئىززەت ئاياغ-ئاستى قىلىنسا، خارلىق ۋە كەمسىتىشكە ئۇچراشتىن باشقا چارە قالمايدۇ. ئىززەت-شەرىپى يوقالغان مىللەت، بۇ دۇنيادىمۇ تەدرىجى يوقىلىشقا ۋە زاۋاللىققا قاراپ ماڭىدۇ. ئىززەت-شەرەپ ئىنسانىنى باشقىلار ئالدىدا خارلىنىش ۋە تىزلىنىشتىن توسىدۇ.

دىن ۋە ئىسلامنىڭ شەرىپى ئەڭ ئۇلۇغ شەرەپ بولۇش بىلەن بىرگە، مۇسۇلمان ۋە مۇئمىنلەر ئۈچۈن قىزىل سىزىقتۇر. ئىسلامنىڭ ئىززىتىگە چېقىلغان ھەر قانداق قولنى كېسەلىگەن مىللەت خارلانمايدۇ. دىنىنى ۋە شەرىئەتنى قوغدىيالىغان مىللەت، باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە ۋە خارلىشىغا ئۇچرىمايدۇ. مۇسۇلمان، ئىززەت-شەرەپ ئىگىسى بولۇپ، خارلىقنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە كەمسىتىشكە ئۇچرىسا قاراپ تۇرمايدۇ. كۈچلۈكلەردىن قورقمايدۇ، ئاجىزلارنى ۋە كىچىكلەرنى بوزەك قىلمايدۇ، كەمسىتمەيدۇ. زالىملارغا باش ئەگمەيدۇ ۋە زۇلۇملىرىغا قاراپ تۇرمايدۇ، دۈشمەنلەرنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىگە ئالدانمايدۇ ھەمدە پەسكەش ۋە قورقۇنچاقلارغا يانتاياق بولمايدۇ.

مۇئمىن كۈچ-قۇۋۋىتىنى ئاللاھنىڭ ئىنايەت ۋە مەرھەمىتىدىن ئالغان بولغاچقا، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق كۈچتىن قورقمايدۇ. ئۇنىڭ كۈچى ۋە قالقىنى ئىماندۇر. زوراۋانلىق بومبىلىرى، ئىمان نۇرى بىلەن قوراللانغان قەلبلەرگە قانداقمۇ تەسىر قىلالىسۇن! ئىززەت-شەرەپ قالقىنى بىلەن قوراللانغان ئىنسان قانداقمۇ خارلىقنى قوبۇل قىلسۇن!

ئىززەت-شەرەپ ئاشىقلىرى، ئۇلۇغلۇق ئابىدىلىرى، دىيارلىرىنى ھىمايە قىلىش يولىۋاسلىرى، پەلەستىن ۋە غەززەدە مۇستەھكەم تۇرىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز، سۈرىيەدىكى قەھرىمانلىرىمىزنىڭ زۇلمەتلىك كېچىلىرى ئۇزاققا سوزۇلغان بولسىمۇ، زوراۋان ھاكىمىيەتلەر، ئۆزلىرىنىڭ قانخورلىقىدا داۋاملاشقان بولسىمۇ، دۇنيا خەلقى ئالدىدا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئىزچىل بۇزۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاللاھ پات يېقىندا ئۇلارنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن

يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا، زۇلۇم زەنجىرلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا قادىردۇر ھەمدە شۇنداق بولىشىغا ئىمانىمىز كامىلدۇر.

ئىسلام شەرىئىتى، دۇنيادىكى ھەممە ئىنسانىنى زۇلۇم ۋە خارلىق زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا چاقىرغان. يەككە-يېگانە ئاللاھنىڭ نۇرىغا ئېرىشىشقا بۇيرىغان. ئىززەت-شەرەپ ۋە ئىنسانلىق غۇرۇرى، ئىسلامنىڭ جەۋھىرى، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنىڭ ئاشكارا-مەخپىي شۇئارىدۇر. تەمىم دارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ دىن كېچە بىلەن كۈندۈز يەتكەن ھەممە يەرگە يېتىدۇ، چالما-كېسەكتىن ياسالغان بولسۇن، رەخ-كىگىزدىن ياسالغان بولسۇن، ئاللاھ تائالا بۇ دىننى ھەر قانداق ئۆيگە ئەزىزنىڭ ئەزىزلىكى ۋە خارنىڭ خارلىقىغا قارىماي كىرگۈزىدۇ. ئىسلامنى دۇنيادا ئەزىز قىلىدۇ ۋە كۇپرىنى خار قىلىدۇ» دېگەن.

دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئىززەت-شەرىپى ۋە نومۇسىغا تېگىشتىن ئېغىر ھاقارەت بولمىسا كېرەك. كۈنىمىزدە شۇنداق زالىم قەۋملەر باركى، ئۇلار ئاللاھ ھۆر ياراتقان ئىنسانلارنى خارلاپ قۇل قىلماقتا، ئالىملارنى چەتكە قېقىپ، ئەزىمەتلەرنى چارىسىز قالدۇرماقتا، تالانت ئىگىلىرىنى پالەچ ھالغا كەلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىنى كېرەكسىز چۆل-جەزىرىلەرگە ئايلاندۇرماقتا، ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغۇپ، سوت-مەھكىمىلەردە «كىم ئوغرى بولسا، شۇ مۇتتەھەم» بولۇپ چىقماقتا.

مەزلۇملار ئۈچۈن شۇنداق كۈنلەر يېتىپ كەلدىكى، ئۇلار زۇلۇم زەنجىرلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىشى، ئۈممەتنىڭ ئىززەت-شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكنىڭ تۆمۈر پەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلىشى ھەمدە مىللەتلەرنىڭ ئىرادىسى، تەقدىرى، شەرەپلىرى ۋە بايلىقلىرى بىلەن ئويناشقان زالىملار، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشى ياكى بولمىسا ھالاكىتىنى كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك!.

ئۈممەتنىڭ ھەقىقىي ئىززەت-شەرىپى، ئاللاھقا بولغان تائەت-ئىبادىتىدە ئۈممەتنىڭ كۈچى، ئۇنىڭ تەقۋادارلىقىدا ۋە ھەقىقىي ئەركىنلىك، شەرىئەتنى تۇرمۇشتا تەتبىقلاشتا ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئۈممەت ئەركىنلىك بىلەن قالايمىقانچىلىق، دىنى ئەركىنلىك بىلەن پىكىر ئەركىنلىكى، ئېغىزىغا

كەلگەننى جۆيلۇش بىلەن كاپىرلىقنىڭ ئارىسىنى پەرق ئېتىشى كېرەك، چۈنكى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿مَن كَانَ يُرِيدُ ٱلۡعِزَّةَ فَلِلَّهِ ٱلۡعِزَّةُ جَمِيعًاۚ إِلَيۡهِ يَصۡعَدُ ٱلۡكَلِمُ ٱلطَّيِّبُ وَٱلۡعَمَلُ ٱلصَّٰلِحُ يَرۡفَعُهُۥۚ وَٱلَّذِينَ يَمۡكُرُونَ ٱلسَّيِّـَٔاتِ لَهُمۡ عَذَابٞ شَدِيدٞۖ وَمَكۡرُ أُوْلَٰٓئِكَ هُوَ يَبُورُ﴾ ﴿كىمكى (دۇنيادا) شەرەپ ئىزدەيدىكەن، شەرەپنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا مەنسۇپ (ئۇنى ئاللاھتىن تىلىسۇن). ياخشى سۆز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، ياخشى ئەمەل ئۇنى كۆتۈرىدۇ، (پەيغەمبەرگە قارشى) ھىيلە-مىكىرلەرنى تۈزىدىغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە- مىكرى ئىشقا ئاشمايدۇ﴾[1].

ئۇممەتنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ چاقناتقان نۇرى ئاستىدا مېڭىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئۇممەت ھېچقاچان قۇرئان ھەدىسىنىڭ روھىدىن ئايرىلمايدۇ، ئايرىلغان تەقدىردە خارلىق شارابىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

ئى ئىسلام ئۇممىتى! ئىسلامنىڭ شەرىپى قېنى؟ تەشۋىقات ساھەلىرى، سۈنئىي ھەمرا قانالىرى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ياشلارنى ئەقىدە، ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادەتلەردە بۇزۇشقا ئۇرۇنماقتا. ئوغۇل-قىزلار، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلاردىن يەخىرلىنىشى، ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىپىنى ساقلىشى كېرەك. مۇسۇلمانلاردىكى چۈشكۈنلۈك، مەغلۇبىيەت ۋە تەسلىمچىلىك ھېچقاچان مەنپەئەت قىلمايدۇ. مۇسۇلمان كىشى غايىسى يۇقىرى، بېشى ئۈستۈن، ئەخلاقى گۈزەل ۋە مۇئامىلىسى توغرا بولۇش ئارقىلىق غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئىجابى تەرەپتىن ئۈلگە بولۇشى كېرەك. ئىسلام ھەر دائىم ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ياقلايدۇ، زالىمغا قارشى مەزلۇمنىڭ تەرىپىنى ئالىدۇ. ئىسلام مۇقەددەسلىرىنى ھىمايە قىلىش يولىدا جېنى ۋە مېلىنى ئايىمايدۇ.

ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئەقلىنى چىرمىۋالغان ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش ۋە تەسلىمچىلىك ئىدىيىسىنى ئازات قىلىش كېرەك. زۇلۇم، زوراۋانلىق ۋە تەكەببۇرلۇققا قارشى بۇركۈتتەك ئېتىلىش كېرەك. ئۇممەتنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە زەھەرخەندىلىكلىرىنى ھېس قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا

[1] سۈرە فاتىر: 10 ـ ئايەت

تاقابىل تۇرۇش ۋە ئاگاھ بولۇش كېرەك. مۇسۇلمانىنى قورقىتىش، ئازار بېرىش ۋە ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىش ھارام بولۇپ، ئۇ شەيتانىنىڭ قىلمىشىدۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى دۇنيادا خارلىقتىن، ئاخىرەتتە ئوتتىن ساقلىسۇن، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!!

# زۇلۇم قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى، غەلىبىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(20/6/1433ھـ 11/5/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۇمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «زۇلۇم قاراڭغۇلۇقىنىڭ ئۇزىراپ كېتىشى، غەلىبە تېڭىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. بالايى ـ مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش ۋە ئۈمىتسىزلەنمەسلىك، ئاللاھنىڭ مەرھەمىتى ۋە رەھمىتىدۇر.

كېچە ئۇزىراپ، دەرت ـ ئەلەملەر ئېغىرلاشقانسېرى، تاڭ نۇرىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ بىشارىتى يېتىپ كېلىدۇ. غەم ـ قايغۇ چوڭقۇرلاشقانسېرى، تەسەللىي ۋە ئۈمىت ھېكايىلىرى لەززەتلىك تۇيۇلىدۇ. دەرت ـ ئەلەملەر ئېچىدىن ئۈمىت يۇلتۇزلىرى تۇغۇلىدۇ. زۇلۇم ئېغىرلاشسا، زالىم، فاجىرلار غالجىرلاشسا، ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيادىكى قانۇنىيىتى بويىچە، ئۇلارنىڭ ھالاكىتى يېقىنلاشقان بولىدۇ. زۇلۇم ئېغىرلاشقانسېرى مۇئمىنىنىڭ ئىمانى كۈچىيىدۇ. بالايى ـ مۇسىبەتلەر مۇئمىنلەر ئۈچۈن سىناق ـ ئىمتىھاندۇر. ئاللاھ زۇلۇمغا ئۇچرىغان مۇئمىنلەرنىڭ گۇناھلىرىنى پاكلايدۇ ۋە دەرىجىلىرىنى كۆتۈرىدۇ، مۇئمىنلەرنىڭ ئارىسىنى رىيا ۋە نىپاقتىن تازىلاپ، ساپلاشتۇرىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ ٱلْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُۥ ۚ وَتِلْكَ ٱلْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ ٱلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَيَتَّخِذَ مِنكُمْ شُهَدَآءَ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ﴾ ﴿ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىد بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) ئاللاھنىڭ (ھەقىقى) مۇئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شەھىدلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىدلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر، ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[1].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سىيرەتلىرىدە كۆپلىگەن ئىبرەت ۋە دەلىللەر بار، ھىجرەتتىن ئەۋۋەلقى ئۈچ يىلدا مەككىدە مۇشرىكلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئىنسان چىداپ تۇرغۇسىز دەرىجىدە ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەڭ چوڭ تايانچىسى، تۇنجى مۇئمىن، سۆيۈملۈك ئايالى خەدىچە ئانىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق دەرت-ئەلەملىرىنى خەدىچە ئانىمىزغا ئېيتىپ، شۇنىڭدىن تەسەللىي تاپاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تايانچىسى بولغان تاغىسى ئەبۇ تالىبمۇ شۇ يىلى ۋاپات قىلغان. كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەۋەر بەرگەن ئىسرا-مىراج ۋەقەسىدىن ھەيرانلىق ئىپادىسىنى بىلدۈرۈپ، كۆپلىگەن كىشىلەر ئىشەنمىگەن ۋە بەزىلەر دىندىن يېنىپ مۇرتەدلىكنى تاللىغان، دىن دەۋىتى توختاپ قېلىپ ئۇزۇن مۇددەت ھېچكىم ئىسلام دىنىغا كىرمىگەن، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يىلنى «غەم-قايغۇ يىلى» دەپ ئاتىغان. قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاشكارا ئاداۋەت قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ زىيانكەشلىكنى باشلىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئېغىر غېرىپلىق ھېس قىلغاندا ئاللاھ

[1] سۈرە ئالى ئىمران: 140 - ئايەت

تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، ئىسرا ۋە فۇرقان سۈرىلىرىنى نازىل قىلدى. ئاندىن كېيىن سۈرە يۇنۇس ۋە سۈرە ھۇدلار نازىل قىلىندى. چۈنكى مەزكۇر سۈرىلەردە ئۆتمۈشتىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ۋە تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرى بار ئىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۆئمىنلەردە ئىرادە تىكلىنىشكە باشلىدى. ئۇ سۈرىلەردىن كېيىن، ئاللاھ سۈرە يۇسۇف نى نازىل قىلدى. سۈرە يۇسۇف پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن روھىي ئوزۇق ۋە شىپالىق تىرياق بولغان ئىدى. چۈنكى چىرايلىق قىسسىلەرنىڭ گۈزەل خاتىمىسى بولغان ئۇ سۈرىدە ئۈمىت بىلەن ئەلەم ۋە ئايرىلىش دەردى بىلەن ئۇچرىشىش ھالاۋىتى بىرلەشكەن. ئۇنىڭدا ئۈمىتسىزلىك ۋە ئېشەنچ ھېكايىسى ھەمدە قەھرى-زۇلۇم، سىناق بىلەن سەۋر ۋە ئىنتىقام بىلەن كەچۈرۈمچانلىق تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭدا ياخشى ئاقىۋەتنىڭ سەۋر قىلغۇچىلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقى روشەن كۆرسىتىلگەن.

سۈرە يۇسۇفتە ئاللاھنىڭ ھېكمىتى تەجەللىي قىلىدۇ. ھېكمەت-تەدبىرلەرنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق، ئىنسانىيەت ئاڭلىمىغان ۋە كۆرمىگەن قىسسىلەرنى بايان قىلىپ، بۇ قىسسىلەرنى «قىسسىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ياقۇپ ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تۈرلۈك بالايى-مۇسىبەتلەرگە ئۇچرىغانلىقى، ئاكىلىرىنىڭ ھىلە-مىكىرلىرى، قۇدۇققا تاشلىنىش ۋە باشقا قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشلىرى، قۇللۇققا سېتىلىپ كېتىشى، مال ئورنىدا قولدىن قولغا ئۆتۈشى، ئاتا-ئانىسىدىن يىراق يەرلەردە دەپسەندە قىلىنىشى، مىسىر ئاياللىنىڭ ھىلە-مىكىرلىرى، ئىستىل جەھەتتىن پىتنىگە مۇبتىلا بولۇشى، پادىشاھنىڭ سارىيىدا راھەت-پاراغەتتە ئۆتكەندىن كېيىن تۈرمىگە تاشلىنىشى، تۈرمىدىن چىقىپ ئىنسانلارنىڭ خەزىنىسىنى باشقۇرىدىغان تولۇق ھوقۇقلۇق پادىشاھلىق مەنسۇپىگە ئېرىششى، ئۇنىڭدىن كېيىن قۇدۇققا تاشلاش ئارقىلىق، كۆپلىگەن مۇسىبەتلەرگە سەۋەب بولغان ئاكىلىرى بىلەن ئۇچرىششىدەك قىسسىلەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملار ئۈچۈن بۈيۈك تەسەللىي بولىدۇ.

سۈرە يۇسۇف شۇ ئاساستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ئەڭ چوڭ تەسەللى بولغان ئىدى. ھەتتاكى بۇ سۈرىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە تۇرالماستىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇرلىنىشى دارىتمىلاپ ئىشارەت قىلىنغان. سۈرە يۇسۇف بارلىق باسقۇچلىرىدا ئىمان ۋە يەقىننى تەكىتلەش، ئاللاھنىڭ نۇسرەت ۋە غەلىبىسىدىن ئۈمىتسىزلەنمەسلىكتىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى باشقا ئىشنى ئىرادە قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ قولى ئارقىلىق باشقا ئىشنى ئىرادە قىلغان، ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَقَالَ ٱلَّذِى ٱشْتَرَىٰهُ مِن مِّصْرَ لِٱمْرَأَتِهِۦٓ أَكْرِمِى مَثْوَىٰهُ عَسَىٰٓ أَن يَنفَعَنَآ أَوْ نَتَّخِذَهُۥ وَلَدًاۚ وَكَذَٰلِكَ مَكَّنَّا لِيُوسُفَ فِى ٱلْأَرْضِ وَلِنُعَلِّمَهُۥ مِن تَأْوِيلِ ٱلْأَحَادِيثِۚ وَٱللَّهُ غَالِبٌ عَلَىٰٓ أَمْرِهِۦ وَلَٰكِنَّ أَكْثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئۇنى سېتىۋالغان مىسىرلىق ئادەم ئايالىغا: «ئۇنى ياخشى كۈتكىن، بىزگە ئەسقاتار، ياكى بالا قىلىۋالارمىز» دېدى. شۇنىڭدەك (يۇسۇفنى قۇدۇقتىن قۇتقۇزغىنىمىزدەك) يۇسۇفنى مىسىر زېمىنىغا يەرلەشتۈردۇق، ئۇنىڭغا چۈش تەبىرىنى ئۆگەتتۇق، ئاللاھ (خالىغان) ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قادىردۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى (بۇنى) ئۇقمايدۇ﴾[1].

ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيانى باشقۇرۇشتىكى قانۇنىيىتى ئۆزگەرمەس بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىغانلىقى بىر ھەقىقەتتۇر. يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى ئىنسانلاردىن بولغان پادىشاھقا ئېيتىپ شىكايەت قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ھامان، ئاللاھ ئۇنى ئۇزۇن يىللىق زىندان بىلەن جازالاشنى ئىرادە قىلدى. دۇنيانىڭ سەۋەبلىرىنىڭ ھەممىسى كېرەككە كەلمەي ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىلا ھۆكۈم سۈرىدىغانلىقى ئاشكارىلاندى. يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاجىتىنى بەندىگە باغلاپ قويمىدى، چۈنكى ئاللاھ ئۆزى تاللىغان بەندىلىرىنىڭ ھاجىتىنى ئۆزىلا راۋا قىلىدۇ. قەلبى ئاللاھقا ئۇلاشقان مۇئمىنلەر ۋە روھىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان سادىقلار، ھېچقاچان ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە قۇدرىتىدىن ھەمدە ئاللاھنىڭ زالىملارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش كۈچىدىن ئۈمىتسىزلەنمەيدۇ.

زۇلۇم ۋە مۇسىبەت قانچە ئېغىر بولسىمۇ، مۇئمىن كۈچلۈك ئىمانى بىلەن ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەيدۇ. مۇئمىنلەرنىڭ

[1] سۈرە يۇسۇف: 21 ـ ئايەت

بېشىغا قانچە ئېغىر كۈنلەر ۋە مۇسىبەتلەر كەلسە، ئۇ ئاللاھنىڭ سىناق-ئىمتىھانلىرى ۋە رەھمىتى بولۇپ، ئاللاھ يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى مۇسىبەتتىن كېيىن پادىشالىق ماقامىغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق ۋە قىيامەتتە جەننەت ئارقىلىق مۇكاپاتلىغان. ئاللاھ ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، دۇنيانىڭ سىرلىرى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى بىلگۈچىدۇر. ئاللاھنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىلەرنى ئېغىر مۇسىبەتلەرگە مۇبتىلا قىلىشى، شۇ بەندىلەرگە رەھمەت ۋە مېھرىبانلىقىدىندۇر. چۈنكى بۇ دۇنيا سىناق-ئىمتىھان دۇنياسى بولۇپ، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلارنى غەلبە-نۇسرەت ئارقىلىق مۇكاپاتلايدۇ.

ئاللاھنىڭ غەلبە-نۇسرىتى، مۇئمىنلەر مۇسىبەتلەرنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، قاتتىق مەيۇسلەنگەن ۋاقىتتا قولغا كېلىدىغان بولۇپ، ئىنسانلار ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچى-شەپقەتچى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا، ئاندىن ئاللاھنىڭ نۇسرىتى كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئاللاھ شۇنچە كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك زالىملارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ، زالىملار نېمە سەۋەبتىن ۋەيران بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالىدۇ ۋە يەر بىلەن يەكسان بولغانلىقىغا ئىشىنەلمەي قالىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ئەنە شۇنداق تۇيۇقسىز ۋەيران قىلىدۇ.

ئاللاھ بىزلەرنى مۇسىبەتتە سەۋر قىلغۇچىلاردىن ۋە ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشكۈچىلەردىن قىلسۇن، ئامىن!!

# قەلبى يورۇق بولۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇسىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

27/6/1433ھـ 18/5/2012م

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈپ يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «قەلبى يورۇق بولۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇسى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

دىلى يورۇق بولۇش،روھىي جەھەتتىن خاتىرجەملىك ۋە قەلبى ئاراملىق ئىچىدە ئۆتۈش ھەر بىر ئىنساننىڭ ئارزۇ-ئارمانىدۇر. دۇنيادىكى بارلىق ئىنسان دۇنيادا بەخت-سائادەت، پاراۋان تۇرمۇش ۋە روھىي خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشاشنى خالايدۇ. كۆپلىگەن ئىنسانلارنىڭ بارلىق غېمى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مال - دۇنياغا ئىگە بولۇش ۋە باي بولۇپ، كۆپلىگەن ئىنسانلار بەخت-سائادەت ئۆلچىمىنى ماددىي بايلىق دەپ قارايدۇ. شۇ ئاساستا كۆپ ئىنسانلارماددى بايلىققا ئېرىشىش مەقسىتىدە تۈرلۈك ئۇسۇل ۋە ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي بايلىق ۋە ھەقىقىي بەخت-سائادەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزنەتلىرىدە بايان قىلىنغان روھىي بەختتۇر.

ئىنساننىڭ ئەمەل-مەنسىپى قانچە يۇقىرى بولسۇن، ماددىي بايلىقى ۋە پۇل-مېلى قانچە كۆپ بولسۇن، ئۇ مەنىۋى ۋە روھىي جەھەتتىن

بەختلىك بولۇشقا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبى ئوچۇقلۇقتا مىسلىسىز ئوچۇق ۋە روھى پاكلىقتىمۇ تەڭدىشى يوق ئىدى. قەلبىنىڭ ئوچۇقلىقى ۋە روھىنىڭ پاكلىقىغا مىسال ئۈچۈن پەيغەمبەرلىك رىسالىتىنىڭ بېرىلگەنلىكى كۇپايە قىلىدۇ. قەلبى يورۇق، ئوچۇق بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرى، ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ھىدايەت، تەۋھىد، ئاللاھقا قايتىش ۋە ئۇنىڭغا مۇھەببەت قىلىشتۇر. مەزكۇر ئامىللارنىڭ قەلبكە بولغان تەسىرى ئاجايىپ كۈچلۈك بولۇپ، ئىنساننىڭ تۇرمۇشىغا ئىجابى تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان مۇھەببىتى ئاشقانسېرى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ئېچىلىشى ۋە روھىنىڭ يۈكسىلىشى كۈچلۈك بولىدۇ. ئەكسىچە، ئىنسان ئاللاھتىن يۈز ئۆرۈپ، گۇناھ-مەسىيەتكە بېرىلىپ كەتكەن تەقدىردە، قەلبى تارلىشىپ، ئىچى سىقىلىدىغان، كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرىدىغان، روھىي ئازاب ئىچىدە ياشايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالىدۇ.

ئاللاھتىن باشقىغا مۇھەببەت قىلغان ئادەم، مۇھەببەت بىلەن ئازابلىنىدۇ ۋە شۇنىڭ زىندانىغا تاشلىنىدۇ. ئىنسانلارغا ياخشىلىق قىلىش، ھەر قانداق ياخشىلىق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بولۇپمۇ پۇل-مال ياردەم بېرىش، تەربىيەلىنىش مائارىپتا ياردەم بېرىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، سەدىقە-زاكات بېرىشتەك ئىشلار، ئىنسان قەلبىنىڭ يورۇق بولۇشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ روھىي جەھەتتىن خۇشال كەيپىياتتا ياشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئاللاھنى زىكرى قىلىشمۇ، قەلبى يورۇق بولۇشنىڭ ئامىلىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿فَٱذۡكُرُونِيٓ أَذۡكُرۡكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لِي وَلَا تَكۡفُرُونِ﴾ ﴿مېنى (تائەت- ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغپىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكرى قىلىڭلار، ناشۈكرىلىك قىلماڭلار﴾[1].

ئاللاھنى زىكرى قىلغان ئىنساننىڭ قەلبى يورۇق، ئازادە بولۇشىدا شەك يوقتۇر. ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غەپلەتتە بولۇش ۋە قەلبىنىڭ سىقىلىشى،

[1] سۈرە بەقەرە: 152 - ئايەت

روھىي چۈشكۈنلۈكلەرگە سەۋەب بولىدۇ. زىكرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتۇر، قۇرئان تىلاۋەت قىلىشتا مەنىسىنى بىلىپ، تەدەببۇر ۋە مۇلاھىزە قىلىپ تىلاۋەت قىلىش، ئىنسانغا ناھايىتى ياخشى روھىي ئوزۇق بولىدۇ. ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، قۇرئان كەرىمنى ھەقىقىي تىلاۋەت قىلىش، ئۇنىڭ مەنىسىنى ھاياتىدا تەتبىقلاشتۇر. بۇيرۇقلىرىغا ئەگىشىپ توسقانلىرىدىن يېنىشتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى تىلاۋەت قىلىش، ئۇنىڭ لەۋزىنى تىلاۋەت قىلىشتىن پايدىلىق ۋە ساۋاپلىقراقتۇر. قۇرئان ئەھلى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ماختاشقا سازاۋەر بولىدىغان كىشىلەردۇر.

قەلبنىڭ ئازادىلىكى ئەڭ كۈچلۈك ئامىللىرىدىن بىرى، ئاللاھنى زىكرى قىلىشتۇر، چۈنكى زىكرىنىڭ مەرتىۋىسى ئۇلۇغدۇر. ئاللاھنىڭ زىكرىدىن غاپىل بولۇش، قەلبكە سىقىلىش ئېلىپ كەلگەنىدەك، زىكرى-تەسبىھمۇ كۆڭۈلنى ئاچىدىغان ئامىلدۇر. ناماز دىننىڭ تۈۋرۈكى ۋە بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر. شەرتلىرى مۇكەممەل ھالدا مەسچىتتە جامائەت بىلەن ئادا قىلىنغان ناماز، كۆڭۈلنى ئېچىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئاملى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئادەمدىكى ھارغىنلىق ۋە ھورۇنلۇقنى يوقىتىدۇ. ئىنسانغا روھىي ئوزۇق بولىدۇ. نېمەتنى ساقلاپ، ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەتنى يوقىتىدۇ. دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ مەنپەئەتنى بىرلەشتۈرىدىغان ۋە ئىنساننى يامانلىقلاردىن ساقلايدىغان قالقان نامازدۇر.

قەلبنى يورۇتىدىغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى ياخشى ئەخلاقتۇر. ناچار ئەخلاق ئادەمنىڭ ئىچىنى سىققاندەك ياخشى ئەخلاق خۇشاللىققا سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن: تەكەببۇرلۇق، ئۆزىنىلا ئويلاش، باشقىلارنى مەنستىمەسلىك، چىدىماسلىق، ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەش ياكى ئەۋزەل كۆرۈش، قەلبنىڭ روھىي كېسەللىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىنساننى روھىي جەھەتتىن ئازابلايدىغان ئىللەتلەردۇر. مەزكۇر ئىللەتلەرنىڭ ئەكسى بولسا، ياخشى ئىشلار بولۇپ، ئۇ قەلبنى شاتلاندۇرىدۇ ۋە كۆڭۈلنى ئاچىدۇ.

ئاللاھ بارچىمىزنى قەلبى شاد ۋە كۆڭلى ئازادە ھەمدە روھىي سۈزۈكلەردىن قىلسۇن، ئامىن!!

# دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى، سۆھبەتلىشىشتۇر

ئۇستاز دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(4/7/1433ھ 25/5/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك چارىسى، دىئالوگ ۋە سۆھبەتلىشىشتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. تەقۋادارلىق ئازغۇنلۇقلار ۋە يامانلىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن كۈچلۈك قالقاندۇر، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

قاراڭغۇ كېچىدە تولۇن ئاينىڭ قەدرى ۋە قاتتىق ئىسسىقتا سايىنىڭ قەدرى ئۆتتۈلىدۇ. پىتنە-پاساتلار ۋە ئىختىلاپلارنىڭ كۆپلۈكى، ئىدېئولوگىيە، ئىلمىي ۋە مەدەنىيەت چۈشكۈنلىكىدە، ئەقىل ئىگىسى، يول باشلامچىلىق قىلىدىغان بىر نۇرغا موھتاجدۇر. بىز ياشاۋاتقان زاماندا تېخنىكا ۋە مەلۇمات تەرەققىياتى سائىتىگە تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىپ، يېڭىلىقلارنى يارىتىپ تۇرىدۇ، بۇنى ھەقىقەتەن مەلۇمات ئىنقىلابى دېيىش مۇمكىن. بۇنداق ۋەزىيەتتە ياخشى بىلەن يامان، توغرا بىلەن خاتا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. ھەتتا ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر، خۇددى تاغ دۆۋىسىدەك ئەخلەت ئارىسىدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ۋەزىپىنىڭ خەتەرلىك ۋە ئېغىرلىقى مەلۇم بولىدۇ. قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن

تونۇگۇنكى ئۇسۇل بۈگۈن ئاقماسلىقى مۇمكىن. ئىنسان بۇنداق ئەھۋالدا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ئەڭ يېڭى ئۇسۇلنى ھەمدە سۆھبەت ۋە دىئالوگ ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئىنسانلاردا ئەخلاق، چۈشەنچە ۋە تەپەككۇر كىرىزىسى يۈز بەرگەن بۈگۈنكى كۈندە، باشقىلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن، ئەڭ ياخشى ۋە زامانىۋى ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك. بولۇپمۇ تەربىيە قىلىش، نەسىھەت قىلىش، تەنقىدلەش ۋە مۇنازىرلىشىشكە ئوخشاش ھادىسىلەردە قوللىنىدىغان ۋاستىمىز، زامان ۋە ماكانىنىڭ تەقەززاسىغا لايىق بولىشى كېرەك. چۈنكى ھەر زامان ۋە ماكانىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئۇسۇلى بار. بۇنداق دېگەنلىك، ئىلگىرىكى ئۇسۇللار تامامەن كېرەكسىز دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بىز غايىمىزگە يېتىش ئۈچۈن، ئەتراپىمىزدىكى بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىشىمىز لازىم. خەلق ماقال تەمسىلىدە: «ھەر ماقامغا لايىق ماقال ۋە ھەر ھادىسىگە لايىق ھەدىس بار» دېيىلگەن. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «ھەقىقەتنى تونۇساڭ، ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن ئەڭ يېقىن يولنى تاللا». ئىلگىرىكى زامانلاردا كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بۇيرۇق، مەجبۇرلاش ۋە تېگىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان بولسا، ھازىرقى زاماندا ئائىلە، مەكتەپ، بىلىم، تەپەككۇر ۋە تەشۋىقات مۇنبەرلىرىدە مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ توغرا ۋە ئۈنۈملۈك چارىسى دىئالوگ ۋە سۆزلىشىشتۇر.

بىز ياشاۋاتقان بۇ زاماندا، تۇرمۇش، ئەخلاق ۋە ئىدېئولوگىيە كىرىزىسى ئىنتايىن ئېغىر. ھەرخىل جامائەت ۋە ئېقىملار كۆپىيىپ، ھەممە جامائەت مېنىڭ توغرا ۋە ھەممە ئادەم ماڭا ئەگىششى كېرەك، دەپ كېتىۋاتىدۇ، بۇ زاماندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر ھەدىسىنى ئەسلىشىمىز پايدىلىقتۇر، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە كۆرسىتىپ بىر تۈز سىزىقنى سىزىپ: مانا بۇ ئاللاھنىڭ يولىدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ سىزىقنىڭ ئوڭ، سول ئىككى تەرىپىدىن كۆپلىگەن سىزىقلارنى سىزىپ، مانا بۇ شەيتاننىڭ يوللىرىدۇر» دەپ بولۇپلا مۇنۇ ئايەتنى تىلاۋەت قىلغان: ﴿وَأَنَّ هَـٰذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ ۖ وَلَا تَتَّبِعُوا السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن

سَبِيلِهِۦۚ ذَٰلِكُمْ وَصَّىٰكُم بِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ﴾ ﴿بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار، ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار، ئۇلار سىلەرنى ئاللاھ نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ، (ئاللاھنىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ دەۋزەختىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ﴾[1].

بۇ ئاساس بويىچە، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىدە بىزنىڭ دىنىمىز بىزنى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارنى ۋە مەسىلىلەرنى چىرايلىقچە دىئالوگ ۋە سۆھبەت ئارقىلىق ھەل قىلىشقا چاقىرغان. سۆھبەت بىزنىڭ يول باشچىمىز ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر. دىئالوگ ئەڭ زامانىۋى، مەدەنىيەتلىك ئۇسۇل بولۇپ، خاتىرجەم ۋە ساغلام ھالدا غايىگە يېتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسىدۇر. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى، چۈشەنچىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، يەنە كېلىپ ھازىرقى زاماندىكى چۈشەنچە ۋە تەپەككۇر كىرىزىسى، مەكتەپ قارىسى كۆرمىگەن نادان ئىنسانلارنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرى، ھارام-ھالال ۋە ئامىمنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشتەك ئىشلارغا ئارىلىشىپ، ئۆزىنى ئامىمنىڭ يولباشچىسىدەك ھېس قىلىۋاتقان بىر زاماندا ئىنسانلارغا چىرايلىقچە دىئالوگ ۋە سۆھبەت ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

دىئالوگ ئۈستىدە توختالساق، ئۇ ئىككى ياكى كۆپ كىشىلەر ئوتتۇرىدا سۆز ئالماشتۇرۇش بولۇپ، ھەممە تەرەپ ئۆزىنىڭ توغرا كۆرگەن ئىدىيىسىنى قارشى تەرەپكە يەتكۈزۈپ قايىل قىلىشقا تىرىشىدۇ. قۇرئان كەرىمدە كۆپلىگەن ئايەتلەردە مۇجادىلە قىلىش، سۆزلىشىش ۋە دىئالوگ قۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇللىرى تەكىتلەنگەن. ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى باشقىلارغا قانداق يەتكۈزۈشنى بىلگەن ئىنسان غەلىبە قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتە چوڭقۇر قىلماستىن، باشقىلارنى تۆۋەن كۆرمەستىن، ئوچۇق-ئاشكارا، روشەن ھالدا يەتكۈزۈلگەن ئىدىيە، باشقىلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنى ئۇنۇتماسلىق كېرەككى، دىئالوگ-سۆھبەت ئارقىلىق ھەقنى باتىلغا، باتىلنى ھەققە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس.

سۆھبەتتىن مەقسەت، نەتىجىنى بۆلۈشۈۋېلىش بولماستىن كۆزلىگەن

[1] سۈرە ئەنئام: 153 ـ ئايەت

نەتىجىگە يېتىشتۇر. ئۇتتۇراھاللىق بولسا ئىككى تاللاش يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇش بولماستىن، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ سُلۡطَٰنٍ أَتَىٰهُمۡۖ كَبُرَ مَقۡتًا عِندَ ٱللَّهِ وَعِندَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْۚ كَذَٰلِكَ يَطۡبَعُ ٱللَّهُ عَلَىٰ كُلِّ قَلۡبِ مُتَكَبِّرٖ جَبَّارٖ ... إِنَّ ٱلَّذِينَ يُجَٰدِلُونَ فِيٓ ءَايَٰتِ ٱللَّهِ بِغَيۡرِ سُلۡطَٰنٍ أَتَىٰهُمۡ إِن فِي صُدُورِهِمۡ إِلَّا كِبۡرٞ مَّا هُم بِبَٰلِغِيهِۚ فَٱسۡتَعِذۡ بِٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡبَصِيرُ﴾﴿ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (ئاللاھ تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا) جاڭجاللىشىدىغانلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ نەزىرىدە قاتتىق نەپرەتكە قالىدۇ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ (ئىماندىن باش تارتقان)، (بەندىلەرگە) زومىگەرلىك قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ دىلىنى ئاللاھ مۇشۇنداق پېچەتلىۋېتىدۇ ... شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە ئۆزلىرىگە (ئاللاھ تەرىپىدىن) كەلگەن ھېچقانداق دەلىل بولماستىن (قارىسىغا)جاڭجاللىشىدىغانلارنىڭ كۆكرەكلىرىدە پەقەت كىبىرى بار، ئۇلار (ئاللاھنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت) مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ، ئاللاھقا سېغىنىپ (ئۇلارنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگىن)، ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

ئىسلام شەرىئىتىدىكى دىئالوگ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىدە بار بولۇپ، تۇرمۇش، دىن، ئەخلاق، ئۆرپ-ئادەت، باردى-كەلدى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.پەيغەمبەرلەرنىڭ بارلىق دىئالوگ-سۆھبەتلىرى بولسا، ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلاش ئۈچۈن ئىدى. ئائىلىدە بالىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەشتە بۇيرۇق ۋە زورلاش ئۇسۇلىنى قوللانماستىن، دىئالوگ-سۆھبەت ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم. دىئالوگدىن مەقسەت، شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى چەتكە قايرىپ قويۇش ۋە ئاللاھنىڭ چەكلىمىلىرىگە تاجاۋۇز قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت ۋە شەرىئەتنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈندۇر. جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان دىئالوگ-سۆھبەتلەر، ئاممىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى، ئىسلام ۋە شەرىئەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك.

[1] سۈرە غافىر: 35 ـ ۋە 56 ـ ئايەت.

ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا سۆز قىلىدىغان، توغرا سۆز قىلالمىساق، باشقىلارنىڭ ئىززەت-شەرىپىگە تەئەررۇز قىلماستىن، سۈكۈت قىلىدىغانلاردىن قىلسۇن، ئامىن!!

# ھەر بىر مۇسۇلماندا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك

ئۇستاز دوكتور/ ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(11/7/1433ھـ 1/6/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھەر بىر مۇسۇلماندا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىسلام شەرىئىتى، مۇسۇلماننى روھىي جەھەتتىن پاكلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىسلامىي جەمئىيەتنى ئەخلاق چۈشكۈنلىكىدىن ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقان ۋە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغان. ئىسلام شەرىئىتى ئەھمىيەت بەرگەن ئەڭ مۇھىم مەسىلە، مۇسۇلمانلارنىڭ گۈللىنىشنى رويابقا چىقىرىدىغان ئامىللار بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھەر تەرەپتىن گۈللىنىشى، شەرىئەت كۆزلىگەن ئەڭ يۈكسەك غايىدۇر. ئۈممەتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ مۇھىم ئامىلى بولسا، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلماندىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، شۇ مۇسۇلماننىڭ ئورنى ۋە سەۋىيىسىگە لايىق بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم. ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئاللاھ ئالدىدا، جەمئىيەت ۋە ئەۋلاد ئالدىدا مەسئۇلىيىتى بار. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿فَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلَّذِينَ أُرْسِلَ إِلَيْهِمْ وَلَنَسْـَٔلَنَّ ٱلْمُرْسَلِينَ﴾ «بىز

ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ئەۋەتىلگەن ئۈممەتلەردىن (پەيغەمبەرلەر تەبلىغ قىلدىمۇ؟ سىلەر قانداق جاۋاب بەردىڭلار؟ دەپ) سورايمىز، پەيغەمبەرلەردىنمۇ ئەلۋەتتە (ئاللاھ تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلدىڭلارمۇ؟ دەپ) سورايمىز﴾[1].

ئابدۇللاھ ىبن ئۆمەر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ﴿ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پاداڭلاردىن مەسئۇل، ئىمام ئۆز جامائىتىدىن، پادىشاھ پۇقرالىرىدىن، ھەر بىر ئادەم ئۆز ئائىلىسىدىن مەسئۇلدۇر، ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن مەسئۇلدۇر، خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ مال-دۇنياسىدىن مەسئۇلدۇر، ھەر بىر كىشى قول ئىلكىدىكىلەردىن مەسئۇلدۇر»[2].

ئاللاھنىڭ ئاشكارا-مەخپىي ھاللاردا كۆزەتچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش، ئەڭ چوڭقۇر مەسئۇلىيەتتۇر. ھەقىقىي مەسئۇلىيەت پەقەت خىزمەتكە، مەرتىۋىگە ۋە تاپشۇرۇقىغا باغلىق بولماستىن، ھەر زامان ۋە ماكاندا ھەممە كىشىنىڭ بۇرچىدۇر. مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبادەتلەر، ئۆرپ-ئادەتلەر، شەخسلەر، جامائەت، مۇئەسسەسە، تەشكىلاتلار، ئىدارە ئىشلىرى ھەتتا ھۆكۈمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسىدە، ئاددىي ۋە خۇنۇك بىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن ئاجىزلاپ كەتكەن. نەتىجىدە خىزمەتتە چىرىكلىك، پارىخورلۇق ۋە بىپەرۋالىقتەك ئىللەتلەر ئومۇملاشقان. دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىشقا ۋاقتىدا كەلمەيدىغان، تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇندىمايدىغان ۋە ئامماننىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىمايدىغان ناچار ئىللەتلەر ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرمەكتىمىز.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِۦ عِلْمٌ ۚ إِنَّ ٱلسَّمْعَ وَٱلْبَصَرَ وَٱلْفُؤَادَ كُلُّ أُو۟لَٰٓئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْـُٔولًا﴾ ﴿بىلمەيدىغان نەرسىگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى

[1] سۈرە ئەئراف: 6 - ئايەت
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى

سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال-سوراق قىلىنىدۇ﴾[1].

شەخسلەرنىڭ، ئۈممەتنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش، ماددى ۋە مەنىۋى مەسئۇلىيەتلىرىنى تونۇش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ھەممە تەرەپ ئۆز ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تونىغاندا جەمئىيەت تەرەققىي قىلىپ، گۈللىنىدۇ. ھەر بىر قەلەم ئىگىسى، سۆزلىگۈچى، مەنسەپ ئىگىسى ۋە پۇل ئىگىسى بولغانلار، شۇ بايلىقلاردىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا سوراققا تارتىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى كېرەك. ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ يامان نەرسە، پۇلغا ھېرىسمەن بولۇش ۋە ماددىي مەنپەئەت ئۈچۈن، دىنىنىڭ شەرىپىگە داغ تەگكۈزۈشتۇر. ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَخُونُواْ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ وَتَخُونُوٓاْ أَمَٰنَٰتِكُمْ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە خىيانەت قىلماڭلار، سىلەرگە قويۇلغان ئامانەتلەرگە بىلىپ تۇرۇپ خىيانەت قىلماڭلار﴾[2].

مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، مېھرىبانلىق، ھېكمەت ۋە ئېسىل ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغاندا ياخشى نەتىجە بېرىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا سەلبى تەسىر بېرىشى مۇمكىن. ئىككى ھەرەم زېمىنىدا ئۇزۇندىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ئامانلىق، خاتىرجەملىك ۋە رىزىقنىڭ كەڭلىكى، ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغان بۈيۈك نېمەتلىرىدىندۇر. ئاللاھنىڭ بىزلەرگە ئاتا قىلغان بۇ نېمەتلىرى ئىچىدە بىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئېغىر كۈنلەرگە دۇچ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك، ئۇلارغا قارىتا ئاللاھ ئالدىدا مەسئۇلىيىتىمىز بار. بولۇپمۇ پەلەستىندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇستەملىكچى جوھۇدلارنىڭ زۇلۇملىرىغا ئۇچرىشى، سۈرىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شام زالىمىنىڭ زۇلۇملىرىدا ئېڭراشلىرى، ھەۋلە قىرغىنچىلىقلىرىدا ئۆلتۈرۈلگەن بىگۇناھ كىچىك باللار ۋە قېرىلارنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، بەلكى ئۇلارغا بولغان دىنىي، ئىنسانى ھېسداشلىق مەسئۇلىيىتىمىزنى تونۇشىمىز كېرەك.

سۈرىيە، پەلەستىنلەردىكى زۇلۇملار مۇستەبىتلىكنىڭ ئەڭ چېكىگە

[1] سۈرە بەنى ئىسرائىل 36 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەنفال27 ـ ئايەت

يەتكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولۇپ، مەزلۇملار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇش ئەڭ ئەقەللى ئىمانىي مەجبۇرىيەتتۇر. ئاللاھتىن ئۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن غەلىبە-نۇسرەتنىڭ تېزراق يېتىپ كېلىشىنى تىلەيمىز، بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى تۆكۈلۈشىنىڭ توختىشىغا تىلەكداشمىز.

ئاللاھ دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىسۇن، ئامىن!!

# مۇسۇلمان ۋاقتىنى قەدىرلىشى، ۋاقتىنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(18/7/1433ھـ 8/6/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئەقىل ئىگىلىرى ھاياتىنى قەدىرلەيدۇ، دىنغا خىزمەت قىلىدۇ، مۇسۇلمان ۋاقتىنى قەدىرلىشى، ۋاقتىنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى لازىم» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھ ئىنسانلارنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتتى، ئۇنىڭ ھاياتىدا يەيدىغان رىزقى، ھىدايىتى، بەختلىك ياكى بەدبەختلىكىنى بەلگىلىدى. ئاللاھ ھەممە مەخلۇقلارنى يارىتىپ، ئۇنىڭ يارىتىلىشتىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەممە ئىشىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن تەقدىر قىلدى. مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى، ئىنسانلارنىڭ ئاقىۋىتىنى تەقدىر قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى مۇنتىزىم ھالدا باشقۇرۇش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَٱلۡأَرۡضَ مَدَدۡنَٰهَا وَأَلۡقَيۡنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ وَأَنۢبَتۡنَا فِيهَا مِن كُلِّ شَيۡءٖ مَّوۡزُونٖ وَجَعَلۡنَا لَكُمۡ فِيهَا مَعَٰيِشَ وَمَن لَّسۡتُمۡ

لَـهُۥ بِرَٰزِقِيـنَ وَإِن مِّـن شَـىۡءٍ إِلَّا عِندَنَـا خَزَآئِنُـهُۥ وَمَـا نُنَزِّلُـهُۥٓ إِلَّا بِقَـدَرٍ مَّعۡلُـومٍ﴾ ﴿يـەر يۈزىنـى يېيىـپ كـەڭ قىلـدۇق، ئۇنىڭغـا تاغلارنـى ئورناتتـۇق، يـەر يۈزىـدە ھەرخىـل تەكشـى ئۆلچەملىـك ئۆسـۈملۈكلەرنى ئۆسـتۈردۇق. يەريۈزىـدە سـىلەر ئۈچـۈن ۋە سـىلەر رىزقىنـى بېرەلمەيدىغانـلار (خادىمـلار ۋە ھايۋانـلار) ئۈچـۈن تۇرمـۇش لازىمەتلىكلىرىنـى ياراتتـۇق (ئۇلارنىـڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنـى سـىلەر ئەمـەس، بىـز يارىتىمىـز). قانـداق نەرسـە بولمىسـۇن، ئۇنىـڭ خەزىنىسـى (خەزىنىسـىنىڭ ئاچقۇچـى) بىزنىـڭ دەرگاھىمىزدىـدۇر، بىـز ئۇنـى پەقـەت مەلـۇم مىقداردىـلا چۈشـۈرىمىز﴾[1].

ئالـلاھ ئىنسـاننى يوقتىـن بـار قىلىـپ، چىرايلىـق شـەكىل، گـۈزەل ھۆسـۈندە ياراتتـى، ئۇنـى يارىتىپـلا تاشـلاپ قويماسـتىن، ئىنسـانلىق قىممـەت قارىشـىدا گـۈزەل ئەخلاقلىـق، دۇنيا ـ ئاخىرەتتـە بەختلىـك ياشىشـى ئۈچـۈن، مۇقـەددەس ئىسـلام دىنىنـى نازىـل قىلدى. ئىسـلام دىنى ئىنسـانلارنى توغـرا يولغا چاقىرىپ، ئىنسـاندىكى ئىنسـانلىق قىممـەت قارىشـىنىڭ تەڭپۇڭلۇقنـى سـاقلايدۇ. دىنىنىڭ ۋەسـىيەتلىرى بولسـا مۇسـۇلمانلارنىڭ روھـي دۇنياسـىنى پـاكلاپ، تەبىئىتىنـى توغـرا يۆنىلىشـكە باشـلايدۇ ۋە تەڭپۇڭلۇقنـى سـاقلايدۇ.

بـۇ دۇنيـادا توغـرا ۋە سـاغلام يولـدا مېڭىـش، ئەخـلاق ئۆلچىمىدىـن چەتنـەپ كەتمەسـلىك، ئىنسـان ئۈچـۈن بەخت ـ سـائادەت ئېلىـپ كېلىـدۇ. پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام بىـر ھەدىسـىدە: «مۆئمىنلـەر ئىچىـدە كامالەتكـە يەتكەنلـەر، ياخشـى ئەخلاقلىـق كىشـىلەردۇر. تۇرمۇشـتا مۆتىدىـل بولـۇپ، شـەرىئەتنىڭ قائىدە ـ قانۇنلىرىغا رىئايـە قىلغان ۋە ئىسـلام تەلىماتى دائىرىسـىدىن ھالقىمىغان كىشـىلەر، توغـرا يولـدا ماڭغـان كىشـىلەردۇر» دېگـەن.

ھەق ـ ھوقۇقلارنـى ئـادا قىلىـش، مەسـئۇلىيەتچانلىق، قانۇن ـ تۈزۈملەرگـە رىئايـە قىلىـش، تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىـق بولـۇش ۋە باشـقىلارنى قەدىرلەشـتەك خىسلەتلەر، ئىنساندا ھەقىقىي مەسـئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسـىنى پەيـدا قىلىـدۇ. مەزكـۇر خىسـلەتلەردىكى كىشـىلەر، تەپەككـۇرى سـاغلام، سـالامەتلىكى ياخشـى ۋە مال ـ دۇنياسـى كـۆپ بولىـدۇ. ھەقىقىي ئەقىـل ئىگىلىـرى ئۆزىـدە يۇقـىرى غايىلەرنـى تىكلەيـدۇ، ئۆزگـە ئۈسـتۈن تەلەپلەرنـى قويىـدۇ، ھورۇنلۇقنـى

[1] سۈرە ھىجىر: 19 ـ 21 ئايەتلەر

بىلمەيدۇ. ئارزۇ-ئارمانلارغا يېتىش، كۈچ ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى مۇستەھكەم ئىرادە، تىرىشچانلىق ۋە ياخشى ئەخلاق ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان، تۇرمۇشى رەتلىك ۋە مەسئۇلىيەتچان مۇسۇلمان، ۋاقىتنىڭ ئاز بىر قىسمىنىمۇ بىھۇدە ئىشلار بىلەن زايا قىلمايدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر قەدىمى مۇئەييەن غايە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ۋاقىتنىڭ زايا بولۇپ كېتىدىغان تەرىپى يوق، تۇرمۇشىدىمۇ ھېچقانداق بوشلۇق بولمايدۇ. قايسى ئىشنىڭ مۇھىم ۋە قايسىنىڭ بەكراق مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

ئەقىللىق مۇسۇلمان، نامازغا كامىل تاھارەت ئېلىپ، كىيىملىرىنى رەتلىك كىيىپ، كامىل زىننىتى بىلەن تۇرىدۇ، مەسجىدلەرگە بارغاندا باشقىلارغا غەيرى نورمال پۇراقلار، كىر كىيىملەر ۋە قالايمىقان ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئازار بەرمەيدۇ. ئۆيدە بولسۇن، مەسجىدتە بولسۇن، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ باشقىلارنى راھەتسىز قىلمايدۇ، كۆزىنى نامەھرەمدىن ساقلايدۇ، داۋاملىق كىتاب ئوقۇش، زىكىر-تەسبىھ ئېيتىش، دۇئا قىلىش، مۇناجات ۋە باشقىلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش بىلەن ئۆتىدۇ.

ئۇرۇش - جەڭلەرنىڭمۇ قائىدە-تۈزۈمى بولۇپ، مۇسۇلمانلار جەڭنىڭ ئەدەپ-يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَ فِى سَبِيلِهِۦ صَفًّا كَأَنَّهُم بُنۡيَٰنٌ مَّرۡصُوصٌ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ يولىدا مۇستەھكەم بىنادەك سەپ بولۇپ جىھاد قىلغانلارنى (ئۇرۇش مەيدانىدا دۈشمەنلەرگە ئۇچراشقان چاغدا مەۋقەسىدە ساباتلىق تۇتۇپ غازات قىلغانلارنى) دوست تۇتىدۇ﴾[1].

ئۇرۇش مەيدانىدىمۇ ئىنتىزامچان بولۇش، بۇيرۇققا بويسۇنۇش ۋە مۇستەھكەم ئىرادىلىك بولۇش غەلىبە - نۇسرەتنىڭ شەرتىدۇر. ئۇرۇشتا جەڭ بىلەن ئالاقىسى بولمىغان ئادەملەر، ئاياللار، كىچىك باللار ۋە قېرىلارغا چېقىلماسلىقتەك ئالاھىدە ئېسىل خىسلەت ئىسلامدىن باشقا دىنلاردا تېپىلمايدۇ. ئىسلام دىنى شۇنداق مۇكەممەل دىنكى، ئىنسانىنى تەربىيەلەشتە يېمەك-ئىچمەك ئەدەپلىرىنىمۇ ئۇنۇتمىغان. كىيىم-كېچەككە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. كىيىم-كېچەكتە ئىنسان نېمە كىيىشتىن قەتئىينەزەر، ئىككى تۈرلۈك

[1] سۈرە سەف: 4 - ئايەت

شـەرتكە رىئايـە قىلىشـى كېرەك، بـىرى ئەۋرەتنـى يۆگەيدىغان كىيـم بولـۇش، ئىككىنجىسـى: پاكـىزە بولـۇش. قالغـان تەرىپـى ئۆرپ ـ ئـادەت ۋە ياشـاۋاتقان جەمئىيـەت مۇھىتىغـا توغـرا كەلسـە بولـىدۇ.

ئىنساندىكى بەخت ـ سائادەت، شـۇ ئىنسـاننىڭ تۇرمۇشـقا بولغـان قىممـەت قارىشـىغا مۇناسـىۋەتلىك بولـۇپ، ئەخلاقـى ياخشـى بولـۇش، ئەتراپتىكىلەرنىـڭ ھۆرمىتىگـە سـازاۋەر بولـۇش، مەجلـىس ئەھلىنـى خۇرسـەن قىلـىش، سـۆزدە قوپاللىـق قىلماسـلىق، زامـان ۋە مـاكان تەقەززاسـىغا رىئايـە قىلىشـتەك ئامىللارغـا دىققـەت قىلـىش مۇھىمـدۇر. ئىسـىل سـۈپەت كىشـىلەر ھـەر قانـداق سـورۇن بولۇشـتىن قەتئىيـنەزەر باشـقىلار بىلـەن جىدەللەشـمەيدۇ، ئاچچىقىنـى يامـان قىلىـپ، سـەت گەپلەرنـى ۋە سـەت قىلىقلارنـى قىلمايـدۇ. ھـەر قانـداق بىـر ئىنسـاننىڭ ئەخلاقـى ۋە خۇي ـ پەيلىنـى تەكشۈرمەكچى بولسـىڭىز، ئـۇ كىشـىنى ئـادەم كـۆپ بىسـىقچىلىقلاردا، ماشـىنا ھەيدىگەنـدە، قاتنـاش قائىدە ـ قانۇنلىرىغا رىئايــە قىلىش ـ قىلماسـلىقتا، ئۆچرەتتـە تۇرغانــدا ۋە زامانــۋى تېخنىكىلىــق ئۈسكۈنىلەرنى قوللانغانـدا كۆزەتسـىڭىز، ئـۇ كىشـىنىڭ ئەخلاقـى مەلـۇم بولـىدۇ.

تۇرمۇشـىدا رەتسـىز، كـۆپ خاتالىشـىدىغان، ئالدىراڭغـۇ ۋە شـاللاق ئـادەم، ھايـات مۇساپىسـىدە كۆپلىگـەن پۇشـايمانلارنى قىلغانـدىن باشـقا، ئىـغىر بەدەللەرنـى تۆلەشـكە مەجبـۇر بولـىدۇ. ئەكسـىچە، تەرتىپلىـك ۋە ئىنتىزامچـان، تەمكىـن ۋە ئۆزىنـى تۇتۇۋېلىشـنى بىلگـەن ئادەم، تۇرمۇشـىدا پۇشـايمان قىلىشـقا مەجبـۇر بولمايـدۇ. دوسـتلىرىدىن سەۋەبسـىز ئاغرىنىـپ تاشـلىۋەتكەن ئـادەم، يەنـە سەۋەبسـىز رازى بولـىدۇ، پۇشـايمان قىلىـپ قايتىـپ كېلىـدۇ. يامانلىقلارنى ياخشـىلىقتىن باشـقا ھېچنەرسـە يۇيالمايـدۇ، مۇسـۇلمان ئالـى مەرتىۋىلەرگـە ياخشـى ئەخـلاق بىلەنـلا يېتەلەيـدۇ.

تۇرمۇشـى قالايمىقـان ئادەمنىـڭ تەبىئىتـى قوپـال ۋە ئەخلاقـى ناچـار بولـۇپ، ئـۆزى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگـە كۆپلىگـەن ئاۋارىچىلىقلارنـى كەلتۈرگەنـدىن تاشـقىرى، باشـقىلارنىڭ ھېسسـىياتىغا ھۆرمـەت قىلمايـدۇ، باشـقىلار ھەققـىدە خاتالىششـتىن ئۆزىنـى تارتمايـدۇ.

ھـەر قانـداق بىـر ئىشـنىڭ ئاقىۋىتىنـى ئويلىمىغـان ئـادەم، پۇرسـەت قولـدىن كېتىـپ قالغانـدىن كېيىن پۇشـايمان قىلىدۇ، لېكىن پۇشـايمان پايـدا بەرمەيدۇ.

تۇرمۇشى رەتلىك بولمىغان ئادەم، ۋاقىتنى قەدىرلىيەلمەيدۇ، ھاياتى ۋە ئۆمرى مەنىسىز، ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈنمۇ پايدىسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇڭا ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت دېگەن ھېكمەتنى ياخشى مۇلاھىزە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئاللاھ بىزلەرنى ۋاقىتنى قەدىرلىيەلەيدىغان، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق ئىنسانلاردىن قىلسۇن، ئامىن!!

# ئائىلە ۋەئۆي مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە قورۇشى ئارقىلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتى گۈللىنىدۇ

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(25/7/1433هـ 15/6/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئائىلە ۋە ئۆي، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى، مۇسۇلمانلار ئائىلە قۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانىيەت جەمئىيىتى گۈللىنىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئائىلە ۋە ئەر-ئايالدىن تەركىپ تاپقان ئۆي، مۇسۇلمان جەمئىيىتىنىڭ ئاساسى ۋە يىلتىزىدۇر. ئائىلىدە تەربىيىلەنگەن شەخس ياخشى تەربىيىلىنىدۇ، ئىنسان ئائىلە تەربىيىسىدە تاۋلىنىدۇ. ئۇنداقتا توي قىلىش ئىنسانى تەبىئەتنىڭ تەقەززاسى بولۇش بىلەن بىرگە، ئىنسانىيەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئېھتىياجىدۇر.

ئىسلام دىنىدا توي قىلىش ئىبادەت ۋە سۈننەت بەلكى ۋاجىپتۇر. ساغلام ئائىلە بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى بارلىق ئىمكانىيەتلەرنى ئىشقا سېلىپ، توسالغۇلارنى يېڭىپ چىققان. ئائىلە قۇرۇش ۋە توي قىلىشتىن مەقسەت، ئەر-ئايالدىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئارىسىدا مېھرى-مۇھەببەت، ئۈنسى-

ئۆلپەت ۋە بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىشتىن ئىبارەت رىشتىنى مۇستەھكەملەشتۇر. شۇنداق بولغاندا ئائىلە بىناسى مۇستەھكەم بولىدۇ ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ساغلام بولىدۇ. ساغلام ئائىلىدىن تۆرەلگەن نەسىللەر، ئىسلام ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولۇپ يېتىشىدۇ. ساغلام ئائىلىدە ئىسلامىي تەربىيىدە يېتىشكەن ئەۋلادلار، ياخشىلىققا ھەمكارلاشقىدىغان، تەقۋادار، دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنى ئۆزىنىڭ غايىسى قىلىدىغان بولۇپ يېتىشىدۇ. مانا بۇ ئىسلامدىكى ئائىلە پەلسەپىسى ۋە بەختلىك ئائىلىنىڭ بەلگىسىدۇر.

ساغلام ئائىلىدىن ساغلام، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت بەرپا بولۇشىدا شەك يوق. ھەقىقىي ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى بىر قانچە تۈرلۈك قائىدە-قانۇنلارنى يولغا قويۇپ، شۇ ئارقىلىق بەختلىك ئائىلىنىڭ خەرىتىسىنى سىزغان. ھەر قانداق بىر ئائىلىنىڭ ۋەيران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان چەكلىمىلەر ۋە تەدبىرلەرنى يولغا قويغان. مەزكۇر ئىسلامىي جەمئىيەتنىڭ ئۇلىنى يىمىرىپ تاشلايدىغان خەتەرلىك ئامىل تالاق بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمان جەمئىيەت ۋە مۇسۇلمان ئائىلىنى ۋەيران قىلىدىغان يىرتقۇچ قاۋاندۇر. سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ئەرەب دۇنياسىدا تالاقنىڭ نىسبىتى 30% تىن ئاشقان، بەزى دۆلەتلەردە بولسا 40% كە يەتكەن. ئەمەلىيەتتە بۇنداق بۈيۈك بىر رەقەم مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ۋەيران قىلىدىغان قورقۇنچلۇق رەقەمدۇر.

مەزكۇر پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ بىرلا چارىسى، باشتا زىكىر قىلغاندەك ئائىلە تەربىيىسىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ھەقىقىي ئىسلامىي ئائىلە قۇرۇش بولۇپ، تالاقتىن ئىبارەت ۋىرۇسقا خاتىمە بېرىش ئارقىلىق ئائىلە ۋەيرانچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مۇمكىن. توغرا، ساغلام بىر ئائىلە قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئوغۇل-قىزلارغا ئۆمۈرلۈك جۈپتىنى تاللاش ھەققى بېرىلىشى كېرەك. قىز بولسۇن، ئوغۇل بولسۇن، ھېچقايسىسىنى ئۆزى خالىمىغان ۋە ياقتۇرمىغان تەرەپ بىلەن ئۆيلىنىشكە زورلاشقا ئاتا-ئانىنىڭ ھەققى يوق. ھەر قانداق ئائىلە ئۆز-ئارا مېھرىبان، كەچۈرۈمچان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەر-خوتۇنلار ئارىسىدىكى مۇئامىلىدە ئادالەتسىزلىك ۋە قوپاللىق بولىدىكەن ئائىلە داۋاملىشالمايدۇ.

ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا ئالدامچىلىق ۋە يالغانچىلىق قەتئىي يوق بەرمەسلىكى كېرەك. ھەقىقىي سەمىمىيلىك ۋە راستچىللىق ھۆكۈم سۈرگەن ئائىلە قەتئىي ۋەيران بولمايدۇ. ئەر ـ خوتۇنلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچ مۇكەممەل بولسا ۋە ئۆز ئارا سىر ساقلاشقا دىققەت قىلىنسا، ئۇنداق ئائىلە بۇزۇلمايدۇ. ئەر ـ ئاياللار ئارىسىدا ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتنىڭ قانداق قولغا كېلىشى، مۇنۇ ئايەت ئارقىلىق ئېنىق بەلگىلەنگەن: ﴿مَنْ عَمِلَ صَالِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُ حَيَاةً طَيِّبَةً وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا يَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئەر ـ ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەللىرىنىمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[1].

مەزكۇر ئايىتى كەرىمەنىڭ ھۆكمى بويىچە، ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك ۋە مەنىلىك ئۆتىدۇ. ئائىلە ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىۋاتقانلار، ئىسلاھاتچىلار، ئاتا ـ ئانىلار ۋە يازغۇچىلار بارلىق ئىمكانىيىتىنى ئائىلىنىڭ مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك.

ئاخىرىدا دۇنيانىڭ ۋىجدانىغا خىتاب قىلىمىزكى، سۈرىيەدە بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى ناھەق ئېقىۋاتىدۇ، ئىنسانىيەتكە داغ تەگكۈزگەن قىرغىنچىلىقلار، پۈتۈن دۇنيانىڭ گۇۋاھلىقى ۋە شاھىتلىقى ئالدىدا يۈز بېرىۋاتىدۇ. قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلىۋاتقان قانخورلارنى دىنمۇ ۋە ئەخلاقمۇ توسۇپ قالالمىدى. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە شۇنداق قەتلىئامغا ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئۈچۈن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ھەققىنى بەرگەن، بەزى ئورۇنلاردا ۋەز ـ نەسىھەت پايدا قىلمايدىكەن.

ئى شام خەلقى! سىلەرگە دەيمىزكى، ئاللاھ سىلەر بىلەن بىللە، سەۋر قىلىڭلار، مۇستەھكەم تۇرۇڭلار! بىز ياشاۋاتقان بۇ ئەسىردە شام خەلقىگە ئوخشاش ئۆزىدىن بولغان دۈشمەنىنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغان خەلقتىن يەنە بىرى بولمىسا كېرەك.

[1] سۈرە نەھل: 97 ـ ئايەت

مەسجىدىلھەرام مۇنبىرىدىن پۈتۈن دۇنياغا خىتاب قىلىپ دەيمىزكى، سۇرىيە خەلقىگە كەلگەن پاجىئەدە دۇنيا خەلقى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇشى كېرەك. مەسئۇلىيەتنىڭ ئەڭ ئېغىرى ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلار ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ. ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى زالىمغا قارشى مەزلۇمنىڭ قېشىدا تۇرۇش لازىم. كۆپ ئۆتكەنسېرى تاجاۋۇزچى ھاكىمىيەت تېخىمۇ غالجىرلىشىدۇ. ئى سۇرىيە خەلقى! مونۇ ئايەتكە قۇلاق سېلىڭلار: ﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُوا وَإِنَّ اللَّهَ عَلَى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ﴾ ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر﴾[1].

بىلىش كېرەككى، زۇلۇم ھاكىمىيەتنىڭ زاۋاللىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. ئاللاھنىڭ نۇسرىتى بىلەن خۇش بىشارەت ھاسىل قىلىڭلار! ئاللاھ ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسايىشلىقنى ۋەدە قىلغان. سىلەردە نۇسرەتنىڭ ئىككى ئالامىتى كۆرۈلدى. مۇستەھكەم تۇرۇڭلار ۋە قۇدرىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە مۇداپىئەلىنىڭلار! ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىڭلار!. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغانلار زىيان تارتمايدۇ، چۈنكى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقَاتِلْ فِي سَبِيلِ اللَّهِ لاَ تُكَلَّفُ إِلاَّ نَفْسَكَ وَحَرِّضِ الْمُؤْمِنِينَ عَسَى اللَّهُ أَن يَكُفَّ بَأْسَ الَّذِينَ كَفَرُواْ وَاللَّهُ أَشَدُّ بَأْسًا وَأَشَدُّ تَنكِيلاً﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغىن (يەنى ئۆزەڭ يالغۇز بولساڭمۇ جىھاد قىلغىن، ساڭا غەلىبە ۋەدە قىلىنغان. مۇناپىقلارنىڭ جىھادتىن قېلىپ قالغانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمە). سەن پەقەت ئۆزەڭگىلا جاۋابكارسەن، مۆمىنلەرنى (جىھادقا) قىزىقتۇرغىن، ئاللاھنىڭ كاپىرلار كۈچىنى توسىدىغانلىقىمۇ ھەقىقەتتۇر. ئاللاھنىڭ كۈچى ئەڭ زوردۇر، ئاللاھنىڭ جازاسى ئەڭ قاتتىقتۇر﴾[2].

دېمەك، مەزكۇر ئايىتى كەرىمە، ئاللاھنىڭ دىنىغا نۇسرەت بېرىش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ۋە سېنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان دۈشمەنلەرگە قارشى يالغۇز قالغان تەقدىردىمۇ مەيۈسلەنمەستىن، ئىككىلەنمەستىن ۋە ئارقىغا چېكىنمەستىن جەڭ قىلىشقا بۇيرۇغاندۇر!!

[1] سۈرە ھەج: 39 ـ ئايەت
[2] سۈرە نىسا: 84 ـ ئايەت

# مۇسۇلمانلار قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىپ، ئىختىلاپلار ۋە بۆلۈنۈشلەردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

9/8/1433ھـ 29/6/2012م

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمانلار قېرىنداشلىق رىشتىسىنى كۈچەيتىپ، ئىختىلاپلار ۋە بۆلۈنۈشلەردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ھەر جان ئىگىسى ئۆزىدىن باشقىغا ئىگە بولالمايدىغان، ئۆزى قىلغان ياخشىلىقتىن باشقىسى ئەسقاتمايدىغان ۋە ھېچبىر كىشى زۇلۇم قىلىنمايدىغان قىيامەتنى ئەسلەڭلار، ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! دىللارنىڭ بىرلىشىشى، ھېسسىياتلارنىڭ بىر يەردىن چىقىشى ۋە سۆز ھەرىكەتلەردىكى ئورتاقلىق، ھەقىقىي مۇخلىس مۇسۇلمانلارنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، ئاللاھ تائالا دىنى قېرىنداشلىقنى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى رىشتە ۋە ئالاقىلارنىڭ مىزانى قىلىپ، بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە ئۇچۇق بايان قىلغان: ﴿إِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ (مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن

ئالالاھتىن قورقۇڭلار﴾[1].

مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق كۈچتۇر. ئۇنىڭ ئەكسى بولغان بۆلۈنۈش، جېدەللىشىش ۋە ئاداۋەتلىشىشتەك ئىللەتلەر، ئۈممەتنى يىقىتىپ، ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىدىغان يامان ئىللەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئالالاھ ئاگاھلاندۇرغان. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش، ئۈممەتنىڭ كۈچىنى خورىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۈممەتكە كېلىدىغان بارلىق ياخشىلىقلارنى يىمىرىپ تاشلايدۇ. ئالالاھ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭمۇ بۆلۈنگەن ۋە ئىختىلاپلاشقانلىقى ئۈچۈن ۋەيران بولغانلىقىنى بىزلەرگە ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلاَ تَكُونُواْ كَالَّذِينَ تَفَرَّقُواْ وَاخْتَلَفُواْ مِن بَعْدِ مَا جَاءهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَأُوْلَـئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾(روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن، ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2].

ئالالاھ تائالا دىندا ئىختىلاپلىشىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىشىنىڭ دىنغا بۇزغۇنچىلىق بولىدىغانلىقىدىن ۋە ئىسلامنىڭ ھالقىسىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ تەپرىقىچىلىكنى ئوچۇق بايان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا مۇمكىن بولغان چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىشقا چاقىرغان. كۈندە 5 ۋاقىت نامازنى ۋە ھەپتىدە بىر كۈن جۈمە نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش، يىلدا ئىككى قېتىم جامائەت بىلەن ھېيت نامازلىرىنى ئوقۇش، يىلدا بىر قېتىم دۇنيادىكى مۇسۇلمانلاردىن مىليونلارچە ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىرلا ماكانغا يىغىلىشىنىڭ ھېكمىتى، يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى، كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە دوستلۇق رىشتىسىنى كۈچەيتىشتۇر.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىگە خىلاپلىق قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش ۋە پىتنە پەيدا قىلىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

[1] سۈرە مۇجۇرات: 10 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ئالى ئىمران: 105 ـ ئايەت.

مۇنداق دېگەن: «كىمكى جامائەتتىن ئايرىلىپ، ئىتائەتتىن چىقىدىكەن، جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلىدۇ. كىمكى ئۇممەتتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ياخشىسىنىمۇ، يامىنىنىمۇ ئۇرىدىكەن، مۇئمىنىنىڭ ئىمانىدىن قورقمايدىكەن ۋە ئەھدىلەشكەنلەرنىڭ ئەھدىنامىسىگە رىئايە قىلمايدىكەن، مېنىڭ ئۇممىتىمدىن ئەمەس. كىمكى قارىغۇ بايراق ئاستىدا ئۇرۇشۇپ ئۆلتۈرۈلىدىكەن، يۇرتۋازلىق ۋە قەبىلىۋازلىق قىلىپ غەزەپلىنىدىكەن، قەبىلە-ئايماق ئۈچۈن جەڭ قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ئۆلۈمى جاھىلىيەت ئۆلۈمىدۇر».

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش ۋە ئىختىلاپلار، ئىسلام ئۇممىتى جىسمىغا چۈشكەن مىكروب بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن داۋالاشقا تىرىشمىسا پۈتۈن جىسمىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇھۇد غازىتىدا يۈز بەرگەن ئاددىي بىر مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماستىن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى، ساھابىلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى چۈشۈنۈشتە چۈشەنچىلىرى بىر يەردىن چىقماسلىقنىڭ ئۆزى، ئۇممەتتە بۆلۈنۈش، ئىختىلاپلىشىش ۋە بىر بىرىگە قارشى تىغ كۆتۈرۈشكە ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك. ھازىر بىز قوللىنىۋاتقان تور مۇنبەرلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورلىرى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولماسلىقى كېرەك.

ئاللاھ بارلىق مۇسۇلمانلارنى ھەق ئۈستىدە بىرلەشتۈرسۇن! پىتنىگە سەۋەب بولغۇچىلاردىن قىلمىسۇن، ئامىن!!

# مۇبارەك رامىزان ئېيى رەھمەت،مەغفىرەت ۋە بەرىكەت ئېيىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ ئالى تالىب

1/9/1433ھـ 20/7/2012م

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇبارەك رامىزان ئېيى رەھمەت، مەغفىرەت ۋە بەرىكەت ئېيىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ـ مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

قارايدىغان بولساق، كۈنلەر چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىپ بارماقتا. بىز ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىكىنى تۇيماي قېلىۋاتىمىز. بىر يىل كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. مۇبارەك رامىزان ئېيى يەنە كېلىپ قالدى. ئەمىلىيەتتە تولۇق بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. دېمەك، بىزنىڭ قىممەتلىك ھاياتىمىزدىن بىر يىل كەلمەسكە كەتتى، ئەمما ئۆتكەن بىر يىل جەريانىدا نېمىلەر يۈز بەردى؟ يىمىرىلمەس تەختلەر يەر بىلەن يەكسان بولدى. قىيامەتكىچە تەۋرەنمەيدىغاندەك تۇيۇلىدىغان دۆلەتلەر غۇلاپ چۈشۈپ، تارىخ بەتلىرى ئۆزگەردى. زالىملىقتا ئىسمى دۇنياغا پۇر كەتكەن دۆلەت رەئىسلىرى غۇلاپ چۈشتى. بەزىلىرى قەبىھ شەكىلدە ئۆلتۈرۈلگەندىن تاشقىرى، خەلقى ئالەمگە سازايى قىلىندى. بۇ ۋەقەلەر بىزلەر ئۈچۈن بۈيۈك ئىبرەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھەر بىر ئىنساننى ئويغا سالىدىغان مۇھىم ۋەقەلەردۇر.

ئەتراپىمىزدا يەنە غەم ـ قايغۇلۇق ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئاللاھنىڭ لۇتفى-كەرىمى بىلەن يەنە مۇبارەك رامىزاننىڭ تۇنجى كۈنى بىلەن يۈز كۆرۈشتۇق. مۇبارەك رامىزان بولسا، دىللارنى بوران-چاپقۇنلاردىن ۋە غەپلەتلىك كۈنلەرنىڭ قاينىمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئامانلىق قىرغىقىغا ئېلىپ چىققىدىغان پاراخۇتقا ئوخشاشتۇر. بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ بىر يىل ئىچىدە دىراماتىك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالى ۋە ئۆزگىرىشلەر بىلەن مەشغۇل بولدۇق.

رامىزاندىن ئىبارەت ياخشىلىق مەۋسۇملىرى بولسا، بىزلەر ئۈچۈن ئالتۇن پۇرسەتتۇر. روزا تۇتۇش قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن شەرىئەتتۇر. رامىزان رەھمەت ۋە ياخشىلىق ئېيىدۇر. رامىزاندا جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، جەھەننەمنىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىدۇ. روزا تۇتقۇچى ئۈچۈن ئىككى تۈرلۈك خۇشاللىق بار، بىرى ئىپتار قىلغاندىكى خۇشاللىق بولسا، ئىككىنچىسى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندىكى خۇشاللىقتۇر. رامىزاندا جىبرىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، قۇرئاننى تىلاۋەت قىلىشاتتى. روزا بىلەن قۇرئان قىيامەتتە ئىگىسىگە شاپائەت قىلىدۇ. رامىزان بولسا، تەراۋىھ، قىيام، ئىبادەت ۋە ئاللاھ ئۈچۈن ياش تۆكىدىغان ئايدۇر. روزا تۇتقۇچىنىڭ دۇئاسى رەت قىلىنمايدۇ. رامىزاندا دىللار پاكلىنىپ، ئەخلاقلار ياخشىلىنىدۇ. روزا ئىنسان ئۈچۈن تەربىيە، شەھۋانى ھەۋەسنى سۇندۇرىدىغان ئۆتكۈر قىلىچ ۋە كۆڭۈلنىڭ قۇللۇقنى كېسىدىغان شەمشەردۇر. رامىزان سەدىقە-زاكاتلار كۆپ بولىدىغان ئاي بولۇپ، ئاجىز-يوقسۇللار رامىزاندا كۆپ يوقلىنىدۇ.

مانا بۇ ئۇلۇغ رامىزان ئېيى، ئاللاھنىڭ دىنىغا ئىخلاس قىلىدىغان، گۇناھنىڭ كىرلىرىدىن تازىلىنىدىغان ۋە ئىستىغفار ئارقىلىق گۇناھ-مەسىيەتلەرنى يۇيىدىغان ئايدۇر. گۇناھ-مەسىيەتلەر بەندىنى تائەت-ئىبادەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئاللاھقا يېقىنلىشىشتىن چەكلەيدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! شېرىككە يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى شېرىك ئەمەللەرنىڭ قوبۇل بولۇشىنى توسىدۇ. دىندا بىدئەتلەرنى پەيدا قىلماڭلار، چۈنكى بىدئەت ئەمەللەرنى كۆيدۈرىدىغان ئاپەتتۇر. روزا تۇتۇشتىن مەقسەت، روھنى تازىلاش ۋە ئۇنى سەۋرچانلىققا كۆندۈرۈشتۇر. رامىزاندا ئىنسان بەزى مۇباھ

ئىشلاردىنمۇ ساقلىنىدۇ، ھارامدىن ئۆزىنى تارتىش بولسا، روزىنىڭ ئاساسلىق ھېكمىتىدۇر.

رامىزان ئېيى شۇنداق ئۇلۇغ ئەنگۈشتەركى، ئۇنى ئەرزىمەس تىلۋېزور قاناللىرى ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزئارا قۇرۇق پاراڭلار ۋە قەرت ئويناشتەك بىھۇدە ئىشلار بىلەن زايا قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. رامىزان، ئىماملار ئۈچۈن ئۆزىدىن ھېساب ئالىدىغان پۇرسەتتۇر. رامىزان ئېيى تارىختىكى كۆپلىگەن فەتھلەر ۋە غەلبە-نۇسرەتلەرنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ئاللاھتىن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىق تەرەپكە ئۆزگەرتىشنى تىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ مۇبارەك رامىزان، ئۈممەتنىڭ بېشىدىكى مۇسىبەتلەر ئېغىرلاۋاتقان، ھەر يەردە مۇسۇلمانىنىڭ قېنى ئېقىۋاتقان، زۇلۇم مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگىلا بولىۋاتقان پەيتكە توغرا كېلىۋاتىدۇ. رامىزان كەلدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجغا چىققان مۇبارەك زېمىنى تېخىچە جوھۇتلارنىڭ ئىشغالىيتىدە تۇرماقتا، سۇرىيەدىكى قېرىنداشلىرىمىز بوغۇزلاپ تاشلانماقتا ۋە يۇرتلىرىدىن ئايرىلماقتا، يەر يۈزىدىكى ئەڭ نىجىس مىللەتلەر سۇرىيە زالىمى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بىرسەپتە تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنى ئېقىتماقتا.

شۇ نىجىسلار بىلىشى كېرەككى، غەلبە-نۇسرەت بەكمۇ يېقىندۇر، تەسەۋۋۇردىكىدىنمۇ يېقىندۇر. ئاللاھ خالىسا شامدىكى ھېيت قوش ھېيت بولۇپ، ئىنشائاللاھ روزا ھېيت بايرىمى ۋە غەلبە-نۇسرەت بايرىمى بولغۇسى!

ئاللاھنىڭ ۋەدىسى راست، نۇسرىتى بەرھەق، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر!

# رامىزان روزىسىنىڭ ئىسلامدا ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بار

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(1433/9/8ھ 2012/7/27م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «رامىزان روزىسىنىڭ ئىسلامدا ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بار» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! رامىزان ئاللاھ پەرز قىلغان ئۇلۇغ ئىبادەت بولۇپ، روزا بارلىق ئەھلى ئىسلامغا ئوخشاش پەرز قىلىنغاندۇر. روزا ئىبادىتى يالغۇز ئۈممەتى مۇھەممەدىيەگىلا ئەمەس، بەلكى باشقا ئۈممەتلەرگىمۇ پەرز قىلىنغان. ئىسلامدىكى روزىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بار بولۇپ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۇنىڭ ئۈچۈن قائىدە-تۈزۈم ئورناتقان. روزا ئىلاھىي تەشرىئ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ رەببانىي تەرتىپ-ئىنتىزامدۇر. روزا ئارقىلىق بەندە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ، تەقۋالىقنى ئاشۇرالايدۇ. روزىدىكى ئىمتىيازلار كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىقى ئاللاھقا بولغان كامالى قۇللۇقنى نامايەن قىلىشتۇر.

روزا تۇتقان كىشى خالىغاندا ئىپتار قىلىپ، خالىغاندا يېمەكنى توختىتالمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى كۆرسەتكەن بويىچە ئادا قىلىشى كېرەك. روزا ئىنسانلارغا شۇنداق تۇيغۇ بېرىدۇكى،

ئىنسان پەقەت ئاللاھنىڭ بەندىسىدۇر، ئاللاھتىن باشقىغا بويسۇن ئەگمەيدۇ ۋە چوقۇنمايدۇ. ئىنسان روزا تۇتقاندا ئىماننىنى شۇ ئۇسۇل بويىچە توغرىلىشى، روزىنى پەقەتلا ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن تۇتىدىغانلىقىنى قەلبىدە مۇستەھكەملىشى كېرەك. ھەقىقەتەن روزا، بەندە بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىدىكى سىرلىق رىشتىدۇر. ئۇنى ئۆزۈش ياكى ئۇلاشنى بەندە بىلەن ئاللاھتىن باشقا كىشى بىلەلمەيدىغان سىرلىق ئىبادەتتۇر. روزا تامامەن ئاللاھ ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىبادەت بولۇپ، بەندە تاڭ ئاتقاندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغىچە يېمەيدۇ، ئىچمەيدۇ، كۆڭۈل ئاچمايدۇ، ھەر قانچە ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق تارتسىمۇ سەۋر قىلىدۇ. روزا تۇتقان بەندە ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقى ۋە ئىبادىتىنى خالىس قىلغانسىرى سەممىيىتى شۇنچە ئاشىدۇ. روزىنىڭ يەنە بىر خىسلىتى شۇكى، بۇ ئىبادەت باي-كەمبەغەل، چوڭ-كىچىك، ئەر-ئايال ھەممىگە ئوخشاش پەرزدۇر.

رامىزان ئېيى ئالاھىدە خاسىيەتلىك ئاي بولۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە مەغفىرەت دەرۋازىسى ئېچىلىدۇ. رامىزان ئېيى شەك-گۇمانلارغا پۇرسەت بەرمەيدىغان ۋە شەك كۆڭۈلەردە روزا تۇتۇشقا بولمايدىغان بىر ئايدۇر. روزىنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك سۈننەت ۋە مۇستەھەبلىرى بولۇپ، ئەزان چىقىش بىلەن تەڭ ئىپتار قىلىش ۋە سوھۇرلۇقنى كېچە ئاخىرىغا كېچىكتۈرۈش سۈننەتتۇر. تەقۋالىق قىلدىم دەپ روزىنى بىر قانچە كۈن ئۇلاپ، ئىپتار قىلماستىن روزا تۇتۇشنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چەكلىگەن.

رامىزان ئىبادەت، تىلاۋەت، قىيام، سەدىقە، زاكات، سىلە-رەھىم ۋە ئېھسان ئېيىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا ئىنتايىن سېخى بولۇپ كېتەتتى. جىبرىل ئەلەيھىسسالام رامىزاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، قۇرئان كەرىمنى باشتىن-ئاخىر تىلاۋەت قىلىپ بېرەتتى.

# رامىزان ئېيى قۇرئان تىلاۋەت ئېيىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(15/9/1433ھـ 3/8/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «رامىزان ئېيى قۇرئان تىلاۋەت ئېيىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ـ مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۇلۇغ رامىزان ئېيى، بەرىكەت ۋە رەھمەت ئېيىدۇر. بۇ ئايدا پاك نەپسلەر تەجەللىي قىلىدۇ، ئالىي ھىممەتلەر ئىمان دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ، قەلبلەر ئاللاھنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇيدۇ. بۇ ئايدا شەيتاننىڭ دەرۋازىلىرى تاقىلىشقا ۋە تارىيىشقا باشلايدۇ. بەندىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىبادىتى سايلىشىدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابىدىن لەززەت ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ئۇلۇغ رامىزان، قۇرئان ئېيى، ئاللاھقا باش ئېگىش، ئاللاھ بىلەن سىردىشىش ۋە مۇناجاتلىشىش ئېيىدۇر. ئاللاھنىڭ كىتابىنى تەپەككۇر قىلىش، تەدەببۇر قىلىش، ئىبرەت ئېلىش ۋە قورقۇش ئېيىدۇر. قۇرئانسىز ياشىغان ئىنسان، سۇ ۋە ھاۋاسىز ياشايدىغان ئىنساندۇر.

قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ ھاياتى ئۈچۈن روھ ۋە ھىدايەت نۇرىدۇر. قۇرئان كەرىم ئىنسانغا نىسبەتەن زېرىكىشلىك بولمايدىغان ھەمرادۇر. قۇرئاننى ئوقۇغانسىرى ئوقۇغۇسى كېلىدۇ، قۇرئاننى ھەقىقىي دىققەت بىلەن ئوقۇغان

ئادەم، خۇددى ئاللاھ بىلەن سۆزلەشكەندەك ھېسسىياتتا بولىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَهْدِي بِهِ اللّهُ مَنِ اتَّبَعَ رِضْوَانَهُ سُبُلَ السَّلاَمِ وَيُخْرِجُهُم مِّنِ الظُّلُمَاتِ إِلَى النُّورِ بِإِذْنِهِ وَيَهْدِيهِمْ إِلَى صِرَاطٍ مُّسْتَقِيمٍ﴾ ﴿ئاللاھ شۇ كىتاب (يەنى قۇرئان) ئارقىلىق رازىلىقىنى تىلىگەنلەرنى سالامەتلىك يوللىرى (ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرى) غا يېتەكلەيدۇ، ئىرادىسى بويىچە ئۇلارنى (كۇفرى) قاراڭغۇلۇقىدىن (ئىماننىڭ) نۇرىغا چىقىرىدۇ ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىدۇ﴾[1].

ئىنساننىڭ دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، قۇرئان تىلاۋەتتىن پايدىلىنىش نەرسە بولمىسا كېرەك. كېچىلەر ۋە سەھەرلەردە قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش ۋە مەنالىرىنى مۇلاھىزە قىلىش، ئىنسانغا چەكسىز بەخت ۋە راھەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھ قۇرئاننى ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىدا كەسكىن مىزان قىلدى. كىمكى ھىدايەتنى قۇرئاندىن ئىزدەيدىكەن، ئاللاھ ئۇنى ئۇلۇغ قىلىدۇ ۋە كىمكى قۇرئاندىن باشقىدىن ھىدايەت تەمە قىلسا، ئاللاھ ئۇنى خار قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم نۇرى ئۆچمەيدىغان چىراق ۋە ئازدۇرمايدىغان يولباشچىدۇر. قۇرئان كەرىم ئىمان ۋە ئىلىمنىڭ خەزىنىسىدۇر، دىللارنىڭ باھارى، ئالىملارنىڭ باغچىسى، ھايات دەستۇرى ۋە ئىنسانلارغا شىپادۇر. قۇرئان شىپا بولغان ئادەمگە ئۇنىڭدىن كېيىن كېسەللىك كەلمەيدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمنى ئۆزى چۈشۈرگەن ۋە ئۆزى ھىمايە قىلىشقا ۋەدە قىلغان. قۇرئان ئۈستۈن ۋە ھېچنەرسە ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى بۇ ئايدا قۇرئان كەرىمنى مۇلاھىزە قىلىش ۋە تەپەككۇر قىلىشتا يىگى ئۇسۇلغا ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان چاقماق تېزلىكىدىكى ھادىسىلەر بىزنى قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا قايتا نەزەر سېلىش ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ بىزگە شۇنى ئەسلىتىدۇكى، بۈگۈن تۈنۈگۈنگە ئەجەپمۇ ئوخشايدىكەنغۇ! دەپ قالىمىز. پىرئەۋن، قارۇن، ھامان ۋە نەمرۇدلار تارىختا قالدى ۋە قايتىپ كەلمەيدۇ، دەيتتۇق. بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پىرئەۋنىدىن نەچچە ھەسسە يامان، قاۋان ۋە ۋەھشى فىرئەۋنلەرنىڭ ئارىسىدا ياشاۋاتقانلىقىنى،

---

[1] سۈرە مائىدە: 16 ـ ئايەت.

ئۇنىڭلىغان بىگۇناھ قانلارنى تۆكۈشتىن قىلچە ھايا قىلمايدىغان 21 ـ ئەسىرنىڭ شەددادلىرىنى كۆرىۋاتىمىز.

بىز ھازىر ئۆز تىلىمىزدا سۆزلىشىدىغان، ئارىمىزدىن چىققان، لېكىن كۆڭلى يۇزلەرچە كىچىك بالىنى ئۆلتۈرىۋاتقان پىرئەۋننى كۆردۇق. ئۇنىڭلارچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنسانلارنى تىرىك كۆمگەن يالماۋۇزلارنى كۆردۇق، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن پالتىلاردا چانالغانلارنى ۋە تىلىپ قىيما ـ قىيما قىلىنغانلارنى كۆردۇق. قەلبىدە قىچىنىڭ دانىسىچە ئىمانى ۋە ۋىجدانى بار ئىنسان، بىرمادىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان ئازابلارنى ئاڭلاپ، پەرۋاسىز قاراپ تۇرالمايدۇ.

سۈرىيەدە بولسا، ئەھۋال تېخىمۇ يامان، ئەجداتلارنىڭ ۋە خىلاپەتنىڭ دىيارى بولغان شام ئەھلى، 21 ـ ئەسىرنىڭ پىرئەۋنلىرىدىن نېمە كۈنلەرنى كۆرمەكتە؟

بارلىق مۇسۇلمانلار مەزكۇر قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلىشى كېرەك. ئۇلارغا ئاللاھتىن ئەڭ تېز پۇرسەتتە نۇسرەت تىلىشىمىز كېرەك! ئىككى ھەرەم خادىمىنىڭ ۋەھيىنىڭ مەنبىئى بولغان مەككىدە قورۇلتاي چاقىرىشى، مۇشۇ خىتاب ئۈچۈن بولسا كېرەك.

ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن! زالىملارنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە خار قىلسۇن، ئامىن!!

# ئىسلام ئۈممىتى ھەلقىلىغۇچ بۇرۇلۇش پەيتىدە تۇرماقتا

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇمەيد

(22/9/1433ھـ 10/8/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلام ئۈممىتى ھالقىلىق بۇرۇلۇش پەيتىدە تۇرماقتا» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بىز مۇبارەك ئۇلۇغ رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ياشىماقتىمىز. رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى تارىختىن ئىبرەت ئالىدىغان، قۇرئان ئوقۇيدىغان ۋە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان فۇرقان ئېيىدۇر. قۇرئان ھەقىقەتتە قەلبنى ئىلىم-ھېكمەتكە تولدۇرىدىغان ھەل قىلغۇچ فۇرقاندۇر. رامىزان ئېيى بولسا، ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئوتتۇرىنى ئايرىدىغان فۇرقان ئېيىدۇر. مەككە فەتھىسى مۇبارەك رامىزاندا بولغان ۋە دۇنيا شۇ فەتھىنىڭ بەرىكىتىدىن ئىسلام بىلەن تونۇشقان. شۇ فەتھىدىن كېيىنلا ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئاساسى مۇستەھكەملىنىپ، ئادىل ھاكىمىيىتى ئارقىلىق، ئۈممەتلەرنى ئەقىدە، ئىمان ۋە شەرىئەتتىن ئىبارەت ئىسلاھات تۈزۈمى بىلەن باشقۇرغان.

بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئۈممىتى ھالقىلىق، ئىنچىكە، نازۇك بىر دەۋرىدە تۇرماقتا. دىللىرىدىكى دەرت-ئەلەملىرى بىلەن جاراھەتلىرىگە مەلھەم بولىدىغان شاپائەتچىگە موھتاج بولماقتا. ئىسلام دۇنياسىدىكى دىراماتىك

ئۆزگىرىشلەر، ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ۋە يېڭى سىياسەت تۇتۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرمەكتە. ئىسلام دۇنياسىدىكى بوشلۇق ئىنتايىن ئاقىلانە ۋە تېزلىك بىلەن تولدۇرۇلۇشى كېرەك.

بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە مۇسۇلمانلارنى بىرلىك ۋە باراۋەرلىككە چاقىرىش ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت بولۇپ، مەرھۇم پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ھىجرىيە 1345 ـ يىلى مەككىدە تۇنجى ئىسلام ھەمكارلىق يىغىنى چاقىرغان ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەرھۇمنىڭ ئوغۇللىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش يولىدا تىرىشچانلىقلارنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. مەككىدە چاقىرىلماقچى بولغان قۇرۇلتاي، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئالتۇن پۇرسەت. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىختىلاپلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق ئورنىتىشى كېرەك.

بۇ قېتىمقى چاقىرىلغان ئىسلام ھەمكارلىق قۇرۇلتىيى زامان ۋە ماكان ئېتىبارى بىلەن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئىسلام ئۈممىتى خۇددى بىر جەسەتتەك بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ رەھبەرلىرىگە خىتاب قىلىپ دەيمىزكى: بۇ قۇرۇلتاي ئەڭ زامانىۋى دىئالوگ بولۇشى ۋە ئۈممەتنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتى شەخسى مەنپەئەتلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىشى كېرەك. ئۈممەتنىڭ كۈتكەن ئارزۇلىرىنى يەردە قويماسلىق ۋە خەلقنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا كەڭ ئورۇن بېرىشكە تىرىشىشى كېرەك.

ئى رەھبەرلەر! سىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمىتىڭلار، ئىسلام ئۈممىتىنى زايا بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەقىقىي بىرلىك ئورنىتىشتۇر. خەلقلىرىڭلار سىلەردىن مۇھىم مەسىلىلەردە جىددىي ۋە كەسكىن قارارلارنى ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سىلەر ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى يۈز بېرىۋاتقان دۈشمەنلىك ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرۇشتا كەسكىن بولۇشۇڭلار كېرەك. باشقىلارنىڭ رادىكال ئىدىيەلىرى، رادىكال ھەرىكەتلىرىنىڭ زىيىنى ۋە بەدىلىنى ئىسلام ئۆتەشكە مەجبۇرلاندى. بۇنداق خاتالىقلار ۋە ناتوغرا قاراشلارغا خاتىمە بېرىش كېرەك.

ئىسلام ئۈممىتى مەزھەب ۋە تائىپە پىتنىسىگە مۇبتىلا بولغان بىر ئەھۋال ئاستىدا تۇرماقتا. بۇنداق پىتنىلەردىن يەنىلا دۈشمەنلەر پايدىلىنىدۇ،

شۇلارغا پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك. مەزھەبۋازلىق ۋە تائىپىۋازلىق ئۇرۇغىنى چاچقانلار، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ياخشىلىقىنى خالىمايدىغانلاردۇر. ئۈممەتنىڭ بېشىدىكى مۇسىبەتلەر شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئەڭ بېشىدا پەلەستىن مەسىلىسى كېلىدۇ. تۇنجى قىبلە بولغان ئۈچىنچى ھەرەم مۇستەملىكە ئاستىدا تۇرسا، قانداقمۇ مۇسۇلمانلار راھەت ئۇخلىيالىسۇن! كۆز ئالدىمىزدا پەلەستىننىڭ مۇھىم پارچىسى بولغان غەززەدىكى قېرىنداشلىرىمىز مۇھاسىرىدە تۇرسا، قانداقمۇ بىز راھەت بولالايلى!

ئەي ئىسلام ئەھلى! ئىسلام دىيارلىرىدا مۇسۇلمانلار قىرغىنچىلىققا ئۇچرىماقتا، بىرمادا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئىرقى قىرغىنچىلىق، كەمسىتىش ۋە يۇرتلىرىدىن ھەيدىلىشتەك ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىي جىنايەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە. ئەنە شۇ مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، كەسكىن تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇسۇلمانلار ئوخشاش بولمىغان كەمسىتىش ۋە زۇلۇملارغا دۇچ كەلمەكتە. ھەتتا بەزى دىيارلاردا مۇسۇلمانلار ئۇلۇغ رامىزاندا روزا تۇتۇشتىن چەكلەنمەكتە. ئىسلام دۇنياسى ئۆزىنىڭ مەشغۇلىيىتى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەزلۇم مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنى زالىم كاپىرلارنىڭ ئاياقئاستى قىلىشىغا تاشلاپ قويماقتا.

سۇرىيەدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز، ئۆز ئىچىدىن چىققان زالىم ھاكىمىيەتنىڭ قۇربانى بولماقتا. زالىملار ئۆز خەلقى ۋە ئۆز يۇرتلىرىنى پەقەتلا زالىم ھاكىمىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ۋەيران قىلماقتا.

# رامىزاندىن كېيىنمۇ ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(6/10/1433ھـ 24/8/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتەۋاتقان مۇسۇلمانلارغا: «رامىزاندىن كېيىنمۇ ئىبادەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش لازىم» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

مۇبارەك رامىزان ئېيى چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، كىيىم-كېچەكلىرىمىز، كۆزلىرىمىز ۋە قەلبلىرىمىزدە رامىزاننىڭ پۇرىقى تېخىچە مەۋجۇت، قۇرئان تىلاۋەت لەززىتى قەلبىمىزدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانلىقى ئۈچۈن، تېخىچە قۇلىقىمىزدىن نېرى كەتكىنى يوق. مۇبارەك رامىزاننى ئۇزىتىپ قويغان بولساقمۇ، تائەت-ئىبادەتنىڭ ھالاۋىتى ۋە ئۇنىڭ لەززىتىنى ئۇنۇتقىنىمىز يوق. مۇسۇلمان رامىزاندا قىلغان ئىبادەتلەر، تائەتلەر ۋە كېچىلەردە ئۇخلىماي ئوقۇغان نامازلار ۋە قۇرئان تىلاۋەتلىرىنى رامىزاندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك. قۇرئان تىلاۋەت ۋە سەدىقە ئەمەللىرى يىل بويى داۋام قىلىدىغان، ئىنسان ھاياتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەمەللەردۇر. شۇنداق قىلغاندا ئىنساننىڭ بارلىق ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنىڭ ھەممىسى ئىبادەت بولىدۇ. ئۇنداق ئادەم ئاللاھقا داۋاملىق يېقىن بولىدۇ.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ

الْعَالَمِينَ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «مىنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت- ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر﴾[1].

يەر-زېمىن ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىگە مىراس قالدۇرغان ماكان بولۇپ، ئىنسان مۇشۇ دۇنيادا ئاخىرەتتىكى بارىدىغان مەنزىلىنى تاللايدۇ. بۇ دۇنيادا تىككەنلىرىنى قىيامەتتە ئورايدۇ. ياخشىلىقلارنى قىلغان بولسا، جەننەتكە لايىق بولىدۇ. ھەقىقىي مۇئمىن ئاخىرقى مەنزىلى بولغان جەننەتكە يېتىپ بارغۇچە ھېچ توختىماي خىزمەت قىلىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿واعبد ربك حتى يأتيك اليقين﴾ ﴿سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾.[2]

ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىلىدىغان ۋە ئايلارنىڭ سۇلتانى دەپ تونۇلغان رامىزان ئېيى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، پۈتۈن ئايلارنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ مەڭگۈ باردۇر. ياخشى ئەمەللەرنىڭ دائىرىسى كەڭ ۋە ئەجرىمۇ ھەسسىلەپ بېرىلىدۇ. ھەقىقىي مەنپەئەتلىك تىجارەت، ئاللاھ بىلەن بولغان تىجارەتتۇر. ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى، ئاللاھقا يەتكۈزىدىغان تىز سۈرئەتلىك يولدۇر. ئاللاھقا ئەڭ تېز يېتىشنى خالايدىغان مۇستەھكەم ئىرادىلىك ئىخلاسمەنلەر قېنى؟

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنىڭ دولامدىن تۇتۇپ تۇرۇپ: «سەن دۇنيادىن يات كىشىگە ئوخشاش ياكى مۇساپىرغا ئوخشاش ئۆتۈپ كەتكىن» دېگەن، دەيدۇ. ئىبنى ئۆمەر يەنە: كېچىگە يېتىشسەڭ ئەتىگەننى كۈتمىگىن، ئەتىگەندە ئورنۇڭدىن تۇرساڭ، ئاخشامنى كۈتمىگىن، سالامەتلىكىڭدىن كېسەللىكىڭ ئۈچۈن نېسىۋە قويغىن، ھاياتىڭدىن ئۆلۈمىڭ ئۈچۈن نېسىۋە قويغىن، دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بىزلەرنى ئۆزى ئاددى، لېكىن ساۋابى چوڭ ئىشلارغا باشلىغان. ياخشى ئەمەللەرنىڭ كۆپلىگەن دەرۋازىلىرىنى كۆرسىتىپ، قىيامەتكە ئېلىپ بارىدىغان زەخىرە ئەمەللەرگە باشلىغان.

[1] سۈرە ئەنئام: 162 - ئايەت.
[2] سۈرە ھىجر: 99 - ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ ھەر بىر كىشىگە بەرگەن سالامىڭلار سەدىقە، ھەر بىر تەسبىھ سەدىقە، ھەر بىر ھەمدۇ-سانا سەدىقە، ھەر بىر تەكبىر-تەھلىل سەدىقە، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش سەدىقە ۋە چاشكا ۋاقتىدىكى ئىككى رەكئەت ناماز ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەن.

مۇئمىن ئاددىيلا بىر ئىبادەت ئارقىلىق ئالى ماقاملارغا يېتىشى مۇمكىن، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «مەن جەننەتتە يول ئۈستىدە مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىدىغان بىر دەرەخنى كېسىپ تاشلىغان سەۋەبتىن جەننەتكە كىرىپ ئايلىنىپ يۈرگەن كىشىنى كۆردۈم» دېگەن. بەندە ئاددىي ئىشلار بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: «بەندە يىمەكنى يەپ بولۇپ، ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتسىمۇ، سۇ ئىچىپ بولۇپ ھەمدۇ-سانا ئېيتسىمۇ، ئاللاھ بەندىدىن رازى بولىدۇ» دېگەن.

بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن تاھارەت ۋە ناماز دېگەنلەر كۈندە نەچچە ۋاقىت تەكرارلىنىدۇ، بۇنىڭ ساۋابى ئىنتايىن يۇقىرىدۇر. ئەبى ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان بەندە تاھارەت ئېلىپ، يۈزىنى يۇسا، يۈزىدىن خاتالىقلارنىڭ ھەممىسى يۇيۇلۇپ تۆكۈلىدۇ، قولىنى يۇسا قولىدىكى خاتالىقلار يۇيۇلۇپ كېتىدۇ، پۇتىنى يۇسا پۇتىدا مېڭىپ سادىر قىلغان گۇناھلىرى سۇنىڭ ئاخىرقى قەترىسىگىچە يۇيۇلۇپ تۆكۈلىدۇ، ئاخىرى گۇناھتىن پاك ھالىتىگە قايتىدۇ» دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جۈمە نامىزى يەنە بىر جۈمەگىچە بولغان گۇناھلارغا، رامىزان روزىسى يەنە بىر رامىزان ئېيىغىچە بولغان گۇناھلارغا (چوڭ گۇناھ سادىر قىلمىغان تەقدىردە) كافارەتتۇر» دېگەن.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى رەسۇلەللاھ! مەن كىمگە ياخشىلىق قىلىشىم كېرەك؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاناڭغا» دېگەن، ئۇ ساھابە: يەنىچۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: «يەنە ئاناڭغا» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، تۆتىنچى قېتىمدا «داداڭغا» دېگەن. يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «رىزقى كەڭ بولۇشنى ۋە زىكرى ياخشى بولۇشنى خالىغان ئادەم، تۇغقانلىق رىشتىسىنى ئۈزمىسۇن» دېگەن.

شەۋۋالنىڭ ئالتە كۈن روزىسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ، ئارقىدىن شەۋۋالدا ئالتە كۈن روزا تۇتىدىكەن، يىلنىڭ ھەممىسىدە روزا تۇتقان بىلەن باراۋەردۇر».

ئاللاھ ھەممىمىزنى رامىزاندىن كېيىنمۇ ئىبادەتلەرگە قىزىقىدىغانلاردىن قىلسۇن ۋە تەۋپىقتىن ئايرىمىسۇن، ئامىن !!

# كۈچلۈك مۇسۇلمان ئاجىز مۇسۇلماندىن ياخشىدۇر

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(13/10/1433ھـ 31/8/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «كۈچلۈك مۇسۇلمان ئاجىز مۇسۇلماندىن ياخشىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى پۈتۈن ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمى بىر ھەدىستۇر: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كۈچلۈك مۇئمىن ئاللاھقا يېقىنلىقتا ۋە مەھبۇبلىقتا ئاجىز مۇئمىندىن ياخشى ۋە يېقىندۇر، سىز داۋاملىق ئۆزىڭىزگە مەنپەئەتلىك ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىڭ، ئاللاھتىن مەدەت سوراڭ، ئاجىز بولماڭ، سىز داۋاملىق ئاللاھ تەقدىر قىلدى ۋە ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، دەڭ. مەن ماۋۇ ئىشنى قىلمىغان بولسام، ماڭا بۇ مۇسىبەت كەلمىگەن بولاتتى، دېگەندەك بىھۇدە سۆزلەرنى قىلماڭ، چۈنكى ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدۇ، ئاللاھ خالىغان نەرسە بولىدۇ، دەڭ. ئۇنى قىلسام بوپتىكەن، بۇنى قىلمىغان بولسام بوپتىكەن، دېگەنلەر شەيتاننىڭ ئىشى»[1].

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىش، ھەر ئىشتا ئاللاھتىن ياردەم سوراش، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ئىشەنچنى ئاللاھقا باغلاش، ياردەمنى ئاللاھتىن سوراش، ھەر ئىشتا ئاللاھقا قايتىش ۋە ئۇنىڭغا يېلىنىش، غەلبە قىلغانلارنىڭ ئۇسۇلى بولۇپ، شۇنداق قىلغانلار كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ. ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە بويسۇنغان، قازا ۋە قەدەرگە ئىمان كەلتۈرگەن ئادەم، ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ. قىيامەتتە جەننەتكە مۇشەررەپ بولىدۇ. ئاللاھ ئەنە شۇ جەننەتنى ياخشى ئەمەل قىلغان ۋە ئىخلاس قىلغانلارغا تەييارلىغاندۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ئىككى خىسلەتنى بىر- بىرىگە ياخشى باغلىغان بولۇپ، ياخشى ئەمەل قىلغان، ئەمەلدە ئىخلاس قىلغان ۋە ئاللاھتىن ياردەم سورىغان ئادەملا غەلبە قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. سەۋەبمۇ قىلماستىن ۋە ئاللاھتىنمۇ تىلىمەستىن، بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن، دەپ ياتقانلارغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام لەنەت قىلغان.

ئىبنى قەييۇم جەۋزى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە مۇجەسسەملەنگەن، شۇڭا سىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىڭلار، بەندىگە پايدىلىق ئىشلارغا ئالدىراش ئىشنىڭ توغرىسىدۇر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى دۇنيا-ئاخىرەتلىك نىجاتلىققا چاقىرىدۇ، ئاللاھقا يېلىنىش، ئاللاھتىنلا ياردەم سوراش ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش، ھىدايەتنىڭ داغدام يولىدۇر.

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ياخشى كۆرىدىغان ھەر قانداق ئەمەلنى قىلىش ئىبادەتتۇر. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى يامان كۆرىدىغان ھەر قانداق ئەمەلنى تاشلاشمۇ ئىبادەتتۇر. ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، زاكات بېرىش ۋە ھەج قىلىش ئىبادەت بولغاندەك، ئاللاھقا شۈكرى قىلىش، ئاللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولۇش، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش، دۇئا قىلىش ۋە خارلىق ئىزھار قىلىشتەك ئەمەللەرمۇ ئىبادەتتۇر. ھالال رىزىق يېيىش ۋە ھارامدىن ساقلىنىشمۇ بۈيۈك ئىبادەت. ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، ئاتا ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ياخشى ئەخلاقلىق بولۇش، چوڭغا

ھۆرمەت قىلىش، كىچىككە رەھىمدىل بولۇش، پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ بېشىنى سىلاش، راست سۆزلەش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، ۋەدىگە ۋاپا قىلىش، جازاندىن ساقلىنىش، نامەھرەمدىن كۆزنى يىغىش، ئەۋرەتنى ھارامدىن ساقلاش، ئاياللار ھىجابلىنىش ۋە ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشتەك ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى ئىبادەتتۇر.

بەندە قۇلچىلىقنى ئاللاھقىلا قىلىپ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە باش ئەگمەي، بارلىق ئىشلاردا سەۋەب-تەدبىرلەرنى قوللىنىش، ئاللاھنىڭ تەۋفىقىغا ئېرىشكەنلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە مۇكەممەل ئەگەشكەن ئىنسان، دۇنيا-ئاخىرەتتە مۇرادىغا يېتىدۇ ۋە ئاللاھ تەقۋادارلارغا تەييارلىغان جەننەتكە كىرىشكە لاياقەتلىك بولىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزنى داۋاملىق ئىبادەت قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن، دۇنيا-ئاخىرەتتە بەختلىك قىلسۇن، قىيامەتتە جەننەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!!!

# ھەقىقەت بىلەن ھېكمەت، مۇئمىنىنىڭ يوقىتىپ قويغان ئەنگۈشتىرىدۇر، ئۇنى قەيەردىن تېپىۋالسا ئۇنىڭغا ھەقلىقتۇر

ئۇستاز دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(20/10/1433ھـ 7/9/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھەقىقەت بىلەن ھېكمەت مۆمىنىنىڭ يوقىتىپ قويغان ئەنگۈشتىرىدۇر، ئۇنى قەيەردىن تېپىۋالسا ئۇنىڭغا ھەقلىقتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى خالايىق! ھەقىقەت، ھېكمەت، ئىنساپ ۋە ئادالەت، مۇسۇلماننىڭ يوقىتىپ قويغان ئەنگۈشتىرىدۇر. مۇئمىن ھەر زامان ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەيدۇ، خەلقنىڭ ۋە بەندىنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىمەيدۇ. ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى ئىزدەيدۇ، چۈنكى ھىدايەت پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿قُلْ هَلْ مِن شُرَكَآئِكُم مَّن يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ قُلِ اللَّهُ يَهْدِي لِلْحَقِّ أَفَمَن يَهْدِي إِلَى الْحَقِّ أَحَقُّ أَن يُتَّبَعَ أَمَّن لَّا يَهِدِّيَ إِلَّا أَن يُهْدَىٰ فَمَا لَكُمْ كَيْفَ تَحْكُمُونَ﴾ ئېيتقىنكى، «سىلەرنىڭ بۇتلىرىڭلار ئارىسىدا (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغانلار بارمۇ؟» ئېيتقىنكى، «ئاللاھ گۇمراھنى ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ، (گۇمراھنى) ھەق يولغا يېتەكلىيەلەيدىغان زاتقا بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ ياكى (گۇمراھنى) ھەق

يولغا يېتەكلىيەلمەيدىغان، پەقەت ئۆزى باشقىلارنىڭ يېتەكلىشىگە موھتاج بولغان (بۇتلارغا) بويسۇنۇشقا تېگىشلىكمۇ؟ سىلەرگە نېمە بولدى؟ نېمىشقا مۇنداق (باتىل) ھۆكۈم چىقىرىسىلەر؟﴾[1].

ھەقىقىي سادىق ۋە سەممىي مۆمىنىنىڭ ئۆلچىمى، ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايىتىدە روشەن مۇجەسسەملىشىدۇ، ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿رَبَّنَا آمَنَّا بِمَا أَنزَلْتَ وَاتَّبَعْنَا الرَّسُولَ فَاكْتُبْنَا مَعَ الشَّاهِدِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! سەن نازىل قىلغان كىتابقا ئىشەندۇق، پەيغەمبەرگە ئەگەشتۇق، بىزنى (ھىدايىتىڭگە) شاھىد بولغانلار قاتارىدا قىلغىن﴾.[2]

ھەقىقىي مۇئمىن دۇنيانىڭ پال-پۇل رەڭلىرىگە ئالدانمايدۇ، قەلبىنى ناچار، يامان ئىشلارغا ئىشلەتمەيدۇ. مۇئمىنىنىڭ قەلبى شەيئىلەرنى ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن كۆرىدۇ، گۇناھ-مەسىيەتلىك ئىشلارنى دەرھال سېزىپ قالىدۇ. ئاللاھ بىلەن خۇددى ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك مۇئامىلە قىلىدۇ. چوڭ-كىچىك ئىشلارغا ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىدۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىدۇكى، بارلىق ئىشلار ۋە پايدا-مەنپەئەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. بىزنىڭ غايىمىز، ئاللاھ رازىلىقى بولىشى كېرەك. بارچە دۇنيا بىرلىشىپمۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىزگە شاپائەتچى بولالمايدۇ ياكى قارىلاپ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.

بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە كىمنىڭ ئارقىسىدا قوللىغۇچىلار كۆپ بولسا، شۇنىڭ يولى توغرا ۋە كىمنىڭ ئارقىسىدا قوللىغۇچىلىرى ئاز بولسا، ئۇ خاتا يولدا ماڭغان بولىدۇ، دېگەن ئۇقۇم بار بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى خاتا. چۈنكى ھەقىقەت ئىنسانلار بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ھەقىقەت بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئېچىنىشلىقى شۇكى، خاتالاشقانلار، ھەممە ئادەم قىلغان ئىش تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بىز خاتالىشىدىكەنمىز؟ دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قىرئەۋنلەرچە چۈشەنچىدۇر.

ھەقىقىي مۇئمىننى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى مەغرۇرلاندۇرمايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا قارايدىغان بولساق، كۆپلۈك توغرىلىقنىڭ ئۆلچىمى ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز. ئاللاھ كۆپ ئورۇنلاردا ئاز سانلىقلارنى ماختاپ،

[1] سۈرە يۇنۇس: 35 - ئايەت.
[2] سۈرە ئالى ئىمران: 53 - ئايەت.

مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ إِبْرَاهِيمَ كَانَ أُمَّةً قَانِتًا لِلَّهِ حَنِيفًا وَلَمْ يَكُ مِنَ الْمُشْرِكِينَ﴾ ﴿ئىبراھىم ھەقىقەتەن (ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزلەشتۈرگۈچى) پېشۋا، ئاللاھقا ئىتائەتمەن (باتىل دىنلاردىن ھەق دىنغا بۇرالغۇچى يەنى ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى) ئىدى. ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەس ئىدى﴾.[1]

ئاللاھ بىزلەرنى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرغىلى نېسىپ قىلسۇن، ئازدۇرمىسۇن، دۇنيادىمۇ ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت قىلسۇن ۋە ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلار بىلەن بىر سەپتە مەھشۇر قىلسۇن، ئامىن!!

[1] سۈرە نەھل: 120 ـ ئايەت.

# ئەرەب تىلى ئىسلام ئۈممىتىگە ئاللاھ تائالا ئىنئام قىلغان ئۇلۇغ تىلدۇر

ئۇستاز دوكتور/ ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(27/10/1433هـ 14/9/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئەرەب تىلى ئىسلام ئۈممىتىگە ئاللاھ تائالا ئىنئام قىلغان ئۇلۇغ تىلدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئەرەب تىلى قۇرئان كەرىم تىلى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆگىنىش، ھىمايە قىلىش ۋە بالىلارغا ئۆگىتىش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. تارىختىن بىرى گۈللەنگەن ياكى يىمىرىلگەن مىللەتلەرگە قارايدىغان بولساق، مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلىپ، گۈللەنگەن مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشىگە سەۋەب بولغان ئاساسلىق ئامىلنىڭ، شۇ مىللەتنىڭ تىلى ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. دېمەك، تىلىنى يوقاتقان مىللەت، دۇنيادىن يوقىلىدۇ ياكى دۇنيادىكى تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرىشەلمەيدۇ. ئەرەب تىلى ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىگە نېمەت قىلىپ بەرگەن ئۇلۇغ تىلدۇر. بۇ تىل ئىنسانلارنى خارلىقتىن ئۇلۇغلۇققا چىقىرىدۇ. ئىسلام ئۈممىتىگە بېرىلگەن بۇ ئەرەب تىلى، دۇنيادىكى تىللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل ۋە پاساھەت ـ بالاغەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن تىل ئىكەنلىكىدە شەك يوق. قۇرئان كەرىم نازىل بولغان بۇ

ئۇلۇغ تىل ئەرەب تىلىدۇر. قۇرئان كەرىم بولسا تارىخنىڭ غۇنچىسى، تەرەققىيات مەنبەسى، ئىپادىلەش كۈچى ئەڭ يۇقىرى، نۇر ۋە ھىدايەتتە بۇلاق مەنبەسىدۇر.

ئەرەبلەر ئىسلامدىن بۇرۇنقى تارىخىدا ھېچقانداق تىلغا ئېلىنمىغان، دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە تونۇلمىغان تارقاق ۋە ئەرزىمەس بىر مىللەت ئىدى. لېكىن قۇرئان ئۇلارنى بالاغەت ـ پاساھەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە ئېلىپ كېلىپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ئەڭ يۇقىرى پەزىلەت ۋە ئەخلاق ئىگىسى قىلدى. ئۇلار تىل بىساتى ئۈستىگە توپلاشتى، تىلنىڭ سايىسىدا سايىدىدى. ئەرەب تىلى ئۆزىنىڭ شېئىرىيىتى، نەسرىي ئەسەرلىرى، گىراممىتىكىسى، پاساھەت ـ بالاغىتى، ماختىشى، ھەجۋى سۆكۈشى ۋە تۈرلىنىشى بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يېگانە بىر تىل. ئەرەب تىلى ئۇنى بىلمەيدىغان ئادەمگىمۇ يېقىملىق ئاڭلىنىدۇ. ئاھاڭغا كىرگۈزسە، قاپىيىدە ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئەرەب تىلىنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ھەققى بار بولۇپ، بىزنىڭ ئۇنى قەدىرلەش، ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ياتلارنىڭ ھۇجۇملىرىدىن ھىمايە قىلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار. ئەرەب تىلى بولسا، ھازىرقى زامان تەرەققىياتىغا ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ھازىرقى زامان تەرەققىياتىدا ئەرەب تىلى بىلەن زامانىۋى تېخنىكا ئوتتۇرىدا بىر قەدەر بوشلۇق بارلىقىنى ھېس قىلماقتىمىز. ئەمەلىيەتتە بۇ تىل شۇنداق ئۇلۇغ بىر تىلكى، دۇنيانىڭ ھەر قانداق تەرەققىياتى ۋە تېخنىكىسىغا ماسلىشالايدۇ. بۇ تىلنىڭ ئىگىلىرى بولغان ئىنسانلار، شۇ تەرەققىياتقا لايىق تىلنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئېچىشقا تىرىشىشى لازىم. تىل مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشى، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، مىللەتلەرنى يېقىنلاشتۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا توپ ـ توپ بولۇپ كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىلدۇر.

ئىلگىرىكى ئالىملار ئەرەب تىلىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەۋلادلىرىغا بۇ تىلنى پۇختا ئۆگەتكەن. ئەرەب تىلى بولسا، دۇنيادا دىن ۋە مەزھەپلەر ئارا ئەڭ كەڭ تارقالغان بىر تىلدۇر. ھەممە دىننى بىلىش ئۈچۈن ئەرەب تىلى مۇھىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەرەب تىلى دىننى توغرا

چۈشىنىشىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىنى چۈشىنىش پەرىز بولسا، ئۇنى چۈشىنىشىنىڭ باش ئامىلى بولغان ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش، مۇسۇلمان ئۈچۈن ئىبادەت دېسەك بولىدۇ. (چۈنكى ۋاجىپنى قىلىش ئۈچۈن مۇھىم بولغان ئامىلمۇ ۋاجىپتۇر).

ئىسلام شەرىئىتى ئەرەب تىلىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى، چۈنكى كىملىكلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ئىسلام كىملىكىدۇر. شۇڭا دۈشمەنلەر، مۇسۇلمانلار قۇرئان ئوقۇيدىكەن ۋە ئەرەب تىلىنى ياخشى بىلىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا بىز ئۇلارنىڭ قەلبىدىن قۇرئاننى يىراقلاشتۇرساق ۋە تىلىدىن ئەرەبچىنى يىراقلاشتۇرساق، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلماق ئاسان، دېگەن چۈشەنچىگە كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئەۋلادلىرىغا ئەرەب تىلىنى ئۆگىتىشى ۋە دىنىنى پۇختا ئۆگىتىشى ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئاللاھ بىزلەرگە دىنىمىزنى قوغداش ۋە ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىشنى نېسىپ قىلسۇن، دۇنيا ئاخىرەتتە ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، ئامىن!!

# قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلايدۇ ۋە نەپسى-خاھىشنىڭ ئارقىسىغا كىرىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ

ئۇستاز دوكتور/ ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(12/11/1433ھـ 28/9/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنى ھىدايەتكە باشلايدۇ ۋە نەپسى-خاھىشنىڭ ئارقىسىغا كىرىشتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار، تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

قۇرئان كەرىمدە كەلگەن ۋەز-نەسىھەت ۋە ھىدايەت يوليورۇقلىرى، ئىنسان ئۈچۈن دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ قويغان. قۇرئان ئىنسانغا ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قانداق قولغا كەلتۈرۈش ۋە جەننەتكە قانداق كىرىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ. قۇرئان يەنە ئەقىل ئىگىلىرىنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ۋە بۇ دۇنيا ھەققىدە ئەقلىنى ئىشقا سېلىپ، تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿كِتَـٰبٌ أَنزَلۡنَـٰهُ إِلَيۡكَ مُبَـٰرَكٌ لِّيَدَّبَّرُوٓاْ ءَايَـٰتِهِۦ وَلِيَتَذَكَّرَ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَـٰبِ﴾ ﴿بۇ ئۇلارنىڭ ئايەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىشلىرى ئۈچۈن، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن بىز ساڭا نازىل قىلغان مۇبارەك كىتابتۇر﴾[1].

[1] سۈرە ساد: 29 ـ ئايەت.

قۇرئان ـ كەرىم يەنە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ پەزىلىتى، قىلچە ئاداشتۇرمايدىغان ھەقىقەت ئىكەنلىكى، قۇرئاننىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتىشكە ۋە بۇرمىلاشقا بولمايدىغانلىقى، ھەمدە ھاۋايى ـ ھەۋەسنىڭ ئەڭ يامان ۋە ئازغۇن باشلامچى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ روھى بويىچە، ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگىشىش مەغلۇبىيەت ۋە زىيانغا ئېلىپ بارىدىغان يول بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ تاللاش يولىدا خاتا كەتكەنلىكى ۋە چېكىگە يەتكەن ئەخمەقلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگەشكەن ئىنسانلار جاھىللار بولۇپ، قىيامەتتە ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزالمايدۇ. ئاللاھنىڭ غەزىپىنى قايتۇرالمايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئازابى كەلسە، ئۇنى توسۇپمۇ قالالمايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئاللاھنىڭ ئازابى ئىنتايىن دەرتلىكتۇر.

ھاۋايى ـ ھەۋەسكە ئەگەشكەن جاھىللار، باشقىلارغا پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىگە ئەگەشكەنلەردىنمۇ ئۆزىنى تارتىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ تَبَرَّأَ ٱلَّذِينَ ٱتُّبِعُواْ مِنَ ٱلَّذِينَ ٱتَّبَعُواْ وَرَأَوُاْ ٱلْعَذَابَ وَتَقَطَّعَتْ بِهِمُ ٱلْأَسْبَابُ﴾ ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئەگەشتۈرگۈچىلەر ئازابنى كۆرۈپ، ئەگەشكۈچىلەردىن ئادا ـ جۇدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ـ ئارا مۇناسىۋىتى (يەنى دۇنيادىكى دوستلۇقى) ئۈزۈلىدۇ﴾[1].

ئازغۇنلارنىڭ دۇنيادىكى بارلىق ئالاقىلىرى ۋە مەنپەئەتلىرى ئۈزۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَمَثَلِ ٱلشَّيْطَٰنِ إِذْ قَالَ لِلْإِنسَٰنِ ٱكْفُرْ فَلَمَّا كَفَرَ قَالَ إِنِّى بَرِىٓءٌ مِّنكَ إِنِّىٓ أَخَافُ ٱللَّهَ رَبَّ ٱلْعَٰلَمِينَ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار يەھۇدىلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشتا) شەيتانغا ئوخشايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا شەيتان ئىنسانغا: «كاپىر بولغىن» دېدى، ئىنسان كاپىر بولغان چاغدا شەيتان: «مەن سەندىن ئادا ـ جۇدامەن، مەن ھەقىقەتەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھتىن قورقىمەن» دېدى﴾[2].

دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئىككىلا يول بار، بىرى ئاللاھنىڭ ھىدايەت يولى (دىنى ۋە شەرىئەت يولى). يەنە بىرى جاھىللارنىڭ ئازغۇنلۇق يولى. ھەقىقىي ئەقىل ئىگىسى قايسى يولنى تاللاشنى ئوبدان بىلىدۇ. بىلىمگەنلەر

[1] سۈرە بەقەرە: 166 ـ ئايەت.
[2] سۈرە ھەشىر: 16 ـ ئايەت.

بولسا ئازغۇن يوللارغا ماڭىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى دۇنيادا زىيان ۋە ئاخىرەتتە جەھەننەمدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ھاۋايى-ھەۋەسكە ئەگىشىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. ئىسلام شەرىئىتىنى ئىجرا قىلىش، ئىنسانىيەتكە ھەقىقىي ئادالەت ئېلىپ كېلىدۇ، زۇلۇم قىلىنمايدۇ. شەرىئەت ھەر قانداق بىر ھۆكۈمنى بايان قىلىشتا قىينالمايدۇ، ھېچقانداق بىر شەخس ياكى بىرەر تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە ئاغمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىدۇ. تىل، مىللەت ۋە جىنس ئايرىمايدۇ.

ئىسلام دۆلىتىنىڭ دەسلەپكى ئەسىردىكى دائىرىسى شەرقتە خىتاي زېمىنلىرىغا تارقالغان بولسا، غەربتە ياۋروپاغىچە سوزۇلغان. ئىسلام بايرىقى پۈتۈن دۆلەتلەردە ھېچقانداق مىللەت ۋە تىل پەرقىنى سۈرۈشتۈرمىگەن ھالدا لەپىلدىگەن. ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا يىگى دۆلەت ۋە رايونلارنى فەتھى قىلىش نۇسرىتى ئاتا قىلسا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېڭى ھادىسىلەر ۋە ۋەقەلىكلەرگە دۇچ كەلگەن، شۇنىڭغا قارىتا ئالىملار شەرىئەتتىن چارە-تەدبىر ئىزدەپ، مەسىلىنى ھەل قىلغان.

قۇرئان كەرىم بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىيىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئورۇنباسار رەببانىي ئالىملارنىڭ يولى ئارقىلىق تەتبىقلاپ كۆرسەتكەن. ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئادالەت سايىسى ئاستىدا مۇسۇلمان بولمىغان ئىنسانلارمۇ ئادالەت قانۇنىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەنىۋىي ھەق-ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلغان ھالدا ياشىغان.

ئاللاھ بىزلەرنى قۇرئان كەرىم سايىسى ئاستىدا ياشاشقا نېسىپ قىلسۇن، زالىملارغا ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب يوللىسۇن، ئامىن!!

# ئاللاھنىڭ دىنى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىش كەززابلارنىڭ خۇي-پەيلىدۇر

ئۇستاز دوكتور/ سالىھ بىن ھۇمەيد

(3/12/1433ھـ 19/10/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئوقۇغان يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىش كەززابلارنىڭ خۇي-پەيلىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى ئاللاھنىڭ بەيتىگە كەلگەن ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى! بەيتۇللاھقا خۇش كەلدىڭلار، ئاللاھ سىلەردىن ۋە بىزلەردىن ئەمەللىرىمىزنى ۋە ھەجلىرىمىزنى ئۆز دەرگاھىدا قوبۇل قىلسۇن. ھەجلىرىڭلار قوبۇل، تىرىشچانلىقىڭلار مەشكۇر ۋە گۇناھىڭلار كەچۈرۈم بولسۇن. سىلەر بۇ مۇقەددەس جايلاردا پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ماقامىنى ئېسىڭلارغا كەلتۈرىسىلەر. بۇ ھەقتە بىز بەزى مەسىلىلەرنى ئوچۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نۇسرەت بېرىش ۋە ئۇنىڭ ماقامىنى قوغداش ھەممىگە ۋاجىپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماقامىغا تىل ئۇزارتىشقا ئۇرۇنغانلار بىلىشى كېرەككى، دىنىغا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تىل ئۇزارتقانلارغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ تارىختىن بىرى قىلمىشى ئوخشاش بولۇپ،

ئۇلار نومۇسسىز كەززابلاردۇر.

زالىملار بىر-بىرىگە تەۋسىيە قىلىشىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىشتا بەس-بەستە رىقابەتلەشتى. بۇ يېڭىلىق بولماستىن تارىختىن بىرى ئۇلار پەيغەمبەرگە شۇنداق تىل ئۇزارتقان، بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرمۇ ئەنە شۇنداق ھاقارەتلەرگە ئۇچرىغان. قۇرئان كەرىمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يېتەكلەشتىكى ئۇسۇل-پرىنسىپى ئالاھىدە بولۇپ، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تۈرلۈك سىناقلار ئارقىلىق سىنىغان ۋە مۇرادىغا يەتكۈزگەن.

تارىختىن بىرى پەيغەمبەرلەرگە تىل ئۇزارتقان، ھاقارەت قىلغان ۋە مەسخىرە قىلىپ ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلار، خارلىققا مەھكۇم بولۇپ، تارىخ بېتىدىن سۈپۈرۈپ تاشلانغان. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارغا: «كۆردۈڭلارمۇ! مېنى تىللىغان ۋە ماڭا ھاقارەت قىلغانلارنى ئاللاھ قانداق ئەدەپلىدى، ئۇلار مېنى قانچە تىللىسۇن ۋە قانچە ھاقارەت قىلسۇن مەن يەنىلا ئاللاھنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇپ تۇرۇۋاتىمەن» دېگەن. ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى شەرىپىنى قۇرئان كەرىم ئارقىلىق پاكلاپ، باشقا ھەر قانداق زىيانكەشلىكنىڭ خىرىسلىرىدىن ساقلىغان.

يېقىندىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىشنى مەقسەت قىلىپ، تارقىتىلغان فىلىملەر ۋە ھەجىۋى رەسىملەر ھېچقاچان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەكىللىك قىلمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نۇردۇر، پاكتۇر ۋە قەدرى-قىممىتى يۈكسەكتۇر. بەلكى ئۇ پۈتۈن دۇنيا ئۈچۈن رەھمەت بولۇپ، كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە ئۇنىڭ دىنى تارقالماقتا. دېمەكچىمىزكى، بىز مۇسۇلمانلار ھەر كۈنى يېڭى ئەقىللەر ۋە يېڭى دىللارنى قولغا كەلتۈرۈۋاتىمىز، باشقىلار بولسا زىيان تارتىپ، چېكىنىپ كەلمەكتە. ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، ئاللاھنىڭ دىنىغا قارشى چىققان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلغانلارنىڭ يامان غەرەزلىرىگە پىسەنت قىلماستىن، ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىمىز.

دىنىغا ۋە پەيغەمبەرگە ھاقارەت قىلغانلارنى ئاللاھ ئۆزى ھالاك قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ھاقارەت قىلغانلارغا قارشى تۇردۇق، دەپ

مەسئۇلىيەتسىز ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار ئىسلامنى تارقىتىش ۋە دىنىمىزنى قوغداشتا ئەقلىمىزنى ئىشقا سېلىشىمىز كېرەك. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ مۇئامىلە ۋە قاراشلىرىمىز ئەخلاقىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئەخلاقىمىز دىنىمىزدىن ئۇزۇقلانغان. بىزنىڭ تەمكىنلىكىمىز ۋە سوغۇققانلىقىمىز، ئىززەت تەمكىنلىكتىدۇر. ئاجىزلىقىمىز ئەمەستۇر. بىز ھېچكىشىنىڭ دىنىمىزغا ھاقارەت قىلىشى، قۇرئانىمىزنى ئاياقئاستى قىلىشى ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ھاقارەت قىلىشىغا يول قويمايمىز.

يېقىندىن بۇيان دۇنيادا مۇسۇلمانلارغا بولۇۋاتقان زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكلەر ھەممە چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئىسرائىلىيەگە تەرەپدارلىق قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىنى ئاياقئاستى قىلىشى سەۋەبىدىن، ياشلارنىڭ قەلبىدە ھەق بىلەن باتىلنى ۋە توغرا بىلەن خاتانى ئايرىش ئۇقۇمى، مۇجمەل ھالغا كېلىپ قالغان. غەرب دۇنياسىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش، زالىمغا قارشى تۇرۇش ۋە ھەقنى مۇداپىئە قىلىشتا قوش ئۆلچەمدە ئۆلچەش ھەممە ئاجىز مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھەق-ھوقۇقلىرىنى تونۇماسلىقى قاتارلىقلار، ئېزىلگەن مىللەتلەردە ئۆچمەنلىك ۋە ئىنتىقام ئېلىش تۇيغۇسىنى قوزغايدۇ. مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى قۇرئان كەرىمدىكى مۇنۇ ئايەتنى كەرىمەنىڭ روھى بولۇپ، ئاللاھ مۇنداق دېگەن: ﴿فَقَالُوا عَلَى ٱللَّهِ تَوَكَّلْنَا رَبَّنَا لَا تَجْعَلْنَا فِتْنَةً لِّلْقَوْمِ ٱلظَّالِمِينَ﴾ «ئۇلار ئېيتتى: «ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، زالىم قەۋمنى بىزگە زىيانكەشلىك قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغىن»»[1].

بىز بۇ ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن، غەزەپنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكىمىز ۋە خۇدىمىزنى يوقاتماسلىقىمىز كېرەك. كاپىرلار بىزنى تەنقىتلىسە، بىز ئۆچۈن ئۆزىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا تۈرتكە بولۇشى كېرەك. خاتالىقلاردىن ۋە چۈشكۈنلىكىمىزدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز ۋە بىز ئۈچۈن بارلىق ئىشلىرىمىزدا ئىسلامنىڭ روھى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى كۆز قارچۇغىمىز بولۇشى كېرەك. ئىسلام ئۈممىتى، ھاكىملار ۋە خەلق بىردەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭغا نۇسرەت بېرىش لازىم. پەيغەمبەر

[1] سۈرە يۇنۇس: 85 ـ ئايەت.

ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇسرىتى بولسا، ئۇنىڭ سۈننىتىگە ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى ۋە ئىسلامنىڭ روھىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن مۇنتىزىم ھەرىكەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى نامايەن قىلىش، ئىنسانلارنىڭ بۇ دىنغا تېخىمۇ كۆپلەپ كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

ئىككى ھەرەم خادىمى مەسجىدى نەبەۋى مۇنبىرىدىن دۇنياغا يەنە بىر قېتىم ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش كېرەكلىكىنى ھەمدە ئۇنى ھاقارەتلەپ، ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلغانلارنى قەتئىي كەچۈرمەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم جاكارلىدى.

# شامال ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مۆجىزە ۋە نېمەتتۇر

ئۇستاز دوكتور/ سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(24/12/1433ھـ 9/11/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «شامال ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىغا دالالەت قىلىدىغان مۆجىزە ۋە نېمەتتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدىغان بەلگە (ئايەتلەر) ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، شۇلاردىن بىرى ئەڭ چوڭ ۋە مۇھىم بەلگە ھېسابلىنىدۇ. بەلكى جانلىق-جانسىزلارنىڭ ھاياتى شۇ بەلگىگە موھتاجدۇر، ئۇ ئىنسانلار ۋە جانلىق-جانسىز مەخلۇقلارغا ھايات بېغىشلاپ، جان پەيدا قىلىدۇ ۋە ئىنسان ئۇنىڭ ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزسە، ئىمانى كۈچلىنىدۇ. ئۇ بەلگە بولسا يەر-زېمىندا، ئاسمان-پەلەكتە ئوخشاش بولۇپ، ئاللاھ ئۇنى قۇرئان كەرىمدە 29 ئورۇندا زىكرى قىلغان، ئۇ بولسا شامالدىن ئىبارەت ئايەتتۇر. شامال ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە ۋە بارلىق مەخلۇقاتقا ئۇلۇغ نېمەت قىلىپ ئەۋەتكەن بىر مۆجىزىسىدۇر. ئاللاھ قۇرئاندا ئۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّهُۥ لَقَسَمٌ لَّوۡ تَعۡلَمُونَ عَظِيمٌ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، ئەگەر بىلسەڭلار، ئۇ (يۇلتۇزلار ئاللاھ نىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى

كۆرسىتىدىغانلىقى ئۈچۈن) ئەلۋەتتە كاتتا قەسەمدۇر﴾[1]

شۇنداقلا ئاللاھ ئۆزى خالىغان نەرسىلەر بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ۋە بەلگىلىرى بولسا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت ۋە غاپىللار ئۈچۈن ھەسرەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَأَيِّن مِّنْ ءَايَةٍ فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ يَمُرُّونَ عَلَيْهَا وَهُمْ عَنْهَا مُعْرِضُونَ﴾ ﴿ئاسمانلاردا ۋە زېمىندا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ) نۇرغۇن ئالامەتلىرى باركى، ئۇلار ئۇنىڭ يېنىدىن دىققەت قىلماستىن ئۆتۈپ كېتىدۇ﴾[2].

ئاللاھ شامال بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلغان. شامالنى ئاللاھ خالىغان يەرگە ئەۋەتىدۇ ۋە ھەر خىل ئىشقا تەسەررۇپ قىلىدۇ. شامال ئىنسانغا ھايات بېغىشلايدۇ ۋە شۇ شامال پۈتۈن دۇنيانى ۋەيران قىلىش كۈچىگىمۇ ئىگە. قىسقىسى شامال ئاللاھنىڭ ئىتائەتچان بەندىسىدۇر. ئاللاھ شامالنىڭ ھەرىكىتىنى ئاللاھنىڭ بىرلىك بارلىقىغا دەلىل بولىدىغان ھۆججەت دەپ سۈپەتلىگەن، شامال سوغۇق-ئىسسىق، جەنۇب، شەرق، شىمال ۋە غەربكە قاراپ يۆزلىنەلەيدۇ، بۇلۇتلارنى قوزغاپ، بىرلەشتۈرۈپ بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. شامال ئىنسانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىنىرگىيە چىقىرالايدۇ. دېڭىزلاردا پاراخوت-كېمىلەرنى ماڭدۇرالايدۇ، ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق جىسىملارنىڭ ھەرىكىتى شامالغا باغلىقتۇر. ھاۋا بوشلۇقىدا شامالنىڭ ھەرىكىتى توختاپ، ئۇكسىگىن يوقالسا، ھەرىكەت پۈتۈنلەي توختايدۇ ۋە ھېچنەرسە ئۇچالمايدۇ.

ئاللاھنىڭ بەزى بەندىلىرىنىڭ چولتا ئەقلىدىن ھەيران قالماي تۇرالمايمىز، چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلار ئويدۇرۇپ چىقارغان تەتقىقاتلار ۋە كائىناتتىكى ئۆزگىرىشلەر ماددى بولۇپ، تەبىئەت ئۆزگىرىشى بىلەن ۋۇجۇتقا چىقارمىش. بۇ نېمىدېگەن ئەقلسىزلىق ھە! ئەمەلىيەتتە تەبىئەتتىكى بارلىق ھادىسىلەر ئۆزلىكىدىن ياكى تەبىئەتتىكى ماددى ئۆزگىرىشتىن بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ بۇيرىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن يۈز بېرىدۇ. شامالنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ ھېكمىتى باركى، ئۇنى ئاللاھ

[1] سۈرە ۋاقىئە: 76 ـ ئايەت.
[2] سۈرە يۇسۇف: 105 ـ ئايەت.

ئۆزى بىۋاسىتە باشقۇرىدۇ. شامال ئاللاھنىڭ ئاجايىپ مەخلۇقلىرىدىن بىر مەخلۇقتۇر. تەتقىقاتلاردىن مەلۇم بولىشىچە، شامااللاردا تۆت خىل ھالەت شەكىللىنىدۇ. جىمجىت شامال، ياخشى شامال، بوران-چاپقۇنلۇق شامال ياكى بولمىسا ھەممە نەرسىنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان ھۇجۇمچى شامال.

ئەمما ئۇ تەتقىقاتنى ئېلىپ بارغانلار بىلمەيدۇكى، ئاللاھ بۇنىڭدىن 14 ئەسىر بۇرۇن شامااللارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئالامەتلىرىنى ئالىبۇرۇن زىكىر قىلىپ، ئىنسانىيەتكە بىلدۈرۈپ بولغان. شامال ئاللاھنىڭ ئىتائەتمەن ئەسكەرلىرىدۇر. شامال ئاللاھ خالىسا ئىنسانلار ئۈچۈن بۈيۈك نېمەت بولىدۇ، ئاللاھ خالىسا ھەممە نەرسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان ئاپەتكە ئايلىنىدۇ. شامال ھېچقاچان ئاللاھنىڭ ئەمرى-پەرمانىدىن چىقمايدۇ. بۇ دىنىنىڭ ئەزىمەتى ۋە ئۇلۇغلىقى شۇكى، ھەر قانداق يامانلىق بولسا ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرغان ۋە ھەر قانداق ياخشىلىق بولسا ئىنسانلارنى ئۇنىڭغا قىزىقتۇرغان. ئىسلام شەرىئىتى ئىنسانلارنى شامال ۋە بوران-چاپقۇنلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنىمۇ ئۆگەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، بوران چىقىپ قالسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «ئى ئاللاھ! مەن سەندىن بۇ شامالنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان ياخشىلىقلارنى ۋە سەن ئەۋەتكەن شامال ئارقىلىق ياخشىلىق كېلىشىنى تىلەيمەن. سەندىن بۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن ۋە سەن ئەۋەتكەن شامال ئېلىپ كېلىدىغان يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى شامال ۋە بورانلارنى تىللاشتىن توسقان. بوران چىقىپ قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلارغا: «نامازلىرىڭلارنى ئۆيلىرىڭلاردا ئوقۇڭلار» دەيتتى ۋە ناماز ئۈچۈن مەسچىتكە بېرىشتىن چەكلەيتتى.

## مۇسىبەت قانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك كېرەك

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(02/01/1434ھ = 16/11/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «يېڭى يىلنىڭ كىرىشى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرلىششى، ئاللاھنىڭ دۇنيانى باشقۇرۇشتىكى قانۇنىيىتىدۇر، مۇسىبەت قانچە ئېغىر بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك لازىم» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار. ئاشكارا-مەخپى ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش، ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەرگە قارايدىغان بولساق، مۇسىبەتلەر ۋە پىتنە-پاساتلار ئۈممەتنىڭ بېشىغا ھەر-تەرەپتىن ھەر خىل شەكىلدە كەلسىمۇ، پەلەكنىڭ چاقى يەنىلا بۇرۇنقىغا ئوخشاش چۆگىلەۋېرىدۇ، ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى قانۇنىيىتى بويىچە بىر يىل ئاخىرلاشتى ۋە يەنە بىر يېڭى يىل كىردى، كۈنلەر شۇنداق ئۆتىدۇ، ئاي ئۆتىدۇ، يىل ئۆتىدۇ، ھايات مۇشۇنداق داۋام قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى دۇنيادا ھېچقانداق بىر كۈچ ئۆزگەرتەلمەيدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! ئىسلام ئۈممىتى ھىجرىيە يىلىنىڭ مۇكەممەل بىر يىلىنى ئۆزىتىپ قويدى. ئۆتكەن يىلدىن بىر قانچە ئەسلىمىلەردىن باشقا ھېچنەرسە

قالمىدى. بىز بىر يىلنى خۇددى بىر كۈن بىلەن خوشلاشقاندەكلا خوشلىشىپ ئۆتكۈزىۋەتتۇق، بىر يىل ئەتىگەندىن كەچكىچە بولغان ئارىلىقتەكمۇ بىلىنمەيدىغان بولۇپ قالدى. بىز بىر يېڭى يىلنى كۈتۈۋالدۇق. بىزدە يېڭى يىل ئۈچۈن شۇنداق بىر تولۇپ تاشقان ئۈمىد بولۇش كېرەككى، يېڭى كىرگەن بۇ يىل بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مەنىلىك ئۆتۈشى كېرەك. ئۈممەتنىڭ بېشىغا بالايى-مۇسىبەتلەر، ئەلەملىك جاراھەتلەر ۋە بىگۇناھ قانلارنىڭ ئېقىشىدەك قايغۇ - كۈلپەتلەركېلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ مۇسىبەتلەر بىزلەرنى چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارماسلىقى ۋە ئۈمىدسىزلەندۈرمەسلىكى لازىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈمىدسىزلىكتىن توسقان ۋە ئاللاھ تائالامۇ قۇرئان كەرىمدە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىك ھەققىدە ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلىپ، مۇنداق دېگەن: ﴿يَٰبَنِيَّ ٱذۡهَبُواْ فَتَحَسَّسُواْ مِن يُوسُفَ وَأَخِيهِ وَلَا تَاْيۡـَٔسُواْ مِن رَّوۡحِ ٱللَّهِۖ إِنَّهُۥ لَا يَاْيۡـَٔسُ مِن رَّوۡحِ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلۡكَٰفِرُونَ﴾﴿ئى ئوغۇللىرىم! بېرىڭلار، يۈسۈپنى ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسىنى ئىزدەڭلار، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، شۈبھىسىزكى، پەقەت كاپىر قەۋملا ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ﴾[1].

ۋە ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَالَ وَمَن يَقۡنَطُ مِن رَّحۡمَةِ رَبِّهِۦٓ إِلَّا ٱلضَّآلُّونَ﴾ ﴿﴿ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىدىن گۇمراھلاردىن باشقا كىممۇ نائۈمىد بولار؟» دېدى﴾﴾[2].

ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈك سائەتلىرىدە ئۈمىد بىلەن ئىشەنچ قىلىچىنى سۇغۇرىشىمىز، مۇسىبەت قانچە چوڭ ۋە يامان بولۇشتىن قەتئىينەزەر، كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلىشىمىز لازىم. قاراڭغۇ كېچە قانچە ئۇزۇن ۋە زۇلمەتلىك بولسىمۇ ھامان بىر ۋاقىتتا تاڭ نۇرى ئارقىلىق پۈتۈن جاھان يورۇيدۇ. ئۈمىدلىك بولۇش، ئىنسانىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىدۇ. ئىسلام ئىنسانىيەتنى ئۈمىدلىك بولۇشقا چاقىرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاش ۋە ئۈمىدلىك ياشاش ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئۆرنەكتۇر.

[1] يۈسۈپ سۈرىسى 87 - ئايەت.
[2] ھىجر سۈرىسى 56 - ئايەت.

ئى ئىمان ئۇممىتى! قاراڭغۇ كېچىلەر ۋە مۇسىبەتلەر نۇسرەت-غەلىبىنىڭ بېشارىتىدۇر. ئۇممەتنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخى بۇنىڭ ئەمەلىي شاھىدى بولالايدۇ. قارايدىغان بولساق، شام ئاسمىنىدىن ئاستا-ئاستا زۇلۇم ۋە قاراڭغۇ-زۇلمەت يوقىلىۋاتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿هَٰذَاۚ وَإِنَّ لِلطَّٰغِينَ لَشَرَّ مَـَٔابٖ﴾﴿بۇ (ھەقىقەتتۇر)، كاپىرلارنىڭ (ئاخىرەتتە بولىدىغان جايى) ھەقىقەتەن ئەڭ يامان جايدۇر﴾[1].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ ٱلَّذِيٓ أَخۡرَجَ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ مِن دِيَٰرِهِمۡ لِأَوَّلِ ٱلۡحَشۡرِۚ مَا ظَنَنتُمۡ أَن يَخۡرُجُواْۖ وَظَنُّوٓاْ أَنَّهُم مَّانِعَتُهُمۡ حُصُونُهُم مِّنَ ٱللَّهِ فَأَتَىٰهُمُ ٱللَّهُ مِنۡ حَيۡثُ لَمۡ يَحۡتَسِبُواْۖ وَقَذَفَ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلرُّعۡبَۚ يُخۡرِبُونَ بُيُوتَهُم بِأَيۡدِيهِمۡ وَأَيۡدِي ٱلۡمُؤۡمِنِينَ فَٱعۡتَبِرُواْ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَبۡصَٰرِ﴾ ﴿ئاللاھ ئەھلى كىتابتىن بولغان كاپىرلارنى (يەنى بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنى) تۇنجى قېتىملىق سۈرگۈندە ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقاردى، سىلەر ئۇلارنى (كۈچلۈك تۇرۇپ مۇنداق خار ھالدا) چىقىپ كېتىدۇ دەپ گۇمان قىلمىغان ئىدىڭلار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قورغانلىرىنى ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ (ئازابىدىن) توسالايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ئازابى ئۇلار ئويلىمىغان يەردىن كەلدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالدى، ئۇلار ئۆيلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ قوللىرى ۋە مۆئمىنلەرنىڭ قوللىرى بىلەن بۇزدى. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! (ئۇلارنىڭ ھالىدىن) ئىبرەت ئېلىڭلار﴾[2].

بىز ئۈمىدلىك ياشىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئاللاھ شام دىيارىدىكى، پەلەستىن، بىرما ۋە باشقا كۆپلىگەن دىيارلاردىكى قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەر زايا كەتمەيدۇ ۋە ئاققان قانلار ھېچقاچان بىكارغا ئاقمايدۇ. بۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى، مۇسىبەتتىن كېيىن راھەت-پاراغەت كېلىدۇ ۋە زۇلمەتتىن كېيىن نۇر چاقنايدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَنَبۡلُوَنَّكُمۡ حَتَّىٰ نَعۡلَمَ ٱلۡمُجَٰهِدِينَ مِنكُمۡ وَٱلصَّٰبِرِينَ وَنَبۡلُوَاْ أَخۡبَارَكُمۡ﴾﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمىر قىلىش ۋە

[1] ساد سۈرىسى 55 - ئايەت.
[2] ھەشر سۈرىسى 2 - ئايەت.

مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (ئاللاھنىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، (سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا) قەدەر﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! بىلىپ قويۇڭلاركى، ۋاقىت بولسا بىر نەپەستۇر، ئۇنى قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. يېڭى يىل بىزلەرگە ئىككى چوڭ ھادىسىدىن دەرس بېرىدۇ. ھەر ئىككىسى مۆئمىنلەر ئۈچۈن نۇسرەت ۋە ھوقۇقتۇر.

ئۇنىڭ بىرى پەيغەمبەرلەر ئۈچۈن ئىززەت بولۇپ، ئاللاھ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتۇلدۇرغان ئاشۇرا كۈنىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كۈندە ئۇنىڭ شۈكرانىسى ئۈچۈن روزا تۇتاتتى.

ئىككىنچىسى: مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىدۇر. بىلسەڭلار ھىجرەت ئىنتايىن چوڭ بىر ۋەقە بولۇپ، ئۇ تارىخ يۈزىنى قىيامەتكىچە ئۆزگەرتىۋەتكەن مۇھىم بىر ھادىسىدۇر. ھىجرەتتىن ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ياخشى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

خۇلاسە شۇكى: مۇسۇلمانلار يېڭى يىلنى ئاللاھقا تۆۋبە قىلىش، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاش، دۇئا ـ تەسبىھلەرنى كۆپ ئوقۇش ۋە ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش بىلەن باشلاش كېرەك.

[1] مۇھەممەد سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

# سۆز مەسئۇلىيەتتۇر، ھەر بىر كىشى ئويلاپ سۆزلىشى ۋە سۆزى ئارقىلىق پىتنە-پاسات پەيدا قىلماسلىقى كېرەك

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(17/01/1433ھ = 01/12/2012م)

ئىمام خۇتبىسىدە، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «سۆز مەسئۇلىيەتتۇر، ھەر بىر كىشى ئويلاپ سۆزلىشى ۋە سۆزى ئارقىلىق پىتنە-پاسات پەيدا قىلماسلىقى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋادارلىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقي تەقۋادارلىقتۇر.

قارايدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئىنسانغا گۇناھكار بولۇشتا ئاڭلىغانلا سۆزنى سۆزلەپ يۈرۈشى يېتەرلىكتۇر»[1].

بۇ ھەدىسنىڭ روھى شۇكى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزگە قاتتىق دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈنكى ئىنسان سۆز ئارقىلىق دۇنياغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. سۆز، خۇتبە ئارقىلىق بولسۇن، ياكى ماقالە ئارقىلىق بولسۇن، ياكى لېكسىيە ئارقىلىق بولسۇن، ياكى تور بەتلىرىدە نۇتۇق

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

سۆزلەش ئارقىلىق بولسۇن، ياكى ھەرقانداق تەشۋىقات ئارقىلىق بولسۇن، ئۇنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولىدۇ.

بىز ياشاۋاتقان بۇ زامان، تەرەققىيات ئەڭ يوقىرى پەللىگە يەتكەن ۋە ئىلىم-پەن تېخنىكىلار زامانىۋىلاشقان بىر دەۋر بولۇپ، بۇ دەۋردە ھەر قانداق بىر ئىدىيە ياكى چۈشەنچىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش ئىنتايىن قولايدۇر. بىر ئىدىيىنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشنىڭ ئۇسۇلى ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇنى سۆز ئارقىلىق ياكى رەسىم ئارقىلىق يەتكۈزۈش مۇمكىن. ئەگەر تىۋىتىر قوللانغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ سەھىپىلىرىنى زىيارەت قىلغۇچىلار مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمدېگەن يامان-ھە! ئاقىۋەتلەر شۇنداق يامانكى، جانلار، ماللار ۋە بارلىق كۈچ-قۇۋۋەتلەرنى ۋەيران قىلىدۇ.

بەزى ياشلارنىڭ ئىنتېرنېت، تېلېفون ۋە كومپيوتېرغا ئوخشاش ئالاقە ئۈسكۈنىلىرى ئارقىلىق مەلۇماتلارنى يۆتكەشتە، خەۋەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى تەكشۈرمەستىن تارقىتىشى ئىنتايىن ئېغىر خەتەرلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇ يەنە ئەقىدە، دىن، دۆلەت ۋە مىللەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. ئاساسسىز خەۋەرلەرنى تارقىتىش، جەمئىيەتتە ۋەھىمە پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنىڭ دىققىتىنى بۇراش بىلەن بىر ۋاقىتتا كىشىلەردە ئەندىشە پەيدا قىلىدۇ. بەزى ياشلارنىڭ، ئاڭلىغانلا خەۋەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەستىن ياكى ئۇنى ئېنىقلىماستىن تارقىتىشى، جەمئىيەتتە ئويلىمىغان خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

جەمئىيەتتە قالايمىقان ۋە ئاساسسىز خەۋەرلەرنى تارقىتىدىغانلار، ئاساسەن بىكار ۋە ئىشسىز ياشلار بولۇپ، بوش ۋاقتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەستىن، ئاڭلىغانلا خەۋەرنىڭ ئاساسىنى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا تارقىتىدۇ. تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەش ۋە تارقىتىش ئارقىلىق كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزى ۋەيران بولغاندىن تاشقىرى باشقىلارنىمۇ ۋەيران قىلىشى مۇمكىن. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئاخىرى ئۆز ئىگىسىنى دوزاختا سۆرەپ كىرىشى مۇمكىن. كۆپلىگەن ياشلار ئۆزلىرى

تۇيماستىن ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرى ئارقىلىق، ئەقىدىگە، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا تىل ئۇزارتىشتەك جىنايەتلەرگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. بەزىلەر بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى، ئائىلىسىنى ۋە كىملىكىنى ۋەيران قىلىدۇ.

ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرى ئارقىلىق ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەۋاتقانلار، كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇيۇقلارنى ئېچىۋاتامدۇ ياكى ئۆزىگە ئورا كولاۋاتامدۇ؟ بىنا قىلىۋاتامدۇ ياكى ۋەيران قىلىۋاتامدۇ؟ بىرلەشتۈرىۋاتامدۇ ياكى ئايرىمچىلىق پەيدا قىلىۋاتامدۇ؟ ئۈمىد پەيدا قىلىۋاتامدۇ ياكى ئۈمىدسىزلىككە سەۋەب بولۇۋاتامدۇ؟ ئائىلىسى ۋە ۋەتىنىنىڭ قەدرىنى كۆتۈرۈۋاتامدۇ ياكى ۋەيران قىلىۋاتامدۇ؟ ئەلۋەتتە بۇ سوئاللارغا قارىتا ئەتراپلىق ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

بەزى ئەخمەقلەرنىڭ بىر مىنۇتتا ۋەيران قىلغان نەرسىسىنى يىللاردىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئەھۋاللار بار. ئىنتېرنېت تەشۋىقاتىدا ئەڭ خەتەرلىك مەسىلىلەر باركى، بەزىلەر مەلۇمات بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلماستىن، دىن، ئەقىدە، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان مەلۇماتلارنى تارقىتىدۇ. شۇڭا مەلۇمات تور بەتلىرىنى ئىشلىتىش مەلۇمات بىخەتەرلىكىگە باغلىق بولۇپ، ئۇ دىنىنىڭ ئاساسلىرىغا، ۋەتەنىنىڭ مۇقىملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە سەلبىي تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن.

ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئىسلام دۇنياسى، بەزى دۆلەتلەر، رايونلۇق ۋە خەلقئارالىق كۈچلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشلىرى ئارقىلىق تائىپىۋازلىق، قەبىلىۋازلىق ۋە مەزھەپ توقۇنۇشلىرىنىڭ ئوتىنى قوزغىماقتا. نەتىجىدە كۈچلۈك تەرەپلەر ئاجىز دۆلەتلەرنى پارچىلاش، ئىسلام ئۈممىتىنى پارچىلاش ۋە ئۈممەتنىڭ بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلىشتەك يامان سۇيىقەستلەرنى قىلماقتا. بەزى كۈچلەر بولسا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈشى، ئاچ قېلىشلىرى ۋە بۇ دۇنيادىن يوقۇلۇپ كېتىشلىرىگە رازى بولۇۋاتىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى دەخلى تەئەررۇزغا ئۇچرىتىشقا قەتئىي رازى ئەمەس.

ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان مۇقەددەس ۋەتەننى ھىمايە قىلىش، بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىزدۇر. بىز بۇ ۋەتەندە خاتىرجەم، ئامانلىق ۋە راھەت-پاراغەت ئىچىدە ياشىماقتىمىز. ئىش ئىگىلىرىمۇ بۇ

ۋەتەننىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ خىزمەت قىلماقتا. ئۇلار «لا ئىلاھە ئىللەللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» بايرىقى ئاستىدا ئىككى ھەرەم خىزمىتى بىلەن شەرەپلەنمەكتە. بۇ ۋەتەن بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ نېمەت بولۇپ، ئۇنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. ئەۋلادلارغا بايلىقى مول، تىنچ-ئامان ۋە ئىمانلىق بىر جەمئىيەتنى مىراس قالدۇرۇشىمىز كېرەك. مۇسۇلمانلار ۋەتەننى قولدىن بېرىپ قويىدىغان پىتنىلەرگە سەۋەب بولماسلىقى لازىم. ئۆز ۋەتىنىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا ئاتقان مەسئۇللارنى قەبىھ تىللار ۋە ناچار سۈپەتلەر بىلەن سۆكۈش، ھەم ئەخلاق ۋە ھەمدە ئىنساپ جەھەتتىن ئەمەستۇر. كىمكى بىرەر ھەق-ھوقۇق تەلەپ قىلىدىكەن، ئۇنى ھوقۇقدارلارنى تىللاش ۋە سۆكۈش بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەق-ھوقۇقلارنى ۋە ئىسلاھات تەلەپلىرىنى قانۇنلۇق يوللار بىلەن تەلەپ قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. خەلقنىڭ ھەق-ھوقۇق داۋالىرى، ئېھتىياجلىرى، زۇلۇمغا ئۇچرىغان شىكايەتلىرى بولسا، قانۇن ۋە مەھكىمە يوللىرى ئارقىلىق تەلەپ قىلىشى كېرەك.

تەنقىت قىلىش توغرا، لېكىن ئەخلاق ۋە قانۇن دائىرىسى ئىچىدە بولۇشى كېرەك. ئەمما ئەخلاق دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىپ، ھاقارەتلەش، سۆكۈش ۋە ئابرويىنى تۆكۈشكە ئېلىپ بارسا، ئۇ چاغدا ئۇنداق قىلغان كىشى ئىسلام پرىنسىپى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. يازغۇچىلار، ۋائىزلار، خاتىپلار ۋە تەنقىدچىلەر، خەلقنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى جۈرئەت بىلەن يېزىشى، سۆزلىشى ۋە يۇقىرىغا ئىنكاس قىلىشى كېرەك، لېكىن ئاساسسىز ھۇجۇم قىلماسلىقى، سۆز-پىكىر ئەركىنلىكى باھانىسى بىلەن قۇتراتقۇلۇق ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلماسلىقى لازىم.

ھەق - ھوقۇق ئىشلىرى زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولۇپ، مۇئەييەن مەسئۇللار ئۈستىدىن شىكايىتى بار بولغان بولسا، ئۇنى رەسمى ۋە غەيرى رەسمى ئورگانلاردىن قانۇنلۇق يوللار ئارقىلىق تەلەپ قىلىش، ھەر بىر پۇقرانىڭ قانۇنلۇق ھەققىدۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ھەقنى سۆزلەشكە، ھەقنى سۆزلىيەلمىگەن تەقدىردە سۈكۈت قىلىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن ۋە ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل دېيەلەيدىغان جۈرئەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!!

# ئىسلامدىكى بەرىكەت ۋە ئۇنىڭ تەسىرى

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(23/01/1434ھ = 07/12/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلامدا بەرىكەت ۋە ئۇنىڭ تەسىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بىز دۇئالىرىمىز، ئىبادەتلىرىمىز، تۇرمۇشلىرىمىز، ئەۋلادلىرىمىز، مال-دۇنيالىرىمىز، ھەتتا ۋاقىتلىرىمىزدا ئاللاھ تائالادىن بەرىكەت تىلەيمىز. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەرىكىتىنى تىلەيمىز. مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ئۇچراتسا، ئۇنىڭغا: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھ، دەپ سالام قىلىدۇ، يەنى ئۇنىڭغا بەرىكەت تىلەيدۇ. بىز بەرىكەت ۋە ئۇنىڭ نېمىلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆردۇقمۇ؟ نامازلىرىمىزدا ئوقۇغان چاغلىرىمىزدىمۇ: ئى ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرىكەت ئاتا قىل، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بەرىكەت ئاتا قىل ۋە ئىبراھىمغىمۇ بەرىكەت ئاتا قىل! دەپ دۇئا قىلىمىز.

بەرىكەتنىڭ ھەقىقىتى زادى نېمە؟ بەرىكەتنىڭ ئەسلى بولسا، مۇستەھكەم بولۇش، داۋاملىق بولۇش، ئۆسۈش، زىيادە بولۇشتەك خىسلەتلەردۇر. ياخشىلىقنىڭ كۆپلىكىمۇ بەرىكەت، دېيىلىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق

دېگەن: ﴿وَهَـٰذَا ذِكْرٌ مُّبَارَكٌ أَنزَلْنَاهُ ۚ أَفَأَنتُمْ لَهُۥ مُنكِرُونَ﴾ ﴿بۇ بىز (سىلەرنىڭ تىلىڭلاردا) نازىل قىلغان مۇبارەك قۇرئاندۇر. (ئى ئەرەب جامائەسى! ئۇ شۇنچە روشەن تۇرسىمۇ) ئۇنى ئىنكار قىلامسىلەر؟﴾[1].

قۇرئان كەرىمنى مۇبارەك دەپ سۈپەتلەشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇنىڭدىكى ياخشىلىقلار، ئىنسانىي دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بولغاچقا، ئۇ مۇبارەك كىتاب دېيىلىدۇ. بەرىكەت پەقەت ئاللاھتىن كېلىدىغان خىسلەت بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ ئۆزىگىلا مەنسۇپ قىلىنغان. ئاللاھنىڭ كالامى مۇبارەك، رەسۇلى مۇبارەك، مەنپەئەتلىك مۇئمىن بەندىلىرى مۇبارەك، ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان مەسجىدى ھەرەم مۇبارەك ۋە شام زېمىنىمۇ مۇبارەكتۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە كۆپلىگەن ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇبارەك دەپ سۈپەتلىگەندۇر. ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق بىر مەخلۇققا «تابارەك» دەپ نام بېرىلمەيدۇ. ئاللاھ ئۆزى خالىغان كىشى ۋە نەرسىلەرنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ. بەرىكەت ئاتا قىلىش پەقەت ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ بەندىگە نېمىنى نېمەت قىلىپ بەرسە، پۇل-مال بولسۇن، بالا-چاقا بولسۇن، ياكى ئىلمۇ-ئىرفان بولسۇن، ئۇنىڭ بەرىكىتىنى بەرمىسە، ئۇ نەرسە ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ بەزى بەندىلىرىنى بەرىكەتلىك قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆپ كىشىلەرگە مەنپەئەت كېلىدۇ، ياخشىلىقى كۆپىيىدۇ، كۆپ ياخشىلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ ۋە كىشىلەر ئۇنىڭدىن كۆپ پايدىلىنىدۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، مۇنداق دېگەن: «ئى ئاللاھ! مېنى نەگىلا بارسام بەرىكەتلىك قىلغىن».

بەرىكەت ئاللاھنىڭ پەزلى-ئېھسانى بولۇپ، ئۇ ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئىنسانغا بېرىلىدۇ، ئۇنى ئىنسان ئۆزىمۇ ھېس قىلمايدۇ. ئاللاھنىڭ پەزلى ئۇيلىمىغان يەردىن كېلىدۇ. بەرىكەت ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ ئۆزى خالىغان بەندىسىگە بېرىدىغان ئىنئامى ۋە مۇكاپاتىدۇر. ئاللاھ بىر كىشىنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا قىلسا، ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇش بىلەن بىرگە بەرىكەتلىك بولۇپ، ئۇ كىشى كۆپ ئىشلارنى قىلالايدۇ ۋە كۆپ ياخشىلىقلارنى

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 50 ـ ئايەت.

ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ بىر كىشىنىڭ سالامەتلىكىگە بەرىكەت ئاتا قىلسا، ئۇ كىشى سالامەتلىكىدىن پايدىلىنىپ، يەنە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ مال-دۇنياسىغا بەرىكەت بەرسە، ئۇنىڭ پۇل-مېلى كۆپ بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ كىشى ياخشىلىقلارنى ۋە سەدىقە - ئېھسانلارنى كۆپ قىلىدۇ ھەمدە كۆپلىگەن ھاجەتمەنلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ئاللاھ بالا-چاقىلاردا بەرىكەت ئاتا قىلسا، ئۇ كىشىگە تەقۋا، ئەخلاقلىق ۋە سالىھ ئەۋلادلارنى كۆپ بېرىدۇ-دە، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلىدۇ. ئائىلىدا بەرىكەت بەرسە، ئۆيىنى ياخشىلىق باسىدۇ، ئەر سىرتتىن كىرگەن چاغدا، ئۆز ئۆيىدە خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ، ئەر ئۆيىدىن ئۇزاق بولغان تەقدىردە، ئۇ قايتىپ كەلگۈچە ئائىلە ئىپپىتىنى ساقلاپ، بالىلىرىنى بېقىپ، ياخشى تەربىيەلەپ ئولتۇرىدۇ.

ئىنسانلار، تارىخ جەريانىدا بەرىكەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆپ كۆرگەن. نەرسە، ۋاقىت، سۆز ۋە ئەمەللەرنىڭ بەرىكىتى كۆپ بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئاز تائام كۆپەيگەن ۋە ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئۆمرىگە بەرىكەت ئاتا قىلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق ھاياتىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ زاتنىڭ شۇ قىسقا ھاياتى، دۇنيانىڭ بۇرۇلۇشى، ئىسلامىيەتنىڭ پۈتۈن ئالەمگە تارقىلىشى ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە ياخشىلىقنىڭ ئومۇملىشىشىغا سەۋەب بولغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قالدۇرۇپ كەتكەن بەرىكەتلىك 23 يىللىق ھاياتىنىڭ مېۋىسى، ئىنشائاللاھ قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلاپەت دەۋرى، ئاران ئىككى يىل بىر قانچە ئاي بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭمۇ قالدۇرغان ياخشىلىق ئىش-ئىزلىرى ئىنتايىن كۆپ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئالىم-ئۆلىمالارنىڭ ھاياتىمۇ شۇنداق بەرىكەتلىك بولغانكى، بەزى ئالىملارنىڭ قالدۇرغان ياخشى ئەسەرلىرىنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار: ئىمامى شافىئىي، تەبەرىي، بۇخارى، نەۋەۋى، ئىبنى تەيمىيە ۋە ئىبنى كەسىر قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلىرى، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئىلىم ۋە ۋاقىتتا قانچىلىك كۆپ بەرىكەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەرىكەتنى يوق قىلىدىغان ئامىللارنى ساناپ: گۇناھ-مەسىيەتلەر بەرىكەتنى كەملەتكەندىن تاشقىرى، يەنە ئىنسانغا پېقىرلىق ئېلىپ كېلىدۇ ھەمدە گۇناھ ۋە پاھىشىلەرنىڭ ئومۇملىششى، تارازا-مىزاننىڭ بۇزۇلۇشى، زاكات بەرمەسلىك، ۋەدىگە ۋاپا قىلماسلىق، كېلىشىملەرنى بۇزۇش ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلىش قاتارلىقلار بەرىكەتنى كۆيدۈرۈپ يوق قىلىدىغان ئوتتۇر، دەپ تونۇشتۇرغان. تىجارەتچىلەر ۋە ئالماق-ساتماق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار بۇ ھەقىقەتنى ھېس قىلارمۇ؟

ئاخىرىدا بارلىق مۇسۇلمانلارغا قىلىدىغان تەۋسىيەم شۇكى، تەقۋادارلىق ۋە ياخشى ئەمەللەر، سالامەتلىكنى ۋە بەرىكەتنى زىيادە قىلىدىغان ئامىللاردۇر. بەرىكەت پەقەت ئاللاھتىن كېلىدۇ، ئەمما بىز ھورۇنلۇق قىلماستىن ھەرىكەت قىلىپ سەۋەب قىلىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ئۆمرى، ۋاقتى، مال-دۇنياسى ۋە بالا-چاقىلىرىنى بەرىكەتلىك قىلسۇن، ئامىن!

# ئىمان ۋە ئىشەنچنىڭ مۆئمىننىڭ ھاياتىدىكى تەسىرى

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(01/02/1434ھ = 14/12/2012م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئوقۇغان يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىمان ۋە ئىشەنچنىڭ مۆئمىننىڭ ھاياتىدىكى تەسىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ـ مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

«يەقىين»، سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى جەزىملەشتۈرۈش ۋە چىن قەلبىدىن ئىشىنىش بولۇپ، قەلبتە بولۇشقا تېگىشلىك ئىسىل سۈپەتتۇر. ھەر بىر ئاقىلنىڭ قەلبىدە ئاللاھقا ۋە ھاياتقا بولغان ئىشەنچ تاكامۇللاشقاندا، ئىنساندىكى ئاللاھنىڭ بىرلىك ـ بارلىقىغا قارىتا، ئىنساننىڭ ھاياتتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ. يەقىين بولسا، ئاجىز قەلبلەرگە ۋە زۇلمەتتە قالغان داۋالغۇش ئىچىدىكى ئىنسانلارغا خۇددى ئۇسسۇز قالغان ئادەمگە سۇ پايدا قىلغاندەك پايدا قىلىدۇ. قەلبىدە يەقىين ۋە ئىشەنچ ئورنىغان كىشىنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقىشىدۇ، ھەيۋەت، تەمكىنلىك ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىدۇ.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە يەقىيننى ئوخشاش بولمىغان ئۇسلۇپتا كەلتۈرۈپ، يەقىيننىڭ مەرتىۋىلىرىنى كۆرسەتكەن. مەسىلەن: ئىلمۇل يەقىين (بىلىمدە جەزىملىك) ئەينۇل يەقىين (ھەقىقەتنىڭ دەل ئۆزى) ھەققۇل يەقىين

(جەزملىكىنىڭ ھەققى)؛ «يەقىين» ئىمانغا نىسبەتەن، جىسىم ئۇچۇن جاننىڭ ئورنىدا تۇرغاندەك تۇرىدۇ. ئىنسان ئاللاھ ۋە كائىناتقا قارىتا يەقىينسىز ئۆتىدىكەن جانسىز ئۆلۈككە ئوخشاش ئۆتكەن بولىدۇ.

مۇئمىن ئاللاھنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشتە «يەقىين» مەرتىۋىسىگە يېتىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئاللاھ نېمىگە بۇيرىسا، بىجا كەلتۈرىدىغان ۋە نېمىدىن توسسا دەرھال قول ئۈزىدىغان ھالەتكە كېلىدۇ. ئىمان ئىنساننىڭ قەلبىگە ئورنىسا ئۇنىڭ ساھىبى بولغان شۇ ئىنسانىنى «يەقىين» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئاللاھنىڭ دىنىدا ھېچقانداق مەخلۇق بىلەن سودىلاشمايدىغان، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ھېچنەرسىنى ئۈستۈن كۆرمەيدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ. ئاللاھنىڭ دىنىغا قارىتا «يەقىين» دەرىجىسىگە يەتكەن ئادەم ئۈچۈن، بۇ دۇنيا پاشىنىڭ قانىتىغا تەڭ كەلمەيدۇ. دۇنيادىن ئاللاھ بەلگىلىگەندىن باشقىنى ئالمايدۇ ۋە ھەقىقىي قانائەت ھاسىل قىلىدۇ.

«يەقىين» قەلبىگە ئورنىغان ئىنسان ئاللاھتىن باشقىنى ئويلىمايدۇ، تونۇمايدۇ، ئاللاھتىن باشقىدىن پايدا-زىيان كۈتمەيدۇ ۋە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇقتىن قورقمايدۇ. قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن «يەقىين» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۆز ئوغلىنى ئاللاھ يولىدا قۇربان قىلىشقا ئېلىپ بارغان. ئوغلى ئىسمائىلنى دادىسىغا، ئاللاھ مېنىڭ ھەققىمدە نېمىگە بۇيرىسا شۇنى قىل! مەن بويسۇنىمەن دەپ، بوينىنى پىچاققا تۇتۇپ بېرىشكە ئېلىپ بارغان.

ئىنسان قەلبىدىكى ئىمان، «يەقىين» نى يوقاتقان چاغدا، ئۆيدە بولسۇن، بازاردا بولسۇن، جەمئىيەتتە بولسۇن، ئۇممەت ئىچىدە بولسۇن، توغرا يولنى تاپقان ۋە باشقىلارنى ھىدايەتكە باشلايدىغان ۋەزىيەتتە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. «يەقىين» ۋە ئىماننىڭ لەززىتىنى ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنى سېلىشتۇرغان ئىنسان ھېس قىلالايدۇ.

ھەقىقىي ئىمان ۋە «يەقىين» ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى ئاللاھ نېمىگە بۇيرىسا، شۇنى قىلىدىغان ۋە نېمىدىن توسسا، شۇنىڭدىن يانىدىغان ئىتائەتمەنلىككە ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ عَلَيْكَ ٱلْكِتَٰبَ مِنْهُ ءَايَٰتٌ مُّحْكَمَٰتٌ هُنَّ أُمُّ ٱلْكِتَٰبِ وَأُخَرُ مُتَشَٰبِهَٰتٌ ۖ فَأَمَّا

ﭐلَّذِينَ فِى قُلُوبِهِمْ زَيْغٌ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَـٰبَهَ مِنْهُ ٱبْتِغَآءَ ٱلْفِتْنَةِ وَٱبْتِغَآءَ تَأْوِيلِهِۦ ۗ وَمَا يَعْلَمُ تَأْوِيلَهُۥٓ إِلَّا ٱللَّهُ ۗ وَٱلرَّٰسِخُونَ فِى ٱلْعِلْمِ يَقُولُونَ ءَامَنَّا بِهِۦ كُلٌّ مِّنْ عِندِ رَبِّنَا ۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُو۟لُوا۟ ٱلْأَلْبَـٰبِ﴾ «ئى مۇھەممەد! ئۇ (ئاللاھ) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مەھكەم (مەنىسى ئوچۇق ئايەتلەر باركى)، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز نەفسى خاھىشى بويىچە چۈشەندۈرىدۇ). بۇنداق ئايەتلەرنىڭ (ھەقىقى) مەنىسىنى پەقەت ئاللاھ بىلىدۇ. ئىلىمدە توشقانلار ئېيتىدۇ: «ئۇنىڭغا ئىشەندۇق، ھەممىسى پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن نازىل بولغان. (بۇنى) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا چۈشىنىدۇ»[1].

ئاللاھقا ئىمانى كۈچلۈك بولغان كىشىلەر، ئاللاھنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىلىرى ئۈستىدە مۇنازىرىلەشمەيدۇ، ئاللاھتىن قانداق بۇيرۇق كەلسە، بىجانىدىل بويسۇنىدۇ، قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىگە ئىشىنىپ، بەزى ئايەتلىرىگە ئىشەنمەيدىغانلاردىن بولمايدۇ. «يەقىين» نىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَحُكْمَ ٱلْجَـٰهِلِيَّةِ يَبْغُونَ ۚ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ حُكْمًا لِّقَوْمٍ يُوقِنُونَ﴾ «ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار»[2].

مۇئمىننىڭ ئاللاھقا بولغان يەقىينى (ئىمانى) بىر نۇر بولۇپ، ئەتراپىنى يورۇتۇپ بېرىپلا قالماستىن، «يەقىين» بولغاندا ئىنسان شۇنداق بىر ھېس-تۇيغۇغا كېلىدۇكى، ئاللاھ مىنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدۇ، مەن ئاللاھنى كۆرمىسەممۇ، ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، دەپ ھېس قىلىدۇ.

ئاللاھ ھەممىمىزگە «يەقىين» دەرىجىسىگە يەتكەن كۈچلۈك ئىمان ئاتا قىلسۇن، ئامىين!!

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى 50 ـ ئايەت.

# ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ئۈستىدە ئويلىنىش، چەكسىز قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش لازىم

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(08/02/1434ھ = 21/12/2012م)

ئىمام جۇمە خۇتبىسىدە، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۇمە نامىزى ئۆتۈگەن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە سۈپەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈش لازىم» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. دىللارنىڭ نۇرى، ئاللاھتىن قورقۇشقا ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇش تەقۋادارلىق بىلەنلا قولغا كېلىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى، ئايەتلىرى ۋە مۆجىزىلىرى، قۇدرەت ۋە سۈپەتلىرى ھەققىدە تەپەككۇر قىلىڭلار! بىز ياشاۋاتقان بۇ زاماندا پىتنە-پاساتلار ئىنساننى ھەر تەرەپتىن قورشىۋالدى، ئىنسانىيەت ماددىزىمغا ۋە ماددىزىم پەلسەپىلىرىگە بېرىلىپ كەتتى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىدىئولوگىيىسىدە ئىللەت پەيدا بولۇپ، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىگە، ھەتتا ئاللاھنىڭ بىرلىك بارلىقىغا شەك قىلىدىغان يەرگە كېلىپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن خىيالى زامانىۋى تېخنىكىلارنىڭ يالتىراق ئۆزگىرىشلىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېلىدىغان لەززەتلەرگە بېرىلىپ، ھەتتاكى بەزىلەر ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ ئالجىيدىغان يەرگە يەتتى. شۇنداق

بىر ھەقىقەت باركى، ئۇ خۇددى قوياش نۇرىدەك ئاشكارا بىر ھەقىقەت بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكى، بارلىقى ۋە كاتتىلىقىدۇر. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ئىسىم-سۈپەتلىرى ئۈستىدە ئويلىنىش، ئىنسانغا ھەقىقى لەززەت ۋە خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى ھەققىدە ئويلانغىنىمىزدا روھىمىز ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ، جەننەتكە مۇشەررەپ بولىدۇ ۋە بۇ دۇنيادا بولسا مەنىۋى ئوزۇق بولۇپ، روھىي كەيپىياتىمىز ياخشى بولىدۇ. ئاللاھ-تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿مَّا لَكُمْ لَا تَرْجُونَ لِلَّهِ وَقَارًا وَقَدْ خَلَقَكُمْ أَطْوَارًا﴾ ﴿نېمە ئۈچۈن سىلەر ئاللاھنىڭ بۈيۈكلۈكىدىن قورقمايسىلەر؟ ھالبۇكى ئاللاھ سىلەرنى بىر قانچە باسقۇچلارغا بۆلۈپ ياراتتى﴾[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كاتتىلىقىنى كۆرمەيسىلەر؟» دېدى. سەئىد ئىبنى جۇبەير: «نېمە ئۈچۈن سىلەر ئاللاھنى ئۆزىگە لايىق ئۇلۇغلىمايسىلەر؟ ھالبۇكى قۇرئان كەرىم بىزگە ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى، قۇدرىتى ۋە مېھرىبانلىقىنى يەتكۈزگەن ھەمدە قۇرئان كەرىم بىزلەرگە ھىدايەت، نۇر ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلدى» دېدى.

ئاللاھنىڭ بىرلىكى، بارلىقى ۋە ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تۆۋەندىكى ئايەت تەپسىلى سۈپەتلەپ بەردى: ﴿فَاطِرُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِۚ جَعَلَ لَكُم مِّنْ أَنفُسِكُمْ أَزْوَٰجًا وَمِنَ ٱلْأَنْعَٰمِ أَزْوَٰجًا يَذْرَؤُكُمْ فِيهِۚ لَيْسَ كَمِثْلِهِۦ شَىْءٌۖ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْبَصِيرُ﴾ ﴿ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھ سىلەرگە ئۆز جىنسىڭلاردىن جۈپتىلەرنى (يەنى ئاياللارنى) ياراتتى. ھايۋانلارغىمۇ ئۆز تىپىدىن جۈپتىلەرنى ياراتتى. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ سىلەرنى كۆپەيتىدۇ، ھېچ شەيئى ئاللاھقا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقى، كاتتىلىقى ۋە كامالىتى ئىنساننىڭ ئاللاھنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەسلىكتەك جاھالىتىدىن، مەغرۇرلۇقىدىن ئازات قىلىدى. ئىنساننى ھەقىقەتنىڭ نۇرىغا ئېلىپ باردى، ئاللاھنىڭ سۆزىلا ھەقىقەتتۇر. بەلكى ئۇ نۇردۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿ٱللَّهُ نُورُ

[1] نۇھ سۈرىسى 13 ـ ۋە 14 ـ ئايەت.
[2] شۇرا سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۚ مَثَلُ نُورِهِۦ كَمِشۡكَوٰةٖ فِيهَا مِصۡبَاحٌۖ ٱلۡمِصۡبَاحُ فِي زُجَاجَةٍۖ ٱلزُّجَاجَةُ كَأَنَّهَا كَوۡكَبٞ دُرِّيّٞ يُوقَدُ مِن شَجَرَةٖ مُّبَٰرَكَةٖ زَيۡتُونَةٖ لَّا شَرۡقِيَّةٖ وَلَا غَرۡبِيَّةٖ يَكَادُ زَيۡتُهَا يُضِيٓءُ وَلَوۡ لَمۡ تَمۡسَسۡهُ نَارٞۚ نُّورٌ عَلَىٰ نُورٖۚ يَهۡدِي ٱللَّهُ لِنُورِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَيَضۡرِبُ ٱللَّهُ ٱلۡأَمۡثَٰلَ لِلنَّاسِۗ وَٱللَّهُ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ﴾ ﴿ئاللاھ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ نۇرىدۇر، ئاللاھنىڭ (مۇئمىن بەندىسىنىڭ قەلبىدىكى) نۇرى خۇددى (چىراق قويىدىغان) تەكچىگە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا چىراق باردۇر، چىراق شىشىنىڭ ئىچىدىدۇر، شىشە بولسا گويا نۇرلۇق يۇلتۇزدۇر، چىراق مۇبارەك زەيتۇن دەرىخىنىڭ (يېغى) بىلەن يورۇتۇلغان، ئۇ (يەنى زەيتۇن دەرىخى) شەرق تەرەپتىمۇ ئەمەس، غەرب تەرەپتىمۇ ئەمەس (سەھرادا ئوچۇقچىلىقتا بولۇپ، كۈن بويى ئۇنىڭغا كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مېۋىسى پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ)، يېغى (ئەڭ سۈزۈك بولىدۇ، سۈزۈكلۈكىدىن) ئوت تەگمىسىمۇ يورۇپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ، (ئوت بىلەن يورۇتۇلسا) نۇر ئۈستىگە نۇر قوشۇلىدۇ، ئاللاھ خالىغان كىشىنى ئۇنىڭ نۇرىغا (يەنى قۇرئانغا) (ئەگىشىشكە) مۇۋەپپەق قىلىدۇ، ئاللاھ (ئىبرەت ئالسۇن دەپ) كىشىلەرگە مىساللارنى (ئۇلارنىڭ پەمىگە يېقىنلاشتۇرۇپ) بايان قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر﴾[1].

بىز ياشاۋاتقان بۇ كائىناتنىڭ ھەيۋىتى، ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ۋە قۇدرەتلىك ئۇلۇغ زات ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ كائىنات بىزنى ئاللاھنى چىن قەلبىمىزدىن ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ياراتقۇچى خالىق ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ دۇنيانىڭ سىستېمىسىنى تەدبىر قىلىشتا يەككە-يىگانە ئىكەنلىكىگە، ھېكمەتلىك ئىش قىلغۇچى زات ئىكەنلىكىگە ۋە كائىنات دۇنياسىدا ئاللاھتىن باشقا تەسىر كۆرسەتەلەيدىغان بىرەر مەخلۇقنىڭ يوقلىقىغا چىن قەلبىمىزدىن ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھقا بولغان ھەقىقي ئىمانىنىڭ تەقەززاسىدۇر. تەۋھىد ئەقىدىسى خالىس بولغان ئىنسانلارنىڭ، ئاللاھنىڭ بىرلىك-بارلىقىغا بولغان ئىمانى كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇلار سېھىرگەرلەر، پىرىخونلار، رامباللار ۋە مۇنەججىملەرنىڭ يالغانلىرىغا پەرۋا قىلمايدۇ. ئاللاھقا بولغان ئىمانىمىزدا خالىس بولساق، بىز

[1] نۇر سۈرىسى 35 ـ ئايەت.

ئىنسانلارنىڭ خۇراپاتلىرىغا ئالدانمايمىز، بىھۇدە ئىشلار بىلەن ۋاقتىمىزنى ئىسراپ قىلمايمىز. ئاللاھنىڭ قۇدرىتىدىن غاپىل بولغانلار، ئاللاھنىڭ پەزلى-كەرىمىگە كۆز يۇمغانلار ۋە ئامانەتكە خىيانەت قىلغانلار، ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ھېس-تۇيغۇسىنى يوقىتىپ قويغانلاردۇر.

ساراڭلارچە تارقىتىلىۋاتقان سۇئىي ھەمرا قاناللىرىدىكى ۋە ئىنتېرنېت تورلىرىدىكى ئەخلاقىغا قارشى رەسۋاچىلىقلارنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالغانلار بولسا ھاياسىزلىققا كۆنگەنلەر ۋە كۆڭلىدە شىلىكنى يوقاتقانلاردۇر.

ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى، مۇقەددەس زاتى ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش، پىتنىلەردىن خالاس بولۇشنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسىدۇر.

زامانىمىزدا دىنسىزلىق، ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىش ۋە بىدئەت-شېرىكلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك ئەۋج ئالماقتا، ئاللاھنىڭ دىنى ۋە زاتىدا شەك-شۈبھە قىلىدىغانلار كۆنسېرى كۆپەيمەكتە. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ماقامىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىدىغانلارمۇ ھەددىدىن ئاشماقتا، مەزكۇر گۇناھ-مەسىيەتلەر ئاساسلىقى، دىنىنىڭ ئەھلى بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنىڭ دىنىنى تەلەپكە ئۇيغۇن يەتكۈزمىگەنلىكتىن، ئىنسانلارنىڭ ئىسلام دىنى، ئاللاھنىڭ زاتى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرى ھەققىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغانلىقىدىن كېلىپ چىقماقتا. شۇڭا ئىسلامچىلار ۋە دىن دەۋەتچىلىرى ھەمدە ئاممىۋى مۇسۇلمانلار، ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئۆز لايىقىدا تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك.

# مۇسۇلمان كىشى ھەر ۋاقىت پىتنىدىن ساقلىنىشقا تىرىشىش كېرەك

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(17/02/1434ھ = 30/12/2012م)

ئىمام خۇتبىسىدە، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمان ھەر زامان پىتنىدىن ساقلىنىشقا تىرىشىش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار! تەقۋالىق بولسا ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش ۋە توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى نېمىگە بۇيرىغان بولسا شۇنىڭغا بىجانىدىل ئەمەل قىلىش، نېمىدىن توسقان بولسا شۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزۈش ھەقىقىي تەقۋالىقتۇر. پىتنە-پاساتتىن ساقلىنىش، ئۇنىڭغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردىنمۇ ساقلىنىش ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىگىمۇ يېقىنلاشماسلىق بولسا، ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋە شەپقەتلىك ئاللاھتائالادىن ھەقىقىي قورقىدىغانلارنىڭ ئىشىدۇر.

پىتنىنىڭ ھەقىقىتىنى ئىبنى قەييۇم جەۋزى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق شەرھىلىگەن: پىتنە ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار: شۈبھىلەر پىتنىسى ۋە شەھۋەتلەر پىتنىسىدۇر. بىر بەندە يۇقارقى ھەر ئىككىلا پىتنىگە مۇبتىلا بولۇپ قېلىشى ۋە ئۇ ئادەمدە ئۇ ئىككىلا پىتنە بىرلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. بىر كىشىدە بىرى تېپىلىپ يەنە بىرى تېپىلماسلىقىمۇ مۇمكىن. شۈبھىلەر پىتنىسى بولسا ئىنساننىڭ بەسىرەت كۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە بىلىم سەۋىيەسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەڭ چوڭ پىتنە بولسا شەھۋەت ياكى ھاۋايى ھەۋەس پىتنىسىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە

كۆپلىگەن ئورۇنلاردا ھاۋايى ھەۋەسكە ئەگەشكەن ئادەم ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغان بولىدۇ، دېگەن.

پىتنىلەرنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، كۇپرىلىق، مۇناپىقلىق ۋە بىدئەت پىتنىسىمۇ بولىدۇ. مەزكۇر پىتنىلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرلا چارىسى بار بولۇپ، ئۇ بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش، دىنىنىڭ زاھىرى ۋە باتىنى تەرەپلىرىنى تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي تەتبىقلاشتۇر. ئەقىدە، ئەمەل ۋە ئىبادەت قاتارلىق شەرىئەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىدا ئىسلام كۆرسەتمىسىگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق ئۇ پىتنىلەردىن ساقلىنىش مۇمكىن. ئىسلام كۆرسەتمىلىرىنى ئادا قىلىشنىڭ ئەڭ ئاددىي تەلەپلىرى بولسا تاھارەتنى كامىل ئېلىش، نامازلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلىش، زاكاتنى ئۇنىڭغا لايىق كىشىلەرگە بېرىش، رامىزاندا بىر ئاي روزىنى تولۇق تۇتۇش، قۇدرىتى يەتكەن كىشىلەر بەيتۇللاھقا بېرىپ ھەج قىلىشتەك ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئۇ پىتنىدىن ساقلىنىش مۇمكىن.

پىتنىنىڭ ئىككىنچى تۈرى بولسا ھاۋايى-ھەۋەس ۋە شەھۋەت پىتنىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئىككى پىتنىنىڭ ئوتتۇرىسىنى باغلاپ مۇنداق دېگەن: ﴿كَٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُمۡ كَانُوٓاْ أَشَدَّ مِنكُمۡ قُوَّةٗ وَأَكۡثَرَ أَمۡوَٰلٗا وَأَوۡلَٰدٗا فَٱسۡتَمۡتَعُواْ بِخَلَٰقِهِمۡ فَٱسۡتَمۡتَعۡتُم بِخَلَٰقِكُمۡ كَمَا ٱسۡتَمۡتَعَ ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِكُم بِخَلَٰقِهِمۡ وَخُضۡتُمۡ كَٱلَّذِي خَاضُوٓاْۚ أُوْلَٰٓئِكَ حَبِطَتۡ أَعۡمَٰلُهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ﴾ ﴿(ئى مۇناپىقلار، سىلەرنىڭ ھالىڭلار) سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن (ھالاك بولغان ئۈممەتلەرنىڭ ھالىغا) ئوخشايدۇ، ئۇلار كۈچ-قۇۋۋەتتە سىلەردىن كۈچلۈك، مال-مۈلۈكى ۋە ئەۋلادى سىلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ ئىدى. سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەر (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋىسىدىن بەھرىمەن بولغاندەك، سىلەرمۇ (دۇنيانىڭ لەززەتلىرى جەھەتتىكى) نېسىۋەڭلاردىن بەھرىمەن بولدۇڭلار؛ ئۇلار باتىلغا چۆمگەندەك، سىلەرمۇ باتىلغا چۆمدۇڭلار؛ ئەنە شۇلارنىڭ ياخشى ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېتىبارسىزدۇر، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر﴾[1].

يەنى ئۇلار دۇنيادىكى نېسىۋىسىدىن ۋە شەھۋەتلىرىدىن پايدىلاندى.

[1] تۆۋبە سۈرىسى 69 - ئايەت.

ئاللاھ مەزكۇر ئايەتتە دىللارنىڭ بۇزۇلۇشى، دىنلارنىڭ بۇزۇلىشى ۋە دۇنيانىڭ لەززىتىدىن باتىل يوللار ئارقىلىق پايدىلىنىشنىڭ پىتنە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. دىنىنىڭ بۇزۇلىشى بولسا، ئېتىقادنىڭ بۇزۇلىشى ۋە ئوقۇغان بىلىمگە ئەمەل قىلماسلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شەخسى قاراشلىرىمىزنى شەرىئەتتىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇش ۋە ئەقلى دەلىلنى نەقلى دەلىلدىن ئەلا بىلىش شەھۋانى پىتنىدۇر.

شۈبھىلەر پىتنىسىدىن ئاللاھقا بولغان كامىل ئىمان ۋە ئىشەنچ ئارقىلىقلا ساقلىنىش مۇمكىن. شەھۋەت پىتنىسىدىن بولسا، سەۋر قىلىش ۋە بەرداشلىق بېرىش ئارقىلىق ساقلىنىش مۇمكىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَجَعَلْنَا مِنْهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا لَمَّا صَبَرُوا ۖ وَكَانُوا بِآيَاتِنَا يُوقِنُونَ﴾ ﴿ئۇلار (كۈلپەتلەرگە) سەبىر قىلغان، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزگە جەزمەن ئىشەنگەن چاغدا، ئۇلاردىن بىر قىسىم كىشىلەرنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بىلەن توغرا يول كۆرسىتىدىغان پېشىۋالار قىلدۇق﴾[1].

ئاللاھ ئۆز بەندىسىگە كۈچلۈك ئىمان بىلەن سەۋر-تاقەت ئاتا قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ پىتنىسى ھېچقانداق تەسىر قىلالمايدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى دىن ۋە دۇنيانىڭ پىتنىسىدىن ساقلىسۇن، ئامىن!!.

---

[1] سەجدە سۈرىسى 24 - ئايەت.

# مۇسۇلمان كىشى مەسئۇلىيەتچان بولۇش كېرەك

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(22/02/1434ھ = 04/01/2013م)

ئىمام ئۆز خۇتبىسىدە، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈۋاتقان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمان مەسئۇلىيەتچان بولۇش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا تولۇق بويسۇنۇڭلار ۋە ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يېنىڭلار، شۇنداق قىلغاندىلا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيسىلەر. مۇسىبەت كەلگەندە ئاللاھتىن ياردەم تىلەڭلار، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى باشقا ھەر قانداق مۇھەببەتتىن ئۈلۈغ بىلىڭلار، ئاللاھنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەقلىرىگە تولۇق رىئايە قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ھەقىقىي تەقۋادار بولالايسىلەر.

ياخشى مۇسۇلمان بارلىق ئىشلاردا مەسئۇلىيەتچان بولىدۇ، ئاللاھنىڭ بەلگىلىگەن چېگرا-سىزىقلىرىنى بىجانىدىل ھىمايە قىلىدۇ، ۋەتىنىنىڭ ۋە بەندىلەرنىڭ مال-مۈلكىنى ئاسرايدۇ، ھەقنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە ئادالەت تۇرغۇزىدۇ، قىلغان ئىشلىرىدا ئىخلاس قىلىدۇ، ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ھەقىقىي مەسئۇلىيەتچان ئىنسان داۋاملىق ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىپ تۇرىدۇ، باشقىلارغىمۇ ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ياخشىلىققا بۇيرىيدۇ ۋە يامانلىقتىن توسىدۇ. ئىسلام دىنى، شەخسلەرگىمۇ خۇددى جامائەتكە ئوخشاشلا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسىغا ئىگە بولۇش تەكلىپىنى بەرگەن. ھېساب ئېلىش تۇيغۇسى، ھەر بىر مۇسۇلماندا بولۇشقا تېگىشلىك مەسئۇلىيەت بولۇپ، ئۆز-ئارا بىر-بىرىگە ساھىپ چىقىشىدۇ، شەخسلەرنى،

جامائەت (كۆپچىلىك) نى ۋە ئاممىنىڭ مال-مۈلكىنى چىرىكلىكنىڭ يامان غەرەزلىرىدىن ھىمايە قىلىدۇ.

ساھىپ چىقىش مۇھىم بىر خىزمەت بولۇپ، ئەخلاق، دىن، سىياسەت، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئىدارە ۋە ئىقتىساد دېگەندەك ھەر خىل ساھەلەردە مۇئەييەنلىشىدۇ. ئەھلى ئىلىملار: ساھىپ چىقىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەتتۇر، دېگەن. جەمئىيەتتە ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش، ئەمەلىيلەشكەندە ئادالەت تۇرغۇزىلىدۇ، چىرىكلىككە خاتىمە بېرىلىدۇ، رەزىللىككە زەربە بېرىلىدۇ ۋە پاكلىق ساقلىنىپ قالىدۇ. نازارەتچىلىك ئەمەلگە ئاشقاندا دىنىنىڭ ئۇسۇلى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرى ئەمىلىلىشىدۇ، ئەخلاق ئۆلچىمى تەرەققىي قىلىپ، شەخسلەرنىڭ سەۋىيىسى ئاشىدۇ، نەتىجىدە ئاممىنىڭ مەنپەئەتى كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ. ياخشى خىزمەتچى، ياخشى كادىر ۋە ياخشى پۇقرا، ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانى ۋە پەرۋەردىگارىغا بولغان ئىخلاسى ئارقىلىق ئۆزىنى ئىسپاتلايدۇ. بەلگىلەنگەن خىزمەتنى مۇكەممەل رەۋىشتە پۇختا ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ، ئۆز دىنىغا ۋە ۋەتىنىگە سەمىمىي بولىدۇ، ئاللاھقا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە خىيانەت قىلمايدۇ. بىلگەنىنى باشقىلارغا تەلىم بېرىدۇ، كەسپىدىن باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ ۋە مەسئۇلاتىنىڭ ئۆلچىمىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

جەمئىيەتتىكى چىرىكلىك، پارىخورلۇق ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك ئېغىر جىنايەت بولۇپ، ئۇممەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. ھەر قانداق بىرەر خىزمەت ياكى بىرەر مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن ئادەم، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزى ھەقلىق بولمىغان مۇئەييەن مەنپەئەتكە ئېرىشسە ۋە مەنسىۋىدىن پايدىلىنىپ مەبلەغ توپلىسا، ھارامدىن پۇل توپلىغان بولۇپ، بۇ ئاممىنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەتلىرىگە زىيان يەتكۈزگەنلىكتۇر.

چىرىكلىكنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن يامان بولۇپ، ئۇنىڭ سەلبى تەسىرى دىندا، سىياسەتتە، ئىقتىسادتا ۋە ئاممىۋى ساھەلەردە ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بولۇپمۇ، دۆلەتنىڭ ئاساسى قۇرۇلۇشىنىڭ ناچارلىقىنى ۋە ئاممىۋى مال-مۈلكنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھەر قانداق بىر خىزمەت ئۆز لىنىيىسىدىن چەتنەپ، مەسئۇلىيەتسىزلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قالسا،

ئاقىۋىتى چىرىكلىك، جىنايەت ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى سۇمۇرۇش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. مەيلى ھۆكۈمەت، مەيلى شەخسى بولسۇن، قۇرۇلۇشلارنىڭ پىلانلىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەقسىز دۇنيا توپلاش ۋە شەخسى مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى مەقسەت قىلىدىكەن، بارلىق جەمئىيەتكە زىيانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ ئىنسانىنى جەھەننەمگە سۆرەپ كىرىدۇ.

بۇنداق چىرىكلىكنىڭ سەلبى تەسىرى، مائارىپ ساھەسى، سەھىيە ساھەلىرى ۋە شەھەر باشقۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىدا ئاشكارا كۆرۈلىدۇ. چىرىكلىك ئەدەپ-ئەخلاقنى ۋە تەگپۇگلىقنى بۇزىدۇ. جەمئىيەتتە سەلبى تەسىر پەيدا قىلىدۇ ھەمدە جەمئىيەت كىشىلىرى ئارىسىدا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، خۇسۇمەت ۋە بىر بىرىنى كەمسىتىشتەك ناچار ئىللەتلەرگە يول ئاچىدۇ.

ئىمام يەنە مۇنداق دېدى: چىرىكلىكنىڭ سەلبى تۈرلىرى ۋە تەسىرلىرى ئىنتايىن كۆپ، ئۇلار؛ ئاممىنىڭ مۈلكىنى ئوغرىلاش، پارىخورلۇق قىلىش، ھوقۇقنى سۇيئىستىمال قىلىش، سىرلارنى ئېچىش ۋە رەسمى ۋەسىقىلەرنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق تۈرلۈك ئىشلاردۇر. ئەسلىدە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، مۇئەييەن بىر گورۇھ ياكى جامائەتنىڭ مەخسۇس ۋەزىپىسى بولماستىن، بەلكى ئۇ ئاممىنىڭ ئورتاق بۇرچىدۇر. ھەقىقي پاكلىقنىڭ ئۆلچىمى ئېسىل ئەخلاق، ديانەت، ئاللاھتىن قورقۇش ۋە باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېمەسلىك قاتارلىقلاردۇر.

مەزكۇر ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئالىملارنىڭ ۋە تەشۋىقات ساھەلىرىنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭدۇر. چىرىكلىكتە جەمئىيەت شۇنچە ئېغىر بۇزۇلغان ئەھۋالدا بولسىمۇ، گۇمانلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن دەلىل-ئىسپات بولماستىن، چىرىكلىك ياكى پارىخورلۇق ياكى ئاممىنىڭ مال-مۈلكىنى يەۋېلىش بىلەن تۆھمەت قىلماسلىق كېرەك، چۈنكى ھەر قانداق بىر جىنايەتنى بىر كىشىگە يۈكلەش ئۈچۈن، ئەۋۋەل ئۇنىڭغا قارىتا گۇۋاھچىلار تولۇق بولۇشى كېرەك، ئەكسىچە بولغاندا بىز باشقىلارنى دەلىل-ئىسپاتسىز قارىلىغان بولۇپ قالىمىز-دە، ئۆزىمىز گۇناھكار بولىمىز.

مۇسۇلمانلاردا ھەقىقي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بار بولسا، مەزكۇر ئىللەتلەر ئۆزلىكىدىن يوقىلىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىق ۋە ئىناقلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ. نەتىجىدە جەمئىيەت گۈللىنىدۇ ۋە جىنايەتلەر ئازىيىدۇ.

# ئۇھۇد غازىتى ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئىبرەت ۋە مۇھىم بىر ساۋاقتۇر

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(29/02/1434ھ =11/11/2013م)

ئىمام خۇتبىدە ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئۇھۇد غازىتى ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن ئىبرەت ۋە مۇھىم بىر ساۋاقتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! ئاللاھ نېمىگە بۇيرىغان بولسا، شۇنىڭغا بىجانىدىل ئەمەل قىلىڭلار ۋە نېمىدىن چەكلىگەن بولسا ئۇنىڭدىن دەرھال قول ئۈزۈڭلار! شۇنداق قىلغاندا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيسىلەر ۋە بارلىق ئىشلاردا توغرا يولنى تاللاڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ھەقىقىي تەقۋادار بولالايسىلەر.

دۇنيا بۈگۈنكى كۈندە ئاجايىپ چوڭ ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە ياشىماقتا، كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە، پىتنە-پاساتلار قاراڭغۇ كېچىنىڭ زۇلمەتلىرىدەك ئەتراپنى قاپلىماقتا. بىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ئۈممىتى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىسلام رىسالىسىگە ئىگىدۇرمىز. بىزنىڭ قولىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى مەۋجۇتتۇر. قۇرئان ۋە ھەدىس بولسا 14 ئەسىردىن بېرى ئىسلام ئۈممىتىنى توغرا يولغا باشلاپلا قالماستىن، بەلكى ئۈممەتنىڭ ھازىرنى ئۆتمۈشى بىلەن باغلاپ تۇرماقتا.

بەدرى غازىتىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئۇھۇد غازىتى مۇسۇلمانلار

ئۈچۈن مۇھىم دەرس بولغان. ئاللاھ ئۇھۇد غازىتى ئارقىلىق ئۈممەتنىڭ سەۋرچانلىقىنى سىناشنى خالىدى، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىغا خىلاپلىق قىلسا، قەتئىي توغرا بولمايدىغانلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىزچىل بويسۇنۇشقا مۇكەللەپ ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى.

ئۇھۇد غازىتىنىڭ دەسلىۋىدە مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلغان، مۇشرىكلار مەيداندىن مەغلۇبىيەت شارابىنى ئىچىپ قاچقان ئىدى، ئىسلام لەشكىرى ئارىسىدىكى بەزى ئوقياچىلار، غەلىبە قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم بەلگىلەپ بەرگەن ئورۇنلارنى تاشلاپ، غەنىمەت ئالغىلى چۈشۈپ كەتتى، ئوقياچىلارنىڭ ئورۇنلىرىنى تاشلاپ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن مۇشرىكلار، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاغ ئارقىسىدىن ئىسلام لەشكىرىگە قايتا ھۇجۇم قىلدى، ساھابىلارنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىدىن 70 نى شېھىت قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىنى يېرىپ، مۇبارەك چىشىنى سۇندۇردى. ئۇلار يەنە بۇنى ئاز دەپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈلگەنلىك پىتنە-ئىغۋاسىنى تارقاتتى، بۇ خەۋەر مۆمىنلەرنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر غەم قايغۇ پەيدا قىلدى، مۇشرىكلار شەھەرگە زەپەر قازانغان ھالدا كىرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىدا قىلىپ: مۇشرىكلارنىڭ ئالدىنى توسۇشقا چاقىرىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابە كىراملار دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىداسىغا لەببەيك دەپ ئاۋاز قوشۇپ، مۇشرىكلارنى شەھەرگە زەپەر قازانغان ھالدا كىرىشتىن توستى.

ئۈممەتنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئېغىر مۇسىبەتلەر ئىنسانلارنى تاۋلايدۇ. ئېغىر مۇسىبەتلەر كەلگەندە مۇسۇلمانلار ئىمانىدا مۇستەھكەم تۇرالامدۇ ياكى تۇرالامدۇ، قورقۇپ كېتىپ ئىمانىنى سېتىۋېتەمدۇ ياكى بالايى-مۇسىبەتكە سەۋر قىلىپ مۇستەھكەم تۇرالامدۇ؟ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى قانچىلىك؟ ھاياتتىن ئۈمىدسىزلىنەمدۇ، قانداق؟ دەپ ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى ھەر تۈرلۈك سىنايدۇ.

ئۈممەت شۇنداق ئېغىر تەۋرىنىشكە دۇچ كېلىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇلار

ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدىكى نىجاسەت ۋە كىرلىكلەرنى تازىلايدۇ. ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا يەنى ئۇھۇد غازىتىدىلا ياخشى بىلەن يامانني ئايرىشنى ۋە مۇناپىقلارنى پاش قىلىشنى تەقەززا قىلغان بولۇپ، ئۇ چاغدا مۇناپىقلار مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا داۋالغۇش پەيدا قىلغان ئىدى. ئۈممەتنىڭ گەۋدىسىنى ئەقىدە جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەۋجۇدىيىتى جەھەتتىن بولسۇن، ئاغدۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى. ئۇھۇد غازىتىنىڭ تەسىرى روھلارنى تازىلاش ۋە ئۈممەتنىڭ سېپىنى رۇسلاش ئىدى. ئاللاھنىڭ ئۆز پەيغەمبىرىنى ۋە ئۆز دىنىنى ئۈستۈن قىلىش قۇدرىتى بار تۇرۇغلۇق، ئۈممەتنى سىناشنى، بۇ دۇنيانىڭ سەۋەب دۇنياسى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىشنى، مۇسۇلمانلارنى تەربىيلەشنى، ئىنسانىيەتكە رىياسەتچى ۋە باشلامچى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ھەر بىر يولىيورۇقلىرىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئىرادە قىلغان.

ئىنسانىيەتنى باشقۇرۇش شۇنداق كەسكىن قوماندان، ئىنتىزامچان لەشكەر ۋە ھەق ئۈستىدە سەۋر قىلالايدىغان ۋە مۇسىبەتلەرگە چىدىيالايدىغان ئىنسانلارغا موھتاج. ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى نۇسرەت ئاتا قىلىشتىن بۇرۇن داۋاملىق بالايى-مۇسىبەتلەر ئارقىلىق سىناشتىن ئىبارەتتۇر.

ئىسلام دۈشمەنلىرى ھەممە تەرەپتىن ھىلە-مىكىرلەرنى ئىشلىتىدۇ ۋە ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇشقا تىرىشىدۇ، ئاللاھ كۆپلىگەن ئايەتلەردە بۇ ھەقىقەتنى بايان قىلدى. سەۋرچانلىق ۋە تەقۋادارلىق غەلىبە قىلىشنىڭ ۋە نۇسرەت تېپىشنىڭ سىرىدۇر، ئۇ يەنە روھنى تازىلايدىغان ئاساسى ئامىلدۇر. ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۆزىنىڭ مەنىۋى مەيدانىدا ۋە پىرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇش جەھەتتە غەلىبە قىلالمىسا، ماددى جەھەتتە غەلىبە قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئۇھۇد غازىتىدا ئوقياچىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنماستىن، بەلگىلەنگەن نۇقتىلاردىن خالىغانچە قايتىپ چۈشۈشى ۋە شۇ سەۋەبتىن مەغلۇبىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بىر دەرستۇر. مەيدانى بىر بولمىغان، ئارىسىدا تائىپىۋازلىق ۋە ئىختىلاپلار ھۆكۈم سۈرگەن جامائەتنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشى قەتئىي

مۇمكىن ئەمەس.

ھەقىقىي مۆمىنلەر شۇنچە ئېغىر قىسمەتلەرگە دۇچ كەلسىمۇ ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتمىدى ۋە ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە گۇمانى كۆز قاراشتا بولمىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى يېرىلىپ، چىشلىرى سۇنغان بولسىمۇ، تاغىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئايرىلىپ قالغان بولسىمۇ ۋە كۆپلىگەن ساھابىلار شېھىت بولغان ۋە بەزىلەر يارىلانغان بولسىمۇ، يەنىلا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئاللاھنىڭ نۇسرىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمىدى، بەلكى ساھابىلارنىڭ ئارىسىنى يوقلىدى ۋە ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ سۇنغان دىللىرىغا مەلھەم بولدى.

مۇسۇلمانلار بۇ زاماندا مىليونلارچە جانىنى قۇربان قىلدى، مىليونلارچە ياشلار قۇربان بولدى، ئۇلارنىڭ ھالى ھېچ ئۆزگەرمىدى، ئۇلار بىلەن ئىلگىرىكى سەلەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق پەقەتلا ئاچچىق-ساۋاقنى پۇختا ئىگەللەشتە قالدى. ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار ئاللاھ تەرىپىگە قايتاتتى، دۇئا قىلاتتى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چىن دىلىدىن ئىشىنەتتى. بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار بولسا ئۆتمۈشنىڭ دەرسلىرى ۋە ئاچچىق ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئالمىدى. دۈشمەنلەر شۇنچە ئېغىر ئازاپلىسىمۇ، قانلارنى ئېقىتسىمۇ ۋە ئاھانەت قىلسىمۇ، يەنىلا شۇلاردىن ئۈمىد ئۈزەلمىدۇق.

ھازىر ئىسلام دۇنياسىدا مۇسۇلمانلار ئۆز بېشىغا كەلگەن پاجىئەلەرنىڭ قاتتىقلىقى ۋە ئېغىرلىقىنى توغرا ھېس قىلىشى كېرەك، ئۇلار ئۆز قېرىنداشلىرىغا ياردەمدە بولۇشى، نۇسرەتتە بولۇشى ۋە ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە ئۇلار بىلەن ھەمكارلىششى لازىم. ئەمما كۆپ مۇسۇلمانلار غەپلەتتە ياتماقتا، شامدىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مىسالدۇر.

ئى سۈرىيە خەلقى! بىلىڭلاركى، قېرىنداشلىرىڭلار سىلەرنى يالغۇز تاشلاپ قويغان بولسا، سىلەر ئۈچۈن ئاللاھ بار! ئاللاھ سىلەرنى تاشلاپ قويمايدۇ، ئاللاھقا بولغان ئىمانىڭلارنى مۇستەھكەملەڭلار! ئاللاھ سىلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. قېرىنداشلىرىڭلار سىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنمىدى، سىلەر ئاللاھقا يېلىنىڭلار، شۈكۈر قىلساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ياردەم بېرىدۇ، سىلەر سەۋر قىلىڭلار، بىر-بىرىڭلارنى سەۋرگە تەۋسىيە قىلىڭلار، زېمىن ئاللاھنىڭ

زېمىنى بولۇپ، ئۇنى ئۆزى خالىغان كىشىلەرگە مىراس قالدۇرىدۇ، ئاقىۋەت تەقۋادارلار ئۈچۈندۇر. شام زالىمى قانلارنى بەك كۆپ ئاقتۇرىۋەتتى، ئۇ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكىنى ئاشكارىلىماي تۇرالمىدى، ئۇنىڭ يېقىنقى ۋاقىتلاردىكى تەكەببۇرلۇقتا ۋە زالىملىقتا ھەددىدىن ئېشىپ، ئۆزىنى كۆرستىشى، ئۇنىڭ ھالاكىتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنىڭ دەلىلى بولسا كېرەك. پات يېقىندا نۇسرەت قۇياشى چىقىدۇ ۋە مۆمىنلەر ئاللاھنىڭ نۇسرىتىدىن خۇشاللىنىدۇ.

بۇ كۈنلەردە سۈرىيە مۇسۇلمانلىرى پاناھلىنىش لاگېرلىرىدا قارنىڭ سوغۇقى، يېمەك-ئىچمەك كەمچىللىكى، يېقىلغۇ كەمچىللىكى ۋە يامغۇر ئاپەتلىرىگە دۇچ كېلىپ، ئىنتايىن ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزمەكتە، بىز مۇسۇلمانلار قاراپ تۇرساقمۇ ئاللاھ قاراپ تۇرمايدۇ، ئاللاھ ئۇلارغا سەۋر-تاقەت ۋە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

# ئاللاھتىن ھەر دائىم تىنچ - ئامانلىق ۋە سالامەتلىك تىلەش كېرەك

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(07/03/1434ھ = 19/01/2013م)

ئىمام خۇتبىدە ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتەۋاتقان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھتىن داۋاملىق ئافىيەت ۋە سالامەتلىك تىلەش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بارلىق ئىنسانىيەت پانىي دۇنيادىكى ھاياتىدا تىرىشىپ تىرمىشىپ ئىشلەشكە مەھكۇم. ئاللاھ ئىنساننى جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ياشاشقا ياراتقان. ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، ئۆزىنى ساتقۇچى ياكى ئۆزىنى ئازات قىلغۇچىدۇر. بەزىلەر ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ، بەزىلەر جاھالەت ئىچىدە قالىدۇ ۋە بەزىلەر ئىلىم ئىگەللەيدۇ، كۆپلىگەن ئىنسانلار دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا تەسلىم بولۇپ، ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ-دە، خارلىق يولىنى تاللايدۇ. بەزىلەر ھەددىدىن ئېشىپ زالىملىق ۋە قانخورلۇق يولىنى تاللايدۇ. مەزكۇر تۈرلەردىكى ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ ئەقىللىق كىشى ئازغۇنلۇقتىن ساقلانغان، ئۆزىنى تۇتىۋالغان، ئۆزىنى شەيتان تەرەپكە ئەمەس، بەلكى ياراتقۇچى خالىقى تەرەپكە يۈزلەندۈرگەن كىشىدۇر.

ئاقىل ئىنسان داۋاملىق ئاللاھتىن ئەفۇ- خاتىرجەملىك تىلەيدۇ. ئۆزىنىڭ دىنى ۋە دۇنيالىقىدا خاتىرجەملىك تەلەپ قىلىدۇ. ئەھلى-ئايالى ۋە مال-

دۇنياسىدا خاتىرجەملىك تىلەيدۇ. ئىنسانىنىڭ بۇ دۇنيادا ساغلاملىق ۋە خاتىرجەملىك تىلىشى، ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان تەبىئىي پىترىتىدۇر. ئىنسان ھەر قانداق ئەھۋالدا بالايى-مۇسىبەت ۋە كېسەل-ئاغرىقلارنى خالىمايدۇ. ئىنسان شۇنداق بىر مەخلۇق بولۇپ، ئۇنىڭدا سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك داۋاملاشقان چاغدا، ئۇنىڭ لەززىتى ۋە قىممىتىنى بىلمەيدۇ. سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىكنى يوقىتىپ قويغان چاغدا ئۇنىڭ قەدرى-قىممىتىنى تونۇپ يېتىدۇ. سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك بار بولسا، ئىنسان دۇنيانىڭ لەززىتىنى تېتىيالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ ئۈممىتىگە ناھايىتى مېھرى-شەپقەتلىك بولغانلىقتىن، ئۇلارغا: «سىلەر ئاللاھتىن ئەفۇ، خاتىرجەملىك تىلەڭلار ۋە سىلەرگە ئىماندىن قالسا، ئامانلىقتىنمۇ ياخشى نېمەت بېرىلمىدى» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئۈممىتىگە سالامەتلىك ۋە ئامانلىقنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، داۋاملىق: «ئى ئاللاھ مەن سەندىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئامانلىق تىلەيمەن، ئى ئاللاھ مەن سەندىن دىنىمدا، دۇنيالىقىمدا، ئەھلىمدە ۋە مال-مۈلۈكۈمدە ئەفۇ-ئامانلىق تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

ئىبنى جەزەرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى: «ئامانلىق ئاتا قىلىنغان ئادەم ئارزۇسىغا يەتكەن ئادەمدۇر، بەلكى ئۇ دۇنيالىقى ۋە ئاخىرەتلىكىدە غەلىبە قىلغان ئادەمدۇر»، دېگەن. خاتىرجەملىك بولسا مۇتلەق بىر بايلىق بولۇپ، ئۇ نىسپىلىكنى قوبۇل قىلمايدۇ. بەدەننىڭ ساغلاملىقىنى ئاساسى ئورۇندا قويۇپ، دىنىنىڭ ساغلاملىقىنى نەزەرگە ئالماسلىق چوڭ خاتالىقتۇر. جىسمانى ساغلاملىقنى تىلەپ، روھانى ساغلاملىقنى ئۇنۇتقان ئادەم ئېغىر زىيان تارتقان كىشىدۇر. دىندا خاتىرجەملىك تىلەپ، جىسمنى ئۇنۇتقان كىشىمۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان كىشىدۇر. ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ۋە دىنىغا ئەھمىيەت بېرىپ دۇنيالىقىنى ئۇنۇتقان ئادەم، دىنىدىنمۇ سۇسلىشىپ قالىدۇ. كۈچلۈك مۆمىن ئاللاھقا نىسبەتەن ئاجىز مۆمىندىن يېقىن ۋە يېقىملىقتۇر. ھەقىقىي ئاقىل كىشى، ئاللاھ ئالدىدا ئۆزىنى خار قىلغان ۋە دۇنيا ئالدىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان كىشىدۇر. جىسمانى جەھەتتىن سالامەت

بولۇپ، ئاللاھقا شۈكۈر قىلغان ئادەم بولسا، كېسەل ۋە بالايى-مۇسىبەتكە دۇچار بولۇپ، سەۋر قىلغان ئادەمدىن ياخشىدۇر.

بىز ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ بەدەن ساغلاملىقى ۋە ماددىي پاراۋانلىقى ئۈچۈن، بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ، دۇنيالىقى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ئىشلەپ، ئاخىرىتى ئۈچۈن ھېچ ئىشلىمەستىن، ئاللاھنى ئۇنتۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز. ئۆزىنىڭ دۇنيالىقىغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، دۇنيانىڭ راھىتىنى نىشان قىلىپ ئاخىرىتىنى ئۇنۇتقان ئادەم، ئاخىرى ئۆزىنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. دۇنيالىقىغا بېرىلگەنلىكىنى كۆز-كۆز قىلىپ، دۇنيانىڭ پال-پۇللىرىغا بېرىلگەن ۋە ئاخىرىتى ئۈچۈن ھېچ ئىشلىمەستىن، خەيرى-ساخاۋەتكە بېرىلمەستىن، دۇنيا زىننىتى ئۈچۈنلا پۇل سەرپ قىلغان ئادەم، دۇنيالىقى ۋە ئاخىرەتلىكىدە تەڭلا زىيان تارتقان كىشىدۇر. ئاللاھتىن قورقماي ۋە خەلقى ئالەمدىن تەپ تارتماي، گۇناھ-مەسىيەتلەرنى ئاشكارا قىلىدىغان ۋە ئاللاھ ئۇنى ياپسا ئۆزى ئاچىدىغان ئادەم، ئۆزىنى-ئۆزى رەسۋا قىلغان ئادەمدۇر.

بىز قارايدىغان بولساق، كىشىلەر ئۆزىنىڭ جىسمانى ساغلاملىقى ۋە ماددىي مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن، بارلىقىنى ئاتاپ ئىشلەۋاتىدۇ، تىرىشىۋاتىدۇ، مال-دۇنياسىنى، ۋاقتىنى، ھەتتا ئەقلىنىمۇ شۇنىڭغا سەرپ قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۆز دىنىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئاخىرىتىنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن، بىر ئىش قىلىشنى، مال-دۇنيا سەرپ قىلىشنى ۋە ئەقلىنى ئىشقا سېلىشنى ئويلاپمۇ قويمايۋاتىدۇ.

بىر زامانلار كېلىدۇكى، ئولتۇرغۇچىنىڭ پىتنىسى، ئۆرە تۇرغۇچىنىڭ پىتنىسىدىن ئاز بولىدۇ. دىندا خاتىرجەملىكنىڭ يوقۇلۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ پاجىئەسى بولسا، ئىنسان ئىسلاھاتچى بولماستىن، بۇزغۇنچى بولۇپ قېلىشتۇر. بىلىش لازىمكى، ئىنساننىڭ دىندا ۋە ئەخلاقتا باشقىلارنى ئىسلاھ قىلماستىن بۇزغۇنچى بولۇپ قېلىشى، ئىنتايىن يامان قىلمىش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى گۇمراھلىقتۇر.

# باشقىلاردىن يامان گۇمان قىلىش گۇناھتۇر

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(01/02/1434ھ = 20/03/2013م)

ئىمام خۇتبىسىدە، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «باشقىلاردىن يامان گۇمان قىلىش گۇناھ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. باشقىلاردىن ياخشى گۇمان قىلىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار ھەقىقىي تەقۋادار بولالايسىلەر!.

ئىسلام دىنىنىڭ پەزىلەتلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر، ئۇنىڭدا شەرىئەت بېكىتىپ يولغا قويغان قانۇن-تۈزۈملەر بار بولۇپ، ئۇنى ئىسلام دىنى مۇستەھكەم قائىدە تۈزۈملەر ئارقىلىق ھىمايە قىلغان. شەرىئەتنىڭ ئۇلى ناھايىتى مۇستەھكەم ۋە پىششىق بولۇپ، ھەر قانداق بىر كۈچنىڭ ئۇنى يىقىتالىشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، شەرىئەت مۇئمىنلەرنىڭ پۇختا ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق رىشتىسى دىنى قېرىنداشلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇ رىشتىنى مۇنۇ ئايەت بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرگەن:

﴿إِنَّمَا ٱلْمُؤْمِنُونَ إِخْوَةٌ فَأَصْلِحُوا۟ بَيْنَ أَخَوَيْكُمْ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُرْحَمُونَ﴾ ﴿مۇئمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىششىڭلار ئۈچۈن

ئاللاھتىن قورقۇڭلار﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى» دېگەن. ئىسلامى قېرىنداشلىق ئىنساندا شۇنداق بىر ھېس- تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇكى، ھەقىقىي بۇرادەرلەر ھېچقانداق بىر ئىشتا ئۆز قېرىندىشىنى قايرىپ قويۇپ، ئۆز نەپسىنى ئارتۇق بىلمەيدۇ ۋە قېرىندىشى ئۈچۈن ئۆزىگە ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى قېرىندىشىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىدىن كېچەلەيدۇ. چۈنكى ئۇ شۇنى ئوبدان بىلىدۇكى، ئىنساننىڭ ئىمانى شۇ چاغدىلا مۇكەممەل بولالايدۇ. ئەكسىچە، ھەقىقىي مۇئمىن، ئۆزىنىڭ مۇئمىن قېرىندىشىنىڭ سىرلىرىنى باشقىلارغا ئېچىپ قويمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. يامان غەرەزلەرنىڭ ۋە ۋاستىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش پىرىنسىپى بويىچە، ئىسلام شەرىئىتى ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىغا قارشى مەخپىي مەلۇمات ئىگەللىشىنى ۋە ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشىنى (يەنى جاسۇسلۇق قىلىشىنى) قەتئىي ھارام قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱجْتَنِبُواْ كَثِيرًا مِّنَ ٱلظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ ٱلظَّنِّ إِثْمٌ ۖ وَلَا تَجَسَّسُواْ وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا ۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ ۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر- بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].

ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، ئىسلام شەرىئىتى ئۆيلەرگە كىرىشتىن بۇرۇن رۇخسەت سوراپ كىرىشنى بۇيرىدى. چۈنكى ئۆيلەرنىڭ سىرلىرىنى ئېچىش ئىنسانلارغا ھەر تەرەپتىن كۆپ ئاۋارىچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا

[1] ھوجۇرات سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
[2] ھۇجۇرات سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

ﭐلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَدۡخُلُواْ بُيُوتًا غَيۡرَ بُيُوتِكُمۡ حَتَّىٰ تَسۡتَأۡنِسُواْ وَتُسَلِّمُواْ عَلَىٰٓ أَهۡلِهَاۚ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَذَكَّرُونَ﴾ ﴿ئى مۆئمىنلەر باشقىلارنىڭ ئۆيلىرىگە (كىرىشكە) ئىجازەت سورىمىغىچە ۋە ئۆي ئىگىسىگە سالام بەرمىگىچە كىرمەڭلار، ۋەز- نەسىھەت ئېلىشىڭلار (يەنى بۇ گۈزەل ئەخلاق- ئەدەپكە ئەمەل قىلىشىڭلار) ئۈچۈن بۇ (يەنى ئىجازەت سوراپ ۋە سالام بېرىپ كىرىش ئۇششۇمتۇت كىرىشتىن) سىلەرگە ياخشىدۇر﴾[1].

بۇ ئايەتكە ئاساسلانغاندا ئىنسان ئۆزىگە يامان كۆرگەن نەرسىنى مۇسۇلمان قېرىندىشىغىمۇ يامان كۆرمىگۈچە مۇئمىن بولالمايدۇ. ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسى ئۆزەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىنى قېرىندىشىڭ ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرۈشتۇر. شۇنداق بولغان ئىكەن مۇئمىننىڭ ئەيىبى ياكى ئەۋرىتىنى يېپىش ۋە خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىش، ئىماننىڭ تەقەززاسىدۇر. مۇئمىن ئادەم ئىسلام شەرىئىتىنىڭ يۇقىرىدىكى تەقەززاسى بويىچە ئىش قىلمىغان تەقدىردە ئىسلامىي قېرىنداشلىققا دەخلى يەتكۈزگەن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالغان بولىدۇ.

مۇئمىنلەرنىڭ سىرلىرىنى يوشۇرۇن ئىگەللەش ۋە ئىچكى دۇنياسىغا رۇخسەتسىز ئىچكىرىلەپ كىرىش، ئۇلارنىڭ ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلغانلىقتۇر. ياخشى كىشىلەر بۇنداق يولسىزلىقلارنى ھېچقاچان سادىر قىلمايدۇ.

بىز ياشاۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئاخبارات ۋە تەشۋىقات ساھەلىرى كۆپ ۋاقىتلاردا ئىجتىمائىي ئالاقە ئۈچۈن بولماستىن، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىدىغان رولنى ئويناشقا باشلىدى، ئۇ ۋاستىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ شەخسى دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ سىرلىرىنى پاش قىلىپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلغانلىقىنى ۋە گۇمانى قاراشلار بىلەن كۆپ ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتقان ئەھۋاللارنى كۆرمەكتىمىز. ئەھۋال شۇنداق ئېغىر دەرىجىگە يەتتىكى، خەۋەرلەرنىڭ قايسى توغرا، قايسى خاتا، قايسى راست، قايسى يالغانلىقىنى بىلىشمۇ قىيىن بولماقتا.

مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا بىر بىرىگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان ۋە ياخشى گۇمان

[1] نۇر سۈرىسى 27 ـ ئايەت.

قىلىدىغان ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى ۋە مەنپەئەتلىرىنى مۇداپىئە قىلىدىغان بولۇشى كېرەك.

ئاللاھ ھەممىمىزنى ھەقنى مۇداپىئە قىلىدىغان، مۆئمىنلەرنىڭ مەپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىمىزدىن ئۈستۈن كۆرەلەيدىغان ۋە مۆئمىنلەرنىڭ سىرىنى پاش قىلمايدىغانلاردىن قىلسۇن، ئامىن!

# ئۈممەتنىڭ بىرلىكى ھەممىدىن مۇھىم

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(27/03/1434ھـ 08/02/2013م).

ئىمام خۇتبىسىدە، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتەۋاتقان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلام پرىنسىپى قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولغاندىلا ئاندىن توغرا پرىنسىپ بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ خاتالىقىغا ئىسلام دىنى مەسئۇل ئەمەس، ھەممىدىن ئۈممەتنىڭ بىرلىكى ئىنتايىن مۇھىم» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىكى ۋە زىيانكەشلىكلىرىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭغا قارشى تاقابىل تۇرۇشقا تىرىشىش، ئەقىل ۋە ھېكمەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۇ ئىسلامنىڭ ئاساسلىق ئۆزگەرمەس چۈشەنچىلىرى بولۇپ، ئۇنى مۇستەھكەم ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىلىش، ئۈممەتنىڭ ئىززەت شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە ئۈممەتنى ئۈستۈن ماقاملارغا يەتكۈزىدۇ. دىن دۈشمەنلىرىنىڭ بەزىلىرى مۇنداق دېگەن: بىز ئەسلىدە تېرورچىلىققا قارشى ئۇرۇش قىلمايمىز، ئەمەلىيەتتە بىز ئۆزىمىز خالىغان ئىسلامنى مۇسۇلمانلارغا تېڭىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز!.

بىز ياشاۋاتقان بۇ ئۆزگىرىشچان زاماندا پىكىر ئىختىلاپى، چۈشەنچە ئىختىلاپى، مەزھەب توقۇنۇشى، پارتىيە-جامائەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى ئۆز ئارا

توقۇنۇشلار ۋە بىر-بىرىنى كاپىرغا چىقىرىشتەك خەتەرلىك ئىقىملار ئىبغىر بولىۋاتىدۇ، بۇنداق زاماندا توغرا ئىسلام پرىنسىپىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ دىنىنى كۆچلەندۈرۈش مۇمكىن. ھەرخىل ئىقىم، پىكىر ۋە خاتا چۈشەنچىلەرنى توغرا ئىسلام پرىنسىپىغا يېتەكلەش ئۈچۈن، رېئال دۇنيانى توغرا چۈشىنىش، دۇنيانىڭ كۈچ تەڭپۇڭلۇقىغا ئالاقىدار بارلىق ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىش، بەزىدە يۇمشاقلىق ۋە بەزىدە قاتتىق قوللۇق قىلىش ھەمدە بەزىدە يامانلىق قىلغانلارغا ياخشىلىق قىلىشتەك ئۇسۇللار بىلەن ئىسلامنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش مۇمكىن.

ئەسلىدە دىنىنىڭ جەۋھىرىنى ياخشى چۈشەنگەن ۋە دىندا مۇستەھكەم تۇرغانلار، ئەۋۋەلقى دەۋرىدىكى ساھابىلار بولۇپ، ئۇلارنى ئاللاھ ئۆز دىنىنى يەر يۈزىدە ئۈستۈن قىلىشقىلا تاللىغان ئەزىمەتلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەنە شۇ ساھابىلىرى ئۈممەتنىڭ ئىچىدە قەلبى ساغلام، بىلىمى چوڭقۇر ۋە ئاددى-ساددا كىشىلەردۇر. ئۈممەتنىڭ بېشىدىكىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، ئۇلار ئۈممەتنى تەۋھىد كەلىمىسى ئەتراپىغا يىغقاندىن سىرت، يەنە كېيىنكىلەرنى ئىلگىرىكىلەر بىلەن باغلايدۇ. ئىلگىرىكى ئالىملار ئۈممەتنى شۇبھىلىك ئىشلارغا يېقىنلىشىشتىن، ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىختىلاپلىشىپ جېدەللىشىشتىن توساتتى.

ئەسلىدە سەلەپ ۋە خەلەپ دېگەن ئۇقۇملار يوق بولۇپ، كېيىنكى زامانلاردا ئۈممەت ئوتتۇرىسىدا ئوخشاش بولمىغان پىرقە ۋە مەزھەبلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، شۇنداق ئاتالغۇلارغا يول ئاچقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئارىسىدىن بەزى ئىنسانلارنىڭ ئىختىلاپلىشىپ، ئوخشاش بولمىغان پىرقىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «ئۈممىتىم 73 پىرقىگە بۆلىنىدۇ» دېگەندىن كېيىن: «مەن ۋە مېنىڭ ساھابىلىرىم ماڭغان يول ئەڭ توغرا يولدۇر» دېگەن.

ساھابە كىراملار ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن تابىئىنلار، ئۈممەتنىڭ دىندا ئەڭ ياخشىسى، ماقامدا ئەڭ ئۈستۈنى ۋە ئەڭ بىلىملىكلىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ دەۋرى سەلەپ دەۋرى بولۇپ، بۇ مۇئەييەن تارىخى دەۋردۇر. بۇ مۇئەييەن مەزھەبكە باغلىق

بولمىغـان، زامـان ۋە ماكانغـا چېتىلماسـتىن، قىيامەتكىچـە داۋام قىلىدىغـان توغـرا يولـدۇر. سەلەپ ـ سـالىھلارنىڭ پرىنسـىپى بولسا، بىـرەر پارتىيە، ئېقىـم، ئىدىئولوگىيـە ھەرىكىتـى ۋە ھـەر خىـل سياسـىي گۇرۇھلارغـا باغلىـق بولمىغان، بەلكـى بىـر جامائەت شـەكىللىنمۇ ئالمىغان بىر پرىنسـىپتۇر. سـەلەپ سـالىھلارنىڭ يولـدا ماڭغانـلار بولسـا، دۇنيانـىڭ ھەممـە يېرىـدە كـەڭ تارقالغـان بولـۇپ، خېلـى كـۆپ سـالماقنى ئىگەللەيـدۇ.

مۇسـۇلمان كىشى دىـن يولـدا دەلىلگە ئەگىشىـدۇ ۋە سەلەپ ـ سـالىھىنلارنى ياخشـى كۆرىـدۇ. مۇسـۇلمانلارنىڭ فىقھـى مەزھـەپ ئىماملىـرى دەيدۇكـى: « سـۆزۈم ھەدىسـكە توغـرا كەلسـە قوبـۇل قىلىـڭلار، ئەگـەر توغـرا كەلمىسـە ئۇنـى تاشـلاڭلار»! ئىبنـى بـاز رەھمەتۇللاھـى ئەلەيھـى سەلەپ ـ سـالىھلارنى چۈشـەندۈرۈپ: «ئـۇلار ساھابە كىراملار ۋە ئۇلارنـىڭ يولـدا ماڭغان تابىئىنلار، ھەنەفـي، مالىكـى، شـافىئي ۋە ھەنبەلىيلەرنـىڭ ئەگەشـكۈچىلىرىدۇر»، دېگـەن. كىمكـى قۇرئـان ۋە سـۈننەتكە ئەگىشـىدىكەن، سەلەپ ـ سـالىھلاردىن سـانىلىدۇ. سەلەپ ـ سـالىھلارنى ياخشى چۈشـەنمىگەنلەر، سـەلەپ پىرىنسـىپىنى مۇئەييـەن ئالـىم ۋە مۇئەييـەن ماكانغـا مەنسـۇپ قىلىـپ قويغـان. ئەمەلىيەتتـە ھېچكىشـى سـەلەپكە ۋەكىللىـك قىلالمايـدۇ. بەلكـى سـەلەپ ئىدىيىسـگە مەنسـۇپ كىشـىلەر مەۋجـۇت، لېكىـن سـەلەپى جامائـەت ۋە تەشـكىلات مەۋجـۇت ئەمـەس.

سـەلەپ نامـى بىلـەن خاتـا ئىشـلارنى قىلغانـلار بولسـا، سەلەپ ـ سـالىھ پرىنسـىپى ئۇنـداق كىشـىلەرنىڭ قىلمىشـىغا مەسـئۇل ئەمـەس. سەلەپ ـ سـالىھ پرىنسـىپى شـەرىئەتنىڭ دەسـتۇرى بولغـان قۇرئـان، ھەدىسـنىڭ ئوچـۇق دەلىلگـە ئاساسـلىنىدۇ. قۇرئـان ۋە سـۈننەتنىڭ سـىرتىغا چىقمايـدۇ. ئۆزىنـىڭ ھاۋايى ـ ھەۋەسـگە ئەگەشـمەيدۇ ۋە بىدئەت ـ خۇراپاتلاردىـن يىـراق بولىـدۇ.

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام سـاھابە كىراملارغـا خىتـاپ قىلىـپ شـۇنداق دېگـەن: «سـىلەردىن ئـۇزۇن ئۆمـۈر كۆرگەنلـەر ئۈممىتىمنـىڭ ئېغىـر ئىختىلاپقا گىرىپتـار بولغانلىقنـى كۆرىـدۇ، سـىلەر مەندىـن قالساڭلار مېنـىڭ سۈننىتىم ۋە خۇلەفائـى راشـىدىنلارنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشـىڭلار، ئۇلارنـىڭ سۈننىتىنى ئېزىق چىشـىڭلاردا مەھكـەم چىشـلەڭلار! دىنـدا يېڭىلىقلارنـى ياراتمـاڭلار، چۈنكـى

بىدئەتنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر» .

دىندا ئىتائەتچانلىقنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭدۇر، ھەر-قانداق قاراڭغۇ زۇلمەتلەردە مۇسۇلمان كىشى ئىتائەتچان بولۇشى كېرەك، ئىتائەتچانلىق دېگىنىمىز، ھۇقۇقلارنىڭ زايا بولۇپ كېتىشى، زۇلۇم، تەڭسىزلىك ۋە ئازغۇنلۇققا ئوخشاش ھەر قانداق خاتا قىلمىشلارغا تەسلىم بولۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ ئايەت ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن يول تۇتقان ئۆلىمالارغا ۋە ئۇلارنىڭ يول-يورۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىش، دېگەنلىكتۇر.

سەلەپ-سالىھلارنىڭ پىرىنسىپىدا ھەقىقەتتىن باشقىغا تەئەسسۇپلۇق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، پەيغەمبەردىن باشقا ھەر قانداق ئادەم خاتالىقتىن خالى ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قانداق ئالىم ۋە مۇھەددىسلەرنىڭ توغرا قىلىشى ۋە خاتالىششىمۇ مۇمكىن. سەلەپ-سالىھلارنىڭ پىرىنسىپى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھەممە يولىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، تەۋھىد، ئىمان، ناماز، روزا، زاكات، ھەج، جىھاد، ياخشىلىققا بۇيرۇش ۋە يامانلىقتىن توسۇش، ئۆز-ئارا ئالاقە، ھوقۇق، مۇئامىلە، سىياسەت ۋە ئەخلاقتىن ئىبارەت مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەھلى ئىلىملارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، بۇ يوللارنى يېڭىلاش بولۇپ، ئۇلار تەسىس قىلغۇچىلار ئەمەستۇر.

ئىسلام شەرىئىتى ھەممە تەرەپنى مۆتىدىل ۋە ئوتتۇراھال يول تۇتۇشقا چاقىرىدۇ. رادىكاللىق، قوپاللىق ۋە ئۆز پىكرىنى باشقىلارغا تېڭىشتەك ئىشلارنى چەكلەيدۇ.

# مۇئمىننىڭ ئىمانى مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(1434/04/04ھ = 2013/02/15م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇئمىننىڭ ئىمانى مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش، ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىنىش، پەتنىگە سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردىن يىراق تۇرۇش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۆتچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش قاتارلىقلار تەقۋادارلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

ئاللاھ ئىنسانىيەتكە ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغان بولغاچقا، ئۇلارغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى ۋە قۇرئان كەرىمنى ئىسلامنىڭ دەستۇرى قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلدى. قۇرئان كەرىم ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى ئازغۇنلۇقتىن ھىدايەتكە (توغرا يولغا) باشلىدى، كىشىلەرنى قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇققا چىقاردى ۋە يۈكسەك مەدەنىيەت بەرپا قىلدى، شۇنىڭ بىلەن مىللەتلەر تەرەققىي قىلىپ، دۇنياغا خوجا بولدى. مەزكۇر ئۇتۇقلار ئاللاھنىڭ تەۋفىقى بىلەن قۇرئاندىن مەنىۋى ئېنېرگىيە ئېلىش، ھىممەت بىلەن ئوزۇقلىنىش ۋە ئىرادىنى كۈچلەندۈرۈش ئارقىلىق قولغا كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاساسى ئۇلى ئىمان كۈچى ئىدى. شۇنداق مۇستەھكەم ئەقىدە ۋە ئىماننىڭ كۈچى ئارقىلىق دۇنيا

تارىخىدا كۆرۈلمىگەن بىر ئەۋلات مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن ئىسلام مەدەنىيىتىدەك ئالەمشۇمۇل مۇكەممەل بىر مەدەنىيەتنى ئىنسانىيەت كۆرۈپ باقمىغانىدى. ئىسلام دىنى تىرىشىپ ئىشلەش، ئېسىل ئەخلاققا ئىگە بولۇش، يۈكسەك مەدەنىيەت يارىتىش، مېھرى-شەپقەتلىك بولۇش، ئالى جىھاد ئېڭى تىكلەش ۋە دىللارنى مەنىۋى ئوزۇقلارغا ئېچىشتەك ئالاھىدە ئېسىل خىسلەتلەرنى ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلدى. شۇ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيانى ئادالەت قاپلىغان ۋە كۈچلۈك ئىرادە بىلەن تاغ-دەريالارنىمۇ بۆسۈپ ئۆتتى. شۇڭا ئىماننىڭ مۆجىزە ياراتالايدىغان تەڭداشسىز بىر كۈچ ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوق.

ساغلام ئەقىدە، ئىسلامى چۈشەنچە ۋە مۇستەھكەم ئىمان قاتارلىقلار، ئىنتايىن كۈچلۈك قورال بولۇپ، ئۇنى يېڭەلەيدىغان ھېچقانداق بىر كۈچ يوقتۇر. ھەقىقىي ئىمان ئىنسانىيەتتىكى ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەڭ ياخشى نەرسە بولۇپ، ئۇ پەقەت ئېغىزدا سۆزلەپ قويىدىغان ئاددى بىر نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزدا ھەر ۋاقىت ھەقىقىي ھېس قىلىشتۇر. ھەقىقى ئىمان بولسا ئالى ھىممەتلەر، ئېسىل سۈپەتلەر، توغرا ئەقىل-پاراسەت ۋە ئويغاق قەلبلەرنى يېتىشتۈرگۈچى يىتەكچى كۈچ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسىنى بارلىق كېسەللەردىن ساقلايدىغان شىپالىق دورىدۇر. ئىمان بولسا پەقەت ئېغىزدىلا سۆزلىنىدىغان قۇرۇق شوئار بولماستىن، بەلكى ئۇ ئەمەلىيەتچانلىقتۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق بايان قىلغان: ﴿وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ فِيكُمۡ رَسُولَ ٱللَّهِۚ لَوۡ يُطِيعُكُمۡ فِي كَثِيرٖ مِّنَ ٱلۡأَمۡرِ لَعَنِتُّمۡ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ حَبَّبَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡإِيمَٰنَ وَزَيَّنَهُۥ فِي قُلُوبِكُمۡ وَكَرَّهَ إِلَيۡكُمُ ٱلۡكُفۡرَ وَٱلۡفُسُوقَ وَٱلۡعِصۡيَانَۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلرَّٰشِدُونَ﴾ «بىلىڭلاركى، ئىچىڭلاردا رەسۇلۇللاھ (ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى) بار، ئەگەر ئۇ نۇرغۇن ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، چوقۇم قىيىن ئەھۋالدا قالاتتىڭلار، لېكىن ئاللاھ سىلەرگە ئىماننى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىللىرىڭلاردا كۆركەم قىلدى، سىلەرگە فىسقىنى، كۇفرىنى ۋە گۇناھنى يامان كۆرسەتتى، ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە نېمىتى بىلەن توغرا يولدا بولغۇچىلاردۇر. ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش

قىلغۇچىدۇر﴾[1].

ھەقىقى ئىمان بولسا ئادەملەرنى تاۋلاپ، ياخشى ئىشلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن مەيدان يارىتىدۇ. ساھابىلار ئىمان ئارقىلىق ئۇلۇغ ماقاملارغا ئېرىشكەن، ئۇلارنىڭ تەرجىمىھاللىرى دۇنيانىڭ بۇرۇلۇشىغا تەسىر كۆرسەتكەن، ھەتتاكى ساھابىلارنىڭ ئىمانى شۇنداق سەۋىيىگە يەتكەنكى، ئۇلار بىلىم-مەرىپەت، فىقھى، جىھاد، ھەر خىل ئىبادەتلەر، مېھرى-مۇھەببەت ۋە غەزەپ-نەپرەت ھەمدە ئۆز ئارا ھەمكارلىق ۋە ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىشتەك ئېسىل خىسلەتلەردە تارىخ بەتلىرىدىن قىيامەتكىچە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان.

ئىلگىرىكىلەرگە بېرىلگەن ئىززەت-شەرەپمۇ ئىمان ئارقىلىق قولغا كەلگەن ۋە ئاللاھ دۇنيانىڭ روھىي يېتەكچىلىكىگە ئېرىشكەن ئىمان ئەھلىنى تاللىغان، شۇڭا مۇئمىنلەر ھەر قاچان ئىماندىن يىراقلاشسا، يەنە شۇ ئەسلىگە قايتىپ، ھەر جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىدۇ، ئىماندىن ۋاز كەچكەنلەر ئۆزىنىمۇ ساقلىيالمايدۇ ۋە دۇنيادىمۇ نەتىجە يارىتالمايدۇ. ئىماندىن ۋاز كەچكەنلەر ئوخشاش بولمىغان يوللارنى تاللاپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئالغا باسالمىدى ۋە باسالمايدۇ. بەزىلەر مىللەتچىلىك يولىنى، بەزىلەر كوممۇنىزىم ۋە بەزىلەر ئىلمانىيلىقتەك خاتا يوللارنى تاللاپ باقتى، ئەمما ئاخىرى تاللىغان يوللىرى نەتىجىسىز بولۇپ، كىشىنى ئالدايدىغان سەرابقا ئايلاندى.

دىن دۈشمەنلىرى ئىمان كۈچىنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۈممەتنىڭ ئەقىدىسىنى نىشانغا ئېلىپ، ھەمىشە ئۇنى بۇزۇشقا تىرىشىپ كەلدى. ئۇلار بۇ يولدا بارلىق ۋاستىلەرنى قوللۇنۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسىنى خۇداسىزلىققا يۈزلەندۈردى، شۇڭا كوممۇنىستلاردىن ئىبارەت خۇداسىزلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان دىنسىزلار ئوتتۇرىغا چىقتى.

مەزكۇر سىياسەتلەر شەخسى ئۆچمەنلىك بولماستىن، بەلكى مۇنتىزىم ھالدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى نىشانلاپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مەقسەتلىك سىياسەتلەردۇر. كومونىستىك ئىدىيە پەيدا قىلىدىغان دىنسىزلىق بولسا، بىر شەيتانىي ئىدىيە بولۇپ، ئۇ پانى دۇنيانىڭ قىسقا لەززىتى ئۈچۈن

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

ئاخىرەتلىك ئەبەدى لەززەتتىن مەھرۇم قىلىشتۇر.

دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا مەدەت بېرىپ، ياردەم قولىمىزنى سۇنماستىن، ئۇلارنى تاماشا قىلىپ تۇرۇش، ئىرقىي ئايرىمچىلىقنىڭ نەقەدەر يامراپ كەتكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. بۇنداق مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرىنىڭ رەڭگىنى كۆرۈپ، تاماشا قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى، ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئوتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىدۇ. سۇرىيە پاجىئەسىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا دەرھال ھەرىكەت قىلىش، دىنى ۋە ئىنسانىي ۋەزىپىدۇر.

ئۈممىتىمىزنى چۈشكۈنلۈكتىن ساقلايدىغان بىردىن بىر چارە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىگە نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىمدۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىم دىلغا ۋە جىسىمغا شىپادۇر. ھەقىقىي ئىمان ئىنسانىيەتنىڭ داۋاملىششى ئۈچۈن بىر ۋەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانىنى يۇقىرى سەۋىيىگە ئۆرلىتىدىغان كۈچلۈك ئىنىرگىيەدۇر. دىن بىلەن ئىمان يوقالغاندا ئىنساننىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمايدۇ. ئىمانغا قارشى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم بېرىش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا خىيانەت قىلىشتۇر. بەزى مۇسۇلمانلار بىلىپ-بىلمەي ئاللاھ رىزىق قىلىپ بەرگەن مال دۇنياسى، بىلىم-سەۋىيىسى، قەلىمى ۋە تەشۋىقات ئاپپاراتلىرىنى ئىسلامغا قارشى خىزمەت قىلدۇرىۋاتىدۇ. بىز شۇنداق بىر زاماندا ياشاۋاتىمىزكى، ئەۋلاتلىرىمىز ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۆزىمىزدىن قورقماقتىمىز. قارايدىغان بولساق، ئۆز تىلىمىزدا سۆزلەيدىغان ۋە بىز بىلىدىغان بەزى مۇسۇلمانلار مەبلەغ سېلىپ ماڭدۇرىۋاتقان تەشۋىقات ئەسلىھەلىرى، تىلىۋىزور قانالىرى ۋە تور بەتلىرى، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتلىرىگە زىت ھالدا خىزمەت قىلماقتا. پىتنە ۋە شۈبھىلەرنى تارقاتماقتا. شۇنداق، مۇسۇلمانلار ئاللاھتىن قورقىشى ۋە ئىنسانلار ئارىسىدا پىتنە-پاسات تارقاتماسلىقى كېرەك.

# خەيرىيەت ئىشلىرىنى ئىختىيارى، بەدەلسىز قىلىش ئىسلامنىڭ مۇھىم قىسمىدۇر

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيىم

(11/04/1434ھ = 22/02/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «خەيرىيەت ئىشلىرىنى ئىختىيارى ھالدا بەدەلسىز قىلىش ئىسلامنىڭ مۇھىم قىسمىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مۇستەھكەم ئېسىلغان ئادەم زىيان تارتمايدۇ، بارلىق ھەرىكەتلىرىدە، ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى ئىشلىرىدا، خۇشال ۋە قايغۇلۇق ھاللىرىدا ئاللاھقا يېلىنغان ئادەم ھەقىقىي تەقۋالىقنى ئۆزلەشتۈرگەن بولىدۇ، تەقۋالىق دېگەن قاراڭغۇلۇقتا نۇر، يوقسۇزلۇقتا قانائەت ۋە غۇربەتچىلىكتە ياخشى ھەمرادۇر.

غەلبە قىلغان جەمئىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇستەھكەم، سەپلىرىدە باراۋەر ۋە شەخسلىرى ئارىسىدا بىردەك بولۇشتەك سۈپەتلەر بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ھەقىقىي بىرلىك ئورناتقان جەمئىيەت خۇددى مۇكەممەل بىر بىناغا ئوخشاش ھەمىشە مۇستەھكەم قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. خىشلار بىر ـ بىرىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرغاندەك ئۇنداق جەمئىيەت كىشىلىرىمۇ بىر ـ بىرىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرىدۇ. ھەر قانداق جەمئىيەت ياكى مىللەتنىڭ بىرلىكى بۇزۇلۇپ، ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا بولسا، ئۇنىڭ مۇستەھكەملىكى يوقاپ، ئاجىزلىققا ۋە ۋەيران بولۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. شۇڭا جەمئىيەت

كىشىلىرى خۇددى بىر ئائىلىگە ئوخشاش بىر-بىرىنى مۇستەھكەم چىڭىتىپ تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك. يۇقىرى مەنسەپلىك كىشى تۆۋەن تەبىقىگە قولاق سېلىشى، باي كەمبەغەلنىڭ سۆزىگە قولاق سېلىشى ۋە چوڭلار كىچىكلەرگە قولاق سېلىشى ۋە ئۇلارنىڭ دەرت-ئەلەملىرىنى ئاڭلىشى، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەت ئىچىدە ھېچقانداق كىشى يالغۇزلۇق، يىتىمسىراش ھېس قىلماسلىقى كېرەك.

ھەر قانداق بىر جەمئىيەت مۇشۇنداق بىرلىك ئىچىدە ئۆتمەستىن، بۆلۈنۈش ۋە ئىتتىپاقسىزلىق ئىچىدە ياشايدىغان بولسا، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرايدۇ ۋە يىقىلىشقا قاراپ ماڭىدۇ. دۆلەتلەرمۇ بايلىقتا بولسۇن، تەرەققىياتتا بولسۇن، ئىقتىساد ۋە تېخنىكىدا بولسۇن، قانچە تەرەققىي قىلىشقا قارىماي، جەمئىيەتتە بىرلىك، ئۆملۈك ۋە ئىتتىپاقلىق بولمىسا، ئۇنداق دۆلەت ئۇزۇن داۋاملىشالمايدۇ.

ئۆملۈكنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى، ھەمكارلىق، ئۆز ئارا ياردەملىشىش ۋە بىر-بىرىمىز ئۈچۈن ۋاقتىمىز ۋە پۇل-مېلىمىزنى سەرپ قىلىشتۇر. شۇ ئارقىلىق ئىنسانلار قەلبىدە باشقىلارغا بولغان سەمىمىيەت، مېھرى-شەپقەت ۋە ئۆز مەنپەئەتىمىزدىن قېرىندىشىمىزنىڭ مەنپەئەتىنى ئۈستۈن كۆرۈشتەك ئالىي جاناب خىسلەتلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ھەمدە جەمئىيەتتە بېخىللىق، قىزغىنىش ۋە ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتەك تۇرلۈك ناچار ئىللەتلەر يوقىلىدۇ.

بەدەلسىز خىزمەت قىلىش، ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن خالىس ۋە تەرەپسىز بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇش لازىم، چۈنكى ئىختىيارى خىزمەتتە پارتىيىۋازلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە يۇرتۋازلىقتەك ئىللەتلەر ھۆكۈم سۈرمەسلىكى ھەمدە ئىختىيارى ئەمگەكتىن ھەممە ئادەم ئورتاق پايدىلىنىشى كېرەك.

بەدەلسىز، ئىختىيارى خىزمەتنىڭ چېگرىسى يوق ۋە ۋاقىت چەكلىمىسىمۇ يوق. ھېچكىمدىن ئەجرى-مۇكاپات ۋە مىننەتدارلىق كۈتمەستىن خالىس قىلىنغان خىزمەت، بەدەلسىز ئىختىيارى خىزمەتتۇر. ياخشىلىق خىزمەتلىرى بىلەن ئىختىيارى ھەمكارلىق خىزمىتى ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. ياخشىلىق خىزمىتى بولسا، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدىغان

بولۇپ، ئۇنىڭ دائىرىسى كەڭدۇر. ئىختىيارى ھەمكارلىق خىزمىتى بولسا، كۆپ ۋاقىتلاردا تەلەپتىن بۇرۇن قىلىنغان بەدەلسىز خىزمەتتۇر. بۇ ھەر ئىككى تۈرلۈك خىزمەتلەر بىر-بىرىنى تولۇقلىغۇچى بولۇپ، ئۇلار بىر داچەنىنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ. ھەر ئىككىسى ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلىپ، باشقىلاردىن مىننەتدارلىق ۋە بەدەل تەلەپ قىلىنمىغان خىزمەتتۇر.

ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئوبدان بىلىدۇكى، ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ۋەيرانچىلىقتىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئىختىيارى ۋە بەدەلسىز خىزمەتلەرنى جانلاندۇرۇشى ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا سەپەرۋەر قىلىشى كېرەك.

ئىختىيارى ۋە بەدەلسىز خىزمەت يوقالغان جەمئىيەت، ئۆزلىكىدىن چىرىپ ۋەيران بولىدۇ. ئىختىيارى ۋە بەدەلسىز خىزمەت، ئىسلام دىنىدىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق دىنلاردا تەرغىب قىلىنغان مۇھىم خىزمەتتۇر. بۇنداق خىزمەت ئىسلامدىن بۇرۇنمۇ مەۋجۇت ئىدى. بەدەلسىز - ئىختىيارى خىزمەت قىلىش، ئادەمنىڭ نەقەدەر ئالىي جانابلىقى، قەلبىنىڭ ساپلىقى ۋە روھىنىڭ پاكلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. بەدەلسىز- ئىختىيارى خىزمەت قىلىش دېگەن سۈپەتنى ئاللاھ ئۆزى ياخشى كۆرگەن بەندىلەردە ياراتقان بولۇپ، ئۇنداق كىشىلەر شەيتاننىڭ مەنمەنچىلىكىگە ئالدانمىغان كىشىلەردۇر. بۇنىڭ مىسالى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن سۆزلىگەن تۆۋەندىكى سۆزىدۇر: ئۇ چاغدا جىبرىل ئەلەيھىسسالام ھىرا غارىدىكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا: «ئوقۇ» دەپ سىققان ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قورقۇپ كېتىپ: «مەن ئۆزۈمدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، مېنى يۆگەپ قويۇڭلار»! دېگەندە، خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئۇنىڭغا: «سىز ھەرگىز قورقماڭ! خۇش بىشارەت ئېلىڭ! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئاللاھ سىزنى خار قىلمايدۇ. ئاللا بىلەن قەسەمكى، سىز ئۇرۇق-تۇغقانغا سىلە - رەھىم قىلىسىز، راست گەپ قىلىسىز، باشقىلارنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتىرىسىز (يەنى كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىسىز)، يوقسۇلنىڭ بېشىنى سىلايسىز، مېھماننى ئۇلۇغلايسىز ۋە بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە ياردەم

بىرىسىز» دېگەن.

ئىسلامنىڭ مېھرىبانلىقى ۋە كەڭچىللىكى شۇكى، ئۇ ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىققا چاقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باشقىلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشنى ئىبادەت دەپ بىكىتتى. بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمەت بولسا، ئىسلامنىڭ گۈزەل جامالىنىڭ ئەمەلىيەتكە ماسلاشتۇرۇلغان تەرجىمانىدۇر. بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمەت دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇ دىنىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە گەۋدىلىنىدۇ.

ئەتراپىمىزدىكى ۋەقفىلەرنىڭ ئاساسىمۇ بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمەتلەر بولۇپ، ۋەقفى قىلغانلار ئۆز ۋەقفىلىرىنى ھېچقانداق ماددىي مەنپەئەت تەلەپ قىلماستىن موھتاجلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، ئالاھىدە شەرتلەرنى قويغان ۋە ۋەقفىلەرگە مەسئۇل بولغانلارنىڭ سۈيئىستېمال قىلىۋالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېغىر شەرتلەرنى بىكىتكەن ئاساستا ۋەقفى قىلغان. ۋەقفىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ۋەقفى قىلىنغان ئەسلى سەرمايە يوقاپ كەتمىگەن ھالەتتە موھتاجلارنىڭ داۋاملىق مەنپەئەتلىنىشىنى ساقلاپ قېلىشتۇر.

بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمەت ئىسلامنىڭ روھى بولۇپ، ئۇ ھەر ساھەدىكى ياخشى خىزمەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمەت بولسا، پىكرىي، ئىجتىمائىي، ئىلمىي ۋە دەۋەت ساھەلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ خىزمەتنىڭمۇ ئۈنۈملۈك ياخشى نەتىجىلەرنى بېرىشى ئۈچۈن زامانغا ماسلاشقان، بىلىملىك ۋە ياراملىق خادىملارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق، جەمئىيەت ئېھتىياجىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھەل قىلىش چارىلىرى ۋە ۋاستىلىرىنى ئىزدەيدىغان مەسئۇلىيەتچان تەتقىقات مەركەزلىرىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ھەر بىر جەمئىيەتتە بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمەتنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى ۋە ئۇنىڭ ياخشى تەسىرى ھەققىدە تەشۋىقات خىزمىتى ئىشلىنىشى بەك مۇھىم. چۈنكى ئۆزىنىڭ دىنىغا قارىتا غەيرىتى (كۆنچىلىكى) بار بولغان ھەر بىر ئىنساندا بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمەت قىلىش ئېڭى ۋە ئىرادىسى كۈچلۈك بولۇش كېرەك. ھازىرقى زاماندا بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمەت قىلىش، مۇسۇلمانلارغىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى باشقا دىندىكىلەرمۇ

قىلىۋاتقان، بەلكى ئۇلار ئۇ خىزمەتنى مۇسۇلمانلاردىنمۇ بەكراق تەرەققىي قىلدۇرغان بىر ساھەگە ئايلىنىپ قالغان.

ئەگەر بىز غەرب دۇنياسىدىكى ئىسلامدىن باشقا دىندىكىلەرنىڭ بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمىتى بىلەن، ئىسلام دۇنياسىدىكى بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمەتنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرىدىغان بولساق، خىجىللىقتىن ئۆزىمىزنى قويغىلى يەر تاپالماي قالىمىز.

ھازىرقى زاماندا مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ كۆپلىكىنى، بولۇپمۇ سۈرىيە، بىرما ۋە باشقا ئىسلام دىيارلىرىدىكى تۈرلۈك مۇسىبەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپ ھەمدە ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالغان مىليونلارچە ئىنسانلارنىڭ كۆز ئالدىمىزدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىز ئەنە شۇ بەدەلسىز-ئىختىيارى خىزمەتكە ئاتلىنالمىساق، قاچان ئاتلىنىمىز؟!

شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ئاللاھ بىزگە بەرگەن نېمەتلەر قىيامەتكىچە باقى ئەمەس. بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەم، ئاللاھ نېمەتنى بۈگۈن بىزگە بەرگەن بولسا، شۈكرى قىلمىساق ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىساق، ئەتە بىزدىن تارتىپ ئېلىپ، ئۇنى باشقىغا بېرىدۇ.

ھەر بىرىمىزگە بىر كۈنى ئۆلۈم باردۇر، بىز ئۆلۈمدىن كېيىنلا ھېساب بارلىقىنى ھېچقاچان ئېسىمىزدىن چىقارمايلى!!!

# ئىسلامدىن قورقۇش ۋەھىمىسى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(19/04/1434ھ = 01/03/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلامدىن قورقۇش ۋەھىمىسى ۋە ئۇنىڭ خەتىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. تەقۋادارلىق ئىززەت ۋە شەرەپتۇر. تەقۋادارلىق ئارقىلىق ئىنسان ئالى ماقامغا يېتەلەيدۇ ۋە بۇ دۇنيادىن بىھاجەت بولالايدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! بىز ياشاۋاتقان بۇ زامان ئىختىلاپلار ۋە توقۇنۇشلار ئەۋجىگە چىققان بىر زامان بولۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىرى ۋە ئازغۇنلارنىڭ تۈرلۈك ھىلە-مىكىر، نەيرەڭلىرى ئۆزىنىڭ نىقابىنى ئېچىپ ئوتتۇرىغا چىققان بىر زاماندۇر. دىن دۈشمەنلىرى ھەقىقەتنى بۇرمىلاش ئۈچۈن، ھەر خىل ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىۋاتقان ۋە خاتا چۈشەنچىلەر ھەقىقەتنى چىرمىۋالغان بىر زاماندۇر. ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلاشتا ھەممىدىن بەك تەسىر كۆرسەتكۈچى ۋە ئەڭ خەتەرلىك چۈشەنچىلەردىن بىرى، ئىسلامدىن قورقۇش ياكى ھازىرقى ئاتالغۇ بويىچە، «ئىسلامفوبىيا» دۇر.

دىن دۈشمەنلىرى ياكى باشقا دىندىكىلەر، ئىسلام دىنىنىڭ تېز سۈرئەتتە تارقىلىشى ۋە باشقا دىنلارنىڭ ياكى ئازغۇن گورۇھلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىشىدىن ئەنسىرىمەكتە. ئىسلامدىن قورقۇش بولسا پەقەت ئىسلامنىڭ تارقىلىشىدىن قورقۇش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى

ئىسلامغا داغ تەككۈزۈش، مۇسۇلمانلارنى رادىكال، تېرورچى ۋە ئارقىدا قالغان دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەن ئاتاپ، مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىشكە ئۇرۇنۇشتۇر. ھالبۇكى ئىسلام دىنى پۈتۈن دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئادالىتى، رەھىمدىللىكى، كەڭچىللىكى ۋە مېھرىبانلىقى بىلەن تارقالغان.

ئى مۇئمىنلەر! ئىسلامغا چاپلانغان تۆھمەتلەر، ئىسلامدىن قورقۇش سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا تېرورلۇق قالپىقىنى كىيدۈرۈشكە ئۇرۇنۇشلار، ئىسلامنى زوراۋانلىق ۋە زۇلۇم بىلەن تۆھمەت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز يالغان سۆزلەردۇر. بۇنداق غەرەزلىك تۆھمەتلەرنىڭ ھەقىقىتى ئاللىبۇرۇن ئاشكارىلانغان. شۇنچە ئېغىر تۆھمەتلەر ۋە رەھىمسىز ھۇجۇملارغا قارىماي، ئىسلامنىڭ كۈنسېرى گۈللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشى دىن دۈشمەنلىرىنى ئۈزلۈكسىز بىئارام قىلماقتا.

دەرھەقىقەت، ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ھېكمىتى ۋە ۋەز-نەسىھەتلىرى ئارقىلىق بارلىق دىللارنى ئەسىر قىلغان. ئىسلام دىنى ھېچقاچان قوپاللىققا ۋە زوراۋانلىققا تەشەببۇس قىلمايدۇ. ئىنسانلارنى زورلۇق بىلەن ئىمانغا چاقىرىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىسلام دىنى ھېچقاچان ئىنسانلارنى ئىسلام دىنىغا زورلۇق بىلەن مەجبۇرىي ھالدا كىرىشكە چاقىرمىغان. بەلكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى ھېكمەت بىلەن ئىسلامغا چاقىرىشنى قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق ئاشكارا بايان قىلىپ، مۇنداق دېگەن: ﴿ٱدۡعُ إِلَىٰ سَبِيلِ رَبِّكَ بِٱلۡحِكۡمَةِ وَٱلۡمَوۡعِظَةِ ٱلۡحَسَنَةِۖ وَجَٰدِلۡهُم بِٱلَّتِي هِيَ أَحۡسَنُۚ إِنَّ رَبَّكَ هُوَ أَعۡلَمُ بِمَن ضَلَّ عَن سَبِيلِهِۦ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز- نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ﴾[1].

ئىسلامغا قارشى دۈشمەنلىكنىڭ ئەۋجى ئېلىشىغا تۈرتكە بولغان ئامىللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تېخنىكا ئىنقىلابى، ھاۋا بوشلۇقى جەڭلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدۇر. مەزكۇر ۋاستىلەرنىڭ

[1] نەھل سۈرىسى 125 ـ ئايەت.

ئاساسلىقى ئىسلامغا قارشى تەرەپبازلىقنى ئۆزىگە قالقان قىلغان بولۇپ، ئۇلار ھېچقاچان ئادىلانە مەيداندا تۇرمىغان، ئۇلار ئىسلامغا بولغان ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكتە بىتەرەپ تۇرالمىغاندىن تاشقىرى، ئۆز مەنپەئەتىگە قارىتا تەرەپدارلىقنىمۇ يوشۇرالمىغان، شۇڭا ئۇلار تۆھمەت قىلىش، ئەيىپلەش ۋە ھۇجۇمچى تەرەپنى تاللىغان، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ سەمىمىيلىكىنى يوقاتقان.

دىن دۈشمەنلىرى ئىسلامغا قارشى شۇئار ئورنىدا پايدىلىنىۋاتقان بەزى ۋەقەلەر، ئىسلامدىكى خاتالىق بولماستىن، بەلكى ئۇلار ئىسلامغا مەنسۇپ كىشىلەردىن سادىر بولغان شەخسى خاتالىقلار ۋە سەۋەنلىكلەر بولۇپ، ئۇنداق نادان كىشىلەرنىڭ قىلمىشلىرى ئىسلامغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ.

مۇسۇلمانلار دۇنيادىكى خوجايىنلىق رولىنى يوقىتىپ قويۇش نەتىجىسىدە، دۇنيا خەلقى ئۇچۇق-ئاشكارا زىيان تارتتى. 21-ئەسىردە دۇنيادىكى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنى قانۇن قىلىشقا قارشى تۇرۇشىغا ۋە ئىسلامغا قارشى ھەر تەرەپتىن قىلىنغان ھۇجۇملارغا پەرۋا قىلماي، غەربنىڭ ئىنساپلىق ئەقىل ئىگىلىرى دۇنيادا ھۇجۇمغا ئۇچراش ۋە خاتا چۈشىنىلىشتە ئىسلام دىنىدەك زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلگەن يەنە بىر دىن يوقلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. مەسىلەن، بىر غەربلىك كىشى ئىسلام ھەققىدە: «ئىسلام دۇنياغا ئومۇمىيۈزلۈك تارقىلىۋاتىدۇ، ئىسلام نەگە يېتىپ بارسا، شۇ يەرگە پەزىلەت ۋە ئالى جانابلىق بىرگە بارماقتا، ئىسلام يېتىپ بارغان ھەر قانداق جايدا ئېسىل ئەخلاق بىرگە يېتىپ بارغان»، دەيدۇ.

يەنە بىر غەربلىك كىشى: «ھەقىقەت شۇكى، مەن دۇنيادىكى مىللەتلەر ئارىسىدا ئەرەبلەرگە ئوخشاش رەھىمدىل ۋە كەچۈرۈمچان فاتىھلارنى كۆرۈپ باقمىغان ۋە ئىسلام دىنىدەك ئۇلۇغ دىننى كۆرۈپ باقمىغان»، دەيدۇ.

ئىمام ئۆز خۇتبىسىدە ھاۋايى-ھەۋەسىگە ئەگىشىپ، ئىسلامغا قارشى ئىككىلىنىشتە قالغانلارغا خىتاب قىلىپ يەنە مۇنداق دېدى: سىلەر ئىسلامدىن قورقماڭلار! چۈنكى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ھېچكىمگە خەتەر ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئىسلام تەرەپكە پۈتۈنلەي تەرەپسىز ھالدا كېلىڭلار ۋە ئىسلامدىن تولىمۇ ئۈمىدلىك بولۇڭلار! سىلەر ھېچقاچان شۇملۇقنى كۈتمەڭلار ۋە سىلەر قوش ئۆلچەمدە ئۆلچىمەڭلار. سەمىيملىك بىلەن ئىسلامغا يۈزلەنسەڭلار،

پايانسىز ياخشىلىقلار دېڭىزىغا كىرەلەيسىلەر ۋە دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئەدەب-ئەخلاقنى كۆرىسىلەر.

مېھرىبان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «چىرايلىق سۆز، سەدىقىدۇر، قېرىندىشىڭنىڭ چىرايىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىشىڭمۇ سەدىقىدۇر ۋە يولدىكى كىشىلەر پۇتلىشىدىغان نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىشمۇ سەدىقىدۇر» دېگەن. شۇڭا ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بۇنىڭدىنمۇ گۈزەل ۋە ئالىجاناب بىر دىن بارمۇ؟!

# نېمەتلەرنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن سەرپ قىلىش، بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەنلىكتۇر

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(1434/04/11ھ = 2013/02/22م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «نېمەتلەرنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن ئىستىمال قىلىش، بەخت-سائادەتكە ئېرىشكەنلىكتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھ بىزلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە بەرگەن نېمەتلىرى، بەدىلىنى تۆلەش مۇمكىن بولمايدىغان نېمەتلەر بولۇپ، شۇ نېمەتلەرنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى رازى بولىدىغان ياخشىلىقلارغا سەرپ قىلىش ئارقىلىق ئاللاھنى رازى قىلالايمىز. ئاللاھتىن قورقۇپ تەقۋالىق قىلىش ۋە بايلىقلارنى ياخشى ئىشلارغا ئىشلىتىش ئىنسانغا بەخت-سائادەت ئاتا قىلىدۇ ھەمدە ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرنى ئاللاھ رازى بولىدىغان يەرلەرگە ئىشلىتىش ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ئىشىدۇر. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى خالايدىغان مۇتتەقىيلەر ئۆزىنىڭ مېلى، جېنى، ۋاقتى ۋە بىلىم-ئىقتىدارىنى بىھۇدە ئىشلارغا سەرپ قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَٱذۡكُرُونِيٓ أَذۡكُرۡكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لِي وَلَا تَكۡفُرُونِ﴾

﴿مېنى (تائەت ـ ئىبادەت بىلەن) ياد ئېتىڭلار، (مېنى ياد ئەتسەڭلار) مەنمۇ سىلەرنى (ساۋاب بېرىش بىلەن، مەغفىرەت قىلىش بىلەن) ياد ئېتىمەن. ماڭا شۈكرى قىلىڭلار، ناشۈكۈرلۈك قىلماڭلار﴾[1].

ئاللاھ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلەر سان ـ ساناقسىز كۆپ بولۇپ، ئەنە شۇ نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئىسلامغا ھىدايەت قىلىش نېمىتىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆز، قۇلاق ۋە قەلب نېمەتلىرى بار بولۇپ، ئاللاھ مەزكۇر نېمەتلەرنى ئالاھىدە زىكىر قىلغان. چۈنكى مەزكۇر نېمەتلەرنىڭ شەرىپى، مەرتىۋىسى ۋە ئورنى ھەقىقەتەن ئۇلۇغ بولۇپ، بىلىمگە ۋە ھىدايەتكە ئېلىپ بارىدىغان دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئاللاھنىڭ ھىدايىتىگە نائىل بولغان ئادەم ياخشى ـ يامانني ۋە ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتەلەيدۇ. ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش پەقەت ئېغىزدىلا سۆزلەپ قويۇش بىلەنلا بولماستىن، بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش بىلەن ھەمدە سۆز ـ ھەرىكەتلەردە ئاللاھ رازى بولمايدىغان سۆز ـ ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق بىلەن قولغا كېلىدۇ.

ئەكسىچە، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى خاتا يوللارغا سەرپ قىلىش ۋە كۆز ئارقىلىق ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرگە قاراش، بولۇپمۇ تىلىۋىزور قاناللىرىدا تارقىتىلىۋاتقان پىتنە ـ پاساتلارنى كۆرۈش، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇز كورلۇق قىلغانلىقتۇر ۋە ئاللاھنىڭ نېمىتىنى كۇپۇرغا ئۆزگەرتكەنلىكتۇر.

مەسىلەن: ئىككى كۆز زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ زىناسى نامەھرەمگە قاراش بىلەن بولسا، قۇلاقمۇ زىنا قىلىدۇ، ئۇنىڭ زىناسى ھارام ئاۋازلارنى ئاڭلاش بىلەن بولىدۇ. شۇنداقلا قول، پۇت ۋە ئەۋرەت ھەممىسى زىنا قىلىدۇ، زىنانىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن يامان بولۇپ، تەۋبە قىلماستىن شۇنداق گۇناھ ـ مەئسىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرۇش ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىدىكى ئالاقىنى ئۈزۈپ قويىدۇ.

بەندە بىلەن ئاللاھنىڭ ئالاقىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، بەندىنىڭ ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى بولۇپ، ئۇنداق ئىنسان دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ.

[1] بەقەرە سۈرىسى 152 ـ ئايەت.

ئىمام يەنە مۇنداق دېدى: ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، بەندىگە ئىنئام قىلىنغان نېمەتلەردىن مەھرۇم قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەندىگە بېرىلگەن نېمەتلەرنى يوقىتىدىغان ئاساسلىق نەرسە گۇناھ-مەئسىيەتلەردۇر. گۇناھ-مەئسىيەت ئىنساننىڭ قەلبىنى قارىلاشتۇرۇپ قويىدۇ، كۆزنىڭ بەسىرەت نۇرىنى يوقىتىدۇ ۋە ئىنساننىڭ شەرىپىنى يوقىتىدۇ ھەمدە گۇناھ-مەئسىيەت بەرىكەتنى يوقىتىدۇ.

# ئاللاھتىن ياخشىلىق تىلەش ۋە يامانلىقتىن پاناھ تىلەش ئىسلامنىڭ روھىدۇر

ئۇستاز دوكتور سالىھ ئالى تالىب

(03/05/1434ھ = 15/03/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھتىن ياخشىلىق ئۈمىت قىلىش، يامانلىقتىن پاناھ تىلەش ئىسلامنىڭ روھىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. راستچىللىق، ئاللاھ تەرىپىگە قايتىش ۋە تۆۋە-ئىستىغفارنى كۆپ قىلىش ياخشىلىقلارنىڭ ئاچقۇچلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەقۋادارلىقنىڭمۇ ئاچقۇچىدۇر. جەننەت، يامانلىقتىن خالىي ياخشىلىقتۇر ۋە جەھەننەم بولسا، ياخشىلىقتىن خالىي يامانلىقتۇر. دۇنيا ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورۇن بولۇپ، يامانلىقلار ئىنسان ھاياتىدا ئۇنىڭغا داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان نەرسە.

نادان ئىنسانلار، يامان قىلمىشلار بۈيۈك ئاللاھ تائالانىڭ خەۋىرى يوق ھالەتتە تەقدىم قىلىنىدۇ دېگەن چۈشەنچىدە بولۇپ، داۋاملىق يامانلىققا چۆمىدۇ. ھەتتاكى ئۆزىنىڭ دىنىنىمۇ بۇزىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۆز رەھمىتى ۋە مەرھەمىتى بىلەن بەندىلىرىگە يامانلىقلاردىن قانداق ساقلىنىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتكەن ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئۆز دىنلىرىنى قانداق ساقلاش ۋە جىسىملىرىنى قانداق قوغداشنىڭ چارىسىنى ئۆگەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قاراڭلار! بۇ كېچە شۇنداق

ئايەتلەر نازىل قىلىندىكى، بۇنداق ئايەت چۈشۈپ باقمىغانىدى، ئۇ ئايەتلەر بولسا: «قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىل فەلەق ۋە قۇل ئەئۇزۇ بىرەببىن ناس» تۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ئىككى سۈرىنىڭ ئايەتلىرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «مەزكۇر ئايەتلەردە شۇنداق سىرلار يوشۇرۇنغانكى، ئىنسان ئۇ ئارقىلىق ئاللاھ تەرىپىدىن مۇكەممەل ھىمايە ئاستىغا كىرىدۇ. مۇئمىن ئىنسان مەزكۇر ئايەتلەر ئارقىلىق ئىنسان ۋە جىن-شەيتانلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىنالايدۇ. ئىنسان ئەنە شۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ھاياتىنىڭ ئۇخشاش بولمىغان يامانلىقلىرى، مۇسىبەتلىرى ۋە ئېغىر كۈنلىرىگە تاقابىل تۇرالايدۇ. مۇئمىنلەر بولسا ھەسەتخورلارنىڭ، سېھرىگەرلەر ۋە راماللارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ئەنە شۇ ئايەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ.

سۈرە فەلەق ۋە سۈرە ناس، ئاللىدى بىلەن كېسەللىنى بايان قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ دورىسىنى بىرگە بايان قىلغان ئايەتلەردۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر سۈرىلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. مەزكۇر سۈرىلەر ئارقىلىق ئاللاھتىن سېغىنىپ شەيتانىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيتتى. مەزكۇر ئىككى سۈرە بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە كىرىش قالقىنى سۈپىتىدە بېرىلگەن سۈرىلەردۇر. مەزكۇر سۈرىلەر ئارقىلىق ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھىمايە قانىتىنى بەندىلىرىگە يايىدۇ. خۇددى ئاللاھ مەزكۇر ئايەتلەرنى نازىل قىلىش ئارقىلىق، مۇئمىن بەندىلىرىگە بىلىڭلار، ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرىڭلار، دېمەكچى بولسا كېرەك.

بىلىش كېرەككى، ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن ئىنسان خاتىرجەملىك ۋە تىنچلىق ئىچىدە ياشايدۇ. فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەن ئىنسان شۇنى ھېس قىلىدۇكى، مەزكۇر سۈرىلەر ئىنسانىنى كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان مەخپىي يامانلىقلاردىن ھىمايە قىلىدىغان مەخپىي قوشۇندۇر. شۇ سەۋەبتىن رەببانىي بۇيرۇق ئىنسانىنى كۈتۈپ تۇرغان خەتەر ۋە ئاپەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن داۋاملىق ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلسا كېرەك. ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشنىڭ مۇھىم ئاملى، ئاللاھقا بولغان ئەقىدىنى كۈچەيتىش ۋە تەۋھىدى

خالىس بولۇشتۇر.

ئاللاھقا سىغىنىپ يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەش ئىبادەتتۇر. بىز داۋاملىق ئاللاھقا سىغىنىمىز ۋە يامانلىقلاردىن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن پاناھ تىلەيمىز. ئاللاھقا سىغىنىپ يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەش بولسا، ئاللاھنىڭ بەندىگە كېلىدىغان خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنى توختىتىپ قويۇشقا قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنچە باغلاشتۇر.

ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى فەلەق ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن يامانلىقلاردىن پاناھ تىلەشكە بۇيرىغان. مەشرىقتىن يورۇپ كېلىۋاتقان ۋە كېچە قاراڭغۇلۇقىنى قوغلىغان تاڭ نۇرىنىڭ ئىگىسى ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئەسلەتكەن. قاراڭغۇ كېچىدىن كېيىن يورۇغان تاڭ نۇرى، قىيىنچىلىقتىن كېيىن كەلگەن خۇشاللىققا ئوخشىتىلغان. «غاسىق» بولسا، كېچە بولۇپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ھەرىكەت قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش بۇ سۈرىدە تەلەپ قىلىنغان. «نەففاسات»نىڭ مەنىسى سېھىرگەر ئاياللار بولۇپ، ئۇ ئاياللار سېھىر قىلىش ئارقىلىق باشقىلارغا ئازار بېرىدۇ ۋە سېھىر قىلىنغانلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ يىپلارنى چىگىدۇ.

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېھىرگەرلىكنى گۇنايى-كەبىرە قاتارىدا قويۇپ، ئۇنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئامىللار قاتارىدا سانىغان ۋە مۇنداق دېگەن: «سېھىر ئارقىلىق مىللەتلەر ۋە شەخسلەر ۋەيران بولۇپىلا قالماستىن، بەلكى سېھىر قىلغانلارنىڭ جايى جەھەننەمدۇر».

يەنە بىر ئايەتتە يەنە ئاللاھ مۇسۇلمانلارنى ھەسەتخورلارنىڭ ھەسەتلىرىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرىغان. ھەسەتخورلۇق ئىنتايىن يامان ئىللەت بولۇپ، ھەسەتخورلار باشقىلاردىكى نېمەتنىڭ يوقىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەسەتخورنىڭ يامانلىقى بولسا ئۇنىڭ كۆزىنىڭ يامانلىقى بولۇپ، ھەسەت قىلغان ئادەمنىڭ كۆزى تىگىدىغان ئىشلار مەۋجۇت. شۇڭلاشقا مۇسۇلمان داۋاملىق ھەسەت قىلغۇچىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەش كېرەك. «ۋەسۋاس ۋە خەنناس» بولسا شەيتاندىن ئىبارەت بولۇپ، شەيتاننىڭ شەررىدىن ۋە ئۇنىڭ ئازدۇرۇشىدىنمۇ پاناھ تىلەش كېرەك.

سۈرە فەلەقتىكى فەلەقنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھتىن پاناھ تىلەش بولسا، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى يورۇقلۇققا ئايلاندۇرۇشقا قادىر بولغان ئاللاھ ھەرقانداق زالىمنىڭ زۇلمىنى يوقىتىشقا ۋە مەزلۇمغا كۈچ-قۇۋۋەت بېرىشكە ھەمدە زالىمنى بىر لەھزىدە يوقىتىشقا قادىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

بىز شۇنىڭغا ئىمانىمىزنى كامىل قىلىشىمىز كېرەككى، ئاللاھ دۇنيادىكى ئېزىلگەن مەزلۇم مۇسۇلمانلارغا زالىملار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، زالىمنى يوقىتىشقا يېتەرلىك كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىشقا قادىر. زۇلۇم ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بىرلىشىشىگە قارىماي سەۋر قىلىپ، جاپا-مۇشەققەتلىك پاجىئەلەرگە چىداپ تۇرىشى، ئاللاھنىڭ نۇسرىتى يېقىنلاشقانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئاللاھنىڭ نۇسرىتى بەك يېقىندۇر. سەۋر قىلغانلارغا ئاللاھنىڭ نۇسرىتى قەتئىيدۇر. ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشىشنى خالىغانلار تۆۋبە-ئىستىغفارنى كۆپ قىلىشى كېرەك، چۈنكى سەۋر قىلىش غەلىبە-نۇسرەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر.

ھەقىقىي شىجائەت ۋە غەلىبە بولسا سەۋر قىلىشتۇر. مەزلۇم قېرىنداش-لىرىمىزغا ياردەم قولىمىزنى سۇنۇش، ھاكىمىيەتتىكىلەرگە بولسۇن، ياكى پۇقرالارغا بولسۇن، ئوخشاشلا ۋاجىپتۇر. مەزلۇملارغا قىلىنغان تاجاۋۇزنى توسۇپ قېلىش، بىزگە كېلىدىغان كەلگۈسى ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا سەۋەبتۇر.

# ئىسلامى قېرىنداشلىق رىشتىسى ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئەڭ كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم رىشتىدۇر

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

11/05/1434ھ = 23/03/2013م

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلامى قېرىنداشلىق رىشتىسى ئىسلام تەشەببۇس قىلغان ئەڭ كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم رىشتىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئۇنىڭدىن قورقۇش ۋە ئاللاھ تائالا بارلىق ئەھۋاللاردا مېنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ، دېگەن ئۇقۇمدا بولۇش، ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئىسلام دۆلىتىنى بەرپا قىلىپ، تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئىنسانلار قەلبىدە ئورناتقاندىن كېيىن، تۇنجى قىلغان ئىشى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا دىنى قېرىنداشلىق رىشتىسىنى ئورنىتىش بولغان. مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كەلگەندە غۇربەتلىك ھاياتىنى باشلىغان مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىلىك ئەنسارىلار ئوتتۇرىسىدا ئىسلام قېرىنداشلىقى ئورناتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قېرىنداشلىق رىشتىسىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. يۇرت-دىيارلىرىنىڭ خاتىرجەم ۋە مۇقىم ئۆتىشى ئۈچۈن، ئۈممەتنىڭ بىرلىك-ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىنى

جىددىي تەۋسىيە قىلغان. دىللاردا نەپرەت ۋە ئۆز-ئارا ئىختىلاپلار بارلىق يامانلىقلارنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.

ھەقىقىي ئەقىللىق مۇئمىن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان ۋە ئۈممەتنىڭ بىرلىكىگە داغ تەككۈزىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلمايدۇ. ئۇ يەر-بۇ يەردە زۇلۇم بولۇپ قالغانلىقى، بەزى ھەقلەرنىڭ كەم قالغانلىقىنى كۆرۈپلا ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان ۋە ئۇنى پارچىلايدىغان ئىشلارنىڭ سادىر بولىشى ئەقىلنىڭ ئىشى ئەمەس. ئۈممەت ئىچىدە بۆلۈنۈش پەيدا بولۇپ، ئىختىلاپلار ئوتتۇرىغا چىقسا، ئىنسان ئۆزىگە، ئائىلىسىگە، مال-دۇنياسىغا، ھەتتا نومۇسىغا ئىگە بولالماي قالىدىغان ئەھۋاللار بىرگە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

جەمئىيەتتە بۇزۇش كۈچى، داۋاملىق تۈزەش كۈچىدىن يۇقىرى بولىدۇ. مۇقىملىقتىن مۇقىمسىزلىق تېز بولىدۇ. پىتنە قوزغالغاندا ئىنسان ئۆزىنى مۇستەھكەم ۋە ئىمانىنى كۈچلۈك ھېس قىلسىمۇ، ھازىرقى زامان تەرەققىياتى ۋە تېخنىكىلىرىنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئاستىدا قېلىپ، پىتنە دېڭىزىدا غەرق بولۇشقا قاراپ ماڭىدۇ. شۇڭا بىز داۋاملىق پىتنىلەر ۋە ئۇنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىدىن پاناھ تىلەيمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرنى دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ئاگاھلاندۇرغانلىقىنى ئەسلەپ باقمىدىڭلارمۇ؟! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزلەرگە دەججالنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە ئالامەتلىرىنى ئوچۇق بايان قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا نامازلىرىمىزدا دەججالنىڭ پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمىز. پىتنىلەر ھەر تەرەپتىن يامراپ كەلگەن ۋاقىتلاردا، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرلا چارىسى بار بولۇپ، ئۇ بولسا جامائەتچىلىكنى كۈچەيتىش ۋە جامائەتتىن ئايرىلماسلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «سەن مۇسۇلمانلار جامائىتى بىلەن بىرگە بولسەن، كىمكى جەننەتنىڭ باغچىلىرىدا يايراشنى خالايدىكەن جامائەتتىن قىلچە ئايرىلمىسۇن» دېگەن.

ئىتائەتچان بولۇش ۋە جامائەتكە بويسۇنۇش، خوشامەتچىلىك ۋە ئاجىزلىق بولماستىن، بەلكى ئۇ دىننى ھىمايە قىلىش ۋە ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈندۇر. كىمكى ئۆز ئەمىرىدىن مۇسۇلمانلار يامان كۆرىدىغان ئىشنى كۆرسە، ئۇنىڭغا سەۋر قىلسۇن! كىمكى جامائەتتىن بىر غېرىچ

ئايرىلغان ھالدا ئۆلىدىكەن، ئۇ جاھىلىيەت ئۆلۈمىدە ئۆلگەن بولىدۇ.

ئى دىنى قېرىنداشلىرىم! بىز مۇبارەك ئىككى ھەرەم دىيارىدا ياشىماقتىمىز، بۇ يەردە دىنىمىز ئاشكارا، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى مۇستەھكەم، ئاللاھنىڭ ئاشكارا-مەخپى نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولغان، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى ئىجرا قىلىنغان، نېمەتلىرى كۆپلەپ ئاتا قىلىنغان، يېمەك-ئىچمەك نېمەتلىرى كەڭرى، سەھىيە خىزمەتلىرى مۇكەممەل ۋە دىنى مائارىپ ئىمكانىيىتىمۇ مۇكەممەل بولغان بىر دۆلەتتە ياشىماقتىمىز، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كېلىپ، كېتىۋاتقانلار خاتىرجەم ۋە خۇشال-خۇرام كېلىپ كەتمەكتە ۋە ياشىماقتا.

ئىمام خۇتبىسىدە يەنە مۇنداق دېدى: غاپىللار نېمە ئۈچۈن يوقنى ئىزدەپ بارغا شۈكۈر قىلمايدۇ؟! بىز دۆلەتنىڭ ھەيۋىتى، ھاكىمىيەتنىڭ ھەيۋىتى ۋە قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ ھەيۋىتىنى ساقلىشىمىز كېرەك. ئۈممەتنىڭ پۈتۈنلىكى ۋە مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان كىشى، سۆز-ھەرىكەتتە جېدەل-ماجرادىن ساقلىنىشى كېرەك. ئىختىلاپلارنىڭ كۆپ قىسمى تەنقىتتۇر، تەنقىت قىلغۇچى مېنىڭ سۆزۈم توغرا، مەن توغرا سۆزلىگەن ئىكەنمەن، نېمە دېسەم بولىۋېرىدۇ؛ دىگەنلىكتىن ئىختىلاپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەنە شۇ ھەقىقىي غەپلەتتۇر.

ئەھلى ئىلىملار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىگە ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن دۆلەتنىڭ ھەيۋىتىنى ساقلاشتا ئۈرنەك بولىشى كېرەك. دۆلەتنىڭ پۈتۈنلىكى ۋە ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاشتا ھۆكۈمەت ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ھەمدە خەلقنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى بار.

ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش يولىدىكى سۆز ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك، مۇنكەرنى رەت قىلىش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ۋە ھوقۇقلارنى ئۆز ئىگىلىرىگە قايتۇرۇش لازىمدۇر. ھەممىدىن ئەۋزىلى ئۈممەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۈتۈنلىكىنى ساقلاش ۋاجىبتۇر.

ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ، پۇقرالارنى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ھىمايە قىلىش، ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقلىرىنى، مال-دۇنياسىنى ۋە ئۆلارنىڭ شان-شەرىپىنى قوغداش ھەمدە خەلق ئىچىدە ئادالەت بەرپا قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

# ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى شۇ ئىنساننىڭ ئەخلاقىغا ئىجابىي ياكى سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىلدۇر

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(17/05/1434ھ = 29/03/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى (ۋىجدانى) شۇ ئىنساننىڭ ئەخلاقى ۋە سۈلۈكىغا ئىجابى ياكى سەلبى تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىلدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. بۇ دۇنيا بولسا ئۆتكۈنچى دۇنيادۇر ۋە ئۇ دۇنيا بولسا باقىي دۇنيادۇر، ئاللاھ بىزنى بۇ دۇنياغا ئورۇنباسار قىلىپ ياراتتى ۋە ئۇ بىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىمىزنى داۋاملىق كۆزىتىپ تۇرىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! دۇنيا بۈگۈنكى كۈندە مەلۇمات ۋە تېخنىكا ساھەلىرىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئۆرلەۋاتماقتا، يېڭى كەشپىياتلار، ئىجادىيەتلەر ۋە يېڭىلىقلار ھەر مىنۇتتا ئۆزگىرىپ تۇرماقتا. يېڭىلىقلار ۋە تەرەققىياتلار يىتىشكىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ قالدى. دۇنيا تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە چىقىپ ئالەم بوشلۇقىغا يەتتى ۋە ئاتوم بومبىسى ياسىدى، ئاتومدىن پايدىلىنىپ ئېنېرگىيە ئىشلەپ چىقىرىش ۋە باشقا ساھەلەردە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشقا باشلىدى. ئەنە شۇ دۇنيا مىللەتلەرنىڭ ۋە خەلقلەرنىڭ ۋىجدانىنى ئويغىتىشقا قادىر بولالمىدى ۋە ئۇلارنىڭ روھىي بوشلۇقىنى تولدۇرالمىدى.

ئويغاق روھ، بارلىق تەشۋىقاتچىلار ۋە نەسىھەتچىلەرنىڭ ئورتاق تەلپى بولۇپ، مىللەتنىڭ روھىي ئويغاق بولمىسا ۋە نەزەر دائىرىسى ئىچىلمىسا، ھازىرقى خارلىقتىن ئەزىزلىككە ۋە مەنمەنچىلىكتىن ئىززەتكە نەپىسگە يېتەلمەيدۇ. ئۈممەتتىكى روھىي ئويغىنىش داۋاملىق كىچىكىپ قېلىپ كۆپلىگەن بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر بولىۋاتىدۇ.

ۋىجدان ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدىغان روھىي تۇيغۇ ۋە ھېسسىيات بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ئەخلاقى، سۆلۈكى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشىغا كۈزەتچىلىك قىلىدۇ. ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى ياخشىنى ياماندىن پەرق ئېتەلەيدۇ ۋە ياخشى سۆز بىلەن يامان سۆزنىمۇ پەرق ئېتىدۇ. ئىسلام ئۆزىنىڭ جەۋھىرىدە ئەركىن شەرىئەت بولۇپ، بەندىلەرنى بەندىگە چوقۇنۇشتىن ئازات قىلىپ، پەقەت ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا چاقىردى، شۇڭا ئىززەت-ئابروي ۋە شان-شەرەپ ئىمان بىلەن بولىدۇ ھەمدە خارلىق، كۇپرىلىق ۋە پاسىقلىق ئاسىيلىققا مەنسۇپتۇر. ھەر قانداق بىر مىللەتتىن ئويغاق ۋىجدان يوقالسا، ئۇ مىللەتنىڭ خەلقى شەكىل جەھەتتە ئىنسان بولسىمۇ، ئۆزى باشقا بىر مەخلۇققا ئۆزگىرىپ قالىدۇ، بەلكى ئۇلار ئادىمى شەيتان ھالىغا چۈشۈپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىكى كۈچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق، بايلىق ۋە كەمبەغەللىك، ئىمان ۋە پاسىقلىق ھەمدە ئادالەت ۋە زۇلۇم ئوتتۇرىسىدا ئويغاق ۋىجدان بىلەن غەپلەتنىڭ كۈچلۈك ئالاقىسى بار.

ئىسلام ئۈممىتى ئويغاق ۋىجداننىڭ يوقىلىشىدىن كۆپ زىيانلارنى تارتتى، ئۆز ۋاقتىدا مەشرىقتە بىر مۇسۇلمان چۈشكۈرسە مەغرىبتە يەنە بىر مۇسۇلمان رەھمەت تەلەپ قىلاتتى. ھازىرقى زاماندىكى ئېغىر پاجىئە شۇكى، مۇسۇلمان قېرىندىشىم قۇلاق تۈۋىدە ۋاقىراپ مەندىن ياردەم سورىسا، ئۇنىڭغا قارىتا كۆزۈم كور، قۇلىقىم گاس بولىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە كۆزلەر كور ۋە قۇلاقلار گاس ئەمەس، بەلكى قەلب كۆزى كوردۇر. شەخسلەرنىڭ ۋىجدانى ئويغانماي تۇرۇپ ئۈممەتنىڭ ۋىجدانى ئويغانمايدۇ. مايماق دەرەخنىڭ سايىسىنى رۇسلاش مۇمكىن بولمىغاندەك، بارمىقى كېسىك قولغا ئۈزۈك سالغىلى بولمىغاندەك، ۋىجدانىنى يوقاتقان مىللەتنى ئويغىتىشمۇ ئاسان ئەمەس. ۋىجدانى ئويغاق ئىنسان باشقا ئىنسانلارنى توغرىغا باشلايدۇ، خاتادىن

توسىدۇ ۋە ئۇممەت بىلەن دەرت-ئەلەملەر ۋە ئارزۇ-ئارمانلاردا ئورتاقلىشىدۇ، ئۇنداق كىشى مۆئمىنلارغا قارىتا ئۆزىنى كەمتەر قىلالايدۇ ۋە زالىملارغا قارىتا قاتتىق تۇرالايدۇ.

بىلىش كېرەككى، ۋىجدانى ئۆلگەن كىشىدىن ياخشىلىق سادىر بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يامانلىقى ياخشىلىقنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئۇ يالغان ئېيتىدۇ ۋە تەكەببۇرلۇق قىلىدۇ. ئويغاق ۋىجدان بولسا ھەقىقىي مۆلىنىك بولۇپ، بارلىق مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك بولىدۇ. ھەر بىر ئىنسان ئۆز ۋىجدانى بىلەن ھېسابلاشسا شۇ ھەقىقەت ئاشكارىلىنىدۇكى، غاپىل ۋىجدان ھېچقاچان مىۋە بەرمەيدۇ.

ئىسلام ئۇممىتى سىياسىي بوھرانلار، تائىپىۋازلىقلار ۋە سىياسىي توقۇنۇشلار ئوتىدا كۆيۈۋاتقان، زوراۋانلىق ۋە تائىپىۋازلىق ئۇرۇشلىرى ھەممە نەرسىنى كۆيدۈرۈپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ۋەيرانچىلىقلارنى سېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇممەت ئويغاق ۋىجدانلىق كىشىلەرگە تولىمۇ موھتاجدۇر. ئويغاق ۋىجدانلىق كىشىلەردە ئۆچمەنلىك ۋە چىدىماسلىق بولمايدۇ، ئۇ ئۆز ئۇممىتى ۋە مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى شەخسىي مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ.

ھەممىگە مەلۇمكى، ۋىجدان ئۆلگەندە ئىنساندا قېرىنداشلىقنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز مەنپەئەتىدىن ئەۋزەل بىلىش تۇيغۇسى يوقىلىدۇ. ئۆز مەنپەئەتىگە چوغ تارتىدىغان مەنپەئەتپەرەسلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. ھەممە ئادەم «ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، سەن ئۆزۈڭ ۋە ئائىلەڭگە مەسئۇل، باشقىلار بىلەن نېمە كارىڭ؟» دېگەن سەپسەتە بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ۋىجدان يوقالغاندا كىشىلەر ھەقىقىي ئالىملارنى تاشلاپ، نادان بىلىمسىزلەرنى ئۆزىگە پېشىۋا تىكلەشكە باشلايدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۆزى ئازغۇن بولغاندىن ئېشىپ ئەگەشكۈچىلىرىنىمۇ ئازدۇرىدۇ.

ۋىجدان يوقالغان چاغدا ئاھانەت قىلىش - نەسىھەت، غەيۋەت-شىكايەت - ئەركىنلىك ۋە سۇخەنچىلىك بولسا ئاگاھلاندۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. ۋىجدان ئۆلگەندە زالىم ئۆز خەلقىنى يەر بىلەن يەكسان قىلالايدۇ، ئۆز دۆلىتىنى ئۆز قولى ئارقىلىق ۋەيران قىلىدۇ، بۇنىڭ تىپىك مىسالىنى سۈرىيەدە ئوچۇق كۆرىۋالالايمىز. ۋىجدان ئۆلگەندە زۇلۇم بېشىنى كۆتۈرىدۇ

ۋە ئادالەت ئارىدىن غايىپ بولىدۇ، ھەممە يەرگە بېخىللىق ئومۇملىشىدۇ ۋە نەسىھەت قىلىدىغانلار ئاز قالىدۇ، بالايى-مۇسىبەت، ئاپەت ۋە جازالار كۆپىيىپ كېتىدۇ. ئۈممەتنىڭ گەۋدىسى خۇددى بىنا كونىراپ بىر-بىرلەپ يىقىلىشقا باشلىغاندەكلا يىقىلىدۇ.

ئاخىرىدا ۋىجدان ئۆلگەندە ئالىم بىلەن نادانىنىڭ، ئۈستۈن بىلەن تۆۋەننىڭ ۋە ياخشى بىلەن ياماننىڭ پەرقى قالمايدۇ-دە، يەرنىڭ ئۈستىدىن ئاستى ياخشى بولۇپ قالىدۇ.

# مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە ۋەتەننىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(24/05/1434ھ = 05/04/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى، ۋەتەننىڭ مۇقىملىقى ۋە پۈتۈنلىكىنى ساقلاش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر»، دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ سان-ساناقسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ گۇنا-مەئسىيەتلەردىن ساقلىنىش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ئەتراپىمىزنى زۇلمەت ۋە قاراڭغۇلۇقلار قاپلىغان بۇ كۈنلەردە دىن ۋە مەزھەب پىتنىلىرى ئىسلام ئۈممىتىگە مۇدھىش خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. پىتنىلەرنىڭ ئېغىرلىقى سەۋەبىدىن، دىنىي، سىياسىي ۋە مەزھەبچىلىك (تائىپىۋازلىق) ساھەلىرىدە ئۆچمەنلىك - ئاداۋەت كۈنسېرى كۈچىيىپ بارماقتا. بەندىلەر ئارىسىدىكى دىنىي بۆلۈنۈش ۋە مەزھەب توقۇنۇشى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پۈتۈنلىكىگە زىيانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىنى ۋەيران قىلىشقا سەۋەبچى بولماقتا. ئۈممەتنىڭ بىرلىكى، ۋەتەننىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىنسانلارنىڭ خاتىرجەملىكى ھەقىقىي تۈردە كىرىزىس ئىچىدە كېتىپ بارماقتا. ئەھۋال مۇشۇنداقلا كېتىۋېرىدىغان

بولسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت ۋە ھەسەت ئوتى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ ھالاكەتكە قاراپ ماڭىدۇ.

ئۈممەتتە كۆرۈلىۋاتقان تەفرىقچىلىك ۋە سۈيىقەستلەرنىڭ تۈپ ئاساسى، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدىن يىراقلىششتۇر. قانداق بىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ كىتابىدىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن يىراقلاشسا، ئۇ ئازغۇنلۇققا ۋە زىيانغا قاراپ ماڭىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى ئۈممەتنىڭ مېڭىشقا تېگىشلىك يولىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ﴿وَٱعۡتَصِمُواْ بِحَبۡلِ ٱللَّهِ جَمِيعٗا وَلَا تَفَرَّقُواْۚ وَٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ كُنتُمۡ أَعۡدَآءٗ فَأَلَّفَ بَيۡنَ قُلُوبِكُمۡ فَأَصۡبَحۡتُم بِنِعۡمَتِهِۦٓ إِخۡوَٰنٗا وَكُنتُمۡ عَلَىٰ شَفَا حُفۡرَةٖ مِّنَ ٱلنَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنۡهَاۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ﴾ ﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار) ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز-ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز-ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزىخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەقىقىي بەخت ئىگىسى پىتنىلەردىن يىراق تۇرغان كىشىدۇر»[2].

ئۈممەتنى بۆلۈنۈشكە ۋە پىتنىگە ئېلىپ بېرىشقا سەۋەب بولىۋاتقان ئامىللار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىقى تەرەپبازلىق، ئەسەبىيلىك، رادىكاللىق، مىللەتچىلىك، ئىرقىي ئايرىمچىلىق ۋە مەزھەپۋازلىقتەك ئىللەتلەردۇر. مۇسۇلمانلار ئىچىدە داۋاملىشىۋاتقان تائىپىۋازلىق ۋە ئىرقىي ئايرىمچىلىق شۇئارلىرى، مۇسۇلمانلارغا ئېغىر ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە. توغرا ئىسلام كۆرسەتمىسى ۋە داغدام شەرىئەت تۈزۈمى، مەزكۇر ئىللەتلەرنىڭ

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 103 ـ ئايەت.
[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى.

ھېچقايسىنى قوبۇل قىلمايدۇ. ئىسلام دىنى ئۇممەتنى بىرلىك، ئىناقلىق ۋە ھەمكارلىققا چاقىرىدۇ. ھەر قانداق دۆلەتتە پۇقرالارنىڭ مىللىتىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار پۇقرالىق نۇقتىسىدىن بىرلىك ۋە ئىناقلىق ئىچىدە ياشىشى لازىم. دۆلەتتە ياشايدىغان ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مۇناسىۋىتىنى شەرىئەت تۈزۈمى ئېنىق ۋە تەپسىلى بەلگىلىمىلەر ئارقىلىق بىكىتىپ بەرگەن بولۇپ، ھەر قانداق ئىنسان ئىسلام دۆلىتىدە ياشايدىكەن، شەرىئەتنىڭ پىرىنسىپىغا رىئايە قىلغان ھالدا ياشىشى كېرەك.

ئىتتىپاقسىزلىقلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بىرلىك ۋە ئىناقلىقتۇر. ۋەتەننىڭ مەنپەئەتىنى ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرۈش، ھەر بىر پۇقرانىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر. ۋەتەننى سۆيۈش ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان تەبىئىي فىترەت بولۇپ، ئىسلام دۆلىتىدە پۇقرالار دىنىي ۋە مىللىي بىرلىك ئورنىتىشقا مەجبۇردۇر.

يېقىنقى كۈنلەردە ئوتتۇرىغا چىققان ۋەتەنگە خىيانەت قىلىش ھادىسىلىرى بولسا مىللىي بىرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىككە داغ تەككۈزىدىغان جىنايەتتۇر. بۇ دۆلەتتە پاش قىلىنىپ جاسۇسلۇق ۋەقەسىدە ئەيىپلەنگەنلەرنىڭ بەزىسى، كۆرۈنۈشتە ۋەتەنپەرۋەرلىك تونىغا ئورنىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە يات دۆلەتلەرگە خىزمەت قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ئېچىپ تاشلىدى.

يەنە كۆپ كىشىلەر باركى، ئۇلار دىنىمىزغا ۋە ئەقىدىمىزگە يات ئىدىيە، ئېقىم ۋە ئەپكارلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى تارقىتىش ئارقىلىق ئۇممەتنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇش، ھەقىقەتنى بۇرمىلاش ۋە مۇسۇلمانلار ئىچىدە پىتنە ئۇرۇغىنى چېچىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بەزى بىر ئىنسانلار بۇ مۇقەددەس زېمىندا ياشاپ، بۇ زېمىنغا مەنسۇپ بولۇپ تۇرۇپ، ئۆزىنى باشقا دۆلەت ۋە باشقا ئېقىمغا مەنسۇپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇنداق كىشىلەر ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە داغ تەككۈزگەنلەر ۋە ئۇممەتنىڭ پۈتۈنلىكىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنغانلاردۇر. ھەقىقىي ئەقىل ئىگىسى ئالدامچى ئىدىيە ۋە پىكىرلەرگە ئالدانمايدۇ، ئۆزىنىڭ دىنى كىملىكى ئاستىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەيدۇ.

تىۋىتىر قوللانغانلار ۋە ئۇلارنى زىيارەت قىلىۋاتقانلار يازغان ۋە

سۆزلىگەنلىرىدە ئاللاھتىن قورقىشى كېرەك. بۇ تېخنىكا ۋاستىلىرىنى دىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىش نېمىدېگەن ياخشى! ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدا يازىدىغان ۋە سۆزلەيدىغانلار، دىن، ۋەتەن مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇندا قويۇش كېرەك. يەنە بىر بۆلەك قەلبى بۇزۇق ئىنسانلار ئۆزىنىڭ دىنى، ۋەتىنى ۋە ۋىجدانىنى يوقىلاڭ مال - دۇنيا ئۈچۈن سېتىۋاتىدۇ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ، داۋاملىق ئۈممەتنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ، تەفرىقە ۋە پىتنىگە سەۋەب بولىۋاتىدۇ ھەمدە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بولمىغان ئىختىلاپى مەسىلىلەرنى بازارغا سېلىۋاتىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى بۇ كۈنلەردە تائىپىۋازلىقنىڭ بوران-چاپقۇنىغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، بۇنداق ۋاقىتتا ئۈممەتنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە كەلگۈسىدە خەتەردىن قانداق ساقلىنىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىش كېرەك.

بىزنىڭ بۇ دىيارىمىزدەك بىر مۇسۇلمان مەملىكەتكە مەنسۇپ بولۇشتىن پەخىرلىنىش، ئۇنىڭ مەنپەئەتىگە خىلاپ ئىش ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق، خەلقنىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش بەك مۇھىمدۇر.

ۋەتەنىنىڭ گۈللىنىشى پارتىيىۋازلىق، تائىپىۋازلىق ۋە مەزھەبۋازلىق شۇئارلىرىدىن خالى بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش بىلەنلا قولغا كېلىدۇ.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا مۇھەببەت باغلاش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا مۇھەببەت باغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(02/06/1434ھ = 12/04/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىغا مۇھەببەت باغلاش، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مۇھەببەت باغلاشنىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

بىز مۇسۇلمانلار ئىلگىرىكىلەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشمەكچى بولساق، چوقۇم سەلەپلەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشىمىز كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئۈممەتنىڭ ئەڭ ياخشى كىشىلىرىدۇر. ساھابە كىراملار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ يېقىن بولغان، ئىلىمدە ئەڭ چوڭقۇر ۋە تەكەللۇپسىز كىشىلەر ئىدى. ئاللاھ ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھەمرا بولۇپ، ساھابە بولۇش شەرىپىگە نائىل بولۇشنى ئىختىيار قىلغانلاردۇر. ئاللاھ ئۆزىنىڭ دىنىنى شۇ ساھابىلارنىڭ قولى ئارقىلىق دۇنياغا تارقاتتى، ساھابە كىراملار ئەڭ توغرا يولدا ماڭغانلاردۇر.

ئىماننىڭ تەسىرى ۋە ياخشى ئەمەلنىڭ نەتىجىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقى

بىلەن يەكۈنلىنىدۇ. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلارنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بولىدىغان مۇكاپاتى سان-ساناقسىزدۇر. ئاللاھ بەندىسىگە ئىمان ئاتا قىلىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مۇھەببەت رىشتىسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئاللاھقا ئىمانى كامىل بولغان ئادەم، ئاللاھنىڭ غەيرىدىن قورقمايدۇ ۋە ئاللاھنىڭ غەيرىگە باش ئەگمەيدۇ. ھەقىقىي مۇئمىن بۇ دۇنيادىمۇ، قىيامەتتىمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولىدۇ ۋە ھېچقانداق غەم-قايغۇغا دۇچار بولمايدۇ. ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارىتا ئاداۋەتلىك مۇئامىلە قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاداۋەت تۇتسا ۋە ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلسا، ئاللاھ ئۇنى ھالاك قىلىدۇ.

ھەقىقىي مۇئمىن ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا ھەمىدە بارلىق مۇئمىنلەرگە مۇھەببەت باغلاش ياكى ئاداۋەت تۇتۇش بىلەن سىنىلىدۇ. كىمكى ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرىغا مۇھەببەت باغلىسا، ئاللاھ ئۇنى قىلىدۇ، ئاللاھنى ياخشى كۆرىدىغانلارغا دۈشمەنلىك قىلغان ۋە ئۇلارغا ئاداۋەت قىلغانلارغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىدىغان ئىنسان، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ.

بەندىلەر ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا مۇھەببەت باغلاشقا ئەڭ لايىق كىشىلەر، ساھابە كىراملاردۇر. ساھابىلارغا ئاداۋەت قىلىش ۋە ئۇلارنى يامان كۆرۈش ئىنساننىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەمراھ بولۇشنى خالىغان ساھابىلارغا ئاداۋەت قىلىش ۋە ئۇلارغا تىل ئۇزارتىش، گۇناھى كەبىرە بولۇپ، ئەقلى بار مۇئمىن بۇنداق جىنايەتنى سادىر قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلارغا ھاقارەت قىلىش ۋە ئۇلارنى تىللاشتىن توسقان. ھازىرقى زاماندا ھېچقانداق بىر ئىنسان مىليونلارچە پۇل خەجلىسىمۇ ۋە ھەر قانچە كۆپ بەدەل تۆلىسىمۇ ساھابە كىراملارنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھېچكىم ساھابىلىرىمنى تىللىمىسۇن! ئۇھۇد تېغىنىڭ بارابىرىدە تىللا خەجلىسەڭلارمۇ ساھابىلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتەلمەيسىلەر، ھەتتا يېرىمىغىمۇ يېتەلمەيسىلەر» دېگەن. ئەنسار ساھابىلارغا

مۇھەببەت باغلاش، ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدا: «ئەنسارلارنى ياخشى كۆرۈش ئىماننىڭ بەلگىسى، ئەنسارلارنى يامان كۆرۈش مۇناپىقلىقنىڭ بەلگىسىدۇر» دېگەن.

بىزنىڭ ئىمانىمىز، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈشكە ۋە ساھابىلارنى ياخشى كۆرۈشكە ئېلىپ بېرىشى ھەمدە ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ۋە ساھابە كىراملارنى يامان كۆرگەنلەرنى يامان كۆرۈشكە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. دېمەك، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ھەمدە ساھابە كىراملارنى ياخشى كۆرۈش، ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولسا، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ۋە ساھابە كىراملارنى يامان كۆرۈش، كۇپرلىق ۋە نىفاقتۇر.

# تەبىئىي ئايەتلەر، ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى، ھېكمەتلىك تەدبىرى ۋە روشەن بەلگىلىرىدىن بولغان بىر بەلگىدۇر.

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(09/06/1434ھ = 19/04/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «تەبىئىي ئايەتلەر، ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى، ھېكمەتلىك تەدبىرى ۋە روشەن بەلگىلىرىدىن بولغان بىر بەلگىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. بىز ئاللاھنى كۆرمىسەكمۇ ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھەقىقىي تەقۋادارلىق ئاللاھنى كۆزەتچى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن قورقۇشتۇر.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ئىگىز-پەس باسقۇچلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ داۋاملىق خۇشاللىق بىلەن غەم-قايغۇ، ئۈمىد بىلەن قورقۇنچ، ئېلىش-بېرىش، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئاجىزلىق ئوتتۇرىسىدا دولقۇنسىمان داۋالغۇشلار ئىچىدە ياشايدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەر ياخشىلىق ۋە نېمەت ئۈمىد قىلسا، يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر شۇملۇق ۋە قورقۇنچ كۈتۈشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۈمىتلىرى ئۇلارنىڭ دىنى، ئەقىدىسى، ئەقلى، مال-دۇنياسى ۋە شەرەپلىرىگە باغلىقتۇر.

كۆپ ئىنسانلار ھىدايەتنى ئۈمىت قىلىدۇ ۋە ئازغۇنلۇقتىن قاچىدۇ، يەنە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قەدىرلەيدۇ، ئۆلۈمدىن قورقىدۇ،

ئەقلىنى، جىسمانىي ۋە مەنىۋى ساغلاملىقىنى خالايدۇ ۋە دىققەت قىلىدۇ ھەمدە ئەقلىنىڭ بۇزۇلىشى ۋە بۇلغىنىشىدىن قورقىدۇ.

ئىنسانلار ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن ياخشىلىقنى ئۈمىد قىلىپ، يامغۇر ۋە شاماللارغا ئوخشىغان ھادىسىلەرنىڭ پايدىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىك بولۇشىنى ئۈمىت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ زىيان-زەخمەتلىرىدىن قاچىدۇ ھەمدە مەيىن شامالنىڭ سالقىنىنى ئۈمىت قىلىدۇ ۋە بوران-چاپقۇنىنىڭ ئاپەتلىرىدىن پاناھ تىلەيدۇ. ئاقىل ئىنسانلار ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى تەدبىرلىرى ۋە ھېكمەتلىرىنىڭ سىرىنى بىلىشى كېرەك. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ ئىبرەت ئېلىشى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدىغان بەلگىلەرنى ئاز-ئاز ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانى ۋە يەقىنىنى مۇستەھكەملەش پۇرسىتىنى بېرىدۇ ھەمدە ئاللاھنىڭ كۈنلىرىنىڭ ھامان بىر كۈن ئاخىرلىشىدىغانلىقى (قىيامەت بولىدىغانلىقى) نى ئۇلارغا ئەسلىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىر زاماندا يۈز بېرىدىغان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى (بەلگە-نىشانلىرى) دىن بىشارەت بەرگەن. قۇرئان ۋە ھەدىس شەرىفتە كەلگەن بەلگىلەرنىڭ بىرى «يەر تەۋرەش» بەلگىسىدۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە قەسەم قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَٱلسَّمَآءِ ذَاتِ ٱلرَّجۡعِ وَٱلۡأَرۡضِ ذَاتِ ٱلصَّدۡعِ إِنَّهُۥ لَقَوۡلٞ فَصۡلٞ وَمَا هُوَ بِٱلۡهَزۡلِ﴾ ﴿يامغۇرلۇق بۇلۇت بىلەن قەسەمكى، يېرىلىپ (گىياھلارنى ئۈندۈرۈپ بېرىدىغان) زېمىن بىلەن قەسەمكى، قۇرئان شەك- شۈبھىسىز (ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى) سۆزدۇر، ئۇ چاقچاق ئەمەستۇر﴾[1].

يەر ئاستىدىن چىقىدىغان ئازاب بولسا يەر يۇتۇش ۋە يەر تەۋرەشتىن ئىبارەت ئاپەتتۇر.

ئىمام خۇتبىسىدە يەنە مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەرمىگەن بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئارقىلىق يەر تەۋرەش ئاپىتىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى تەستىقلىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «يەر

[1] تارىق سۈرىسى11 ـ 14 ئايەت.

تەۋرەش ئاللاھنىڭ بەلگىلىرىدىن بولغان بىر بەلگە بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ ئۆزى خالىغان قەۋم ۋە رايونلارغا ئەۋەتىدۇ» دېگەن.

ھازىرقى زاماندا يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدە كەلگەن غەيبىي مۆجىزىلەردىندۇر. ئاللاھ مەزكۇر ئايەتتە يېرىلغان يەر بىلەن قەسەم قىلغان بولسىمۇ، مەزكۇر يېرىلىش 14 ئەسىردىن بىرى ئېچىلمىغان بىر سىر ئىدى. ئۆتكەن ئەسىردە گېئولوگىيە تېخنىكىسى يەر تەۋرەشتىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىنى كەشىپ قىلدى. ئالىملار يەر ئاستىدا، ئوكياننىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا شۇنداق چوڭ يېرىقنى بايقىغان. دېمەك، بۇ ئاللاھنىڭ ھازىرقى زامان مۆجىزىسى ئىدى. ئۇلار ئەمدى بايقىغان بۇ كەشپىياتنى ئاللاھ 14 ئەسىر بۇرۇنلا بايان قىلغان.

دىن ئالىملىرى يەر تەۋرەش ئاپەتلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىرى (مۆجىزىلىرى) ئىكەنلىكى، ئاللاھ شۇنداق تەبىئىي ئاپەتلەر، كۈن-ئاي تۇتۇلۇشتەك ئالامەتلەر ئارقىلىق بەندىلىرىنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقىتىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن. يەر تەۋرەشتىن كېيىن ئىنسانلار يەرنىڭ مۇقىملىق نېمىتىنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغلۇقىنى ياخشى بىلىۋالايدۇ. مەزكۇر تەبىئىي ئاپەتلەر ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بەندىلەرگە ئۆزىنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئاسمان-زېمىننى تامامەن يوق قىلالايدىغانلىقىنى ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئىنسانلارنى ئىبرەت ئېلىشقا ۋە ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىدۇ.

مۇسۇلمانلار تەبىئىي ئاپەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەۋبە-ئىستىغفارنى كۆپ قىلىشى، سەدىقىنى كۆپ قىلىشى، نامازنى كۆپ ئوقۇشى ۋە ئاللاھقا سېغىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارنى تەبىئىي ئاپەتلەر بىلەن ئازاپلىماسلىقىنى تىلىشى لازىم.

ئىنسانلار ئاللاھتىن قورقىشى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرماسلىقى كېرەك. ئاللاھ ئىنسانلارغا پۇرسەت بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى تاشلاپ قويمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ زالىملارغا ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەنلىكى، ئۇلارغا كۈچى يەتمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ قانچىلىك ھەددىدىن ئاشىدىغانلىقىنى ۋە نەگىچە بارالايدىغانلىقىنى سىناش ئۈچۈندۇر. زالىملارنىڭ

ئەجلى توشقاندا ئاللاھ ئۇلارغا كېلىدىغان ئازابنى بىر سېكونتمۇ كېچىكتۈرمەيدۇ. ئاللاھ بۇنىڭدىن بۇرۇنمۇ پىرئەۋننى خۇدالىق دەۋاسى قىلغانلىقى ئۈچۈن، سۇدا غەرق قىلدى. قارۇن ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى يەرگە يۇتقۇزدى ۋە سەمۇد قەۋمى نەسىھەتكە پەرۋا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار سوغۇق شامالدا ئۆلدى.

ئاللاھنىڭ بۇ دۇنيانى باشقۇرۇشتىكى قانۇنىيىتى بولسا، ئىنسانلارنى ئۇخشاش بولمىغان ۋە ئىنساننىڭ ئەقلىگە كەچمىگەن ھادىسىلەر بىلەن سىناش ۋە ئىمتىھان قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا بەزى مىللەتلەرنىڭ بېشىغا ئۇرۇشنى مۇبتىلا قىلسا، بەزىلىرىنى كەمبەغەللىككە دۇچار قىلىدۇ، بەزىلەرنى مال-دۇنيا، مېۋە-چېۋە موللىقى ۋە باياشات تۇرمۇش بىلەن ئىمتىھان قىلىدۇ، بەزىلەرنى پىتنىگە دۇچار قىلىدۇ، يەنە بەزىلەرگە زالىم ۋە كاپىرلارنى مۇسەللەت قىلىش بىلەن ئىمتىھان قىلىدۇ. ئاخىرقى نەتىجىدە مۇسىبەتكە سەۋر قىلغانلارغا غەلىبە-نۇسرەت بىلەن بىشارەت بېرىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَنَبْلُوَنَّكُم بِشَيْءٍ مِّنَ ٱلْخَوْفِ وَٱلْجُوعِ وَنَقْصٍ مِّنَ ٱلْأَمْوَٰلِ وَٱلْأَنفُسِ وَٱلثَّمَرَٰتِ ۗ وَبَشِّرِ ٱلصَّٰبِرِينَ ٱلَّذِينَ إِذَآ أَصَٰبَتْهُم مُّصِيبَةٌ قَالُوٓا۟ إِنَّا لِلَّهِ وَإِنَّآ إِلَيْهِ رَٰجِعُونَ أُو۟لَٰٓئِكَ عَلَيْهِمْ صَلَوَٰتٌ مِّن رَّبِّهِمْ وَرَحْمَةٌ ۖ وَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْمُهْتَدُونَ﴾ ﴿بىز سىلەرنى بىر ئاز قورقۇنچ بىلەن، بىر ئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان- زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن. ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ مەغپىرىتى ۋە رەھمىتىگە ئېرىشكۈچىلەردۇر، ئەنە شۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾[1].

ئاللاھ مەزكۇر ئايەتتە بەندىلىرىنى ئوخشاش بولمىغان ئاپەتلەر بىلەن سىنايدىغانلىقى ۋە ئەمەلىي سىناقنىڭ ئىنسانلارغا قارىتا نەتىجىلىك بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. ھازىرقىدەك تەبىئىي ئاپەتلەرنى گېئولوگىيەلىك

[1] بەقەرە سۈرىسى 155 ـ ئايەت.

سەۋەبلەر ۋە تەبىئەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن بولغان دىگۈچىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىمانى يوق، ئۇلار ئەقلى ئاجىز، تەپەككۇرى بۇزۇق كىشىلەردۇر.

بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدە بامدات نامىزىنى ساھابىلار بىلەن بىرگە ئوقۇدى، كېچىدە يامغۇر ياغقان ئىدى. نامازدىن كېيىن ساھابىلارغا: «سىلەر بىلەمسىلەر، پەرۋەردىگارىڭلار نېمە دېدى؟ دەپ بولۇپىلا: ئاللاھ ئېيتىدۇكى: بەندىلىرىمنىڭ ئىچىدە ماڭا ئىمان ئېيتقانلار بار ۋە ماڭا كاپىر بولغانلارمۇ بار. ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن يامغۇر ياغدى، دېگەنلەر ماڭا ئىمان ئېيتقان ۋە يۇلتۇزغا كاپىر بولغانلاردۇر. يامغۇر ئۇ سەۋەبتىن ياغدى، بۇ سەۋەبتىن توختىدى، دېگەنلەر، ماڭا كاپىر بولغانلار ۋە يۇلتۇزغا ئىمان ئېيتقانلاردۇر» دېگەن[1].

ئاللاھ بىزلەرنى ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەردىن ۋە بۇ دۇنيادىكى ئومۇمىي ئازاپلاردىن ساقلىسۇن، ئامىن!

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان ۋە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىيەلمىگەن مىللەت تارىخ بېتىدە ئىز قالدۇرالمايدۇ

ئۇستاز دوكتور سالىھ ئالى تالىب

(16/06/1434ھ = 26/04/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولمىغان ۋە ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىيەلمىگەن مىللەت تارىخ بېتىدە ئىز قالدۇرالمايدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللەت يۇقىرى سەۋىيىگە، ئالى مەرتىۋە ۋە باشقىلارغا خوجا بولۇش ھەمدە تەسىر دائىرىسى كۆچلۈك بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئارقىسىدا چوڭ تىرىشچانلىقلارنى، بۈيۈك بەدەللەرنى تۆلىگەنلىكى ۋە جان پىدا قىلىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ھەر قانداق بىر مىللەت دۇنيادىكى مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولۇشنى خالايدىكەن، شۇ مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى ۋە ياشلىرىدا قۇربان بېرىش ئېڭىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيەلىمەسلىك ۋە ئىنسانلاردا مەسئۇلىيەت ئېڭىنىڭ

تۆۋەنلەپ كېتىشى، مىللەتنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشىغا ۋە تارىخ بېتىدىن پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىشكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى تارىخ ئىسپاتلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ئۈممىتى دۇچار بولۇپ قالغان خار-زەبۇنلۇقنىڭ ئاساسلىق ئامىلى، مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيانى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قۇل بولۇش ۋە بايلىقنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، شۇ بايلىقنى ساقلاپ قېلىش يولىدا ئۆزىنىڭ دىنىنى ۋە ئىمانىنى سېتىۋېتىشتەك يامان ئەھۋالغا كېلىپ قالغانلىقىدۇر.

نەپسى-خاھىش ۋە شەھۋانى ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ، دۇنيانىڭ لەززىتىگە بېرىلىپ كېتىش ۋە بىھۇدە ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇش، خۇددى زەھەرلىك چېكىملىككە ئوخشاش مەس قىلغۇچ ئامىل بولۇپ، ئۈممەتنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنى ئاستىلىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنى خار-زەبۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۈممەتنىڭ ئازغۇن ھالىتى ۋە خانىۋەيرانلىقى تولىمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلدى. ئەسلىدە ئەھۋال بۇنداق بولماسلىقى كېرەك ئىدى. بىز ئۈممەتنىڭ ھەر يۈز يىلدا بىر قېتىم ئويغىنىپ قانلىق ئۇرۇشلارنى ۋە ۋەيران قىلغۇچى پىتنىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن ئۆزىنىڭ ھەقىقىي كىملىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى كۆرىۋالالايمىز.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، كۈنىمىزدە پىتنىلەر يىل بويى داۋام قىلىپ، مۇسىبەتلەر يېڭىلىنىپ بارماقتا. لېكىن مۇسۇلمانلار ئىبرەت ئالماي يەنىلا ئۆز پېتى كېتىپ بارماقتا. ھەقىقەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بايلىق توپلاپ، دۇنيادا ئەڭ باي ۋە سەرمايىسىنىڭ ئەڭ كۆپ بولۇشىمۇ، ئەرەبلەرنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامىلى بولالمايدۇ.

ئەگەر ئەرەبلەر دىنىي تەلىماتتىن يۈز ئۆرۈپ، دۇنيادىكى ئەڭ زامانىۋى قوراللارنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋالسىمۇ ۋە ئاتوم قوراللىرىغا ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ خارلىقتىن قۇتۇلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىززەت-شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پەقەت بىرلا

يول بار، ئۇ بولسا ئىسلامغا قايتىشتۇر. ئۆزىنىڭ ئىززەت-شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى خالىغان مۇسۇلمانلار، تارىخنى قايتىدىن كۆزدىن كەچۈرۈپ، يەنىلا شۇ تارىخقا قايتىشى كېرەك.

بىز مۇسۇلمانلار قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە، ئۆز- ئۆزىمىزدىن ھېساب ئېلىش ۋە تارىخىمىز ئۈستىدە قايتا ئويلىنىپ ئۆزىمىزگە مۇراجىئەت قىلىشتۇر. ئۈممەت ئۆز ئىچىدىن بۇزۇلماي تۇرۇپ، تاشقى كۈچلەرنىڭ ۋە دىن دۈشمەنلىرىنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچرىشى مۇمكىن ئەمەس.

مۇسۇلمانلار زېمىنلىرىدا پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا مۇسۇلمانلار كۈنىگە يۈزلەپ قەتلى قىلىنماقتا ۋە قانلار ئۆستەڭ بولۇپ ئاقماقتا. سۈرىيە ھاكىمىيىتى ئونمىڭلارچە پۇقرانى ئۆلتۈرۈپ، مىليونلارچە پۇقرانى يۇرتلىرىدىن پالاپ، سۈرىيەنىڭ تارىخى ئاسارە ـ ئەتىقىلىرى ۋە مەدەنىيەتلىرىنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلماقتا. تارىخى كۈتۈپخانىلارنى قەستەن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈپ، كۈلگە ئايلاندۇرماقتا. ئۇ زالىم ھاكىمىيەتنىڭ دىن بىلەنمۇ ئىشى يوق ۋە كىچىك باللارنىڭ يىغا-زارلىرىمۇ ئۇنىڭ ئۆلگەن قەلبىنى ئېرىتەلمەيدۇ. سۈرىيە ھاكىمىيتى سۈرىيە زېمىنىغا يات بىر ھاكىمىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ سۈرىيە دۆلىتى ۋە خەلقىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن جان كۆيدۈرمەيدىغانلىقى پۈتۈن دۇنياغا ئايان بولماقتا. بۇ زالىم ۋە قانخور ھاكىمىيەت قىرغىنچىلىقلارنى سادىر قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئەقىدە قېرىنداشلىرى (ئىران ۋە ھىزبۇللاھنى دېمەكچى) ئۇلارغا ياردەم بەرمەكتە ۋە سۈرىيە خەلقىنى بىرلىكتە قەتلى قىلماقتا. ئەرەبلەرنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇ زالىملارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئوزۇقلاندۇرماقتا. ئاز سانلىق قانخورلار كۆپ سانلىق پۇقرالارنى رەھىمسىزلارچە قەتلىئام قىلماقتا. بىرلا ۋاقىتتا 500 دىن 1000دىن ئىنسان قەتلى قىلىندۇ، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى كىچىك بالا ۋە ئاياللار. بۇنداق ۋەھشىلىكنى تارىخ كۆرگەنمۇ ئەجەبا؟ بۇ ئەھۋالنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى كۆرۈپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلماقتا. دۇنيا مەزلۇملارغا ياردەم بېرىشنىڭ ئورنىغا، ياردەم بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرماقتا. ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس! سۈرىيە خەلقى ئىچكى دۈشمەنىنىڭ قولى ۋە تاشقى دۈشمەنىنىڭ مېلى ئارقىلىق قەتلى قىلىنماقتا. ئۆزىنى ئىنسانلار ھامىلىرى، ئاجىزلارنىڭ يانتاياقلىرى ۋە

ھەققانىيەتچىلەر، دەپ دەۋا قىلغانلارمۇ سۈرىيە پاجىئەسىدە قىرغىنچىلىقلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلماقتا.

سۈرىيە خەلقى ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىلا، ئۇلارنىڭ: «ئى ئاللاھ! بىزگە سەندىن باشقا مەدەتچى يوق، ئى ئاللاھ!» دەپ شۇئار توۋلىشى تولىمۇ توغرا ئېيتىلغان شۇئار ئىدى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا مەدەتكارى ۋە تايانچىسى يوقتۇر!..

ئى ئاللاھ! دۇنيادىكى مەزلۇم بەندىلىرىڭگە ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ياردەم ۋە نۇسرەت ئاتا قىل! زالىملارنى ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن ھالاك قىل! ئامىين يا رەببەل ئالەمىين!!..

# ئاللاھ ئىنسانلارغا ھالال رىزىق تەلەپ قىلىشنى پەرز قىلدى، ھارام يېيىشتىن چەكلىدى

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(23/06/1434ھ = 03/05/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھ ئىنسانغا ھالال رىزىق تەلەپ قىلىشنى پەرز قىلدى ۋە ھارام يېيىشتىن چەكلىدى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بەندىلەرنىڭ دىللىرىنى بىلىپ تۇرغۇچى ۋە قەلبنىڭ سىرلىرىنىمۇ كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر.

مۇسۇلمانلار بۇ زاماندا ماددىغىلا بېرىلىپ، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۇنۇتتى. كىشىلەرنىڭ بارلىق مەقسىتى قانداقلا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، نەدىن بولسۇن، نېمىلا بولسۇن، ھالال بولامدۇ ياكى ھاراممۇ، ھېسابلاشماستىن بايلىق توپلاش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. تۇرمۇشتا ئىنسانلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسە، پاكلىق، سەممىيلىك ۋە ھەققانىيلىقتۇر.

ھەقىقى پاكلىق بولسا، روھىي پاكلىق بولۇپ، ھەقىقىي ئىنسانىيەت، بارلىق ياخشىلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پاك ۋە ھالال نەرسىلەرنى يېيىشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ كُلُوا۟ مِمَّا فِى ٱلْأَرْضِ حَلَـٰلًا طَيِّبًا وَلَا تَتَّبِعُوا۟ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَـٰنِ ۚ إِنَّهُۥ

لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ﴾ «ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال، پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر»[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «بايلىق پۇل ـ مالنىڭ كۆپلۈكى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي بايلىق مەنىۋى بايلىقتۇر» دېگەن[2]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «كىمكى ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلىسا، ئاللاھ ئۇنى ئىپپەتلىك قىلىدۇ، كىمكى ئىنسانلاردىن بىھاجەت بولسا، ئاللاھ ئۇنى بىھاجەت قىلىدۇ» دېگەن.

قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، پاكلىق ۋە سەممىيلىك جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ئورنىشى كېرەك. شۇ ئارقىلىق ئىنسانلار قەلبىدە ئەجدادلارنىڭ ئالى جاناب روھى يېتىلىدۇ. ئاندىن جەمئىيەت گۈللىنىشكە ۋە يۈكسىلىشكە باشلايدۇ. ئىماننىڭ كاتتىلىقى دۇنيادىن بىھاجەت بولۇشتا ئەمەس، بەلكى ھالال رىزىق ۋە ھالال كەسىپ قۇرۇلۇشلىرىنى بەرپا قىلىش بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ مَنْ حَرَّمَ زِينَةَ ٱللَّهِ ٱلَّتِىٓ أَخْرَجَ لِعِبَادِهِۦ وَٱلطَّيِّبَٰتِ مِنَ ٱلرِّزْقِ ۚ قُلْ هِىَ لِلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا خَالِصَةً يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۗ كَذَٰلِكَ نُفَصِّلُ ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ﴾ «ئېيتقىنكى، «ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزقلارنى كىم ھارام قىلدى؟» ئېيتقىنكى، «ئۇلار بۇ دۇنيادا مۆمىنلەر ئۈچۈن يارىتىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ). ئاخىرەتتە بولسا مۆمىنلەرگىلا خاستۇر». (ئاللاھنىڭ بىر ۋە شېرىكى يوق ئىكەنلىكىنى) بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلى بايان قىلىمىز»[3].

پاكلىق ۋە سەممىيلىكنىڭ ئەكسى بولسا، چىرىكلىك ۋە خىيانەتچىلىك بولۇپ، ئۇ قەبىھ ئىللەت ۋە جىنايەتتۇر. خىيانەت نېمىدېگەن يامان ئىش ھە! خىيانەت ۋە چىرىكلىك قانداق بىر مىللەتتە ئومۇملىشىدىكەن، شۇ مىللەتنىڭ ھالاكىتى ۋە ۋەيرانلىقى يېقىنلاشقان بولىدۇ. چىرىكلىك ۋە

[1] بەقەرە سۈرىسى 168 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] ئەئراف سۈرىسى 32 ـ ئايەت.

پاراخورلۇق، ئۇممەتكە خىيانەت قىلغانلىق ۋە جەمئىيەتكە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كەلگەنلىكتۇر. چىرىكلىك ۋە خىيانەت ئىنسانلىقا قارشى قۇرۇلغان قاپقان بولۇپ، ئۇ ئادىمىيلىكنىڭ دۈشمىنىدۇر. خىيانەت ۋە پارىخورلۇق قانداق بىر مىللەتتە ئومۇملاشسا، ئۇنىڭ سەۋەبىدىن كۆپلىگەن زۇلۇملار سادىر بولىدۇ ۋە ھوقۇقلار زايا بولىدۇ ھەمدە ھەددى-ھېسابسىز بايلىقلار زايا بولۇپ، كۆپلىگەن ئائىلە ۋەيران بولىدۇ، مىڭلىغان بىگۇناھ ياخشى كىشىلەر زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ ۋە ئۇممەتنىڭ كۆپلىگەن كۈچ-ئىنرگىيەلىرى بەربات بولىدۇ.

ئاللاھ بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَأْكُلُوٓاْ أَمْوَٰلَكُم بَيْنَكُم بِٱلْبَٰطِلِ وَتُدْلُواْ بِهَآ إِلَى ٱلْحُكَّامِ لِتَأْكُلُواْ فَرِيقًا مِّنْ أَمْوَٰلِ ٱلنَّاسِ بِٱلْإِثْمِ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ﴾ ﴿بىر-بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار، بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىملارغا پارا بەرمەڭلار﴾[1]. ئىمامى قۇرتۇبى بۇ ئايەت ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «باشقىلارنىڭ ھەققىنى ھارام يەۋېلىش ئۈچۈن ھاكىمىيەتتىكىلەرنىڭ ئالدىغا يالغاندىن دەلىل-پاكىت تويلاپ دەۋا قىلىپ بارماڭلار».

ئاللاھ باشقىلارنىڭ ھەققىنى ناھەق يەۋېلىشنىڭ يامانلىقىنى بايان قىلىپ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَتَرَىٰ كَثِيرًا مِّنْهُمْ يُسَٰرِعُونَ فِى ٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَأَكْلِهِمُ ٱلسُّحْتَ لَبِئْسَ مَا كَانُواْ يَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) نىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ گۇناھقا، زۇلۇم سېلىشقا ۋە ھارام يېيىشكە ئالدىرايدىغانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان ھە!﴾[2].

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ناھەق يېيىشنى ھارام قىلدى ۋە ناھەق يېگەنلەرگە ئەڭ قاتتىق جازا بېرىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئەپسۇسكى، مىڭلىغان ئىنسانلار، بەندىلەرنىڭ رىزقىنى ئاللاھ بېرىدىغانلىقى ۋە رىزقىنىڭ كەملەپ قالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، چىرايىنى سارغايتىپ

[1] بەقەرە سۈرىسى 188 - ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى 62 - ئايەت.

پارا يەيدۇ، ئۇنىڭ ھاراملىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزى ۋە بالىلىرىغا يېگۈزىدۇ. پارىخورلىقنىڭ ھاراملىقى ئىنتايىن ئوچۇق بايان قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «پارا ئالغۇچى ۋە پارا بەرگۈچىگە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى لەنەت قىلدۇ». (تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇت)

پاراخورلۇقتا ئۈچ تەرەپ لەنەتكە ئۇچرايدۇ، ئۇلار: پارا بەرگۈچى، پارا ئالغۇچى ۋە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدا ۋاستە بولغۇچى. ئۇلار ھەممىسى ئوخشاشلا لەنەتكە ئۇچرىغۇچى بولۇپ، جىنايەتتە شېرىكتۇر. پاراخورلۇق ئىنتايىن يامان ئىللەت بولۇپ، ئۇ ھەقنى باتىلغا ۋە باتىلنى ھەققە ئايلاندۇرىدۇ.

پاراخورلۇقنىڭ يامانلىقى تۆۋەندىكى ھەدىستە تېخىمۇ روشەن كۆرىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنىي ئەسەد قەبىلىسىدىن بىر ئادەمنى سەدىقە يىغىشقا ئەۋەتكەن. ئۇ كىشى قايتىپ كېلىپ: بۇ سىلەر ئۈچۈن يىغىلغان سەدىقە ۋە بۇ بولسا ماڭا بېرىلگەن سوغاتتۇر، دېگەن. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ: «بىز سەدىقە يىغىشقا ئەۋەتكەن قەۋمنىڭ ھالى نىمە بولدى؟! بۇ سىلەرنىڭ ھەققىڭلار ۋە بۇ ماڭا بېرىلگەن ھەدىيە، دەيدۇ. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندا شۇ ھەدىيە كېلەرمىدى؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەر قانداق بىر ئادەم پارا ئارقىلىق مال توپلايدىكەن، قىيامەت كۈنى شۇ بايلىق ئۇنىڭ بوينىغا چىرمىشىپ كېلىدۇ» دېگەن.(بۇخارى، مۇسلىم)

ئى ئىسلام ئۈممىتى! پاراخورلۇق بالاسى نەقەدەر ئومۇملىشىپ كەتتى ھە! بەزى قەلبى كېسەل ئىنسانلارنىڭ ئىچكى تاشقى دۇنياسى بۇلغاندى، ئۇلار ئاللاھتىنمۇ قورقمىدى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۇلار ئۆزىنىمۇ بۇلغىدى ۋە يەيدىغان رىزقىنىمۇ بۇلغىدى ھەمدە بالىلىرىغا ھارام يېگۈزۈپ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا خىيانەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ھالىغا ۋاي! پارىخورلار بۇ دۇنيادا ھارامخورلۇق بىلەن تونۇلسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا جەھەننەمگە كىرىش بىلەن ئوتتا كۆيۈشنى تاللىغان بولىدۇ.

ئەبى ئۇمامە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىغا شاپائەت قىلسا ۋە شۇ

شاپائىتى ئۆچۈن، ھەدىيە بېرىلسە، ئاندىن ئۇ ھەدىيەنى قوبۇل قىلسا، ئۇ كىشى جازانىخورلۇقنىڭ دەرۋازىسىدىن بولغان چوڭ بىر دەرۋازىنى ئاچقان بولىدۇ».

ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن پارا، ئەمىلى ئۆسۈش، دىپلوم ئېلىش ئۈچۈن پارا، ئىمتىھاندا يۇقىرى نومۇر ئېلىش ئۈچۈن پارا، قۇرۇلۇش سودىسىنى ئۆزىگە توغرىلاش ئۈچۈن پارا، پۈتتۈرگەن قۇرۇلۇشنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈنمۇ پارا بېرىدۇ.

ئاللاھ ھارام قىلغان بۇ پارا ئىنسانلارنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ نەتىجىسى ۋەيرانلىق ۋە خارابلىقتۇر، بەلكى ئومۇمي مىللەت ۋەيران بولۇشىنىڭ سىگنالىدۇر. ئۈممەتنىڭ مەنىۋىيىتى بۇلغىنىشقا ئۇچراپ مەنىۋى ئىللەتلەرنىڭ قۇلى بولۇپ قالغاندا، ئۇنداق مىللەتنىڭ تەقدىرى، بايلىقى ۋە مەدەنىيىتى، خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا ئۇنىڭ بارلىق مەۋجۇدىيىتى خەتەر ئىچىدە قالىدۇ.

# مۇسۇلماننىڭ تىلىنى ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىشى كېرەك

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(30/06/1434ھ = 10/05/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلماننىڭ تىلىنى ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسانلار ئىچىدە ئۆز نەپسىنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈن قۇربان قىلالايدىغان قەلبى پاك، راستچىل، سەمىمىي، ئىشلىرىدا ھەقىقىي ئىخلاس بىلەن ئىش قىلىدىغان ۋە باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنىلا ئويلايدىغان كىشىلەر بولغاندەك، يەنە بەزى ئىنسانلار باركى، ئۇلار سۆزلىسە ئاڭلىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ، سىز ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسىڭىز لەززەت ھېس قىلىسىز، ھەتتا ئۇلار بەزىدە ئۆزىنىڭ سۆزىنى قەسەملەر ۋە ۋەدىلەر ئارقىلىق دەلىللەيدۇ. بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىش-ھەرىكىتى ئەكسىچە بولۇپ، ئۈممەتكە پايدىسىدىن زىيىنى كۆپتۇر، ئۇنداق كىشى يالغۇز ئۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ زىيان سالىدۇ. ئۇلار بەزىدە كىشىلەرگە زىيان سالسا، ۋاقتى كەلگەندە ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ زىيان سالىدۇ. ئۇلار گەپكە ئۇستا ۋە تەكەببۇر كىشىلەردۇر. ئۇلار داۋاملىق جېدەلخور ۋە گەپ تالىشىشقا ئامراق كىشىلەر بولۇپ، ئەگەر ئۇلار گەپ

تالاشسا، باشقىلارنى يېڭىۋالىدۇ، بەزى ئالىملار ئۇنداق كىشىلەرنى «گەپتىن باشقىنى قاملاشتۇرالمايدىغانلار» دەپ سۈپەتلىگەن.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر سۆزلىگەندە باشقىلارنى ئېغىزىغا قارىتىپ، ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان، ئەمەلىيەتتە بولسا ناماز ئوقۇمايدىغان، زاكات بەرمەيدىغان، ھاراق-شاراب ئىچىدىغان، كىشىلەرنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋالىدىغان، لېكىن دىندارلىق ۋە تەقۋالىقتا تەقۋادار ئالىملار ۋە ئەھلى پەزلى كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ تىرنىقىغا تەڭ قىلمايدىغان مۇتەكەببىر كىشىلەر بولۇپ، بۇلارنىڭ تاشقى دۇنياسى شۇنداق ياخشى، ئەمما ئىچكى دۇنياسى بولسا تامامەن بۇزۇق، چىرىگەن ۋە خاتا ئېتىقادلىق كىشىلەردۇر.

ھەقىقەتتە ياخشى كىشىلەر ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى كىتاب ۋە سۈننەتكە توغرىلايدۇ. ئەمما يامان كىشىلەر سۆز - ھەرىكەتلىرى ۋە قىلمىشلىرىدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ئۇرۇقىنى چاچىدۇ. داۋاملىق كىشىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە قۇترىتىدۇ، مۇسۇلمانلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى زىيانلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنىڭ كۆپ تۆكۈلۈشىگە قۇتراتقۇلۇق قىلىدۇ، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە ياخشىلىق يوقايدۇ ۋە بەرىكەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

مۇسۇلمانلار سۆزدە باشقىلارنى ئېغىزىغا قارىتالايدىغانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئەمەلىيىتىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ھەقىقىي ياخشى كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولماسلىق ئىنساندىكى كىبىرنىڭ ئالامىتىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «قەلبىدە قىچىنىڭ دانىسى چاغلىق كىبىر بار ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېدى؛ ئاندىن بىر ئادەم، ئى رەسۇلۇللاھ: بىرسىنىڭ كىيىمى پاكىزە، ئايىغى چىرايلىق ۋە رەتلىك بولسىچۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ، كىبىر دېگەن، ھەقنى قوبۇل قىلماسلىق ۋە باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىقتۇر» دەپ جاۋاپ بەرگەن. (مۇسلىم)

ئاللاھ تائالا ئىنسانلار ئىچىدىكى شۇنداق مۇتەكەببىرلەرنى قاتتىق ئەيىپلەپ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ دەرتلىك ئازابى كېلىدىغانلىقى بىلەن

ئاگاھلاندۇرغان. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالانىڭ بەزى ئىنسانلارنى ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى دۇنياسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى بىلەن سۈپەتلىگەن ئايەتلەر بەك كۆپ. ھەر قانداق ئىنسانىنىڭ سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى ماس كەلمىسە ئاللاھ ئۇنداق كىشىنىڭ ھېچقانداق ئىشىنى قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ شەكلىگە ئەمەس، بەلكى قەلبىگە ۋە ئىچكى دۇنياسىغا قارايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿وَكَذَٰلِكَ جَعَلْنَا لِكُلِّ نَبِيٍّ عَدُوًّا شَيَٰطِينَ ٱلْإِنسِ وَٱلْجِنِّ يُوحِي بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ زُخْرُفَ ٱلْقَوْلِ غُرُورًا وَلَوْ شَآءَ رَبُّكَ مَا فَعَلُوهُ فَذَرْهُمْ وَمَا يَفْتَرُونَ﴾ ﴿شۇنىڭدەك (يەنى بۇ مۇشرىكلارنى ساڭا دۈشمەن قىلغاندەك) ئىنسانلار ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرىنى ھەر بىر پەيغەمبەرگە دۈشمەن قىلدۇق، ئۇلار ئالداش ئۈچۈن شېرىن سۆزلەر بىلەن بىر-بىرىگە ۋەسۋەسە قىلىدۇ، ئەگەر پەرۋەردىگارىڭ خالىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى (يەنى پەيغەمبەرلەرگە دۈشمەنلىكنى) قىلمايتتى، ئۇلارنى ئۆزلىرى توقۇغان ھىيلە- مىكىرلىرى بىلەن قويۇپ بەرگىن (ئاللاھ ساڭا ئۇلارغا قارشى ياردەم بېرىدۇ)﴾[1].

[1] ئەنئام سۈرىسى 112 ـ ئايەت.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېسىل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇمەيد

(07/07/1434ھ = 17/05/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېسىل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەمدە ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

مەخلۇقلارنىڭ خوجىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېسىل ئەخلاقنى تاكامۇللاش، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى يەتكۈزۈش ۋە شەرىئەتنىڭ قانۇن-تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن رەھمەت پەيغەمبىرىدۇر. شەرىئەت ئەھكاملىرى نازىل بولغان چاغدا تولۇق مۇكەممەل ھالدا نازىل بولغان ھەمدە ئىنسانلاردا ياخشى ئەخلاق، دىن ۋە گۈزەل مۇئامىلە ئاساسىنى پۇختىلاشنى مەخسەت قىلغان. ئەدەپ-ئەخلاق ۋە مۇئامىلىدىكى ئىللىقلىق، ئاللاھ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان ئىنئامدۇر.

باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە باشقىلارغا چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش، دىنىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىنساندىكى ئىشتىياق ۋە

ئارزۇلارنىڭ گۈزەللىكى، ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ گۈزەللىكىنىڭ دەلىلىدۇر. باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىدە مېھرىبان، ئوچۇق چىراي ۋە ئېسىل ئەخلاقلىق بولۇش ھەمدە سۆز- ھەرىكەتتە ۋە ئىما-ئىشارەتلەردە باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان قىلىقلارنى قىلماسلىق، ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاقتۇر. ئىنسانلار ئۆز تەبىئىتىدە شۇنداق مۇلايىملىقنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە باغرى يۇمشاقلىققا مايىل كېلىدۇ.

ئىنسانلارغا تەبەسسۇم قىلىش، گۈزەل چىراي بولۇش، ئىللىق مۇئامىلە قىلىش، قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ۋە چىرايلىق سۆز ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىش، دىللارنى ئەسىر قىلىدىغان سېھرىي كۈچتۇر. سىز دېمەكچى بولغان ۋە ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان بارلىق مەسىلىلەرنى چىرايلىق مۇئامىلە ۋە ئىللىق سۆز ئىبارىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويسىڭىز قارشى تەرەپ ئۇنى تېز قوبۇل قىلىدۇ.

بىر ئىنسانغا ئېسىل پەزىلەت، يۈكسەك ئەخلاق ۋە باشقىلارغا مېھرىبانلىق بىلەن ئىللىق مۇئامىلە قىلىشتەك خىسلەتلەرنىڭ بېرىلىشى، ئۇ كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ ۋە بەخت-سائادىتىنىڭ ئالامىتىدۇر. ئەخلاق-پەزىلەت ۋە مېھرىبانلىق ئارقىلىق ئىنسان ئۆزىنى بەختلىك قىلغاندىن تاشقىرى، يىراق-يېقىن دوستلىرى ۋە تۇغقانلىرىنىمۇ بەختلىك قىلالايدۇ. ھايالىق بولۇش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر. دىنىمىزنىڭ تەلىماتى، باشقىلارغا داۋاملىق ئىللىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئىسلام قېرىنداشلىقى ۋە دىن رىشتىسىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئەخلاق ۋە مۇئامىلە ئىبادىتى بىلەن دىنى ئىبادەتلەرنىڭ چەمبەرچاس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ناماز ئىنساننى يامان قىلىق، ناچار ئەخلاق ۋە روھىي ئىللەتلەردىن توسىدۇ. نامازدا ئېسىل زەۋق ۋە يۈكسەك ئەخلاق بار بولۇپ، مەسجىدگە بارغان ئادەمنىڭ مۇكەممەل زىننەت كىيىملىرىنى كىيىپ بېرىشى بۇيرۇلغان، مەسجىدكە كىرگەندە تەمكىن بولۇش، سەپنى رۇسلاپ ئولتۇرۇش ۋە ئەتراپتىكىلەرگە ئازار بەرمەسلىك تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن خام سامساق، پىيازلارنى يەپ مەسجىدكە كىرىش چەكلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ

نەرسىلەرنىڭ ھىدى يېنىمىزدا ئولتۇرغانلارغا ئازار بېرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىنسان ئىككى-ئۈچ كۈن يۇيۇنماي مەسجىدكە كىرسە، تەر پۇراپ باشقىلارغا سامساق، پىيازدىنمۇ بەكرەك ئازار بېرىدۇ.

سەدىقە بەرگەندىمۇ ئاشكارا ھالدا باشقىلارغا كۆرسىتىپ بېرىش خاتا، چۈنكى ئۇنداق قىلىش، سەدىقە ئالغۇچىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ ئوڭ قولدا بەرگەن سەدىقىنى سول قولنىڭ بىلمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلغان. ئىسلام دىنىمىزدا سەدىقىنىڭ ئۇقۇمى كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، پۇل-مال ئارقىلىقمۇ سەدىقە بېرىلىدۇ ۋە مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ چىرايىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىشمۇ سەدىقىدۇر. يول تاپالمىغان ئادەمگە يول كۆرسىتىش، ئېزىپ قالغانلارنى بارىدىغان يېرىگە ئاپىرىپ قويۇش ۋە يولدىكى باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان چالما-كېسەك ۋە تىكەنلەرنى ئېلىۋېتىشمۇ سەدىقە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر.

كۆپ كىشىلەر ياخشى ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەت بىلەن ياخشى ئىبادەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى باغلىيالماي قالىدۇ. بەزى كىشىلەر نامازنى بەش ۋاقىت جامائەت بىلەن ئوقۇيدۇ، لېكىن ئەخلاقتا زىت قىلىقلارنى قىلىدۇ، قوشنىسىغا ئازار بېرىدۇ، ئۆي خىزمەتچىلىرىنى كەمسىتىپ، ئۇنىڭغا ئازار بېرىدۇ ۋە باشقا مىللەتلەرنى تۆۋەن كۆرىدۇ. ئىنساننىڭ ئىبادىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا تەسىر كۆرسەتمىسە، ئىبادەتنىڭ ئىنسانغا ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان بولىدۇ. ئىبادەت ئۇقۇمى ۋە غايىسى بولسا، دىللارنىڭ ئىختىلاپلاشماسلىقى، روھلارنىڭ بۇلغانماسلىقى، بىرلىكنىڭ ۋە سەپلەرنىڭ بۇزۇلماسلىقىنى مەقسەت قىلىدۇ. ھېكمەتلىك كىشىلەر دېگەنكى، «ئېسىل ئەخلاق پەزىلەت، ئاتا-ئانىسىنىڭ كىملىكى ياكى نەسەبىنىڭ يۇقىرىلىقىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، بەلكى ئەقىل بىلەن ئەدەپ-ئەخلاقنىڭ مەھسۇلىدۇر، بارلىق پەزىلەت ۋە ئالى جانابلىقنىڭ ئاچقۇچى ئەدەپ-ئەخلاقتۇر». مېھرىبانلىق ۋە زەۋقلىق بولۇش ئەرلەردىكى ئاجىزلىق ئەمەس، چۈنكى ھەقىقى ئېسىل پەزىلەتلىك ئادەم كۆزىنىڭ سۆيىنى ئېقىتىشتىن قېنىنى ئېقىتىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ.

ئاقىل كىشى ئادەملەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى ساقلايدۇ، ئەخلاقتا

زىت بىمەنە ھەرىكەتلەرنى سادىر قىلمايدۇ ۋە ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلمايدۇ. ئاجىز ئىنسان بولسا ئۆزىنى كونترول قىلىشنى بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ مۇئامىلىسى قوپال ۋە تەبىئىتى يىرىك بولىدۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ ۋە ئېغىزىغا كەلگەننى سۆزلەيدۇ، باشقىلارنىڭ ئاچچىقى كېلىشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كولايدۇ. ئىبنى قەييۇم جەۋزى بۇ خىلدىكى ئادەملەرنى سۈپەتلەپ: «يىرىك، قوپال ۋە ئۆزىنى نەدە قويۇشنى بىلمەيدىغان كىشىلەردۇر»، دەپ تەسۋىرلىگەن.

ئىنساننىڭ تىلى رۇسلانمىغۇچە ئۇنىڭ قەلبى رۇسلانمايدۇ. تىلىنى يامانغا قويۇپ بەرگەن ۋە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىشقا كۆنۈپ قالغانلار قىيامەتتىكى ھېساب كۈنىنى ئەسلىشى كېرەك. ئاللاھ ئەڭ يامان كۆرىدىغان ئىنسان بولسا ئاداۋىتى يامان ئىنساندۇر. كىمكى ئەدەپ-ئەخلاقى ناچار بولىدىكەن، ئۇنىڭ نەسەبى بۇزۇلىدۇ. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يامان ئورۇندا تۇرىدىغان ئىنسان بۇ دۇنيادا كىشىلەر ئۇنىڭ ناچار قىلىقلىرىدىن ۋە بىمەنە سۆزلىرىدىن قېچىپ تاشلىۋەتكەن ئىنساندۇر.

ئاللاھ بىزلەرنى ياخشى ئەخلاقلىق سالىھ بەندىلەر قاتارىدىن قىلسۇن، ئامىين!.

# ھەر بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق بولۇشى ئىلاھىي قانۇنىيەتتۇر

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(14/07/1434ھ = 22/05/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھەر بىر قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىق بولۇشى ئىلاھىي قانۇنىيەتتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. سىلەر ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مۇستەھكەم ئېسىلىڭلار! چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِن تَتَّقُوا اللَّهَ يَجْعَل لَّكُمْ فُرْقَانًا وَيُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغفىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر﴾[1].

دۇنيانىڭ بارلىق ئىشلىرى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر. ئاللاھ بارلىق مەخلۇقلارنى يالغۇز ھالدا مەھشەرگاھقا يىغىدۇ ۋە پۈتۈن مەخلۇقلار يارىتىلغان پېتى يىغىلىدۇ. ئاللاھنىڭ كىتابى ھەر بىر مۇئمىن ئۈچۈن شىپا ۋە تەسەللىدۇر. ئاللاھنىڭ كىتابى بارلىق ئىنسانىيەتكە نۇر ۋە ھىدايەت

[1] ئەنفال سۈرىسى 29 ـ ئايەت.

بولۇپ، ئاللاھنىڭ كىتابىغا مۇستەھكەم ئېسىلغانلارغا ھېچقانداق خارلىق يوقتۇر. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَهِنُوا وَلَا تَحْزَنُوا وَأَنتُمُ الْأَعْلَوْنَ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ﴾ ﴿سىلەر (جىھادتىن) بوشاشماڭلار، قايغۇرماڭلار، ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، ئۈستۈنلۈك قازىنىسىلەر، شېھىد بولغانلار ئۈچۈن﴾[1].

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ الْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُ ۚ وَتِلْكَ الْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ النَّاسِ وَلِيَعْلَمَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا وَيَتَّخِذَ مِنكُمْ شُهَدَاءَ ۗ وَاللَّهُ لَا يُحِبُّ الظَّالِمِينَ﴾ ﴿ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىد بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) ئاللاھنىڭ (ھەقىقى) مۇئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شەھىدلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىدلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر، ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[2].

ناھەقچىلىك ۋە باتىلنىڭ كەلگۈسى پۈچەكتۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ دۇنيادىن يوقاپ كەتكەن ۋە مۇنقەرىز بولۇپ كەتكەن مىللەتلەرنىڭ ئۆتمۈشى ۋە قىسسىلىرىنى بايان قىلدى، چۈنكى ئۇ مىللەتلەر خاتا يولدا ماڭغان ۋە شۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرغان ئىدى. ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى قانۇنىيىتى بولسا بەندىلەرنى سىناش ۋە ئىمتىھان قىلىشتۇر. سىناقنىڭ يەنە بىر ھېكمىتى مۇئمىنلارنىڭ سېپىنى تازىلاشتۇر.

ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّا كَانَ اللَّهُ لِيَذَرَ الْمُؤْمِنِينَ عَلَىٰ مَا أَنتُمْ عَلَيْهِ حَتَّىٰ يَمِيزَ الْخَبِيثَ مِنَ الطَّيِّبِ ۗ وَمَا كَانَ اللَّهُ لِيُطْلِعَكُمْ عَلَى الْغَيْبِ وَلَٰكِنَّ اللَّهَ يَجْتَبِي مِن رُّسُلِهِ مَن يَشَاءُ ۖ فَآمِنُوا بِاللَّهِ وَرُسُلِهِ ۚ وَإِن تُؤْمِنُوا وَتَتَّقُوا فَلَكُمْ أَجْرٌ عَظِيمٌ﴾ ﴿ئاللاھ يامانىنى (يەنى مۇناپىقنى) ياخشىدىن (يەنى مۇئمىندىن) ئايرىمىغۇچە مۇئمىنلەرنى (يەنى

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 139 ـ ئايەت.
[2] ئالى ئىمران سۈرىسى 140 ـ ئايەت.

سىلەرنى) ھازىرقى پېتىڭلارچە قويمايدۇ. ئاللاھ سىلەرنى غەيبتىنمۇ خەۋەردار قىلمايدۇ ۋە لېكىن ئاللاھ پەيغەمبەرلىرىدىن خالىغىنىنى تاللاپ، ئۇنىڭغا (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇناپىقلارنىڭ ھالىنى بىلدۈرگەندەك) غەيبنى بىلدۈرىدۇ؛ ئاللاھ قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتىڭلار، ئەگەر سىلەر ئىمان ئېيتساڭلار ۋە (پەرۋەردىگارىڭلاردىن) قورقساڭلار، چوڭ ساۋابقا ئېرىشىسىلەر﴾[1].

زەيد ئىبنى ئەسلەم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستا، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ئۇمەر ئىبنى خەتتابقا خەت يازغان ۋە خېتىدە رۇملۇقلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر ھەققىدە بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەزى يولسىزلىقلىرىدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى يازغان. ئۇمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن خەت يېزىپ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھقا ھەمدۇ سانالاردىن كېيىن مەلۇم بولغايكى، مۇئمىن كىشىگە قانچە ئېغىر مۇسىبەت كەلسىمۇ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ئاسايىشلىق ۋە ئامانلىق بېرىدۇ. ھېچقاچان بىر قىيىنچىلىق ئىككى ئاسانلىقنى يېڭەلمەيدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اصْبِرُوا وَصَابِرُوا وَرَابِطُوا وَاتَّقُوا اللَّهَ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! تائەت ـ ئىبادەتنىڭ مۇشەققەتلىرىگە ۋە سىلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلارغا سەۋر قىلىڭلار، دۈشمەنلەرگە زىيادە چىداملىق بولۇڭلار، (چېگرالىرىڭلارنى ساقلاپ) جىھادقا تەييار تۇرۇڭلار، مەقسىتىڭلارغا يېتىش ئۈچۈن ئاللاھ دىن قورقۇڭلار (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلماڭلار)﴾[2].

بىزنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىمانىمىز كۈچلۈك، بىر كۈن نۇسرەت غەلىبىسى كېلىدۇ، كۈن نۇرى زۇلۇم قاراڭغۇلۇقلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، نۇر قاراڭغۇلۇقنى قوغلايدۇ. سەھەر يورۇغاندا ئارمانلار تەبەسسۇم قىلىدۇ.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئىمام ئىككىنچى خۇتبىسىدە مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: بىزنىڭ ئاللاھقا

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 179 ـ ئايەت.
[2] ئالى ئىمران سۈرىسى 200 ـ ئايەت.

بولغان ئىمانىمىز ھەقىقەتەن بۇيۇك، ئاللاھنىڭ مۇئمىنلەرگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىشىغا ئىمانىمىز كۈچلۈك. يوللارنىڭ ھەممىسى تاقىلىپ قالغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە بارىدىغان يول تاقالمايدۇ. بارلىق چارە تەدبىرلەر كارغا كەلمىسىمۇ، ئاللاھنىڭ تەدبىرى مۇستەھكەمدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق غالىب بولغۇچى يوقتۇر.

بۇ سائەتلەردە ھەر بىر مۇسۇلمان دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەزلۇم قېرىنداشلىرىنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن، ئاللاھقا يىلىنىپ دۇئا قىلىشى كېرەك. مۇسۇلمانلارغا قارشى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر تىل بىرىكتۈرگەن بولسىمۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىسى بولمىسىمۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ئىمانىمىز كامىل. ئاللاھ مۇئمىنلەرنى يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، ئەلۋەتتە دۈشمەنلەر ئۈستىدىن ئۇلارغا غەلىبە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ.

ئى جەڭچىلىرى مەغلۇب بولمايدىغان، بۇيرۇقى رەت قىلىنمايدىغان ئاللاھ! بىز سېنى پاك دەيمىز، ساڭا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز، سېنىڭ مەرتىۋەڭ ئۇلۇغتۇر. سېنىڭ ئىسىملىرىڭ مۇقەددەستۇر. سېنىڭ ئىسمى-سۈپەتلىرىڭنىڭ ھۆرمىتىدىن تىلەيمىزكى، ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن دۇنيادىكى مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۈستىدىكى مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋەتكەيسەن، ئۇلارغا پات ئارىدا نۇسرەت بەرگەيسەن ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزۈڭ مەسئۇل بولغايسەن.

ئى خەندەك كۈنىسى گۇرۇھلارنى مەغلۇب قىلغان ئاللاھ! ئى بەدرى كۈنى پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن ئاللاھ! شامدىكى مۇجاھىدلارغا نۇسرەت ئاتا قىل! قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قانلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىدىن ساقلاپ قال. ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى خاتىرجەملىككە ئايلاندۇرغىن، ئۇلارنىڭ شەرەپلىرىنى ساقلىغىن، ئاچ قالغانلىرىنى تويغۇزغىن، يالىڭاچ قالغانلىرىنى كەيگۈزگىن، قەدەملىرىنى جەڭ مەيدانلىرىدا مۇستەھكەم قىل!

ئى گۇرۇھلارنى يەڭگۈچى ئاللاھ! زالىملارنى مەغلۇب قىل، قېرىنداشلىرىمىزغا زالىملار ئۈستىدىن نۇسرەت ئاتا قىلغىن! ئى ئاللاھ مەسجىدىل ئەقسانى زالىم يەھۇدىلاردىن ئازات قىل! ئى ئاللاھ مىسىردىكى قېرىنداشلىرىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىل! پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىل! ئەھۋالىنى

ياخشىلاپ بەر! دۈشمەنلىرىنى مەغلۇب قىلغىن! ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ئۇلۇغ قىل! مۇسۇلمانلارغا يامان نىيەت قىلغان، ئاداۋەت قىلغان ۋە ئىسلامغا قارشى جەڭ ئېلان قىلغان زالىملارنى ئۆز قولى ئارقىلىق مەغلۇب قىلغىن، دۇنياغا شۇ زالىملارنى ئىبرەت قىلىپ كۆرسەت. ئامىين يا رەببەل ئالەمىين!!!

# ئىسلام ئۈممىتى داۋاملىق جاپا-مۇشەققەتلەر ۋە مۇسىبەتلەر ئارقىلىق سىناقلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ، غەلبە-نۇسرەت ئاللاھتىندۇر

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(05/08/1434ھ = 14/06/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتەلمىگەن مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلام ئۈممىتى داۋاملىق جاپا-مۇشەققەتلەر ۋە مۇسىبەتلەر ئارقىلىق سىناقلارغا دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ، غەلبە-نۇسرەت ئاللاھتىندۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەمدە ئاللاھتىن ئۇنىڭ ئەزىمىتى ۋە جالالىغا لايىق رەۋىشتە قورقۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى خالايىق! ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۈممىتىنى باشقا مىللەتلەردىن ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ياراتتى. ھايات، تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ يوللىرى بىلەن كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا چاقىردى. ھەقىقىي مۇئمىنلەر خۇشاللىق كۈنلىرىدە ئاللاھقا شۈكرانىلىرىنى بىلدۈرسە، مۇسىبەت كەلگەندە سەۋر قىلىدۇ. غەلبە قىلىپ، زەپەر قۇشى قونغان چاغدىمۇ، نۇسرەتنىڭ ئاللاھتىن ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتمايدۇ. مەغلۇب بولۇپ قالسا، مەغلۇبىيەتنىڭ ئۆزى قىلغان خاتالىق سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنىمۇ بىلىدۇ، چۈنكى ئاللاھ

ئۇلارغا شۇنداق ئۆگەتكەندۇر.

ئىسلام ئۈممىتى ھازىرقى زاماندا ئېغىر سىناق-ئىمتىھانلارغا دۇچ كەلدى. ھازىرقى زامان مەلۇمات ۋە تېخنىكا ۋولقانلىرى پارتلىغان بىر زامان بولۇپ، يىراقنى يېقىنلاشتۇردى، سىرلارنى يوشۇرۇنلىقى ئاشكارىلىۋەتتى، نەتىجىدە، ۋەيران قىلغۇچ دولقۇن مەدەنىيەت دۇنياسىدا تەننى شادلاندۇرغان بولسىمۇ، ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆلتۈردى، شۇڭا دۇنيا بىر قۇرۇق گەۋدىگە ئايلىنىپ قالدى. بىز بولساق ئاد قەۋمىنىڭ زالىملىقى، لۇت قەۋمىنىڭ گۇناھ-مەسىيىتى، پىرئەۋننىڭ سېھىرلىرى، مەديەن خەلقىنىڭ كۆز بويامچىلىقى، نۇھ قەۋمىنىڭ مەسخىرىسى، يۇسۇپ قېرىنداشلىرىنىڭ سۇيىقەستلىرى بىرلىشىپ، يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بىر دۇنيادا ياشىماقتىمىز.

ئىسلام ئۈممىتى مەزكۇر مۇسىبەتلەر ئىچىدە كۆيىۋاتقان ئوت ئاپىتىگە يولۇققان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ھازىرقى زاماندا تۆرلۈك مەدەنىيەتلەر ئۆزىنىڭ بارلىق غەملىرى ۋە خۇشاللىقلىرى بىلەن قوشۇپ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى چىرمىۋالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ قەلبىمىزدە غەليان پەيدا قىلىپ، ھەر تەرەپنى ئۈمىدسىزلىك، مۇسىبەت ۋە ئاپەت قاپلاپ كەتتى.

ھەر بىر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى مۇسىبەتلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن سىقىلىپ خۇددى قۇرئان كەرىم تۆۋەندە سۈپەتلىگەندەك ھېس قىلماقتا: ﴿فَمَن يُرِدِ اللَّـهُ أَن يَهْدِيَهُ يَشْرَحْ صَدْرَهُ لِلْإِسْلَامِ وَمَن يُرِدْ أَن يُضِلَّهُ يَجْعَلْ صَدْرَهُ ضَيِّقًا حَرَجًا كَأَنَّمَا يَصَّعَّدُ فِي السَّمَاءِ كَذَٰلِكَ يَجْعَلُ اللَّـهُ الرِّجْسَ عَلَى الَّذِينَ لَا يُؤْمِنُونَ﴾ ﴿ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى ئاللاھ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ﴾[1].

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دەرت-ئەلەملىرى كۆپىيىپ كەتتى، ئارزۇ-ئارمانلىرى سۇيىقەستكە ئۇچرىدى. زېمىنلىرى تالان-تاراج قىلىنىپ، ۋەيران بولدى،

[1] ئەنئام سۈرىسى 125 ـ ئايەت.

دىيارلىرى خاراب قىلىندى، مال-دۇنيالىرى ئوغۇرلاندى، مۇسىبەت ۋە ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارغىلا ئېكسپورت قىلىندى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇلارغا شۇنداق ئېغىر زۇلۇم-ئىشكەنجە بولۇۋاتىدۇ، دەريا - دەريا قانلىرى ئېقىۋاتىدۇ، پەقەتلا ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى، مېنىڭ ھەققىم ناھەق، سىنىڭ ھەققىڭ توغرا! دەپ، ئېتىراپ قىلىشتۇر. نەتىجىدە، بىز ياشاۋاتقان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ناھەقلىقى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ.

يېقىنقى بىر قانچە يىللاردىن بىرى ئاتالمىش «ئىنسان ھەقلىرى» شوئارى ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەمما ئىسلام ئۈممىتىنىڭ «ئىنسان ھەقلىرى» دىن ھېچقانداق نېسىۋىسى بولمىدى. «ئىنسان ھەقلىرى» دىن ئىبارەت بۇ چىرايلىق شوئار مۇسۇلمانلارغا تانكا، زەمبىرەكلەر ۋە كۈرەشچى ئايروپىلانلارنىڭ قۇلاقنى يارىدىغان ئاۋازلىرى ئاستىدا كەلگەن بولۇپ، كۆنگە مىڭلارچە بىگۇناھ جانلارنى، ھېساپسىز، رەھىم-شەپقەتسىز ۋە ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان ھالدا قىرىپ تاشلىماقتا.

ئىسلام ئۈممىتى ھەقىقىي ئىززەت-شەرەپ ئىگىسىدۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ بېشىغا شۇنچە ئېغىر مۇسىبەتلەر كەلسىمۇ، مەيداندىن ۋە ئىماندىن ۋاز كەچمەيدۇ. يىغلىغان ياشلار يىغا-زارە قىلىش ئارقىلىق ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالدىدا ياراتقان ئىگىسى بولغان ئاللاھقا ئېسىلىشتىن باشقا ھېچقانداق يول يوق. بىرىنچىدىن ئاللاھقا ئېسىلىش، ئىككىنچىدىن ئۈممەتنىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلىكى ھەممىدىن مۇھىمدۇر. شۇنداق قىلغاندا ئۈممەت ئۆزىنىڭ توغرا ھەق-ھوقۇقلىرىنى قوغدىيالايدۇ، يېتىملەرنىڭ ياشلىرىنى سۈرتەلەيدۇ ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن ئۈرۈش، تالاپەت، مۇسىبەت، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىكلەرنى يېڭىپ ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

ئىسلام دىنى ئىسلام ئۈممىتىنى ئۆزىنىڭ دىن بىرلىكى ۋە ھەمكارلىق ئېڭى ۋە ئىمانىي كۈچى ئارقىلىق دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئادالەتلىك مىللەت قاتارىغا قوشالايدۇ. مۇسۇلمانلار كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ، ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئاللاھنىڭ دىنىغا ھەقىقىي رەۋىشتە قايتىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ

دۈشمەنلىرى ئۇلارنى خالىغانچە بوزەك قىلالمايدۇ ۋە ئۆلتۈرەلمەيدۇ، ۋاقتى كەلگەندە تىكلىنىپمۇ قارىيالمايدۇ.

بۇ يەردە بىر ھەقىقەت باركى، ئىسلام ئۈممىتى ئاجىزلايدۇ، ئەمما ئۆلۈپ تۈگىمەيدۇ. مەغلۇب بولىدۇ، ئەمما تەسلىم بولمايدۇ!!

ئىسلام ئۈممىتى ھەر قانداق بىر قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەندە كەڭچىلىك يولىنى ئىزدىشى كېرەك ۋە مۇسىبەت ئېغىرلاشقاندا ئاللاھنىڭ نۇسرىتىنى كۈتۈشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئۈمىدلىك بولۇشقا چاقىرغان. شۇم پال ئېلىش ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن توسقان. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ قانچە ئېغىر بولۇشىغا قارىماي، دۇنياغا ۋە كەلگۈسى نۇسرەتلەرگە قارىتا ئۈمىدلىك بولۇشى كېرەك، چۈنكى ئاللاھ ئۈچۈن دۇنيادا ھېچ ئىش قىيىن ئەمەس، ئاللاھ ھەرگىز ئاجىز كەلمەيدۇ.

بىلىش كېرەككى، مۇسۇلمانلار زالىم ئەمەس، تاجاۋۇزچىمۇ ئەمەس. بۇ ئۈممەتنىڭ تەبىئىتى قامۇسىدا زۇلۇم، خىيانەت ۋە تاجاۋۇز قىلىش دېگەنلەر يوق. ئىسلام ئۈممىتى ئادالەت ياقىلايدىغان ۋە ئاللاھتىن باشقىغا باش ئەگمەيدىغان ئۈممەتتۇر.

كىمكى ئاللاھنى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇيدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ. ئاللاھقا بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە مۇكەممەل ئىمان ئالدىدا ئۈمىدسىزلىك ۋە روھىي چۈشكۈنلىككە يول يوق. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىس شەرىپلىرىدە مۇئمىنلەرگە نۇسرەت ئاتا قىلىشقا ۋەدە بەرگەن. بىراق ئۈممەت ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ۋەدە قىلغان نۇسرەتكە لاياقەتلىك بولۇش ئۈچۈن، نۇسرەتكە ئېرىشىشنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىشى كېرەك. ئىسلام ئۈممىتى ئۈچۈن مۇھىم بولغان نەرسە تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەش ۋە بىرلىك سەپ تۇرغۇزۇشتۇر. چۈنكى ئىشلەش غەلىبىنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئەمەل قىلىش بولسا، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە قايتىشتۇر.

ئۈممەت بىرلىك، ھەمكارلىق ۋە تىرىشچانلىققا تولىمۇ موھتاجدۇر. ئۈممەتنىڭ

بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەر، كۈتۈلمىگەن ھادىسە ياكى تاسادىپىلىق بولماستىن، بەلكى مۇسۇلمانلار ئۆزى سادىر قىلغان خاتالىقلار، تولدۇرۇشقا تېگىشلىك بوشلۇقلار، مەسئۇلىيەتسىزلىكلەر ۋە دىنى قېرىنداشلىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشتىن باش تارتقانلىقتەك خاتالىقلارنىڭ مەھسۇلىدۇر.

بىلىش كېرەككى، جامائەتتىن ئايرىلغان (مۇسۇلمانلار جامائەسىدىن ئايرىلغان) كىشىلەر باشقىلارغا يەم بولىدۇ، توپتىن ئايرىلغان قوينى بۆرە يەيدۇ. شۇنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، بىزنىڭ دۇنيانىڭ ھەر يېرىدە قېرىنداشلىرىمىز بار، ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېغىر مۇسىبەتلەر كەلدى، زالىملار ئۇلارغا قارشى بىرلەشتى. تاجاۋۇزچىلار قېرىنداشلىرىمىزنى ئايال، كىچىك ۋە قېرى دېمەستىن ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىز زالىملارنىڭ ۋە تاجاۋۇزچىلارنىڭ سورەن شاۋقۇنلىرى ئىچىدە زايا بولۇپ كىتىۋاتىدۇ. مىڭلارچە مۇسۇلمان ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئۆيلىرىدىن پالاندى. مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇسىبىتى ئۈممەتنىڭ مەسئۇللىرى، ئالىملىرى، ھاكىملىرى، پۇقرالىرى بەلكى ھەر بىر شەخسنى ئاللاھ ئالدىدا ئېغىر مەسئۇلىيەتكە تارتىدۇ. كىمكى ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن قاچسا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قاچالمايدۇ. قېرى-ياشانغانلار رەھىم-شەپقەتكە، ياردەم ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلەشكە موھتاجدۇر.

بىز مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىزغا ئاللاھنىڭ مۇنۇ ۋەدىسىنى ئەسلىتىمىز، ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن ۋە تەقۋادارلار بىلەن بىرگە. چۈنكى ئۇلار ياخشى ئىش قىلغۇچىلاردۇر، ئاللاھ ئۆزىنىڭ بەندىلىرىگە مېھرىبان بولۇپ، مەزلۇمغا نۇسرەت بېرىشنى ئۆزى ۋەدە قىلغاندۇر. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر.

# ئىسراپخورلۇق قىلماسلىق ۋە ھەر قانداق ئىشتا ئىقتىسادچان بولۇشتىن ئىبارەت ئالى سەۋىيەنى تۇرغۇزۇش كېرەك

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(12/06/1434ھ = 12/08/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسراپخورلۇقتىن توسۇش ۋە ھەر ئىشتا ئىقتىسادچان بولۇشتىن ئىبارەت ئالى سەۋىيەنى تۇرغۇزۇش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھتىن قورققان كىشىنى ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان كىشىگە ئاللاھ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ. ئاللاھقا شۈكۈر قىلغانلارنىڭ رىزقىنى ئاللاھ تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىدۇ، ئاللاھتىنلا قەرز سورىغانلارغا ئاللاھ ئۆزى مۇكاپات بېرىدۇ ۋە كۇپايە قىلىدۇ.

نىيەتنى خالىس قىلمىغان ئادەمنىڭ ئەمىلى مەقبۇل ئەمەستۇر. ئاللاھتىن ساۋاب ئۈمىد قىلمىغان كىشىگە ئەجرى بېرىلمەيدۇ. يوشۇرۇن ئاداۋەت ساقلىغاندىن ئاشكارا تاپا-تەنە ۋە مالامەت قىلغان ياخشىدۇر. نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ نەسىھەتى ھىلىگەرنىڭ ھىلىگەرلىكى ۋە چېقىمچىنىڭ چېقىمچىلىقىدىن ياخشىدۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَآمِنُوا بِرَسُولِهِ يُؤْتِكُمْ كِفْلَيْنِ مِن رَّحْمَتِهِ وَيَجْعَل لَّكُمْ نُورًا تَمْشُونَ بِهِ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَّحِيمٌ﴾ ئى (ئىساغا) ئىمان ئېيتقان كىشىلەر!

ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ئىمان ئېيتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمىتىدىن ئىككى ھەسسە بېرىدۇ، سىلەرگە سىلەر (ئاخىرەتتە پىلسىراتتا) ماڭىدىغان نۇرنى پەيدا قىلىدۇ، سىلەرگە مەغفىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ بەكمۇ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆز داستىخانلىرىدا رەڭگارەڭ يېمەكلەرنى قويغان، ئۆيلىرىدە قىممەت باھالىق ھاجەتتىن تاشقىرى قاتناش قوراللىرىنى ساقلىغان ۋە ئۇنى بىھۇدە كۆز ـ كۆز قىلغان كىشىلەردىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ. ھەقىقىي پەزىلەت، ئىمانى كۈچلۈك، جىسمانىي ساغلاملىقى يۇقىرى ۋە ئەرلىرى ئىرادىلىك بولغان مىللەتتە تېپىلىدۇ. ھەر قانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇشى كېرەك، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن ئىقتىسادچان بولۇش كېرەك ۋە ئىقتىسادچان بولۇش ئۈچۈن مال ـ دۇنيانى بىھۇدە ئىشلارغا بۇزۇپ ـ چاچماسلىق لازىم. ئىقتىسادچانلىقتا ھۆكۈمەتلەر، جەمئىيەتلەر ۋە شەخسلەرنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى بار. چۈنكى ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىقتىسادى كۈچلۈك بولىدىكەن، ئۇنىڭ دۆلەتلىرى كۈچلۈك بولىدۇ، شۇ چاغدا ئۇلار ياخشىلىقلارنى كۆپ قىلالايدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسساللامنىڭ ۋە ساھابە كىراملارنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى ئىككى قارا يېمەكلىكتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ بولسا خورما ۋە سۇدۇر. ئەنە شۇلار دىيارلارنى فەتھى قىلىپ، دۇنيانى ئىسلام نۇرى بىلەن نۇرلاندۇرغان كىشىلەردۇر. ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭمۇ ئوزۇقلىرى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ئىقتىسادچان ئىدى، لېكىن ئۇلاردىكى ئىرادە ئالاھىدە كۈچلۈك ئىدى. ھەر قانداق بىر دۆلەتنىڭ كۈچىيىشى ئۇنىڭ ئىقتىسادىغا باغلىقتۇر. ئىقتىسادنىڭ كۈچىيىشى بولسا ھاكىمىيەتتىكىلەر بولسۇن ياكى پۇقرالار بولسۇن، ياكى جامائەت ۋە تەشكىلاتلار بولسۇن، ھەممە بىردەك ئىقتىسادچان بولۇش، كىرىم مەنبەلىرىنى كۆپەيتىش، بىھۇدە چىقىمنى كەمەيتىش ۋە توختىتىش بىلەن

[1] ھەدىد سۈرىسى 28 ـ ئايەت.

بولىدۇ. ئىسراپخورلۇق قىلىش، ھاجەتتىن تاشقىرى پۇل چىقىم قىلىش ۋە ئىنسان ئۆزىنىڭ نەپسىگە ھاكىم بولالماسلىق، ھاۋايى-ھەۋەسنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەمەلىيەتتە بۇنداق قىلىش ئۆز نەپسىدىن باشقىنى ئويلىماسلىق، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ھېس قىلماسلىق ۋە نەپسانىيەتچىلىكنىڭ قۇلى بولۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. ئىسراپخورلۇق بولسا، باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلماسلىق، ئۈممەتنىڭ دەردى - ھالىغا يەتمەسلىك، بەلكى ھايۋانى تەبىئەتتە ياشاشتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. ئىسراپخورلۇق ئىقتىسادچانلىقنىڭ دۈشمىنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەمبەغەللىك ۋە خارلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر. مال-دۇنيانى ساقلاش بولسا دىننى ۋە شەرەپ-نومۇسنى ساقلىغانلىقتۇر.

ھېكمەتلىك كىشىلەر دېگەنكى: «مال-دۇنياسىنى ھىمايە قىلغان ئادەم، ئىككى ئۇلۇغ ئەنگۈشتەرنى ساقلىغان كىشىدۇر؛ ئۇ بولسا دىن ۋە شەرەپتۇر».

بىر ھەكىم: «سىلەر يانچۇقۇڭلاردا پۇل يوق ھالەتتە توق ياتقاندىن، ئاچ قالساڭلارمۇ يانچۇقۇڭلاردا پۇل بار ھالەتتە ئۇخلىغىنىڭلار ياخشى»، دېگەن.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دېگەنكى: «ئىقتىسادچانلىق، دۇنيا توپلاشنىڭ يېرىمىدۇر، مالنىڭ يوقاپ كېتىشى ۋە كەمبەغەللىكنىڭ سەۋەبى ئىسراپخورلۇقتۇر».

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئىقتىسادىنى ساقلاپ قېلىشى ۋە كۈچلەندۈرۈشى، ئۈممەتنىڭ مال - دۇنياسى بىلەن ئوينىشىدىغان ۋە ئۇنى خالىغانچە ئوغرىلايدىغان پارىخورلار ۋە چىرىكلەرنىڭ قوللىرىنى توسۇپ قېلىش بىلەن قولغا كېلىدۇ. ئىسراپخورلۇق بولسا سۆزدە، ئىش - ھەرىكەتتە، يېمەك-ئىچمەكتە، كىيىم - كېچەكتە، قاتناش قوراللىرىدا ۋە ئۆي-ۋاخلاردا ھەددىدىن ئاشۇرۋېتىشتۇر. ئىسراپخورلۇق، ئىستىمال قىلىنغان نەرسىنىڭ ئۆلچىمى ۋە ئېھتىياجىنى مۆلچەرلىيەلمەسلىك ھەمدە خەجلىمەيدىغان پۇلنى خەجلەش، ئېھتىياجى بولمىغان نەرسىنى سېتىۋېلىش ۋە ھاجەتتىن تاشقىرى

نەرسىلەرنى يىغىۋېلىشتۇر.

ئاللاھ ئەززەۋەجەللە بىزلەرنى دۇنيانىڭ زىننىتىدىن پايدىلىنىشقا رۇخسەت قىلغاندا، ئىسراپخورلۇقتىن توسۇپ، مۇنداق دېگەن: ﴿يَا بَنِي آدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِنْدَ كُلِّ مَسْجِدٍ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَا تُسْرِفُوا إِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ﴾ ﴿ئى ئادەم بالىلىرى! ھەر ناماز ۋاقتىدا (پاكىز تاۋاپ ۋاقتىدا ئەۋرەتلىرىڭلارنى سەترى قىلىپ تۇرىدىغان) كىيىملىرىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى مۇسۇلمان بولۇشنى تەلەپ قىلغان بىر كاپىرنى ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇن چاقىرتىپ، ئۆچكىنىڭ سۈتىنى تويغىچە ئىچىشكە بۇيرۇغان، ئۇ كاپىر سۈتكە تويماستىن يەتتە ئۆچكىنىڭ سۈتىنى سېغىپ ئىچكەن. ئەنە شۇ كاپىر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، يەنە ئۆچكىنىڭ سۈتىنى تويغىچە ئىچىشنى بۇيرۇغاندا، بىر ئۆچكىنىڭ سۈتىنى ئىچىپلا تويغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرگەن ساھابىلارغا: «مۇئمىن بىر قورساققا يەيدۇ، كاپىر بولسا يەتتە قورساققا يەيدۇ» دېگەن.

ھافىز ئىبنى رەجەب مۇنداق دېگەن: مۇئمىن بىر نەرسە يېسە قورسىقى ئېچىپ ئېھتىياجى بولغانلىقى ئۈچۈن يەيدۇ، كاپىر بولسا شەھۋىتىنى قاندۇرۇش ۋە لەززەتلىنىش ئۈچۈن يەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن يەتتە كىشىلىك يەيدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئويلايدىغان بولساق ۋە بىزدىكى ئىمان ھەقىقىي ئىمان بولسا، ھېچقاچان مال دۇنيانى ئىسراپ قىلمايمىز، بەلكى ئۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجلىرىغا خەجلەيمىز، ھەقىقىي مۇئمىن كىشى، ھەر قانچە ئىسراپ قىلمىسۇن، بۇزۇپ-چاچمىسۇن، دېسىمۇ ئۇنداق قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىمانى ئىسراپخورلۇقتىن ۋە بۇزۇپ-چېچىشتىن توسىدۇ. سانائەت مالللىرى ئىشلەپ چىقىرىدىغان دۆلەتلەر مەھسۇلاتنى بازارغا سېلىش ئۈچۈن، باشقىلارنى قىزىقتۇرۇش مەقسىتىدە مۇمكىن بولىدىغان چارىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللىنىپ

[1] ئەئراف سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

باقىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئەنە شۇ يەتتە قورساقلىقلار ئىشلەپ چىقىرىش مەھسۇلاتىنى كۆپەيتىپ، سەرپىياتنى كېمەيتىپ، ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بىزلەرنى قىزىقتۇرۇپ بىز مۇسۇلمانلارغا، (بىر قورساقلىقلارغا) مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋاتىدۇ، بىز ئېھتىياجىمىز بارمۇ، يوقمۇ دېمەستىن قارىغۇلارچە سېتىۋېلىپ، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى كۈچلەندۈرمەكتىمىز.

ئىسلام ئىقتىسادىنى تېجەشكە ۋە گۈللەندۈرۈشكە تىرىشىش ھۆكۈمەتلەر ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدۇر. ھۆكۈمەتلەر ئىستىمالچىلارنىڭ بىھۇدە ئىستىمال ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارغا تېجەشچانلىق ۋە ئىقتىساتچانلىقنى ئۆگىتىشى لازىم.

# ئىمان مۇئمىننىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(19/08/1434ھ = 28/06/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىمان مۇئمىننىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى: ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقى تەقۋادارلىقتۇر.

مۇئمىنلەردىكى ئىماندىن ئىبارەت سەرمايە، ئىگىسىنى تەۋپىق ـ ھىدايەتكە باشلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنى كۆزلىگەن نىشان ـ مەقسىتىگە تېز يەتكۈزىدۇ، مۇئمىننىڭ ئەڭ چوڭ غايىسى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللاھ خالىغان بەندىسىگە نۇسرەت ئاتا قىلىپ، ئەھلى ئىماننىڭ چىرايىنى ئاق ۋە يورۇق قىلىدۇ، مەرتىۋىسىنى كۆتۈرىدۇ ۋە ھال ـ ئەھۋالىنى ياخشىلايدۇ. ئىنسانغا شۇنداق بىر تۇيغۇ بېرىدۇكى، بارلىق نۇسرەت ۋە ياردەمنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ. ھەقىقەتتە ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھتىن باشقا ياردەمچى يوقتۇر. ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغان ئادەمگە خارلىق، زىيان ۋە مەغلۇبىيەت دېگەنلەر بولمايدۇ. ئاللاھ بۇ دۇنيادا ئۆزى خالىغان بەندىسىگە كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قَدْ كَانَ لَكُمْ آيَةٌ فِي فِئَتَيْنِ الْتَقَتَا فِئَةٌ تُقَاتِلُ فِي سَبِيلِ اللَّهِ وَأُخْرَىٰ كَافِرَةٌ يَرَوْنَهُم مِّثْلَيْهِمْ رَأْيَ الْعَيْنِ وَاللَّهُ يُؤَيِّدُ بِنَصْرِهِ مَن يَشَاءُ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبْرَةً لِّأُولِي الْأَبْصَارِ﴾ «(ئى يەھۇدىيلار جامائەسى! بەدرىدە جەڭ ئۇچۇن) ئۇچراشقان ئىككى گۇرۇھتا سىلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار، بىر ئاللاھ يولىدا ئۇرۇشۇۋاتقان گۇرۇھتۇر، يەنە بىرى مۇسۇلمانلارنى (سانىنى) ئۆزلىرىدەك ئىككى باراۋەر ئۇپئوچۇق كۆرگەن كاپىرلار گۇروھىدۇر (يەنى ئاللاھ كاپىرلارغا قورقۇنچ سېلىش بىلەن ئۇلارنى ئۇرۇشتىن قول يىغدۇرۇش ئۈچۈن، كاپىرلارغا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى جىق كۆرسەتتى). ئاللاھ خالىغان كىشىگە ياردەم بېرىپ قوللايدۇ. بۇنىڭدا ھەقىقەتەن ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئىبرەت بار»[1].

تەپسىر ئالىملىرى مەزكۇر ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئاللاھ ماددىي جەھەتتىن كۈچ-قۇدرەت توپلاشقا تىرىشقان كىشىلەرگە خالىسا ياردەم بېرىدۇ، يەنە خالىسا سانى ئاز ۋە ئاجىز، قارىماققا دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەستەك كۆرۈنىدىغان تەرەپكىمۇ نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ نەزىرىدە نۇسرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن، قارشى تەرەپنىڭ كۈچى، سانىنىڭ ئاز-كۆپلىكى مۇھىم ئەمەس. ئاللاھ نۇسرەت ئاتا قىلغان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى ۋە كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى تەسىر قىلمايدۇ. ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن پەخىرلىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارغا نۇسرەت ئاتا قىلمىدى ۋە ئۇلارغا سانىنىڭ كۆپلىكى پايدا بەرمىدى. چۈنكى غەلىبە-نۇسرەت ئىنسانلارنىڭ ئىلكىدە ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر.

ئاللاھ بۇ دۇنيادا غەلىبە-نۇسرەت ئۈچۈن سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ قويدى. ھەقىقىي غەلىبىگە ئېرىشىشنى خالىغانلاردىن ئاللاھ كۆرسەتكەن سەۋەب-چارىلەرنى قىلىش تەلەپ قىلىنغان، شۇ سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ كۈچلىكى ئاللاھقا بولغان ھەقىقىي ئىمان ۋە شۇ ئىمانغا لايىق ئەمەل-ئىبادەتلەرنى توغرا رەۋىشتە ئادا قىلىشتۇر. دىنىنىڭ خۇلاسىسى بولسا، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق مەخلۇققا چوقۇنماسلىق ۋە باش ئەگمەسلىكتۇر. دىنىنىڭ ئاساسى

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

ئاللاھنىڭ غەيرىگە چوقۇنماسلىق، ئىبادەت قىلماسلىق، مەدەت تىلىمەسلىك ۋە ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتنى ئاللاھ كۆرسەتكەن بويىچە قىلىشتۇر. ساپ ئىسلام، ساپ ئىمان ۋە ساپ ئەمەل، غەلبىنىڭ شەرتىدۇر. ھەقىقىي مۇئمىن مەزكۇر ئەمەللەردە بىدئەت-خۇراپاتلاردىن پۈتۈنلەي خالىي بولغاندىلا، ئاندىن ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە لاياقەتلىك بولالايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام مۇسۇلمانلارنى ئىسلامنى ساغلام ھالدا قوبۇل قىلىش، دىندا يوق ئىشلارنى پەيدا قىلماسلىق ۋە بىدئەت-خۇراپاتتىن يىراق بولۇشقا تەۋسىيە قىلغان. شۇنداق قىلغاندا مۇئمىن ئاللاھقا بولغان ئىمانى ۋە ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەم قىلالايدۇ. بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ ۋە بەندىدىن قورقمايدۇ.

مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بىجانىدىل ئەمەل قىلىش، تائەت-ئىبادەت، بىرلىك-ئىتتىپاقلىق ۋە سەۋر-سابات ئارقىلىق ئاللاھقا ياردەم قىلسا، ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتسە ۋە گۇناھ-مەسىيەتلەردىن قول ئۈزسە، ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ياردىمىگە ئېرىشىش لاياقىتىنى تىكلىيەلەيدۇ. مۇئمىنلەر ئىماندا ھەقىقىي بولۇپ، دۇنيانىڭ سەۋەب-تەدبىرلىرىنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئورۇنلاپ، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇلارغا چوقۇم ياردەم بېرىدۇ ۋە نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ. بۇ دۇنيا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن سىناق ۋە ئىمتىھان دۇنياسىدۇر، شۇڭا ئۇنىڭدا بالا-مۇسىبەتلەر كۆپ بولىدۇ، شۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان ئۈچۈن نۇسرەتنىڭ بېشارىتىدۇر. مۇسۇلمان ئۈچۈن دۈشمەنىنىڭ كۈچىنىڭ قانداق بولۇشى مۇھىم ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا بولغان ئىشەنچىسى، ئىمانى، ئىرادىسى ۋە قولىدىن كېلىدىغان سەۋەب-چارىلەرنى قىلىشى مۇھىمدۇر. كاپىرلار ۋە زالىملارنىڭ ئۈستۈنلىكى، گەرچە ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئۈستۈن بولغاندەك قىلسىمۇ، پەقەتلا ئۆز ۋاقىتلىقتۇر. ياخشى ئاقىۋەت ۋە غەلىبە-نۇسرەت ئاخىرىدا مۇئمىنلەرگە مەنسۇپتۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا مِن قَبْلِكَ رُسُلًا إِلَىٰ قَوْمِهِمْ فَجَاءُوهُم بِالْبَيِّنَاتِ فَانتَقَمْنَا مِنَ الَّذِينَ أَجْرَمُوا وَكَانَ حَقًّا عَلَيْنَا نَصْرُ الْمُؤْمِنِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) شۈبھىسىزكى، سەندىن ئىلگىرى نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى

قەۋمىگە (پەيغەمبەر قىلىپ) ئەۋەتتۇق، ئۇ پەيغەمبەرلەر ئۇلارغا (ئۆزلىرىنىڭ راست پەيغەمبەرلىكلىرىنى ئىسپاتلايدىغان) نۇرغۇن روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلىپ ئاسىيلىق قىلدى)، ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىدۇق، مۇئمىنلەرگە ياردەم قىلىش بىزگە تېگىشلىك بولدى﴾[1].

مۇئمىنلەر شۇ ھەقىقەتنى بىلىشى كېرەككى، غەلىبە-نۇسرەت ئاللاھتىندۇر. ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشىش، ئاللاھقا بولغان تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە ئىتائەت بىلەن قولغا كېلىدۇ. مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى ئارىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقى غەلىبىنىڭ ئاملى ئەمەس. گەرچە ماددى كۈچ-قۇدرەت يېڭىشنىڭ ئاملى بولسىمۇ، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن كېرەكلىك سەۋەب ۋە چارە-تەدبىرلەرنى قوللانغان بولساقمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان قانۇنىيىتى نەتىجىنى بەلگىلەيدۇ. ئاللاھ مۇئمىنلەرنى ئاللاھقا بولغان تائەت-ئىبادەتلىرى ئۈچۈن ئۈستۈن قىلىدۇ، كاپىرلارنى بولسا گۇناھ-مەسىيەتلىرى ئۈچۈن رەسۋا قىلىدۇ. ھەقىقىي مۇئمىنلەر ئاللاھتىن شۇنداق قورقىدۇكى، ئۇلار گۇناھ قىلىپ سالسا، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئازاپلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا مۇئمىنلەر دۈشمەنلىرىدىن قورقمايدۇ، بەلكى ئۇلار ئۆزى قىلىپ سالغان گۇناھلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقىدۇ. مۇئمىنلارغا كېلىدىغان غەلىبە-نۇسرەت كېچىكىپ قالغان تەقدىردە، ئۇلار دۈشمەنىنىڭ كۈچىگە قارىمايدۇ، بەلكى ئاللاھ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قايتا كۆزدىن كەچۈرىدۇ. مەغلۇب بولغان تەقدىرىدە مەغلۇبىيەت سەۋەبلىرىنى ئۆزىدىن ئىزدەيدۇ.

بۇنداق قىلىدىغانلار ھەقىقىي مۇئمىنلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىمانى قەلبلىرىنى يايرىتىدۇ ۋە تەۋھىدنى مۇستەھكەملەيدۇ، پايدا-مەنپەئەتنى ئاللاھتىن باشقىدىن كۈتمەيدۇ. مۇئمىنلارنىڭ روھىي دۇنياسى شۇنداق ئۈستۈنكى، غەلىبە قىلسا ئاللاھنىڭ پەزلىدىن كۆرىدۇ. ئەگەر مەغلۇبىيەتكە يولۇقسا خاتالىقنى ئۆزىدىن ئىزدەيدۇ.

[1] رۇم سۈرىسى 47 - ئايەت.

# مۇبارەك رامىزان ئېيى، قۇرئان ئېيى ۋە تائەت-ئىبادەت ئېيىدۇر

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(04/09/1434ھ = 13/07/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇبارەك رامىزان ئېيى بولسا قۇرئان ئېيى ۋە تائەت-ئىبادەت ئېيىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

مۇبارەك رامىزان ئېيى ئاللاھ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان سانسىزلىغان نېمەتلەر قاتارىدىن بولۇپ، ئۇ مۇسۇلمانلارنى ئالىي مەرتىۋىلەرگە ئېلىپ بارىدۇ. مۇبارەك رامىزان ئېيى ئاللاھقا بولغان تەقۋالىقنى ئاشۇرىدىغان، قۇرئان تىلاۋەتنى كۆپ قىلىدىغان، كۈندۈزى روزا تۇتۇش ۋە كېچىلىرى ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ كۆزەتچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدىغان ئايدۇر.

روزا ئىنساننى ياخشىلىق، ئېسىل پەزىلەت، شەرمى-ھايا ۋە ئىففەت-نومۇسقا چاقىرىدۇ. رامىزاندا مۇسۇلمان ئاياللار جەلىپكار كىيىملەرنى كېيىشتىن، نامەھرەم ئەرلەر بىلەن ئارىلىششتىن ساقلىنىش كېرەك. ئىسلام ئۈممىتى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئورنى ۋە شانۇ-شەۋكىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئەڭ ئەۋۋەل تەقۋادارلىققا ۋە بىرلىك-ئىتتىپاقلىققا مۇھتاج. ئەپسۇسكى قارايدىغان بولساق، بۇ ئۈممەت ھازىرمۇ بۆلۈنۈش ۋە تەفرىقە ئىچىدە ياشىماقتا. بۆلۈنۈش سەۋەبىدىن ئۈممەتنىڭ قىيىنچىلىقلىرى مۇرەككەپلىشىپ،

دەرت-ئەلەملىرى چوڭقۇرلىشىپ كېتىپ بارماقتا.

ئىسلام ئۇممىتى دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان سۇيىقەستلىرىگە ئۇچرىماقتا. پەلەستىندىكى قېرىنداشلىرىمىز زىيونىزىمچى جوھۇتلارنىڭ تاجاۋۇزلىرى ۋە مۇشتۇمزورلۇقىغا دۇچ كەلمەكتە. ئىسلام ئۇممىتى دۈشمەنلەرنىڭ قىرغىن قىلىشى، قەتلىئامى، زوراۋانلىقى ۋە ئۆز يۇرتلىرىدىن پالىشىغا دۇچ كەلمەكتە. پەلەستىندىكى قېرىنداشلىرىمىز ئىچكى تاشقى كۈچلەرنىڭ مۇداخىلە قىلىپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىشى ئارقىلىق، ئۆز مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا مۇكەممەل تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە.

مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا پەلەستىن قىيىنچىلىقى ئاز دەپ سۈرىيە مۇسىبىتى ئوتتۇرىغا چىقتى، سۈرىيە مۇسۇلمانلىرى ئىچكى ۋە تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ ۋەھشىلەرچە زورلۇقلىرىغا دۇچ كەلمەكتە. مۇبارەك رامىزان ئېيىدا قۇتقۇزۇش تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇھاسىرە ئاستىدىكى رايونلارغا كىرىشى چەكلەنمەكتە. بومباردىمان قىلغۇچى ھۇجۇملاردا ھاياتىدىن ئايرىلغانلاردىن باشقا ھايات قالغانلار ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا دۇچ كەلمەكتە.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆز قارچۇغى بولغان مىسىرنىڭمۇ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر كەلدى، بارلىق تەرەپلەر ئەقىل ۋە ھېكمەتنى ئىشقا سالمايدىكەن، ئۇ يەردىمۇ قان تۆكۈلۈش ۋە بىگۇناھ جانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدەك پاجىئەلەر كېلىپ چىقىدۇ.

مەسجىدىل ھەرەمدە تاۋاپ مەيدانىنى كېڭەيتىش ھەققىدىكى قارارلار مۇسۇلمانلارنىڭ، بەلكى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا ئېلىنغان قارارلار بولۇپ، شەرىئەتنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئالىملارنىڭ پەتىۋاسىغا ئاساسەن ئېلىنغان ئاقىلانە قارارلاردۇر.

بولۇپمۇ ھەرەم شەرىفكە كېلىۋاتقان ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ سانى كۆنسىرى ئېشىپ بارماقتا، شۇڭا تاۋاپچىلار تاۋاپ مەيدانىغا سىغمايۋاتىدۇ، ھەتتا قىستىلىشتىن ئادەم ئۆلۈش خەۋپى كۆرۈلمەكتە. شۇ سەۋەبتىن ئىلگىرى ئۆمرە قىلغانلار ۋە ھەج قىلغانلار ئۆمرە ھەجلىرىنى كېچىكتۈرۈپ باشقىلارغا شارائىت يارىتىپ بېرىشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

# رامىزان ئېيى ئىنسانلارغا ئۆزىنى كونترول قىلىش، نەپسىنى تائەت-ئىبادەتكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن بۈيۈك بىر پۇرسەتتۇر

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(10/09/1434ھ = 19/07/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «رامىزان ئېيى ئىنسانلارغا ئۆزىنى كونترول قىلىش ۋە نەپسىنى تائەت-ئىبادەتكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن بۈيۈك بىر پۇرسەتتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقى تەقۋادارلىقتۇر.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئىنسان ئۆزىگە ھاكىم بولۇش، ھەۋىسىنى كونترول قىلىش ۋە خاتا يوللاردىن قايتىپ، توغرا يولنى تېپىۋېلىشقا داۋاملىق موھتاج. بۇ يولنى كۆپلىگەن كىشىلەر داۋاملىق ئىزدەيدۇ ۋە ئارزۇ قىلىدۇ. توغرا يولدا مېڭىش، توغرا ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر ئوخشاش بولمىغان پىلان-پىرىنسىپلارنى يولغا قويىدۇ. ھەقىقىي مۇسۇلمان بۇ پۇرسەت ۋە يولنى رامىزان روزىسىدىنلا تاپالايدۇ. رامىزاندا بىر ئاي ئاللاھ پەرز قىلغان روزىنى لايىقىدا تۇتقان كىشى، تۇرمۇشنىڭ قاتتىقچىلىقى، ئۇسسۇزلۇقى ۋە قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋر قىلالايدىغان كۈچ ھاسىل قىلىدۇ.

روزا تۇتقان كىشى جىسمىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن نەپسىنىڭ ھەۋىسىنى كونترول قىلىشتا بەدەل تۆلەشنى ئۆگىنىدۇ. روزا شۇنداق بىر ياخشى ئىبادەتكى، نەپسىنى ئۇنىڭ لەززەتلىرىدىن كېسىدۇ، ھالال قىلىنغان لەززەتلىك يېمەك-ئىچمەكلەردىن قۇدرىتى يېتىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى تارتىش ئارقىلىق نەپسىنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا كۆندۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ. روزا تۇتقان ئادەم ھەر قانچە ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىق ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆزىنى بېسىۋالىدۇ، ئىپتار ۋاقتى كەلمىگىچە يېمەيدۇ ۋە ئىچمەيدۇ. بۇنىڭ ئۆزى، ئىنسان ئاللاھنىڭ بۇيرىقىنى بىجا كەلتۈرۈش يولىدا ئېغىر بەدەللەرنى تۆلىيەلەيدىغانلىقى، چىداملىق ۋە سەۋرچانلىقنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلىيالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. روزا تۇتقان ئادەمنىڭ مەزكۇر بەدەللەرنى تۆلەشتىن مەقسىتى، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ۋە دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشتۇر. مۇسۇلمان ئۈچۈن رامىزاندىن ئىبارەت ئۇلۇغ پۇرسەت، ئۇنى كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇشقا، كېچىلىرى ئۇزۇن-ئۇزۇن ناماز ئوقۇپ ئىبادەت قىلىشقا، چىدامچانلىق ۋە سەۋرچانلىققا ئۆزىنى كۆندۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ. رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قولدىن بېرىشكە بولمايدىغان ئالتۇن پۇرسەتتۇر، مىڭ ئايدىن ياخشى دەپ بەلگىلەنگەن قەدرى كېچىسى ئاخىرقى ئون كۈنلىرىنىڭ بىرىدە باردۇر. قەدرى كېچىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئالاھىدە تەييارلىق ۋە ئىرادە بىلەن ئىبادەت قىلىش، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ئارزۇسى بولۇشى كېرەك. رامىزان ئىبادەت ئېيى ئىكەن، ئۇنىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپتا ئولتۇرۇش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالغان كۈچلۈك سۈننەت بولۇپ، سەلەپ سالىھلار ئېتىكاپقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كىشى بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئىبادەتكە بېرىلىدۇ، دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ئۈزۈلىدۇ. ئېتىكاپ يەقەت يالغۇز دۇنيانىڭ لەززەتلىرىدىن ئۆزىنى تارتىش بىلەنلا چەكلەنمەستىن، مەسجىدتە ئېتىكاپ قىلىش ئارقىلىق دۇنيانىڭ كەينىدىن قوغلاشتەك ئىشلاردىن قول ئۈزۈش، ئىنسانغا ئەڭ مۇھىم بولغان مال-دۇنيانىمۇ قۇربان قىلىشتەك قۇربان بېرىش ئېڭىنى كۈچەيتىدۇ.

رامىزان ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن، ئالتۇن پۇرسەت بولۇپ،

ئۇ ئىنسانىنىڭ قەلبىنى يۇمشىتىدۇ، ئۆز مەنپەئەتىدىن قېرىنداشىنىڭ مەنپەئەتىنى يۇقىرى بىلىشتەك ئالىجاناپلىققا كۆندۈرىدۇ. رامىزان يەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئايكى، ئىنسان ئاللاھ بەرگەن نېمەتنىڭ شۇكرانىسى ئۈچۈن يوقسۇل-كەمبەغەللەرنى يوقلاشقا پۇرسەت يارىتىدۇ، زاكات بېرىدۇ ۋە سەدىقە قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندا سەدىقىنى كۆپ قىلىش ۋە ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا بۇيرىغان. رامىزان ئىسلام تارىخىدا نۇسرەت-زەپەرلەرنىڭ زامانى بولۇپ، تارىختىكى ئۈچمەس زەپەرلەر رامىزاندا يۈز بەرگەن، مۇسۇلمانلار ئىسلام فەتىھلىرىنى ئاساسەن رامىزاندا ئېلىپ بارغان. رامىزاندا باشقىلارنى ئىپتار قىلدۇرۇشمۇ ئۇلۇغ ساۋاپلاردىن بىرىدۇر.

ئەبى ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جەننەتتە رەييان ئىسىملىك بىر دەرۋازا بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن روزا تۇتقانلارلا كىرەلەيدۇ، باشقىلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، روزا تۇتقانلار كىرىپ بولغاندا ئۇ تاقىلىپ كېتىدۇ ۋە باشقىلارغا ئېچىلمايدۇ» دېگەن. مانا بۇ روزىنىڭ شەرىپى بولۇپ، روزا تۇتقانىنىڭ ئەجرى ۋە ئورنى ئىنتايىن يۇقىرىدۇر.

روزا تۇتۇشتىن مەقسەت، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئىكەن، روزىنى بىكار قىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق بولۇش كېرەك. بەزى روزا تۇتقان كىشىلەر باركى، ئۇلار روزىسىدىن ئاچ قالغان ۋە ئۇسسۇز قالغاندىن باشقا ھېچقانداق ساۋاپقا ئېرىشەلمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەندەك بۇ روزىنىڭ ھۆرمىتى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كېرەك. روزا تۇتقۇچى گۇنا قىلماسلىقى، يالغان سۆزلىمەسلىكى ۋە باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىكى، تىللاپ-ھاقارەتلىمەسلىكى كېرەك، شۇنداق قىلغاندا روزا مەقبۇل بولىدۇ-دە، بۇ روزىنىڭ مۇكاپاتىنى ئاللاھ ئۆزى بىۋاستە بېرىدۇ.

# نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئىبادەتلەرنىڭ ئەۋزىلىدۇر

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(17/09/1434ھ = 26/07/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «نېمەتكە شۈكۈر قىلىش ئىبادەتلەرنىڭ ئەۋزىلىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەمدە ئېسىل ئەخلاق-پەزىلەتنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان مۇئمىنلەر ھەر ۋاقىت ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىدۇ. شۈكرانى نېمەت بولسا، ياخشى كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا سىڭىپ كەتكەن خىسلەت بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ چەكسىز نېمەتلىرى ئۈچۈن كېچە كۈندۈز شۈكۈر قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى قەۋملىرىگە ھەردائىم نېمەتكە شۈكۈر قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتەتتى.

شۈكۈر قىلىش، بەندە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ۋە پەزلى-كەرىمىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتۇر. ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى سان-ساناقسىز بولۇپ، دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىغا ئېرىشكەندىن تاشقىرى، ئاللاھ ئاتا قىلغان جان، مال، ئائىلە، ئەۋلاد ۋە باشقا تۈرلۈك ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى

نېمەتلەردۇر. شۈكۈر قىلىش بولسا، بەندە ئاللاھتىن رازى بولغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. ئاللاھتىن رازى بولۇش، قەلبىنىڭ ھاياتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دىنامىك كۈچىدۇر. ئاللاھتىن رازى بولۇش، روھنىڭ پاكلىقى، قەلبىنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئەقلىنىڭ كامالىتىدۇر.

ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك خىسلەتلىرى بار بولۇپ، ئۇ ئاشكارا خىسلەتلەر ۋە يوشۇرۇن خىسلەتلەردۇر. ئاشكارا خىسلەتلىرى، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى زىكىر قىلىپ سۆزلەش ھەمدە ئاللاھقا قىلىدىغان تائەت-ئىبادەتنى كۈچەيتىش ۋە گۇناھ-مەسىيەتلەردىن يىراق بولۇش ئارقىلىق بولىدۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، نېمەتلەرنىڭ بېشى ئۈچتۇر:

1. ئاللاھ ئىنسانغا بەرگەن ئەڭ بۈيۈك نېمەت ئىسلام نېمىتىدۇر، شۇڭا ئىسلامسىز ئىنسان ھېچنەرسە ئەمەستۇر.

2. سالامەتلىك نېمىتى بولۇپ، ئۇنىڭسىز ئىنساننىڭ ھاياتى ھايات ئەمەستۇر.

3. ئاللاھتىن رازى بولۇش نېمىتى بولۇپ، ئاللاھتىن رازى بولمىغان ئىنسانغا دۇنيا ئاخىرەتتە ياخشىلىق بولمايدۇ.

ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىش ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ئىنسانغا ۋاجىبتۇر. ئىنساننىڭ تەن سالامەتلىك، سەپەر، ياشلىق، قېرىلىق، بايلىق، كەمبەغەللىك، ئۇيقۇلۇق، ئويغاقلىق، ئولتۇرغان، ئۆرە تۇرغان، ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللارنىڭ ھەممىسىدە ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى ۋاجىپتۇر.

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرى يەنىلا سان-ساناقسىز بولۇپ، ۋەتەن نېمىتى ئەڭ ئۇلۇغ نېمەتلەردىندۇر. ئۇنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش، ئاللاھقا شۈكۈر قىلغانلىق بولىدۇ. ئىككى ھەرەم زېمىنى بولسا ئۇنىڭ ئەھلى ۋە ئۇنىڭغا كەلگەنلەرگە ئاتا قىلغان ئاللاھنىڭ بۈيۈك نېمىتى بولۇپ، ئاللاھ ئىككى ھەرەم ئەھلىگە بەرگەن خاتىرجەملىك، ئامانلىق، ياخشىلىق ۋە نېمەتنىڭ كۆپلىكى سان-ساناقسىز نېمەتلەر قاتارىدىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كەبىنى زىيارەت قىلىش،

تاۋاپ قىلىش، ھەرەمدە ئىبادەت قىلىش ۋە روكۇ-سەجدە قىلىشتەك ئەمەللەرنىڭ ھەممىسى شۈكۈر قىلىشقا ئەرزىيدىغان نېمەتلەردۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بىرى، ئاللاھنىڭ بەيتىگە كېلىدىغانلارنىڭ كۆپىيىشى، ئىككى ھەرەمنى كېڭەيتىش ۋە ئۇنىڭدا ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى تەقەززا قىلغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەيتىگە ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن كەلگەنلەرنىڭ راھىتى ۋە ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ھالدا ئىبادەت قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ھاجىلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا ھەج ۋە ئۆمرىگە كېلىدىغانلارنىڭ سانىنى قىسقارتىشمۇ شۇ ئېھتىياجلاردىندۇر. ھەج ياكى ئۆمرىچىلەرنىڭ سانىنى قىسقارتىش بولسا، ۋاقىتلىق ئىش بولۇپ، مەسجىدى ھەرەمنى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تاماملىنىشى بىلەنلا سان ھەسسىلەپ كۆپەيتىلىدۇ.

شۇ ئاساستا پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ياخشى رەۋىشتە تاماملىنىشىغا ھەسسە قوشۇشى ۋە توغرا چۈشىنىشى، ئىككى ھەرەمنىڭ ياخشىلىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىقتۇر.

# رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(24/09/1434ھ = 02/08/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقى تەقۋادارلىقتۇر.

قارايدىغان بولساق كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا مۇبارەك رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە كېلىپ قالدۇق، گەرچە رامىزاننىڭ كۆپ قىسمى كېتىپ ئاز بىر قىسمى قالغان بولسىمۇ، قالغان بۇ كۈنلەر بىزلەر ئۈچۈن نىجاتلىق مىنۇتلىرى بولۇشى مۇمكىن. مۇبارەك رامىزاننىڭ بۇ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئاللاھقا سېغىنىپ ياخشى ئىبادەت قىلغان كىشى، ئۆزىنىڭ كۈتكەن ئارزۇسىغا يېتىپ، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىغا مۇشەررەپ بولۇشى مۇمكىن. مۇبارەك رامىزان شۇنداق ئۇلۇغ بىر ئايكى، ئۇنىڭ سائەت، مىنۇت ھەممىدە سىكۇنۇتلىرىمۇ بەرىكەتلىك ۋە مۇھىمدۇر. رامىزان بۈگۈنكى ئاخىرقى نەپەسلىرىدىمۇ ياخشىلىقنى خالىغان ۋە ساۋاپ ئۈمىد قىلغانلار ئۈچۈن ھېلىمۇ بىر پۇرسەتتۇر.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! سىز قاچان ۋە قايسى مىنۇتلاردا سىزگە ئاللاھنىڭ رەھمەت ۋە مەرھەمىتى كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز، قايسى

كېچە ئۇتتىن ئازات قىلىنىسىز ئۇنىمۇ بىلمەيسىز، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ بۇ مۇبارەك ئاينىڭ ھەممىسىنى بەرىكەتلىك ۋە خاسىيەتلىك قىلدى. ئاسماننىڭ دەرۋازىسى بۇ ئايدا دۇئالار ئۈچۈن داۋاملىق ئوچۇقتۇر. بىزگە مۇئەككەل پەرىشتىلەر نامە ـ ئەمەللىرىمىزنى يازماقتا. ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغان كىشى ياخشىلىقتىن زىرىكىپ قالمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ياخشىلىقلارنىڭ ئاقىۋىتى ۋە مۇكاپاتى جەننەت ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. بەندىلەر ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئارقىسىدا تاشلاپ كەتكەن دۇنيادىن ھېچ نەرسىنى ئارزۇ قىلمايدۇ. بىراق مۇشۇنداق ئۇلۇغ مەۋسۇملەردە قىلغان ئىبادەتلىرىنى ئەسلەپ، شۇنداق پۇرسەتنىڭ قايتا بېرىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! مۇبارەك رامىزاننىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە بولساقمۇ قولۇڭلاردا ئىبادەت ئۈچۈن ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن پۇرسەت بار، بۇ ئالتۇن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭلار، مۇبارەك رامىزاننىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى بولسا ئاللاھقا تەۋبە قىلىشتۇر.

# رامىزاندىن كېيىن ئىبادەتلەر ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىشى، ھېيت بايراملىرىمۇ ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(02/10/1434ھ = 09/08/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتەۋاتقان مۇسۇلمانلارغا: «رامىزاندىن كېيىن ئىبادەتلەر ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىشى، ھېيت بايراملىرىمۇ ئاللاھقا بولغان قۇلچىلىقنى ئۇنۇتماسلىق كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. تەقۋادارلىق ئاللاھ يولىدا ماڭغانلارنىڭ تۈگىمەس ئوزۇقى ۋە ئاللاھنى ياد ئەتكەنلەرنىڭ قورالىدۇر، تەقۋالىق ئارقىلىق دەرىجىلەر كۆتۈرۈلىدۇ ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەر ئۆچۈرۈلىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدا يولغا قويغان ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بار بولۇپ، ئۇ كېچىنى كۈندۈز بىلەن ياپىدۇ، ئىنسان شۇ ئۆزگىرىش ئارقىلىق بىر ھالەتتىن يەنە بىر ھالەتكە ئالمىشىدۇ. بىر تائەت ئىبادەتتىن يەنە بىر خىل ئىبادەتكە ئالمىشىدۇ. ئىنسان بۇ زامان ۋە كېچە-كۈندۈزنىڭ ئالمىشىشىدىن پايدىلىنىپ، زامان بىلەن مۇسابىقىگە چۈشىدۇ ۋە ۋاقىت تالان - تاراجىغا ئۇچرايدۇ. ياخشىلىقلار ھورۇنلۇق سەۋەبىدىن قولدىن كېتىپ قالىدۇ. ئەنە شۇ ياخشىلىق مۇستەھكەم ئىرادە ۋە تىرىشچانلىق ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. ھەممە ئادەم ھەرىكەت قىلىدۇ، جېنى ۋە نەپسىنى

يېڭىـپ ئـازات قىلـدۇ، ياكـى نەپسـىنىڭ كەينىگـە كىرىـپ، ئۇنـى ھـالاك قىلـدۇ.

ئاللاھ بەرگـەن ئۇلـۇغ مەۋسـۇملەرنى غەنىمـەت بىلمەسـتىن قولدىـن بېرىـپ قويغانـلار، نەپسـىنىڭ كەينىگـە كىرىـپ، ئاللاھتىـن قـورۇق ئارزۇلارنـى كۈتـۈپ پۇرسـەتنى كەتكـۈزۈپ قويىـدۇ. ئىبادەت مەۋسـۇملىرى خـۇددى بىـر داسـتىخانغا ئوخشـاش بولـۇپ، ئـاز ۋاقىتتـا تويـۇپ قالـدۇ ۋە ئاچلىقـى ئـۇزۇن بولـىدۇ. كىمكـى، پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالامنى ئۆزىگـە ئۈلـگە قىلىپ ئۇنىڭ كۆرسـەتكەن يولـىدا ماڭىدىكـەن، پەرۋەردىگارىنىـڭ بۇيرۇقىغـا بويسـۇنغان بولـىدۇ.

بىـز تېخـى تۈنۈگـۈنلا مۇبـارەك رامىـزان ئېيىنىـڭ ئىللىـق ھىدلىرىنـى پـۇراپ لەززەتلىنىـپ كەلگـەن ئىـدۇق، دىللىرىمىـز يايـراپ، كۆزلىرىمىـز ئويغـاق بولغـان ۋە بەزىلىرىمىـز كـۆپ، بەزىلىرىمىـز ئـاز ئىبادەت قىلىـپ كەلگـەن ئىـدۇق، مانـا بۈگـۈن كېتىـپ قالـدى. بۇنىڭدىـن شـۇ ھەقىقـەت ۋە ئاللاھنىـڭ قانۇنىيىتـى ئوتتـۇرغا چىقىدۇكـى، ھـەر قانـداق باشلىنىشـنىڭ ئاخىـرى بولـىدۇ ۋە ھـەر قانـداق تاكامۇللۇقنىـڭ ناقىسـلىقى بولـىدۇ.

دۇنيـادا ھەممـە نەرسـە يوقىلـىدۇ، پەقـەت ئاللاھنىـڭ گـۈزەل جامالـىلا قالـىدۇ. ئاللاھ ئاخىـردۇر، ئۇنىڭدىـن كېيىـن ھېچنەرسـە يوقتـۇر ۋە ئاللاھتىـن باشـقا داۋاملىشـىدىغان بىـرەر جانلىـق يوقتـۇر.

رامىزاننىـڭ دەپتىـرى يېپىلـدى، ئـاۋات بـازار ماللىـرى بىلـەن قوشـۇپ ئاخىرلاشـتى. بـۇ بـازاردا پايـدا ئالغانلارمـۇ كـۆپ بولـدى ۋە پايـدا ئالالمىغانلارمـۇ يوق ئەمەس. كىمكى رامىزانغا ئىبادەت قىلىدىغان بولسا رامىزان ئاخىرلاشـتى ۋە كىمكـى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىكـەن ئاللاھ دائىم مەۋجۇتتۇر، ئـۇ ئاخىرلاشمايدۇ ۋە ئۆلمەيـدۇ. ئاللاھ بارلىـق ئايلارنىـڭ پەرۋەردىگارىـدۇر. ئاللاھنـى رامىزاندىـن باشـقا ۋاقىتتـا تونۇمايدىغـان قـەۋم ئەجـەب يامـان قەۋمـدۇر. رامىزاندىـن باشـقا ئايلاردىمـۇ ئىبادەتلـەر ئوخشاشـلا داۋاملىشـىدۇ، رامىزانـدا ئۆزگىچـە بولسـىمۇ، رامىزاندىـن باشـقا ۋاقىتـلاردا نورمـال ئىبادەتلەر داۋاملىشـىدۇ. نورمـال كۈنلەردىمۇ سـەدىقە بېرىـش، كېچـىدە قوپـۇپ ئىبـادەت قىلىـش، روزا تۇتـۇش، نەپلـى ئىبادەتلەرنـى قىلىـش، قۇرئـان تىـلاۋەت قىلىـش، تەسـبىھ-تەھلىل ئېيتىـش ۋە ئوخشـاش بولمىغـان خەيرى-ساخاۋەتلەر ئاللاھنىـڭ بۇيرۇقـى بويىچە يىـل

بويى داۋاملىشىدىغان ئىبادەتلەردۇر.

ئىنساندىكى ئەيىب ياكى ئاجىزلىق شۇكى، كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىنغاندىن كېيىن ئاجىزلاپ قالىدۇ. ياخشىلىقتىن كېيىن يامانلىق قىلىدۇ. ئاللاھتىن ھەقىقىي قورقىدىغان ئىمانى كامىل مۇئمىن ئاللاھقا قىلىدىغان ئىبادەتلىرىنى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا ئادا قىلىدۇ. زىيادە قىلىشقا تېگىشلىك ۋاقىتلاردا زىيادە قىلىدۇ، نورمال قىلىشقا تېگىشلىك بولسا نورماللاشتۇرىدۇ، ئەمما سوۋۇپ قالمايدۇ ۋە بوشىشىپ قالمايدۇ، ياخشىلىققا يەنە ياخشىلىقنى ئۇلايدۇ. رامىزاندىن كېيىنمۇ ئەخلاقى ۋە ئەمەلىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، شۇنداق قىلغاندا ئىنساننىڭ ئەمەللىرى قوبۇل بولغان بولىدۇ.

تائەت-ئىبادەت بىزدىن تىرىشچانلىق ۋە سەۋر-تاقەت تەلەپ قىلىدۇ، تائەت-ئىبادەتتە ئىزچىل داۋاملىشىش، بىزدىن تىرىشچانلىق، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە بۈيۈك سەۋرچانلىق تەلەپ قىلىدۇ. ئاللاھ ئەززە ۋە جەللە بىزگە خۇشاللىق ئۈچۈن ھېيت-بايراملارنى يولغا قويدى. ھېيتتا خۇشاللىق ۋە كەڭچىللىكنى يولغا قويدى، بىر ئاي ئېغىر ئىبادەت قىلغاننىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن روزا ھېيتنى يولغا قويدى. ھېيت بايراملارنىڭ ھېكمىتىنى ئاللاھ بىلگۈچىدۇر. لېكىن ئۇنىڭ بەزى مەنالىرى بولسا، مۇسۇلمان ئۆز نەپسىنى تۇرمۇشنىڭ مۇشەققەتلىرى، لەززەتلىرى ۋە ئىسسىق-سوغۇقلىرىغا كۆندۈرۈشنى ئىرادە قىلغان بولسا كېرەك.

ئاللاھ تائالا روزا ئايەتلىرىنى تەقۋالىق بىلەن ئاخىرلاشتۇردى، چۈنكى رامىزاندا تائەت-ئىبادەتلەر ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىش بار. ھېيتنى تەكبىر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى، چۈنكى ھېيتتا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش بار. ھېيتتىكى خۇشاللىقىمىز بولسا روزىلىرىمىزنىڭ قوبۇل بولغانلىقىغا خۇشاللىقىمىزنى بىلدۈرگەنلىكىمىزنىڭ نىشانىدۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ تۇتقان روزىلىرىمىزنى قوبۇل قىلسۇن! ئىبادەتلىرىمىزنى مەقبۇل قىلسۇن! خاتالىقلىرىمىزنى كەچۈرسۇن! رامىزاندىن كېيىنمۇ تائەت-ئىبادەتتە داۋاملىشىشنى نېسىپ قىلسۇن! رامىزان ئايلىرىنى ئۇزۇن يىللار نېسىپ قىلسۇن، ئامىن!

# ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللا خەييات

(09/10/1434ھ = 16/08/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش جەننەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقى تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يېتىش يولىدا ھەر خىل يوللارنى تاللايدىغان بولسا، ئەھلى ئىمانلار ئۆزلىرىنىڭ غايە ـ مەقسەتلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ئىمان نۇرى ۋە بەسىرىتىنى ئىشقا سالغان ئاساستا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى كۆرسەتكەن يول ئارقىلىق ئۆزىنىڭ غايىسىگە يېتىش يولىنى تاللايدۇ. ئاللاھ ئۆزىنىڭ ياخشى بەندىلىرى ئۈچۈن ۋە ئۇلۇغ ماقامغا يېتىشنى خالىغانلار ئۈچۈن، ئالى مەنزىل تەييارلاپ، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿إِنَّ ٱلَّذِينَ قَالُواْ رَبُّنَا ٱللَّهُ ثُمَّ ٱسْتَقَٰمُواْ تَتَنَزَّلُ عَلَيْهِمُ ٱلْمَلَٰٓئِكَةُ أَلَّا تَخَافُواْ وَلَا تَحْزَنُواْ وَأَبْشِرُواْ بِٱلْجَنَّةِ ٱلَّتِى كُنتُمْ تُوعَدُونَ﴾شۈبھىسىزكى، «پەرۋەردىگارىمىز الله دۇر» دېگەنلەر، ئاندىن توغرا يولدا بولغانلارغا پەرىشتىلەر چۈشۈپ: «قورقماڭلار، غەم قىلماڭلار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان جەننەت ئۈچۈن خۇشال بولۇڭلار، بىز دۇنيادا، ئاخىرەتتە سىلەرنىڭ دوستلىرىڭلارمىز، جەننەتتە سىلەر ئۈچۈن

كۆڭۈللۈكلار تارتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ۋە تىلىگەن نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسى بار، (ئۇلار) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى، ناھايىتى مېھرىبان (الله ) تەرىپىدىن بېرىلگەن زىياپەتتۇر» دەيدۇ﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سەقەفىي دېگەن ساھابە: يا رەسۇلەللاھ ماڭا ئىسلامدا بىر سۆزنى ئۆگىتىپ قويسىلا، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىمدىن گەپ سورىمىسام، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتتىم دېگىن ۋە توغرا يولدا ماڭغىن» دېگەن.

ئەھلى ئىلىملار، قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەن ئىستىقامەت (توغرا يول) ئاللاھ ئەززە ۋەجەللىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئەۋەتكەن توغرا يولى بولۇپ، ئۇ ئوڭ سولغا بۇرۇلماستىن ماڭىدىغان داغدام تۈز يولدۇر، دېگەن.

توغرا يولدا مېڭىشنىڭ ئاساسى نوقتىسى قەلبتە بولۇپ، ئىنساننىڭ قەلبى توغرۇلانسا خاتا يوللاردا مېڭىشقا ئىمكانىيەتمۇ بولمايدۇ. توغرا يول دائىرىسىگە تائەت-ئىبادەتلەر، مۇئامىلە ۋە يامان ئىشلارنى تەرك ئېتىشتەك ئەھۋاللار كىرىدۇ. توغرا يولنىڭ ئەسلى بولسا قەلبنىڭ توغرىلىقىدۇر. ئىنساننىڭ قەلبى تەۋھىدتە مۇستەھكەم بولۇپ، ئاللاھتىن قورقۇش، ساۋاپ ئۈمىد قىلىش، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مۇھەببەت قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش ۋە تەسلىم بولۇش ئارقىلىق ئاللاھقا يېقىنلىشىدۇ. قەلب توغرا يولغا كىرگەن بولسا، ئىنساننىڭ بارلىق ئەزالىرى ئەگىشىپ توغرا يولدا ماڭىدۇ.

ئىنسان ئۈچۈن قەلبتىن قالسا توغرا يولدا مۇستەھكەم بولۇشقا تېگىشلىك نەرسە تىلدۇر. ئىنساننىڭ تىلى دىلىدىكىنى ئاشكارىلايدۇ. ئىنساندىكى ئاجىزلىق نوقتىلىرىدىن بىرى ئاللاھ بۇيرىغان توغرا ۋە داغدام يولنى تاللاشتىن ئاجىز كېلىش بولۇپ، بەزىدە ئىنسان توغرا يولدىن ئۆزى تۇيماي ئېزىپ كېتىپ قالىدۇ.

توغرا، ئىنسانلا بولىدىكەن بەزىدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى مۇكەممەل ئادا قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ، گۇناھ-مەئسىيەتلەرنى سادىر قىلىپ قېلىشى

[1] فۇسسىلەت سۈرىسى 30 - ئايەت.

مۇمكىن ۋە خاتالىقلارنى سادىر قىلىشىمۇ تەبىئىي ئەھۋالدۇر.

لېكىن ئىنسانلارنى ياراتقان ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى بىلگەن بولغاچقا، گۇناھ قىلغانلارنىڭ ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇشى ئۈچۈن، تەۋبە-ئىستىغپار دەرۋازىسىنى داۋاملىق ئوچۇق قويغان. خاتالىققا تەۋبە قىلغان ئىنسان ئەقلىنى ئىشقا سالغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان ياخشى بەندىلەردىن سانىلىدۇ. شۇ ئاساستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئىنسانلار ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىرادە قىلغان داغدام يولنى تاپالماي قالغان تەقدىردىمۇ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە توغرا يولنى ئىزدەش ۋە توغرا يولدا مېڭىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە بۇيرۇلغان»، دېگەن. شۇ سەۋەبتىن دىن ئىشىدا ئىجتىھاد قىلىپ توغرا قىلغان ئالىمغا ئىككى ساۋاپ بېرىلسە، ئىجتىھاد قىلىپ توغرىغا ئېرىشەلمەي خاتالاشقان كىشىگە بىر ساۋاپ بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

دۇنيادىكى بارلىق ئىشلار نىيەتكە باغلىق بولۇپ، قەستەن بولمىغان ۋە سەھۋەنلىكتىن سادىر قىلىنغان خاتالىقلار ئىنسانغا خاتالىق سۈپىتىدە يېزىلمايدۇ. بەندە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى خالايدىكەن، ئاللاھنىڭ بەندىنى يارىتىشتىكى غەرىزىنى ئەسلەش كېرەك.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئىنسانلار ۋە جىنلارنى يارىتىشتىكى مەقسىتىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ مَآ أُرِيدُ مِنْهُم مِّن رِّزْقٍ وَمَآ أُرِيدُ أَن يُطْعِمُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم. مەن ئۇلاردىن رىزىق تىلىمەيمەن ۋە ئۇلارنىڭ مېنى ئوزۇقلاندۇرۇشىنىمۇ تىلىمەيمەن﴾[1].

بۇ ئايەت كەرىمەنىڭ روھىغا ئاساسەن، بىز ئاللاھنى ئۇلۇغلىشىمىز ۋە تائەت-ئىبادەتنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇيرىغان رەۋىشتە ئادا قىلىشىمىز كېرەك. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىش، بىزنىڭ شۈبھىلىك ۋە گۇمانلىق ئىشلاردىنمۇ يىراق بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

[1] زارىيات سۈرىسى 56 ـ 57 ـ ئايەت.

شۈبھىدىن يىراق بولمىغان ئىنسان ھارامغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەنە شۇ مەقسىتىدىن غاپىل بولغان چېغىمىزدا قەلبىمىزنى غەپلەت ۋە قارىڭغۇلۇق باسىدۇ-دە، توغرا يولدىن ئادىشىپ قالىمىز. خاتالىقلار قاراڭغۇلۇقىغا پېتىپ قالىمىز.

ئاللاھ بىزگە توغرا يولنى كۆرسەتسۇن ۋە شۇ يولدا ماڭغىلى نېسىپ قىلسۇن، دىلىمىزنى ئىمان-ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتسۇن، ئۆزىنىڭ ئىبادىتىدىن مەشغۇل قىلمىسۇن ۋە دۇنيا-ئاخىرەتتە بەخت-سائادەت ئاتا قىلسۇن، ئامىين!!!

# مەدەنىيەتلەر قاراڭغۇلۇقنى يورۇقلۇققا چىقارغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ نۇرىدۇر

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(16/10/1434ھ = 23/08/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مەدىنىيەتلەر قاراڭغۇلۇقنى يورۇقلۇققا چىقارغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ نۇرىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلىدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقى تەقۋادارلىقتۇر.

ئەقىل ئىگىلىرىگە مەدەنىيەتلەر دۇچ كەلگەن قاراڭغۇلۇقلار پىنھان ئەمەس. بۈيۈك ئىسلام شەرىئىتى ئۆزىنىڭ ئادالەت نۇرى بىلەن مەدەنىيەتلەرنىڭ زۇلۇملىرى ۋە قاراڭغۇلۇقلىرىنى ئۆزگەرتتى، ئىنسانلار قەلبىدە مېھرى-شەپقەتلەر ۋە مەكارىمى ئەخلاقلارنى كۆكلەتتى. دۇنيادىكى بارلىق مەدەنىيەت ئىگىلىرى ئىسلام نۇرى ئاستىدا بىمالال ۋە خاتىرجەم ئورتاق ياشىيالىدى، بۇ ھەقىقەتنى پۈتۈن دۇنيا خەلقى ياخشى بىلىدۇ.

يېقىنقى زامانلاردا ئىنسانلارنى ۋەيران قىلىدىغان پىتنىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى، ئىنسانلار توغرا داغدام يولدىن ئاداشتى، قالايمىقان باتىل يوللارنى تاللاپ، ئىسلاھات داۋاسى قىلىپ، قان تۆكتى ۋە بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈردى، ھەتتاكى ۋەيران قىلمىغان بىنالارمۇ قالمىدى. دىنىنىڭ قىممەت

قارىشىنى خۇنۇكلەشتۈردى. ئىسلامغا ئېغىر داغ تەككۈزىدىغان ئەلەملىك پاجىئەلەردىن بىرى شۇكى، بەزى ئىنسانلار دىنىنىڭ ئۇلۇغ ئەخلاقى ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ئۆزىنىڭ شەخسى مۈلكى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىپ، ئىدىئولوگىيە تېرورلۇقى ۋە ئىلمىي رادىكاللىقنى ئىشقا سالدى. ئىسلامنىڭ ئوتتۇراھاللىق ئالاھىدىلىكىنى چەتكە قاقتى. نەتىجىدە قوراللىق تېرورىزىم كۆچلىنىپ، باشقا قاراشتىكىلەرنى چەتكە قېقىشتەك ئەھۋاللار ئوتتۇرغا چىقتى، شۇڭا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش ۋە ئىسلامنىڭ گۈزەل جامالىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئەۋج ئالدى.

ئەھلى ئىمان ئىچىدىكى ئەقىل ئىگىلىرى ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆزگەرتىدىغان، ئەسەبىلەرچە تەرەپبازلىق ۋە پارتىيىۋازلىق قىلىدىغانلار پەيدا بولۇپ، ئۇلار دىنىنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىنى ئەسلى ماھىيىتىدىن ئۆزگەرتىشتەك ئەھۋاللارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، كۆپلىگەن بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ ئۆلۈشى ۋە شەھەرلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، خاتا چۈشەنچىلەرنىڭ قاراڭغۇلۇقى نەتىجىسىدە كۆپلىگەن قانلارنىڭ ئېقىشى ۋە زىيان-زەخمەتلەر ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش شۇئارىنى كۆتۈرۈپ چىققان يالغانچىلار ساددا خەلقنىڭ ساددىلىقىنى سۇيىئىستىمال قىلغۇچىلاردۇر. كۆپلىگەن جامائەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان دەۋالىرىغا ماس كەلمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئۆزلىرىنىڭ ئاغزۇنلىقىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

تېرورىزىم جىنايىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى، سۈرىيەدىكى زالىم-تاغۇتلارنىڭ دەمەشىقتا قاراشلىق شەرقىي غوتا رايونىدىكى قىرغىنچىلىقى بولۇپ، ئۇلار سۈرىيە خەلقىگە قارشى خىمىيە قوراللىرى ۋە زەھەرلىك گازلارنى ئىشلىتىپ، كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق جىنايىتى سادىر قىلدى، نەتىجىدە 1400 دىن ئارتۇق ئادەم ئۆلتۈرۈلدى ۋە 6000 دىن ئارتۇق ئادەم زەھەرلىنىپ يارىلاندى. تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ھەقىقىي ئىنسانىي پاجىئە يۈز بەردى. سۈرىيەدىكى بەششار ئەسەد تېرورچىلىرى ئايال‍لار، كىچىك بالىلار ۋە قېرى-چۈرى دېمەستىن قىرغىن قىلدى. ئەسەدنىڭ بۇ جىنايىتىگە قارىتا ئىنسانىيەت ۋىجدانى قوزغىلىشى كېرەك، بىگۇنا پۇقرالارنىڭ قېنىنىڭ

ئېقىشىنى توختىتىش ئۈچۈن، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇشى كېرەك.

سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى: مەزكۇر قىرغىنچىلىقتا دۇنيا جامائەتچىلىكى بۇ قېتىم يەنە خۇنۇكلىقىنى ئاشكارا قىلىدىغان بولسا، ئەخلاق مىزانىنى تامامەن يوقاتقان بولىدۇ، دەپ خىتاپ قىلىدۇ.

# قوشنا ھەققى ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم ھەقلەردىندۇر

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ھۇمەيد

(23/10/1434ھ = 30/08/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتەۋاتقان يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «قوشنا ھەققى ئىسلامدىكى ئەڭ مۇھىم ھەقلەردىندۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقى تەقۋادارلىقتۇر.

ئىسلام دىنىمىزدىكى شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ئىسلام تەۋسىيە قىلغان ۋەسىيەتلەر، ئاللاھقا بولغان ئىماننى يەنى تەۋھىدنى مۇستەھكەملەش، ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىبادەت قىلىش، ئىسلامىي قېرىنداشلىق ئالاقىلىرىنى كۈچلەندۈرۈش، خۇسۇسەن دىن ۋە ئىمان قېرىنداشلىقنى كۈچلەندۈرۈش قاتارلىقلارنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە دىن قېرىنداشلىقى دىنىنىڭ ئاساسىدۇر. مۇسۇلمان كىشى ئۆزىنىڭ ھېس-تۇيغۇلۇق قەلبى بىلەن ياشايدۇ، مۇسۇلمان ئەقىدە، ئىبادەت ۋە ناماز قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت ئىمانىي گەۋدىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىسلام دىنى تۇرمۇشنى تەرتىپكە سېلىپ گۈللەندۈرۈشتە ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشتا ئاتا-ئانا ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشتىن باشلىغان بولسا، ئارقىدىنلا بالا-چاقا ۋە تۇغقانلارنىڭ ھوقۇقى كېلىدۇ. ئۇندىن كېيىن قوشنىلار، دوست-يارانلار ۋە تونۇش-بىلىشلەر، ھەتتاكى ياقا يۇرتلاردىن

كېلىپ قالغان بىز تونۇمايدىغان كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى كېلىدۇ. مەزكۇر ھەقلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم ھوقۇق قوشنا ھەققى بولۇپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش قوشنىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرىدۇ.

سىز داۋاملىق قوشنىلار بىلەن يېقىن ياشايسىز، بەلكى تۇققانلىرىڭىز بىلەن ئۇزۇن زاماندا كۆرۈشسىڭىزمۇ، قوشنىڭىز بىلەن كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرىسىز، قوشنىلار ئارىسىدا باردى-كەلدى ئالاقە ۋە پايدا-مەنپەئەت ئالاقىلىرى قويۇق بولىدۇ، قوشنىلار ئارىسىدا بىر-بىرىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، بىر-بىرىنىڭ سىرلىرىنى بىلىشتەك ئىشلار ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، ئۆيلەرگە كىملەر كىرىپ چىقىدۇ، نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، قىسقىسى قوشنا قوشنىنىڭ ياخشى يامان سىرلىرىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۆينىڭ ئەڭ مەخپىي ۋە ئىنچىكە سىرلىرىمۇ قوشنىدىن خالىي بولالمايدۇ، ئەھۋال ئۇنداق بولغان ئىكەن، قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ۋە قوشنىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماسلىق ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

قوشنىدارچىلىقنىڭ كۆپلىگەن ھەقلىرى بار بولۇپ، ھەر بىر قوشنا ئۇنىڭغا تولۇق رىئايە قىلىشى كېرەك. باشقا كۈن چۈشكەندە ۋە ھاجەت چۈشكەندە قوشنا ئەسقاتىدۇ، ئەيىپ-نۇقسان، سىرلىرىمىزنى ساقلاشتىمۇ قوشنا ئەسقاتىدۇ، شۇڭا قوشنا بىلەن ئاداۋەتلىشىش ۋە قوشنىغا يامانلىق قىلىش، ئىنسانغا ياراشمايدىغان، ئىسلام چەكلەيدىغان ۋە ئويلىمىغان يەردىن ئاۋارىچىلىقلارغا سەۋەب بولىدىغان قىلمىشلاردۇر.

قوشنىلارمۇ تۈر ۋە تەرتىپلەرگە بۆلۈنىدۇ؛ ھافىز ئىبنى ھەجەر مۇنداق دېگەن: قوشنا؛ مۇسۇلمان، كاپىر، ئابىد، پاسىق، دوست، دۈشمەن، تۇققان ۋە يات بولۇشى مۇمكىن، شۇ پىرىنسىپ بويىچە قوشنىنىڭ تۈرى ۋە مەرتىۋىلىرى بار. قوشنىلار مەزكۇر كاتېگورىيەنىڭ قايسىسىغا كىرىشىدىن قەتئىينەزەر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشقا چاقىرغان. قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش بولسا ئىمان جۈملىسىدىن بولىدىغانلىقى، بەلكى ئۇنىڭ قىيامەتكە بولغان ئىمانغا چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

قوشنىغا مۇھەببەت قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش بولسا ئۈچ تۈرلۈك مەسىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. قوشنىغا ھۆرمەت قىلىش.

2. قوشنىغا ئازار بەرمەسلىك.

3. قوشنىنىڭ ئازارلىرىغا سەۋر قىلىش.

قوشنىلار ئۆتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ھۆرمەتلىشىش، ئۈنسى-ئۈلپەت ۋە مۇھەببەت بولىدىكەن، شۇ مەھەللىدىكى بارلىق جامائەت خاتىرجەم ۋە راھەت ئىچىدە ياشايدۇ، ئەكسىچە بولغاندا مەھەللىدە خاتىرجەملىك يوقىلىدۇ-دە، قوشنا-قوشنىغا ئىشەنمەيدىغان ۋە جېدەل-ماجىرا تۈگىمەيدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.

ياخشى قوشنىلار ئۆز ئارا ياخشىلىق ۋە تەقۋالىق ئۈستىدە بىرلىشىپ، بىر بىرىگە كەلگەن بالا مۇسىبەتلەرنى ھەمكارلىشىپ ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. قوشنىلار توي-تۆكۈندە ھەمكارلىشىدۇ، كېسەل بولسا يوقلىشىدۇ، ئۆلۈم-يىتىم بولسا قول-قولغا ھەمكارلىق بىلەن مېيىتنى ئۇزىتىدۇ. ياخشىلىققا بۇيرۇيدۇ ۋە يامانلىقتىن توسىدۇ.

بىلىش كېرەككى، ياخشى قوشنا ئاللاھنىڭ بۈيۈك نېمىتى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مەنىۋى ئوزۇقتۇر. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قالسا، ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئانچە قىيىن ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە كۆپلىگەن ھەدىسلەرنى بايان قىلغان. قوشنا ئاچ قالسا تويغۇزۇش كېرەك، يالىڭاچ قالسا كىيگۈزۈش كېرەك ۋە ياردەم سورىسا ياردەم قولىنى سۇنۇش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابىلار بىلەن ئولتۇرۇپ: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مۇئمىن ئەمەس! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مۇئمىن ئەمەس! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مۇئمىن ئەمەس!» دېگەندە، ساھابىلار: كىم؟ يا رەسۇلەللاھ! دېگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۆزى توق يېتىپ قوشنىسى ئاچ ياتقان ئادەم مۇئمىن ئەمەس» دېگەن.

يەنە بىر ھەدىستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى قوشنىسى ئازارلىرىدىن ساقلىنالمايدىغان ئادەم مۇئمىن ئەمەستۇر»، دېگەن.

ئاللاھ ھەممىمىزنى قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشقا ۋە ياخشى قوشنىغا نېسىپ قىلسۇن، يامان قوشنىدىن ساقلىسۇن، ئامىن!

# ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلارغا نەسىھەت

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(06/12/1434ھ = 12/10/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلارغا نەسىھەت» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. تەقۋالىق ياخشى ئوزۇق ۋە ياخشى كىيىمدۇر، ئاللاھ بەيتۇللاغا كەلگەن ھاجىلارغا كۆپلەپ تەۋسىيە قىلغان نەرسە تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇئمىنلار! ئىسلام ئۇممىتى ئاللاھنىڭ كۈنلىرىدىن بولغان كاتتا بىر مەۋسۇم ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭ ئاساسلىرىدىن بولغان بىر ئاساسنى ئادا قىلىش كۈنلىرىدە ياشىماقتا. بۇ شۇنداق مەۋسۇمكى، گۇناھ-مەئسىيەتلەر كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، خاتالىقلار ئەپۇ قىلىنىدۇ ۋە دۇئالار ئىجابەت بولىدۇ. ئاللاھنىڭ بەيتىگە كېلىپ ھەج قىلىش مەۋسۇمى بولسا تەۋھىد ۋە بىرلىكنىڭ شۇئارىدۇ. ئاللاھقا ۋەدە بېرىش، ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرى، ئىنساني كارامىتىنى ساقلاش ۋە جان-ماللارنى قوغداش مەۋسۇمدۇر. روھىي دۇنيانى تازىلاش مەۋسۇمى بولۇپلا قالماستىن، بۇ ئاللاھنىڭ مۇبارەك كۈنلىرىدۇر.

ھاجىلار ھەج ئىبادەت ئورۇنلىرى بولغان مەشائىردا ھەممە بىردەك ئاق كېيىملىك ھالدا مېڭىپ، دىللىرى ۋە تىللىرى بىلەن ئاللاھقا تۆۋەندىكىدەك تەلبىيە ئېيتىدۇ: «لەببەيك ئەللاھۇممە لەببەيك، لەببەيكە لا شەرىكە لەكە لەببەيك، ئىننەل ھەمدە ۋەننىئمەتە لەكە ۋەلمۇلك لا شەرىكە لەك».

ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار كۆزى ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىغان، دىللىرى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇشقا تەلپۈنگەن، دۇنيانىڭ ئىختىلاپلىرى ۋە چۇقان-سۈرەنلىرىنى ئارقىسىغا تاشلىغان ئاللاھنىڭ ھەقىقىي بەندىلىرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئۈچۈن كەلگەن. ھەر بىر ھاجىنىڭ ئارقىسىدا مۇشۇ ھەجنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋە قەلبى ئاللاھنىڭ بەيتىگە تەلپۈنگەن ھالدا، يۇرتتا قالغان ئەھلى جامائىتى، قوۋم-قېرىنداشى ۋە بالا-چاقىلىرى بار.

ئى ئاللاھنىڭ بەيتىگە سەپەر قىلغانلار! سىلەر ئۇ يەردە جىسمىڭلار بىلەن ھازىر بولدۇڭلار، بىز بولساق روھىمىز بىلەن ھازىر بولدۇق. بىزنىڭ ئۆزرىمىز ھەج سەپەرلىرىدىن بىزنى توسۇپ قويدى، ئۆزرىلىكلەر سەپەر قىلغانلار بىلەن ئورتاقتۇر. مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ ئەيمەن بىنتى ئەلىي مىسىردىن ھاجىلارنىڭ تۆگىلەرگە مىنىپ ھەجگە ماڭغان كارۋىنىغا قاراپ يىغلىغان ھالدا: «ئاللاھنىڭ بەيتىگە بېرىشتىن توسۇلۇپ قالغان ئادەمنىڭ ھالى بۇ بولسا، ئاللاھنىڭ ئۆزىدىن توسۇلۇپ قالغان ئادەمنىڭ ھالى نېمە بولار؟» دېگەن.

ئى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار! بۈگۈن ئىنسان، ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلارنىڭ بەيتۇللاھتا تاۋاپ قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈپ خوشاللانماي تۇرالمايدۇ، ئۇلارنىڭ مەنزىرىسى ئىنتايىن رەتلىك، ئىمانىي مەنزىرە بولۇپ، ئۇلارنى كۆرگەن دىللار ئېرىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ بەيتى ئۈچۈن سەپەر قىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ أَوَّلَ بَيْتٍ وُضِعَ لِلنَّاسِ لَلَّذِى بِبَكَّةَ مُبَارَكًا وَهُدًى لِّلْعَٰلَمِينَ فِيهِ ءَايَٰتٌۢ بَيِّنَٰتٌ مَّقَامُ إِبْرَٰهِيمَ ۖ وَمَن دَخَلَهُۥ كَانَ ءَامِنًا ۗ وَلِلَّهِ عَلَى ٱلنَّاسِ حِجُّ ٱلْبَيْتِ مَنِ ٱسْتَطَاعَ إِلَيْهِ سَبِيلًا ۚ وَمَن كَفَرَ فَإِنَّ ٱللَّهَ غَنِىٌّ عَنِ ٱلْعَٰلَمِينَ﴾ ﴿ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئالامەتلەر باركى، مەقامى ئىبراھىم شۇلارنىڭ بىرى، بەيتۇللاھقا كىرگەن ئادەم ئەمىن بولىدۇ. قادىر بولالىغان كىشىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن كەئبىنى زىيارەت قىلىشى ئۇلارغا پەرز قىلىندى. كىمكى ئىنكار قىلىدىكەن

(يەنى ھەجنى تەرك ئېتىدىكەن، زىيىنى ئۆزىگە)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەھلى جاھاندىن (يەنى ئۇلارنىڭ ئىبادىتىدىن) بىھاجەتتۇر﴾[1].

ھاجىلار ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى چاقىرىقىغا «لەببەيك» دەپ كەلگەنلەردۇر: ﴿وَأَذِّن فِى ٱلنَّاسِ بِٱلْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَىٰ كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ لِّيَشْهَدُوا۟ مَنَـٰفِعَ لَهُمْ وَيَذْكُرُوا۟ ٱسْمَ ٱللَّهِ فِىٓ أَيَّامٍ مَّعْلُومَـٰتٍ عَلَىٰ مَا رَزَقَهُم مِّنۢ بَهِيمَةِ ٱلْأَنْعَـٰمِ ۖ فَكُلُوا۟ مِنْهَا وَأَطْعِمُوا۟ ٱلْبَآئِسَ ٱلْفَقِيرَ﴾ ﴿كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا (ئۇلارنى) ھەجگە چاقىرىپ نىدا قىلغىن، ئۇلار پىيادە ۋە ئورۇق تۆگىلەرگە مىنىپ كېلىدۇ، ئورۇق تۆگىلەر يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنى ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) ئاللاھ ئۇلارغا رىزق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن) الله نىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن». سىلەر قۇربانلىقىڭلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجغا، پېقىرغا بېرىڭلار﴾[2].

ھاجىلار ئىسلامنىڭ 5 ـ رۇكنى بولغان ھەج پەرزىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار تەلبىيە ئېيتىپ، ئاللاھتىن ئىبادىتىنى قوبۇل قىلىشنى تىلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇۋاتىدۇ.

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! ۋادى مۇقەددەسكە خۇش كەلدىڭلار، ئاللاھنىڭ بەيتىگە خۇش كەلدىڭلار، بەيتۇللاھ بولسا يەر يۈزىدە بىنا قىلىنغان تۇنجى ئاللاھنىڭ ئۆيى بولۇپ، پەيغەمبەرلەرمۇ ھەج قىلىپ، ئاسماندىن كەلگەن تۇنجى ۋەھيىنى قوبۇل قىلغان، جىبرىل چۈشكەن، قۇرئان كەرىم نازىل بولغان، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى جاكارلانغان ۋە ئاللاھ پەيغەمبىرىنى تەربىيلىگەن مۇقەددەس ئورۇندۇر.

بەيتۇللاھنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان، پەيغەمبەرلەر ئۇنىڭدا ھەج قىلغان، زەمزەم سۈيى ۋە ماقامى ئىبراھىم جايلاشقان، ھەجەرۇلئەسۋەد ۋە سافا ـ مەرۋە جايلاشقان ھەمدە تاغ جىلغىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 96 ـ ۋە 97 ـ ئايەت.

[2] ھەج سۈرىسى 26 ـ ۋە 27 ـ ئايەت.

بىرلىك ـ بارلىقىغا شاھىد بولغان مۇقەددەس زېمىندۇر.

بۇ مۇقەددەس جايغا كېلىپ ئىبادەت قىلىش ئارقىلىق خاتالىقلار يۇيۇلىدۇ ۋە ھاجى ئانىدىن تۇغۇلما ھالەتكە كېلىپ پاك بولۇپ قايتىدۇ، دۇنيادا ھېچقانداق ئورۇننىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكى يوق. بەيتۇللاھنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىڭلار، زامان ۋە ماكانىنىڭ بەرىكىتىنى غەنىمەت بىلىڭلار، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى خاتا ئىش قىلماي ۋە بۇزۇقچىلىق قىلماي ھەج قىلسا، ئانىسىدىن تۇغۇلغاندەك پاك ھالەتتە قايتىدۇ»: دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە: «ئۆمرە يەنە بىر ئۆمرىگىچە بولغان گۇناھلارغا كافارەتتۇر، مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتىن ئىبارەتتۇر. جەننەتتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر » دېيىلگەن[1].

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى! سىلەرنىڭ بۇ كۈنلىرىڭلار، ئاللاھ ئۇلۇغ قىلغان ۋە قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن قەسەم قىلغان كۈنلەردۇر. زۇلھەججىنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنى ئاللاھقا ئەڭ يېقىن مەھبۇب كۈنلەر بولۇپ، بۇ كۈنلەردە قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ مەرتىۋىسى ئۇلۇغتۇر. سىلەر بۇ كۈنلەردە تۆۋەندىكىدەك تەكبىر ۋە تەھلىلنى كۆپ ئوقۇڭلار: «ئەللاھۇ ئەكبەر، ئەللاھۇ ئەكبەر، ئەللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئەللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىل ھەمد».

ئى مۇسۇلمانلار! بەيتۇللاھ ئاللاھنى بىر دەپ ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا بىنا قىلىنغاندۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ ٱلْبَيْتِ أَن لَّا تُشْرِكْ بِى شَيْـًٔا وَطَهِّرْ بَيْتِىَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلْقَآئِمِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بەردۇق، (ئۇنىڭغا ئېيتتۇقكى) «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن﴾[2].

ھەج ئىنسان ئۈچۈن تەربىيەدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەجنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك كېرەك، ھەج مەۋسۇمىدە تەۋھىد شۇئارىدىن باشقا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[2] ھەج سۈرىسى 26 ـ ئايەت.

شۇئار يوق، دىن ئاللاھنىڭ دىنى ۋە شەرىئەت ئاللاھنىڭ شەرىئىتى. ئاللاھنىڭ كالامى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى يەتكەنلا ئادەم، ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇشى ۋاجىبتۇر.

ئىسلام ئۈممىتىگە ئاجىزلىق يەتتى، ئۇنى ھەر تەرەپتىن بىدئەت، خۇراپاتلار قاپلاپ كەتتى. مۇسۇلمانلار يۈكسىلىشنى ۋە كۈچلىنىشنى خالايدىكەن، بىرلىشىشتىن ۋە ئىسلامنىڭ داغدام يولىغا ئەگىشىشتىن باشقا چارىسى يوق. ھەج ئىبادىتى ئالاھىدە بىر ئىبادەت بولۇپ، ئۇ مىليونلىغان ئىنسانلارنى بىر يەرگە يىغىدۇ، بارچە ئىنسان دۇنيانىڭ غەملىرىنى ئارقىسىدا قويۇپ، ئاللاھنىڭ چاقىرىقىغا لەببەيك دەپ كېلىدۇ، بۇنداق ئىمانىي مەنزىرە دۇنيادا مىسلى يوق مەنزىرىدۇر. ھەجدە كەچۈرۈمچانلىق ھۆكۈم سۈرىدۇ ۋە ئىختىلاپلار، جىدەل-ماجرالاردىن خالى بولىدۇ، ھاجى ئۆزىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، يېمەك ئىچمىكى ۋە ياتاقلىرىدا باياشات تۇرمۇشتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىدۇ.

ئىسلامدا ھەج پەرز قىلىنغاندىن بىرى ئۈممەت پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تەبلىغ-ئەھكاملارنى قىلىشتى، ھەججەتۇلۋىدادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مەشھۇر خۇتبىسىنى سۆزلىگەن، ئىنسانىيەت ھازىرغىچە ئىنسان ھەقلىرى، شەرىئەتنىڭ مەقسىتى، مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىكى ھەققىدە ئۇنىڭدىن يۇقىرى سەۋىيەدىكى ياكى ھېچبولمىغاندا ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر نۇتۇقنى ئاڭلاپ باقمىدى. ھىجرەتنىڭ 9 - يىلىدىكى ھەجدە مۇشرىكلار بىلەن ئىمزالانغان بارلىق كېلىشىم ۋە شەرتنامىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، چۈنكى مۇشرىكلار كېلىشىملەرگە ئۈزلۈكسىز خىلاپلىق قىلىپ كەلگەنىدى.

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! سىلەر ھەج ئىبادىتىڭلارنى ياخشى ئۆگىنىڭلار، ئەمەللەرنى توغرا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئىبادەت ۋە دۇئا-تەكبىرلەر بىلەن مەشغۇل بولۇڭلار، ئاللاھقا يېلىنىپ دۇئا-تەكبىرنى كۆپ قىلىڭلار! تاۋاپ قىلىش ۋە سافا-مەرۋىنى سەئيى قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنى زىكىر قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەردۇر.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! زۇلھەججىنىڭ 8 - كۈنى ھاجىلار تۇرغان

يېرىدىن ئىبھرام باغلاپ، مىناغا يۈزلىنىدۇ، مىنادا پېشىن ۋە ئەسىرنى ئۆز ۋاقتىدا قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ، ناماز شامنى ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ ۋە خۇپتەننى ئۆز ۋاقتىدا قەسىر قىلىپ ئوقۇيدۇ، كېچىدە مىنادا قونىدۇ. بامدات نامازنى ئوقۇپ بولۇپ كۈن چىققاندىن كېيىن، ئەرەفاتقا قاراپ يۈزلىنىدۇ، ئەرەفاتتا پېشىن ۋە ئەسىرنى قەسىر قىلىپ، پېشىن ۋاقتىدا ئوقۇيدۇ. ئەرەفات مەيدانىدا كۈن ئولتۇرغىچە تۇرىدۇ، ئۇ يەردە دۇئا ـ تەكبىرلەرنى كۆپ ئوقۇيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەج بولسا ئەرەفەدۇر» دېگەن. كۈن ئولتۇرغاندا ناماز شامنى ئوقۇماستىن مۇزدەلىفىگە قاراپ يۈزلىنىدۇ، مۇزدەلىفىدە ناماز شام بىلەن خۇپتەننى جۈپلەپ ئوقۇيدۇ، خۇپتەننى قەسىر قىلىدۇ. مۇزدەلىفىدە بىر كېچە قونغاندىن كېيىن، كۈن چىقىشتىن بۇرۇن مىناغا قاراپ يول ئالىدۇ، ياشانغانلار مۇزدەلىفىدە قونماي قايتىپ كىرسىمۇ جايىز. ھاجى مىناغا قايتىپ كىلىپلا «جەمرە ئەقەبە» ناملىق چوڭ شەيتانغا يەتتە تال تاش ئاتىدۇ، ھەر تاشنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ ئاتىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مال بوغۇزلايدۇ، چېچىنى چۈشۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بەيتۇللاھقا يۈزلىنىپ تاۋاپ قىلىدۇ، بۇ «تاۋافى ئىفازە» دېيىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن سافا ـ مەرۋىنى سەئيى قىلىدۇ، مەزكۇر ئىشلارنىڭ قايسى بىرىنى ئىلگىرى ياكى كېيىن قىلىپ سالسا، گۇناھ بولمايدۇ. ھەججى قىران ياكى ھەججى ئىفراد قىلغان كىشى، تاۋافى قۇدۇمدىن كېيىن سافا ـ مەرۋىنى سەيئى قىلغان بولسا، تاۋافى ئىفازە قىلسا كۇپايە قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن مىناغا قايتىپ چىقىپ تەشرىق كۈنلىرى ئۇ يەردە قونىدۇ، ئەتىسى ۋە ئۆگۈنى ئىككى كۈن ئۈچ شەيتانغا يەتتە تالدىن تاش ئاتىدۇ، ئالدىرىغانلار زۇلھەججىنىڭ ـ 12 كۈنى قايتىپ كىرىدۇ، ئالدىرىمىغانلار ـ 13 كۈنى قايتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەجنى تاماملىغان بولىدۇ، پەقەتلا ۋىدالىشىش تاۋاپى ئايرىلىدىغان چاغدا قىلىش ئۈچۈن قېپقالىدۇ.

# ھەجىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ۋە ھەجدىن كېيىنكى ئەدەپ-ئەخلاقلار

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(13/12/1434ھ = 18/10/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھەجىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ۋە ھەجدىن كېيىنكى ئەدەپ-ئەخلاقلار» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر ۋە تەقۋادارلىق بولسا ئاخىرەت ئۈچۈن ئوزۇقتۇر.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھەج مەۋسۈمىدە مەككە مۇكەررەمەگە ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بارلىق كىيىم-كېچەكلەردىن خالى ھالدا، تىلى باشقا، رەڭگى باشقا ۋە ۋەتەنلىرى باشقا بولۇشىغا قارىماي جەم بولغانلىقى ھەمدە ئىبھرامدا چوڭ بىلەن كىچىك، باي بىلەن كەمبەغەل، ئەمەلدار بىلەن پۇقرا ھەممىسىنىڭ ئوخشاش قىياپەتكە كىرىشى، ئاللاھ ئەنە شۇ ئىنسانلارنى قىيامەت بولغان مەھشەر كۈنى يالىڭاچ ۋە يالاڭئاياق ھالىتىدە يىغىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿يَوْمَ نَطْوِي ٱلسَّمَآءَ كَطَيِّ ٱلسِّجِلِّ لِلْكُتُبِ ۚ كَمَا بَدَأْنَآ أَوَّلَ خَلْقٍ نُّعِيدُهُۥ ۚ وَعْدًا عَلَيْنَآ ۚ إِنَّا كُنَّا فَٰعِلِينَ﴾ «ئۇ كۈندە ئاسماننى (پۈتۈكچى) نەرسە يېزىلغان قەغەزنى يۆگىگەندەك يۆگەيمىز. مەخلۇقاتلارنى دەسلەپتە قانداق ياراتقان بولساق، شۇ ھالىتىدە ئەسلىگە قايتۇرىمىز. (بۇ)

بىز ئۇستىمىزگە ئالغان ۋەدىدۇر، (ئۇنى) چوقۇم ئىشقا ئاشۇرىمىز﴾[1].

ھەج پائالىيىتىنىڭ ئاخىرلىششى ئىنسان ھاياتىنىڭمۇ ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! ئاللاھ ئىسلام ئۈممىتىنى «ھەج» دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئىبادەت بىلەن ئۇلۇغلىدى ۋە بۇ ھەجنى ناچار قىلمىشلاردىن پاكلاشنىڭ پۇرسىتى قىلدى. چۈنكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مۇشرىكلارنىڭ ھەجى بۇتقا چوقۇنۇش، ھاراق ـ شاراپ ئىچىش ۋە ئەيشى ـ ئىشرەتتىن ئىبارەت ئىدى. ئىلگىرىكى ھاجىلار شېئىر ۋە نەسەپلەر بىلەن پەخىرلىنەتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوغرى ـ بۇلاڭچىلىقىدىن ۋە قىز باللىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىشتىن پەخىرلىنەتتى.

ئىسلام دىنى كېلىپ، ئۇلارنى ياخشىلىققا بۇيرىدى ۋە بارلىق يامانلىقلاردىن قېچىشقا تەۋسىيە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەججەتۇل ۋىدادىن ئالدىنقى يىلى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەۋەتىپ جاكارلاتقانكى، بۇ يىلدىن كېيىن بەيتۇللاھنى مۇشرىك تاۋاپ قىلمايدۇ، ھەجمۇ قىلمايدۇ ۋە كەئبىنىمۇ يالىڭاچ ھالەتتە تاۋاپ قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا جاھىلىيەت دەۋرىدىكى مۇشرىكلارنىڭ ھەج مەۋسۇمىدىكى قىلىقلىرىغا خاتىمە بېرىپ، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېدى: ﴿فَإِذَا قَضَيۡتُم مَّنَٰسِكَكُمۡ فَٱذۡكُرُواْ ٱللَّهَ كَذِكۡرِكُمۡ ءَابَآءَكُمۡ أَوۡ أَشَدَّ ذِكۡرٗاۗ فَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِي ٱلدُّنۡيَا وَمَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖ﴾ ﴿سىلەر ھەجگە ئائىت ئىبادەتلەرنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھنى بولسا ئاتا ـ بوۋاڭلارنى (پەخىرلىنىپ) ياد ئەتكەندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ياد ئېتىڭلار، بەزى كىشىلەر: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە (نېسىۋىمىزنى) بۇ دۇنيادىلا بەرگىن» دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە (ياخشىلىقتىن) ھېچ نېسىۋە يوقتۇر﴾[2].

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى! سىلەر ئىسلامنىڭ 5 ـ ئاساسى بولغان ھەج پەرزىنى تاماملىدىڭلار، بۇ ئىبادەتنىڭ شەكلى ۋە تۈرى ئالاھىدە بولۇپ، مال ۋە جىسىم بىلەن ئادا قىلىنىدۇ، ئۇ باشقا ھېچقانداق ئىبادەتكە ئوخشىمايدۇ.

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 104 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى 200 ـ ئايەت.

سىلەر روھانىي تۇرمۇشتا بىر قانچە كۈن ياشىدىڭلار، ئاللاھقا يېقىنلىق ھېس قىلدىڭلار، ئاللاھقا گۇناھ-مەئسىيەت قىلىشتىن يىراق بولدۇڭلار، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ھەقىقىي قېرىنداشلىق نەپەسلىرى بىرلەشتى، ئادالەت ۋە باراۋەرلىك شاماللىرىدىن بەھرىمەن بولدۇڭلار، بايننىڭ ئۆزگىچە كىيىمى يوق، بايلارنىڭ ئايرىم تۇرىدىغان ئەرەفات مەيدانى يوق، تاش ئاتىدىغان ئايرىم شەيتىنى يوق، ئاللاھقا كىم تەقۋا بولسا شۇ يېقىنلىشىدۇ، ئاللاھقا كىمنىڭ مىنگەن ئۇلىغى تېز ماڭسا شۇ يېقىنلىشىۋالىدىغان ئىشمۇ يوق، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ ٱللَّهُ مِنَ ٱلْمُتَّقِينَ﴾ ﴿ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقنى) قوبۇل قىلىدۇ﴾[1].

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى! سىلەر مانا ھەج ئىبادىتىنى ئاخىرلاشتۇردۇڭلار، ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچى؟ تەۋبە قىلغان پېتى ياخشى ئەمەللەر بىلەن ھاياتىڭلارنى داۋام قىلامسىلەر؟ ياكى ئۇرۇش-جېدەل بىلەن ئۆتكۈزەمسىلەر؟ ھەر بىر ھاجى ھەج پائالىيىتى جەريانىدا كۆرگەن ۋە ھېس قىلغانلىرىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى، دوستلۇق روھىنى، ئىسلامنىڭ نەقەدەر كەڭ قورساقلىقىنى يەتكۈزىدۇ. ھاجى ھەج پائالىيىتى جەريانىدا ياشىغان سەۋرچانلىقى ۋە ئەمەلىيەتچانلىق روھىنى ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىنمۇ ئەمەلىي ھاياتىدا تەتبىقلايدۇ.

ھەر بىر ھاجى يۇرتىغا يېڭى بىر روھ ۋە يېڭى بىر ئىسلام بىرلىكىنىڭ بايرىقىنى كۆتۈرگەن ھالدا بېرىشى كېرەك. ھەقىقىي ئىسلامىي جەمئىيەتلەرنىڭ بىرلىكى ئىرق، مىللەت، تىل ۋە بايلىق تەركىۋىنى ئايرىمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى بىرلا بولۇپ، ئۇ بولسا ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر.

دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار بىر ئىمامنىڭ ئارقىسىغا توپلاشماسلىقى مۇمكىن، بىراق بىرلا قۇرئاننىڭ سايىسى ئاستىغا كىرىشتىن نېمە چەكلەيدۇ؟ ئۇلار قۇرئانغا مۇستەھكەم ئېسىلسا ھىدايەت تاپىدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ هَـٰذَا ٱلْقُرْءَانَ يَهْدِى لِلَّتِى هِىَ أَقْوَمُ وَيُبَشِّرُ ٱلْمُؤْمِنِينَ ٱلَّذِينَ يَعْمَلُونَ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمْ أَجْرًا كَبِيرًا﴾ ﴿بۇ قۇرئان ھەقىقەتەن ئەڭ توغرا

[1] مائىدە سۈرىسى 27 ـ ئايەتنىڭ ئاخىرى.

يولغا باشلايدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ چوڭ مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ﴾[1].

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر تەقۋالىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچى بىر دۇنيادۇر، بىزنىڭ قايتىدىغان جايىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر، ئاخىرەت بولسا بىزنىڭ مەڭگۈلۈك جايىمىزدۇر. ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! بۇ ھەج بىزلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر ۋىدالىشىش ھەججىنى ئەسلىتىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مەشھۇر خۇتبىسىدە ھاجىلارنىڭ دىققىتىگە، ئاڭلىغانلىرىنى كەلگۈسى ئۈممەت ئۈچۈن قىيامەتكىچە يەتكۈزۈشنى تەۋسىيە قىلغان. ئۆزىنىڭ ئاللاھ يولىدا قىلغان ۋەزىپىلىرى ئۈچۈن بارلىق ھەج ئەھلىنى گۇۋاھچىلىققا تارتقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبىسىنىڭ ئاساسى بولسا، زۆرۈر بولغان بەش ئاساسنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنى قوغداشنىڭ ۋاجىپلىقىنى ئەسلەتكەن ھەمدە ئۇنى كۆپ تەكىتلىگەن: دىن، ئەقىل، جان، مال ۋە ئابرويدىن ئىبارەت بەش نەرسىنىڭ ئىسلامدىكى ھۆرمىتى ۋە ئۇنىڭغا دەخلى-تەئەررۇز قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسەتكەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز خۇتبىسىدە دىن ھەققىدە: «مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا شۇنداق بىر نەرسىنى تاشلاپ كېتىمەنكى سىلەر ئۇنىڭغا مۇستەھكەم ئېسىلساڭلار ھېچقاچان ئازمايسىلەر، ئۇ بولسا ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئاندۇر» دېگەن. ئۈممەت ئاللاھنىڭ دىنىنى ئاللاھ ئىرادە قىلغان شەكىلدە ئىجرا قىلمايدىكەن، ئۆزىنىڭ قەددىنى رۇسلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەقىلنى ساقلاش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىلىڭلاركى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى تاپىنىم ئاستىغا تىقىۋېتىلگەن» دېگەن. شۇڭا ئەقىلنى مەس قىلغۇچ ماددىلار بىلەن بۇلغاش قەتئىي توغرا ئەمەستۇر.

جان بىلەن مالنى ھىمايە قىلىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قانلىرىڭلار بىر - بىرىڭلارنىڭ قانلىرى ۋە ماللىرى، سىلەرگە ھارامدۇر،

[1] ئىسرا سۈرىسى 9 - ئايەت.

جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ قان قىساسلىرى ئەمەلدىن قالدى، بىز ئۆتنۈپ كېتىدىغان قانلارنىڭ ئەۋۋىلى ئىبنى رەبىئە ئىبنى ئەلھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قېنىدۇر، ئۇمۇ بەنى سەئەد ئايمىقىدا ئەمگەن ئىدى، ئۇنى ھۇزەيل ئۆلتۈرۈۋەتكەن، بىز قارشى تۇرىدىغان جازانە ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ جازانىسىدۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدى» دېدى.

ئابروينى ساقلاش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاياللار ھەققىدە ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلەر ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئامانىتى بىلەن ئەمرىڭلارغا ئالدىڭلار، ئاللاھنىڭ سۆزى بىلەن ئۆزۈڭلارغا ھالال قىلدىڭلار، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ئۇلارنىڭ سىلەرگە خىيانەت قىلماسلىقىدۇر».

ئى ھاجىلار! ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاللاھنىڭ سىلەرگە مۇيەسسەر قىلغان ھەج نېمىتى ئۈچۈن شۈكۈر قىلىڭلار.

ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنى غەم-قايغۇدىن قۇتقازغىن، مۇسىبەتتىكىلەرنىڭ ئېغىرچىلىقىنى يەڭگىللەتكىن، قەرزدارلارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلغىن، كېسەللىرىمىزگە شىپالىق ئاتا قىلغىن، ھاجىلار ۋە مۇساپىرلارنى ئۆز رەھمىتىڭ ئاستىغا ئالغىن! ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىغىن، ئاجىز ۋە مەزلۇم مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن، ئۇلارنىڭ ۋە سېنىڭ دۈشمىنىڭ ئۈستىدىن نۇسرەت ئاتا قىلغىن، ھاجىلارنىڭ ھەجىنى قوبۇل قىلغىن، ھاجىلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا سالامەت، غەنىمەت ئالغان ھالدا قايتقىلى نېسىپ قىلغىن!

﴿وَمِنْهُم مَّن يَقُولُ رَبَّنَآ ءَاتِنَا فِى ٱلدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ ٱلنَّارِ﴾ ﴿بەزى كىشىلەر: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەيدۇ﴾[1].

[1] بەقەرە سۈرىسى 201 ـ ئايەت.

# مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللا خەييات

20/12/1434ھ = 25/10/2013م

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمانلارغا ئازار بېرىشتىن ساقلىنىش لازىم» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. سىلەر ئاللاھنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاخىرى بارىدىغان جاي يەنىلا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ئىلگىرىكى سەلەفلەرنىڭ ئىزىنى بېسىپ مېڭىش ۋە ئۇلار تاللىغان يولنى تاللاش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان، جەننەتكە كىرىشكە سەۋەب بولىدىغان ۋە ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئەۋلىيالىرى تۇتۇپ ماڭغان يولدۇر. ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە بىزنىمۇ ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدا مېڭىشقا ۋە ئۇلارنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

﴿أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ هَدَى ٱللَّهُۖ فَبِهُدَىٰهُمُ ٱقۡتَدِهۡۗ قُل لَّآ أَسۡـَٔلُكُمۡ عَلَيۡهِ أَجۡرًاۖ إِنۡ هُوَ إِلَّا ذِكۡرَىٰ لِلۡعَٰلَمِينَ﴾ ﴿ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ توغرا يولىغا ئەگەشكىن، (ئى مۇھەممەد! قەۋمىڭگە) ئېيتقىنكى، «قۇرئاننى تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچقانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز-

نەسسەھەتتۇر﴾[1].

پەيغەمبەرلەر سۆيەتلەنگەن ئەڭ ئېسىل سۆپەت بولسا، ياخشىلىق يولىدا مېڭىشقا تىرىشىش، ئۆزىنى باشقىلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە تاجاۋۇز قىلىشتىن ساقلاش، مۇئمىنلەرگە ھەر قانداق شەكىلدە ئازار بېرىشتىن ساقلىنىشتۇر. ئۇلارنى مەزكۇر ئىللەتلەردىن ساقلىغان نەرسە، ئۇلارنىڭ ئالىي ماقامدىكى ئەخلاقىدۇر. چۈنكى ئۇلارنى ئاللاھ تائالا ئۆزى تەربىيەلىگەن ۋە مۇئمىنلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىشتە بولسا دىنى قېرىنداشلىق رىشتىسىدۇر.

قېرىنداشلىق بولسا رەھىم-شەپقەت، مېھرىبانلىق، باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىدا مەسئۇلىيەتچان بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلمايدۇ، دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، كىمكى ئۆز قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قىيامەتتىكى مۈشكۈلىنى ئاسان قىلىدۇ، كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ئەيىبىنى ياپىدىكەن، ئاللاھ قىيامەتتە ئۇنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ».

قېرىنداشلىق دېمەك، ئازار بەرمەسلىك دېمەكتۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان كىشى ئىسلامى مۇكەممەل بولغان، باشقىلارغا تىلى ۋە قولى ئارقىلىق ئازار بەرمىگەن ئادەمدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمان دېگەن باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىنىڭ ئازارلىرىدىن ئەمىن بولغان كىشىدۇر، مۇھاجىر بولسا ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقان كىشىدۇر».

يەنە كېلىپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئابرويىغا داغ تەككۈزىدىغان ۋە يالغاندىن تۆھمەت قىلىدىغانلارنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ ياماندۇر. بولۇپمۇ گېزىت-ژۇرناللار، خۇتبە ئارقىلىق، خەت يوللاش ۋە تىۋىتتېر ئارقىلىق يالغاننى توقۇش ۋە ئازار بېرىش تېخىمۇ قەبىھ گۇناھتۇر.

---

[1] ئەنئام سۈرىسى 90 - ئايەت.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئازار بېرىشنىڭ يەنە بىر ئېغىر تۈرى، قارشى تەرەپ بىلەن ناھەق داۋالىشىشتۇر. ھەمدە باشقىلارنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلىپ تۇرۇپ، يەنە مۇتەھەممىلىك قىلىش ئاللاھنىڭ قاتتىق غەزىپىگە لايىق بولىدىغان جىنايەتلەردىندۇر.

ئالىملار دېگەنكى: «سېنىڭ ھەققىڭدە ئاللاھقا ئاسىي بولغانلار ئۈچۈن، سەن رەددىيە قايتۇرماستىن ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشىڭ بەك ياخشىدۇر، زۇلۇمغا زۇلۇم بىلەن جاۋاپ قايتۇرماستىن كەچۈرۈم قىلغان ئادەم، ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە نائىل بولۇشقا تېخىمۇ ھەقلىق كىشىدۇر». ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ يُدَٰفِعُ عَنِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ كُلَّ خَوَّانٖ كَفُورٍ﴾ ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ، ئاللاھ ھەر قانداق خىيانەتچى، ناشۈكۈر بەندىنى دوست تۇتمايدۇ﴾[1].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر مۇئمىنلەرگە ئازار بېرىشتىن، كۆڭلىنى ئاغرىتىشتىن ۋە باشقىلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ئازار بېرىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشتىن ساقلىنىڭلار! بىز شۇنداق بىر زاماندا ياشىماقتىمىزكى، ھەممە تەرەپتىن سۈيقەست ۋە ھىلە-مىكىر قاپلاپ كەتكەن، ھەر بىر قەدەمدە ئاقىۋەتكە قاراش ۋە دىققەت قىلىش لازىم بولغان.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئىمام ئىككىنچى خۇتبىسىدە مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئاللاھ ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ياخشى گەپ قىلسۇن ياكى بولمىسا سۈكۈت قىلسۇن».

قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، داۋاملىق تىلنى چىرايلىق سۆزگە كۆندۈرۈش ۋە باشقىلارغا ئازار بېرىدىغان سۆز ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق كېرەك، ھەتتاكى ئاللاھ باشقا دىندىكىلەر بىلەن ئەدەپلىك بولۇش ۋە ئۇلارنىڭ ئىلاھلىرىنى ھاقارەتلىمەسلىك ھەمدە ئۇلارنى قەبىھ سۆزلەر بىلەن تىللىماسلىققا بۇيرىغان.

[1] ھەج سۈرىسى 38 - ئايەت.

ئالـلاھ بەنـى ئىسـرائىلدىنمۇ كىشـلەرگە ياخشـى گـەپ قىلىشـقا ۋەدە ئالغانلىقىنـى بايـان قىلىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَ بَنِيٓ إِسْرَٰٓءِيلَ لَا تَعْبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَانًا وَذِي ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَٰمَىٰ وَٱلْمَسَٰكِينِ وَقُولُوا۟ لِلنَّاسِ حُسْنًا وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ ثُمَّ تَوَلَّيْتُمْ إِلَّا قَلِيلًا مِّنكُمْ وَأَنتُم مُّعْرِضُونَ﴾ ﴿ئـۆز ۋاقتـىدا بىـز ئىسـرائىل ئەۋلادىدىـن الله دىـن باشـقىغا ئىبـادەت قىلماسلىققا، ئاتـا ـ ئانىسـىغا، خىش ـ ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگـە، مىسكىنلەرگە ياخشـىلىق قىلىشـقا، كىشـلەرگە ياخشـى سـۆز قىلىشـقا، ناماز ئۆتەشـكە، زاكات بېرىشـكە ئەھـدە ئالـدۇق. ئاراڭلاردىكـى ئازغىنە كىشـىدىن باشـقىڭلار ئەھدىدىن يېنىۋالدىـڭلار، سـىلەر ھەمىشـە (ئەھدەڭلاردىـن) يېنىۋالسـىلەر﴾[1].

چىرايلىـق سـۆز دوسـتلارغىمۇ ۋە دۈشـمەنلەرگىمۇ يارىشـىدۇ، ئۇنـىڭ نەتىجىسـىمۇ ياخشـى بولـىدۇ، قوپـال سـۆزنىڭ زىيىنـى بولـىدۇ ۋە ھېچقاچـان پايدىسـى بولمايـدۇ. چىرايلىـق سـۆز قىلىـش ۋە قوپاللىقتىـن سـاقلىنىش ھەققىـدە ئالـلاھ تەۋۋەندىكـى ئايەتتـە مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَقُل لِّعِبَادِي يَقُولُوا۟ ٱلَّتِي هِيَ أَحْسَنُ ۚ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ يَنزَغُ بَيْنَهُمْ ۚ إِنَّ ٱلشَّيْطَٰنَ كَانَ لِلْإِنسَٰنِ عَدُوًّا مُّبِينًا﴾ ﴿بەندىلىرىمگـە ئېيتقىنكـى، ئـۇلار ياخشـى سـۆزلەرنى قىلسـۇن، شۈبھىسـىزكى، شـەيتان ئۇلارنـىڭ ئارىسـىدا پىتنـە قوزغايـدۇ، شـەيتان ئىنسـانغا ھەقىقەتـەن ئاشـكارا دۈشـمەندۇر﴾[2].

دۈشـمەن بىلەنمۇ چىرايلىق سۆزلىشـىش ئارىدىكى ئاداۋەت ۋە خۇسۇمەتلەرنى يوْيـىدۇ، ئالـلاھ مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿وَلَا تَسْتَوِي ٱلْحَسَنَةُ وَلَا ٱلسَّيِّئَةُ ۚ ٱدْفَعْ بِٱلَّتِي هِيَ أَحْسَنُ فَإِذَا ٱلَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَهُۥ عَدَٰوَةٌ كَأَنَّهُۥ وَلِيٌّ حَمِيمٌ﴾ ﴿ياخشـى ئىـش بىلـەن يامـان ئىـش بـاراۋەر بولمايـدۇ، ياخشـى خىسـلەت ئارقىلـىق (يامـان خىسـلەتكە) تاقابىـل تۇرغـىن، (شـۇنداق قىلساڭ) سـەن بىلـەن ئۆزىنىـڭ ئارىسـىدا ئـاداۋەت بـار ئـادەم گويـا سـىرداش دوسـتۇڭدەك بولـۇپ قالـىدۇ﴾[3].

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسـسالام باشـقىلار بىلـەن سۆزلەشـكەندە ئـەڭ چىرايلىـق ئىپادىلەرنـى قوللىنىشـقا تەشـەببۇس قىلىـپ مۇنـداق دېگـەن: «قىيامـەت كۈنـى مۇئمىنىـىڭ تارازىسـىغا ئېغىـر كېلىدىغان نەرسـىلەر ئىچىدە ياخشـى ئەخلاقتىنمۇ

[1] بەقەرە سۈرىسى 83 ـ ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى 53 ـ ئايەت.
[3] فۇسسىلەت سۈرىسى 34 ـ ئايەت.

ئېغىرراق بىر نەرسە يوقتۇر، ئاللاھ قوپال سەت گەپ قىلىدىغانلارنى يامان كۆرىدۇ»[1].

ئى ئاللاھ! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىل، دىنىنىڭ مەنبەئىنى ھىمايە قىل، دىن دۈشمەنلىرىنى ۋەيران قىل، بارلىق زالىم، بۇزغۇنچى، مەككارلارنى ۋەيران قىل. ئى ئاللاھ! بارلىق ئىشلاردا ئاقىۋىتىمىزنى ياخشىلىغىن، بىزلەرنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خارلىقىدىن ساقلىغىن، ئامىن!!..

[1] تىرمىزى رىۋايىتى.

# بىر يىل ئاخىرلاشتى، يەنە يېڭى بىر يىل كىردى

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(27/12/1434ھ = 01/11/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «بىر يىل ئاخىرلاشتى، يەنە يېڭى بىر يىل كىردى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. بىلىڭلاركى، بۇ دۇنيا ئۆتكۈنچى بىر دۇنيادۇر، ئۇ ئاخىرەت ئۈچۈن ئۆتكەلدۇر، شۇڭا ئۇ ئىنتايىن تېز پۈرسەتتە ئاخىرلىشىدۇ، دۇنيانىڭ ھەقىقىتى ئېزىتقۇ (سەراب)غا ئوخشايدۇ دۇنيادىكى بارچە مەخلۇقلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يۆتكەلگۈچىدۇر. ئاخىرەتتىكى بارىدىغان جاي جەننەت بولىدۇ ياكى جەھەننەم.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلۡتَنظُرۡ نَفۡسٞ مَّا قَدَّمَتۡ لِغَدٖۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ﴾ ﴿ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ماددىغا بېرىلىپ كەتكەن ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆكۈپ كەتكەن تىگىرقاش ئىچىدىكى بۇ زاماندا ئىنسان ئۆزىنىڭ روھىنىڭ ۋەز-نەسىھەتكە ۋە روھىي ئوزۇققا موھتاجلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كۆڭۈللەر ئىبرەتلىك

[1] ھەشر سۈرىسى 18 ـ ئايەت.

ئەسلىملەرگە موھتاج بولىدۇ. ئەنە شۇ ئىبرەتلەردىن بىرى يىللارنىڭ ئاخىرلىشىپ، يېڭى يىلنى قارشى ئېلىش ۋە شۇ رېتىم بويىچە كونا يىلنىڭ ئاخىرلىشىپ، يەنە يېڭى يىلنىڭ كىرىشىدۇر. يىللارغا ئوخشاشلا ئايلار، كۈنلەر، سائەتلەر ۋە مىنۇتلار ئۆتىدۇ، ئەمما قايتا كەلمەيدۇ. ئىنساننىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىدۇ ۋە ئەجەللەر يېقىنلىشىدۇ، ئەمما بىز ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزغا يېتىپ بولالمايمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُقَلِّبُ ٱللَّهُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبۡرَةٗ لِّأُوْلِي ٱلۡأَبۡصَٰرِ﴾ ﴿ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾[1].

ئى ئىسلام ئۈممىتى! مانا سىلەر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بىر يىلنى ئۇزۇتۇپ، يېڭى بىر يىلنى قارشى ئېلىۋاتىسىلەر، كونا يىلنىڭ ئايلىرى، كۈنلىرى ۋە سائەتلىرى كەلمەسكە كەتتى. ئەتىمۇ شۇنداق باشلانغاندەك قىلىپلا ئاخىرلىشىدۇ. دەپتەرلەر يېپىلدى، قەلەم قۇرۇپ بولدى، ياخشى ئىشلارنى قىلالىدۇقمۇ ياكى گۇناھلارنى ئىشلىدۇقمۇ ئاللاھ بىلگۈچىدۇر. ياخشى ئىش قىلغان ۋە توغرا يولدا ماڭغانلار ئۈچۈن خۇش بىشارەت بولسۇن! يامان ئىشلارنى قىلىپ گۇناھكار بولغانلار ئۈچۈن ۋاي ئىستى دېمەكتىن باشقا چارە يوق.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمۡ وَٱخۡشَوۡاْ يَوۡمٗا لَّا يَجۡزِي وَالِدٌ عَن وَلَدِهِۦ وَلَا مَوۡلُودٌ هُوَ جَازٍ عَن وَالِدِهِۦ شَيۡـًٔاۚ إِنَّ وَعۡدَ ٱللَّهِ حَقّٞۖ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ ٱلۡحَيَوٰةُ ٱلدُّنۡيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِٱللَّهِ ٱلۡغَرُورُ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! پەرۋەردىگارىڭلارغا (بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنلاش، مەنئى قىلغان ئىشلاردىن چەكلىنىش بىلەن) تەقۋادارلىق قىلىڭلار، شۇنداق بىر كۈندىن قورقۇڭلاركى، (ئۇ كۈندە) ئاتا بالىسىغا ئەسقاتمايدۇ، بالىمۇ ئاتىسىغا ئەسقاتمايدۇ، ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار﴾[2].

[1] نۇر سۈرىسى 44 - ئايەت.
[2] لوقمان سۈرىسى 33 - ئايەت.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستا ئۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۈرەمگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ: «سەن بۇ دۇنيادا غېرىبانە ياكى مۇساپىردەك ياشىغىن» دېدى. شۇ ھەقىقەت ئېنىقكى ئۆمۈر بەك چەكلىكتۇر، شۇڭا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشماي مۇمكىن ئەمەس.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ھېچقاچان دۇنيانىڭ زىننەتلىرىگە ئالدانماڭلار! سىلەر بۇ دۇنياغا مېھمان، باردىغان جايىڭلار ئۇ دۇنيادۇر، بۇ دۇنيادا ھېچكىم باقىي ئەمەس. غەپلەت ئۇيقۇسىدا يۈرگەنلەر، خۇددى يىل كېتىپ يېڭى يىلنىڭ كېلىشى، ياشلىرىمىزنى يېڭىلايدىغاندەك يېڭى يىلنى ئويۇن كۈلكە ۋە تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىشلار بىلەن كۈتىۋالىدۇ، مانا بۇ بىزلەرنىڭ غاپىللىقىمىزنىڭ ئىپادىسى.

ياخشى ئويلاش كېرەككى، قانچىلىغان يىللارنى بىھۇدە ئويۇن-تاماشا ۋە كەيپى-ساپالار بىلەن ئۆتكۈزدىڭىز؟ ۋاجىپ-سۈننەتلەردىن قانچىنى تەرك ئەتتىڭىز؟ قانچىلىغان ئىنسانلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىنى زايا قىلىۋەتتىڭىز؟ ئاندىن سىز ئاللاھقا قىلىدىغان تەۋبىڭىزنى قايسى سائەتكە كېچىكتۈردىڭىز؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَن يُؤَخِّرَ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِذَا جَآءَ أَجَلُهَاۚ وَٱللَّهُ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ﴾ ﴿ئاللاھ ھېچ ئادەمنى ئەجىلى كەلگەندە ھەرگىز كېچىكتۈرمەيدۇ، ئاللاھ قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1].

سۇبھانەللا! ئىنساننىڭ ھالى نېمىدېگەن ئەجەپلىنەرلىك ھە! ئۆلۈمگە ئىمان كەلتۈرىدۇ-يۇ، ئۇنتۇپ قالىدۇ. خاتالاشقانلىقىغا تەن بەرمەي چاپان يايىدۇ، ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىدىن شۇنچە مەغرۇر بولۇپ، كېسەللىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۆزىنى خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئىنسان بالىسى مەغرۇرلىقىدىن رەببىگە ئىتائەت قىلمايدۇ، نەسىھەت قوبۇل قىلمايدۇ.

ئى مەغرۇر كىشى! نېمە ئۈچۈن شەيتىنىڭغا ئىتائەت قىلدىڭ؟ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىڭنى زايا قىلدىڭ؟ ئازغۇن ھاۋايى-ھەۋەسلەرنى يولغا سېتىۋالدىڭ؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوۡمَ تَجِدُ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا عَمِلَتۡ مِنۡ خَيۡرٖ مُّحۡضَرٗا وَمَا عَمِلَتۡ مِن سُوٓءٖ تَوَدُّ لَوۡ أَنَّ بَيۡنَهَا وَبَيۡنَهُۥٓ أَمَدَۢا بَعِيدٗاۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفۡسَهُۥۗ وَٱللَّهُ

[1] مۇنافىقۇن سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

رَءُوفُۢ بِٱلۡعِبَادِ﴾ «ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)، ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىپنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر»[1].

ئى مۇئمىنلار! ھەقىقىي بەختلىك كىشى دۇنيالىقىدىن ئاخىرىتىگە ئوزۇق يىغقان كىشىدۇر، بۈگۈنى ۋە ئەتىسى ئۈچۈن ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىدۇر. قىيامەت كۈنىدىكى ھېساب ئۈچۈن تەييارلىق كۆرگەن كىشىدۇر، قىسقىسى قىيامەتتىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلغان كىشىدۇر.

ئى مۇئمىن قېرىنداشلار! سىلەر ھازىر كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى قارشى ئېلىۋاتىسىلەر، ئاللاھقا ھەقىقىي تەۋبە قىلىڭلار، خاتالىقلارغا پۇشايمان قىلىپ، ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىڭلار! ھېساب ئالدىڭلارغا كېلىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭلاردىن ھېساب ئېلىڭلار! ئەمەللىرىڭلار تارازىغا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆزۈڭلارنى تارازىغا سېلىڭلار!

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت كۈنى بەندىنىڭ تاپىنى يەرگە ئورۇنلاشماي تۇرۇپ، تۆت تۈرلۈك ئىشتىن سوراققا تارتىلىدۇ: ئۆمرىنى نېمىگە ئىشلەتتى؟ ياشلىقىنى قانداق يوقاتتى؟ مال-دۇنياسىنى نەدىن تاپتى ۋە نەگە ئىشلەتتى؟ بىلگەنلىرىدىن قايسىغا ئەمەل قىلدى؟»[2].

ۋە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكُلَّ إِنسَٰنٍ أَلۡزَمۡنَٰهُ طَٰٓئِرَهُۥ فِي عُنُقِهِۦۖ وَنُخۡرِجُ لَهُۥ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ كِتَٰبٗا يَلۡقَىٰهُ مَنشُورًا ٱقۡرَأۡ كِتَٰبَكَ كَفَىٰ بِنَفۡسِكَ ٱلۡيَوۡمَ عَلَيۡكَ حَسِيبٗا﴾ «ھەر بىر ئىنساننىڭ ئەمەلىنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويىمىز (يەنى ئىنساننىڭ قىلغان ھەرقانداق ئەمەلى خۇددى بويۇنچاق بويۇندىن ئايرىلمىغىنىدەك ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، شۇنىڭغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ)، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نامە- ئەمالىنى كۆرسىتىمىز، ئۇ ئۇنى

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 30 - ئايەت.
[2] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئوچۇق كۆرىدۇ. (ئۇنىڭغا) «نامىۇ- ئەمالىڭنى ئوقۇغىن! بۈگۈن ئۆزۈڭگە (يەنى بۇ قىلمىشلىرىڭغا ئۆزەڭ گۇۋاھ بولۇشۇڭ كۇپايە» دېيىلىدۇ﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! يېڭى يىلنىڭ كىرىشى بىلەن ئىسلام ئۇممىتىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتلەر، بۆلۈنۈشلەر، زالىملارنىڭ قاتتىق رەھىمسىزلىكلىرى ۋە دۈشمەنلەرنىڭ داۋاملىق ئىسلام ئۇممىتىگە سۇيقەست قىلىپ تۇرۇشلىرى، شۇ ھەقىقەتنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدىكى، ئۇممەت ئۆز ئەقىدىسىگە مۇستەھكەم ئېسىلماستىن ۋە ئاللاھ بۇيرۇغان ئەخلاق بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرماستىن، ئىززەت ۋە نۇسرەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئېغىرلىقى ۋە تەھدىتلەرنىڭ مۇرەككەپلىكىگە قارىماي، ئىسلام ئۇممىتى ئۆزىنىڭ دىنىي ۋە ئەخلاقىي ھەمدە ئىنسانىي مەسئۇلىيىتى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تونۇپ يېتىپ، دىنى ۋە ۋەتىنىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشى كېرەك. ئۇممەت ئالدىدا بىرلىك باراۋەرلىكتىن باشقا يول يوق. ھېكمەتلىك ئىش كۆرۈش، قىيىنچىلىقلىرىنى كەچۈرۈمچانلىق ۋە كېلىشىش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. ھېكمەت مۇئمىنىنىڭ يۈتتۈرۈپ قويغان ئەڭگۈشتىرىدۇر، ئۇنى قاچان تېپىۋالسا، ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشقا ھەقلىقتۇر.

ئىسلام ئۇممىتى ئۇممەتنىڭ بۈيۈك مەنپەئەتلىرىگە رىئايە قىلىشى، ئىنسان ھەقلىرىگە ھۆرمەت قىلىشى، ئۇممەتنى ئۇرۇش ۋە پىتنىلەردىن ساقلاپ قېلىشى، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى ياقلىشى، ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشى ۋە قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشى كېرەك. دۇنيا خەلقى دۇنيادىن ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىكى كېرەك. دۇنيا جامائەتچىلىكى ۋە خەلقئارالىق تەشكىلاتلار ئۆزىنىڭ سەممىيىتىنى يوقاتماسلىقى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە دۇنيا جامائەتچىلىكى خەلقئارا تۈزۈملەر پەۋقۇلئاددە چوڭ ۋە چوڭقۇر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشقا موھتاج. دۇنيا جامائەتچىلىكى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە تەرەپبازلىق قىلىش ۋە قوش ئۆلچەم ئىشلىتىش قاتارلىق يولسىزلىقلارغا خاتىمە بېرىش لازىم. بىزمۇ ئۇممەتنىڭ ئاساسلىق مەيدانلىرىدا كەم بولۇشتىن قەتئىي نەزەر سودىلاشماسلىقىمىز كېرەك. ئىنسانلار ئارا

[1] ئىسرا سۈرىسى 13 ـ ۋە 14 ـ ئايەت.

مۇتەئەسسىپلىك، ئۆچمەنلىك ۋە تەڭسىزلىكلەرگە يول قويۇلماسلىقى لازىم. زۇلۇم، تەڭسىزلىك، جاھالەت، كەمبەغەللىك، كېسەللىك، ئىشسىزلىق ۋە تۈرلۈك ئىختىلاپلارغا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. ئۈممەت مۇسىبەتلەرنىڭ كۆپلىكىگە قارىماي، قەتئىي ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى لازىم.

پەلەستىن، شام، بىرما ۋە باشقا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىز، ئاللاھنىڭ نۇسرىتىدىن نائۈمىد بولماڭلار، ئاللاھنىڭ نۇسرىتىدىن خۇش بىشارەتلىك بولۇڭلار! چۈنكى ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەق ۋە ئۇنىڭ مۇئمىنلارغا نۇسرەت بېرىشكە ۋەدە قىلغانلىقى بەرھەقتۇر.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى مۆمىنلار! ئۇنتۇلماس تارىخى ۋەقەلىكلەرنىڭ بىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىشىدۇر، ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار ھىجرەتى نەبەۋى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

ئىنسان ئۆچۈن زۇلمەت قانچە ئۇزۇن بولۇشىغا قارىماي، تاڭ ئاتىدىغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. قەدىرلىك مۇسۇلمانلار! يېڭى يىلنى ئاللاھقا بولغان تەقۋالىقىڭلارنى ئاشۇرۇش بىلەن قارشى ئېلىڭلار ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇڭلار.

# پىتنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىبادەتكە يۈزلىنىش كېرەك

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(30/10/1434ھ = 06/09/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «پىتنىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىبادەتكە يۈزلىنىش كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىدىكەن، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزى ھىمايە قىلىدۇ، ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ، بەختلىك قىلىدۇ ۋە ئۆز دەرگاھىدىن ئورۇن بېرىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇش ۋە تەقۋالىق قىلىش بولسا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئوزۇقتۇر. ئاللاھتىن قورققانلار ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كۆپ ياخشىلىقلار بار.

ئى مۇئمىنلەر! پىتنىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى كۆتۈرۈلگەندە، بالايى ـ مۇسىبەتلەرنىڭ قاراڭغۇلىقلىرى ئەتراپنى قاپلىۋالغاندا، ئۈممەت شۇنداق بىر ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىپ قالىدۇكى، كۆپلىگەن كىشىلەر پىتنىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئېزىپ كېتىدۇ ۋە توغرا يولدىن ئادىشىدۇ. چۈنكى پىتنىنىڭ كۆزى قارىغۇ ۋە ئۆزى قاراڭغۇدۇر. پىتنىگە مۇبتىلا بولغان كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ياخشى بىلەن يامان، ھەق بىلەن ناھەق ئارىلىشىپ كېتىدۇ. پىتنە يامرىغان ۋاقىتتا ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ شۇ پىتنىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، ئەگىشىپ ماڭىدىغان يول بەلگىلىرى ۋە يۇلتۇزلىرى بولۇشى كېرەك. مۇئمىن ئۈچۈن پىتنىدىن ساقلىنىدىغان ئەڭ ياخشى چارە ۋە پاناھلىق ئورنى،

ئاللاھنىڭ تەرپىگە قايتىشتۇر.

ئىنسانلار خەۋەرلەرگە ئالدىنىپ، ئەتراپىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەنسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلار خەۋەر قانالىرى ئالدىدىن قوپماي ئولتۇرۇپ، جىددىيلىشىۋاتقاندا ھەقىقىي مۇئمىنلەر قىلچە ئەنسىزلەنمەستىن، ئاللاھ تەرپىگە قايتىپ، ناماز ئوقۇشقا ۋە ئىبادەت قىلىشقا باشلايدۇ. قەلبلەر ئەنسىزلىككە تولغاندا قەلبىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، خاتىرجەم ھالدا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ئاقىۋەتلەرنىڭ ياخشىلىقىنى تىلىگەن ئادەم، راھەت ھېس قىلالايدۇ. بۇنداق ئېغىر كۈنلەردە كېچىدە قوپۇپ ئىبادەت قىلىپ، ئاللاھقا يېلىنىش، ھەقىقىي نىجاتلىق يولىدۇر. ئىبادەتنىڭ سىرلىرى بار، ئۇ سىرلار مۇئمىن ئۈچۈن يولدا ئوزۇق، روھقا مەدەت ۋە قەلب ئۈچۈن نۇردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ئىش ئېغىر كەلسە ياكى ئېغىر مۇسىبەت كەلسە، ناماز ئوقۇشقا باشلايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلەرنىڭ بېشىغا مۇسىبەت كەلگەندە، ئۇلارنى تائەت-ئىبادەتكە يۈزلىنىشكە بۇيرىغان. چۈنكى ئىبادەت ئىنساننى يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغان پىتنىدىن ساقلايدۇ ۋە پىتنە يۈز بەرسە ئۇنىڭ شەررىدىن ساقلايدۇ.

كىم تەقۋادار بولۇپ، ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، نىجاتلىققا ئەڭ لايىق كىشىدۇر. ئاللاھنىڭ كائىناتتا ئورۇنلاشتۇرغان قانۇنىيىتىدە ئاللاھقا يۈزلەنگەن ئىنساننى خار قىلمايدۇ. ئىلگىرىكى ئۆلىمالار: «پىتنىلەرنى تەقۋالىق ئارقىلىق توسۇڭلار»، دەيتتى. ئاللاھقا يۈزلىنىش بولسا ئاللاھقا يېلىنىپ دۇئا قىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئالىرىدا داۋاملىق ھايات-مامات پىتنىسىدىن پاناھ تىلەشنى ئۆگەتكەن.

مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ يول خەرىتىسى قىلىدىغان يەنە بىر مۇھىم مەسىلە، ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇش ۋە ھەر ئىشقا سەۋەب قىلىشتۇر. ئاللاھنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە قان تۆكۈشنىڭ ھاراملىقىدا چىڭ تۇرۇش، ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلىشىش، پايدا مەنپەئەت ۋە زىيان-زەخمەتلەرنىڭ ھېسابىنى قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ دەرىجىلىرىنى، شەرىئەت ئۆلچىمىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا ئۆلچەشتۇر.

ئۈممەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتىدە ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇ-ھېسسىياتىمىز ۋە دۇنيالىق مەنپەئەتىمىز بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ئەمرىگە ئۇيغۇن يول تۇتۇشىمىز كېرەك. پىتنە بولسا ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە خىلاپ قىلمىشتۇر.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! پىتنە قوزغالغان زاماندا، ساختا خەۋەر ۋە پىتنە-ئىغۋالار كۆپىيىپ كېتىدۇ، راست بىلەن يالغان ئارلىشىپ كېتىدۇ، بولۇپمۇ ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ تەسىر كۈچى بىلەن ھەقنى باتىل، باتىلنى ھەق كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللار كۆپ بولىدۇ. تېلېۋىزور قاناللىرى، گېزىت-ژورناللار ۋە ئىنتېرنېت ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق خەۋەرلەر تېز تارقايدۇ، يالغان ئېيتىشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئىنسانلار كۆپىيىپ قالىدۇ، تېلېۋىزور قاناللىرى ئالدىدا ئولتۇرۇپ ھايا قىلماستىن ۋە ئاللاھتىن قورقماستىن يالغان سۆزلەيدۇ، تۆھمەت قىلىدۇ ۋە ھەقنى باتىل، باتىلنى ھەق شەكلىدە تەقدىم قىلىدۇ.

توغرا پىرىنسىپ بولسا، پىتنىلەر يۈز بەرگەندە ئېزىپ كەتمەستىن مۇستەھكەم تۇرۇش، ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، ئۆز ئارا مېھرىبان بولۇش، ئەھلى ئىلىم ۋە ئەقىل ئىگىلىرىدىن مەسلىھەت سوراش ۋە تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەشتۇر. باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن، پەقەت مېنىڭ توغرا دەپ تۇرۇۋالماسلىق لازىم. بىلىش كېرەككى، ھەر قانداق بىر ئىشتا سىزنىڭ ئاللاھقا كۆز قارىشىڭىز بولۇشى شەرت ئەمەس، بەلكى ھەر ئىشتا ئەدلى-ئىنساپ بولۇشى شەرت. پىتنە دەۋرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىپىگە داغ تەككۈزۈشتىن ۋە تىل تەگكۈزۈشتىن تەپ تارتمايدىغانلار كۆپتۇر. ئۆزىنى بىلىملىك زىيالىي چاغلىغانلار، ئالىملار ھەققىدە ئېغىزغا كەلگەننى جۆيلۈيدۇ، ئاممىۋى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىنى بۇلغاپ، ھەقىقەتنى بۇرمىلايدىغان قەلەم ئىگىلىرى پىتنىگە ئۇرۇغ چاچىدىغانلار ۋە ئەڭ چوڭ پىتنىخورلاردۇر.

مۇسۇلمانلار دىيارىدىكى چوڭقۇر سىياسىي ئىختىلاپلار، ئىجتىمائىي ئالاقە تورلىرىدىكى مۇجمەللىكلەر ۋە يېزىلىۋاتقان ئىلمى ماتېرىياللار قاتارلىقلارنىڭ كىملەر تەرىپىدىن ۋە نېمە مەقسەتتە يېزىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش قىيىن بولغان بۈگۈنكى كۈندە، ھەقىقەت ۋە ئادالەت ئارىدىن غايىپ بولدى. كىشىلەر پەقەتلا گەپ سېتىشنى بىرىنچى ئورۇندا قويىۋاتىدۇ، يېزىۋاتقان

نەرسىلىرىدە شەرىئەت ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى قايرىپ قويۇپ، ئېغىزغا كەلگەننى جۆيلىۋاتىدۇ. بۇنداق زاماندا ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش كېرەك. پىتنە يۈز بەرگەندە سەۋر قىلىش مۇئمىننىڭ بىردىن بىر كۈچلۈك قورالىدۇر.

بۇ دۇنيادا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تۈرلۈك ئىمتىھانلار ۋە پىتنىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بالايى-ئاپەت كەلگەندە سەۋرگە تەييارلىق قىلىڭلار، سەۋر قىلغانلىق بالا-قازاغا رازى بولۇپ تەسلىم بولۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى سەۋر قىلىش دېگەنلىك دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە بالايى-مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋېتىش يولىدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ سەۋەب قىلىشتۇر.

بۈگۈنكى كۈندە يۈز بېرىۋاتقان پىتنىلەرگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ يەنە بىر يولى ئۈمىدلىك بولۇش، روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلەشمەسلىك ۋە ئاقىۋەتنى ئاللاھقا قويۇشتۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى بارلىق پىتنىلەردىن ساقلىسۇن، ئامىن!!!

# ئىنساندىكى ئاڭ-سەۋىيەنىڭ يۇقىرى بولۇشى، مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەكلىكىدۇر

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(07/11/1434ھ = 13/09/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىنساندىكى ئاڭ-سەۋىيەنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ئۇنىڭدىكى مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەكلىكىدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقى تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تائالا بىزلەرگە ئەقىل-تەپەككۇرنى نېمەت قىلىپ بەرگەن ئىكەن ئەتراپىمىزدا بولۇۋاتقان ۋەقە-ھادىسىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشىمىز ۋە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەتراپىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزگەندە بىزنىڭ ئاڭ-سەۋىيىمىز ئاشىدۇ ۋە بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقالايمىز.

ئاللاھ مۇۋەپپەق قىلغان ۋە ئىشلىرىدا غەلىبە قىلغان تالانتلىق ئىنسان، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راست پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەستىقلىغان، ئىسلامنى ئۆزىگە رەھبەر ۋە يولباشچى قىلغان، ياخشى ئىشقا ئالدىراپ، يامان ئىشتىن ئۆزىنى تارتقان ئىنساندۇر. ھەقىقى مۇسۇلمان كىشى ئەنە شۇ ھېس-تۇيغۇنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىپ، كۆرۈۋاتقان

ئىشلاردىن پاك بىلەن ناپاكنى، ھەق بىلەن ناھەقنى ۋە ياخشى بىلەن يامانىنى ئايرىيالايدۇ. ئەنە شۇ ئىنساندا شۇنداق ئەقىل ۋە ھېكمەت پەيدا بولىدۇكى، يامانلىق يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ئۇنىڭدىن ساقلىنىشقا تىرىشىدۇ، يامانلىق يۈز بېرىپ قالغاندىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىۋالىدۇ.

ھادىسىلەرگە توغرا باھا بېرىپ، توغرا مۇئامىلە قىلىشتىكى سىر بولسا، ئىنساندىكى ھېس-تۇيغۇ ۋە ئاڭ-سەۋىيەنىڭ يۈكسەكلىكىدۇر. ئاڭ-سەۋىيەدە يۈكسەك ماقامغا يەتكەن ئىنسان، ئەتراپتىكى سەلبىي ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ. بەلكى ئاڭ-سەۋىيە ئارقىلىق ئۆزىنى سەلبىي ئامىللارنىڭ تەسىرلىرىدىن ھىمايە قىلالايدۇ.

ئىمام ئاڭ-سەۋىيەنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «ئاڭ-سەۋىيە بولسا ئاڭلاش ۋە كۆرۈش تۇيغۇسىدىن ئۈستۈن بولۇپلا قالماستىن، ئاڭلاش ۋە كۆرۈش تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى دېيىشكە بولىدۇ».

ھەقىقىي مۇسۇلمان بۈگۈنكىدەك ھەممە تەرەپنى ئالدامچىلىق، كۆز بوياमچىلىق، ھىيلە-مىكىر ۋە يالغانچىلىق قاپلاپ كەتكەن، بولۇپمۇ دىنى ۋە دۇنيالىق ھاياتىمىز باتىل بىلەن توشۇپ كەتكەن بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ھىمايىسى بىلەن بىللە بولغان ئاڭ-سەۋىيە ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر. ھەقىقىي مۇئمىن ئاللاھنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئەنە شۇ يالغان ئۇيدۇرما، ھەقنى باتىل ۋە باتىلنى ھەق كۆرسىتىدىغان ئالدامچىلارنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىدىن ساقلىنالايدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا ئاڭ-سەۋىيە ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئاڭ-سەۋىيە دېگەن پەلسەپەۋى ئۇقۇم ياكى ئىدىيە بولماستىن، بەلكى بىر تەرەپتىن تالانت، يەنە بىر تەرەپتىن ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان ئىدراك قۇۋۋىتىدۇر. ئاڭ-سەۋىيە بولسا بىلىمنى كۈچلەندۈرگۈچ ئامىل بولۇپ، ئاڭ-سەۋىيە ئارقىلىق ھەقىقەتكە يېتەلەيمىز. ئاڭ-سەۋىيە ئارقىلىق سىز ئەتراپىڭىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە توغرا باھا بېرەلەيسىز، گەرچە ھەقىقەت بۈركىلىنىپ، ئاقنى قارا ۋە قارىنى ئاق قىلىۋېتىشمۇ، سىزدە ئاڭ-سەۋىيەنىڭ بار بولۇشى ھەقىقەتنى كۆرەلەيدىغان

ۋە ئۇنى بايقىيالايدىغان ھېس-تۇيغۇنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئاڭ-سەۋىيە ئارقىلىق ئىنسان قاچان راست سۆزلەشنى، قاچان يالغان سۆزلەشنى بىلەلەيدۇ ھەمدە قاچان سۆزلەشنى ۋە قاچان سۈكۈت قىلىشنىمۇ بىلىدۇ، كىملەردىن ياردەم سوراشنى ۋە كىملەردىن پايدىلىنىشنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئاڭ سەۋىيە ئارقىلىق ئىنسان توغرا-خاتاغا باھا بېرەلەيدۇ ۋە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقارمايدۇ.

ئاڭ-سەۋىيە دېگەن باشقىلاردىن يامان گۇمان قىلىش ئەمەس، ھەقىقەتنىڭ ئارقىسىنى كوچىلاشمۇ ئەمەس ۋە قارىغۇلارچە باشقىلارنى قارىلاشمۇ ئەمەس، لېكىن ئۇ بىر ئەقىل پاراسەت بولۇپ، ئىشلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلىش، ۋەقەلىكلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدىن كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشتۇر. ئاڭ-سەۋىيە بىزدىكى بىر قورال بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە ھۇجۇم قىلالايمىز ۋە ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىمىزنى مۇداپىئە قىلالايمىز.

مۇسۇلمانلار ھەر بىر جەمئىيەتتە تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان خىشنىڭ ئورنىدا بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشۇشى، يامانلىنى ياخشىغا ئايلاندۇرۇشى ۋە ياخشىنى بولسا تېخىمۇ ياخشىلاشقا تىرىشىشى كېرەك. ئۈممەتنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن، بارلىق كىشىلەرنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسى يۈكسىلىشى كېرەك. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ سەۋىيىسى يۈكسەلگەندە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ۋە باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنىمۇ پەرق ئېتەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئورنىنىمۇ بىلەلەيدۇ، ئۆزىنىڭ دىنى، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي بايلىقلىرىنى ئۆز جايىدا ئىشلىتەلەيدۇ ۋە ئۇنى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە پايدىلىنىدۇ. ئۈممەتنىڭ سەۋىيىسى يۈكسەلگەنسىرى ئىچكى - تاشقى ھادىسىلەرگە توغرا باھا بېرىش بىلەن بىرگە توغرا يۆنىلىشكە قاراپ ماڭالايدۇ. ئەتراپتىكى روھىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەڭ ياخشى پوزىتسىيە تۇتۇپ ماڭالايدۇ.

بارلىق ئىشلاردا ئادالەت، ئىنساپ ۋە ھەقىقەت ئارقىلىق ھەر ئىشنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ. سەۋىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرغان مىللەت، دۈشمەنلەرنىڭ خارلىشىغا ۋە كەمسىتىشىگە ئۇچرىمايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يولمۇ

قويمايدۇ. ئۇممەتنىڭ دىنى، ئىقتىسادى ۋە سىياسىي كۈچىنى داۋاملىق كۈچەيتىشكە تىرىشىدۇ. ئۇممەت ئۆزىدىكى بارلىق كۈچ قۇۋۋەت ۋە تۈرلۈك ئامىللارنى داۋاملىق ئىشقا سېلىپ يۈكسىلىدۇ ۋە تەرەققىيات يولىغا قاراپ ماڭىدۇ.

ئاڭ-سەۋىيەسى يۇقىرى مىللەت، باشقىلارنى ئالدىمايدۇ ھەمدە ئالدانمايدۇ. ئەمىلىيەتتە ئۇ ئوتتۇراھال يول تۇتىدۇ، ئاللاھ تائالا شۇ ئاساستا ئىسلام ئۇممىتىنى مىللەتلەر ئارىسىدا ئوتتۇراھال مىللەت قىلىپ بېكىتكەن.

# مۇسۇلماندا بىلىم-ئىدراك كامىل بولۇشى كېرەك

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(14/11/1434ھ = 20/09/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلماندا بىلىم-ئىدراك كامىل بولۇشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقى تەقۋادارلىقتۇر. ئاللاھتىن قورقۇش، قاراڭغۇلۇقتا قالغانلار ئۈچۈن نۇر ۋە پىتنىلەر ئىچىدە قالغانلار ئۈچۈن ھىدايەت يۇلتۇزىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٖ يَعۡلَمۡهُ ٱللَّهُۗ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيۡرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقۡوَىٰۖ وَٱتَّقُونِ يَٰٓأُوْلِي ٱلۡأَلۡبَٰبِ﴾ ﴿سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد-راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد-راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! زامانىمىزدا ئىنسانلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ۋە سۆزلىرىدە بولغان قارمۇ-قارشىلىقلار ئەۋجىگە چىققان، ئىنسانلار ئارا زىددىيەتلەر ئىنتايىن روشەن ھالدا كەسكىنلەشكەن، ھازىرقى زامان تېخنىكىلىرى بۇ زىددىيەتلەرنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئۇرۇق چاچقان بۇ زاماندا، ۋاقىتنى چىڭ

[1] بەقەرە سۈرىسى 197 ـ ئايەت.

تۇتۇپ، بىپەرۋالىق قىلمىغان ئاساستا ھەقىقەتنى ئۇتتۇرىغا قويۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ «چۈشەنچە ۋە ئىدراك» مەسىلىسىدۇر. دۇنيادىكى مەدەنىيەتلەر، شانۇ-شەۋكەتلىك تارىخلار، قانۇن-تۈزۈملەر، ئالاھىدە تالانت ۋە ھېكمەتلەر، ئالىي ھىممەت ۋە ئەخلاقلار، ئەنە شۇ چۈشەنچە ۋە ئىدراكتىن پەيدا بولغان.

ئى مۇسۇلمانلار! ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى چۈشەنچە ۋە ئىدراكلىرىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ ھېرىپ-چارچىغان ۋە سولاشقان ھالىتىنى كۆرەلەيمىز، نەتىجىدە ئۇمۇمىي بىناغا چاك كەتكەن ۋە كونىراپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ چۈشەنچە ۋە ئىدراكتا يۈزەكى ھالەتكە كېلىپ قالغانلىقىدۇر.

ئىنسانلار ھادىسىلەرگە باھا بېرىش ياكى ھەل قىلىشتا ئەقىل-ئىدراكقا ئاساسلانماستىن، سۆز-چۆچەك ۋە يالغان ئويدۇرمىلارغا ئاساسلانماقتا. نەتىجىدە ئىنسانلارنىڭ نىيەتلىرىگە باھا بېرىش ۋە ئالىملارغا ھاقارەت قىلىشتەك ئېغىر ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. ھەقىقىي ئىسلام چۈشەنچىسى ئەنە شۇنداق كوچا خەۋەرلىرى، ئويدۇرما ئىغۋالار، يامان غەرەزلىك پىتنىلەر ۋە ئىنساپسىز سۆز-چۆچەكلەر ئۈستىگە قۇرۇلامدۇ؟

قارايدىغان بولساق، ئىنتېرنېت تورلىرىدا ئىجتىمائىي ئۇچۇر-ئالاقە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئەقىل-ئىدراكنى ئىشقا سالماستىن ۋە ھەقىقىي ئاڭ-سەۋىيە بولماستىن، ئېغىز ئۇقلىرىنى ئۇچرىغان ئادەمگە تەڭلەپ، قالايمىقان ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئىچىنى بوشىتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەرمەكتە. ئەھلى ئىلىملار دەيدۇكى: «پايدا-زىياننى ئويلاپ، ئەقلنى ئىشقا سېلىپ ئېيتىلغان ھەر قانداق سۆزدىن پايدا ئېلىش مۇمكىن». ئەھلى ئىلىملارنىڭ سۆزلىرى ئادەتتىكى خەلق ئاممىسىنىڭ سۆزلىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ، شۇڭا بارلىق سۆزلەرنى شۇنىڭغا قىياس قىلىش مۇمكىن.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتلەردە روشەن بايان قىلغان: ﴿لَّوْلَآ إِذْ سَمِعْتُمُوهُ ظَنَّ ٱلْمُؤْمِنُونَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتُ بِأَنفُسِهِمْ خَيْرًا وَقَالُواْ هَٰذَآ إِفْكٌ مُّبِينٌ﴾ ﴿بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر- ئايال مۇئمىنلەر نېمىشقا

ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟﴾[1].

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱجْتَنِبُوا۟ كَثِيرًا مِّنَ ٱلظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ ٱلظَّنِّ إِثْمٌ ۖ وَلَا تَجَسَّسُوا۟ وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا ۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ ۚ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر- بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ (تۆۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2].

مەزكۇر ئايەتلەردە ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىش، قان تۆكمەسلىك، زوراۋانلىق قىلماسلىق، پىتنىلەردىن ساقلىنىش، تىلنى ساقلاش، قەلبلەردە ئاداۋەت-ئۆچمەنلىكلەرنى ساقلىماسلىق، سۆز ھەرىكەتلەرنى ھەرخىل بۇرمىلاپ خاتا چۈشىنىۋېلىشتەك ئىللەتلەرنى سادىر قىلماسلىق قاتارلىقلارنى تەكىتلەنگەن.

ئىنسانلار ئارىسىدا ئەڭ مۇھىم مەسىلە، راستچىللىق، ئىخلاس ۋە ئىنساپ-ئادالەت بولۇش كېرەك. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ كُونُوا۟ قَوَّٰمِينَ لِلَّهِ شُهَدَآءَ بِٱلْقِسْطِ ۖ وَلَا يَجْرِمَنَّكُمْ شَنَـَٔانُ قَوْمٍ عَلَىٰٓ أَلَّا تَعْدِلُوا۟ ۚ ٱعْدِلُوا۟ هُوَ أَقْرَبُ لِلتَّقْوَىٰ ۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[3].

ھەقىقىي مۇسۇلمان ھەر قانداق سۆزنى قىلغاندا ئويلاپ، چۈشىنىپ ۋە

[1] نۇر سۈرىسى 12 - ئايەت.
[2] ھۇجرات سۈرىسى 12 - ئايەت.
[3] مائىدە سۈرىسى 8 - ئايەت.

بىلىپ قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇئمىن مۇسۇلمانلىقىنى سۆز ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق باشقىلارغا ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارغا ئۆرنەك بولغىدەك شەكىلدە مۇئامىلە قىلىدۇ. داۋاملىق ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرىدۇ ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىدە ھەقىقەتنى ياقلايدۇ.

سۆز ھەرىكەتلەر قانداق بولسا بولسۇن، ھەقىقەت ۋە سەمىمىيەت قالىدۇ، پۇچەك، ئويدۇرما ۋە يالغان سۆزلەر ئارىدىن غايىپ بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿كَذَٰلِكَ يَضْرِبُ ٱللَّهُ ٱلْحَقَّ وَٱلْبَٰطِلَ ۚ فَأَمَّا ٱلزَّبَدُ فَيَذْهَبُ جُفَآءً ۖ وَأَمَّا مَا يَنفَعُ ٱلنَّاسَ فَيَمْكُثُ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ كَذَٰلِكَ يَضْرِبُ ٱللَّهُ ٱلْأَمْثَالَ﴾ ﴿ئاللاھ ھەق بىلەن باتىلنى بۇ مىسال بىلەن ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ، كۆپۈك بولسا ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾[1].

## ئىككىنچى خۇتبە

ئى مۇسۇلمانلار! بۇ يىلقى ھەج ئىبادىتى ئۈچۈن ئىككى ھەرەم زېمىنىغا كېلىشكە باشلىغان ھاجىلار! ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى! مۇقەددەس زېمىنلارغا خۇش كەلدىڭلار! سىلەر بىلەن ئىككى ھەرەم زېمىنى شەرەپلىنىدۇ، بۇ مۇبارەك ھەرەمنىڭ ھۆرمىتى ۋە مۇقەددەسلىكىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، ھەر قانداق ياخشى ئىش بولسا قىلىڭلار، يۈكسەك ئىسلام ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى مۇۋەپپەق قىلسۇن ۋە ھەجلىرىڭلارنى قوبۇل قىلسۇن.

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! ھەرەمدە ئادەم ماڭىدىغان يوللاردا ئولتۇرماڭلار، قىستىشىپ ۋە ئىتتىرىشىپ يۈرمەڭلار، سەۋرچان ۋە ئەپۇچان بولۇڭلار. ھەج ئىبادىتى ئالىي پەزىلەت، يۈكسەك ئەخلاق ۋە ئالىيجاناپ مەدەنىيەتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەڭلارنى نامايەن قىلىدىغان پۇرسەتتۇر.

ئى ئاللاھ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالاملار يەتكۈزگەيسەن، ئى ئاللاھ! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغايسەن، شېرىك ۋە مۇشرىكلارنى

[1] رەئد سۈرىسى 17 ـ ئايەت.

خار قىلغايسەن، ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلارنى خېيىم-خەتەردىن ساقلىغايسەن، بۇ ۋەتەننى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، زالىملارنى ئۆز قۇدرىتىڭ بىلەن يوقاتقايسەن.

ئى ئاللاھ! شام ۋە باشقا دىيارلاردىكى قېرىنداشلىرىمىزغا نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىندى، ياردەم قىلغايسەن!

# ھەج مەۋسۇمىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە كۆرۈنۈشلىرى

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(21/11/1434ھ = 27/09/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھەج مەۋسۇمىدە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇنىڭ كۆرۈنۈشلىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. سىلەر شۇنى ئەسلىشىڭلار كېرەككى، ھەممىڭلار چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىپ بارىسىلەر.

ھەج ئىبادىتىنىڭ ھەر بىر پارچىسىدا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى تەجەللىي قىلىدۇ. ھەج قىلغان بەندە ئۆزىنىڭ بارلىق كىيىملىرىدىن ئايرىلىپ، بېشىنى باشتاقلاپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىدۇ، ھەجەرۇل ئەسۋەدنى سۆيىدۇ، رۇكنى يامانىنى سىلايدۇ، سافا-مەرۋە ئارىلىقىدا سەئيى قىلىدۇ، ئەرەفات مەيدانىدا تۇرىدۇ، مىنا، مۇزدەلىفەلەردە قونىدۇ، شەيتانلارغا تاش ئاتىدۇ، مال بوغۇزلايدۇ. ئەنە شۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە بىرىدىن ئالاھىدە پەزىلەتلىك ئىبادەتلەر بولۇپ، ئىسلام ئىستىلاھىدا «نۇسۇك» دەپ ئاتىلىدۇ. يۇقىرىقى پائالىيەتلەرنىڭ ھەر بىرى ئاللاھقا بولغان قۇللۇقنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىر كۆرۈنۈشتۇر. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلار ۋە جىنلارنى ئەسلىدە ئۆزىگە ئىبادەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياراتقاندۇر. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق كەلگەن: ﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ «جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت

قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[1].

ھەج ئىبادىتىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئىنسانغا قىيامەت كۈنى، ئەرەفات مەيدانى ۋە مەھشەر كۈنىنى ئەسلىتىپلا قالماستىن، بەلكى قىيامەت ئۈچۈن مۇشۇ دۇنيادا تەييارلىق كۆرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە بۇ دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىگە ئالدىنىپ مەغرۇرلانماسلىقنى ئەسلىتىدۇ. ھەج، ئىنسانغا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەڭ توغرا يولدا مېڭىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەج ۋە ئۆمرە ئىبادەتلىرى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتە ئەڭ قىسقا يولدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام بۇ ھەقتە: «بىر ئۆمرە يەنە بىر ئۆمرە ئارىلىقىدىكى گۇناھلارغا كافارەتتۇر، مەقبۇل بولغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر» دېگەن[2].

جەننەت ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى ۋە كارامىتىنى نامايەن قىلىدىغان ئۇلۇغ جايدۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلىدۇر، بولۇپمۇ مەقبۇل بولغان ھەجنى ئادا قىلغان ياخشىلارنىڭ ئەبەدى ياشايدىغان جايدۇر، ئەنە شۇ جەننەت بولسا، ئاللاھ ئېھسان قىلغان كىشىلەر بارىدىغان جايدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿لِّلَّذِينَ أَحۡسَنُواْ ٱلۡحُسۡنَىٰ وَزِيَادَةٞۖ وَلَا يَرۡهَقُ وُجُوهَهُمۡ قَتَرٞ وَلَا ذِلَّةٌۚ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ﴾ ﴿ياخشى ئىش قىلغانلار جەننەتكە ۋە ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە نائىل بولىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى قارىلىق ۋە خارلىق قاپلىمايدۇ (يەنى ئۇلارغا غەم- قايغۇ ۋە پەرىشانلىق يۈزلەنمەيدۇ). ئەنە شۇلار ئەھلى جەننەت بولۇپ، جەننەتتە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر﴾[3].

ئاللاھنىڭ ئەنە شۇ ۋەدىسىگە نائىل بولۇشقا لاياقەتلىك بولۇشنىڭ شەرتلىرىنى ۋە ھەج قىلغۇچىنىڭ بويسۇنۇشى لازىم بولغان پىرىنسىپلارنى ئاللاھ تائالا مونۇ ئايەت كەرىمەدە بايان قىلغان: ﴿ٱلۡحَجُّ أَشۡهُرٞ مَّعۡلُومَٰتٞۚ فَمَن فَرَضَ فِيهِنَّ ٱلۡحَجَّ فَلَا رَفَثَ وَلَا فُسُوقَ وَلَا جِدَالَ فِي ٱلۡحَجِّۗ وَمَا تَفۡعَلُواْ مِنۡ خَيۡرٍ

[1] زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.
[3] يۇنۇس سۈرىسى 26 ـ ئايەت.

يَعْلَمْهُ ٱللَّهُ ۗ وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيْرَ ٱلزَّادِ ٱلتَّقْوَىٰ ۚ وَٱتَّقُونِ يَـٰٓأُوْلِى ٱلْأَلْبَـٰبِ﴾ ﴿ھەج ۋاقتى مەلۇم بىر قانچە ئايدۇر (يەنى شەۋۋال، زۇلقەئدە ئايلىرى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئون كۈنىدۇر). بۇ ئايلاردا ھەج قىلىشنى نىيەت قىلغان (يەنى ئېھرام باغلىغان) ئادەمنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشى، گۇناھ قىلىشى ۋە جاڭجال قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ، سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ (ئاخىرەتلىككە ئۈچۈن) زاد ـ راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد ـ راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾[1].

مەزكۇر ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا يېقىن ھالەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەقبۇل ھەجنىڭ مۇكاپاتىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كىمكى ھەجنىڭ شەرتلىرىگە خىلاپلىق قىلمىغان (ھەج پائالىيىتى جەريانىدا ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلمىغان) ئاساستا پاك ھەج قىلىدىكەن، گۇناھلىرىدىن ئانىسىدىن تۇغۇلغان ھالىتىدە پاكلىنىپ قايتىدۇ»[2].

گۇناھ ـ مەئسىيەت دېگىنىمىز: شىرىك ۋە نىفاققا ئوخشاش قەلبىي گۇناھلارنى ھەمدە تىللاش، تۆھمەت چاپلاش ۋە ئۇرۇپ ـ چېقىشقا ئوخشاش جىسمانى گۇناھلارنى كۆرسىتىدۇ.

ھەج مەزگىلىدە ياخشىلىقنى كۆپ قىلىش بولسا، يېتىم ـ يېسىرلارغا ياخشىلىق قىلىش، خەيرىيەت جەمئىيەتلىرىگە ياردەم قىلىش، ھەمكارلىشىش ۋە قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش قاتارلىقلار بولۇپ، مەزكۇر ئىشلار ھەج ئىبادىتى جەريانىدا ئادا قىلىنسا، ساۋابى كۆپ بولىدىغان ئىشلاردۇر. ھەجنىڭ مەقبۇل بولۇشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم شەرتى ھەجگە خەجلەنگەن پۇل ھالالدىن تاپقان پۇل بولۇشى كېرەك. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە كۆپلىگەن ئايەتلەر كەلگەن ۋە بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈچەپ تەشەببۇس قىلغان شەرتلەردىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھالالدىن ئوزۇقلىنىش ھەر زامان ۋاجىپتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەجنىڭ مەقبۇل بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىشلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپ: «بىر ئادەم

[1] بەقەرە سۈرىسى 197.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

ئۈزۈن يول يۈرۈپ سەپەر قىلىپ، چارچاپ ھېرىپ ئۈز قولىنى ئاسمانغا ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ يېگىنى ھارام، ئىچكىنى ھارام ۋە ھارامدىن ئوزۇقلىنىپ جىسمىغا ھارام سىڭىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇنداق ئادەمنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟» دېگەن.

ھەج قىلىشنى نىيەت قىلىپ، ئۆيىدىن چىققان ئادەمنىڭ ئالغان ھەر بىر قەدىمى ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا ھاجى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس سەپىرىگە لايىق ھەر بىر قەدىمىگە دىققەت قىلىشى كېرەك. ھەجنى نىيەت قىلىپ يولغا چىققان ئادەم، نىيەتنى خالىس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا قىلغان ئىبادەتلىرىدە ھەقىقىي ئىخلاس ۋە سەممىيەت بولۇشى كېرەك. ئاللاھ ئەمەللەرنىڭمۇ خالىس ۋە ئىخلاس بىلەن بولغانلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلْمَوْتَ وَٱلْحَيَوٰةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْغَفُورُ﴾ ﴿سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1].

خالىس ۋە ئىخلاس بىلەن قىلىنمىغان ئىبادەتنى ئاللاھ قوبۇل قىلمايدۇ. ھەجدە ئەڭ مۇھىم يەنە بىر مەسىلە، ھاجى ھەج سەپىرىدە، كىيىم-كېچەك بولسۇن، ئېھراملىق ئېلىشتا بولسۇن، مىنىدىغان قاتناش ۋاستىلىرىدە بولسۇن، تۇرىدىغان ياتاق-ئۆيلەردە بولسۇن، قىممەت باھالىقنى تاللىماسلىقى كېرەك، چۈنكى ھاجى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىش، كىبىر قىلىش ۋە باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ ۋە ساۋاپ ئۈمىد قىلىپ چىققاندۇر، شۇڭا ھەجنى راھەت قىلىمەن ۋە قىينالمايمەن، دېگەن باھانە بىلەن قىممەت باھالىق ياتاق، قىممەت باھالىق ماشىنا ۋە قىممەت باھالىق تائاملارنى يېيىش ئارقىلىق پۇللارنى ئىسراپ قىلىپ، بۇزۇپ-چېچىش توغرا ئەمەستۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق تىجەشلىك ھەج قىلغان، شۇڭا مۇھىم بولغىنى قىلغان ئەمەللەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇۋاپىق بولۇشىدۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿قُلْ إِن كُنتُمْ

[1] مۇلك سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

﴿قُلۡ إِن كُنتُمۡ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِي يُحۡبِبۡكُمُ ٱللَّهُ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡ ذُنُوبَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1].

ئاللاھ مېنى ۋە سىلەرنى قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئۇيغۇن ئەمەل قىلىشقا نېسىپ قىلسۇن!

**ئىككىنچى خۇتبە**

ئىمام ئىككىنچى خۇتبىدە ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھاجىلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى:

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھ ھەج پەرزىدە ئىككى نەرسىنىڭ ھۆرمىتىنى بىرلەشتۈرگەن، ئۇنىڭ بىرى يەنە بىرىدىن ھېچ ئايرىلالمايدۇ. ئۇ بولسا، زامان ۋە ماكان ھۆرمىتىدۇر. ئاللاھنىڭ مېھمىنى بولغان ھاجىلار بارلىق ھەرىكەتلىرى ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا ئېھتىياتچان، چىچەن ۋە سەزگۈر بولۇشى كېرەك. ھورۇنلۇق قىلماسلىقى لازىم. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېھرامنىڭ ھۆرمىتى قوشۇلغان بولۇپ، ھەج ئىنتايىن سەزگۈرلۈك ۋە ئېھتىياتچانلىق تەلەپ قىلىدىغان ئىبادەتتۇر. ھەج ئىبادىتى بولسا، ئىنساننىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ھالىتىنى ئىگەللىگەن ئىبادەت بولغاچقا، ئىنسان داۋاملىق ئاللاھنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك.

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، تەقۋالىق قىلىڭلار ۋە ھەجنىڭ ئۇلۇغ ماقامىنى قەدىرلەڭلار، ھەجنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئىرادە قىلغان ۋە كۆرسەتكەن رەۋىشتە ئادا قىلىڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتنى كۆپ ئوقۇڭلار ۋە تىلىڭلار زىكرىدىن توختاپ قالمىسۇن!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ وَمَلَٰٓئِكَتَهُۥ يُصَلُّونَ عَلَى ٱلنَّبِيِّۚ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ صَلُّواْ عَلَيۡهِ وَسَلِّمُواْ تَسۡلِيمًا﴾ ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەققەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللانىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)﴾[1].

ئى ئاللاھ! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىل! ئىسلام دىنىنى قوغدىغىن! دىن دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىل! زالىم ـ قانخورلارنىڭ ھەممىسىنى يوقاتقىن! مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى بىرلەشتۈرگىن! رەھبەرلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن! ئى ئاللاھ! ئۆز دىنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىل! دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇجاھىدلارغا ياردەم قىل! ئى ئاللاھ! ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىل! بىزلەرنى دۇنيانىڭ خارلىقى ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغىن، ئامىين!

[1] ئەھزاب سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

# بىز مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭلەردىكى ئەخلاقىمىز

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(29/11/1434ھ = 05/10/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتەۋاتقان مۇسۇلمانلارغا: «بىز مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭلەردىكى ئەخلاقىمىز» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقى تەقۋادارلىقتۇر.

دۇنيانى چۈشەنگەن ئادەم راھەت-پاراغەتتىن قاتتىق خۇشاللىنىپ كەتمەيدۇ، بالايى-مۇسىبەت كەلگەندە قاتتىق قايغۇرۇپمۇ كەتمەيدۇ. ئىنساننىڭ بېشىغا كېچە بىلەن كۈندۈز ئارقىمۇ ئارقا كېلىشكە باشلىسا، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئۆلۈم بار. ئۆمۈرنى سائەتلەر ۋە مىنۇتلارمۇ قىسقارتىدۇ، سالامەتلىككە ئاپەتلەر ئۆزىنى تەگلەپلا تۇرىدۇ. بەندە يېڭى بىر كۈننى قارشى ئالسا، ئورنىغا ئۆمرىدىن بىر كۈننى قىسقارتىدۇ، مۇسىبەتلەرنىڭ كاتتىسى ئاللاھتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈشتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! (ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن) سىلەر ھەممىڭلار ئاللاھ تەرىپىگە قايتىدىغان كۈن ئۈچۈن تەييارلىق قىلىڭلار. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارماي چارە يوق ۋە باشقا قېچىۋالىدىغان يەرمۇ يوق. ئاللاھنىڭ قۇدرەت-كامالىنى بىلگەندىن كېيىن، قورقۇپ ياش تۆككەن كۆزلەر نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھە!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِۗ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِۖ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدْخِلَ ٱلْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَۗ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلْغُرُورِ﴾ ﴿ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجىرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دەۋزەختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ۋە ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! ئىنسانىيەت، بۈگۈنكى كۈندە تۇرمۇشنىڭ ئەڭ راھەتلىك ۋە پاراۋانلىق قوراللىرىغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ، قاتتىق چارچاش ئىچىدە ياشىماقتا. مىللەتلەر قىيىنچىلىقلار ئىچىدە ھالسىرىماقتا. ئۈچرىشىش ۋە كېلىشىش ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشمەكتە. ئىنسانىيەت بۈگۈن مېھرى-مۇھەببەت، رەھىمدىللىك ۋە كەچۈرۈمچانلىق يولىغا تولىمۇ موھتاج. دۇنيا بۈگۈن مۇئامىلىدە رەھىمدىللىق ۋە سىياسەتتە يۇمشاقلىققا موھتاج. ئەپسۇسكى زوراۋانلىق، قوپاللىق، زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىك ھازىرقى زامان مودىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئى ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىرىم! مەيلى سىياسەتچىلەر بولسۇن، مەيلى ئىقتىساتچىلار، مەيلى ئۇرۇش شاھزادىلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قىلىۋاتقان مۇئامىلىسى ئەخلاقىي ۋە ئىنسانىي ئۆلچەم دائىرىسىدە كونترول قىلىنغان بولۇپ، (بۇنىڭغا تارىخ شاھىدتۇر). بۇ ھەقتە ھېچقانداق دىنىي ۋە ئىسلامىي قىيىنچىلىقمۇ يوق، چۈنكى بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ جەۋھىرى تۆۋەندىكىدىن ئىبارەتتۇر: ﴿وَمَآ أَرْسَلْنَٰكَ إِلَّا رَحْمَةً لِّلْعَٰلَمِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق﴾[2].

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ مِّنَ ٱللَّهِ لِنتَ لَهُمْۖ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ ٱلْقَلْبِ لَٱنفَضُّواْ مِنْ حَوْلِكَۖ فَٱعْفُ عَنْهُمْ وَٱسْتَغْفِرْ

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 185 - ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى 107 - ئايەت.

لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي ٱلْأَمْرِ ۖ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ يُحِبُّ ٱلْمُتَوَكِّلِينَ﴾ ﴿ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار ئەپچۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ﴾[1].

ئىسلام دىنىمىز تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق ھادىسىگە قارىتا ئىنتايىن ئالىي جانابلىق، باشقىلارغا ياخشى ئۈلگە بولۇش ۋە پاكلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئىنسانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ ـ قائىدىلىرىدە قىممەت باھالىق گۆھەرلەرنى دۇنياغا چاچقان، شۇڭا ئىسلامنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى دوستلاردىن بۇرۇن دۈشمەنلەر ئېتىراپ قىلغان. سىياسەت ئىشلىرىدا بولسۇن، زالىم-پاسىقلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا بولسۇن، ئۇرۇشلاردا ئاياللار ۋە كىچىك باللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتەك ئىشلاردا بولسۇن، ئىسلامنىڭ كۆرسەتمىسى ناھايىتى ئېلغار، ئادىل ۋە ئوچۇق-ئاشكارىدۇر.

ئى ئاللاھنىڭ مېھمانلىرى بولغان ھاجىلار! سۆزلىرىمىز مۇھىم تېمىدا جەلبكار بولسىمۇ، ئىسلامنىڭ رەھىمدىللىقى ۋە كەچۈرۈمچانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇرۇش ھالەتلىرىدە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ جەڭلەردىكى ئەخلاقى ئۈستىدىمۇ توختىلىش تولىمۇ مۇھىم. رەھىمدىللىق مىللەتلەرنىڭ بەخت-سائادىتى ئىكەنلىكىدە شەك-شۈبھى يوق. دىنىمىزدا رەھمەت ۋە رەھىمدىللىق زامان ۋە ماكانغا، دىن ياكى مىللەتكە باغلىق ئەمەس. بەلكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن بۇيان، تا قىيامەتكىچە پۈتۈن دۇنياغا ئامدۇر. رەھمەت ھەققىدە قىلىنغان سۆزگە ئۇلاپ جەڭ ھەققىدە سۆزلەشمۇ ھەيران قالارلىق ئەمەس، چۈنكى رەھمەتنىڭ تەقەززاسى ئىنسانلارغا پايدا-مەنپەئەت يەتكۈزۈشتۇر. مەسىلەن، ئاتا بالىغا ۋە بالا ئاتا-ئانىسىغا رەھىمدىللىق قىلغانلىق، رەھىمدىللىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر. رەھىمدىللىقنىڭ يەنە

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەت.

بىر يۈزى بولسا، كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالاشتەك ئىش بولۇپ، ئاغرىتىپ ۋە يىغلىتىپ رەھىمدىللىق قىلىشمۇ ئۇنىڭ بىر تۈرى بولغاندەك، بەزىدە ئىنسانلار زۇلۇم ۋە تەڭسىزلىككە قارشى ئۇرۇشقا كىرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئىسلام دىنى رەھمەت دىنى بولغاچقا، جەڭ مەيدانىدىمۇ ئىسلامنىڭ رەھىمدىللىقى نامايەن بولىدۇ. بىز ھەممىمىز ئۇرۇشنىڭ ۋەيرانچىلىق، دەرت-ئەلەملىك ھەمدە ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىز، شۇڭا ئىسلام دىنىمىز ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرمەيدۇ، بەلكى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ھېچقاچان دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششنى ئارزۇ قىلماڭلار ۋە ئاللاھتىن ئافىيەت تىلەڭلار» دېگەن.

قۇرئان كەرىمدە «ئۇرۇش» سۆزى ئالتە قېتىم زىكىر قىلىنغان بولسا، سالام ۋە تىنچلىق سۆزى 140 قېتىم زىكىر قىلىنغان. ئەقىل ئىگىلىرى بۇ ئىككى رەقەمنىڭ نىسبىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسە بولىدۇ. ئىسلامدا پەقەتلا ساڭا قارشى ئۇرۇشقانلار بىلەنلا ئۇرۇش قىلىش يولغا قويۇلغان، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِن جَنَحُواْ لِلسَّلۡمِ فَٱجۡنَحۡ لَهَا وَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ﴾ ﴿ئەگەر ئۇلار تىنچلىققا مايىل بولسا، سەنمۇ تىنچلىققا مايىل بولغىن، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيەتلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

مۇئمىنلەر ۋە ئىنساپلىق كىشىلەر ئوبدان بىلىدۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ غازاتلىرى ۋە ئۇرۇشلىرى دۇنيا تەلەپ قىلىش ئۈچۈن، مەنسەپ تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ۋە كېڭەيمىچىلىك ئۈچۈنمۇ بولمىغان، بەلكى ئىسلامدىكى جەڭلەر ئىنسانلارنى ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت توغرا يولغا باشلاش، بەندىلەرنى بەندىلەرنىڭ قۇللۇقىدىن چىقىرىپ، ئاللاھنىڭ قۇللۇقىغا كىرگۈزۈش، زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش ۋە مەزلۇمغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغاندۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! ھازىرقى زاماندا «يۇمشاق كۈچ» ئاتالغۇسى ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، ئەمىلىيەتتە ئىسلامنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق ئەھكاملىرى، ئەنە شۇ «يۇمشاق كۈچ» تۇر.

[1] ئەنفال سۈرىسى 61 - ئايەت.

ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ۋە دەۋەت تارىخىنىڭ پەقەتلا بەش يىلى ئۇرۇش يىللىرى بولۇپ، قالغان يىللار دەۋەت يىللىرى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن تارىخىدا قىلغان ئۇرۇشىدا ئۆلگەن ئادەم سانى 1048 ئادەم بولۇپ، بىرمۇ بىگۇناھ يەرلىك ئادەم ئۆلتۈرۈلمىگەن. تەتقىقاتچىلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ئۇرۇشلاردا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ سانى بىر قانچە يۈزدىن ئاشمايدۇ، دەپ قارايدىغانلارمۇ بار.

سىلەر سېلىشتۇرۇپ كۆرۈڭلار، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر 17 مىليون. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 60 مىليون ئادەم ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن كوممۇنىست ھاكىمىيەتلىرى ئۆلتۈرگەن ئىنسانلارنى ساناش ئاسان ئەمەس، ئۇنى دۈشمەنلەرمۇ ساناپ بولالمايدۇ.

بۇنىڭ ئوتتۇرىدىكى پەرق نېمە ئۈچۈن چوڭ؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئاسان. چۈنكى دىنىمىز ئۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرمەيدۇ ۋە مەجبۇر بولۇپ قالمىسا ئۇرۇشقا كىرمەيدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: ﴿أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَٰتَلُونَ بِأَنَّهُمۡ ظُلِمُواْۚ وَإِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ نَصۡرِهِمۡ لَقَدِيرٌ﴾ ﴿ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر﴾[1].

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دېدى: ﴿وَقَٰتِلُواْ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ ٱلَّذِينَ يُقَٰتِلُونَكُمۡ وَلَا تَعۡتَدُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُعۡتَدِينَ﴾ ﴿سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾[2].

﴿وَإِذۡ يَعِدُكُمُ ٱللَّهُ إِحۡدَى ٱلطَّآئِفَتَيۡنِ أَنَّهَا لَكُمۡ وَتَوَدُّونَ أَنَّ غَيۡرَ ذَاتِ ٱلشَّوۡكَةِ تَكُونُ لَكُمۡ وَيُرِيدُ ٱللَّهُ أَن يُحِقَّ ٱلۡحَقَّ بِكَلِمَٰتِهِۦ وَيَقۡطَعَ دَابِرَ ٱلۡكَٰفِرِينَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ ئىككى گۇرۇھ (بىرى مۇشرىكلار كارۋىنى، يەنە بىرى مۇشرىكلار قوشۇنى) دىن بىرىنىڭ قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ۋەدە قىلدى، سىلەر قورالسىز گۇرۇھنىڭ (يەنى كارۋاننىڭ) قولۇڭلارغا كەلتۈرۈلۈشىنى ياقتۇردىڭلار.

[1] ھەج سۈرىسى 39 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى 190 ـ ئايەت.

ئاللاھ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ھەقنى ھەق قىلىشنى (يەنى ئىسلام دىنىنى ئۈستۈن قىلىشنى)، كاپىرلارنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشنى خالايدۇ﴾[1].

مۇسۇلمانلارنىڭ جىھادىدا كۈچ بولۇش بىلەن بىرگە، رەھىم-شەپقەت، كەچۈرۈمچانلىق ۋە ئادالەتمۇ بار. ئىسلام دىنى ھەر قانداق ئۇرۇشنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىۋەتمەسلىككە چاقىرىدۇ. مۇسۇلمانلار رەھىمدىللىق بىلەن ئۇرۇش قىلدى، كەچۈرۈم قىلىش بىلەن غەلىبە قىلدى ۋە يامانغا يامان مۇئامىلە قىلمىغانلىقتىن غەلىبە قىلدى. ئىسلام ئالداشنى، ھىيلە قىلىشنى، قېرىلار ۋە كىچىك بالىلارنى ھەمدە ئاياللارنى ئۆلتۈرۈشنى، ئىبادەتخانىلارغا چېقىلىشنى ۋە دەل-دەرەخلەرنى ۋەيران قىلىشنى چەكلىدى.

بۇ ھەدىسنىڭ روھىغا قاراڭلار: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا ئۇخلاۋاتقاندا بىر ئەئرابى قىلىچنى سۇغۇرۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى مۇھەممەد! مېنى سەندىن كىم قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ؟ دېگەندە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ: «ئاللاھ» دېيىشىگە، سەھرالىقنىڭ قولىدىن قىلىچ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلىچنى قولىغا ئېلىپ: «ئەمدى سىنى مەندىن كىم قۇتۇلدۇرالايدۇ؟» دېگەندە، ئەئرابى: قىلىچنى ياخشى تۇتقۇچى بول! دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟» دېگەندە، سەھرالىق: ياق، لېكىن مەن ساڭا قارشى ئۇرۇشماسلىققا ۋە ساڭا قارشى ئۇرۇشقانلارنىڭ سېپىدىمۇ بولماسلىققا ۋەدە بېرىمەن، دېگەن. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئەئرابىنى قويىۋەتكەن. ئاندىن ئۇ ئەئرابى ئۆزىنىڭ جامائىتىنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىنىڭ قېشىدىن كەلدىم، دېگەن[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى رەسۇلەللاھ! مۇشرىكلارغا قارشى ئاللاھقا بەددۇئا قىلساڭ بولمامدۇ؟ دەپ سورالغاندا: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: «مەن لەنەت قىلغۇچى بولۇپ ئەمەس، بەلكى رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلدىم» دېگەن.

[1] ئەنفال سۈرىسى 7 - ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئاللاھ مېنى ۋە سىلەرنى قۇرئاندىن مەنپەئەتلىنىدىغانلار قاتارىدىن قىلسۇن! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شاپائىتىگە مۇيەسسەر قىلسۇن! ئاللاھقا ھەمدۇ- سانالار بولسۇن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار بولسۇن!

# شۈكرى قىلىش ئارقىلىق نېمەتلەر داۋاملىشىدۇ

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(04/01/1435ھ = 08/11/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «شۈكرى قىلىش ئارقىلىق نېمەتلەر داۋاملىشىدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئى ئاللاھ! ساڭا سان-ساناقسىز ماختاشلار بولسۇن، بىزلەرگە ئاتا قىلغان بارلىق نېمەتلىرىڭ ئۈچۈن چەكسىز ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز. ئى ئاللاھ! سېنىڭ نېمەتلىرىڭگە شۈكۈر قىلىشنى نىسىپ ئەيلە، نېمىتىڭنىڭ زاۋاللىقىدىن پاناھ تىلەيمىز، نېمەتلىرىڭگە تېنىشتىن پاناھ تىلەيمىز. ئى خالايىق! ئاللاھ ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە ۋە ھازىرقىلارغا قىلغان ۋەسىيەتنى سىلەرگىمۇ قىلمەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۗ وَلَقَدْ وَصَّيْنَا ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكُمْ وَإِيَّاكُمْ أَنِ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ وَإِن تَكْفُرُوا۟ فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِى ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِى ٱلْأَرْضِ ۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَنِيًّا حَمِيدًا﴾ «ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە سىلەرگە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق، ئەگەر كاپىر بولساڭلار (كۇفرىڭلار ئاللاھقا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى

شەيئىلەر ئاللاھنىڭ (مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). ئاللاھ (مەخلۇقاتتىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندە يەھۇدىيلارنىڭ ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن سىلەر روزا تۇتىدىغان بۇ كۈن نېمە كۈن؟ دەپ سورىغاندا، يەھۇدىيلار: بۇ ئۇلۇغ كۈن، ئاللاھ بۇ كۈندە مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى قۇتۇلدۇرغان، فىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنى غەرق قىلغان كۈن، شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام ئاللاھقا شۈكرى قىلىش ئۈچۈن، بۇ كۈندە روزا تۇتقان. دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ كۈندە روزا تۇتۇشقا بىز سىلەردىنمۇ ھەقلىق، دەپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام روزا تۇتقان ۋە ساھابىلەرنىمۇ ئۇ كۈندە روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان.

ئەبى قەتادە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاشۇرا كۈنىنىڭ روزىسىنى ئاللاھتىن بىر يىلغا كافارەت قىلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن»[2].

ئى مۇسۇلمانلار! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىدىن نەچچە يۈز يىل بۇرۇن كەلگەن پەيغەمبەرگە نېمەت بولغان كۈن ئۈچۈن شۈكرانە روزىسى تۇتۇپ، ئۈممىتىنىمۇ روزا تۇتۇشقا بۇيرۇغان. نېمەتكە شۈكرى قىلىشنىڭ ساۋابىنىڭ چوڭلۇقى، شۈكرى قىلىش دىنىنىڭ يېرىمى ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ شۈكرى قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە شۈكرى قىلغۇچىغا بۇيۈك ئەجىرلەرنى ۋەدە قىلغانلىقى قۇرئان كەرىمدە ۋە ھەدىس شەرىپتە ئوچۇق بايان قىلغان.

ئاللاھ شۈكۈر قىلىشقا بۇيرىدى، ئۇنىڭ ئەكسىدىن توستى ۋە شۈكرى قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئالاھىدە بەندىلىرى دەپ سۈپەتلىدى. ئاللاھ ئىبادەتنى ئاللاھقا شۈكرى ئېيتقانلىق دەپ قارىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَتَبَسَّمَ ضَاحِكًا مِّن قَوْلِهَا وَقَالَ رَبِّ أَوْزِعْنِىٓ أَنْ أَشْكُرَ نِعْمَتَكَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتَ عَلَىَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَىَّ وَأَنْ أَعْمَلَ صَٰلِحًا تَرْضَىٰهُ وَأَدْخِلْنِى بِرَحْمَتِكَ فِى عِبَادِكَ ٱلصَّٰلِحِينَ﴾

[1] نىسا سۈرىسى 131 ـ ئايەت.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

﴿سۇلەيمان چۈمۈلىنىڭ سۆزىدىن تەبەسسۇم قىلىپ كۈلدى ۋە ئېيتتى: «پەرۋەردىگارىم! سەن ماڭا ۋە ئاتا ـ ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكرى قىلىشقا، سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئەمەلنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن، رەھمىتىڭ بىلەن مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىغا كىرگۈزگىن﴾[1].

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى يۈسۈف ئەلەيھىسسالام مىسىرغا پادىشاھ بولۇپ، ئاللاھنىڭ نېمىتى تاماملانغان چاغدا ئاللاھتىن مەمنۇن بولۇپ مۇنداق دېگەن: ﴿رَبِّ قَدْ ءَاتَيْتَنِى مِنَ ٱلْمُلْكِ وَعَلَّمْتَنِى مِن تَأْوِيلِ ٱلْأَحَادِيثِ ۚ فَاطِرَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ أَنتَ وَلِىِّۦ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْءَاخِرَةِ ۖ تَوَفَّنِى مُسْلِمًا وَأَلْحِقْنِى بِٱلصَّٰلِحِينَ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىم! ماڭا ھەقىقەتەن پادىشاھلىق ئاتا قىلدىڭ، چۈش تەبىرىنى بىلدۈردۈڭ، ئى ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئۆرنەكسىز ياراتقۇچى زات! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە مېنىڭ ئىگەمسەن، مېنى مۇسۇلمان پېتىمچە قەبزى روھ قىلغىن، مېنى ياخشى بەندىلەر قاتارىدا قىلغىن» دېدى﴾[2].

پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ ئىمامى بولۇپ، كېچىدە ناماز ئوقۇپ تاپانلىرى تېشىلىپ كېتەتتى، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭ ئەپۇ قىلىنغان تۇرسا، ئۆزۈڭنى نېمە ئۈچۈن بۇنچە قىينايسەن؟ دېگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: «مەن شۈكۈر قىلغۇچى بەندە بولمامدىمەن؟» دەيتتى.

ئى مۇسۇلمانلار! شۈكۈر قىلىش بولسا، ياخشىلىق قىلغۇچىغا رەھمەت ئېيتىش ۋە ئۇنىڭغا خۇرسەنلىك ئىپادىسىنى بىلدۈرۈش بولۇپ، مۇسۇلمان كىشى ئاللاھقا ھەقىقىي قەلبى بىلەن شۈكۈر قىلمىغۇچە ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلغان بولمايدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَمَّا بِنِعْمَةِ رَبِّكَ فَحَدِّثْ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ (ساڭا بەرگەن) نېئمىتىنى (كىشىلەرگە) سۆزلەپ بەرگىن (چۈنكى نېئمەتنى سۆزلەپ بەرگەنلىك نېئمەتكە شۈكرى قىلغانلىق بولىدۇ﴾[3].

[1] نەمل سۈرىسى 19 ـ ئايەت.
[2] يۈسۈف سۈرىسى 101 ـ ئايەت.
[3] زۇھا سۈرىسى 11 ـ ئايەت.

ھەقىقىي شۈكۈر بولسا تىل ئارقىلىقلا شۈكۈر قىلدىم ياكى شۈكۈر خۇدايىم، دەپ قويۇشلا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ۋە مىننەتدارلىقنى ئەمەلىيەت بىلەن ئىپادىلەشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَـٰتِ مَا رَزَقۡنَـٰكُمۡ وَٱشۡكُرُواْ لِلَّهِ إِن كُنتُمۡ إِيَّاهُ تَعۡبُدُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى- ھېسابسىز نېئمەتلىرىگە) شۈكرى قىلىڭلار﴾[1].

شۈكرى قىلىش بولسا ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنىڭ سەۋەبىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذۡ تَأَذَّنَ رَبُّكُمۡ لَئِن شَكَرۡتُمۡ لَأَزِيدَنَّكُمۡۖ وَلَئِن كَفَرۡتُمۡ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٞ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكرى قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېئمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىقتۇر» دەپ جاكارلىدى﴾[2].

ھەسەن بەسرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھ: «ئاللاھ ئىنسانغا نېمىتىنى خالىغانچە كەڭرى قىلىپ بېرىدۇ، بەندە شۈكۈر قىلمىسا، شۇ نېمەتنىڭ ئۆزىنى ئۇ ئىنسان ئۈچۈن ئازابقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ» دېگەن. شەيتاننىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى ئازدۇرۇش بولغاچقا، نېمەت بېرىلگەن ئىنسانلارنى شۈكۈر قىلىشتىن توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ.

نېمەتكە تېنىش ۋە پۇل-مالدىن ئىبارەت نېمەت سەۋەبىدىن تەكەببۇرلۇق قىلىپ، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىش، شۇ نېمەتنىڭ يوقىلىشىغا، بەلكى دۇنيا-ئاخىرەتتە خارلىق شارابىنى ئىچىشكە ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا قَرۡيَةٗ كَانَتۡ ءَامِنَةٗ مُّطۡمَئِنَّةٗ يَأۡتِيهَا رِزۡقُهَا رَغَدٗا مِّن كُلِّ مَكَانٖ فَكَفَرَتۡ بِأَنۡعُمِ ٱللَّهِ فَأَذَٰقَهَا ٱللَّهُ لِبَاسَ ٱلۡجُوعِ وَٱلۡخَوۡفِ بِمَا كَانُواْ يَصۡنَعُونَ﴾ ﴿ئاللاھ مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر شەھەر (يەنى مەككە ئاھالىسى) بولۇپ، (ئەسلىدە) تىنچ- خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ- تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن

[1] بەقەرە سۈرىسى 172 - ئايەت.
[2] ئىبراھىم سۈرىسى 7 - ئايەت.

ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلىمىنى تېتىتتى﴾[1].

ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە تۇز كورلۇق قىلىش، بارلىق بالايى-مۇسىبەتلەرنىڭ ئاچقۇچىدۇر، ئىسراپخورلۇق، مال-دۇنيانى بۇزۇپ چېچىش، مال-دۇنيانى بىھۇدە ئورۇنلارغا ئىشلىتىش، پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك ۋە خەيرى-ئېھسان يوللىرىغا ئىشلەتمەسلىك، بارلىق ئىنسانلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىسراپخورلۇق ئومۇملاشقان مىللەتنىڭ بېشىغا تۈرلۈك بالايى-مۇسىبەتلەرنى كەلتۈرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لِسَبَإٍ فِى مَسْكَنِهِمْ ءَايَةٌ جَنَّتَانِ عَن يَمِينٍ وَشِمَالٍ كُلُوا۟ مِن رِّزْقِ رَبِّكُمْ وَٱشْكُرُوا۟ لَهُۥ بَلْدَةٌ طَيِّبَةٌ وَرَبٌّ غَفُورٌ فَأَعْرَضُوا۟ فَأَرْسَلْنَا عَلَيْهِمْ سَيْلَ ٱلْعَرِمِ وَبَدَّلْنَٰهُم بِجَنَّتَيْهِمْ جَنَّتَيْنِ ذَوَاتَىْ أُكُلٍ خَمْطٍ وَأَثْلٍ وَشَىْءٍ مِّن سِدْرٍ قَلِيلٍ ذَٰلِكَ جَزَيْنَٰهُم بِمَا كَفَرُوا۟ وَهَلْ نُجَٰزِىٓ إِلَّا ٱلْكَفُورَ﴾ ﴿شۈبھىسىزكى، سەبەئ قەۋمىگە ئۇلارنىڭ تۇرىدىغان جايىدا (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان بۈيۈك) دەلىل بار ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار، سول تەرىپىدە بىر تۈركۈم باغلار بار ئىدى. (ئۇلارغا ئېيتتۇقكى) «پەرۋەردىگارىڭلار بەرگەن رىزقتىن يەڭلار ۋە ئۇنىڭغا شۈكرى قىلىڭلار، (سىلەرنىڭ جايىڭلار) ياخشى جايدۇر، (سىلەرگە رىزق بەرگەن پەرۋەردىگارىڭلار شۈكرى قىلغۇچىنى) مەغفىرەت قىلغۇچى پەرۋەردىگاردۇر». ئۇلار (شۈكرىدىن) باش تارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا قاتتىق سەلنى ئەۋەتتۇق. ئۇلارنىڭ باغلىرىنى ئاچچىق مېۋىلىك، يۇلغۇنلۇق، ئاز-تولا سىدىرلىق (يەنى ياۋا چىلانلىق) باغلارغا ئايلاندۇردۇق. ئۇلار كۇفرىلىق قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق جازالىدۇق، بىز پەقەت كۇفرىلىق قىلغۇچىلارنىلا جازالايمىز﴾[2].

سىلەر ئەتراپىڭلارغا قاراپ بېقىڭلار، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئۆز جايىغا ئىشلەتمەي، كۇفرانى نېمەت قىلىپ، تۇز كورلۇق قىلغانلارنى ئاللاھ بۇ دۇنيادا خار قىلغاننىڭ ئۈستىگە ئاخىرەتتە يەنە جەھەننەم بىلەن ئازاپلىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِّعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَىٰ قَوْمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُوا۟ مَا بِأَنفُسِهِمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ ﴿بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ

[1] نەھل سۈرىسى 112 ـ ئايەت.
[2] سەبەئ سۈرىسى 15 ـ 17 ئايەتلەر.

بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[1].

قۇرئان كەرىم بىزگە تارىختا باياشات تۇرمۇشلاردا ياشىغان، لېكىن نېمەتكە تۇز كورلۇق قىلىپ زالىم بولغان، پېقىر-مىسكىنلەرنىڭ ھەققىنى بەرمىگەن، خەيرى-ئېھسان يوللىرىغا پۇل خەجلەشتىن بېخىللىق قىلغان قەۋملەرنى ۋەيران قىلىپ، ئۇلارنى بۇ دۇنيادىمۇ خار-زەبۇنلۇقتا ۋە ئاخىرەتتىمۇ ئەھلى دوزىخى قىلىپ قويغانلىقىنى كۆپ قېتىم بايان قىلىپ بەردى. ئىنسانلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئادالىتىدىن ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئاللاھنىڭ كۈنلىرىدە ئىبرەت بار، ئىلگىرى ئۆتكەن كۈچلۈك ئۈممەت ۋە مىللەتلەر قېنى؟! ئاد ۋە سەمۇد قەۋمى قېنى؟ ھامان، قارۇن ۋە پىرئەۋنلەرچۇ؟

ئى مۇسۇلمانلار! بەلكى ئى ئىنسانلار! سىلەر دۇنيادىن ئىبرەت ئېلىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى مال-دۇنيا، بالا-چاقا ۋە ھوقۇق-مەنسەپلەر بىلەن سىناپ ئىمتىھان قىلىدۇ، قېنى شۇ سىناق-ئىمتىھانلاردىن ئۆتەلەمسىلەر؟!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَكُلًّا أَخَذْنَا بِذَنۢبِهِۦ ۖ فَمِنْهُم مَّنْ أَرْسَلْنَا عَلَيْهِ حَاصِبًا وَمِنْهُم مَّنْ أَخَذَتْهُ ٱلصَّيْحَةُ وَمِنْهُم مَّنْ خَسَفْنَا بِهِ ٱلْأَرْضَ وَمِنْهُم مَّنْ أَغْرَقْنَا ۚ وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيَظْلِمَهُمْ وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ﴾ ﴿(بۇ گۇناھكارلارنىڭ) ھەربىرىنى گۇناھى تۈپەيلىدىن جازالىدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە تاش ياغدۇردۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى قاتتىق ئاۋاز ھالاك قىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (مال- مۈلكى بىلەن قوشۇپ) يەرگە يۇتقۇزدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى (سۇدا) غەرق قىلدۇق، ئاللاھ ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى زۇلۇم قىلدى﴾[2].

### ئىككىنچى خۇتبە

ئاللاھ بەرگەن نېمەتنى مۇھاپىزەت قىلىش، ئۇنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ

[1] ئەنفال سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى 40 ـ ئايەت.

رەسۇلى رازى بولىدىغان، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك جايغا ئىشلىتىش، شۇ نېمەتنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ سەۋەبىدۇر. ۋەتەنلەرنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ پارچىلىنىپ ۋەيران بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇ نېمەتلەرگە شۈكۈر قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ۋاقتى كەلگەندە دۆلەتلەرنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ ۋەيران بولىشىنى دۇنيادا ھېچقانداق بىر كۈچ توسۇپ قالالمايدۇ، دۇنياغا خوجا بولغان ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تەھدىت بولۇپ قورقىتىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى قانداق ۋەيران بولدى؟!

ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئەسەر قالمىدىغۇ! ئۇنىڭ ئاتوم بومبىلىرى ۋە ئېغىر تىپتىكى زامانىۋى قورallىرى بازارلاردا سېتىلىدىغان تۆمۈر-تەسەككە ئايلىنىپ قالدى، ئادەم سانىنىڭ كۆپلىكى، ھەربى كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى، زېمىنىنىڭ كەڭلىكى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمىدى. ئالالاھنىڭ قۇدرىتى شۇنداق ئۇلۇغكى، دۆلەتلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ئەكسىچە ئەرەب يېرىم ئارىلى، تارىخ ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدىكى ھېچ بىر ئىنساننىڭ دىققىتىنى تارتمايدىغان ئورۇن ئىدى، ھالبۇكى ئۇ ئالالاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن پۈتۈن دۇنياغا ھىدايەت ۋە مەدەنىيەت نۇرىنى چاچتى.

ئى ئاللاھ! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن، زالىم ۋە تاغىيلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلغىن، ئىسلام ئۈممىتىنى ئەزىز قىلغىن، مەزلۇملارغا نۇسرەت ئاتا قىلغىن، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا يامان كۆزى بىلەن قاراپ سۈيقەست قىلغان زالىم، دۈشمەنلەرنى كۆز ئالدىمىزدا ۋەيران قىلغىن ۋە دۇنيا خەلقىگە ئىبرەت قىلغىن، ئامىن!!!

# خاتىرجەملىك ۋە مۇقىملىق، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن مۇھىمدۇر

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇمەيد

(12/01/1435ھ = 15/11/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «خاتىرجەملىك ۋە مۇقىملىق، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۈچۈن مۇھىمدۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. كىمكى دۇنيانىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئويلانسا، ئۇنىڭ تەدبىرىنى ئالىدۇ، كىمكى يولنىڭ ئۇزۇنلىقىنى ھېس قىلسا، سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ.

ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، ئىنسانلار خۇشاللىق بىلەن مەغرۇرانە ياشايدۇ، خاتالىقنى سادىر قىلىپمۇ بىپەرۋا يۈرىدۇ، ئۆزىنىڭ كىملىك سالاھىيىتىنى ساقلىماستىن كۆڭلىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەنلەر تولىمۇ بىچارىدۇر. گۇناھلارنى تەقۋالىق ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەم توغرا يولنى تاپىدۇ ۋە بىھۇدە گەپنى تاشلىغان ئادەم ئۆزىنى راھەت ئالدۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّ وَعْدَ ٱللَّهِ حَقٌّ ۖ فَلَا تَغُرَّنَّكُمُ ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَا وَلَا يَغُرَّنَّكُم بِٱللَّهِ ٱلْغَرُورُ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقىقەتەن ھەقتۇر، سىلەرنى ھەرگىز دۇنيا تىرىكچىلىكى مەغرۇر قىلمىسۇن، شەيتاننىڭ سىلەرنى ئاللاھنىڭ ئەپۇسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن مەغرۇر قىلىشىغا يول قويماڭلار﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! يېڭى يىلنىڭ بېشىدا ئاللاھتىن بۇ يىلنى ئامانلىق،

[1] فاتىر سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

مۇقىملىق ۋە خاتىرجەملىك يىلى قىلىپ بىرىشىنى تىلەيمەن. بۇنداق بىر ئەھۋالدا ئەڭ مۇھىم ئەسلەشكە تېگىشلىك ئىشلار، ئاللاھنىڭ سان-ساناقسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىشتۇر. نېمەتلەر شۈكۈر قىلىش ئارقىلىق داۋاملىشىدۇ، شۈكۈر قىلىش بولسا شۇ نېمەتلەرنى ئاللاھنىڭ يولىدا سەرپ قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذۡ تَأَذَّنَ رَبُّكُمۡ لَئِن شَكَرۡتُمۡ لَأَزِيدَنَّكُمۡۖ وَلَئِن كَفَرۡتُمۡ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٞ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكرى قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرانى نېئمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى﴾[1].

ئاللاھ بىر قەۋمگە بېرىلگەن خاتىرجەملىك ۋە ئامانلىق نېمىتىنى شۇ قوۋم نېمەتكە تانمىغۇچە ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلٗا قَرۡيَةٗ كَانَتۡ ءَامِنَةٗ مُّطۡمَئِنَّةٗ يَأۡتِيهَا رِزۡقُهَا رَغَدٗا مِّن كُلِّ مَكَانٖ فَكَفَرَتۡ بِأَنۡعُمِ ٱللَّهِ فَأَذَٰقَهَا ٱللَّهُ لِبَاسَ ٱلۡجُوعِ وَٱلۡخَوۡفِ بِمَا كَانُواْ يَصۡنَعُونَ﴾ ﴿ئاللاھ مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر شەھەر (يەنى مەككە ئاھالىسى) بولۇپ، (ئەسلىدە) تىنچ- خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ- تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلدى، ئاللاھ ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلىمىنى تېتىتتى﴾[2].

ئىككى ھەرەم دىيارىغا ئاللاھ تەۋھىد نېمىتى، ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۈستۈن قىلىش نېمىتى، ئامانلىق نېمىتى ۋە تۇرمۇشنىڭ كەڭچىلىكى نېمىتىنى ئاتا قىلدى. شۇڭا ئاللاھتىن سىياسىي ئۆزگىرىشلەردىن، يەرلىك ئۇرۇشلاردىن ۋە تائىپىۋازلىق توقۇنۇشلاردىن پاناھ تىلەيلى.

بۇ دىيارلار سىياسىي جەھەتتە پارچىلانغان، تارىخنىڭ تايىنى يوق ۋە ئامانلىقتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدىغان بىر دۆلەت ئىدى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئاللاھنىڭ بەيتى بۇ دۆلەتتە بىنا قىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولدى، ئۇنىڭ ئورنى يۈكسەلدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئامانلىقنىڭ

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى 112 ـ ئايەت.

تەمىنى قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە، قالايمىقانچىلىق ۋە پاناھسىزلىق ئىچىدە ياشاپ باققانلار ياخشى بىلىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئەتراپىڭلاردىكى دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرۇپ بېقىڭلار.

ئەتراپىڭلاردىكى دىيارلاردا پىتنە-پاسات، ئۇرۇش-جېدەللەر ھۆكۈم سۈرمەكتە، قوشنا ئەللەرنى قورقۇنچ، ئاچلىق، بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق ۋە يالغانچىلىق قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، مىنۇتىغا ئونلارچە بىگۇناھ قانلار ئاقماقتا، بويۇنلار ئۆلۈمگە سۆرەپ ئېلىپ بېرىلماقتا. ئاللاھتىن ئۇلارنى ھىمايە قىلىشنى، ئۇلارغىمۇ ئامانلىق ۋە مۇقىملىق نېمىتى ئاتا قىلىشنى تىلەيمىز.

ئامانلىق نېمىتىگە شۈكرى قىلىش بولسا شۇ ئامانلىققا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى ئەسلەش بىلەن بولىدۇ، ئامانلىق ۋە مۇقىملىقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاملى ئاللاھقا بولغان ئىمانىمىزنى كۈچەيتىش، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىماد قىلىشتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَمْ يَلْبِسُوٓاْ إِيمَٰنَهُم بِظُلْمٍ أُوْلَٰٓئِكَ لَهُمُ ٱلْأَمْنُ وَهُم مُّهْتَدُونَ﴾ ﴿ئازابتىن ئەمىن بولۇش ئىمان ئېيتقان، ئىمانىغا مۇشرىكلىكنى ئارلاشتۇرمىغان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچىلاردۇر﴾[1].

ئىماننىڭ تەقەززاسى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلاش، شەرىئەتنىڭ تەلەپلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىشتۇر. ئالىملارنىڭ پرىنسىپلىرىغا بويسۇنۇش ۋە ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت بەلگىلىمىلەرگە بويسۇنۇش ئارقىلىق ھەقىقى ئامانلىق قولغا كېلىدۇ.

ھەرەم دىيارىغا قارىتا شەرىئەتنى تەتبىقلاش مەسىلىسىدە، زامانىۋىلىشىش ۋە ئىنسان ھەقلىرى باھانىسى بىلەن يامان غەرەزدە بولىۋاتقانلارنىڭ تارقىتىۋاتقان پىتنىلىرىگە پەرۋا قىلماسلىق كېرەك. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سورايمەنكى، ئىنسان ھەقلىرىنى يوقىتىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا يىغلىغان كىم؟! ئىككى ھەرەم دىيارى ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى تەتبىقلايدۇ ۋە بۇ مەسىلىدە ھېچكىم بىلەن سودىلاشمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدا تۇرغانلار سىلەرنى

[1] ئەنئام سۈرىسى 82 ـ ئايەت.

گۇناھ-مەئسىيەتكە بۇيرۇمىغان تەقدىردە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش لازىم.

ۋائىل ئىبنى ھەجەر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ئەمىرلەر بىزنىڭ ھەققىمىزنى بەرمىسە ۋە ئۆزلىرىنىڭ ھەقلىرىنى تەلەپ قىلسا بىز قانداق قىلىمىز؟ دەپ سورىغىنىمىزدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر ئۇلارغا قۇلاق سېلىڭلار ۋە ئىتائەت قىلىڭلار، ئۇلارمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىدىن ھېساب بېرىدۇ، سىلەرمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىڭلاردىن ھېساب بېرىسىلەر» دېگەن.

ئامانلىق ئامىللىرىدىن بىرى: ھەر بىر مەسئۇلىيەت ئىگىسى ياكى مەنسەپدار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك. ۋەتەن ھەممىگە مەنسۇپ، ئامانلىق نېمىتىدىن ھەممەيلەننىڭ بەھرىمەن بولۇش ھەققى بار. ۋەتەننى ھىمايە قىلىش بولسا تىجارەتچى، مۇئەللىم، مۇتەپەككۇر ۋە تەشۋىقات ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتىدۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى دۈشمەنلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش، ۋەيران قىلىش ۋە ئامانلىقنى يوقىتىشقا ئۇرۇنماقتا. بىز ئۇلارغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا ياردەم قىلىشىمىز توغرا ئەمەس. قارايدىغان بولساق قوشنا ئەللەردە، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتلەرنىڭ ئېغىرلىقىدىن ئامانلىق نېمىتىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقى، بۇ يولدا قانچە بەدەل تۆلەنسە بولىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَ لَمْ يَرَوْا أَنَّا جَعَلْنَا حَرَمًا ءَامِنًا وَيُتَخَطَّفُ ٱلنَّاسُ مِنْ حَوْلِهِمْ ۚ أَفَبِٱلْبَٰطِلِ يُؤْمِنُونَ وَبِنِعْمَةِ ٱللَّهِ يَكْفُرُونَ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلامدۇ؟﴾[1].

### ئىككىنچى خۇتبە

ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار بولسۇن! ئى قېرىنداشلار ھەقىقىي ئامانلىقنى خالايدىغان بولساق، راستچىل تەشۋىقاتقا

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى 67 ـ ئايەت.

ئاساسلىنىشىمىز ۋە يالغان ئويدۇرمىلارغا بويسۇنماسلىق كېرەك. ئاخبارات ياكى ئىشلارنى ئوڭشايدۇ ياكى بولمىسا ۋەيران قىلىدۇ. ئاخبارات ساھەسىدە تارقالغان ھەر قانداق خەۋەرگە ئىشىنىۋەرمەسلىك كېرەك.

ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ھادىسە ۋە چوڭ-چوڭ ۋەقەلىكلەرنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ بىر كىشىلىك كۆز قارىشىمىز ۋە مەيدانىمىزنىڭ بولۇشى شەرت ئەمەس، بەلكى ھەر ساھەدە مۇتەخەسسىسلەرلا باھا بەرسە، شۇلار مەيداننى ئىپادىلىسە يېتەرلىك. ئاممىۋى خەلقنىڭ يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلىك ۋە ھادىسىلەرگە قارىتا پىكىر بېرىشى ۋە مەيداننى ئوتتۇرغا قويۇشى شەرت ئەمەس.

# نەسىھەت بىلەن كۆڭۈل سۆزىنىڭ پەرقى چوڭ

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(19/01/1435ھ = 22/11/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتىگەن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «نەسىھەت بىلەن كۆڭۈل سۆزىنىڭ پەرقى چوڭ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئى مۇسۇلمانلار! سىلەرگە ۋە ئۆزۈمگە قىلىدىغان ۋەسىيىتىم تەقۋالىق قىلىش (ئاللاھتىن قورقۇش) تۇر، تەقۋالىق قىلىش بولسا، ئاللاھتىن ئاشكارا-مەخپىي، غەزەپلىك ۋە خۇشاللىق، ئىختىيارى ۋە مەجبۇرى ھاللاردا قورقۇش دېمەكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَخۡشَ ٱللَّهَ وَيَتَّقۡهِ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡفَآئِزُونَ﴾ ﴿ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان، ﷲ دىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾[1].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆزىنىڭ مەخپىي ھالىتىدە بولسۇن، ياكى ئاشكارا ھالىتىدە بولسۇن، ساپلىقنى ساقلاپ قېلىش، ئاز كىشىلەر قىلالايدىغان بىر خىسلەتتۇر. شۇنداقلا ساپ شەيئىلەرنىڭ ئۆزى قىممەتلىك، باھاسى يۇقىرى بولىدۇ. ئەخلەت-چاۋالار كۆپىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى ئىزدەيدىغانلار كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشى ۋە سەزگۈرلىكىنى

[1] نۇر سۈرىسى 52 ـ ئايەت.

ئاشۇرىشى كېرەك، چۈنكى قىممەت باھالىق گۆھەرلەر ئاز كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدىغان ئەنگۈشتەردۇر.

ئىنسانلارنىڭ تاشقى قىياپىتى ئىچكى دۇنياسىنىڭ تەرجىمانى بولۇشى كېرەك. چۈنكى تاشقى قىياپەت ئىچكى دۇنيانىڭ پەردىسى بولالمىسا، قىياپەت ئۆز قىممىتىنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ، سۇ سۈپ-سۈزۈك بولسىمۇ، بەزىدە ئۆز ئىچىدىن بۇلغانغانغا ئوخشاشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە: «ئاللاھ سىلەرنىڭ جىسمىڭلارغا ياكى شەكلىڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن قىلغان ئىشىڭلارغا ۋە قەلبىڭلارغا قارايدۇ» دېگەن.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۇ كۈنلەردە ئاجايىپ بىر ئەھۋالدا ياشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز، ھەر بىر كۆز قاراش ئىگىسى ئۆز كۆز قارىشىدا مۇستەھكەم تۇرىدۇ، خاتا قاراشتىكىلەر ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلسىمۇ ئۆزرە ئېيتىشنى، ئەقلىنى ئىشقا سېلىشنى ۋە خاتالىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىشنى بىلمەيدۇ. بەزى ئىشلارغا بوشلۇق قويۇش، كۆز يۇمۇش ۋە كەچۈرۈم قىلىشتەك ئىشلارنى تېخىمۇ بىلمەيدۇ. مۇجتەھىدلار ئۆزىنىڭ ئىجتىھادلىرىدا خاتالاشقان بولسىمۇ، ئۇلارنى كەچۈرۈم قىلىشنى بىلمەيدۇ.

بىز شۇ ھەقىقەتنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەككى، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە ئىجتىھاد قىلغۇچى خاتالاشسا، ئىجتىھادنىڭ ئەجرىنى بېرىدۇ، ئەگەر توغرا ئىجتىھاد قىلىپ، ھەقنى يورۇتۇپ بەرگەن تەقدىردە قوش ساۋابقا ئىگە بولىدۇ.

ھەقىقەت ئېنىق، ئۇنىڭغا باتىلنىڭ تونلىرىنى قانچە پەدازلاپ كىيگۈزسەكمۇ باتىلغا ئايلىنىپ قالمايدۇ. باتىلنىڭ ئەسلى پۇچەك بولغاچقا، ئۇنى قانچە پەدازلىساقمۇ ھەقىقەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدِ ٱبْتَغَوُاْ ٱلْفِتْنَةَ مِن قَبْلُ وَقَلَّبُواْ لَكَ ٱلْأُمُورَ حَتَّىٰ جَآءَ ٱلْحَقُّ وَظَهَرَ أَمْرُ ٱللَّهِ وَهُمْ كَٰرِهُونَ﴾ «ئىلگىرى ئۇلار تاكى ئاللاھنىڭ ياردىمى كەلگەنگە، ئاللاھنىڭ دىنى ئۈستۈنلۈك قازانغانغا قەدەر، ھەقىقەتەن، بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ئۇرۇنغان ، ساڭا ھىيلە- مىكىرلەرنى ئىشلەتكەن ئىدى، ھالبۇكى، ئۇلار بۇنداق بولۇشنى (يەنى دىنىنىڭ ئۈستۈنلۈك

قازىنىشىنى) يامان كۆرگۈچىلەردۇر﴾[1].

ھەقىقەتنى خەلقى ئاللەمدىن يوشۇرۇپ قىلىشقا ئۇرۇنغان ئادەم، كۆڭۈل نۇرىنى ئالقىنىدا توسۇشقا ئۇرۇنغان كىشى بىلەن ئوخشاشتۇر. مەزكۇر ھەقىقەت چۈشىنىلگەن بولسا، ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھقا، ئاندىن ئىنسانلارغا بولغان نىيىتىنى توغرىلىشى كېرەك. باشقىلارغا قارىتا ياخشى گۇمان قىلغان سەۋەبتىن خاتالاشقان ئىنسانغا گۇناھ يېزىلمايدۇ.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ھەر بىر مۇسۇلمان ئاللاھقا، ئاندىن قالسا ئىنسانلارغا قارىتا نىيەتنى ياخشى قىلىشى كېرەك. باشقىلاردىن داۋاملىق ياخشى گۇمان قىلىش لازىم، ياخشى گۇمان قىلىپ خاتالاشقانلارغا گۇناھ يېزىلمايدۇ. ھەقىقىي ۋە سەممىي مۇسۇلمان، باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشتا شەرئەتنى مىزان قىلىش كېرەك. باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كوچىلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى خاتالاشقانلار ئۈچۈن ئۆزرە ئىزدىشى لازىم. ئەھۋال بۇنداق بولغان ئىكەن، ئىنسانلارغا نەسىھەت قىلىش بىلەن كۆڭۈل ئېپادىسى ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭدۇر.

باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەپ، خاتالىقىنى كوچىلاپ، ئابرويىنى چۈشۈرۈشنى ئويلاپلا قەدەم ئالغانلار، شۇنى ئىسىدىن چىقارمىسۇنكى، بۇ ئالەم ئۆتنە ئالەمدۇر، بىر كۈنلەردە ئۆزى باشقىلار تەرىپىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر رەسۋاچىلىققا دۇچار بولىدۇ. بىر ماقال بار: «باشقىلارغا ئورا كولىساڭ، ئۆزەڭ چۈشەرسەن». ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى گۇناھ بىلەن تەنقىتلەپ، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى چۈشۈرسە، ئۆلمەي تۇرۇپ شۇ گۇناھقا ئۆزى چۈشۈپ قالىدۇ».

باشقىلارنىڭ مۇسىبىتىگە خۇشاللىق ئىزھار قىلىش، ئىنساننى پەسكەشلىككە ئېلىپ بارىدۇ، ئەھلى ئىلىملار مۇنداق دېگەن: «باشقىلارغا كەلگەن مۇسىبەتكە كۈلمىگىن، ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلىپ، سىنى شۇ مۇسىبەتكە مۇبتىلا قىلمىسۇن». ئەقىل كۆزى بىلەن قارايدىغان بولساق، ئىجتىمائىي ئۇچۇر-ئالاقە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەردە، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ سۆز ۋە دېئالوگ ئەخلاقىمىزدا ئېغىر مەسىلە بارلىقىنى

[1] تەۋۋە سۈرىسى 48 - ئايەت.

كۆرىمىز. باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كولاش ۋە ئېغىزىمىزنى بۇزۇشتەك ئەھۋاللار ئېغىر دەرىجىدە كۆرۈلمەكتە.

ئەسلىدە ئىجتىمائىي ئۇچۇر-ئالاقە تورلىرىنىڭ دىنىمىزنى ۋە ياخشى ئىشلارنى تارقىتىشتا ئالاھىدە رولى بارلىقىدا شەك يوق. ياخشى سۆزنى مىڭ قۇلاق ئاڭلايدۇ ۋە مىڭ كۆز كۆرىدۇ. سۆزلىگۈچىگە ھەر بىر كەلىمە ئۈچۈن ئەجرى يېتىدۇ. يامان سۆز بولسا گۇناھىمۇ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. قانچە كۆپ ئادەم ئاڭلىسا، شۇنچە ھەسسە گۇناھكار بولىدۇ. تىل قەلبىنىڭ، قەلەم تىلىنىڭ پوچتىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ئاگاھلاندۇرۇپ: «كىشىلەرنى ئوتقا ئىتتىرىدىغان نەرسە، ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر» دېگەن.

كامالەتكە يەتكەن ئەقىل، ئىنساننىڭ تىلى ۋە قەلىمى، ئۇ ئىنساننىڭ ھەقىقىتىنىڭ شۇئارى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوق. ئىنساندا راستچىل، سەمىمىي ۋە ئېپپەت-نومۇسلۇق تىل بولغاندەك، يالغانچى، تۆھمەتخور، مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا قوشۇق سالىدىغان ۋە ئاتىكاچا تىللارمۇ بار بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنىلا كولايدىغان ۋە خاتالاشتۇرۇشقا تىرىشىدىغان كىشىلەردە ھەقىقەتنى بىلمەسلىك ۋە خاتا چۈشىنىشتەك قاتارلىق ئەيىپلەرمۇ بار بولۇپ قالىدۇ. بىرىنچىسى چۈشەنچىدىكى بۇزۇقلۇق بولسا، ئىككىنچىسى قەلبتىكى روھىي كېسەللىكتۇر. نىيەت بۇزۇلغاندا ئۇنى تىل ئوڭشىيالمايدۇ. لېكىن نىيەتنىڭ دۇرۇستلىقى تىلنىڭ خاتالىقىنى ئوڭشىيالايدۇ.

ئى ئىنسانلار! ئىنساننىڭ ئۆمرى بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ قىسقا، شۇڭا شۇ قىسقا ئۆمۈرنىڭ بىر قىسمىنى باشقىلارنىڭ ئەۋرىتىنى ئېچىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەيىبىنى كولاش بىلەن ئۆتكۈزۈش ئۆز-ئۆزىگە زۇلۇم قىلغانلىقتۇر. خۇددى ئەتراپقا تولا قاراپ ھاڭۋېقىپ ماڭغان يولۇچى مەنزىلگە يېتىشكە كېچىكىپ قالغاندەك، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كولىغان ئادەم، ھاياتىنىڭ لەززىتىنى تېتىيالماستىن ئازاپ چېكىدۇ. يەنە كېلىپ ئىنسانلار خاتالاشمايدىغان پەرىشتىلەر ئەمەس، ئىنسان بازارلارغا بارىدۇ، يېمەك يەيدۇ، توغرا قىلىدۇ، ياكى خاتالىشىدۇ. كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ خاتالىقى توغرا قىلغان ئىشلىرىدىن ئاز بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن كۆپلىگەن كىشىلەر چېۋىنگە ئوخشاش يارىنىلا ئىزدەيدىغاندۇ؟ ئەجەبلىنىمىزكى، نېمە ئۈچۈن كۆپ كىشىلەر غەيۋەت-شىكايەت قىلىش، سۇخەنچىلىك، گەپ توشۇش، باشقىلارنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتىن ۋە كۆڭۈللەرگە باھا بېرىشتىن لەززەتلىنىدۇ! نېمە ئۈچۈن كۆپلىگەن كىشىلەر تىلى دېۋانە، روھى پاسكىنا ياشاشنى خالايدۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلاردىن: «كەمبەغەل كىم؟» دەپ سورىغاندا، ساھابىلار: كەمبەغەل دېگەن، پۇلى يوق ۋە مال دۇنياسى يوق ئادەم، دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ھەقىقىي كەمبەغەل قىيامەتتە ناماز ۋە زاكاتلار بىلەن كېلىدۇ، لېكىن ئۇنى تىللىغان، بۇنى ھاقارەتلىگەن، ئۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان، بىرلىرىنىڭ ھەققىنى يەۋالغان، بىرلىرىنىڭ قېنىنى تۆككەن، بىرلىرىنى ئۇرغان ھالدا كېلىدۇ-دە، ياخشى ئەمەللىرى باشقىلارغا بۆلۈپ بېرىلىدۇ، ياخشىلىقى قالمىغاندا باشقىلارنىڭ گۇناھلىرى ئۇنىڭغا ئارتىلىدۇ، ئاخىرى ئۇ كىشى ئوتقا تاشلىنىدۇ» دېگەن[1].

ئى ئاللاھ! بۇ دۇنيادا كەمبەغەللەر نېمە دېگەن كۆپ! ئۇلارنىڭ قىيامەتتىكى ھېسابى نېمە دېگەن ئېغىر ھە!

ئاللاھ ماڭا ۋە سىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن پايدىلىنىشنى نېسىپ قىلسۇن، مەن سۆزۈمنى دېدىم، توغرا بولغان بولسا ئاللاھتىن، خاتالاشقان بولسام، ئۆزۈمدىن ۋە شەيتاندىندۇر.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! بىلىڭلاركى، تىلنى ساقلاشقا بۇيرۇش، كىشىلەرنىڭ ئەۋرەتلىرىنى يېپىش، خاتالىقلىرىنى ئىزدىمەسلىك ھەرگىزمۇ ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشنى تاشلاپ قويۇش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ھەر قانداق كىشىدىن خاتالىق سادىر بولسا، خەلقى ئالەم ئالدىدا ئابرۇيىنى چۈشۈرمەستىن نەسىھەت قىلىش، ئىسلامنىڭ روھىدۇر. نەسىھەت قىلمايدىغان ئادەمدە ياخشىلىق يوق، نەسىھەت قوبۇل قىلمايدىغان ئادەمدىمۇ ياخشىلىق يوقتۇر. ئادەم بالىسى خاتالىشىدۇ، خاتالاشقۇچىلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى تەۋبە

[1] مۇسلىم رىۋايىتى.

قىلغۇچىلاردۇر. خاتالاشقانلىق ئەيىب ئەمەس، خاتانى ئېتىراپ قىلمىغانلىق ئەيىبتۇر. خاتالىشىش ئىنسان تەبىئىتىدە بار ئىش، كامالەت پەقەت ئاللاھقا مەنسۇپ، پەيغەمبەرلەرلا خاتالاشمايدۇ، ئەيىبنىڭ ئەڭ خەتىرى خاتالىشىپ بولۇپ، نەسىھەت قوبۇل قىلماسلىقتۇر.

ئىبنى قەييۇم جەۋزى مۇنداق دېگەن: «ھەقنىڭ، سەن ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، يامان كۆرىدىغان ئادەم ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىشىنى يامان كۆرۈشۈڭنى ئاللاھ تەنقىتلىدى، بۇنداق ئىللەت ئۈممەتتىكى ئەڭ ناچار ئەخلاقتۇر».

ئى ئاللاھ! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىل، شىرىك ۋە مۇشرىكلارنى خار قىل، دىنىڭ ۋە كىتابىڭغا نۇسرەت ئاتا قىل، مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىكى مۇسىبەتنى كۆتۈرۈۋەتكىن، قەرزدارلارنىڭ قەرزىنى كەچۈرۈم قىل، كېسەللەرگە شىپالىق ئاتا قىل، پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلىغىن، سۈرىيە، بېرما ۋە باشقا دۇنيادىكى بارلىق مەزلۇم مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىل، ئامىن!..

# ئاقىل ئىنسان نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرمەيدۇ

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(26/01/1435ھ = 29/11/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاقىل ئىنسان نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرمەيدۇ» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسانغا كېلىدىغان مۇسىبەتنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇن، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مۇسىبەت كېلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشقاندىن مىڭ ھەسسە ياخشىدۇر. گۇناـمەسىيەتلەردىن ساقلىنىش ۋە خاتالىققا چۈشۈپ قالماسلىققا تىرىشىش، تەقۋادارلارنىڭ ماڭىدىغان يولىدۇر. گۇناھقا چۈشۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، گۇنا-مەسىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللارغا كىرىپ قالماسلىققا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەر بىر قەدەمنى ئېلىشتىن بۇرۇن ياخشى ئويلىنىپ ۋە ئاقىۋەت بىلەن ھېسابلىشىپ، ئاندىن قەدەم ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بىلىش كېرەككى، ئىنساننىڭ نەپسى داۋاملىق دۇنيانىڭ لەززەتلىرىگە ۋە گۇنا-مەسىيەتلەرگە چاقىرىدۇ، شەيتان ئىنسانغا خاتا ئىشلارنى ۋە گۇناھلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. لېكىن ھەقىقي ئەقىل ئىگىسى، شەيتاننىڭ ئازدۇرىشىغا كىرمەيدۇ ۋە نەپسىنىڭ ئارقىسىغىمۇ ئەگەشمەيدۇ. ئەقىل

ئىگىسى بولغان ئادەم، باشتا ئۆز نەپسىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇنى ئوڭشاشقا تىرىشىدۇ. ئىنساننىڭ نەپسى، ئىنساننى داۋاملىق جاھالەت ۋە زۇلۇمغا چاقىرىدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ ۋە يامانلىقلارنى چىرايلىق كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنى تونۇغان ئىنسان ئۆزىدىكى ئاجىزلىق نۇقتىلىرىنى ۋە گۇنا-مەئسىيەتلەرنىڭ مەنبەئىنى بىلىدۇ، شۇ ئاساستا ئۆز نەپسىنى كونترول قىلالايدۇ.

ئىبنى قەييۇم جەۋزىي دېگەنكى: ئىنسان ئۆز نەپسىنىڭ پۈتۈن يامانلىقلارنىڭ مەنبەئى ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. ئىنساننىڭ بىلگەنلىرىدىن بىلمىگەنلىرى كۆپ ۋە ئادالەتتىن زۇلۇملىرى كۆپتۇر. شۇڭا ئىنساندىكى ياخشىلىقلار بولسا ئاللاھنىڭ ئىنسانغا ئاتا قىلغان پەزلى كەرىمىدۇر. ئىنسان ئۆز نەپسىنىڭ ئىللەتلىرىنى بىلگەندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش، توختىماستىن بىلىم ئىگەللەش، پەيغەمبەرلىك چىرىقى ۋە بۇلۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشقا تىرىشىشتۇر. شۇنداق قىلغاندا ئىنسان ئۆزىدىكى جاھالەتنى كۆتۈرۈشكە تىرىشقان بولىدۇ. جاھالەتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش ۋە داۋاملىق نەپسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەش كېرەك، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتنى ئۆز نەپسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشكە چاقىراتتى.

ئىنسان شۇنى بىلىشى كېرەككى، شەيتان ئىنسانغا ئوچۇق دۈشمەندۇر، شۇڭا ئۇنى داۋاملىق ئازدۇرۇشقا تىرىشىدۇ، نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەنلىك شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەنلىكتۇر. ئىبنى قەييۇم جەۋزى بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: شەيتان ئىنساننىڭ ئالدىغا كۆپلىگەن توسالغۇلارنى قويىدۇ، ئۇ توسالغۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن قىيىندۇر، ئىنسان بىرىنچى توساقنى يېڭىپ ئۆتسە، ئىككىنچى توساق بىرىنچىسىدىنمۇ قىيىنراق بولىدۇ. بىرىنچى توساق بولسا ئاللاھقا كاپىر بولۇشقا چاقىرىشتىن ئىبارەت توساقتۇر، ئەگەر شەيتان ئىنساننى دىنىدا سۇسلاشتۇرۇشتا غەلىبە قىلسا، ئۇ چاغدا بىر قەدەر راھەت ھېس قىلىدۇ، ئىماندا سۇسلاشتۇرۇشتا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن بىدئەت مەيدانىغا ئۆتىدۇ، بىدئەتلەرنى چىرايلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ دىنىنى بۇزۇشقا باشلايدۇ. بىدئەتنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ،

ئىنساندا كۈچلۈك ئىمان ۋە مول بىلىم بولمىغان تەقدىردە بىدئەتلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئازدۇرۇپ يوقىتىدۇ. بىدئەتتىنمۇ خاتىرجەم ئۆتۈپ كەتسە، گۇناھى كەبىرەلەرگە ئۆتىدۇ، ئىنسانغا گۇنا-مەسىيەتلەرنى چىرايلىق كۆرسىتىشكە باشلايدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ غەلبىلىك ئۆتكەن تەقدىردە، كىچىك گۇناھلارنى يەڭگىل سانايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ، بۇنىڭدىمۇ غەلبە قىلسا، مۇباھ ئىشلارغا ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئىنساننى ھەممە تەرەپتىن يامانلىقلار قاپلىۋالىدۇ، شۇڭا ئۇ تائەت-ئىبادەتلەر ئېغىر كېلىدىغان ھالغا چۈشۈپ، سۇسلىشىپ قالىدۇ.

# ئەقىل-ئىدراك نېمىتى ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ بۈيۈك نېمەتتۇر

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(03/02/1435ھ = 06/12/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئەقىل-ئىدراك نېمىتى ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان ئەڭ بۈيۈك نېمەتتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپى ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. نىجاتلىققا ئېرىشىشنى خالىغان ئىنسان ئۈچۈن، تەقۋادارلىق نۇر ۋە تەۋفىقتۇر.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلەر سان-ساناقسىزدۇر، ئىنسان ئۆزىگە ۋە ئەتراپىغا قاراپ باقسا، بۇ نېمەتلەرنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ۋە سان-ساناقسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. نېمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە سان-ساناقسىز ئىكەنلىكىنى مۇنۇ ئايەتتە ئوچۇق كۆرسەتكەندۇر:

﴿وَءَاتَىٰكُم مِّن كُلِّ مَا سَأَلْتُمُوهُۚ وَإِن تَعُدُّواْ نِعْمَتَ ٱللَّهِ لَا تُحْصُوهَآۗ إِنَّ ٱلْإِنسَٰنَ لَظَلُومٌ كَفَّارٌ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، سىلەر ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ساناپ تۈگىتەلمەيسىلەر،كاپىر ئادەم، شەك-شۈبھىسىزكى، زۇلۇم قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە) كۇفرىلىق

قىلغۇچىدۇر﴾[1].

ئاللاھنىڭ ئەنە شۇ سانسىزلىغان نېمەتلىرى ئىچىدە ئەقىل-ئىدراك نېمىتى ئالاھىدە ئۇلۇغ نېمەت بولۇپ، ئاللاھ بۇ نېمەتنى ئىنسانغا خاس قىلىپ ئاتا قىلغان. ئەقىل ئىنساننىڭ جەۋھىرىدۇر، چۈنكى ئىنساندىكى تالانت ۋە قۇدرەتلەر ئەقىل ئارقىلىق نامايەن بولغان، ھازىرقى زامان تەرەققىياتى، يېڭى كەشپىياتلار ۋە ئۇچۇر-ئالاقە ۋاسىتىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنسانغا بېرىلگەن ئەقىل نېمىتىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

ئاللاھ ئىنساننى ئۇنىڭ ئەقلى ئارقىلىق ھىدايەت ۋە ئىمان يولىغا باشلىدى، شۇ ئىنساننى ئەنە شۇ ئەقىل ئارقىلىق باشقا مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن قىلدى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ كَرَّمْنَا بَنِيٓ ءَادَمَ وَحَمَلْنَٰهُمْ فِى ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ وَرَزَقْنَٰهُم مِّنَ ٱلطَّيِّبَٰتِ وَفَضَّلْنَٰهُمْ عَلَىٰ كَثِيرٍ مِّمَّنْ خَلَقْنَا تَفْضِيلًا﴾ ﴿شەك- شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇقلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۇردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە) چىقاردۇق، ئۇلارنى شېرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ نۇرغۇنىدىن ئۈستۈن قىلدۇق﴾[2].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە: «ئەقىل مەنالارنىڭ ئەڭ چوڭىدۇر ۋە پايدىلىق ھېس-تۇيغۇنىڭ ئەڭ بۈيۈكىدۇر، ئىنسان ئەقىل ئارقىلىق پۈتۈن ئىشلارغا ھەتتاكى بارلىق ئىبادەتلەرگە مۇكەللەپتۇر»، دېگەن.

ئىمام قۇرتۇبى: «ئاللاھ ئىنساننى باشقا مەخلۇقلاردىن ئەقىل ئارقىلىق ئۈستۈن قىلغان، ئىنسان ئەقىل ئارقىلىق ئاللاھنى تونۇيدۇ، ئەقىل ئارقىلىق ئىنساننىڭ سۆزىنى باشقا ئىنسانلار چۈشىنەلەيدۇ، ئەقىل ئارقىلىق پەيغەمبەرلەر تونۇلىدۇ، شۇ ئەقىللىق ئىنسانلار ئۈچۈنلا كىتابلار نازىل قىلىنغان»، دەيدۇ. ۋە ئالىملار دېگەنكى، ئىنسانغا ئەقىلدىن ئۇلۇغ نېمەت بېرىلمىگەن.

ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھ ئەقىلنىڭ ئورنىنى نەزەردە تۇتۇپ ئىنساننى ئۇلۇغ ياراتقانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئىنساننى باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىق قىلغان

[1] ئىبراھىم سۈرىسى 34 ـ ئايەت.
[2] ئىسرا سۈرىسى 70 ـ ئايەت.

نەرسە ئەقلىدۇر. شۇڭا شەرىئەت ئەقىلگە زىيانلىق بولغان ھەممە نەرسىنى چەكلىگەن ۋە شەرىئەت ئۇقۇمى بويىچە ھارام قىلغان.

ئىنسانلار ئەقىل توغۇرلۇق ئىككى تەرەپ بولۇپ قالغان. بەزىلەر ئەقىلگىلا تايىنىپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتسە، يەنە بەزىلەر ئەقىلنى كۆزگە ئىلماي تەنقىتلىگەن، شۇ ئارقىلىق ھەر ئىككىسى خاتالاشقان. ئەقىلنى ھەقنى ئاڭلاش، بىلىش ۋە كۆرۈشتىن يىراقلاشتۇرغانلار، ئاشكارا ئازغۇنلار بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿وَقَالُواْ لَوۡ كُنَّا نَسۡمَعُ أَوۡ نَعۡقِلُ مَا كُنَّا فِيٓ أَصۡحَٰبِ ٱلسَّعِيرِ﴾ ﴿ئۇلار: «ئەگەر بىز (پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلىغان، ياكى چۈشەنگەن بولساق، ئەھلى دوزەخ قاتارىدا بولماس ئىدۇق» دەيدۇ﴾[1].

ئى ئىمانىي قېرىنداشلار! ئاق-قارىنى پەرىق ئېتەلەيدىغان ئەقىلنى بىنا قىلىش ۋە ئەقىل ئىگىسى بولغان بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلماننى ئەگەشمىچى ۋە ئەقلىنى ئىشقا سالمايدىغان دۆت بولماسلىققا چاقىرغان. ھۇزەيفە ئىبنى يەماندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «شەخسىيىتى ئاجىز ۋە ئەگەشمىچى بولماڭلار، كىشىلەر ياخشى ئىش قىلسا بىزمۇ ياخشى ئىش قىلىمىز، ئۇلار زۇلۇم قىلسا بىزمۇ زۇلۇم قىلىمىز، دەيدىغانلاردىن بولماڭلار، لېكىن ئۆزۈڭلارغا ھاكىم بولۇڭلار، كىشىلەر ياخشىلىق قىلسا ياخشىلىق قىلىمىز، ئۇلار يامانلىق قىلسا بىز زۇلۇم قىلمايمىز، دەڭلار»[2].

ئىجتىمائىي تور ۋاستىلىرىدە ۋە ئۇنى قوللانغۇچىلارنىڭ تور بەتلىرىدە نېمە يېزىلسا، ئۇنىڭ راس-يالغانلىقى ھەققىدە ئەقلىنى ئىشقا سالماي ئەگىشىپ كېتىۋاتقانلار ۋە ئازغۇن پىكىرلەرگە ئالدىنىپ كېتىۋاتقانلار، ئەقلىنى ئىشقا سېلىشى، پاك بىلەن ناپاكنى ۋە ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىشى كېرەك.

ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، كۆپ ئىنسانلار ئەقلىنى ئىشقا سالماي ئازغۇن پىكىرلەرگە ئالدىنىپ ۋەيران بولماقتا، يەنە كۆپ كىشىلەر زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق ئەقلى، پۇل-مېلى، ئائىلە-پەرزەنتى

[1] مۇلك سۈرىسى 10 - ئايەت.

[2] تىرمىزى رىۋايىتى.

ۋە يۇرت-جامائەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتماقتا. شۇ سەۋەبتىن دېمىزكى، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنىڭ تىجارىتىنى قىلغان ۋە ئۇنى ئىستېمال قىلغانلارغا قاتتىق زەربە بېرىش، ۋەتەننى ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاپ قالغانلىقتۇر. مەزكۇر ماددىي ۋە مەنىۋى ئاپەتلەر، دىننى ۋە ۋەتەننى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدۇر.

ئەقىل ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ ئەقىللىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇچۇر-ئالاقە ۋاستىلىرىدە تارقىلىۋاتقان پىتنە-ئىغۋالارغا ئالدانماستىن، ئۇممىتىنىڭ ۋە ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. پەلەستىن، شام ۋە بىرمالاردا زۇلۇملار چېكىگە يەتكەن بولۇپ، شۇ زۇلۇملارنىڭ ھەممىسى بۇزۇق ئەقىللەرنىڭ نەتىجىسىدۇر. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئەقلىنى غاپىللىقتا قويمايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ نەپسىنى ھاۋايى-ھەۋەسىنىڭ باشقۇرىشىغا تاشلىۋەتمەيدۇ.

ئى ئىسلام ئۇممىتى! مىللەتلەر ۋە جەمئىيەتلەر ئەقلىنى ئىشقا سالماي تۇرۇپ ۋە پىتنە-ئازغۇنلۇقلاردىن ئازات بولماي تۇرۇپ، خارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ ھەمدە ھەقىقىي يارامLIق ۋە مۇستەھكەم ۋەتەن قۇرۇپ چىقالمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُؤۡتِي ٱلۡحِكۡمَةَ مَن يَشَآءُۚ وَمَن يُؤۡتَ ٱلۡحِكۡمَةَ فَقَدۡ أُوتِيَ خَيۡرٗا كَثِيرٗاۗ وَمَا يَذَّكَّرُ إِلَّآ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ﴾ ﴿ھېكمەتنى (يەنى ياخشى ئەمەلگە يېتەكلەيدىغان پايدىلىق ئىلىمنى) خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند-نەسىھەت ئالىدۇ﴾[1].

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى ئىسلام قېرىنداشلىرى! ئىسلام دىنى ئەقلىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن، ئەقلىنى ئەقىدە بۇزۇقلۇقى، شېرىك، دىنسىزلىق ۋە بىدئەت-خۇراپاتلاردىن ساقلىنىشقا چاقىرغان. ھازىرقى ئازغۇن تېلىۋىزور قاناللىرى تۈرلۈك ئازغۇنلۇقلار، سېھىرگەرلىك ۋە رامباللىقلارنى راۋاجلاندۇرىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى ئوغرىلاپ ۋەيران قىلىشقا قاراپ ماڭغانلىقىنى كۆرىۋاتىمىز. ئۇممىتىنىڭ ئەقلىنى قاچان ئازغۇنلۇق، خۇراپاتلىق ۋە بىدئەت قاپلىۋالسا، ئۇنى زەئىپلەشتۈرۈپ ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ. شۇڭا ئۇممەت ئاللاھنىڭ

[1] بەقەرە سۈرىسى 269 ـ ئايەت.

مۇنـۇ ئايىتنىـى ئىسـىدىن چىقارماسـلىقى كېرەك: ﴿وَإِن يَمْسَسْكَ ٱللَّهُ بِضُرٍّ فَلَا كَاشِفَ لَهُۥٓ إِلَّا هُوَ ۖ وَإِن يُرِدْكَ بِخَيْرٍ فَلَا رَآدَّ لِفَضْلِهِۦ ۚ يُصِيبُ بِهِۦ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ ۚ وَهُوَ ٱلْغَفُورُ ٱلرَّحِيمُ﴾ ﴿ئەگـەر ئاللاھ ساڭا بىـرەر زىيان ـ زەخمـەت يەتكۈزۈشنى ئىـرادە قىلسا، ياللغۇز اللە دىـن باشقا ئۇنـى دەپئى قىلغۇچى بولمايدۇ، ئەگـەر ئاللاھ ساڭا بىـرەر ياخشىلىقنى ئىـرادە قىلسا، ئاللاھنىـڭ پەزلىنى قايتۇرغۇچى بولمايدۇ، ئاللاھ پەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغان ئادەمگە يەتكۈزىدۇ، ئاللاھ (بەندىلىرىنىـڭ گۇناھىنـى) مەغفىـرەت قىلغۇچىـدۇر، (ئۇلارغـا) مېھرىبانـدۇر» (دېيىلـدى)﴾[1].

ئۈممەتتە مۇنـەۋۋەر ئەقىللەرنـى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، ئەۋلاتلارنـى ياخشى تەربىيەلـەش، ھېكمەتلىـك بولـۇش ۋە ھىدايـەت يولىدىـن ئاداشماسـلىق تەلـەپ قىلىنىدۇ.

ئـى ئاللاھ! ئىسـلام ۋە مۇسـۇلمانلارنى ئەزىـز قىـل، مۇشـرىكلار ۋە دىـن دۈشـمەنلىرىنى ۋەيـران قىـل، مۇسـۇلمانلارنىڭ دىيارنـى خاتىرجـەم قىـل! ئـى ئاللاھ! بىزلەردىـن قىممەتچىلىـك، ۋابا ـ تائـۇن، جازانىخورلـۇق، زىنا ـ پاھىشە ۋە تەبىئـي ئاپەتلەرنـى كۆتۈرۈۋەتكىـن! ئـى ئاللاھ! مۇسـۇلمانلارنىڭ بېشـىدىن غەم ـ قايغـۇ ۋە مۇسـىبەتلەرنى كۆتۈرگـىن، زالىملارنىـڭ تۈرمىلىرىدىكـى مەزلـۇم قېرىنداشـلارنى قۇتقازغـىن، كېسـەللەرگە شـىپالىق ئاتـا قىـل، قەرزدارلارنىـڭ قەرزىنـى ئـادا قىـل، ئۆلۈكلىرىمىزگـە رەھـم قىـل، تىرىكلىرىمىزنىـڭ ئەقلىنـى ئـۆزۈڭ ھىمايـە قىـل! ئامىـن.

[1] يۇنۇس سۈرىسى 107 ـ ئايەت.

# مۇسۇلمانلارنى ئاساسسىز كۇفرىغا مەنسۇپ قىلىۋېتىش جىنايىتىنىڭ يامانلىقى

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(10/02/1435ھ = 13/12/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمانلارنى ئاساسسىز كۇفرىغا مەنسۇپ قىلىۋېتىش جىنايىتىنىڭ يامانلىقى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇشتا ئۆز لايىقىدا قورقۇڭلار ۋە ئىسلامنىڭ مۇستەھكەم ھالقىسىغا ئېسىلىڭلار.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا تُرۡجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ﴾ ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى- يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)﴾[1].

ئەنە شۇ قىيامەت كۈنىدە تەقۋادارلاردىن باشقا كىشى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلالمايدۇ.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام

[1] بەقەرە سۈرىسى 281 - ئايەت.

ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇچۇق ۋە روشەن شەرىئەت بىلەن كەلدى. بۇ شەرىئەت بولسا، ئۆگچىل ياكى سولچىللىقتىن خالى ئوتتۇراھالدۇر. ئۇ ئاشۇرۇۋەتمىگەن ۋە كېمەيتىپمۇ قويمىغان ھالدا ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ھېكمىتى بىلەن ئالغا ئىلگىرلىگەندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ شەرىئەتنى مۇستەھكەم قوغداپ، ئۇنى چېكىدىن ئاشۇرۇشقا ۋە كېمەيتىپ سۇسلاشتۇرۇشقىمۇ يول قويماي كەلگەن، چۈنكى دىندا ئېزىپ كېتىش بولسا، دىننى كەمچىل قىلىش ياكى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ.

ئاللاھنىڭ دىننى ھىمايە قىلىش بولسا دىننىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشتا ھېچقانداق ئادەمگە يۈز خاتىرە قىلماسلىقتۇر. ئۇرۇق-تۇغقانلىق رىشتىسى، بىر يۇرتلۇق ۋە دوست-بۇرادەر دېگەندەك رىشتىلەر دىننىڭ ھۆكۈملىرىنى تەتبىقلاشقا توسقۇنلۇق قىلماسلىقى كېرەك. بۇ ئىلاھىي پىرىنسىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولى بولۇپ، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئۆزى تۇرۇشلۇق كەنتىدىن رۇخسەتسىز چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنىڭغا كايىغان، شۇ سەۋەبلىك ئۇنى دېڭىزغا تاشلاپ، ئاندىن لەھەڭگە يۇتقۇزۇپ، يەنە قۇتۇلدۇرۇۋالغان.

ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كايىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: ﴿عَبَسَ وَتَوَلَّىٰٓ أَن جَآءَهُ ٱلۡأَعۡمَىٰ﴾ ﴿يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرىۋالدى﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكنىڭ گۇناھىنى تىلەشكە تەمشەلگەندە، ئاللاھ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن يَسۡتَغۡفِرُواْ لِلۡمُشۡرِكِينَ وَلَوۡ كَانُوٓاْ أُوْلِي قُرۡبَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ﴾ ﴿پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دەۋزەخ ئىكەنلىكى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغفىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس﴾[2].

يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ﴿عَفَا ٱللَّهُ عَنكَ لِمَ أَذِنتَ لَهُمۡ حَتَّىٰ يَتَبَيَّنَ لَكَ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَتَعۡلَمَ ٱلۡكَٰذِبِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ

[1] ئەبەسە سۈرىسى 1 ـ ئايەت.
[2] تەۋبە سۈرىسى 113 ـ ئايەت.

سىنى كەچۈردى، (ئۆزرىسىدە) راستچىللار بىلەن يالغانچىلار (ساقا ئىنىق بولمىغىچە نىمىشقا ئۇلارغا چىقماسلىققا) رۇخسەت بەردىڭ﴾[1].

بەدرى غازىتى ئەسىرلىرى ھەققىدىكى كايىش ھەممىگە مەلۇملۇق، بىر پەيغەمبەر يەنە بىر پەيغەمبەرگە كايىغان ئەھۋاللار بار، مەسىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ھارۇن ئەلەيھىسسالامغا كايىغان ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامۇ ساھابىلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولغان ئەبۇ بەكىر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) گە كايىغان ۋە ئەبى زەر (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) گىمۇ كايىغان. ئۇسامە ئىبنى زەيد جەڭدە ئىمان ئېيتقان بىرسىنى ئۆلتۈرگەندىمۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم ئۇنىڭغا قاتتىق كايىپ: «لائىلاھە ئىللەللاھ دېگەندىن كېيىن ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ قىيامەتتە، لا ئىلاھە ئىللەللاھقا قانداق جاۋاپ بېرىسەن؟» دېگەندە، زەيد: ئى رەسۇلەللاھ! ئۇ قىلىچتىن قورقۇپ ئىمان ئېيتقان تۇرسا؛ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ: «سەن ئۇنىڭ قەلبىنى يېرىپ كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟» دېگەن.

ئى مۇسۇلمانلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇتقان يولى بۇ تۇرسا، ھازىرقى زاماندا ياخشى ۋە سالىھ كىشىلەر دەپ تونۇلغان كىشىلەرگە قارىتا ھەر خىل بولمىغۇر ھۇجۇملار ۋە تۆھمەتلەر بولىۋاتىدۇ.

بەزى ئىنسانلاردىن سادىر بولىدىغان ئەڭ خەتەرلىك مۇنكەرلەردىن بىرى، ھەقسىز ھالدا كىشىلەرنى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىش ۋە ئۇنىڭ قېنىنىڭ ھالاللىقىغا پەتىۋا بېرىشتۇر. مەزكۇر جىنايەتلەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەڭ ئېغىر جىنايەتتۇر. مۇسۇلماننى كۇفرى بىلەن تۆھمەت قىلىش، دىن ۋە مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك ئەھۋال بولۇپ، ئىسلامنىڭ نورمال تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋە جەمئىيەتنى بۇزىدىغان ئامىلدۇر. ھازىر شۇنداق ئىنسانلار باركى، ئۇ ھاراق ئىچمەيدۇ، زىنا قىلمايدۇ، جازانە يېمەيدۇ ۋە گۇناھى-كەبىرەلەرگە يېقىنلاشمايدۇ، بىراق شەيتان ئۇنى باشقا تەرەپتىن ئازدۇرۇپ ھەقسىز ھالدا مۇسۇلماننى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلدۇرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆزىنىڭ بۇرادىرىنى، ھوي كاپىر! دېسە، ئەگەر ئۇ كاپىر بولمىغان تەقدىردە ئۇنى كاپىر

[1] تۆۋە سۈرىسى 43 ـ ئايەت.

دېگۈچى ئۆزى كاپىر بولىدۇ» دېگەن[1]. يەنە بىر ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر مۇسۇلماننى ھەقسىز ئۆلتۈرگەندىن دۇنيانىڭ ۋەيران بولۇشى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە يەڭگىلراقتۇر» دېگەن.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ﴿وَمَن يَقْتُلْ مُؤْمِنًا مُّتَعَمِّدًا فَجَزَآؤُهُۥ جَهَنَّمُ خَٰلِدًا فِيهَا وَغَضِبَ ٱللَّهُ عَلَيْهِ وَلَعَنَهُۥ وَأَعَدَّ لَهُۥ عَذَابًا عَظِيمًا﴾ ﴿كىمكى بىر مۇئمىننى قەستەن ئۆلتۈرىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسى جەھەننەم بولىدۇ، ئۇ جەھەننەمدە مەڭگۈ قالىدۇ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ۋە لەنىتىگە دۇچار بولىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازاب تەييارلايدۇ﴾[2].

بەزى ئىنسانلارنىڭ تەقۋالىقى كۈچلۈك بولغانلىقىدىن شەيتان ئۈمىدسىزلىنىپ، پۇل ئارقىلىق ۋە گۇناھلار ئارقىلىق ئازدۇرۇشتىن ئاجىز كېلىپ، مۇسۇلماننى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىش ۋە بىگۇناھ مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكۈش بىلەن ئازدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ھازىر بىز شۇنداق كىشىلەر سەۋەبىدىن مۇسىبەتكە چۆمدۇق ۋە ئۈممەتنىڭ قولى باغلاندى. مۇسۇلمانلارنى كاپىرلىققا چىقىرىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ دەپتەرلىرى گۇنايى كەبىرە سادىر قىلىدىغانلارنىڭ دەپتىرىدىنمۇ ناچار ئاقىۋەتكە قالغان. ئۇنداق كىشىلەرنىڭ مىسالى ئىمامى ھۇسەيىننى ئۆلتۈرۈپ بولۇپ، پاشا ئۆلتۈرۈشنىڭ ھۆكمىنى سورىغانلار ۋە بۇتپەرەس مۇشرىكلارنى قويۇپ ئەھلى ئىسلامنى ئۆلتۈرگەنلەر بىلەن باراۋەردۇر.

ئەمدىلا مەدرىسە قارىسى كۆرگەن ۋە ئىلىم دەرۋازىسىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلىپ بولالمىغان ياشلار، ئۆزىنى دىنىنىڭ مەنبىئى، كاتتا ئالىمى ۋە مۇپتىسى ئورنىغا قويىۋېلىپ، بۈيۈك ئالىملارنى كۆزگە ئىلماستىن، ئۇلارنىڭ ھەققىدە پىتنە ئىغۋالارنى تارقىتىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىمۇ ئېزىپ، باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. سىز ھەر قانداق يەردە مۇسۇلماننى كاپىرلىققا ھۆكۈم قىلىشنى يەڭگىل سانايدىغانلارنى، ئۇلارنىڭ ئالىملارنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ۋە بىلىمسىز نادانلارنىڭ ئالدىنقى قاتارغا چىقىۋالغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۆتكەن 40 يىل مابەينىدە دىنىنى ياخشى

[1] نەسەئى رىۋايەت قىلغان
[2] نىسا سۈرىسى 93 ـ ئايەت.

كۆرىدىغان ۋە ئۈممەتنىڭ غېمىنى يەيدىغان ياشلارنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلغانلىقىنى كۆرىمىز، شۇڭا ئۈممەت ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلىسە، ئىككى قەدەم چېكىنىدى، بىر تەرەپتىن پايدا ئالسا، بىر قانچە تەرەپتىن زىيان تارتتى.

بۇنداق ئەھۋال داۋاملىق ئۈممەتنىڭ بېشىغا مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، يۇقىرىقىدەك قىزىق قىزىق ياشلار، ئالىملارنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن ئەيىپلەپلا قالماستىن، بەلكى ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى ھاكىملارنى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇماسلىق بىلەن تەنقىتلەيدۇ. بىر بۆلۈك مۇسۇلمانلار قوزغالسا، يەنە بىر تائىپە ئىختىلاپلىشىدۇ، ئارىدا ھەقىقىي ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، كارۋان سەپىرىدە تەگيۈگسىزلىق ۋە يامان ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەھۋال ئۆز ئەھلى بولغان مۇسۇلمانلارغا ئاپەت بولۇپ، دۈشمەنلىرىنىڭ كۈچلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ، مېۋىنى باشقىلار ئۈزىدۇ ۋە ئۇنىڭ زىيىنىنى ھەممە تەرەپ ئوخشاش تارتىدۇ.

بۇ مۇسىبەتنى بۈگۈن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىدا كۆرىۋاتىمىز، مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلەر ئاداۋەت قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىسا، ئەرەب ۋە مۇسۇلمانلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇشتىن ئاجىز كەلگەن، نەتىجىدە بۇ ئۇرۇشقا تۆرلۈك دۆلەت، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتلەر ئارىلاشقان، كۆپ كىشىلەر ياخشى نىيەت بىلەن كىرگەن، ھەتتا ئىشپىيونلۇق ئاپپاراتلىرى ۋە شەيتانلار رەسمىي ئويۇنلىرىنى باشلىغان، كېيىن ئاشكارىلاندىكى، ھېلىقى جامائەت ۋە تەشكىلاتلار ئۆزئارا ئويۇن ئويناپ كۆپلىگەن مۇخلىس ياشلارنىڭ قۇربان بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

# قىش پەسلى ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەھكاملىرى

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(17/02/1435ھ = 20/12/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئوقۇغان مۇسۇلمانلارغا: «قىش پەسلى ۋە ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەھكاملىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! مەن ئۆز نەپسىمگە ۋە سىلەرگە تەقۋالىقنى تەۋسىيە قىلىمەن. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

پەرۋەردىگارىڭلار شۈكۈر قىلغانلارغا زىيادە قىلىدۇ، ياد ئەتكەنلەرنى ياد ئېتىدۇ، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەنلەرنى خار قىلمايدۇ، ئېھسانغا ئېھسان بىلەن مۇكاپات بېرىدۇ، يامانلىق قىلغانلارغا كەچۈرۈم ۋە غۇفران بىلەن جاۋاپ قايتۇرىدۇ. سىلەر ئۆتمۈشۈڭلارنى پۇشايمان بىلەن ئىسلاھ قىلىڭلار، ھازىرىڭلارنى ياخشى ئەمەل بىلەن تولدۇرۇڭلار ۋە كەلگۈسىڭلارنى بولسا ھەقىقى ئۈمىد ۋە بۈيۈك ئارزۇ بىلەن تولدۇرۇڭلار.

قاراپ ئىبرەت ئالغان، سۈكۈت قىلىپ تەپەككۇر قىلغان، مۇبتىلا بولسا سەۋر قىلغان، بىلىمى يۇقىرى بولغانسىرى كەمتەر بولغان، ئىش قىلسا پۇختا قىلغان ۋە سورالسا بەرگەن ئادەمگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. ھەقىقى مۇئمىن نازىل قىلىنغان كىتاب (قۇرئان كەرىم) قا ئەمەل قىلىدۇ ۋە ھەقىقەتتىن سەۋەب-باھانىلەرنى كۆرسىتىپ قاچمايدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُوفُونَ بِٱلنَّذۡرِ وَيَخَافُونَ يَوۡمٗا كَانَ شَرُّهُۥ مُسۡتَطِيرٗا وَيُطۡعِمُونَ ٱلطَّعَامَ عَلَىٰ حُبِّهِۦ مِسۡكِينٗا وَيَتِيمٗا وَأَسِيرًا إِنَّمَا نُطۡعِمُكُمۡ لِوَجۡهِ ٱللَّهِ لَا نُرِيدُ مِنكُمۡ جَزَآءٗ وَلَا شُكُورًا إِنَّا نَخَافُ مِن رَّبِّنَا يَوۡمًا عَبُوسٗا قَمۡطَرِيرٗا﴾ ﴿ئۇلار ئۆز ئۈستىگە قەسەم ئىچىپ ئالغان ئىشنى ئورۇنلايدۇ ۋە دەھشىتى كەڭ دائىرىلىك بولغان كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن قورقىدۇ). ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق، مىسكىنگە، يېتىمگە ۋە ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) «سىلەرگە بىز ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۈر تەلەپ قىلمايمىز. شۈبھىسىزكى، بىز پەرۋەردىگارىمىز تەرىپىدىن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ئېغىر، قاتتىق كۈندىن قورقىمىز﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! كېچە-كۈندۈزلەر، پەسىللەر ۋە يىللار بولسا ئاللاھنىڭ كۈنلىرى ۋە كائىناتتىكى قانۇنىيىتىدۇر. ئۇلار ئىنسانلارغا ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ بىر رىتىمدا داۋاملىشىدۇ، ئايلارنى باشقۇرغۇچى ۋە زامانلارنى ئۆزگەرتكۈچى ئاللاھ ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاكتۇر. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىجرا قىلىنغۇچىدۇر، ھېكمىتى چەكسىز ۋە ئىبرىتى غەلىبە قىلغۇچىدۇر.

ئويغاق قەلبلىك مۇئمىن ئاللاھنىڭ كۈنلىرىدىن ئىبرەت ئالىدۇ ۋە ئۇنىڭ كائىناتتىكى مەخلۇقلىرىدىن ئىبرەت ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُقَلِّبُ ٱللَّهُ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَۚ إِنَّ فِي ذَٰلِكَ لَعِبۡرَةٗ لِّأُوْلِي ٱلۡأَبۡصَٰرِ﴾ ﴿ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىبرەت بار﴾[2].

﴿وَهُوَ ٱلَّذِي جَعَلَ ٱلَّيۡلَ وَٱلنَّهَارَ خِلۡفَةٗ لِّمَنۡ أَرَادَ أَن يَذَّكَّرَ أَوۡ أَرَادَ شُكُورٗا﴾ ﴿ئاللاھ (ئۆزىنىڭ قۇدرىتىنى) ئەسلىمەكچى بولغانلار ياكى (ئۆزىنىڭ نېمىتىگە) شۈكرى قىلماقچى بولغانلار ئۈچۈن، كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالمىشىپ تۇرىدىغان قىلىپ بەردى﴾[3].

ئى مۇسۇلمان قېرىنداشلار! دىنىمىزنىڭ ھېكمىتى ۋە سەلەف سالىھلارنىڭ

[1] ئىنسان سۈرىسى 7 - 10 ئايەتلەر.
[2] نۇر سۈرىسى 44 - ئايەت.
[3] فۇرقان سۈرىسى 62 - ئايەت.

پرىنسىپى بويىچە، دۇنيانىڭ ئەھۋالى ۋە ئۆزگىرىشلىرى بىلەن، ئاخىرەتنىڭ ئەھۋالى ۋە ئەمەللەرنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۆزگىرىشلەر ئەسلەتمە، ئىبرەت ۋە تەييارلىقنىڭ سىگنالىدۇر. تەپەككۇر قىلىش ۋە ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ بىرى قىش، ياز، باھار ۋە كۈزلەردىن ئىبارەت پەسىللەرنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشىدۇر، ئىسسىق، سوغۇق، يامغۇر ۋە بوران-چاپقۇنلارنىڭ يۈز بېرىشىدۇر. بىز ياشاۋاتقان قىش پەسلى بولسا بىزلەردىن ئالاھىدە ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر پەسىل بولۇپ، ئىلگىرىكى ئۆلىمالار قىشنىڭ سوغۇقى، يامغۇر ۋە بوران-چاپقۇنلار ئۈستىدە ئالاھىدە ئويلىناتتى.

ئىبنى مەسئۇد (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دەيتتى: «قىش پەسلى مەرھابا؛ چۈنكى قىشتا بەرىكەت چۈشىدۇ، كېچىسى ئۇزۇن بولۇپ، كېچىدە قىيامدا تۇرۇشقا ياخشى پۇرسەت چىقىدۇ، كۈندۈزى قىسقا بولۇپ روزا تۇتۇشقا قۇلايلىق بولىدۇ».

ئىمامى ھەسەن رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى زامان قىش پەسلىدۇر، كېچىسى ئۇزۇن بولغاچقا ئىبادەت ئۈچۈن تۇرالايدۇ ۋە كۈندۈزى قىسقا بولغاچقا كۆپ روزا تۇتالايدۇ».

قىشنىڭ كېچىلىرىدە ياخشى بەندىلەر ۋاقىتلىرىنى ئۇزۇن-ئۇزۇن ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەلەيدۇ، ئابىدلار ئۇزۇن قىياملاردا تۇرۇپ، ئىبادەتتىن لەززەتلىنىدۇ ۋە ھاجەتلىرىنى ئاللاھقا راھەت سۇنالايدۇ. ئۇبەيد ئىبنى ئۇمەير قىش پەسلى كىرسە: «ئى قۇرئان ئەھلى! كېچىلىرىڭلار ئۇزاردى، قۇرئان ئوقۇڭلار، كۈندۈزلىرىڭلار قىسقاردى، روزا تۇتۇڭلار» دەيتتى.

ئى قېرىنداشلار! كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىلەر بىلەن كەيپى-ساپادا ئۆتكۈزگەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ ھە! چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمَّنْ هُوَ قَٰنِتٌ ءَانَآءَ ٱلَّيْلِ سَاجِدًا وَقَآئِمًا يَحْذَرُ ٱلْءَاخِرَةَ وَيَرْجُواْ رَحْمَةَ رَبِّهِۦ ۗ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ۗ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَٰبِ﴾ ﴿(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا

ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)» . ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ﴾[1].

ھەقىقەتەن ۋاقىتنى بىھۇدە ۋە كەيپى-ساپالار بىلەن ئۆتكۈزىدىغان غاپىللار بىلەن تەقۋادارلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نېمىدېگەن چوڭ ھە! قىش ۋاقىتلىرىدا سوغۇق دېمەي تاھارەتنى كامىل ئېلىپ، ئىبادەت قىلىش نېمىدېگەن ئۇلۇغ! ئەبى ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن سىلەرنى، ئاللاھ سىلەرنىڭ خاتالىقلىرىڭلارنى ئۆچۈرۈپ، دەرىجەڭلارنى كۆتۈرىدىغان بىر ئىشقا باشلاپ قويمايمۇ؟» دېگەندە، ساھابىلار بىردەك: شۇنداق قىلسىلا ئى رەسۇلەللاھ! دېيىشتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سوغۇققا چىداپ تاھارەتنى كامىل ئېلىش، مەسجىدلەرگە كۆپ قاتراش، نامازدىن كېيىن يەنە نامازنى كۈتۈپ ئولتۇرۇش، ئەنە شۇ دىنىدا مۇستەھكەملىك، ئەنە شۇ دىنىدا مۇستەھكەملىك» دېدى[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق سوغۇقتا تاھارەتنى كامىل ئالغاننىڭ پەزىلىتى توغرۇلۇق كۆپ ئورۇنلاردا تەۋسىيە قىلغان. ئۇنداق دېگەنلىك سۇنى ئىسسىتىپ تاھارەت ئېلىش خاتا دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى سۇنى ئىسسىتىپ تاھارەت ئېلىش توغرا، تاھارەتتىن كېيىن بەدىنىنى قۇرۇتۇشمۇ توغرا ۋە قاتتىق سوغۇقتا تاھارەت ئالماي تەيەممۇم بىلەن كۇپايىلىنىشمۇ توغرا، چۈنكى ئىسلامنىڭ دائىرىسى كەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭ كەڭچىلىكى يوقىرىدۇر، لېكىن ئىنسان ئىبادەت قىلىش يولىدا قانچە رىيازەت چەكسە، شۇنىڭغا لايىق كۆپ ئەجىرگە ئېرىشىدۇ.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە سوغۇقتا ئىسسىنىش ۋاستىسى بولغان تۆرلۈك يۇڭلارنىڭ نېمەت ئىكەنلىكىنى ماختىغان. قىشتا ئىسسىنىش ئۈچۈن ئوت قالاش ۋە تون يېپىش توغرا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ ئىسلام رىغبەتلەندۈرگەن ئىشلاردىن بولۇپ، ئوت يېقىشنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق ئەدەپ-

[1] زۇمەر سۈرىسى 9 - ئايەت.
[2] مۇسلىم رىۋايىتى.

قائىدىسى بار. ئوت ياققان ئادەم كېچىدە ئۇخلاشتىن بۇرۇن ئوتلارنى ۋە چىراقلارنى ئۆچۈرۈپ ئۇخلاش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئوت سىلەرگە دۈشمەن، شۇڭا ئۇخلىغان ۋاقتىڭلاردا ئۇنى ئۆچۈرۈپ، ئاندىن ئۇخلاڭلار».

بۇ ھەدىستىن مەلۇم بولىدۇكى، بىز ئاڭلاپ تۇرىمىز، كۆپلىگەن ئىنسانلار ئۇچاققا ئوت يېقىپ قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئوت كېتىپ كۆيۈپ ئۆلگەن، مەشكە ئوت قالاپ قويۇپ ئۇخلاپ قالغانلىق سەۋەبتىن ئىس ئېلىپ ئۆلگەن ۋە ئۆيلەرگە ئوت كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاۋا قاتتىق ئىسسىغان ياكى قاتتىق سوۋۇپ كەتكەن ۋاقىتلاردا ساھابىلارغا مۇنداق دەيتتى: «جەھەننەمنىڭ ئوتى ئاللاھقا مۇنداق دېدى: ئى رەببىم! مەن ئۆز-ئۆزۈمنى يېدىم، رۇخسەت قىلساڭ، بىر نەپەسلەنسەم. دېگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئىككى نەپەسكە رۇخسەت قىلغان، بىر نەپەس قىشتا، يەنە بىر نەپەس يازدا». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر قىشتا كۆرگەن قەھرىتان سوغۇق جەھەننەمنىڭ نەپىسىدۇر، يازدىكى قاتتىق ئىسسىقمۇ جەھەننەمنىڭ نەپىسىدۇر». قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقى ۋە يازنىڭ قاتتىق ئىسسىقلىرى ئىنسانغا جەھەننەمنى ئەسلىتىدۇ.

ئاللاھ جەننەتتىكى مۆمىنلەرنىڭ راھەت-پاراغىتىنى زىكىر قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿مُّتَّكِـِٔينَ فِيهَا عَلَى ٱلۡأَرَآئِكِۖ لَا يَرَوۡنَ فِيهَا شَمۡسٗا وَلَا زَمۡهَرِيرٗا﴾ ﴿ئۇلار جەننەتتە تەختلەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار جەننەتتە قاتتىق ئىسسىقمۇ، قاتتىق سوغۇقمۇ كۆرمەيدۇ﴾[1].

بۇ دۇنيادىكى بارلىق راھەت-پاراغەت ۋە ئازاپ-ئوقۇبەتلەر ئىنسانغا قىيامەتتىكى دوزاخ ياكى جەننەتنى ئەسلىتىشى كېرەك. ئاللاھ بىزلەرنى دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ ئازاپتىن ساقلىسۇن!

ئى مۆمىنلەر! ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن بۇ دۇنيانى ئىبرەت ئېلىش ئورنى قىلىپ بەردى، سىلەر دۇچ كەلگەن ھەر بىر ھادىسە، قىش، ياز، ئىسسىق-سوغۇق ھەممىسى ئىبرەت ۋە ئاخىرەتنى ئەسلىتىدىغان ئاگاھلاندۇرۇش

[1] ئىنسان سۈرىسى 13 ـ ئايەت.

سىگنالىدۇر.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئىمام ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن، مۇنداق دېدى: ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ ھازىرنىڭ ئۆزىدە سىلەرگە بەرگەن نېمەتلەرنى ئەسلەڭلار، ئاللاھ بىزلەرگە راھەت-پاراغەتنىڭ بارلىق ئامىللىرىنى بوغ بويسۇندۇرۇپ بەردى. قىشتا سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە يازدا ئىسسىقتىن مۇداپىئەلىنىش ئەسلىھەلىرىنى نېمەت قىلىپ بەردى. رەڭگا-رەڭ يېمەكلىكلەرنى نېمەت قىلىپ بەردى. سەپەر قىلىش ئۈچۈن راھەتلىك قاتناش ۋاستىلىرىنى نېمەت قىلىپ بەردى. بۇ سان-ساناقسىز نېمەتلەرنىڭ شۇكرانىسى ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز تىنماي ئىبادەت قىلساقمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

سىلەر ئائىلەڭلاردا راھەتلىنىپ ئولتۇرغاندا، رېستورانلاردا لەززەتلىك تائاملار بىلەن ئوزۇقلانغاندا ۋە ھەشەمەتلىك سارايلاردا ياشاپ دۇنيانىڭ پەيزىنى سۈرگەن ۋاقىتلىرىڭلاردا (ئاللاھ شۇ نېمەتلەرنى داۋاملىق بەرسۇن) ئاچ-يالىڭاچ قالغان ئائىلىلەرنى ئەسلەڭلار! مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىزنى، بەلكى ئۆز ئائىلىمىزنى ئەسلەڭلار! سوغۇق ئۇلارنىڭ جىسىملىرىنى ئۈشۈتتى، قەھرىتان سوغۇق ئۇلارنىڭ ياشلىرىنى ئېقىتتى ۋە قاتتىق ياغقان قار ئۇلارنىڭ جىسىملىرىنى توڭلىتىۋەتتى. مۇستەملىكە ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا دۈشمەنلىك زۇلۇملىرى ئېغىر كېلىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە، قەھرىتان سوغۇق رەھىمسىز نەشتىرىنى سانجىدى، مىليونلىغان قېرىنداشلىرىمىز ئۆي-جايسىز ۋە يوتقان-كۆرپىسىز سەرسان بولماقتا!

ئى ئاجىزلارنىڭ ۋەلىسى! ئى ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ ياردەمچىسى بولغان ئاللاھ! بىز سېنىڭ رەھمىتىڭگە موھتاجمىز! سەن ھەممىمىزنى رەھمىتىڭدىن مەھرۇم قىلمىغايسەن، مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مۇسىبىتى بەك ئېغىر بولماقتا، پەقەت سەنلا مۇسىبەتنى يەڭگىللىتەلەيسەن ۋە سەنلا نۇسرەتنى تېزلەتكۈچىدۇرسەن.

ئى ئاللاھ! ئاجىز، مەزلۇم قېرىنداشلىرىمىزغا رەھمەت ۋە لۇتفىڭنى ئايىمىغايسەن، ئى ئاللاھ! ئۇلار ئاچ قالدى، تويغۇزغايسەن. يالىڭاچ قالدى،

كەيدۈرگەيسەن. ئۇلار مەزلۇمدۇر، نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن! ئى ئاللاھ! سەبى بوۋاقلارغا رەھىم قىل! ياشىنىپ قالغان قېرىلارغا رەھىم قىل! باققۇچىسىز قالغان ھايۋاناتلارغا رىزىق بەرگىن! زۇلۇم ئاستىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا نۇسرىتىڭنى تېزلىتىپ بەرگىن! ئۇلارغا ئۆز قۇدرىتىڭدىن مەدەت ئاتا قىلغىن!

ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! مۇسۇلمانلار بىر جەسەتكە ئوخشاشتۇر، قېرىنداشلىرىڭلارنى تاشلىۋەتمەڭلار، ئاللاھ بەرگەن نېمەتلەرنىڭ ھاجىتىڭلاردىن ئاشقىنى بولسا ئېككىلەنمەستىن قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەم قىلىڭلار! ئەتراپىڭلاردىكى تۇل ئايال، يېتىم-يېسىرلار ۋە موھتاجلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىڭلار! مۇسۇلماننىڭ مۇسىبىتىنى يەڭگىللەتكەن كىشىنىڭ قىيامەتتىكى مۇسىبىتىنى ئاللاھ تائالا ئۆزى يەڭگىللىتىدۇ.

ئى ئاللاھ! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن! زالىملارنى ۋە دىنسىزلارنى خار قىلغىن! ئامىين.

# ياخشى پال ئېلىش ۋە شۇم پال ئېلىش

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(24/02/1435ھ = 76/12/2013م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ياخشى پال ئېلىش ۋە شۇم پال ئېلىش» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِۦ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا مۇۋاپىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار﴾[1].

سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدۇر. ئىشلارنىڭ يامىنى يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلار بولۇپ، ئۇ بىدئەتلەردۇر، بىدئەتلەرنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر. سىلەر مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ئايرىلماڭلار، ئاللاھنىڭ ياردىمى جامائەت بىلەندۇر. جامائەتتىن ئايرىلغان ئادەم ئۆزىنى ئوتقا ئاتقان بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُشَاقِقِ ٱلرَّسُولَ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُ ٱلۡهُدَىٰ وَيَتَّبِعۡ غَيۡرَ سَبِيلِ ٱلۡمُؤۡمِنِينَ نُوَلِّهِۦ مَا تَوَلَّىٰ وَنُصۡلِهِۦ جَهَنَّمَۖ وَسَآءَتۡ مَصِيرًا﴾ ﴿كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە (يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە) مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، ئۇنى

[1] ئالى ئىمران: 102 ـ ئايەت.

ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە) جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! تۇرمۇشنىڭ بۇ قايناملىرى ۋە غەم-قايغۇلىرىدا، ئىنساننىڭ قەلبىدە قايناۋاتقان چوڭ-كىچىك ئىشلاردا ئىنساننىڭ بېشىغا يەنە كۆپلىگەن مۇسىبەتلەرنىڭ كېلىشى، تاقىتىدىن تاشقىرى ئىشلارغا زورلانغانلىق بولىدۇ. ئىنسان بۇنداق ۋاقىتتا ياكى قوزغىلىدۇ ياكى ۋەيران بولىدۇ.

مانا بۇ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق رىتىمى بولۇپ، كىشىلەر ئەتىگەندىن كەچكىچە شۇ تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆتىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى ئەرزىمەس دۇنيا ئۈچۈن سېتىۋەتكەنلەر، ئۆزىنى ئازات قىلغانلار ۋە ھالاك قىلغانلارمۇ بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش قاتتىقچىلىقىغا ھەمدە ھاياتقا قارىتا قارىشى ۋە مۇئامىلىسى ئوخشاش بولمايدۇ، ئاللاھ رەھمەت قىلغان ئاز كىشىلا ھاياتنىڭ قىممىتىنى بىلەلەيدۇ. بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن ئارقىمۇ-ئارقا كېلىۋاتقان مۇسىبەتلەرنى كۆرۈۋاتىمىز، بىزنىڭ دىنى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرت-ئەلەملەرگە شاھىت بولماقتىمىز، بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ شۇ مۇسىبەتلەر بۇرۇن ياكى كېيىن كېلىشى مۇمكىن، ئاللاھ بىزلەرنى شۇ مۇسىبەتلەردىن ساقلىسۇن. بىز ئەنە شۇ مۇسىبەتلەرگە قانداق پوزىتسىيەدە بولۇشنى بىلەلمەي گاڭگىراش ئىچىدە قاراپ تۇرماقتىمىز، شۇ سەۋەبتىن كۆپلىرىمىزدە ئۈمىتسىزلىك، شۇملۇق ۋە شۇم پال ئېلىش يۈز بېرىپ مۇسىبەتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرماقتا. بۇ ئەھۋاللار ئالدىدا بىز ئاللاھنىڭ ياردىمىگە ئۈمىد باغلاپ، ياخشى پال ئېلىشقا تولىمۇ موھتاجمىز، مۇسىبەت كەلگەندە ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە ۋە ياخشى پال ئېلىشقا ھەممە ئادەم موھتاجدۇر.

ھەر قانداق بىر جەمئىيەتكە ئىچكى ۋە تاشقى كۈچلەر تەرىپىدىن ئۇرۇش ئوتى ئېچىلمىسا، شۇ جەمئىيەت ئافىيەت ۋە سالامەتلىك ئىچىدە بولىدۇ. شۇ جەمئىيەت ئۆزىنىڭ شۇ ئامانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ساقلاشنىڭ ئىدىئولوگىيە، ئاشلىق، سەھىيە، ئىقتىسادىي ۋە جىنايى ئىشلاردىكى سەۋەبلىرىنى ياخشى ئۆگىنىپ، تېخىمۇ پۇختىلاشقا تىرىشىشى،

[1] نىسا سۈرىسى 115 ـ ئايەت.

بارلىق كۈچى بىلەن قالايمىقانچىلىقنىڭ ۋە ئۇرۇش-ماجىرالىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىشى كېرەك.

ساقلىنىش، داۋالاشتىن ياخشىدۇر. تام يىقىلغاندا چاڭ تۇزىتىدۇ، يىقىلىپ بولغاندىن كېيىن چاڭ تۇزىمايدۇ. مۇسىبەت كەلگەن چاغدىكى ئەڭ ياخشى چارە، ئاللاھقا بولغان گۇمانىمىزنى ياخشىلاش ۋە ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشتۇر. سەن ياخشى پال ئېلىپ ئىشلارنىڭ ياخشىلىقىنى ئويلىساڭ، ئاللاھنىڭ مەدەت بېرىشىگە ئىشەنچىڭنى كۈچەيتسەن ۋە پەيغەمبىرىڭگە ئەگەشسەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى پال ئېلىشنى ۋە ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى گۇمان قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇم پال ئېلىشنى ۋە شۇملۇقنى يامان كۆرەتتى. چۈنكى ئۇ ئاللاھقا يامان گۇمان قىلغانلىق ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلمىغانلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئىشەنمىگەنلىكتۇر.

ئاللاھ بەندىلەرگە مۇسىبەتلەرنى بېرىش ئارقىلىق ئەجرىنى زىيادە قىلىپ بېرىدۇ، دەرىجىلىرىنى كۆتۈرىدۇ ۋە خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، ئاخىرىدا نۇسرەت ئاتا قىلىدۇ ۋە ئاقىۋەتلەرنى ياخشى قىلىپ بېرىدۇ. قانچىلىغان مۇسىبەتلەرنىڭ ئاخىرىغا ئاللاھنىڭ ئىنئاملىرى يوشۇرۇنغانلىقىنى بىز بىلەلمەيمىز. قانچىلىغان قىيىنچىلىقلاردىن كېيىن ئاسانلىق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. ھالبۇكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَإِنَّ مَعَ ٱلْعُسْرِ يُسْرًا إِنَّ مَعَ ٱلْعُسْرِ يُسْرًا﴾ ﴿ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار. ئەلۋەتتە ھەر بىر مۇشكۇللۇك بىلەن بىر ئاسانلىق بار﴾[1].

بىر قىيىنچىلىقنىڭ ئىككى ئاسانچىلىقنى يېڭىشى مۇمكىن ئەمەس. قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئاسانچىلىققا يېتىشنىڭ بىرىنچى ۋە مۇھىم قەدىمى، ياخشى پال ئېلىش ۋە ئاللاھتىن ياخشى گۇمان قىلىشتۇر. ئۈمىدلىك بولۇش ئىنسانغا گەرچە ئۇنىڭ كۆزى كور بولسىمۇ، يىراقتىكى نۇرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۈمىدسىزلىك ۋە شۇم پال ئېلىش ئىنساننىڭ كۆزى كۆرىدىغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا قاراڭغۇدىن باشقىنى كۆرسەتمەيدۇ.

شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن

[1] ئىنشىراھ سۈرىسى 5 ـ 6 ئايەت.

تەكشۈرگەن ئادەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋاملىق ياخشى گۇمان قىلغان ۋە ياخشى پال ئالغانلىقىنى كۆرەلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنى بىلەن ئۇچراشقاندىمۇ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا روھلۇق ۋە ئۈمىدلىك بولاتتى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا سۇھەيل ئىبنى ئەمرى كەلگەندە، ئۇنىڭغا: «لقد سهل امركم» (ئىشىڭلار ئاسان بولدى) دېگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى ياخشى پال ئېلىش ۋە ياخشى نىيەت قىلىشقا مايىل بولغاچقا، ئىنسانلارغىمۇ باللىرىنىڭ ئىسىملىرى ئۈچۈن ياخشى ئىسىم تاللاشقا ۋە ياخشى پال ئالىدىغان ئىسىملارنى قويۇشقا تەشەببۇس قىلاتتى. مەسىلەن: ۋەھشى، نامرات، زالىم، قاراڭغۇ، غەم ـ قايغۇ، دېگەندەك ئىسىملارنى قويماسلىققا چاقىراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا سەئىد ئىبنى مۇسەييىبنىڭ چوڭ دادىسى كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىسمى ھەزەن (غەم ـ قايغۇ) ئىكەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن: «ئىسمىڭ نېمە؟» دەپ سورىغاندا: ئۇ «ھەزەن» دەپ جاۋاپ بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا سېنىڭ ئىسمىڭ سەھل» (ئاسان) بولسۇن دەپ، ئۇنىڭ ئىسمىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ: مەن دادام قويغان ئىسمىنى ئالماشتۇرمايمەن، دەپ رەت قىلغان. ئىبنى مۇسەييىب: شۇنىڭدىن بېرى بىزنىڭ ئائىلىمىزدە غەم ـ قايغۇ ئۈزۈلمىگەن، دەيدۇ[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياخشى پال ئېلىشنى ئۆزىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى چۈش كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ياخشى پال ئارقىلىق تەبىر بېرىشكە چاقىرغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدا ياخشى پال ئېلىش ۋە ئىشلارنىڭ ياخشىلىقىنى ئۈمىد قىلىش تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈمىتكە، ئۈمىدسىزلىككە يول يوقلۇقىنى ۋە شۇم پال ئېلىشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئۆگەتكەن ھەمدە ئۇ بۇ دۇنياغا رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن. ھەر قانداق بەندە داۋاملىق ئاللاھتىن ياخشى گۇمان قىلىشى ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە دۇئا قىلىشتىمۇ ياخشى پال ئېلىشنى ئۆگەتتىپ:

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

«ئاللاھقا دۇئا قىلغاندا چوقۇم دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن دۇئا قىلىڭلار» دېگەن[1].

يامغۇر ياغماي قالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىداسىنى تەتۈر كىيىپ ئاللاھقا دۇئا قىلاتتى، يامغۇر ياغمىغان چاغدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى بۇ تۇرسا، بىر ئۈممەتنىڭ غەلىبە ـ نۇسرىتى يولىدا قانداقمۇ ياخشى پال ئېلىپ، ئىشەنچ بىلەن دۇئا قىلمىسۇن؟!

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خاۋارىجلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەمشەلگەندە، بىر پالچى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمرى! سىز سەپەر قىلماڭ، ئاي ئەقرەبتە تۇرىدۇ، ئاي ئەقرەبتە ۋاقتىدا سەپەر قىلسىڭىز قوشۇنىڭىز مەغلۇب بولىدۇ، دېگەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭغا: ئەكسىچە بىز سەپەر قىلىمىز بىزنىڭ ئىشەنچىمىز ئاللاھقىدۇر، بىز تەۋەككۇلنى ئاللاھقا قىلىمىز، سېنىڭ سالغان پىلىڭنى يالغان دەيمىز دەپ قويۇپ، سەپەر قىلغان، ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ سەپىرىدە بەرىكەت ئاتا قىلىپ، خاۋارىجلارنىڭ ھەممىسىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ زەپەر قازانغان ھالدا قايتىپ كەلگەن ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن خۇرسەن بولغان.

ئى ئىنسان! سىز ھاياتىڭىزدا دۇچ كېلىدىغان ئىشلار ۋە مۇسىبەتلەرگە قارىتا، ئۈمىدلىك ۋە روھلۇق بولۇش بىلەن، ئۈمىدسىزلىك ۋە شۇملۇق ئوتتۇرىسىدا، ئىككى تاللاشنىڭ قايسىنى تاللاش ئۆز ئىختىيارىڭىزدا. ئەگەر سىز ئۈمىدلىك ۋە روھلۇق بولسىڭىز، ئاللاھ سىزگە ھەمرا بولىدۇ. ئەگەر ئۈمىدسىزلىك ۋە شۇملۇقنى تاللىسىڭىز، شەيتان سىزگە ھەمراھ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّمَا ٱلنَّجْوَىٰ مِنَ ٱلشَّيْطَٰنِ لِيَحْزُنَ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَلَيْسَ بِضَآرِّهِمْ شَيْـًٔا إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَعَلَى ٱللَّهِ فَلْيَتَوَكَّلِ ٱلْمُؤْمِنُونَ﴾ ﴿گۇناھ توغرىسىدا پىچىرلىشىش مۆئمىنلەرنى قايغۇغا سېلىش ئۈچۈن شەيتان تەرىپىدىن بولغاندۇر، (بۇنداق پىچىرلىشىش) ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بولمىسىلا مۆئمىنلەرگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ، مۆئمىنلەر ئاللاھقا تەۋەككۇل

[1] تىرمىزى رىۋايىتى.

قىلسۇن﴾[1].

بىر ھەدىسى قۇددۇسىدا ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بەندەم ماڭا قارىتا قانداق گۇماندا بولسا، مەن ئۇنىڭغا قارىتا شۇنداق بولىمەن»[2].

ئى ئىنسان! ئالدىڭىزدا مەزكۇر ئىككى تاللاش يولى بار، سىز قايسىنى خالىسىڭىز شۇنى تاللايسىز.

ئاللاھ ماڭا ۋە سىلەرگە قۇرئان كەرىمنى بەرىكەت قىلىپ بەرسۇن. سۆزلىرىم توغرا بولسا ئاللاھتىن، خاتا بولسا ئۆزۈمدىن ۋە شەيتاندىندۇر.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە تەقۋادار بولۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئىنسان مۇسىبەت كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا جىدەللەشكەنلىكىنى، مۇسۇلمان شەخسلەر ۋە جامائەتلەرنىڭ ئۆز ئارا بىر-بىرىگە قورال تەڭلەشكىنىنى كۆرسە، قاتتىق ھەيران قالىدۇ. چۈنكى بۇلار بېشىغا كەلگەن مۇسىبەتنى يوقىتىشقا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي، قانداقمۇ ئۆزىنىڭ ئارىسىدا جىدەل قىلىشىدىغاندۇ؟! ئۇلارنىڭ روھى ۋە نەپسى شۇ دەرىجىدە پەسمىدۇ؟! چۈشكۈنلۈك ئۇ ئىنسانلارنى شۇ دەرىجىدە ۋەيران قىلغانمىدۇ؟! ئەگەر شۇلار بارلىق ئىشلاردا ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ھېس قىلسا ئىدى، ئاللاھنىڭ ياردىمىدىن نائۈمىد بولماس ئىدى.

[1] مۇجادىلە سۈرىسى 10 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

# قۇتۇلۇش پاراخۇتى بولسا ئىككى ۋەھيىگە ئەگىشىشتۇر

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(02/03/1435ھ = 03/01/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «قۇتۇلۇش پاراخۇتى بولسا ئىككى ۋەھيىگە ئەگىشىشتۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. مېنىڭ ئەڭ باشتىكى ياخشى تەۋسىيەم ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىشتۇر، چۈنكى تەقۋادارلىق ئەڭ چوڭ سەممىيەت ۋە ئەڭ كۈچلۈك ۋەدىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِۦ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئاللاھقا مۇۋاپىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار ۋە پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولىسىلەر﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ئۈممەتنىڭ بېشىغا پىتنىلەر كۆلەڭگۈسى ھەر تەرەپتىن چۈشۈشكە باشلىغاندا ۋە ئۈممەتنىڭ پاراخۇتىنى بالايى-مۇسىبەتلەر بوران-چاپقۇنى داۋالغۇتۇشقا باشلىغاندا، ئۇنى بىخەتەر ساھىلغا ئېلىپ چىقىدىغان قۇتقۇزغۇچى، نىجاتچى ۋە تىنچلىق پەرىشتىسىگە موھتاج بولىدۇ. بۇ نىجاتچى بولسا سۈننەتى نەبەۋىيە ۋە سىيرەتۇل مۇستاپادۇر.

[1] ئال ئىمران سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى توغرا دىن، نۇرلۇق ھىدايەت، كۆچلۈك سۈننەت ۋە بۈيۈك سىيرەت بىلەن ئەۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم مەككىدىن دۇنياغا ئاتلاندى، ئەرەبلەردىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى ۋە مەدىنىدە ئىسلام دۆلىتىنى قۇردى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ شەنىنى ئۇلۇغ قىلدى، شۇڭا ئۇلار قۇرئان سايىسى ۋە مۇھەممەد مۇستاپا ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتى ئاستىدا ئۆزىنى مۇستەھكەملىدى.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلْمُؤْمِنِينَ إِذْ بَعَثَ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْ أَنفُسِهِمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمْ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا۟ مِن قَبْلُ لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ﴾ ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى﴾[1].

ئى مۇۋەھھىدلەر! بۈيۈك ئىسلام دىنى سايىسى ۋە ئۇنىڭ قانۇن-تۈزۈمى ئاستىدا بارلىق جىنستىكى ئىنسانلار قېرىنداش بولۇپ ياشىدى، ئەرەب بىلەن ئەجەمنىڭ، ئاق بىلەن قارا تەنلىكنىڭ پەرقى تەقۋالىقتىن باشقا نەرسە بولمىدى.چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَٰكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَىٰ وَجَعَلْنَٰكُمْ شُعُوبًا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓا۟ إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ ٱللَّهِ أَتْقَىٰكُمْ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر- بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[2].

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 164 - ئايەت.
[2] ھۇجۇرات سۈرىسى 13 - ئايەت.

ئاللاھ مۇسۇلمانلارنىڭ قولى ئارقىلىق كۆپلىگەن دىيارلارنى فەتھى قىلدى، ئىسلامنىڭ شەنىنى يۇقىرى قىلدى. بارلىق مەدەنىيەت ۋە گۈللىنىشلەر ئىسلام مەدىنىيىتى ئالدىدا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە ئەھلى ئىسلام كۆپلىگەن دىيارلارنى فەتھە قىلدى. ئەمما باشقا دىندىكىلەر، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ دىيارلىرىدا قىلغان ياخشىلىقلىرى، كەڭچىلىكلىرى ۋە تەرەققىياتلىرىغا كۆز يۇمۇپلا، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارىتا ئاداۋىتىنى يوشۇرالمىدى. شۇڭا ئۇلار يەنىلا ئىسلامنىڭ ئاجىز بولۇشىنى ۋە ئۆزىنىڭ باتىل مەدەنىيەتلىرىنىڭ كۈچلىنىشىنى تەشەببۇس قىلدى.

شۇڭا ئىسلامنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى تۈگىمەي تۇرۇپ، ئۈممەتكە قارشى پىتنىلەر باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى، ئىسلام خەلىپىسى ئۆمەر ىبن خەتتاب (ئاللاھ رازى بولسۇن) ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئىش پىتنىنىڭ دەرۋازىسى بولۇپ، بىر سۇنغان پېتى تاقالمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۈممەتنىڭ ئىشى ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان (ئاللاھ رازى بولسۇن) غا تاپشۇرۇلدى ۋە ئۇزۇنغا بارماي ئىشلار ئۆز ئەسلىگە قايتتى، لېكىن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ دۈشمەنلىرى يەنىلا جىم ياتمىدى، ئۇلار خەلىپە ئوسمان (ئاللاھ رازى بولسۇن) دەۋرىدە يەنە بۆلۈنۈش پىتنىسىنىڭ ئۇرۇغىنى چېچىپ، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ دىنى كەيپىياتىنى قالايمىقان قىلدى، يەنە كۇفرى بىرلىشىپ ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئاففان (ئاللاھ رازى بولسۇن) نىمۇ ئۆلتۈردى. ئۈممەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۈچىيىپ ئىككى نۇر ئىگىسىدىن كېيىن، مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ئەبلھەسەنەيىن (ئاللاھ رازى بولسۇن) مۇ ئۆلتۈرۈلدى.

ئىسلام مەركىزى ۋە ئىمان مەنبىئى تاجاۋۇزغا ئۇچرىدى، ئۇنىڭ ئەھلى ئۆلتۈرۈلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسىنىڭ بىر قىسمىغا ئوت يېقىپ تاشلاندى، ئۈممەتنىڭ ئىختىلاپلاشقانلىقى سەۋەبىدىن قىبلىنىڭ بىر قىسمى مەنچانىق ئارقىلىق ئوققا تۇتۇلدى. بۇ سۈيقەستلەرنىڭ ھەممىسىنى دۈشمەنلەر كېچىدە ئولتۇرۇپ پىلانلىغان بولۇپ، دۈشمەنلەر ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى بىرلەشكەن ھەمدە ھىيلە-مىكىر ۋە يامان نىيەتلىك تەدبىرلەرنى پىلانلىغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يُرِيدُونَ لِيُطۡفِـُٔواْ نُورَ ٱللَّهِ بِأَفۡوَٰهِهِمۡ وَٱللَّهُ مُتِمُّ نُورِهِۦ وَلَوۡ كَرِهَ ٱلۡكَٰفِرُونَ﴾ ﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ نۇرىنى (ئاللاھنىڭ دىنىنى ۋە نۇرلۇق شەرىئىتىنى) ئېغىزلىرى بىلەن ئۆچۈرۈۋەتمەكچى بولىدۇ، كاپىرلار يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ نۇرىنى مۇكەممەل قىلغۇچىدۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دىنىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر)﴾[1].

ئۆزگە كەلگەن مۇسىبەتلەردىن كېيىن، ئۇممەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىززەت-شەرىپىنىڭ كىتاب ۋە سۈننەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەھلى ئىسلامدىن غەيرەتلىك كىشىلەر، كىتاب ۋە سۈننەتنى گۈللەندۈرۈشكە تىرىشتى. كۈنلەر ئۆتتى، زامانلار ئارقىمۇ-ئارقا كەلدى، ئاخىرقى ئەسىردە ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن ئىسلامنىڭ ئىززەت-شەرىپى يەنە باش كۆتۈردى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ يوليورۇقلىرى يەنە گۈللىنىشكە باشلىدى.

ئاللاھ ئىسلام ئۆلىمالىرىنى دەۋەت بىلەن شەرەپلىك قىلدى، ئىسلامنىڭ دۇنيادا ھەيۋىتى ئاشتى، مەككىدىن دۇنياغا نۇر چاچقان ئىسلام رىسالىتى، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى يەنە بىر قېتىم ئويغاتتى، مۇسۇلمانلار ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ھەقىقىي مۇھەببەت باغلىدى. ئىسلامنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى، ئىلمى ۋە روھىي ھىممىتى قايتا باش كۆتۈردى. بۇ ئەھۋال ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى تولىمۇ راھەتسىز قىلىشقا باشلىدى. شەرق-غەربتىكى ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى تۈلكىنىڭ رولىنى ئېلىپ، يەنە سۇيىقەستلەرنى پىلانلاشقا باشلىدى.

بۈگۈن تۈنۈگۈنگە ئوخشاشلا ئىسلام دۈشمەنلىرى ھەممە يەردە ئوخشاش ئاداۋەت قىلىۋاتىدۇ، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى دۈشمەنلىك، ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرگە ئوخشاشلا غالجىرلاشتى، دۈشمەنلەر تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئۇممەتنى پارچىلاشقا ئۇرۇندى، ئۇلار ئۇممەتنى خەلىپە ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرگە ئوخشاشلا جامائەت، پارتىيە ۋە تائىپىلەرگە بۆلۈشكە ئۇرۇندى، نەتىجىدە مۇسۇلمانلار بۈگۈنكىدەك كۈنگە قالدى. ئۇلار تۈرلۈك جامائەت، تائىپە ۋە مەزھەبلەرگە بۆلۈندى، ئەرەب ۋە

[1] سەپ سۈرىسى 8 - ئايەت.

ئىسلام كۈچلىرى پارچىلاندى، ئاخىردا ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنىڭ شەۋكىتى ئاجىزلاشتى.

ئى ئىمان ئۈممىتى! ھەممىدىن ئەلەملىك يېرى شۇكى، ئۆز مىللىتىمىز ۋە ئۆز دىنىمىزدىن بولغان ئىنسانلار، سەلەف ـ سالىھلارنىڭ پىرىنسىپلىرى ۋە يوللىرىنى تاشلاپ، ئازغۇن يوللارغا كىرىپ كەتتى. ئۆزىنى پىتنىنىڭ قايناملىرىغا ئاتتى، ئۇلار پىتنە ـ پاساتلارغا كىرىپ كەتتى ۋە جاھىلىيەت چاقىرىقلىرىنى باشلىدى ھەمدە ۋەسەتىيەت (ئوتتۇراھاللىق) تىن چەتنىدى، ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان ئاللاھ يولىدىكى جىھاد پەرزىنىڭمۇ شانلىق ئوبرازىغا داغ تەككۈزدى، بەزىلەر ئۆزىنى تۇيىماي جىھاد نامى ئاستىدا مەسجىدلەر، ئۇنىۋېرستېتلەر ۋە دوختۇرخانىلارنى پارتىلاتتى، بۇ ئارقىلىق ئىسلامنىڭ شەرئى ئۆلچەملىرىنى ئاياق ئاستى قىلدى.

بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر مېنىڭ سۈننىتىمگە ئەگىشىڭلار، مەندىن قالسا ھىدايەت ئۈستىدىكى خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىڭلار، ئۇ سۈننەتلەرنى ئېزىق چىشلىرىڭلاردا مۇستەھكەم چىشلەڭلار»[1]. بۇ ھەدىسكە ئاساسلانغاندا ئۈممەتنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ مۇسىبەتلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ پەقەت بىرلا چارىسى بار بولۇپ، ئۇ بولسا، سۈننەتكە مۇستەھكەم ئېسىلىش ۋە بىدئەتلەردىن يىراق بولۇشتۇر.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئاللاھقا ھەمدۇ سانالار ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇتلار بولسۇن! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار! پەيغەمبىرىڭلارنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىڭلار ۋە ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلماڭلار! ئاللاھنىڭ سۈننەتىنى ساقلىشى، سۈننەتنىڭ مەنبەسى بولغان بۇ مۇقەددەس دىيارنى ھىمايە قىلىش بىلەن بولىدۇ، بەلكى بۇ دىيار پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئورتاق قوغدىشىغا تېگىشلىك مۇقەددەس ئورۇندۇر.

بۇ دىيار بولسا ئىسلام دۇنياسىنىڭ جىسمىغا نىسبەتەن يۈرەكنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇ زېمىنغا قارشى دۈشمەنلەر تارىختىن بىرى توختىماستىن

[1] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

سۈيىقەست پىلانلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەبىھ پىلانلىرىنى پاش قىلىپ، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈش - ئىسلام ئۈممىتىنى خەۋپ-خەتەردىن ساقلاش ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجامائەنى قوغداشتۇر.

ئاللاھ بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئۆز ھىمايىسىدە ساقلىسۇن، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، زالىملارنى يەر بىلەن يەكسان قىلسۇن، مۇسۇلمانلارنى كىتاب ۋە سۈننەتكە ئەگىشىپ مېڭىشقا مۇيەسسەر قىلسۇن، ئامىين!

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۈستىدىكى ھەقلىرى

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(09/03/1435ھ = 10/01/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۈستىدىكى ھەقلىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا تُرۡجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ﴾ ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى- يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلمەيدۇ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنىڭ كۆپلىكىدىن ئۇنى ساناپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھنىڭ سانسىزلىغان نېمەتلىرى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىش بىزگە ۋاجىپ. شۇ سان-ساناقسىز نېمەتلەرنىڭ بىرى، ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىز ئۈممەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىش نېمىتىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدۡ مَنَّ ٱللَّهُ عَلَى ٱلۡمُؤۡمِنِينَ إِذۡ بَعَثَ فِيهِمۡ رَسُولٗا مِّنۡ أَنفُسِهِمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِهِۦ وَيُزَكِّيهِمۡ وَيُعَلِّمُهُمُ

[1] بەقەرە سۈرىسى 281 ـ ئايەت.

ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَإِن كَانُوا۟ مِن قَبْلُ لَفِى ضَلَٰلٍ مُّبِينٍ﴾ ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرگە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىدىغان، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان، ئۇلارغا كىتابنى ۋە ھېكمەتنى (يەنى قۇرئان بىلەن سۈننەتنى) ئۆگىتىدىغان، ئۆزلىرىدىن بولغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىپ، ئۇلارغا چوڭ ئېھسان قىلدى؛ ھالبۇكى، ئۇلار بۇرۇن ئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدى﴾[1].

ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ۋە ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن، يول كۆرسەتكەن ۋە سەۋەب بولغان كىشىگە رەھمەت ئېيتىش ۋە ئالى ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. بىزنى توغرا يولغا باشلىغان ۋە بىزگە ھىدايەتنىڭ يولىنى كۆرسەتكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە كۆپلىگەن ھەقلىرى ۋە ماقامى بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن بىلەن ئاللاھ مېنى ئەۋەتكەن رىسالەتنىڭ مىسالى، خۇددى بىر ئادەم بىر قەۋمنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى قەۋمىم! مەن بىر توپ ئەسكەرلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، مەن سىلەرنى ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچى، سىلەر ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزۇڭلار! دەپ توۋلىغان كىشىگە ئوخشاش بولۇپ، بەزىلەر ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالغان ياكى مۇداپىئەلەنگەن، بەزىلىرى بولسا، سېنىڭ گېپىڭ يالغان، ئىشەنمەيمىز، دەپ پەرۋا قىلماستىن ئولتۇرغان، ئاندىن ئەتىگەندە دۈشمەن بېسىپ كېلىپ، ئۇلارنى ھالاك قىلغان ۋەقەگە ئوخشاشتۇر. كىمكى ماڭا ئىتائەت قىلىپ بويسۇنىدىكەن، مەن ئېلىپ كەلگەن دىننى قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇ نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ، ماڭا ئىتائەت قىلماستىن چوڭچىلىق قىلىدىكەن، ئۇنىڭ ھالاكەتتىن باشقا ئاقىۋىتى يوقتۇر»[2].

شۈبھىسىزكى بۇ ھوقۇقلارنى بىلىش ۋە باشقىلارغا ئەسلىتىش مۇھىم ۋاجىپلاردىندۇر. مەزكۇر ھوقۇقلارنىڭ ئەڭ بىرىنچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوليورۇقلىرىغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش ئىماننىڭ شەرتلىرىدۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 164 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

﴿ءَامَنُوٓاْ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَلَا تَوَلَّوۡاْ عَنۡهُ وَأَنتُمۡ تَسۡمَعُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىمەڭلار﴾[1].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغان ئادەم، ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدىغانلىقىنى، ئاسىيلىق قىلغان كىشىنىڭ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَّن يُطِعِ ٱلرَّسُولَ فَقَدۡ أَطَاعَ ٱللَّهَۖ وَمَن تَوَلَّىٰ فَمَآ أَرۡسَلۡنَٰكَ عَلَيۡهِمۡ حَفِيظٗا﴾ ﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتكۈچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق﴾[2].

پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغانلىقنىڭ نەتىجىلىرى ۋە مېۋىلىرى، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان نېمەتلەر بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ ھىدايەتكە سەۋەب بولىدىغان ئامىلدۇر. بەلكى ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلۡ أَطِيعُواْ ٱللَّهَ وَأَطِيعُواْ ٱلرَّسُولَۖ فَإِن تَوَلَّوۡاْ فَإِنَّمَا عَلَيۡهِ مَا حُمِّلَ وَعَلَيۡكُم مَّا حُمِّلۡتُمۡۖ وَإِن تُطِيعُوهُ تَهۡتَدُواْۚ وَمَا عَلَى ٱلرَّسُولِ إِلَّا ٱلۡبَلَٰغُ ٱلۡمُبِينُ﴾

﴿«ئېيتقىنكى، ئاللاھقا ئىتائەت قىلىڭلار، پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئەگەر ئۇلار (ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشتىن) باش تارتسا، پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىلىكىنى يەتكۈزۈش مەسئۇلىيىتى بار، سىلەرنىڭ ئىتائەت قىلىش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، ئەگەر پەيغەمبەرنىڭ (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر، پەيغەمبەرنىڭ پەقەت چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتى بار»﴾[3].

ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىشنىڭ مۇكاپاتى

[1] ئەنفال سۈرىسى 20 - ئايەت.
[2] نىسا سۈرىسى 80 - ئايەت.
[3] نۇر سۈرىسى 54 - ئايەت.

جەننەت بولىدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ فَأُوْلَٰٓئِكَ مَعَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلصِّدِّيقِينَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَٱلصَّٰلِحِينَۚ وَحَسُنَ أُوْلَٰٓئِكَ رَفِيقٗا﴾ ﴿كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلار)، شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار﴾[1].

شۇڭا قىيامەتتە كاپىرلار ئاللاھنىڭ ئازابىنى تېتىشقا باشلىغاندا، دۇنيادا نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلمىغان بولغىيدۇق، دەپ پۇشايمان قولدىن كەتكەندە ئىتائەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ: ﴿يَوۡمَ تُقَلَّبُ وُجُوهُهُمۡ فِي ٱلنَّارِ يَقُولُونَ يَٰلَيۡتَنَآ أَطَعۡنَا ٱللَّهَ وَأَطَعۡنَا ٱلرَّسُولَا۠﴾ ﴿دوزاختا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئۆرۈلۈپ كۆيدۈرۈلگەن كۈندە، ئۇلار: «كاشكى بىز ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ! پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلغان بولساقچۇ!» دەيدۇ﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلغان ئىنسان ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ۋە مۇھەببىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلۡ إِن كُنتُمۡ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِي يُحۡبِبۡكُمُ ٱللَّهُ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡ ذُنُوبَكُمۡۚ وَٱللَّهُ غَفُورٞ رَّحِيمٞ﴾ ﴿ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى) گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىدۇ، ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، بەك مېھرىباندۇر﴾[3].

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوليورۇقلىرىغا بويسۇنماستىن تەكەببۇرلۇق قىلغانلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇلارغا دەرتلىك ئازاب بىلەن بىشارەت بەرگەن: ﴿لَّا تَجۡعَلُواْ دُعَآءَ ٱلرَّسُولِ بَيۡنَكُمۡ كَدُعَآءِ بَعۡضِكُم بَعۡضٗاۚ قَدۡ يَعۡلَمُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ يَتَسَلَّلُونَ مِنكُمۡ لِوَاذٗاۚ فَلۡيَحۡذَرِ ٱلَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنۡ أَمۡرِهِۦٓ أَن تُصِيبَهُمۡ فِتۡنَةٌ أَوۡ يُصِيبَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر!) پەيغەمبەرنى سىلەر بىر- بىرىڭلارنى چاقىرغاندەك چاقىرماڭلار، سىلەردىن (پەيغەمبەرنىڭ سۆھبىتىدىن) ئاستا سۇغۇرۇلۇپ غىپپىدە چىقىپ كەتكەنلەرنى

[1] نىسا سۈرىسى 69 ـ ئايەت.

[2] ئەھزاب سۈرىسى 66 ـ ئايەت.

[3] ئالى ئىمران سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

ئاللاھ ئەلۋەتتە بىلىدۇ، پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن﴾[1].

ئىرباز ئىبنى سارىيە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرنى ئاللاھتىن قورقۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن، سىلەرگە بىر ھەبەش قۇل باشلىق قىلىنسىمۇ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا تەۋسىيە قىلىمەن، مەندىن كېيىن ھايات ياشىغانلىرىڭلار كۆپلىگەن ئىختىلاپلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى كۆرىدۇ، سىلەر مېنىڭ سۈننىتىم بىلەن توغرا يولدا ماڭغان خەلىپىلەرنىڭ سۈننىتىگە مۇستەھكەم ئەگىشىڭلار، دىندا ئاساسى بولمىغان ئىشلاردىن ھەزەر ئەيلەڭلار، چۈنكى دىندا ئاساسى يوق ئىشلار بىدئەتتۇر، بىدئەتلەرنىڭ ھەممىسى ئازغۇنلۇقتۇر»[2].

[1] نۇر سۈرىسى 63 ـ ئايەت.
[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايىتى.

# ھارام مالنى يېيىشنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتى

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(16/03/1435ھ = 17/01/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھارام مالنى يېيىشنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. تەقۋادار بولساڭلار، ئاللاھ ئىشلىرىڭلارنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھەمدە كەلگۈسىدە ياخشىلاپ بېرىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! مال-دۇنيانى ياخشى كۆرۈش، ئىنسان تەبىئىتىدە مەۋجۇت بولغان تۇغما خۇسۇسىيەت بولۇپ، ئاللاھ بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَتُحِبُّونَ ٱلۡمَالَ حُبّٗا جَمّٗا﴾ ﴿مالنى (ھېرىسلىق بىلەن) ناھايىتى دوست تۇتىسىلەر﴾[1].

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ ٱلشَّهَوَٰتِ مِنَ ٱلنِّسَآءِ وَٱلۡبَنِينَ وَٱلۡقَنَٰطِيرِ ٱلۡمُقَنطَرَةِ مِنَ ٱلذَّهَبِ وَٱلۡفِضَّةِ وَٱلۡخَيۡلِ ٱلۡمُسَوَّمَةِ وَٱلۡأَنۡعَٰمِ وَٱلۡحَرۡثِۗ ذَٰلِكَ مَتَٰعُ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَاۖ وَٱللَّهُ عِندَهُۥ حُسۡنُ ٱلۡمَـَٔابِ﴾ ﴿ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن-كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق)

[1] فەجرى سۈرىسى 20 - ئايەت.

شەيئىلەردۇر؛ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) باردۇر (شۇنىڭ ئۈچۈن باشقىغا ئەمەس، جەننەتكە قىزىقىش كېرەك)﴾[1].

ئىنسان تەبىئىتى ياخشى كۆرىدىغان ھەمدە ئۇنىڭغا موھتاج بولىدىغان مال-دۇنيانى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھالال كەسىپ قىلىش، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىدە ماختالغان ۋە تەلەپ قىلىنغان بىر ئىشتۇر. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ھالال رىزىق تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇپ، مۇنداق دېگەن: ﴿هُوَ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ ذَلُولًا فَٱمْشُوا۟ فِى مَنَاكِبِهَا وَكُلُوا۟ مِن رِّزْقِهِۦ ۖ وَإِلَيْهِ ٱلنُّشُورُ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى مېڭىشنى ئاسان قىلدى، زېمىننىڭ ئەتراپىدا مېڭىڭلار. ئاللاھنىڭ (بەرگەن) رىزقىدىن يەڭلار، سىلەر تىرىلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمرى ئىبنىلئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئى ئەمرى! ياخشى ئادەمنىڭ قولىدىكى ياخشى مال نېمىدېگەن ياخشى ھە!»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىستە: «ئىنسان ئۆز قولى بىلەن كەسىپ قىلىپ تاپقان پۇل ئارقىلىق يېگەندىن ياخشى تائامنى يەپ باقمىدى، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى داۋۇد ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى» دېدى[4]. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بىر ئادەمنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ ئوتۇن تېرىپ، ئۆشنىسىدە يۈدۈپ كىرىپ، سېتىپ جان بېقىشى ۋە ئاللاھنىڭ شۇ ئارقىلىق ئۇنى بىھاجەت قىلىشى، باشقىلارنىڭ بەزىدە بېرىپ، بەزىدە بەرمەيدىغان ياردىمىگە موھتاج بولۇپ ياشىغاندىن ياخشىدۇر» دېگەن.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھ مالغا بولغان ھېرىسمەنلىكنى ئىنسان ئۈچۈن سىناق ۋە ئىمتىھان قىلغان. ئاللاھ ئۆزىنىڭ يەككە-يىگانە يالغۇزلىقىنى قارار قىلغاندىن كېيىن، ھالال ھارامنى بەلگىلەشمۇ ئاللاھنىڭ

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 14 ـ ئايەت.
[2] مۇلك سۈرىسى 15 ـ ئايەت.
[3] ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى.
[4] بۇخارى رىۋايىتى.

ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى ۋە رىزىق بەرگۈچىمۇ يىگانە ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ئاللاھ ئۆزى بەلگىلىگەن. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ كُلُوا۟ مِمَّا فِى ٱلْأَرْضِ حَلَٰلًا طَيِّبًا وَلَا تَتَّبِعُوا۟ خُطُوَٰتِ ٱلشَّيْطَٰنِ ۚ إِنَّهُۥ لَكُمْ عَدُوٌّ مُّبِينٌ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! يەر يۈزىدىكى ھالال، پاكىز نەرسىلەردىن يەڭلار، شەيتاننىڭ يوللىرىغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى شەيتان سىلەرگە ئوچۇق دۈشمەندۇر﴾[1].

«ھالال» دېگەنلەردىن مەقسەت، ئۆز تەبىئىتىدە ھالال قىلىنغان ۋە ھالالدىن كەسىپ قىلىپ تاپقان نىمەتلەر، دېگەن بولىدۇ. يەنى بۇلاڭچىلىق، ئوغرىلىق، جازانىخورلۇق، ھارام تىجارەت ۋە ھارام يوللار ئارقىلىق تاپقان پۇل بولماسلىقى شەرت قىلىنغان مالدۇر. ياخشى دېگەندىن مەقسەت، نىجىس بولمىغان نەرسە؛ يەنى توڭگۇز گۆشى، ھاراق ۋە باشقا نىجىس يىمەكلىكلەر بولمىسۇن، دېمەكچى.

ئى مۇسۇلمانلار! ھالال كەسىپ ئارقىلىق پۇل تاپىدىغانلار، دىندا ساغلام، روھىي جەھەتتىن خاتىرجەم ۋە ئىپپەتلىك كىشىلەردۇر. ھالال كەسىپ قىلىپ پۇل تاپقانلارنىڭ روھى كەيپىياتى ياخشى، تۇرمۇشى گۈزەل، نومۇسى دەخلى تەئەررۇزغا ئۇچرىمايدىغان، قولى پاكىزە، رىزقى مۇبارەك ۋە باشقىلار ياخشى گېپىنى قىلىدىغان كىشىلەردۇر. پۇل تېپىشتا ھالال پۇل تېپىشقا تىرىشىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىغبەتلەندۈرگەن ۋە ساھابىلار تەشەببۇس قىلغان ئىسىل سۈپەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تۆت ئىشقا ئىگە بولساڭ دۇنيادىن غەم قىلما: 1 ـ ئامانەتكە خىيانەت قىلمىساڭ. 2 ـ راست سۆزلىسەڭ. 3 ـ ئەخلاقىڭ گۈزەل بولسا. 4 ـ يىمىكىڭ ھالال بولسا»[2].

ئىنساننىڭ نەپسى (روھىي دۇنياسى) پاك بولسا ھەممە نەرسە پاك بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «ئى سەئد! يىمىكىڭنى پاكلا، دۇئايىڭ ئىجابەت بولىدۇ، مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بەندە قارنىغا ھارام لوقما تاشلايدىكەن ئاللاھ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قىرىق كۈن ئىجابەت قىلمايدۇ، ھارامدىن

[1] بەقەرە سۈرىسى 168 ـ ئايەت.
[2] ئەھمەد ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

ئوزۇقلىنىپ گۆشى ئۆسكەن بەندە جەھەننەمگە لايىقتۇر».

ھالال رىزىق تەلەپ قىلىش ۋاجىب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پەرىزدۇر. قىيامەتتە بەندە ئەڭ ئەۋۋەل سوراق قىلىنىدىغان سوئال؛ مال-دۇنياسى بولۇپ، ئۇنى نەدىن تاپتى؟ نەگە ئىشلەتتى؟! ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ تاپقان دۇنياسىنى ھالالدىن تېپىۋاتامدۇ ياكى ھارام ئارىلىشىپ قالدىمۇ سۈرۈشتە قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. مۇسۇلمان بەندىنىڭ دۇنيادا قىلىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىشى، ھالال پۇل تېپىش، ھالال رىزىق يېيىش ۋە ھالال يولغا سەرىپ قىلىشتۇر. ئىلگىرىكى سەلەف ـ سالىھلار ھالال پۇل تېپىشقا ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قول ئىلكىدىكى خىزمەتچى بالا ئۇنىڭغا يەيدىغان بىر نەرسىنى ئەكىلىپ بەرگەندە، ئۇ ئۇنى يېدى، خىزمەتچى بالا: سىز يېگەن بۇ نەرسىنىڭ نىمىلىكىنى بىلەمسىز؟ جاھىلىيەت دەۋرىدە بىر ئادەم ئۈچۈن پال سالغان ئىدىم، ئەسلىدە مەن پال سېلىشنى بىلمەيتتىم، مەن ئۇنى ئالداپ قويغان ئىدىم، بۈگۈن ماڭا ئۇچراپ قېلىپ، پال سالغان ھەققىم ئۈچۈن بۇ نەرسىنى بەردى، سىز شۇ نەرسىنى يېدىڭىز، دېگەندە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال بارمىقىنى گېلىغا تىقىپ، يېگەن نەرسىنى قۇسىۋەتكەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرسى بەرگەن سۈتنى تېتىپ باققان ئىدى، كېيىن ئۇنىڭدىن، بۇ سۈتنى نەدىن ئېلىپ كەلدىڭ؟ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: سەدىقە تۆگىلىرىنىڭ قېشىدىن ئۆتكەن ئىدىم، شۇ تۆگىلەرنىڭ سۈتىدىن ئالغاچ كەلدىم، دېگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بارمىقىنى گېلىغا تىقىپ، ئۇ سۈتنى قۇسىۋەتكەن. سالىھ بىر ئايال ئېرىگە تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئى ئادەم! بىزنىڭ رىزقىمىزدا ئاللاھتىن قورققىن، بىزگە ھارام يېگۈزمىگىن، بىز ئاچلىققا سەۋر قىلىمىز، لېكىن ئوتقا سەۋر قىلالمايمىز!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «كىشىلەرگە شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئىنسان تاپقان پۇلىنىڭ ھالال-ھاراملىقىنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ» دېگەن[1]. بەزى ئىنسانلار ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، لېكىن

[1] بۇخارى رىۋايىتى.

ئۇ ھارام يېيىشكە كۆنۈپ قالغاندۇر، ئۇنداق ئادەم دۇنيالىقىنىمۇ ۋە ئاخىرىتىنىمۇ زىيان تارتىدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭ ئەملىنى قوبۇل قىلمايدۇ، دۇئاسىنى ئىجابەت قىلمايدۇ ۋە تاپقان پۇلىغا بەرىكەت بەرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقْنَٰكُمْ وَٱشْكُرُواْ لِلَّهِ إِن كُنتُمْ إِيَّاهُ تَعْبُدُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، ئاللاھقا (يەنى ئاللاھنىڭ ھەددى- ھېسابسىز نېئمەتلىرىگە) شۈكرى قىلىڭلار﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر ئادەم ئۇزۇن سەپەرلەرنى قىلىپ، توپا - توزانغا مىلىنىپ، قىينىلىپ جان باقىدۇ، ئاندىن قولىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، دۇئا قىلىپ: ئى رەببىم! ئى رەببىم! دەپ نالە قىلىدۇ، ھالبۇكى ئۇنىڭ يېگىنى ھارام، ئىچكىنى ھارام، ھارامدىن ئوزۇقلانغان، ئۇنداق ئادەمنىڭ دۇئاسى قانداقمۇ ئىجابەت بولسۇن؟!»[2].

شۇنىڭدەك ھارام پۇلنى سەدىقە قىلىشمۇ توغرا ئەمەس، ئەگەر سەدىقە قىلىنغان تەقدىردە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تاھارەت ئالماي ئوقۇغان نامازنى قوبۇل قىلمايدۇ، ھارامدىن تاپقان مالنىڭ سەدىقىسىنىمۇ قوبۇل قىلمايدۇ»[3]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە كەئب ئىبنى ئۇجرە دېگەن ساھابىغا: «ئى كەئب! ھارامدىن ئوزۇقلانغان ۋۇجۇد، ئوتتىن باشقىغا لايىق ئەمەس» دېگەن[4].

ھارام مال بولسا، جازانىخورلۇقتىن كەلگەن پۇل، پاراخورلۇقتىن كەلگەن مال، يېتىمنىڭ مېلىنى ناھەق يەۋالغاندىن ۋە ھارام قىلىنغان سودىلاردىن كەلگەن پۇللار بولۇپ، ھارامنىڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپتۇر. ئىنسان شۇنى ئەسلىشى كېرەككى، ئاللاھ قىيامەتتە ئۇنىڭدىن ھەممە نەرسىنى سورايدۇ، مال-دۇنياسىنى نەدىن تاپتى؟ نەگە ئىشلەتتى؟ ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا

[1] بەقەرە سۈرىسى 172 - ئايەت.
[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[3] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[4] تىرمىزى رىۋايەت قىلغان.

ئادىلانە مۇكاپات ياكى جازا بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَوُضِعَ ٱلْكِتَٰبُ فَتَرَى ٱلْمُجْرِمِينَ مُشْفِقِينَ مِمَّا فِيهِ وَيَقُولُونَ يَٰوَيْلَتَنَا مَالِ هَٰذَا ٱلْكِتَٰبِ لَا يُغَادِرُ صَغِيرَةً وَلَا كَبِيرَةً إِلَّآ أَحْصَىٰهَا ۚ وَوَجَدُوا۟ مَا عَمِلُوا۟ حَاضِرًا ۗ وَلَا يَظْلِمُ رَبُّكَ أَحَدًا﴾ ﴿كىشىلەرنىڭ نامە ـ ئەمالى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، گۇناھكارلارنىڭ ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردىن قورقانلىقىنى كۆرىسەن، ئۇلار: «ۋاي بىزگە! بۇ نامۇ ـ ئەمالغا چوڭ ـ كىچىك گۇناھنىڭ ھەممىسى خاتىرىلىنىپتىغۇ؟» دەيدۇ، ئۇلار قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ نامۇ ـ ئەمالغا خاتىرىلەنگەنلىكىنى كۆرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ھېچ ئادەمگە زۇلۇم قىلمايدۇ﴾[1].

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالاملار ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىمام مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: ئىنسانلار بىپەرۋالىق قىلىدىغان، لېكىن چوڭ گۇناھ قاتارىدا سانىلىدىغان ئىشلاردىن بىرى: «خىيانەت قىلىش» جىنايىتىدۇر. ئۇ بولسا ئىنسان ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئىشلىتىۋېلىش ياكى ئىگەللىۋېلىشتۇر، كۆپ ئىنسانلار ئاممىنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇ بىرسىنىڭ ھەققى ئەمەسقۇ دەپ، ئۆزى ئىشلەيدىغان شىركەت ۋە ئىدارىنىڭ ماشىنا ۋە ماتېرىياللىرىنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ، ياكى ئۆزىنىڭ تۇققانلىرى ۋە بالا ـ چاقىلىرىغا تارقىتىپ بېرىدۇ، بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى ھارام بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زۇلۇم ھېسابلىنىدۇ، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتە ئوغرىلىق ۋە پىتنە ـ پاسات يۈز بېرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ لِنَبِيٍّ أَن يَغُلَّ ۚ وَمَن يَغْلُلْ يَأْتِ بِمَا غَلَّ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفْسٍ مَّا كَسَبَتْ وَهُمْ لَا يُظْلَمُونَ﴾ ﴿ھېچقانداق بىر پەيغەمبەر غەنىيمەتكە خىيانەت قىلمايدۇ (يەنى بۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ). كىمكى غەنىيمەتكە خىيانەت قىلىدىكەن، قىيامەت كۈنى ئۇ خىيانەت قىلغان نەرسىسى بىلەن (يەنى خىيانەت قىلغان نەرسىسى گەجگىسىگە ئارتىلغان ھالدا) كېلىدۇ. ھەر كىشىنىڭ قىلغان ئەمەلىگە تولۇق مۇكاپات، (ياكى) تولۇق جازا بېرىلىدۇ، ئۇلارغا (ياخشىلارنىڭ ساۋابىنى

[1] كەھف سۈرىسى 49 ـ ئايەت.

كېمەيتىۋېتىپ، ئاسىيلارنىڭ جازاسىنى ئاشۇرۇۋېتىپ) زۇلۇم قىلىنمايدۇ﴾[1].

ئەبى ھۇمەيد ئەسسائىدى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسەد قەبىلىسىدىن ئىبنى لۇبەيبە ناملىق بىر ئادەمنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتكەن ئىكەن، ئۇ ئادەم قايتىپ كېلىپ يىغقان زاكاتنى تاپشۇرۇۋېتىپ: ماۋۇ سىلەرگە يىغىلغان زاكات، ماۋۇ ماڭا تەقدىم قىلىنغان سوۋغات دەپ بىر قىسمىنى ئۆزىگە قالدۇرغان. بۇ ۋەقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇپ: «مەن زاكات يىغىشقا ئەۋەتكەن خىزمەتچىنىڭ ھالى نېمە؟! بىز ئۇنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتسەك، ئۇ ماۋۇ سىلەرنىڭ، ماۋۇ ماڭا بېرىلگەن سوۋغات دەيدىغۇ! ئۇ دادىسىنىڭ ياكى ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ قاراپ باقسا بولماسمىدى! شۇ سوۋغات كېلەرمىدى؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھېچكىم ئۆزىنىڭ ھەققى بولمىغان نەرسىنى ئېلىۋالمىسۇن! ئەگەر ئېلىۋالىدىغان بولسا قىيامەتتە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بوينىغا مۆرەپ تۇرغان كالا ئارتىلغان پېتى كەلتۈرۈلىدۇ» دەپ، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ! مەن يەتكۈزۈپ قويدۇم» دېگەن[2].

مەزكۇر ھەدىسنىڭ روھىدىن مەلۇم بولىدۇكى، كۆپلىگەن ئىنسانلار ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ۋە ئېلىۋېلىشقا ئادەتلەنگەن، بۇنداق قىلىش ئىنساننى دۇنيا-ئاخىرەتتە ۋەيرانلىققا ئېلىپ بارىدىغان، ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە ھارام يىگۈزۈشكە سەۋەب بولىدىغان ئامىللاردۇر. بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر مەخپى ئېلىپ ئىستىمال قىلىنغان تەقدىردە خىيانەت بولسا، ئاشكارا ئېلىنسا پارا ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ھارامنى ئۆزى يېگەندىن تاشقىرى بالىلىرىغا يىگۈزگەن ئىنسان، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ دۇنيا-ئاخىرىتىنى ۋەيران قىلغان بولىدۇ. نەتىجىدە كىشىلەر ئارىسىدا ئامانەت ۋە ھوقۇقلار يوقىلىدۇ، ئادالەتمۇ يوقىلىپ زۇلۇم ئومۇملىشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئامانەت يوقالسا، قىيامەتنى كۈتكىن» دېگەن[3].

---

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 161 - ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[3] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

# ئىمانى ھايات بىلەن ماددى ھاياتنىڭ پەرقى ۋە ئاقىۋىتى

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ھۇمەيد

(23/03/1435ھ = 24/01/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىمانى ھايات بىلەن ماددى ھاياتنىڭ پەرقى ۋە ئاقىۋىتى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى ئىنسانلار! سىلەرگە ۋە ئۆزۈمگە تەقۋادارلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن. ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن، سىلەر تەقۋادارلىقنى قولدىن بەرمەڭلار! جىسمى ساغلام، ۋەتىنى خاتىرجەم، كۆڭلۈك ئۆزۈقى تەل بولغان ھالەتتە رەببىگە ئىبادەت قىلالىغان ئادەم بەختلىك كىشىدۇر. بايلىقى قەلبىدە بولغان ۋە ئاللاھ بەرگەن رىزىققا رازى بولغان ئادەم خوجىلىق ماقامىغا يېتىدۇ.

دۇنيا ئەقىللىق ئىنسان ئۈچۈن ئادەمنى مەغرۇرلاندۇرغۇچى ۋە ئالدامچى نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر سائەتمۇ غەم قىلىشقا ئەرزىمەيدۇ. شۇڭا ئاقىل كىشى ۋاقتىنى پەرۋەردىگارى ئۈچۈن ئىتائەت قىلىشقا سەرىپ قىلىدۇ، قانائەتچان كېلىدۇ، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە قەلبى راھەتلىك بىلەن بويسۇنىدۇ، نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرمەيدۇ، دۇنيانىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، غەم ئەندىشە قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئېغىر بېسىقلىقى جاھالىتىنى بېسىپ چۈشىدۇ ۋە سەۋرچانلىقى ھەۋىسىنى بېسىپ چۈشىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَمَّنْ هُوَ قَٰنِتٌ ءَانَآءَ ٱلَّيْلِ سَاجِدًا وَقَآئِمًا يَحْذَرُ ٱلْـَٔاخِرَةَ وَيَرْجُواْ رَحْمَةَ رَبِّهِۦ ۗ قُلْ هَلْ يَسْتَوِى ٱلَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ ۗ إِنَّمَا يَتَذَكَّرُ أُوْلُواْ ٱلْأَلْبَٰبِ﴾ ﴿(ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەم ياخشىمۇ؟) ياكى ئاخىرەت (ئازابىدىن) قورقۇپ، پەرۋەردىگارىنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ كېچىنىڭ سائەتلىرىنى سەجدە قىلغان ۋە قىيامدا تۇرغان ھالدا ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزگەن ئادەم (ياخشىمۇ؟)». ئېيتقىنكى، «بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟ پەقەت (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرى ئىبرەت ئالىدۇ»﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھنىڭ ھېكمىتى ئىنساننى بۇ دۇنيادا ئىزباسار ۋە ھەممە مەخلۇقلارغا خوجا قىلىشنى تەقەززا قىلدى، شۇڭا ئۇنى بۇ دۇنيادا مەسئۇلىيەت دائىرىسىنىڭ تۈۋرۈكى قىلدى ۋە ئۇنىڭغا كۆپلىگەن مەسئۇلىيەتلەرنى يۈكلىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّى جَاعِلٌ فِى ٱلْأَرْضِ خَلِيفَةً ۖ قَالُوٓاْ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا وَيَسْفِكُ ٱلدِّمَآءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ ۖ قَالَ إِنِّىٓ أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز» دېدى. **الله** : «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى﴾[2].

ئىنساننىڭ يارىتىلىشتىكى غايىسى ۋە ھاياتتىكى مەقسىتى، ئىمانىي غايە ۋە مەقسەتتۇر، ئۇ ئەقىل ۋە ئىدىئولوگىيە ئۈچۈن يارىتىلغاندۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا خَلَقْتُ ٱلْجِنَّ وَٱلْإِنسَ إِلَّا لِيَعْبُدُونِ﴾ ﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم﴾[3].

﴿وَٱللَّهُ أَخْرَجَكُم مِّنۢ بُطُونِ أُمَّهَٰتِكُمْ لَا تَعْلَمُونَ شَيْـًٔا وَجَعَلَ لَكُمُ ٱلسَّمْعَ وَٱلْأَبْصَٰرَ وَٱلْأَفْـِٔدَةَ ۙ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاناڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ

[1] زۇمەر سۈرىسى 9 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى 30 ـ ئايەت.
[3] زارىيات سۈرىسى 56 ـ ئايەت

نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، ئاللاھ سىلەرگە شۈكرى قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى﴾[1].

ئىنساننىڭ ئىنسانىيىتى ئىمان ۋە ئەمەلى سالىھلارنى مۇكەممەل قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە ۋىجدانىدىن ئايرىلسا، خۇددى كىتابلارنى ئارتىپ قويغان ئىشەكنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالىدۇ، ياكى ئۇ ئىنتقا ئوخشاش بولۇپ، باغلاپ قويساڭمۇ قاۋايدۇ ۋە قويىۋەتسەڭمۇ قاۋايدۇ. ھەقىقىي ئىنسان ئىمان ۋە ئەخلاق چەمبىرىكى ئىچىدە، غايە ۋە مەقسەت ئۈچۈن، شەرەپ ۋە پەزىلەت ئۈچۈن، پاكلىق ۋە كارامەت ئۈچۈن ياشايدىغان ئىنساندۇر. ئۇنداق ئىنساننىڭ ئۆلچىمى: راستچىللىق، توغرا يولدا مېڭىش ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقتۇر.

ئى ئاللاھ يولىدىكى قېرىنداشلىرىم! بەزىدە توغرا ۋە ھېكمەتلىك قارارلارنى ئېلىشقا ئىنساننىڭ ئەقلى كۇپايە قىلمايدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى تار دائىرىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىنساننىڭ ئەقلى، ئۆزىنىڭ مۇستەبىت كۈچى ئارقىلىق كۈچى يەتكەنلا نەرسىنى تالان-تاراج قىلىشقا ۋە ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىشقا تىرىشىدۇ. كۆپلىگەن ئىنسانلار ئۆزىنىڭ چولتا ئەقلى ۋە نەپسىنىڭ خاھىشى بىلەن خاتا مەدىنىيەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن، شۇڭا غەيب دۇنياسىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، تەبىئەتنىڭ ئارقىسىدا نىمە بارلىقى ھەققىدە ئويلانمايدۇ ھەمدە ھېسسى ۋە ماددى دۇنياغىلا ئىشىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە ئىنسان ئۆزىنىڭ ھايات پىرىنسىپىنى ئۆزەم قۇرۇپ چىقىمەن دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇ دىن ۋە ئىمان يولىدىن يىراقلاپ كەتكەن ھەمدە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن رىسالەت كىتابلىرىدىن يىراقلاپ كەتكەن. ئەركىنلىك ۋە ئادالەتنىڭ ئۆزگەرمەس مىزانى بارلىقىغا ھەمدە ئەخلاق ئۆلچىمى بارلىقىغا ئىنكار قىلىدىغان يەرگە يەتتى. ئىنسانلارنىڭ ئەخلاق مىزانى بۇزۇلۇپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدا ھەقىقى دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىك ئۆلچىمى يوقالغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق ئالاقىلار مەنپەئەت ئۈستىگە مەركەزلىشىپلا قالماستىن، بەلكى كۈچلۈكلەرنىڭ مەنپەئەتىنىلا چىقىش قىلىدىغان، زالىملار

[1] نەھلى سۈرىسى 78 ـ ئايەت.

ۋە مۇشتۇمزورلارنىڭ مەنپەئەتى مىزان قىلىنىدىغان ھالغا يەتتى.

ئى قېرىنداشلار! بۇ دەۋردە ئەقلىنى ۋە نەپسىنى ھاكىم قىلغانلىق تۈپەيلىدىن ئەخلاق ئۆلچىمى تۆۋەنلەپ كەتتى، ھەر نەرسىنى ماددى ئۆلچەم بىلەن ئۆلچەش ھۆكۈم سۈردى، ئىرقىي ئايرىمچىلىق، قەبىلىۋازلىق ۋە تەرەپۋازلىق ھۆكۈم سۈردى. قارايدىغان بولسىڭىز تەرەققىيات ۋە بىلىم پېشىۋالىرىنىڭ جىنس، رەڭ ۋە مىللەت تەرەپۋازلىقىنى بازارغا سېلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە دىن ۋە دىندارلىققا قارشى جەڭ ئېلان قىلغانلىقىنى كۆرىسىز. ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ ماددى مەنپەئەتلىرىنىڭ قۇلى بولغانلىقىنى ھەمدە ماددى جەھەتتىن بىر قەدەر غەلىبە قىلغان بولسىمۇ، تىل، رەڭ ۋە مىللەت ئايرىمغان ئىنسانىيەت، ئۆزىنىڭ شان-شەرىپىنى ساقلاش ۋە ھۆرمەت قىلىشتا مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرىسىز.

ماددىيىمچىلار ئۇرۇشلار، توقۇنۇشلار ۋە زۇلۇملارنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئۇنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا تىرىشماقتا. ماددىي مەنپەئەتلەر ئىنسان ئەقلىگە ھاكىم بولغانسىرى بۇ توقۇنۇشلار، ئۇرۇشلار ۋە ۋەھشىلىكلەر تېخىمۇ كەسكىن ئەۋج ئېلىشقا باشلايدۇ. دۇنيا تەرەققىي قىلغانسىرى ئاجىزلار، يوقسۇللار ۋە يېتىم-يېسىرلارنىڭ كۆپەيگەنلىكى، مىليونلارچە تۇل ئايال، ئاچ-يالىڭاچ قالغانلار، كېسەللەر ۋە بىچارىلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى كۆرمەكتىمىز.

يېڭى كەشپىياتلار ۋە سانائەتتىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىياتلار ئىنسانىيەتكە خىزمەت قىلىدىغان مەيدانلاردا، بولۇپمۇ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك ۋە دورا ساھەسىدە ئىلگىرلەش ھاسىل قىلغانسىرى، شۇ سانائەت ۋە تەرەققىياتلار ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى ۋەيران قىلىدىغان قىرغىچ قوراللارنى ۋە زەھەرلىك گازلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ، ئۇلارنى خىمىيەلىك ئاتوم قورالى ياساشقا ۋە باكتېرىيەلىك ئۇرۇشلارنى قوزغاشقا ئىشلەتمەكتە. قوراللىنىش رىقابىتىنىڭ ھېچقانداق چەك-چېگرىسى يوقتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَعۡلَمُونَ ظَٰهِرٗا مِّنَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا وَهُمۡ عَنِ ٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ غَٰفِلُونَ﴾ ﴿ئۇلار ھاياتىي دۇنيانىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن

ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر﴾[1].

﴿وَلَوْ أَنَّ قُرْءَانًا سُيِّرَتْ بِهِ ٱلْجِبَالُ أَوْ قُطِّعَتْ بِهِ ٱلْأَرْضُ أَوْ كُلِّمَ بِهِ ٱلْمَوْتَىٰ ۗ بَل لِّلَّهِ ٱلْأَمْرُ جَمِيعًا ۗ أَفَلَمْ يَا۟يْـَٔسِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَن لَّوْ يَشَآءُ ٱللَّهُ لَهَدَى ٱلنَّاسَ جَمِيعًا ۗ وَلَا يَزَالُ ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ تُصِيبُهُم بِمَا صَنَعُوا۟ قَارِعَةٌ أَوْ تَحُلُّ قَرِيبًا مِّن دَارِهِمْ حَتَّىٰ يَأْتِىَ وَعْدُ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُخْلِفُ ٱلْمِيعَادَ﴾ ﴿مۇبادا بىرەر قۇرئان (يەنى كىتاب) بولۇپ، ئۇنى (تىلاۋەت قىلىش) بىلەن تاغلار يۆتكىلىدىغان ياكى يەر يېرىلىدىغان ۋە ياكى ئۆلۈكلەر سۆزلەيدىغان بولغان تەقدىردىمۇ (ئۇلار چوقۇم ئىمان ئېيتمايتتى). ھەممە ئىش ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئەگەر ئاللاھ خالىسا، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنى جەزمەن ھىدايەت قىلىدىغانلىقىنى مۆئمىنلەر بىلمەمدۇ؟ (مەككە پەتھى قىلىنىپ ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن ئىبارەت) ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ئەمەلگە ئاشقانغا قەدەر، كاپىرلار ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھامان تۈرلۈك بالالارغا دۇچار بولىدۇ، ياكى بالا ئۇلارنىڭ يۇرتىغا يېقىن بىر جايغا چۈشىدۇ، ئاللاھ ۋەدىسىگە ئەلۋەتتە خىلاپلىق قىلمايدۇ﴾[2].

ئى مۇسۇلمانلار! بىلىم دۇنياسىنى ئىمان ۋە ئەخلاق مىزانىدىن يىراقلاشتۇرۇش، بۈگۈنكى دۇنيانىڭ كېسىلى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنى تۇيۇق يولغا ئېلىپ كىردى. ئەركىنلىكنىڭ چەكلىمىسى يوق، ئادالەتنىڭ مىزانى يوق ۋە مەنپەئەتلەرنىڭ ئۆلچىمى يوق، شۇڭا مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بارلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىش پرىنسىپىنى تۇتقان. مەزكۇر كىرىزىسلارنىڭ ھەممىسى بىلىم بىلەن ئىماننىڭ ۋە بىلىم بىلەن ئەخلاقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئايرىۋەتكەنلىكتىن ئوتتۇرىغا چىققان. ئىنسانلار مەنپەئەت ئۈستىدە بىرلىشىدۇ، مەنپەئەت ئۈستىدە ئايرىلىدۇ، كىم كۈچلۈك ۋە كىم باي بولسا شۇنىڭ گېپى گەپ بولىدۇ.

ئى ئەقىللىقلەر! دىنىدىن يىراق بولغان بىلىم، ئۆزىنىڭ روھىي كۆرۈش خىسلىتىنى يوقىتىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئىلىم زىيانلىق ۋە ياۋايى بولۇپ، ئىنسانىيەت نەسلىنى قۇرۇتىدىغان مىكرۇپقا ئوخشاشتۇر. ئىنسان ئىماندىن ئايرىلغان كۈنى چاھارپايغا، بەلكى ياۋايى يىرتقۇچ ھايۋانغا ئايلىنىدۇ. ئاللاھ

[1] رۇم سۈرىسى 7 ـ ئايەت.
[2] رەئد سۈرىسى 31 ـ ئايەت.

تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذَا تَوَلَّىٰ سَعَىٰ فِى ٱلْأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيهَا وَيُهْلِكَ ٱلْحَرْثَ وَٱلنَّسْلَ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلْفَسَادَ﴾ ﴿ئۇ (ھوزۇرۇڭدىن) قايتقاندىن كېيىن، زېمىندا بۇزۇقچىلىق قىلىش ئۈچۈن ۋە زىرائەتلەرنى، ھايۋاناتلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ (ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ئەمەلدە ئىنسانلارنى ھالاك قىلىش ئۈچۈندۇر، چۈنكى زىرائەتلەرسىز ۋە ھايۋاناتلارسىز ئىنسانلارنىڭ ياشىيالىشى مۇمكىن ئەمەس). ئاللاھ بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ﴾[1].

شۇنداق، قاچانكى، ئىلىم ماددى يۆنىلىشكە قاراپ ماڭىدىكەن، ۋەيران قىلغۇچ تەرەپكە يۈزلىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىلمى ۋە نەزەرى تەرىپىدە ئىنسانىيەتنى قورقىتىدۇ، بۇ يەردىن شۇ ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇكى، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن ئىلاھىي قانۇن-تۈزۈملەرنى تاشلاپ، ئىنسانلار تۈزىۋالغان قانۇن-تۈزۈملەر نىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرى، تەڭپۇڭسىزلىقلىرى ۋە زۇلۇملىرى تۈگىمەيدۇ، نەتىجىدە زۇلۇم-تەڭسىزلىكلەر ئەۋج ئالىدۇ.

تۈرلۈك مەدەنىيەت ئىگىلىرى، ھايات بىلەن ئىماننىڭ چەمبەرچەس باغلىنىشى بارلىقىنى ھەمدە ئىمان، ئىلىم، ئەقىدە ۋە ئەمەل قاتارلىقلارنىڭ بىر-بىرىنى تولۇقلىغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ھە!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ أَخَذْنَا مِنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ مِيثَٰقَهُمْ وَمِنكَ وَمِن نُّوحٍ وَإِبْرَٰهِيمَ وَمُوسَىٰ وَعِيسَى ٱبْنِ مَرْيَمَ ۖ وَأَخَذْنَا مِنْهُم مِّيثَٰقًا غَلِيظًا﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق، سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق﴾[2].

﴿مَنْ عَمِلَ صَٰلِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُۥ حَيَوٰةً طَيِّبَةً ۖ وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ﴾ ﴿ئەر- ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[3].

---

[1] بەقەرە سۈرىسى 205 ـ ئايەت.

[2] ئەھزاب سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

[3] نەھلى سۈرىسى 97 ـ ئايەت.

ياخشىلىق، ئېھسان، راستچىللىق، ۋاپادارلىق، ئىخلاس، ئىنسانىيلىق، ئىنسانلىقىغا ھۆرمەت قىلىش، كەمتەرلىك، ھەمكارلىق، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماسلىق، باشقىلارغا ياخشىلىقنى ياخشى كۆرۈش ۋە مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىش قاتارلىق خىسلەتلەر، ئاللاھقا بولغان ئىمان ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئورالمىسا، ئىنسانغا ئۇۋالچىلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئاپەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئىنسان ئۇستىدىكى ئالىي ئەخلاق پىرىنسىپىنىڭ بىرى توي قىلىشتۇر. توي قىلىش ۋە ئۇنىڭ غايىسى توغرا مىزان بىلەن ئېلىپ بېرىلغاندا، ئاندىن ئۇ ئىنسانلار رىشتىسىدىكى مۇستەھكەم ۋەدىنامىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَكَيْفَ تَأْخُذُونَهُۥ وَقَدْ أَفْضَىٰ بَعْضُكُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ وَأَخَذْنَ مِنكُم مِّيثَٰقًا غَلِيظًا﴾ «ئۆز-ئارا خىلۋەتتە بولۇشقان تۇرساڭلار ۋە ئاياللار سىلەردىن (نىكاھ ئەھدىسىدىن ئىبارەت) مۇستەھكەم ئەھدە ئالغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ قايتۇرۇۋالىسىلەر؟»[1].

توي قىلىشنىڭ ئۆزى نەسەب، رىشتە، ئائىلە قۇرۇش، جەددى-جەمەت پەيدا قىلىش، ئۇرۇق-تۇققانلارنى كۆپەيتىش، بىر-بىرىگە مۇھەببەت باغلاش، دوستلۇق ئىزھار قىلىش، بىر بىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش، مەسئۇلىيەتچان بولۇش، خاتىرجەم ئائىلە قۇرۇشتەك ئالىي جاناب خىسلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەيدۇ. ئەمما ھازىرقى زامان ماددىزىمچىلىرىنىڭ ئارىسىدا بولسا، ئائىلە ئىناقلىق ئورنىغا بۇزۇلۇش، ئائىلىۋى پارچىلىنىش ۋە نىكاھسىز ئالاقە ۋەيرانچىلىقنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ ۋە ئۇلار شۇنداق بولۇشنى تەشەببۇس قىلماقتا. ئۇلار، بالا باققاندىن ھايۋان بېقىش ئەۋزەل ۋە ئەر-ئايال جىنسىنىڭ بىر يەرگە كېلىشى شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، دېگەن ئۇقۇمنى راۋاجلاندۇرىدىغان يەرگە يەتتى.

---

[1] نىسا سۈرىسى 21 ـ ئايەت.

# ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش پەرىزدۇر

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(30/03/1435ھ = 31/01/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش پەرىز» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. سىلەر ئاللاھقا شۈكۈر قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىڭلار ۋە ئاسىيلىق قىلماڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَلۡتَنظُرۡ نَفۡسٞ مَّا قَدَّمَتۡ لِغَدٖۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرُۢ بِمَا تَعۡمَلُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! **الله** دىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، **الله** دىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر﴾[1].

ئاللاھقا شۈكۈر قىلىش تاقالغان دەرۋازىلارنى ئاچىدۇ. بىز ياشاۋاتقان بۇ زامان ماددىي مەنپەئەتلەر دېڭىزىغا ئايلاندى، بىز ھازىر ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغان ھالدا ماڭىدىغان، تېخنىكا ئۈچقانىدەك تەرەققىي قىلغان ۋە ھاۋا بوشلۇقى بولسا سۈنئىي ھەمرالار بىلەن لىق تولغان بىر زاماندا ياشىماقتىمىز. بۇنداق بىر زاماندا كۆپلىگەن

[1] ھەشر سۈرىسى 18 - ئايەت.

كىشىلەر پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىسىمۇ يېتەلمەيدىغان ئۇلۇغ بىر گۆھەرنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بەزىلەر بۇ ئەنگۈشتەرنى مۇستەھكەم تۇتۇپ پايدىلىنىۋاتىدۇ، ئۇ بولسا «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغ خىزمەتتۇر. ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدىمۇ، ئۇلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ.

ئىنسان تەبىئىتىدە ياخشىلىق قىلغان ئادەمنى ياخشى كۆرۈش تەبىئىي ئەھۋالدۇر، ھەر بىر ئىنسانغا نىسبەتەن بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىدىنمۇ بەكرەك ياخشىلىق قىلغان يەنە بىر ئىنسان بولمىسا كېرەك. شۇڭا ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش بالىنىڭ ئۈستىدىكى پەرزدۇر. ھېچقانداق ئادەمنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسىنىڭ خىزمىتىدىن ۋاز كېچىشكە ئۆزرىسى يوقتۇر.

ئىسلام دىنى، باشقا ساماۋى دىنلار، شەرىئەت ۋە ئەقىل قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاتا-ئانىنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلىقىنى بايان قىلدۇ، ھەتتاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەننەت ئانىنىڭ تاپىنى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. قۇرئان كەرىمدە ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە ئايەتلەر بىر قانچە ئورۇندا تەكرارلىنىپ كەلگەن ھەمدە ھەر قاچان ئاللاھ بەندىلەرنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىسا، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپلا ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا تەۋسىيە قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَوَصَّيۡنَا ٱلۡإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيۡهِ إِحۡسَٰنًاۖ حَمَلَتۡهُ أُمُّهُۥ كُرۡهًا وَوَضَعَتۡهُ كُرۡهًاۖ وَحَمۡلُهُۥ وَفِصَٰلُهُۥ ثَلَٰثُونَ شَهۡرًاۚ حَتَّىٰٓ إِذَا بَلَغَ أَشُدَّهُۥ وَبَلَغَ أَرۡبَعِينَ سَنَةٗ قَالَ رَبِّ أَوۡزِعۡنِيٓ أَنۡ أَشۡكُرَ نِعۡمَتَكَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتَ عَلَيَّ وَعَلَىٰ وَٰلِدَيَّ وَأَنۡ أَعۡمَلَ صَٰلِحٗا تَرۡضَىٰهُ وَأَصۡلِحۡ لِي فِي ذُرِّيَّتِيٓۖ إِنِّي تُبۡتُ إِلَيۡكَ وَإِنِّي مِنَ ٱلۡمُسۡلِمِينَ﴾ «بىز ئىنساننى ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئايدۇر. تاكى ئۇ (بوۋاق ئۆسۈپ) كۈچ- قۇۋۋەتكە تولۇپ، قىرىق ياشقا يەتكەندە، (ئۇ): «پەرۋەردىگارىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا- ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكرى قىلىشنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا

ئىلھام قىلغىن، مەن ئۆچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن (يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمنى ياخشى ئادەملەر قىلغىن)، مەن ھەقىقەتەن ساڭا (جىمى گۇناھلاردىن) تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىندۇرمەن» دەيدۇ﴾[1].

ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ئىلاھى بۇيرۇق بولۇپ، پەيغەمبەرلەر ئاتا-ئانىسىغا ئەڭ مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان زاتلار ئىدى، ئۇنىڭدىن قالسا ئالىملار ۋە ياخشى كىشىلەر ئاتا-ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولاتتى. ئالالاھ تائالا ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئۈلگە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَبَرًّۢا بِوَٰلِدَتِى وَلَمْ يَجْعَلْنِى جَبَّارًا شَقِيًّا﴾ ﴿مېنى ئانامغا كۆيۈمچان قىلدى، مېنى مۇتەكەببىر، شەقى قىلمىدى﴾[2].

ئاتا-ئانا ھەققىدە ئۇلارنىڭ ھايات ۋاقتىدا ۋە ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ تەۋەززۇئ بىلەن دۇئا قىلىش لازىم: ﴿رَبَّنَا ٱغْفِرْ لِى وَلِوَٰلِدَىَّ وَلِلْمُؤْمِنِينَ يَوْمَ يَقُومُ ٱلْحِسَابُ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز ھېساب ئالىدىغان كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ماڭا، ئاتا- ئانامغا ۋە مۆمىنلەرگە مەغفىرەت قىلغىن»﴾[3].

ئاتا-ئانا ئىنسان ئۈچۈن ھايات خۇشاللىقى، تۇرمۇشنىڭ زىننىتى ۋە كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدىدۇر. ئاتا-ئانىنىڭ سۆھبىتى ئىنسانغا دۇنيانىڭ غەم-قايغۇلىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ، ئاتا-ئانىنىڭ مېھرىبانلىقى ئىنساننى ھەقىقى بەختلىك قىلىدۇ ۋە ئىنسان ئاتا-ئانىسىنىڭ دۇئاسى بىلەن گۈللىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك چاقىرىقىدا، ئاتا-ئانا ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ناماز بىلەن ياندىشىپ كەلگەن ۋە ئىسلامنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان جىھادتىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان.

ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئاللاھقا ئەڭ مەھبۇب ئەمەل قايسى؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇش» دېدى، ئاندىن كېيىنچۇ؟ دېسەم: «ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» دېدى، ئاندىن كېيىنچۇ؟ دېسەم:

[1] ئەھقاف سۈرىسى 15 - ئايەت.
[2] مەريەم سۈرىسى 32 - ئايەت.
[3] ئىبراھىم سۈرىسى 41 - ئايەت.

«ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش» دېدى. مەزكۇر ھەدىستىن مەلۇم بولىدۇكى ئاتا-ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش جىھادتىنمۇ ئەۋزەل ئورۇندا تۇرىدۇ.

يەنە بىر ھەدىستە بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ، جىھادقا چىقىشقا رۇخسەت سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ ھاياتمۇ؟» دەپ سورىغان، ئۇ ئادەم: ھايات، دەپ جاۋاپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن جىھادنى ئاتا-ئاناڭنىڭ خىزمىتى بىلەن قىلغىن» دېگەن.

ئاتا-ئانا خىزمىتى ئىنسان ئۆچۈن بارلىق ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھ تائالا ئاتا-ئانىنىڭ ھەققىنى ئۆزىنىڭ ھەققى بىلەن بىر ئورۇندا كەلتۈرۈپ مۇنداق دېدى: ﴿وَقَضَىٰ رَبُّكَ أَلَّا تَعْبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَٰنًا ۚ إِمَّا يَبْلُغَنَّ عِندَكَ ٱلْكِبَرَ أَحَدُهُمَآ أَوْ كِلَاهُمَا فَلَا تَقُل لَّهُمَآ أُفٍّ وَلَا تَنْهَرْهُمَا وَقُل لَّهُمَا قَوْلًا كَرِيمًا﴾ ﴿پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئۇھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنىمۇ دۈشكەللىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن﴾[1].

﴿وَوَصَّيْنَا ٱلْإِنسَٰنَ بِوَٰلِدَيْهِ حَمَلَتْهُ أُمُّهُۥ وَهْنًا عَلَىٰ وَهْنٍ وَفِصَٰلُهُۥ فِى عَامَيْنِ أَنِ ٱشْكُرْ لِى وَلِوَٰلِدَيْكَ إِلَىَّ ٱلْمَصِيرُ﴾ ﴿ئىنساننى ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈستى- ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا- ئاناڭغا شۈكرى قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر﴾[2].

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بىر ئادەم ئانىسىنى يۈدۈپ تاۋاپ قىلىۋاتقان ھالدا ئۇچرىغان، ئۇ ئادەم ئىبنى ئۆمەرگە: مۇشۇنداق قىلسام، ئانامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولامدىمەن؟ دەپ سورىغاندا، ئىبنى ئۆمەر:

[1] ئىسرا سۈرىسى 23 - ئايەت.
[2] لوقمان سۈرىسى 14 - ئايەت.

ياق، بىر تىنىق چاغلىق ھەققىنى ئادا قىلغان بولمايسەن! دېگەن.

ئاتا-ئانا خىزمىتىنىڭ ئۇلۇغلىقى ھەققىدە سۆزلەپ تۈگىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىش ھايات ۋاقتىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ. ئىمامى ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە ئەبى ئۇسەيد ئەسسائىدى ئىسىملىك بىر ساھابە مۇنداق دېگەن: ئەنسارلاردىن بىر كىشى: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانام ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ئۇلار ھەققىدە ياخشىلىق قىلىدىغان ئىش بارمۇ؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بار، ئۇلار ھەققىدە ناماز ئوقۇپ، گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت بولۇشىنى تىلىگىن، ئۇلارنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلغىن، ئۇلارنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلىغىن، ئۇلار يوقلاپ تۇرىدىغان تۇققانلارنى تاشلىۋەتمىگىن ۋە ئۇلارنىڭ سۆھبەتداشلىرىنى يوقلاپ تۇرغىن» دېگەن.

بىر ھەدىستە ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئانام قېشىمغا كېلىپ، ئانىلىق مېھرىنى بېرىشنى خالىدى، ۋاھالەنكى ئۇ مۇشرىك ئىدى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئانامغا ياخشىلىق قىلسام بولامدۇ؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەلۋەتتە، ئاناڭغا ياخشىلىق قىل» دېگەن[1].

مۇشرىك ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىكەنمىز، مۇسۇلمان ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ ھۆكمى نېمە بولماقچى؟! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِن جَٰهَدَاكَ عَلَىٰٓ أَن تُشۡرِكَ بِي مَا لَيۡسَ لَكَ بِهِۦ عِلۡمٞ فَلَا تُطِعۡهُمَاۖ وَصَاحِبۡهُمَا فِي ٱلدُّنۡيَا مَعۡرُوفٗاۖ وَٱتَّبِعۡ سَبِيلَ مَنۡ أَنَابَ إِلَيَّۚ ثُمَّ إِلَيَّ مَرۡجِعُكُمۡ فَأُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ﴾ ﴿ئەگەر ئاتا-ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى ئۇنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ياخشىلىق قىلغىن)، ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن﴾[2].

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] لوقمان سۈرىسى 15 ـ ئايەت.

## ئىككىنچى خۇتبە:

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاللاھنىڭ ھەققىنى ئاللاھ بۇيرۇغان شەكىلدە ئادا قىلىڭلار! ئاتا-ئانىنى قاخشىتىشتىن ساقلىنىڭلار! چۈنكى ئاللاھ سىلەرنى ئاتا-ئاناڭلارنى قاخشىتىشتىن چەكلىگەن ۋە ئاگاھلاندۇرغان.

ئەبى بەكرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بەرمەيمۇ؟» ساھابىلار: شۇنداق قىلسلا ئى رەسۇلەللاھ! دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا-ئانىنى قاخشىتىش» دېگەن[1].

ئى مۇسۇلمانلار! پۇرسەت كېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، تەۋبە قىلىڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشتا پۈتۈن ئىمكانىيىتىڭلارنى ئىشقا سېلىڭلار، زامانىۋى تېخنىكىلاردىن پايدىلىنىڭلار، قېشىدا بولمىغان ۋاقىتلىرىڭلاردا ئۇچۇر-ئالاقە ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ۋاقتى-ۋاقتىدا ئەھۋال سوراپ تۇرۇڭلار! ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلىشتىن سىلەرنى ھېچنەرسە توسۇپ قالمىسۇن، ئاتا-ئانىغا ياخشىلىق قىلساڭلار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىگە ئېرىشىسىلەر!

ئى ئاللاھ! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىل، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنى ۋەيران قىل، مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرىنى ئامان قىل، مۇسۇلمانلارغا يامان نىيەت قىلغانلارنى ئۆزى بىلەن مەشغۇل قىل ۋە ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىل، ئامىن!!

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان سەلبى تەسىرى

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(07/04/1435ھ = 07/02/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش ۋە ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بولغان سەلبى تەسىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە خەۋەرگە ئىنتىلىش، جەمئىيەتتە تارقىلىۋاتقان پىتنە-ئىغۋالارغا قىزىقىش قىزغىنلىقى بار بولۇپ، داۋاملىق يېڭى، غەلىتە ۋە ئېچىنىشلىق ۋەقەلەرنىڭ خەۋەرلىرىگە بەك قىزىقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ ئىنسان ئۆزى ئاڭلىغان ۋە تارقىلىۋاتقان خەۋەرلەرنىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى تەكشۈرۈشكە ھورۇنلۇق قىلىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئىنساندىكى بۇ ئالدىراقسانلىقنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿خُلِقَ ٱلْإِنسَٰنُ مِنْ عَجَلٍۚ سَأُو۟رِيكُمْ ءَايَٰتِى فَلَا تَسْتَعْجِلُونِ﴾ ﴿ئىنسان ئالدىراڭغۇ يارىتىلغان، سىلەرگە ئالامەتلىرىم (ماڭا ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالىيالايدىغانلىقىم) نى كۆرسىتىمەن. (ئۇنىڭ ۋاقتى سائىتىدىن بۇرۇن) مېنى ئالدىرىتىپ كەتمەڭلار﴾[1].

ئەقىل ۋە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسى بولسا تارقالغان خەۋەرلەرنىڭ راست-

[1] ئەنبىيا سۈرىسى 37 ـ ئايەت.

يالغانلىقى، سەۋەبلىرى، ئورۇن ۋە شارائىتلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈپ، ئاندىن باھا بېرىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا بىگۇناھ ئىنسانلارنىڭ ھوقۇقى زايا بولىدۇ، شەرىپى تۆكۈلىدۇ ۋە زۇلۇم قىلىنىپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ئەقلى مىزانى ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيىسى ۋە تەجرىبىلىرىگە قاراپ تاكامۇللىشىدۇ. ئەقىللىق ئىنسان كىشىلەرنىڭ ھوقۇقى، شەرەپ-نومۇسى، مال-دۇنياسى ھەمدە دىنىغا زىيان سالمايدۇ ۋە تاجاۋۇز قىلمايدۇ.

تارقالغان خەۋەر ۋە پىتنە-ئىغۋالارنىڭ راست يالغانلىقىنى تەكشۈرمەستىن قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىپادە بىلدۈرۈش ئىنسانغا ھەسرەت، نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ ۋە پۇشايمان قىلسىمۇ پايدا بەرمەيدىغان يەرگە يېتىپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِن جَآءَكُمۡ فَاسِقُۢ بِنَبَإٖ فَتَبَيَّنُوٓاْ أَن تُصِيبُواْ قَوۡمَۢا بِجَهَٰلَةٖ فَتُصۡبِحُواْ عَلَىٰ مَا فَعَلۡتُمۡ نَٰدِمِينَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئەگەر سىلەرگە بىر پاسىق ئادەم بىرەر خەۋەر ئېلىپ كەلسە، (ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى) بىلمەستىن بىرەر قەۋمنى رەنجىتىپ قويۇپ، قىلمىشىڭلارغا پۇشايمان قىلىپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، (ئۇ خەۋەرنى) ئېنىقلاپ كۆرۈڭلار﴾[1].

كۆپلىگەن پىتنە-ئىغۋالارنىڭ ئەسلى ماھىيىتى مەقسەتسىز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، خەۋەر تارقىتىۋاتقانلار بىھۇدە ئاقساقاللىق قىلىپ تارقىتىدۇ، ھېچقانداق سەۋەبسىز، بەزىدە يېنىدىن پۇل خەجلەپ تارقىتىدۇ. تارقىلىۋاتقان خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى نىشانسىز، ئاقساقاللىق بولماستىن، بەزى خەۋەرلەر مۇئەييەن كىشىلەر تەرىپىدىن مەقسەتلىك ھالدا تارقىتىلىدۇ، بەزى خەۋەرلەرنىڭ غەرىزى سىياسى، ئىدىيىۋى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ياكى دىنىي بولۇشى مۇمكىن. بەزى خەۋەرلەر ھاكىمىيەتنى داۋالغۇتۇش، جەمئىيەتتە ئىنسانلار ئارا ئىشەنچىنى يوقىتىش ۋە بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش ئۈچۈن بولىدۇ.

ئەمما جىددى تەرەققىيات يولىغا ماڭغان ئەقىللىق جەمئىيەت، تارقىلىۋاتقان پىتنە-ئىغۋالارغا قۇلاق سالمايدۇ، جەمئىيەت ئامانلىقى، پۈتۈنلىكى ۋە تەرەققىيات يوللىرىنى قالايمىقان قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ۋاقتىنى سۆز-چۆچەكلەر بىلەن مەشغۇل قىلغان مىللەتنىڭ تەرەققىياتى ئارقىغا

[1] ھوجۇرات سۈرىسى 6 ـ ئايەت.

چىكىنىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇسىبەتلەر ئۇيلىمىغان يەردىن كېلىشكە باشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ سىلەرگە ئۈچ نەرسىنى يامان كۆردى: ئاساسسىز پىتنە-ئىغۋا تارقىتىشنى، مال-دۇنيانى بۇزۇپ چېچىشنى ۋە كۆپ سوئال سوراشنى»[1].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ بۇ ھەدىسىنىڭ روھىغا قارىغانلار، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىش ۋاقىتنى ئوغۇرلايدۇ، پۇل-مالنى بۇزۇپ چېچىش كەمبەغەللىككە سەۋەب بولىدۇ ۋە كۆپ سوئال سوراش مۇسىبەتلەرنى كەلتۈرىدۇ ۋە جەمئىيەت ئارام تاپمايدۇ.

ئىبنى قەييۇم جەۋزى مۇنداق دېگەن: مەن كۆپلىگەن كىشىلەرنى كۆردۈم، ئۇلار ھاياتنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىكەن، بەزىلىرى ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەرنىڭ خاتالىقلىرىنى ئىزدەيدىكەن، داۋاملىق ئەرزان-قىممەت توغرىسىدا سۆزلەيدىكەن. شۇنىڭدىن بىلدىمكى، ئۆمۈرنىڭ شەرىپىنى ۋە ۋاقىتنى قەدىرلەشنى بىلگەنلەر، ئاللاھنىڭ تەۋپىق مەرھەمىتىگە ئېرىشكەنلەر ئىكەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ٱلَّذِينَ صَبَرُواْ وَمَا يُلَقَّىٰهَآ إِلَّا ذُو حَظٍّ عَظِيمٍ﴾ ﴿بۇ خىسلەتكە پەقەت سەۋرچان ئادەملەرلا ئېرىشەلەيدۇ، بۇ خىسلەتكە پەقەت بۈيۈك نېسىۋە ئىگىسىلا ئېرىشەلەيدۇ﴾[2].

ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە بىزلەرگە ئېغىر-بېسىق ۋە تەمكىن بولۇشنى ئۆگەتتى، خەۋەرلەرنىڭ راست-يالغانلىقىنى تەكشۈرمەستىن ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشماستىن قالايمىقان قوبۇل قىلماسلىققا تەۋسىيە قىلغان. ئىسلام خەلىپىسى ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدگە كىرگەندە كىشىلەرنىڭ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى تالاق قىپتۇ» دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ قېشىغا كىرىپ: سىلە ئاياللىرىنى تالاق قىلدىلىمۇ؟ دەپ سورايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق» دەپ جاۋاپ بەرگەندە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدنىڭ دەرۋازىسىدا تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنى قويۇپ بەرمەپتۇ،

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] فۇسسىلەت سۈرىسى 35 ـ ئايەت.

دەيدۇ. شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە تۆۋەندىكى ئايەت نازىل بولدى: ﴿وَإِذَا جَآءَهُمْ أَمْرٌ مِّنَ ٱلْأَمْنِ أَوِ ٱلْخَوْفِ أَذَاعُوا۟ بِهِۦ ۖ وَلَوْ رَدُّوهُ إِلَى ٱلرَّسُولِ وَإِلَىٰٓ أُو۟لِى ٱلْأَمْرِ مِنْهُمْ لَعَلِمَهُ ٱلَّذِينَ يَسْتَنۢبِطُونَهُۥ مِنْهُمْ ۗ وَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ لَٱتَّبَعْتُمُ ٱلشَّيْطَٰنَ إِلَّا قَلِيلًا﴾ ﴿مۇئمىنلەرگە ئائىت) ئامانلىقنىڭ ياكى قورقۇنچنىڭ بىرەر خەۋىرى ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا) يەتسە، ئۇنى تارقىتىدۇ، ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەرگە ۋە ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) نىڭ ئىچىدىكى ئىش ئۇستىدىكىلەرگە مەلۇم قىلسا، (شۇ) خەۋەرنى چىقارغۇچىلار ئۇنى (يەنى شۇ خەۋەرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى) ئۇلاردىن ئەلۋەتتە بىلىۋالاتتى. (ئى مۇئمىنلەر!) ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، سىلەرنىڭ ئازغىنا كىشىدىن باشقىلىرىڭلار، ئەلۋەتتە، شەيتانغا ئەگىشىپ كېتەتتىڭلار﴾[1].

[1] نىسا سۈرىسى 83 ـ ئايەت.

# ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە پەزىلەتلىرى

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە ئابدۇللاھ خەييات

(14/04/1435ھ = 14/02/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈگەن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلامنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە پەزىلەتلىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. مال-دۇنيا ۋە بالا-چاقا مەنپەئەت قىلمايدىغان بىر كۈندە ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىشىڭلارنى ئەسلەڭلار، ئۇ كۈنى ئاللاھقا ساغلام قەلب بىلەن كېلىشتىن باشقىسى ئەسقاتمايدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! ئىنسانلار بەخت-سائادەتكە يېتىشتە ئوخشاش بولمىغان يوللارنى تاللاۋاتىدۇ ۋە شۇ يوللىرىدا غەلىبە قىلىپ ياكى باشقىلارنى يېڭىپ مېڭىۋاتىدۇ. ئەقىل ئىگىلىرى شۇ ھەقىقەتنى بىلىشى كېرەككى، ئەمەلىيەتتە بەخت-سائادەتنىڭ پەقەت بىرلا يولى بار بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشتۇر. شۇ ئارقىلىق بەندىلەر ئۆز مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ قالالايدۇ ۋە دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەن ھەق ۋە توغرا دىن پەقەت بىرلا بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدۇ:

﴿إِنَّ ٱلدِّينَ عِندَ ٱللَّهِ ٱلۡإِسۡلَٰمُۗ وَمَا ٱخۡتَلَفَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ إِلَّا مِنۢ بَعۡدِ مَا جَآءَهُمُ ٱلۡعِلۡمُ بَغۡيَۢا بَيۡنَهُمۡۗ وَمَن يَكۡفُرۡ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ فَإِنَّ ٱللَّهَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ﴾ «ھەقىقەتەن

ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر.كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە ئىلىم كەلگەندىن كېيىنلا ئۆز-ئارا ھەسەت قىلىشىپ ئىختىلاپ قىلىشتى (يەنى ئىسلامنىڭ ھەقلىقىنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى روشەن پاكىتلار ئارقىلىق بىلىپ تۇرۇپ، كۆرەلمەسلىكتىن ئىنكار قىلىشتى)، كىمكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلىدىكەن (ئاللاھ ئۇنى يېقىندا جازالايدۇ)، ئاللاھ تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر﴾[1].

ئاللاھ ئىسلامنى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنى قىلدى. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋۋىلى بولغان نۇھ ئەلەيھىسسالامۇ مۇنداق دېگەن: ﴿فَإِن تَوَلَّيْتُمْ فَمَا سَأَلْتُكُم مِّنْ أَجْرٍۖ إِنْ أَجْرِيَ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِۖ وَأُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ مِنَ ٱلْمُسْلِمِينَ﴾ ﴿ئەگەر سىلەر (مېنىڭ نەسىھىتىمدىن) يۈز ئۆرۈسەڭلار، سىلەردىن (يۈز ئۆرۈشۈڭلارغا سەۋەبچى بولىدىغان) ھەق سورىغىنىم يوق، مەن ئەجرىمنى پەقەت ئاللاھتىن سورايمەن، مەن (ئاللاھقا) بويسۇنغۇچىلاردىن بولۇشقا بۇيرۇلدۇم» دېدى﴾[2].

ئاللاھ ئۆزىنىڭ دىنىنى ئىسلام ئارقىلىق مۇكەممەللەشتۈرگەنلىكىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ئېلان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿ٱلْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي وَرَضِيتُ لَكُمُ ٱلْإِسْلَٰمَ دِينًاۚ﴾ ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم﴾[3].

ئەھۋال ئۇنداق بولغان ئىكەن، ئاللاھنىڭ دىنى بولغان ئىسلامدىن ئۇلۇغ ئورۇندا تۇرىدىغان دىن بولۇشى مۇمكىنمۇ؟! دۇنيا-ئاخىرەتتە ئىززەت-شەرەپنىڭ بىرلا يولى بار بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىغا مۇستەھكەم ئېسىلىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۈممەتكە نۇر بىلەن ۋە دىن ئارقىلىق يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇش بىلەن بىشارەت بەرگىن. كىمكى ئاخىرەتنىڭ ئىشىنى دۇنيالىقنى كۆزلەپ قىلىدىكەن، ئاخىرەتتىن بولغان نېسىۋىسىنى يوقىتىدۇ». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 19 - ئايەت.
[2] يۇنۇس سۈرىسى 72 - ئايەت.
[3] مائىدە سۈرىسى 3 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بىر رىۋايەتتە: «ئاللاھ ماڭا دۇنيانىڭ مەشرىق ۋە مەغرىبىنى قاتلاپ بەردى، مېنىڭ ئۈممىتىمنىڭ مۈلكى ماڭا قاتلانغان يەرگىچە يېتىپ بارىدۇ» دېگەن[1].

ئىسلام، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش ۋە تەسلىم بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئىنساننى بىر ئاللاھقىلا چوقۇنۇشقا ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىدۇ ھەمدە شىرىكتىن خالى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شېرىك بولسا ئىنساننى روھىي جەھەتتىن ۋە پسىخىلوگىيە جەھەتتىن پەس ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿حُنَفَآءَ لِلَّهِ غَيْرَ مُشْرِكِينَ بِهِۦ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَتَخْطَفُهُ ٱلطَّيْرُ أَوْ تَهْوِى بِهِ ٱلرِّيحُ فِى مَكَانٍ سَحِيقٍ﴾ ﴿ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلغۇلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ﴾[2].

بارلىق مۇسۇلمانلار بىلىش كېرەك بولغان مەسىلە شۇكى، شېرىك ئاللاھ كەچۈرمەيدىغان گۇناھتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغْفِرُ أَن يُشْرَكَ بِهِۦ وَيَغْفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُ ۚ وَمَن يُشْرِكْ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱفْتَرَىٰٓ إِثْمًا عَظِيمًا﴾ ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغفىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغفىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾[3].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئىسلام دىنى ئىنسانلارنىڭ يارالما تەبىئىتىگە ئىنتايىن ماس كېلىدىغان ۋە ئىنساننى ئىنسانغا قۇل بولۇشتىن قۇتۇلدۇرىدىغان دىندۇر. ئىسلام دىنى مۇئمىنلەر ئارا مېھرىبانلىق ۋە مېھرى-مۇھەببەت رىشتىسىنى چىڭىتىدىغان ئۇلۇغ دىن بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئمىنلارنىڭ رىشتىسىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلار بىر-بىرىگە مېھرىبانلىق قىلىشتا بىر جىسىمغا ئوخشاشتۇر، جىسىمنىڭ بىر ئەزاسى

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ھەج سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
[3] نىسا سۈرىسى 48 ـ ئايەت.

ئاغرىپ قالسا، باشقا ئەزالىرىمۇ بىئارام بولىدۇ »[1].

ئاللاھ ئىسلام ئارقىلىق جانلارنى، ماللارنى ۋە ئەقىللەرنى ھىمايە قىلدى ھەمدە بىگۇناھ جاننى ئۆلتۈرۈشنى ھارام قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەقىلنى بۇلغايدىغان مەس قىلغۇچى ۋە زەھەرلىك چېكىملىك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدى، ئوخشاشلا ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن بولۇشتىن قەتئىي نەزەر باشقىلارنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن چەكلىدى.

ئىسلام بارلىق ئىنسانلارنىڭ ھەققىنى ھىمايە قىلىش ساھەسىدە ئىنسانلار تۈزگەن يەرلىك قانۇن-تۈزۈملەردىن ئالدىنقى ئورۇندا تۇردى، ئىسلام ئىنسانلارنىڭ ھەققىنى ھىمايە قىلدى ۋە ئىنسانلار ئارا ئادالەت ئۇسۇلىنى بەرپا قىلدى. ئىنسانلىق ۋە ئادالەت جەھەتتە مۇسۇلمان، كاپىر، ئاق، قارا، ئەرەب، ئەجەم ۋە چوڭ-كىچىك ھەممىنىڭ ئورتاق مىزانى بولسا تەقۋالىق دەپ بېكىتىلدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ إِنَّا خَلَقۡنَٰكُم مِّن ذَكَرٖ وَأُنثَىٰ وَجَعَلۡنَٰكُمۡ شُعُوبٗا وَقَبَآئِلَ لِتَعَارَفُوٓاْۚ إِنَّ أَكۡرَمَكُمۡ عِندَ ٱللَّهِ أَتۡقَىٰكُمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٞ﴾ ﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆزئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەپ بىلەن ئەمەس، تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾[2].

ئىسلام دىنىنىڭ يۇقىرىقىدەك پەزىلەتلىرى ۋە ياخشى تەرەپلىرىنىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك، بۇ دىنىنىڭ يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈك ۋە غەلىبە ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. مۇسۇلمانلار ئۆز دىنىغا ئىخلاسلا قىلسا، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنسا، ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مۇستەھكەم ئېسىلىپ بۆلۈنۈپ كەتمىسە، بۇ دۇنيادىكى ئىززەت ۋە شان-شەرەپنىڭ مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ بولۇشىدا ھېچقانداق شەك يوقتۇر.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.
[2] ھۇجرات سۈرىسى 13 - ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَقُولُونَ لَئِن رَّجَعْنَآ إِلَى ٱلْمَدِينَةِ لَيُخْرِجَنَّ ٱلْأَعَزُّ مِنْهَا ٱلْأَذَلَّ ۚ وَلِلَّهِ ٱلْعِزَّةُ وَلِرَسُولِهِۦ وَلِلْمُؤْمِنِينَ وَلَٰكِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ ﴿ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): «مەدىنىگە قايتساق، ئەڭ ئەزىز ئادەم (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۇئمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ. غەلىبە ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۇئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار (غەلىبىنىڭ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى) بىلمەيدۇ﴾[1].

بۈيۈك ئاللاھ مېنى ۋە سىلەرنى ئۆزىنىڭ كىتابى قۇرئان يولىغا ھىدايەت قىلسۇن، ئامىن!

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، تەقۋادار بولۇڭلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ غەلىبە ـ نۇسرەتكە ئېرىشىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدىغان ئىشارەتلەر بەك كۆپ. ئەبى ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سۆزلەرنىڭ جەۋھىرى بىلەن ئەۋەتىلدىم، قورقۇنچ ئىچىدە غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈلدۈم، ئۇخلاۋاتقاندا پۈتۈن يەر يۈزى خەزىنىلىرىنىڭ ئاچقۇچى بېرىلىپ، قولۇمغا تاپشۇرۇلدى»[2].

ئى مۇسۇلمانلار! ئىسلامدا مۇستەھكەم تۇرغانلار ئۈچۈن ئاللاھ ئىززەت، شەرەپ ۋە غەلىبە ـ نۇسرەت بىلەن بىشارەت بەرگەن، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىڭلار، ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بىجانىدىل بويسۇنۇڭلار، دىندا مۇستەھكەم تۇرۇڭلار، چوقۇم غەلىبە ـ نۇسرەتكە ئېرىشىسىلەر! داۋاملىق شۇنى ئىسىڭلاردىن چىقارماڭلاركى، ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە سىلەرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش بىلەن ئۇلۇغلىدى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ وَمَلَٰٓئِكَتَهُۥ يُصَلُّونَ عَلَى ٱلنَّبِيِّ ۚ يَٰٓأَيُّهَا

[1] مۇنافىقۇن سۈرىسى 8 ـ ئايەت
[2] بۇخارى رىۋايەت قىلدى.

ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ صَلُّواْ عَلَيۡهِ وَسَلِّمُواْ تَسۡلِيمًا﴾ ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۇئمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللانىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر﴾[1].

ئى ئاللاھ! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىل، دىنىمىزنى ھىمايە قىل، دىن دۈشمەنلىرىنى ۋەيران قىل، زالىم، پاسىق، بۇزغۇنچىلارنى ۋەيران قىل، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى بىرلەشتۈرگىن، ئارىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرغىن، رەھبەرلىرىنى ئىسلاھ قىل، ئى ئاللاھ! دىنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىل، ھەقىقىي مۆمىن مۇجاھىدلارغا نۇسرەت ئاتا قىل! ئامىن!

[1] ئەھزاب سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

# رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ھۇمەيد

(21/04/1435ھ = 21/02/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللار» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار، ئۆزۈمنى ۋە سىلەرنى ئاللاھتىن قورقۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن! سىلەر ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنسانىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر. بىلىڭلاركى سىلەرگە بېرىلگەن ئۆلۈم بار، شۇ ئۆلۈمگە قايتىڭلار، سىلەرگە بىر ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق، بېرىلگەن بىر نىھايەت بار، شۇ نىھايىتىڭلارغا قايتىسىلەر.

ئىنساننىڭ ئۆمرى چەكلىك كۈنلەردىن ئىبارەتتۇر، ئۇنىڭ بارىدىغان جايى بەلگىلىكتۇر، جانلارنىڭمۇ ۋاقتى بار بولۇپ ئەجەللىرىنى تەلەپ قىلىدۇ، تەقدىر قىلىنغان ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭمۇ ئۆمرى بار. ھېچبىرى بەلگىلەنگەن ۋاقتىنى كەم-زىيادە قىلالمايدۇ، ھېچكىم ئەجەلىنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ، كېچىكتۈرەلمەيدۇ، ھەتتا ئىنساننىڭ ئالدىغان نەپەسلىرىنىڭ ھېسابى بار بولۇپ، ئۇنىڭ سانىغىچە بەلگىلەنگەندۇر. مەڭگۈ قېلىش پەقەت ئاللاھقىلا مەنسۇپ، قالغان كىشىلەر ھەممىسى ئەجەلگە مەھكۇمدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ وَلْتَنظُرْ نَفْسٌ مَّا قَدَّمَتْ لِغَدٍ ۖ وَٱتَّقُوا۟ ٱللَّهَ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ خَبِيرٌۢ بِمَا تَعْمَلُونَ وَلَا تَكُونُوا۟ كَٱلَّذِينَ نَسُوا۟ ٱللَّهَ

فَأَنسَىٰهُمْ أَنفُسَهُمْۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْفَٰسِقُونَ﴾ «ئى مۇئمىنلەر! ﷲ دىن قورقۇڭلار، ھەر ئادەم ئەتە (يەنى قىيامەت كۈنى) ئۈچۈن (ياخشى ئەمەللەردىن) نېمىلەرنى تەييارلىغانلىقىغا قارىسۇن، ﷲ دىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. سىلەر ئاللاھنى ئۇنتۇغان، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇلارغا ئۆزلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغان كىشىلەردەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار پاسىقلاردۇر»[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ئەمەل قىلىڭلار، ھەر بىر ئىنسان نېمە ئاقىۋەت ئۈچۈن يارىتىلغان بولسا شۇنىڭغا لايىق ئىشلارغا مۇيەسسەر قىلىنىدۇ. بىلىڭلاركى، ئىنسانلارنىڭ رىزىقلىرى ئىنسانىنىڭ ئىلكىدە بولغان بولسا قانچىلىغان زۇلۇم، تەڭسىزلىكلەر، تاجاۋۇزلۇق ۋە بۇزۇقچىلىقلار يۈز بەرگەن بولاتتى. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، رىزىق ئىنسانلارنىڭ تەسەررۇپ قىلىشىغا تاشلاپ قويۇلغان بولسا، بىر-بىرىگە زۇلۇم قىلىپ، بەزىلىرى بەزىلىرىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتى، بەزىلىرى بەزىلىرىدىن غاپىل بولغان بولاتتى.

كەرەملىك، كۈچلۈك ۋە پۇختا رىزىق بەرگۈچى ئاللاھنى ئەيىب-نۇقسانلاردىن پاك دەيمەن. ئاللاھ زۇلۇم قىلمايدۇ، تاجاۋۇز قىلمايدۇ، ئۇنۇتمايدۇ، غاپىل قالمايدۇ، داۋاملىق نېمەتلىرىنى سان-ساناقسىز بېرىدۇ، ئېھسان قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ رەھىملىكتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَفِيٓ أَنفُسِكُمْۚ أَفَلَا تُبْصِرُونَ وَفِي ٱلسَّمَآءِ رِزْقُكُمْ وَمَا تُوعَدُونَ فَوَرَبِّ ٱلسَّمَآءِ وَٱلْأَرْضِ إِنَّهُۥ لَحَقٌّ مِّثْلَ مَآ أَنَّكُمْ تَنطِقُونَ﴾ «زېمىندا ۋە ئۆزەڭلاردا ئاللاھقا چىن ئىشەنچ قىلىدىغانلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى ۋە بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) نۇرغۇن ئالامەتلەر بار، (بۇنى) كۆرمەمسىلەر. ئاسماندا سىلەرنىڭ رىزقىڭلار بار، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان ساۋاب بار. ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، سىلەرگە ۋەدە قىلىنغان نەرسە ئۆزەڭلارنىڭ سۆزلەۋاتقىنىڭلاردەك (يەنى سۆزلىشىڭلارنىڭ ئۆزەڭلارغا ئېنىق بولغىنىدەك) ھەقتۇر»[2].

ئى مۇسۇلمانلار! رىزىقنىڭ غېمى كۆپلىگەن دىللارنى يەپ كەتتى،

[1] ھەشر سۈرىسى 18 - ۋە 19 - ئايەت.
[2] زارىيات سۈرىسى 21 - 22 - ۋە 23 - ئايەتلەر.

ئەقىللىرىنى ئوغۇرلاپ كەتتى، بەزى ئىنسانلار ئىقتىسادى داۋالغۇش، مالىيە تۇراقسىزلىقى ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلىسا قورقۇپ، ھودۇقۇپ كېتىدۇ، ئۇلار خۇددى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭ رىزىقلىرىغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى ئاڭلىمىغاندەك، ياكى ئاللاھنىڭ رىزىق بەرگۈچى ئىكەنلىكىگە ئىمانى يوقتەك چۆچۈيدۇ، ھالبۇكى ئاللاھ دۇنيادىكى ئىنسانلار، جىنلار، مۇئمىن-كاپىر، ئاجىز-كۈچلۈك، چوڭ-كىچىك بارلىق مەخلۇقلارنىڭ رىزىقلىرىغا كېپىللىك قىلغۇچىدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا مِن دَآبَّةٍ فِى ٱلْأَرْضِ إِلَّا عَلَى ٱللَّهِ رِزْقُهَا وَيَعْلَمُ مُسْتَقَرَّهَا وَمُسْتَوْدَعَهَا ۚ كُلٌّ فِى كِتَٰبٍ مُّبِينٍ﴾ ﴿يەر يۈزىدىكى ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىگە رىزىق بېرىشنى ئاللاھ (مەرھەمەت يۈزىسىدىن) ئۈستىگە ئالغان، ئاللاھ ئۇلارنىڭ تۇرار جايىنى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى روشەن كىتابتا (يەنى لەۋھۇلمەھفۇزدا) يېزىلغاندۇر﴾[1].

﴿وَكَأَيِّن مِّن دَآبَّةٍ لَّا تَحْمِلُ رِزْقَهَا ٱللَّهُ يَرْزُقُهَا وَإِيَّاكُمْ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ﴾ ﴿نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز رىزقىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ (يەنى ئۆز رىزقىنى تېپىپ يېيىشتىن ئاجىزدۇر)، ئۇلارنى ۋە سىلەرنى ئاللاھ رىزىقلاندۇرىدۇ، ئاللاھ (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

ئى مۇسۇلمانلار! بۇ دۇنيادا ھېچكىم رىزقىنىڭ كېچىپ قالغانلىقى ۋە كەم بولۇپ قالغانلىقىدىن شىكايەت قىلمىسۇن، دۇنيادا ھېچكىم يەيدىغان رىزقىنى، كۆرىدىغان ئۆمرىنى تولۇق تۈگەتمەي تۇرۇپ كەتمەيدۇ. سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە چىرايلىق رەۋىشتە رىزىق تەلەپ قىلىڭلار.

ئاللاھ دۇنياغا كەلگەن بارلىق ئىنساننىڭ رىزقىنى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن بەلگىلىۋەتكەن. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر بىرىڭلار ئانىسىنىڭ قورسىقىدا يارىتىلىش جەريانىدا 40 كۈن مەنى ھالىتىدە قالىدۇ، ئاندىن يەنە 40 كۈن ئۇيۇل قان ھالىتىدە، ئۇندىن كېيىن يەنە 40 كۈن بىر پارچە گۆش ھالىتىدە قالىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا پەرىشتىنى ئەۋەتىپ

[1] ھۇد سۈرىسى 6 - ئايەت.
[2] ئەنكەبۇت سۈرىسى 60 - ئايەت.

جان كىرگۈزىدۇ، پەرىشتە ئۇنىڭ قىز ـ ئوغۇللۇقى، رىزقى، ئەجىلى ۋە بەختلىك ياكى شەقى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت تۆت ئىشنى يازىدۇ. ئۇنىڭ رىزقى، ئەجىلى ۋە بەختلىك ياكى بەختسىزلىكى يېزىلىدۇ»[1].

ئى مۇسۇلمانلار! تۆۋەندە رىزىقنى كەڭرى قىلىدىغان ئامىللار ھەققىدە ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ۋە شەرىئەت كۆرسەتمىسى بويىچە قاراپ چىقىمىز: رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان بىرىنچى ئامىل، تەقۋالىقتۇر. كىمكى ئاللاھتىن قورقسا ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ ۋەدىسى ھەقتۇر. ﴿وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يَجۡعَل لَّهُۥ مَخۡرَجٗا وَيَرۡزُقۡهُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَحۡتَسِبُۚ وَمَن يَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسۡبُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ بَٰلِغُ أَمۡرِهِۦۚ قَدۡ جَعَلَ ٱللَّهُ لِكُلِّ شَيۡءٖ قَدۡرٗا﴾ ﴿كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ . ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەققەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾[2].

ئاللاھ ئىنسانىغا ئويلىمىغان يەردىن ۋە كۈتمىگەن شەكىلدە رىزىق بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوۡ أَنَّ أَهۡلَ ٱلۡقُرَىٰٓ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَفَتَحۡنَا عَلَيۡهِم بَرَكَٰتٖ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ وَٱلۡأَرۡضِ وَلَٰكِن كَذَّبُواْ فَأَخَذۡنَٰهُم بِمَا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ﴾ ﴿(پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ھالاك قىلىنغان) شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ئىمان ئېيتقان ۋە (كۇفرىدىن ، گۇناھلاردىن) ساقلانغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئۇلارنى ئاسمان- زېمىننىڭ پاراۋانلىقلىرىغا مۇيەسسەر قىلاتتۇق ، لېكىن ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلدى، شۇڭا ئۇلارنى ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلدۇق﴾[3].

رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىككىنچى ئامىل، تۆۋە- ئىستىغفارنى كۆپ قىلىش ھەمدە داۋاملاشتۇرۇشتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَٰقَوۡمِ ٱسۡتَغۡفِرُواْ رَبَّكُمۡ ثُمَّ تُوبُوٓاْ إِلَيۡهِ يُرۡسِلِ ٱلسَّمَآءَ عَلَيۡكُم مِّدۡرَارٗا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.
[2] تالاق سۈرىسى 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەت.
[3] ئەئراف سۈرىسى 96 ـ ئايەت.

وَيَزِدْكُمْ قُوَّةً إِلَىٰ قُوَّتِكُمْ وَلَا تَتَوَلَّوْا مُجْرِمِينَ﴾ ﴿«ئى قەۋمىم! پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغفىرەت تىلەڭلار، ئاندىن ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىڭلار، سىلەرگە ئۇ كۆپ يېغىن ياغدۇرۇپ بېرىدۇ، سىلەرگە تېخىمۇ كۈچ- قۇۋۋەت بېرىدۇ، سىلەر گۇناھقا چۆمگەن ھالدا (مېنىڭ دەۋىتىمدىن) يۈز ئۆرۈمەڭلار﴾[1].

رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئۈچىنچى ئامىل، ئاللاھقا ئۆز لايىقىدا تەۋەككۈل قىلىشتۇر. ئىنسان قەلبىنى ئاللاھقا تاپشۇرسا ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھقىلا تەۋەككۈل قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىپ بېرىدۇ ۋە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ. بەزى سەلەف ئالىملىرى: ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلغىن، رىزقىڭ تەكەللۇپسىز ۋە چارچىماستىن ئالدىڭغا كېلىدۇ، دېگەن. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىش، دۇنيا تېپىش يولىدا سەۋەب قىلىشقا زىت ئەمەس، چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ھېچ بىرىڭلار: ئى ئاللاھ! ماڭا رىزىق بەرگىن دەپ قويۇپ، رىزىق تەلەپ قىلماستىن ياتمىسۇن! بىلىڭلاركى، ئاسمان ئالتۇن- كۈمۈش ياغدۇرمايدۇ».

ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىشنىڭ ئورنى قەلبتۇر. تىرىشچانلىق بولسا ئەزالارنىڭ ۋەزىپىسى. ئىشلارنىڭ قىيىن بولۇشى ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن ۋە ئاسان بولۇشىمۇ ئاللاھنىڭ ئاسانلاشتۇرىشى بىلەن بولىدۇ. بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: مەن تۆگەمنى باغلىماي قويۇۋېتىپ، ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلىمەن، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەن تۆگەڭنى باغلاپ قويغىن، ئاندىن ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۈل قىلغىن» دېگەن.

رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان تۆتىنچى ئامىل، ئۇرۇق- تۇققانلارغا سىلە-رەھىم قىلىشتۇر، چۈنكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رىزقى كەڭ بولۇشتىن خۇشاللىنىدىغان ۋە ئۆمرى ئۇزۇن بولۇشنى خالايدىغان ئادەم، تۇققانلىق رىشتىسىنى چىڭىتسۇن» دېگەن[2].

سىلە- رەھىمنىڭ تەسىرى ئاجايىب كۈچلۈكتۇر، ئۇنىڭ مۇسى رىزقىنىڭ

[1] ھۇد سۈرىسى 52 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

كەڭ بولۇشتا ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. تۇققانلىق رىشتىسىنى چىڭىتقان ئادەمنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ، باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ ۋە يامان ئاقىۋەتتە ئۆلمەيدۇ. ئىبنى ھىببان رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «تائەت-ئىبادەتتە ساۋابى ئەڭ تېز ئەمەل سىلە-رەھىمدۇر. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بەزىسى پاسىق-پاجىر بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئەگەر تۇققانلىق رىشتىسىنى چىڭىتسا بايلىقى كۆپ ۋە رىزقى كەڭ بولىدۇ، تۇققانلىق رىشتىسى مۇستەھكەم بولغان ئائىلە موھتاج بولمايدۇ».

رىزقىنىڭ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان بەشىنچى ئامىل چىقىم قىلىشتۇر. كىمكى پۇل خەجلىسە ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ رَبِّي يَبْسُطُ ٱلرِّزْقَ لِمَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ وَيَقْدِرُ لَهُۥ ۚ وَمَآ أَنفَقْتُم مِّن شَىْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُۥ ۖ وَهُوَ خَيْرُ ٱلرَّٰزِقِينَ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «ھەقىقەتەن، پەرۋەردىگارىم قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى كەڭ قىلىشنى خالىسا ئۇنى كەڭ قىلىدۇ (قايسى بەندىسىنىڭ رىزقىنى تار قىلىشنى خالىسا ئۇنى) تار قىلىدۇ، (ئاللاھنىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى ئاللاھ تولدۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇ رىزق بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر»﴾[1].

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى تۈرلۈك ئىش ئاللاھتىن، يەنە ئىككى تۈرلۈك ئىش شەيتاندىندۇر. شەيتان سىلەرگە پېقىرلىققا ۋەدە قىلىدۇ، داۋاملىق پۇل خەجلىمە، چىقىم قىلما، سەن پۇلغا موھتاج دەپ تۇرىدۇ ۋە يامان قىلىق، ناچار ئىشلارغا زورلايدۇ. ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە بولسا گۇناھلىرىڭلارنى مەغفىرەت قىلىشقا ۋە رىزقىڭلارنى كەڭ قىلىشقا ۋەدە قىلىدۇ».

بىر ھەدىسى قۇدۇسىدا، ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ئى ئادەم بالىسى! چىقىم قىل، مەن ساڭا چىقىم قىلىمەن»[2].

بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر كۈنى سەھەردە ئىككى پەرىشتە چۈشۈپ: ئى ئاللاھ! خەجلىگەنگە بەر،

[1] سەبەئ سۈرىسى 39 - ئايەت.
[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

پىخسىقلارنىڭ دۇنياسىنى يوقاتقىن، دەپ دۇئا قىلىدۇ»[1].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھ يولىدا چىقىم قىلىڭلار، ئائىلەڭلارغا چىقىم قىلىڭلار، سەدىقە ئېھسانىنى كۆپ قىلىڭلار ۋە ياخشى ئىشلارغا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىدىن خەجلەڭلار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لِيُنفِقۡ ذُو سَعَةٖ مِّن سَعَتِهِۦۖ وَمَن قُدِرَ عَلَيۡهِ رِزۡقُهُۥ فَلۡيُنفِقۡ مِمَّآ ءَاتَىٰهُ ٱللَّهُۚ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا مَآ ءَاتَىٰهَاۚ سَيَجۡعَلُ ٱللَّهُ بَعۡدَ عُسۡرٖ يُسۡرٗا﴾ ﴿باي ئادەم (ئايالىنى ۋە بالىسىنى) ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا تەمىنلىسۇن، رىزقى تار ئادەم ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا تەمىنلىسۇن (يەنى ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا يارىشا خىراجەت قىلسۇن). ئاللاھ ئىنساننى پەقەت تاقىتى يېتىدىغان ئىشقىلا تەكلىپ قىلىدۇ (يەنى پېقىر ئادەمنى باينى تەكلىپ قىلغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ)، ئاللاھ قىيىنچىلىقتىن كېيىن ئاسانلىقنى بېرىدۇ (يەنى پېقىرلىقتىن كېيىن بايلىقنى بېرىدۇ)﴾[2].

رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئالتىنچى ئامىل، ئاجىز-مىسكىنلەر ۋە موھتاجلارغا ياردەم بېرىشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە: «سىلەرگە پەقەت ئاراڭلاردىكى ئاجىزلىرىڭلارنىڭ يۈزىدىن نۇسرەت بېرىلىدۇ ۋە رىزىق بېرىلىدۇ» دېگەن.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ھازىرقى ئېچىنارلىق ئەھۋاللىرى، كۆپلىگەن قېرىنداشلىرىمىزنى ئېغىر كۈلپەتلەرگە مۇبتىلا قىلدى، شۇلارنى يوقلاڭلار، ياردەم قوللىرىڭلارنى سۇنۇڭلار، ئاللاھ يولىدا شۇلارغا چىقىم قىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە بەرىكەت ئاتا قىلىدۇ، سۇرىيەدىكى قېرىنداشلىرىڭلارغا ياردەملىرىڭلارنى ئايىماڭلار، سېخىيلىقىڭلارنى سۇرىيەدە كۆرسىتىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە بەرىكەت بېرىدۇ، ئامانلىقىڭلارنى مۇستەھكەملەيدۇ، رىزقىڭلارنى كەڭ قىلىپ بېرىدۇ.

ئەبى ھازىرمدىن بىرسى: سىزنىڭ رىزقىڭىز نېمە؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئاللاھتىن رازى بولۇش ۋە كىشىلەردىن بىھاجەت بولۇش» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىكەن.

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] تالاق سۈرىسى 7 ـ ئايەت.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى مۇسۇلمانلار! رىزىقنىڭ كەڭ بولۇشىنىڭ تولا سەۋەبى ئاللاھنىڭ دىنىدا ئاداشماستىن، مۇستەھكەم تۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، رىزقى كەڭ بولۇشنى خالىغان ئادەم، دىنغا مۇستەھكەم ئېسىلىشى ۋە گۇناھ-مەئسىيەتلەردىن يىراق بولۇشى لازىم، چۈنكى گۇناھ-مەسىيەت ئارقىلىق ئىنسان رىزىقتىن مەھرۇم قىلىنىشى مۇمكىن.

# ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كېسەللىكى ۋە ئۇنى داۋالاش چارىسى

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(28/04/1435ھ = 28/02/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلام ئۈممىتىنىڭ كېسەللىكى ۋە ئۇنى داۋالاش چارىسى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى: ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَقُولُواْ قَوْلًا سَدِيدًا يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَٰلَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ ۗ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدْ فَازَ فَوْزًا عَظِيمًا﴾ ﴿ئى مۇئمىنلار ئاللاھتىن قورقۇڭلار! توغرا سۆزلەرنى قىلىڭلار. ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى ياخشىلايدۇ، گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرۈم قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدىكەن، بۈيۈك غەلىبە-ئىنئامغا ئېرىشكەن بولىدۇ﴾[1].

ھەممىڭلار ئاللاھ تەرىپىگە قايتىسىلەر، ئاخىرەتكە بارماي چارەڭلار يوق. كۈنلەر ئەجەللىرىڭىزنى سۆرەپ چاقماق تېزلىكىدە ئۆتمەكتە، جانلىرىمىز بۇ دۇنيادىن يالىڭاچ ھالدا قايتىدۇ، ئاللاھ تەرىپىگە بولغان دەرۋازىلار ھازىرغىچە ئوچۇق. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ۋەدىلەر ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلار بار. ئاللاھ تائالا زالىملارغا كۆزەتچىدۇر ۋە ئىتائەتمەنلەرگە تۈگىمەس رىزىق بەرگۈچىدۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! دۇنيا بۇ كۈنلەردە سىياسىي، مىللى، دىنى ۋە ئىقتىسادى توقۇنۇش ئىچىدە ياشىماقتا، پەقەت ئىنسانلارنىڭ شەخسى ھەۋەسلىرى

[1] ئەھزاب سۈرىسى 70 ـ ۋە 71 ـ ئايەت.

ئۇچۇنلا ئىچىنارلىق كىرىزىسلارغا دۇچ كەلمەكتە، مۇستەبىتلار ئۆزىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ئۈچۈنلا زۇلۇم-ئىسكەنجىلەرنى يۈرگۈزمەكتە ۋە ئۇرۇش ئوتلىرىنى قوزغىماقتا. مىڭلىغان بىگۇناھ ئىنسانلار ئۆلتۈرۈلۈپ، دىيارلار ۋەيران بولماقتا. ئەمىليەتتە پۈتۈن دۇنيانىڭ تىنىچلىقى داۋالغۇشقا يۈزلىنىپ مۇسۇلمانلار چۈشكۈنلەشمەكتە. مەزكۇر بالايى-مۇسىبەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئۇلار ئاجىزلاشماقتا، بارلىق مىللەتلەر سۈيقەستلىرىنى مۇسۇلمانلارغىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ بەزى زېمىنلىرىنى ئىشغال قىلماقتا ۋە ئۇلارنىڭ بايلىقلىرىنى تالان-تاراج قىلماقتا، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى بوغۇلماقتا.

دۈشمەنلەرنىڭ سۈيقەستلىرى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە بېقىندىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىپ، ئۇلارنى ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىۋاتماقتا. ۋاھالەنكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەرەپلىرىمىز ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ئامىللىرى مۇسۇلمانلاردا باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا تولىمۇ كۈچلۈكتۇر.

مۇسۇلمانلارنىڭ بۈگۈنكى رېئاللىقىنى ئەھزاب كۈنىدىكى ئەھۋالغا تامامەن ئوخشىتىشىمىز مۇمكىن، ئاللاھ تائالا ئەھزاب كۈنى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذۡ جَآءُوكُم مِّن فَوۡقِكُمۡ وَمِنۡ أَسۡفَلَ مِنكُمۡ وَإِذۡ زَاغَتِ ٱلۡأَبۡصَٰرُ وَبَلَغَتِ ٱلۡقُلُوبُ ٱلۡحَنَاجِرَ وَتَظُنُّونَ بِٱللَّهِ ٱلظُّنُونَا۠﴾ ﴿ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يۇقىرى تەرىپىڭلاردىنمۇ، تۆۋەن تەرىپىڭلاردىنمۇ (ھۇجۇم قىلىپ) كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا كۆزۈڭلار چەكچىيىپ قالغان، يۈرىكىڭلار ئاغزىڭلارغا قاپلىشىپ قالغان ۋە ئاللاھ ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلاردا بولغان ئىدىڭلار﴾[1].

مۇبارەك زېمىن مەسجىدىل ئەقسا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى، ئىززەتلىك شام ۋە ئۇنىڭ ئاھالىسى، بىرما، ئوتتۇرا ئافرىقا ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلىگەن مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارلىرى دۈشمەنلەرنىڭ سۈيقەستلىرىگە دۇچ كېلىپ، ئىشغال قىلىنىۋېلىندى، شەرق-غەربنىڭ دۈشمەنلىرى ئولىشىۋالغان پەلەستىننىڭ مۇستەملىكىسى ھازىرغىچە مۇسۇلمانلارنى مەشغۇل قىلىپ

[1] ئەھزاب سۈرىسى 10 - ئايەت

كەلمەكتە. مۇسۇلمانلار بىر مەسىلىگە تۇتۇش قىلغان ھامان، دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ بىشىغا يېڭى بىر مۇسىبەت پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ، دۈشمەنلەر مىلىيونلارچە مۇسۇلمانلارنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغاش ئۈچۈن، قۇتراتقۇلۇق ۋە كۈشكۈرتۈش جىنايەتلىرىنى سادىر قىلماقتا. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىنقىلابلار چاقماق تېزلىكىدە قوزغىلىدۇ، ئەمما يەنە تېزلىكتە ئۆچۈپ قالىدۇ، ئىسلام ئۈممىتى بۈگۈن قازان قايىنىغاندەك قايىنىماقتا، دۈشمەنلەر بۇنى سەزگەنلىكى ئۈچۈن بارلىق دۈشمەنلەر بىرلىكتە مۇسۇلمانلارنىڭ باش كۆتۈرىشىگە قارشى بىرلىك ھاسىل قىلماقتا، روھى مەرەز كىشىلەرنىڭ پەسكەشلىكلىرىگە تايانغان ئاساستا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى يوق قىلىۋېتىشكە تىرىشماقتا. بۈگۈنكى كۈندە بىر مىليارد مۇسۇلمان خەلقئارالىق ئېغىر ئىمتىھانغا دۇچ كەلمەكتە، بۇ ئاللاھنىڭ بىر ئىمتىھانى بولۇپ، ئاقىۋەتتە ئاللاھ ئۆزى ئىرادە قىلغان تەقدىر يۈز بەرمەي چارە يوق.

ئى مۇسۇلمانلار! ئىسلام ئۈممىتى ئۇزۇن تارىختىن بۇيان، دۇنيا سەھنىسىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەپ، ئۇزۇن مۇددەت دۇنياغا ھۆكۈم سۈرگەن ھەمدە داۋاملىق ئۈستۈن بولۇشقا ئەرزىيدىغان ئۈممەت ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئىسلام ئۈممىتى دۇنياغا خوجا بولغاندا دۇنيا تىنچلىقى مۇقىملاشقان، كىشىلەر ئادالەت ئىچىدە ياشىغان، ئاللاھ تەرەپكە ھىدايەت تاپقانلار كۆپەيگەن، زېمىن بەخت-سائادەت سەۋەبلىرىنى ھەل قىلىشتا ئاسمانغا ئۇلاشقان. مۇسۇلمانلارنىڭ مەسئۇللىرى، ئالىملىرى ۋە زىيالىيلىرى ئۈممەتنىڭ ھەقىقىتى ۋە دەرىجىسىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۈممەتكە باشچىلىق قىلىش يولىدا قۇربان بېرىپ، مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلدى ھەمدە سەۋرگە تەۋسىيە قىلدى. شۇڭا ئۇلار نېمەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۈممەت ئورتاق پايدىلاندى. باياشاتلىقنىڭ تەسىرى ھايۋانلارغىمۇ يەتمەي قالمىدى.

بۈگۈن ۋەزىيەت تەتۈر كەلدى، ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەتنى بېسىۋالدى، ماددىي مەنپەئەت ئۇتتۇرىغا چىقتى، ئەمما ئەخلاق چېكىندى. بۇ دىننى كۆتۈرىدىغانلارنىڭ كۆپ قىسمىغا روھى چۈشكۈنلۈك يەتتى، ئۇلارغىمۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ كېسىلى يۇقتى. مۇسۇلمان ھاكىملارنىڭ كۆپلىرى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدى. ئۈممەتنىڭ ئىشى پارچىلىنىپ، ئۇلار

چۈشكۈنلەشتى ۋە ئۇتى ئۆچتى ھەمدە مىللەتلەر ئارىسىدا گېپى ئۆتمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. كىشىلەر ھىدايەتنى جاھىللاردىن، توغرا يولنى باشقىلاردىن سورايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ماددىزىمنىڭ مەھسۇلاتىغا بېرىلىپ كەتتى، شۇڭا تېخىمۇ ئېزىپ ھالاكەت يولىغا قاراپ ماڭدى. ھەقىقەت شۇكى، ئەسلى مەسىلە دىندا ئەمەس، بەلكى دىن ئەھلىدە ۋە دىننى كۆتۈرۈش شەرىپىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلغانلاردا بولۇپ قالدى.

ئىسلام مەشئىلى ئۆچكىنى يوق، بىراق كۆتۈرگۈچىلەر ھېرىپ-چارچىغان، كۆز كىرىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، كۆز نۇرىنى كۆرىدىغان كۆزلەر كۆرمەس بولۇپ قالغان. بىلىش كېرەككى، بۇ دىن يوقىلىدىغان دىن ئەمەس! ئۇ تەدرىجى يوقۇلۇپ كېتىشنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ، گەرچە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئېزىپ كەتسىمۇ ئۇ مۇستەھكەم تۇرىدۇ. دىن ھەققىدە بىر ئەۋلات بىپەرۋالىق قىلسىمۇ، ئاللاھ يەنە بىر ئەۋلاتنى ئەۋەتىپ يېڭىلاتتۇرىدۇ. مەزكۇر ئەھۋاللار بىزدىن پەقەت تەپەككۇر قىلىش ۋە چىقىش يولى ئىزدەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۈممەتنىڭ قايتا يۈكسىلىشى ئۈچۈن، مۇستەھكەم پىلان تۈزۈش ئارقىلىق، ئۈممەتنى پىتنىلەر، ئۇرۇشلار، كەمبەغەللىك، موھتاجلىق، كېسەللىك ۋە جاھالەتتىن قۇتقۇزۇپ قېلىش كېرەك.

مىللەتلەر ئارىسىدا بولىۋاتقان توقۇنۇش، يېڭىش-يېڭىلىش توقۇنۇشى بولماستىن، بەلكى ئۇ ھايات-مامات توقۇنۇشىدۇر. بىز ھازىر سىياسەت ۋە ئىقتىساد مونوپوللىقىدىن بۇرۇن، تەپەككۇر ۋە ئىدىئولوگىيە مونوپوللىقىدا ھەمدە مۇستەمزورلار ئۆزىنىڭ ئىدىئولوگىيىسىنى كۈچ ئارقىلىق باشقىلارغا تاڭىدىغان بىر زاماندا ياشىماقتىمىز. مۇسۇلمانلارنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالىشىنىڭ مۇھىم ئامىلى ئۆز-ئارا ھەمكارلىشىشتۇر. چۈنكى ئەتراپىمىزدىكى دۇنيا بىر گەۋدىلىشىشكە قاراپ كېتىپ بارىدۇ ۋە پەقەت كۈچلۈكلەرگىلا ھۆرمەت قىلىنىۋاتىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتى ئىسلام دىنىدىن باشقىنى ئەقىدە سۈپىتىدە، تۈزۈم دەپ قوبۇل قىلمايدۇ. مۇسۇلمانلار خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن، ھەقىقى قېرىنداشلىق، سەممىيەت ۋە ئادالەتكە موھتاج، چۈنكى ئۇلار شۇ چاغدىلا تىنچلىق ئىچىدە ياشىيالايدۇ ۋە ئاللاھ تائالاغا بىخەتەر ھالدا ئىبادەت

قىلالايدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! ئۈملۈك ۋە ھەمكارلىق ئىنسان تەبىئىتىدىكى تۇغما قابىلىيەت، ئىبسىل ئىسلام ئەخلاقى ۋە ئىلاھىي بۇيرۇقتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا يَجۡرِمَنَّكُمۡ شَنَـَٔانُ قَوۡمٍ أَن صَدُّوكُمۡ عَنِ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِ أَن تَعۡتَدُواْۘ وَتَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡبِرِّ وَٱلتَّقۡوَىٰۖ وَلَا تَعَاوَنُواْ عَلَى ٱلۡإِثۡمِ وَٱلۡعُدۡوَٰنِۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۖ إِنَّ ٱللَّهَ شَدِيدُ ٱلۡعِقَابِ﴾ ﴿بىرەر قەۋم (يەنى مۇشرىكلار) نىڭ سىلەرنى مەسجىدى ھەرام (زىيارىتى) دىن توسقانلىقىدىن ئىبارەت دۈشمەنلىكى ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئۇلارغا چېقىلىشىڭلارغا سەۋەبچى بولمىسۇن، ياخشى ئىشقا ۋە تەقۋادارلىققا ياردەملىشىڭلار، گۇناھقا ۋە زۇلۇمغا ياردەملەشمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئازابى ھەقىقەتەن قاتتىقتۇر﴾[1].

﴿وَٱعۡتَصِمُواْ بِحَبۡلِ ٱللَّهِ جَمِيعٗا وَلَا تَفَرَّقُواْۚ وَٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتَ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ إِذۡ كُنتُمۡ أَعۡدَآءٗ فَأَلَّفَ بَيۡنَ قُلُوبِكُمۡ فَأَصۡبَحۡتُم بِنِعۡمَتِهِۦٓ إِخۡوَٰنٗا وَكُنتُمۡ عَلَىٰ شَفَا حُفۡرَةٖ مِّنَ ٱلنَّارِ فَأَنقَذَكُم مِّنۡهَاۗ كَذَٰلِكَ يُبَيِّنُ ٱللَّهُ لَكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ﴾ ﴿ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار) ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئۆز - ئارا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى، ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆز - ئارا قېرىنداش بولدۇڭلار، سىلەر دوزاخ چوقۇرىنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى (ئىسلام ئارقىلىق) ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە شۇنداق بايان قىلىدۇ﴾[2].

[1] مائىدە سۈرىسى 2 ـ ئايەت.

[2] ئالى ئىمران سۈرىسى 103 ـ ئايەت.

# مەنمەنچىلىكنىڭ خەتىرى ۋە ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرى

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(06/05/1435ھ = 07/03/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مەنمەنچىلىكنىڭ خەتىرى ۋە ئۇنىڭ سەلبىي تەسىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. مەن ئۆزۈمگە ئاللاھ ئەۋۋەلقىلەرگە ۋە ئاخىرقىلارغا تەۋسىيە قىلغاننى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۗ وَلَقَدۡ وَصَّيۡنَا ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ مِن قَبۡلِكُمۡ وَإِيَّاكُمۡ أَنِ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ وَإِن تَكۡفُرُواْ فَإِنَّ لِلَّهِ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَمَا فِي ٱلۡأَرۡضِۚ وَكَانَ ٱللَّهُ غَنِيًّا حَمِيدًا﴾ ﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە سىلەرگە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق، ئەگەر كاپىر بولساڭلار (كۇفرىڭلار ئاللاھقا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ)، ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر ئاللاھنىڭ (مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر). ئاللاھ (مەخلۇقاتتىن) بىھاجەتتۇر، مەدھىيىگە لايىقتۇر﴾[1].

سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئۇنى ئاشكارا ـ مەخپىي ھاللاردا، خۇشاللىق ـ غەزەپلىك چاغلاردا كۆزەتچى دەپ بىلىڭلار! ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىڭلار، شۈكۈر

[1] نىسا سۈرىسى 131 ـ ئايەت.

قىلىڭلار، سىلەر ئاخىرى ئاللاھ تەرىپىگە قايتىسىلەر.

پەقەت تۆت ھەرىپلا بولۇپ بەش ھەرپ ئەمەس، مەزكۇر ھەرپلەرنىڭ پالتا كەبى تېكىستى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى، مۇستەھكەم بىر جەمئىيەتتىكى شەخسلەردىن قايسى بىرىنىڭ بېشىغا تېگىدىكەن، تەۋرەنمەي قالمايدۇ، بەلكى باشىنى يېرىشى مۇقەررەر. ئۇ پەقەت تۆت ھەرىپلا بولغان بىلەن مەنا جەھەتتىن بىر قانچە تۇم كىتابقا باراۋەر كېلىدۇ، بۇ تۆت ھەرپ بولسا كۆپلىگەن جەمئىيەتلەرنىڭ بوغۇزىغا سانچىلغان تىكەندۇر، ئۇ دەۋەتچى ۋە نەسىھەتچىلەرنىڭ ئاۋازىنى بوغقان ھەمدە كۆپلىگەن جەمئىيەتلەرنىڭ ئەخلاقىغا داغ تەككۈزگەن سۆز بولۇپ، ئەرەبچىدە «ئەسەرە» ياكى «ئەنانىيە» يەنى، مەنمەنچىلىك ياكى مەنپەئەتپەرەسلىك، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بەزى زىيالىلارنىڭ ئارىسىدا «مەن» ياكى ئۆزىنىلا كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ ئىسمىلىرىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە قانداق ئاتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەسلى مەنىسى پەقەت بىردۇر.

«مەنمەنچىلىك» پەقەت ئۆزىنىلا ياخشى كۆرۈش، باشقىلارنىڭ ھەق-ھوقۇقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش، نەپسانىيەتچىلىك قىلىش ۋە ئۆزىنى كۆتۈرۈپ، باشقىلارنى چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت ناچار ئىللەتتۇر. مەنمەنچىلىك ئىنساننىڭ كۆزىنى كور ۋە ئەقلىنى قاراڭغۇ قىلىدۇ. ئۆز مەنپەئىتىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان «مەنمەنچى» ئىنسان، ھەر قانداق شەيئىلەرگە پەقەتلا تار دائىرىدىنلا قارايدۇ. نەدىن قارىسۇن، پەقەت ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنىلا كۆرىدۇ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتلىرىنى چۆرىۋېتىدۇ.

مەنمەنچىلىكنىڭ قامۇسىدا ئائىلە ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتى دېگەن ئىبادىلەر ئورۇن ئالمايدۇ. تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتىدىن باشقا پۈتۈن دۇنيانىڭ مەنپەئەتى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. ۋەھالەنكى ئاللاھ شەخسىيەتچى ئىنسانغا ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىتىشنى ھارام قىلغاندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ مەشھۇر ھەدىسىدە: «ھەر بىرىڭلار ئۆزىگە ياخشى كۆرگەن نەرسىنى دىنى قېرىندىشىغىمۇ ئوخشاشلا ياخشى كۆرمىگۈچە

مۇئمىن بولالمايدۇ» دېگەن[1].

«مەن» سۆزى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن پەخىرلىنىشى بىلەن باشلانسا، ئاستا ـ ئاستا چوڭچىلىققا قاراپ ماڭىدۇ ـ دە، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي ئۆسمىگە ئايلىنىدۇ. مەنمەنچى تەدرىجى ھالدا «مەن» دىن باشقىنى دېيەلمەيدىغان، «ماڭچۇ» دېگەندىن باشقىسى خوش ياقمايدىغان، نەگە بارسا، نېمە ئىش قىلسا، پەقەت ئۆز مەنپەئەتىنىلا ئويلايدىغان بولۇپ، ئاخىرى پىرئەۋنغا ئوخشاش سۆزلەرنى قىلىدۇ، ئاللاھ تائالا پىرئەۋن ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَقَالَ أَنَا۠ رَبُّكُمُ ٱلۡأَعۡلَىٰ﴾ «پىرئەۋن ئېيتتى: «مەن سىلەرنىڭ بۈيۈك پەرۋەردىگارىڭلار بولىمەن»»[2].

مەنمەنچى كىشى ھەتتاكى نەمرۇدقا ئوخشاش: «پەقەت مەن تىرىلدۈرىمەن ۋە مەنلا ئۆلتۈرىمەن» دەيدىغان يەرگە يېتىدۇ. «مەنمەنچىلىك» نىڭ تۇنجى ئىگىسى بولغان ئىبلىسمۇ ئاللاھقا بويۇنتاۋلۇق قىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: ﴿قَالَ مَا مَنَعَكَ أَلَّا تَسۡجُدَ إِذۡ أَمَرۡتُكَۖ قَالَ أَنَا۠ خَيۡرٞ مِّنۡهُ خَلَقۡتَنِي مِن نَّارٖ وَخَلَقۡتَهُۥ مِن طِينٖ﴾ «ئاللاھ (ئىبلىسقا): «سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟» دېدى. ئىبلىس: «مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ» دېدى»[3].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ھەر قانداق بىر جەمئىيەتنىڭ ھۆرمىتى ئۇنىڭ ئەخلاقىغا باغلىق. جەمئىيەتتىكى ھەر بىر شەخس، ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ بىر پارچىسى دەپ ھېس قىلمىسا، ئۆزىنى يالغۇز بىر جەمئىيەت دەپ قارايدۇ، بۇ بولسا ئېچىنارلىق مەنمەنچىلىكتۇر. «مەن» دىن باشقىنى بىلمەيدىغان جەمئىيەت تەرەققىي قىلالمايدۇ. جەمئىيەت بىر ئائىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئائىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئائىلە شەخسلىرى ئورتاق ھەسسە قوشىدۇ. ئائىلىنى گۇللەندۈرۈشتە مەنمەنچىلىك بولمايدۇ. ئۆزىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان شەخس ياكى جەمئىيەت ياكى دۆلەت روناق تاپالمايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] نازىئات سۈرىسى 24 ـ ئايەت.
[3] ئەئراپ سۈرىسى 12 ـ ئايەت.

بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىدىغانلار پاراخۇتتىكى چىققان يولۇچىلارغا ئوخشايدۇ، بەزىلەر ئۈستى قەۋەتتە، بەزىلەر بولسا ئاستى قەۋەتتە ئولتۇرىدۇ، ئاستى قەۋەتتە ئولتۇرغانلار ئۈستى قەۋەتكە چىقماستىن، ئۈستىدىكىلەرگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرمەيمىز، دەپ ئولتۇرغان يېرىدىن تېشىپ سۇ چىقىرىش ئۈچۈن، پاراخۇتنىڭ ئاستىنى تەشسە، ئۈستىدىكىلەر ئۇلارغا يول قويسا، پاراخۇتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھالاك بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلىشقا ئۈستىدىكىلەر يول قويماستىن، ئۇلارنى توسۇپ قېلىپ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشقا ھەمكارلاشسا، ھەممىسى قۇتۇلۇپ قالىدۇ»[1].

ئى بۇرادەرلەر! ئەگەر پاراخۇتنىڭ ئۈستىدىكىلەر: بىزنىڭ نېمە ئىشىمىز؟ ئۇلار تەشسە ئۆزى تۇرغان يەرنى تېشىپتۇ، دەپ ئۇلارنى توسماستىن ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋەتسە، ئاستىدىكىلەر ۋە ئۈستىدىكىلەر ھەممىسى بىردەك سۇغا غەرق بولۇپ تۈگەيدۇ. دېمەك، ئاممىنىڭ، ئۈممەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتلىرىدە مەنمەنلىك قىلىشقا يول يوق، ھەركىم خالىغاننى قىلىشقىمۇ يول قويۇلماسلىقى كېرەك.

ئىسلام شەرىئىتى، ئىنساننىڭ روھىي ھالىتى ۋە مەنىۋىيىتىنى كۆتۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرگەن، بولۇپمۇ تەكەببۇرلۇق، مەغرۇرلۇق ۋە ئۆزىنىلا كۆرۈشتەك سەلبىي ئىللەتلەر سەۋەبىدىن شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا دادامنىڭ قەرزى توغرىلىق بارغان ئىدىم، ئىشىكنى چەكسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم؟» دېدى. مەن: «مەن» دېسەم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن» «مەن» دەپ، مېنىڭ: «مەن» دېگەنلىكىمنى يامان كۆرگەندەك ئىپادە بىلدۈرگەن»[2].

گەرچە «مەن» دېگەن سۆز بىزنىڭ كۈنلۈك ھاياتىمىزدا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، بۇ سۆزنىڭ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشتىن بەكرەك باشقا غەرىزى بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە مېھرىبان ۋە كەمتەر بولۇشنى تەۋسىيە قىلغان ھەمدە مەغرۇرلۇق، ئۆزىنىلا كۆرۈش ۋە

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

شەخسىيەتچىلىك ئىللەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان.

مەنمەنچىلىك، ئائىلە، قولۇم-قوشنا، دوست-بۇرادەر، مائارىپ ساھەسى، تىجارەت ساھەلىرى ۋە زىيالىلار ساھەلىرى قاتارلىق كۆپ ساھەلەردە كەڭرى تارقالغان بولۇپ، نەتىجىدە ھەمكارلىق روھى ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يېيىش روھىنى ئۆلتۈرۈپلا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەنمەنچىلىك باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە شاپائەت قىلىش روھىنى ئۆلتۈرۈپ، پاراخورلۇق، ئالدامچىلىق ۋە قويمىچىلىق ئىللىتىنى ئومۇملاشتۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە، بىرىنچىنى بىلمەستىن پەقەتلا ئىبلىسنى ھارام قىلغان بولسىمۇ، ئۇ مەنمەنچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك، ئىنساپسىزلىق ۋە ھەممىنى ئالسامچۇ ئىللەتلىرىنى كۆچەيتىدۇ. جەمئىيەتنى ۋەيران قىلىدىغان ئاپەت دەل شۇ يەردە. ئىبنى قەييۇم جەۋزى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى: «ئىنسان، مەن، مېنىڭ ۋە مەندە دېگەنلەردىن ساقلانسۇن، مەزكۇر ئۈچ تۈرلۈك سۆز، ئىبلىس، پىرئەۋن، قارۇن ۋە ھامانلار مۇبتىلا بولغان سۆزلەردۇر» دېگەن.

ئۆلگىمىز ۋە يولباشچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھە! ئۇ ئۈممىتىنى مەنمەنچىلىككە مەنمەنچىلىك بىلەن تاقابىل تۇرۇشتىن توسقان ۋە ئىللەتنى ئىللەت بىلەن داۋالاشتىنمۇ توسقان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنى ياخشىلىقتىن باشقىغا باشلىمايدۇ ۋە يامانلىقتىن باشقىدىن ئاگاھلاندۇرمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر مەندىن كېيىن مەنمەنچىلىكنى ۋە سىلەر يامان كۆرىدىغان ئىشلارنى كۆرىسىلەر» دېگەندە، ساھابىلار: شۇ چاغدا بىزنى نېمىگە بۇيرۇيدىلا ئى رەسۇلەللاھ؟! دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارغا ھەققىنى بېرىڭلار ۋە ھەققىڭلارنى ئاللاھتىن تىلەڭلار». يەنە بىر رىۋايەتتە: «ماڭا ئۇچراشقۇچە (قىيامەتكىچە) سەۋر قىلىڭلار» دېگەن[1].

ئاللاھ ماڭا ۋە سىلەرگە بەرىكەت بەرسۇن، قۇرئان ھەدىسلەردىن پايدىلانغىلى نېسىپ قىلسۇن، توغرا قىلغان بولسام، ئاللاھتىن، خاتالاشقان بولسام، ئۆزۈمدىن ۋە شەيتاندىندۇر.

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.

## ئىككىنچى خۇتبە:

ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمگە دۇرۇت ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىسلام بىر نەرسىنى تەنقىتلىسە، ئۇنىڭ ئەكسىنى ماختايدۇ، «مەن» سۆزىنىڭمۇ بەزىدە ماختايدىغان تەرىپى بولىدۇ. ئۇ سۆز تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق تەرەپلەردە تەنقىتلەنسە، ياخشىلىققا ئالدىراش ۋە باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى تالىشىشتەك ئورۇنلاردا ماختىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَ ٱلَّذِى نَجَا مِنْهُمَا وَٱدَّكَرَ بَعْدَ أُمَّةٍ أَنَا۠ أُنَبِّئُكُم بِتَأْوِيلِهِۦ فَأَرْسِلُونِ﴾ ﴿ھېلىقى ئىككىسىدىن (تۈرمىدىن) قۇتۇلغان ۋە ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (يۇسۇفنى) ئەسلىگەن بىرسى: «مەن سىلەرگە بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، مېنى (يۇسۇفنىڭ يېنىغا) ئەۋەتىڭلار» دېدى﴾[1].

«مەن» سۆزى ماختىلىدىغان ئەڭ ياخشى ئورۇن، مەن ئۆز مەنپەئەتىمدىن قېرىندىشىمنىڭ مەنپەئىتىنى ئەۋزەل كۆرەلەيمەن دېگەن ئورۇندۇر. تەرجىمىھال كىتابلىرىدا كېلىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافە ساھابىلارنىڭ بەزىسى بىلەن رۇملارغا ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان. رۇملۇقلار ئۇلارنى ئېغىر ئازابلاپ قىيىنغان. ئاخىرى رۇم پادىشاھى ئابدۇللاھقا: ئەگەر سەن مېنىڭ بېشىمغا سۆيسەڭ، مەن سېنى قويۇپ بېرىمەن، دېگەن. ئابدۇللاھقا: بارلىق مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرەمسەن؟ دېگەندە، پادىشاھ: قويۇپ بېرىمەن، دېگەن. ئابدۇللاھ ماقۇل بولۇپ، ئىچىدە: مۇسۇلمان ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىش بەدىلىگە ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىدىن بىر دۈشمەننىڭ بېشىغا سۆيۈۋاتىمەن، دەپ تۇرۇپ سۆيگەن. ئاندىن رۇم پادىشاھى ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى قويۇپ بەرگەن. خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزافىنىڭ بېشىغا سۆيگەن. ھەقىقىي قۇربان بېرىش مۇنداق بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكىدەك مەشھۇر بىر ھەدىسى بار: «سىلەر ھەسەت قىلىشماڭلار، باشقىلارنى ئالدىماڭلار، ئاداۋەتلەشمەڭلار، بىر-بىرىڭلارغا ئورا كولىماڭلار، سودىنى بۇزماڭلار ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى بولۇپ قېرىنداش ھالىتىدە ياشاڭلار»[2].

[1] يۇسۇپ سۈرىسى 45 - ئايەت.
[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

# ئاللاھ بەندىلەرنى ئېغىر مۇسىبەتلەر بىلەن سىناشنىڭ ھېكمەتلىرى

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە بىن ئابدۇللاھ خەييات

(13/05/1435ھ = 14/03/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئوچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئاللاھ بەندىلەرنى ئېغىر مۇسىبەتلەر بىلەن سىناشنىڭ ھېكمەتلىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھقا يېقىنلىششقا داۋاملىق تىرىشىڭلار، ئاللاھ تەرىپىگە قايتىڭلار، ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىڭلار، داۋاملىق بىر كۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ ھېساب بېرىدىغانلىقىڭلارنى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار.

بالايى-مۇسىبەت ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر كەلگەندە كۆپلىگەن كىشىلەر ئۆزى بىلىپ ماڭغان ھەقىقەتلەردىن ئادىشىدۇ، ھەيرانلىق ۋە شەك-گۇمانلارغا مۇبتىلا بولۇپ، ئىمانى، ئىسلامىدا شەك قىلىشقا باشلايدۇ، ئىشلارغا خاتا باھالارنى بېرىدۇ، ئادالەتتىن يىراق ھۆكۈملەرنى چىقىرىدۇ، ئاللاھنىڭ بۇ ئۈممەتنى قىيامەتكىچە مۇسىبەتلەر بىلەن ئىمتىھان قىلىپ سىناشنى داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

بەندىلەرنى بالايى-مۇسىبەتلەر بىلەن سىناش ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى بولۇپ، ئاللاھ بۇ ھەقىقەتنى قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بايان قىلغان: ﴿الٓمٓ أَحَسِبَ ٱلنَّاسُ أَن يُتۡرَكُوٓاْ أَن يَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا وَهُمۡ لَا يُفۡتَنُونَ وَلَقَدۡ فَتَنَّا ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِهِمۡۖ فَلَيَعۡلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَلَيَعۡلَمَنَّ ٱلۡكَٰذِبِينَ﴾ «ئەلىف، لام، مىم. ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلىمىز، دەپ

ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، ئاللاھ (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ﴾[1].

﴿لَتُبْلَوُنَّ فِيٓ أَمْوَٰلِكُمْ وَأَنفُسِكُمْ وَلَتَسْمَعُنَّ مِنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ مِن قَبْلِكُمْ وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُوٓاْ أَذًى كَثِيرًاۚ وَإِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ فَإِنَّ ذَٰلِكَ مِنْ عَزْمِ ٱلْأُمُورِ﴾ ﴿سىلەر ماللىرىڭلاردا (سەدىقىغە بۇيرۇلۇش ۋە ئاپەت يېتىش بىلەن) ۋە جانلىرىڭلاردا (قەتل قىلىنىش، ئەسىر ئېلىنىش، كېسەل بولۇش بىلەن) چوقۇم سىنىلىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) دىن، مۇشرىكلاردىن چوقۇم نۇرغۇن يامان سۆز ئاڭلايسىلەر، ئەگەر (يۇقىرىقى ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە) سەۋر قىلساڭلار (سۆزۈڭلار ۋە ھەرىكىتىڭلاردا ئاللاھتىن) قورقساڭلار، ئۇنداقتا بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە بىلەن قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر﴾[2].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! بەندىلەرنى تۈرلۈك مۇسىبەت ۋە ئىمتىھانلار بىلەن سىناش رەببانى قانۇنىيەت بولۇپ، ئاللاھ بۇ سىناقلاردىن پەيغەمبەرلەرنىمۇ مۇستەسنا قىلمايلا قالماستىن، بەلكى پەيغەمبەرلەر باشقىلاردىنمۇ ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كەلگەن. ۋەھالەنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ماقامى ئۈستۈن ۋە ئاللاھقا ئەڭ مەھبۇب كىشىلەر ئىكەنلىكىدە شەك يوقتۇر.

سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھ كىملەرنى بەك ئېغىر سىناقلار بىلەن سىنايدۇ؟ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ ئېغىر سىناققا دۇچ كېلىدىغانلار پەيغەمبەرلەر، ئاندىن قالسا پەيغەمبەرلەرگە ئەڭ يېقىن كىشىلەر، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ دىنىغا بېقىپ سىناققا دۇچ كېلىدۇ، دىندا مۇستەھكەم بولسا مۇسىبەتلەرمۇ كۆپرەك بولىدۇ، دىنى سۇسراق بولسا مۇسىبەتمۇ يەڭگىلرەك بولىدۇ، مۇسىبەت ئىنسانغا ئۇ خاتالاشماي ئۆتكەنگە قەدەر ھەمرا بولۇپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى 1 ـ 3 ئايەتلەر.
[2] ئالى ئىمران سۈرىسى 186 ـ ئايەت.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىشىغا كەلگەن بالايى-مۇسىبەتلەر ھېچقانداق بىر پەيغەمبەرنىڭ بىشىغا كېلىپ باقمىغان. مۇشرىكلار ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىنكار قىلدى، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ دىنىدىن توستى، يۇرتىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇرلىدى، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلدى، دەۋەتلىرىنى چەكلىدى، ھىجرەت قىلىپ قېچىپ بارغان يېرىگە بىرىپ، ئۇرۇش قىلىپ يوقىتىشقا ئۇرۇندى، ھەتتا ھاياتىنى قەستلەپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قۇتۇلۇشقا پىلان تۈزدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاشلا بالايى-مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىپ، ئاللاھنىڭ نۇسرىتى كەلگۈچە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن جىھاد قىلدى، نەتىجىدە كىشىلەر ئاللاھنىڭ دىنىغا گورۇھ-گورۇھ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىگە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە ئۆزىنىڭ سۈننىتىدىن ئىبارەت ئىككى ئەنگۈشتەرنى قويۇپ كەتتى، ئىنسانلار مەزكۇر قۇرئان ھەدىسكىلا ئەمەل قىلسا، ھېچقاچان ئېزىپ كەتمەيدۇ.

# باشقىلارنىڭ ئابرويىنى تۆكۈش ھارام

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(20/05/1435ھ = 21/03/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ- سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «باشقىلارنىڭ ئابروينى تۆكۈش ھارام» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت- سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. سۆز ۋە ھەرىكەتلەردە ئاللاھ تائالادىن قورقۇڭلار ۋە ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇڭلار، ئىززەت- شەرەپكە نائىل بولالايسىلەر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَٰلِكَ أَمْرُ ٱللَّهِ أَنزَلَهُۥٓ إِلَيْكُمْ ۚ وَمَن يَتَّقِ ٱللَّهَ يُكَفِّرْ عَنْهُ سَيِّـَٔاتِهِۦ وَيُعْظِمْ لَهُۥٓ أَجْرًا﴾ ﴿ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ سىلەرگە نازىل قىلغان ھۆكمىدۇر، كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ﴾[1].

بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيانىڭ ئەقىلدىن يىراق بالايى- مۇسىبەتلىرى ۋە ئارقىمۇ ئارقا كېلىۋاتقان كىرىزىسلار، ئىنسانىنىڭ ئەقىللىرىنى ئوغۇرلىغان، ئۈممەتنىڭ بىرلىكى ۋە پۈتۈنلىكىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان، ئاجىز ۋە ساددا خەلق ئامىسىنى سېھىرلەندۈرگەن، شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولغان. ئۇ بولسا ئىنسانلارنىڭ شەرىپىگە داغ تەككۈزۈش ۋە پاك نىيەتلىك ياخشى كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەڭ يامان قىلمىشلاردىندۇر. ئىغۋا تارقىتىپ، باشقىلارنىڭ شەرىپىگە

[1] تالاق سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

داغ تەككۈزىۋاتقانلار، بوھتان چاپلاپ، سۆز-چۆچەك تارقىتىۋاتقانلار ۋە مۇسۇلمانلارنى بىر-بىرىگە قارشى قۇتراتقۇلۇق قىلىۋاتقانلار ئوچۇق-ئاشكارا ئازغۇنلاردۇر.

شۇنداق، باشقىلارغا تۈرلۈك ئۇسۇللاردا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئابرويىنى تۆكۈشكە ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغانلارغا قارىتا ئاللاھنىڭ كىتابىدا ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ سۈننىتىدە ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇشلار بار، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱلَّذِينَ يُؤْذُونَ ٱلْمُؤْمِنِينَ وَٱلْمُؤْمِنَٰتِ بِغَيْرِ مَا ٱكْتَسَبُوا۟ فَقَدِ ٱحْتَمَلُوا۟ بُهْتَٰنًا وَإِثْمًا مُّبِينًا﴾ ﴿مۇئمىنلەر ۋە مۇئمىنەلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار، (شۇ) بوھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ﴾[1].

ئەبى ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جازانىنىڭ گۇناھى 70 ھەسسە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ يەڭگىلى ئادەم ئۆز ئانىسى بىلەن زىنا قىلغان بىلەن باراۋەر بولسا، جازانىنىڭمۇ جازانىسى بىر ئادەم ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنۇشتۇر»[2].

ئاللاھۇ ئەكبەر! مۇسۇلماننىڭ ئىناۋىتى نېمىدېگەن ئۇلۇغ ھە! ئىسلام شەرىئىتى ئۇنى ھىمايە قىلىشقا بۇيرىغان ھەمدە تىللاش، ھاقارەتلەش ۋە ئىناۋىتىنى تۆكۈشتەك جىنايەتلەرنى قاتتىق چەكلىگەن. مۇسۇلمانلارنىڭ ئابرۇيىنى ساقلاشقا تىرىشىش نېمىدېگەن ياخشى ھە! شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرى مۇسۇلمانلارنىڭ شەرەپ-ئابرۇيلىرىنى ھىمايە قىلىشتۇر. شاتىبى مۇنداق دېگەن: تىلىڭنى بىرسىگە تۆھمەت چاپلاشتىن، گەپ توشۇشتىن ۋە يالغانچىلىقتىن ساقلىغىن. ئىنساپ قىلغىن، ئۇلاردىن ئۆتتۈرا مۇساپىدە تۇرىۋالمىغىن، نەسىھەت قىلغىن ۋە ئۇلارغا ئاللاھنىڭ ھەققىنى بەرگىن.

ئى مۇئمىنلار! كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كولاشقا ئۇرۇنۇش، خاتالىقلىرى ۋە

[1] ئەھزاب سۈرىسى 58 - ئايەت.
[2] بەززار «مۇسنەد»تە ۋە ئىبنى ئەبى شەيبە «تەسنىب»تە رىۋايەت قىلغان.

نۇقسانلىرىنى ئىزدەش، ئىنتايىن قەبىھ ئەخلاق بولۇپ، بۇ تېگى پەس ۋە ناچار ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرى باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئىزدەشتىن مەشغۇل قىلغان ئادەمگە خۇش بىشارەت بولسۇن»[1].

مالىك ئىبنى دىنار رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دېگەن: «ئادەم ياخشى كىشىلەرنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭغا گۇناھ جەھەتتە كۇپايە قىلىدۇ». ئوچۇق ئاشكارا تۆھمەت قىلغاندىن باشقا، يەنە ئىنسانلارنىڭ نىيەتلىرىگە ھۇجۇم قىلىش، نىمە مەقسەتنى بارلىقىنى پاش قىلىش، ئىچكى سىرلارنى ئېچىش، ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئىشلارنى گۇمان بىلەن تۆھمەت قىلىپ، كىشىلەرگە ھۇجۇم قىلىش تولىمۇ ئېغىر جىنايەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەججەتۇل ۋىدادىكى مەشھۇر خۇتبىسىدە: «سىلەرنىڭ قانلىرىڭلار، ماللىرىڭلار ۋە نامۇسلىرىڭلار، سىلەر ئۇچۇن بۈگۈنكى بۇ ئۇلۇغ كۈنۈڭلارنىڭ ھۆرمىتى، بۇ شەھىرىڭلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە بۇ ئاينىڭ ھۆرمىتىگە ئوخشاشلا ھارامدۇر» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ قېنى، مېلى ۋە نامۇسى ھارامدۇر»[2].

ئىمامى ئەھمەد مۇنداق دېگەن: «مەن باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كولىغان ھەر قانداق بىر ئادەمنى كۆرسەم، ئۇ كىشىنىڭ خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشمەي قالغىنىنى كۆرمىدىم». شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە: «باشقىلارنىڭ ھەققىدە سۆزلەش، بىلىم ۋە توغرا مەلۇماتقا ئاساسلىنىشى كېرەك، ئۇ جاھالەت ۋە زۇلۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان بولسا قەتئىي توغرا ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنۇش، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئوغۇرلىغاندىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر» دېگەن.

بۈگۈنكىدەك ئىجتىمائىي ئۇچۇر ۋاستىلىرى تەرەققىي قىلغان زاماندا، كۆپلىگەن كىشىلەر كېچە-كۈندۈز ئارام ئالماستىن ئالىملار ۋە مەسئۇللارنىڭ شەرىپىگە تىل ئۇزارتىپ، ئۇلارنى ئېغىزىغا كەلگەن سۆزلەر بىلەن

[1] بەززار ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان.
[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھاقارەتلەپ، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە ئىمانىي قېرىنداشلىقا ئېغىر داغ تەككۈزىۋاتىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ فِي ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةِ لَمَسَّكُمۡ فِي مَآ أَفَضۡتُمۡ فِيهِ عَذَابٌ عَظِيمٌ﴾ ﴿سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، بوھتان چاپلىغىنىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار﴾[1].

ئەنەس ئىبنى مالىك رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مىراجغا چىققاندا شۇنداق بىر قەۋمنىڭ قېشىدىن ئۆتتۈم، ئۇلارنىڭ مىستىن ياسالغان تىرناقلىرى بار ئىكەن، ئۇلار ئۆزىنىڭ يۈزلىرى ۋە مەيدىلىرىنى تاتىلاۋېتىپتۇ، مەن جىبرىئىلدىن «ئۇلار كىملەر» دەپ سورىدۇم؟ جىبرىئىل: «ئۇلار كىشىلەرنىڭ گۆشىنى يېگەن (غەيۋىتىنى قىلغان) ۋە ئابرويىنى چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغانلار»، دەپ جاۋاپ بەردى. دەيدۇ[2].

ئاللاھ بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەت ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈشكە ئۇرۇنۇشنىڭ نەقەدەر يامانلىقىنى بايان قىلغان: ﴿يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱجۡتَنِبُواْ كَثِيرٗا مِّنَ ٱلظَّنِّ إِنَّ بَعۡضَ ٱلظَّنِّ إِثۡمٞۖ وَلَا تَجَسَّسُواْ وَلَا يَغۡتَب بَّعۡضُكُم بَعۡضًاۚ أَيُحِبُّ أَحَدُكُمۡ أَن يَأۡكُلَ لَحۡمَ أَخِيهِ مَيۡتٗا فَكَرِهۡتُمُوهُۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ تَوَّابٞ رَّحِيمٞ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىۋىنى) ئىزدىمەڭلار، بىر- بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر، الله دىن قورقۇڭلار، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[3].

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئىمام ئىككىنچى خۇتبىسىدە مۇسۇلمانلارنى تەقۋالىققا چاقىرىپ،

[1] نۇر سۈرىسى 14 - ئايەت.
[2] ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان.
[3] ھۇجۇرات سۈرىسى 12 - ئايەت.

مۇنۇلارنى تەۋسىيە قىلدى: ئاللاھتىن ئاشكارا، مەخپى ئەھۋاللاردا قورقۇڭلار، مۇسۇلمانلارنىڭ ئابرۇيىغا داغ تەككۈزىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار، ئاللاھنىڭ كاتتا ئىنئامىغا ئېرىشىسىلەر.

ئى مۇئمىنلار! بىز مۇسۇلمانلار جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى خالايدىكەنمىز، قۇرئان پرىنسىپىنى چىڭ تۇتۇشىمىز ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ شىپالىق روھىدىن ئوزۇقلىنىپ، كېسەللىرىمىزگە شىپا تېپىشىمىز كېرەك. ھەقىقىي مۇسۇلمان تىلى پاك ۋە ئىپپەتلىك بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَّوۡلَآ إِذۡ سَمِعۡتُمُوهُ ظَنَّ ٱلۡمُؤۡمِنُونَ وَٱلۡمُؤۡمِنَٰتُ بِأَنفُسِهِمۡ خَيۡرٗا وَقَالُواْ هَٰذَآ إِفۡكٞ مُّبِينٞ﴾ ﴿بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر- ئايال مۆمىنلەر نىمىشقا ئۆزلىرىنىلا ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر بىر ھەدىسىدە: «مۇسۇلمان دېگەن باشقا مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ قولى ۋە تىلىدىن سالامەت قالغان كىشىدۇر» دېگەن[2].

ئى ئاللاھ! ھەر قانداق ئورۇندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ ھەر يەردىكى ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ساقلاپ قالغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ساقلاپ قالغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ماللىرىنى، دىنىنى ۋە ئابرويلىرىنى ساقلاپ قالغىن، ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ! پەلەستىندىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلغىن، ئى ئاللاھ! مەسجىدى ئەقسانى ئىشغالچى، تاجاۋۇزچىلارنىڭ نىجاستىدىن قۇتقازغىن. ئى ئاللاھ! شامدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا ياردەم قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ئازات بولۇشىنى ۋە نۇسرەت تېپىشىنى تىزلەتكىن، يا زەلجەلالى ۋەلئىكرام! ئى ئاللاھ! ئۇلارغا زۇلۇم قىلىندى، ئۇلارغا ياردەم بەرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارغا زۇلۇم قىلىندى، ئۇلارغا ياردەم بەرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارغا زۇلۇم قىلىندى، ئۇلارغا ياردەم بەرگىن، ئى ئاجىزلارغا ياردەم بەرگۈچى ۋە مۇئمىنلەرگە ئىگە بولغۇچى زات!

[1] نۇر سۈرىسى 12 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

ئـى ئالـلاھ! مۇسـۇلمان ئەر-ئاياللارغـا مەغپىـرەت قىلغـىـن، ئۇلارنىـڭ دىللىرىنـى ئىناق قىلغىـن، ئۇلارنـى تىنىچلىق يولىغا باشـلىغىن، ئۇلارنى سـەت قىلمىشـلاردىن ۋە ئاشكارا-يوشـۇرۇن پىتنىلەردىـن يىـراق قىلغىـن. ئـى ئالـلاھ! كېسـەللىرىمىزگە شـىپالىق بەرگىـن، ئـى ئالـلاھ! كېسـەللىرىمىزگە شـىپالىق بەرگىـن، ئـى ئالـلاھ! كېسـەللىرىمىزگە شـىپالىق بەرگىـن ۋە ئـۆز رەھمىتىـڭ بىلـەن بىزنىـڭ ئۆلۈكلىرىمىزگـە رەھـىم قىلغىـن، يـا ئەرھەمـەر راھىمىـن.

# ئەخلاقىي جىنايەتلەرنىڭ خەترى

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(27/05/1435ھ = 28/03/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئەخلاقىي جىنايەتلەرنىڭ خەترى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھتىن قورقساڭلار، ئاللاھ سىلەرگە رەھمەت قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا تُرۡجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِۖ ...﴾ ﴿ئاللاھ تەرىپىگە قايتماي ئامالىڭلار بولمايدىغان قىيامەت كۈنىدىن قورقۇڭلار﴾[1].

قىيامەت كۈنى ھەسرەت-نادامەت بار، مەھشەر كۈنى قىيا-چىيا قىلىدىغانلار بار، سىراجى كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندە پۇتلىشىدىغان ئىش بار. زۇلۇم بولسا، قاراڭغۇلۇقلاردۇر. قىيامەت كۈنى ياخشىلىقلار بىلەن يامانلىقلار تارازى-مىزانغا قويۇلىدىغان ۋاقىت بولۇپ، ئۇ ئەڭ يامان چاغدۇر. كىمكى ئوتتىن يىراقلاشتۇرۇلۇپ جەننەتكە كىرگۈزۈلىدىكەن، نىجاتلىق شۇنىڭغا مەنسۇپتۇر.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ۋەز-نەسىھەتلەر ئەمەل قىلىش ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوۡ أَنَّا كَتَبۡنَا عَلَيۡهِمۡ أَنِ ٱقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ أَوِ

[1] بەقەرە سۈرىسى 281 ـ ئايەت.

ٱخْرُجُوا۟ مِن دِيَـٰرِكُم مَّا فَعَلُوهُ إِلَّا قَلِيلٌ مِّنْهُمْ ۖ وَلَوْ أَنَّهُمْ فَعَلُوا۟ مَا يُوعَظُونَ بِهِۦ لَكَانَ خَيْرًا لَّهُمْ وَأَشَدَّ تَثْبِيتًا وَإِذًا لَّـَٔاتَيْنَـٰهُم مِّن لَّدُنَّآ أَجْرًا عَظِيمًا وَلَهَدَيْنَـٰهُمْ صِرَٰطًا مُّسْتَقِيمًا وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَٱلرَّسُولَ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ مَعَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمَ ٱللَّهُ عَلَيْهِم مِّنَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ وَٱلصِّدِّيقِينَ وَٱلشُّهَدَآءِ وَٱلصَّـٰلِحِينَ ۚ وَحَسُنَ أُو۟لَـٰٓئِكَ رَفِيقًا﴾ ﴿ئەگەر بىز ئۇلارغا: «ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار ياكى يۇرتۇڭلاردىن چىقىپ كېتىڭلار» دەپ ئەمىر قىلغان بولساق (يەنى ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر تەكلىپنى ئۇلارغا يۈكلىسەك) ئىدۇق، ئۇلارنىڭ ئازغىنىسىدىن باشقىسى بۇنى ئىجرا قىلمايتتى، ئەگەر ئۇلارغا قىلىنغان ۋەز - نەسىھەتكە ئەمەل قىلسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ياخشى بولاتتى ۋە ئىمانى مۇستەھكەم بولغان بولاتتى (گۇمراھلىق ۋە نىفاقتىن ئەڭ يىراق بولغان بولاتتى). ئۇ چاغدا دەرگاھىمىزدىن ئۇلارغا ئەلۋەتتە بۈيۈك ئەجىر (يەنى جەننەت) ئاتا قىلاتتۇق. كىملەركى ئاللاھقا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) ئاللاھنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۈكسەك دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر)، شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ كۆڭلىدۇ، مۇئمىنمۇ كۆڭلىدۇ، ئاللاھنىڭ كۆڭلىشى بولسا مۇئمىن ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشنى سادىر قىلغاندا قوزغىلىدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئاللاھ پاھىشىلەردىن ئىبارەت گۇنايى كەبىرىلەرنى ھارام قىلغان. كۆڭلەش بولسا ھۆر، ياخشى ئىنساننىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىدىندۇر. كۆڭلەشنى بىلمەيدىغان دۆيۈز ئىنسان جەمئىيەتكە خارلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! جەمئىيەت كىشىلىرى ئەخلاقىدا كەسكىن بولۇپ، ئۆز شەرەپ - نومۇسىنى ساقلىيالىغاندا ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ھەۋەسلىرىدىن ئۈستۈن كۆرەلىگەندە، ئاندىن توغرا يولنى تاللاپ ماڭغان بولىدۇ، شۇ چاغدا ئىسلاھات مەشئىلىنى ياندۇرالايدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ نومۇسىنى ساقلىيالىغاندا دىنىنى ساپلاشتۇرالايدۇ ۋە ئىنسانلىق جامالىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ھايۋانلار ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

---

[1] نىسا سۈرىسى 66 - 69 ئايەتلەر.

ئـى مۇسـۇلمانلار! ھازىرقـى زامـان ئېغـر دەرىجـدە توغـرا يولدىـن ئېزىشـقا مۇبتــلا بولغــان، ئىنســاننى ئىنســانلىقتىن چىقىرىــپ ھايۋانــلار دۇنياســىغا قوشۇشــنى خالايــدۇ، ئالــلاھ خاســيەتلىك قىلغــان ئىنســانىي كارامــەت ۋە شان ـ شــەرەپتىن يىراقلاشتۇرۇشــنى خالايــدۇ. ئىنســاننى ئېچىندۇرىدىغــان ۋە قورقىتىدىغان مەسىلە، گۇنا ـ مەسـيەتنى خالايىقتىـن تەپ تارتماسـتىن ئاشـكارا سـادىر قىلىشـتۇر. ئالـلاھ ۋە ئاللاھنىـڭ رەسـۇلى ھـارام قىلغـان گۇناھلارنـى بــەزى تەشــكىلاتلار ۋە دۆلەتلەرنىــڭ قانۇن ـ تۈزۈملىــرى قوللاپــلا قالماســتىن، بەلكـى ئۇنـى ئاشـكارا تەشـەببۇس قىلماقتـا، ئـۇلار ئالـلاھ ھـارام قىلغـان ۋە ئىنسان تەبىئىتـى رەت قىلىدىغـان ھەمـدە بارلىـق ساماۋى دىنـلار ھـارام قىلغان ئىشـلارنى قانۇنلاشتۇرۇشـقا ئۇرۇنماقتـا.

ئـى ئاللاھنىــڭ بەندىلىـرى، بىلەمسـىلەر، بۇنىڭدىـن مەقسـەت نىمـە؟! ئـۇ بولسـا لـۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمـى گىرىپتـار بولغـان ھەمجىنسلىقلارنىڭ توي قىلىشى بولـۇپ، ئەقلـى بـار ئىنسان بۇنـداق جىنايەتلەرنى ئېغىزىغا ئېلىشتىنمۇ نومۇس قىلىـدۇ. بىـراق غـەرب دۆلەتلىـرى بـۇ ھـارام جىنايەتكـە ئوچـۇق ئاشـكارا قانــۇن چىقىرىــپ، ئۇنــى ئالاھــدە يولغــا قويماقتــا. بــۇ بىــر پىتنە ـ پاســات، بالايى ـ مۇسـىبەت، ئوچۇق ئاشـكارا پاھىشـە ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسـىدا پۈتۈنلەي يولدىــن ئازغانلىــق. بۇنــداق غەيــرى نورمــال يولنــى تاللىغانــلار ئىنســانلىقىغا خاتىمـە بېرىـپ، ھايۋانلىقنـى تاللىغانـلاردۇر. ئـۇلار پەقـەت ئۆزلىرىنـىلا ۋەيـران قىلماسـتىن، بەلكـى ئۆزلـىرى ياشـىغان جەمئىيەتنىمـۇ بىرگـە ۋەيـران قىلىـدۇ.

بەچچىۋازلىــق (ئالــلاھ ساقلىســۇن) ھــەر ئىككــى تەرەپنــى دۇنيادىمــۇ ۋە ئاخىرەتتىمـۇ ۋەيـران قىلىـدۇ. ئۇنـداق ئىنسـانلار شـۇنداق خـار بولىدۇكـى، ئۇنـى ئـەڭ ئـاددى ئىنسـانلارمۇ بىـر كۆرۈپـلا بىلىۋالىـدۇ.

ئىبنــى قەييــۇم جــەۋزى رەھمەتۇللاھــى ئەلەيھــى مۇنــداق دېگــەن: «لــۇت قەۋمىنىــڭ ئىشــنى قىلغانلارنىــڭ ھــەر ئىككــى تەرەپنىــڭ ھالــى بۇزۇلــدۇ، بــۇ يولغـا كىرىـپ قالغـان كىشـىنىڭ قايتـا ئوڭشىلىشـى قىيىـن، ئەگـەر ئاللاھنىـڭ ئىنايىتــى بولمىســا، ئــۇلار ۋەيرانلىقتىــن باشــقىغا يۈزلەنمەيــدۇ».

لـۇت قەۋمىنىـڭ ئىشـنى قىلىدىغانـلاردا ھايـا يوقىلىـدۇ، قىلغـان ئىشـنى ياخشـى دەپ قارايدۇ ۋە نومۇس قىلىشـنى بىلمەيدۇ، ئاللاھ ئىنسـاننى بۇ يولدىن

ساقلىسۇن. لۇت قەۋمىنىڭ ئىشىغا ئوخشىمىغان قالغان قەۋمنىڭ ئاقىۋىتىنى ئاللاھ ھالاكەت بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. دۇنيادىمۇ خارلىق، قىيامەتتە بولسا جەھەننەم بىلەن نەتىجىلەندۈرگەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام لۇت قەۋمىنىڭ ئىشىنى قىلغانلارغا لەنەت ياغدۇرۇپ، مۇنداق دېگەن: «لۇت قەۋمىنىڭ ئىشىنى قىلغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلدى، لۇت قەۋمىنىڭ ئىشىنى قىلغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلدى، لۇت قەۋمىنىڭ ئىشىنى قىلغانلارغا ئاللاھ لەنەت قىلدى» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان[1].

يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «لۇت قەۋمىنىڭ ئىشىنى قىلغانلارنى ئۇچراتساڭلار، قىلغۇچى ۋە قىلىنغۇچى ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار» دېگەن[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: «ھەر قانداق بىر قەۋمدە پاھىشە ئوچۇق ئاشكارا قىلىنىدىغان يەرگە يەتسە، ئۇلاردا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان كېسەللەر پەيدا بولىدۇ» دېگەن. قارايدىغان بولساق، ئەيدىز كېسىلىنىڭ كۆپلۈكى ئىنسانىنى قورقىتىدۇ، مەزكۇر كېسەلنىڭ قوش جىنسلىقلار ۋە لۇت قەۋمىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغانلاردا باشقىلارغا نىسبەتەن 20 ھەسسە كۆپلۈكىنى خەلقئارالىق تەكشۈرۈشلەر ئوتتۇرىغا قويغان. قوش جىنسلىقلار بىلەن تويى قىلغان ۋە لۇت قەۋمىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغانلار ئارىسىدا مەزكۇر كېسەلنىڭ يۇقۇملىنىش نىسبىتى باشقىلارغا قارىغاندا% 68 يۇقىرى بولىدىكەن.

گۇناھ-پاھىشىنى ئاشكارا قىلىشقا پېتىنالىغان جەمئىيەتتە، تۇققانلىق رىشتىسىنى ئۈزۈش، ئاتا-ئانىسىنى قاخشىتىش، ھارام كەسىپ قىلىش، زۇلۇم، مال-دۇنيانى يوقۇتۇش ۋە ئائىلە ۋەيرانچىلىقىدەك جىنايەتلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ. غەرب جەمئىيەتلىرى ئەركىنلىك باھانىسى بىلەن گۇناھ-مەسىيەتنى ئاشكارا قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئەركىنلىكنىڭ مەنىسى ئەخلاقىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىش دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى ئىنسانلىق مەرتىۋىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەنلىكتۇر.

ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، خەلقئارا سەھىيە تەشكىلاتلىرى جىنايەتنىڭ

[1] ئەھمەد رىۋايىتى.
[2] ئەھمەد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلدى.

ئالدىنى ئالماستىن، بەلكى كېسەلنى داۋالاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇنىڭ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدۇ. بىلىش كېرەككى مەزكۇر، گۇناھ-مەسىيەتلەرنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق سەۋەبى ئاللاھنىڭ دىنىدىن يىراقلىشىش ۋە ئاللاھ بىلەن بولغان ئىمانى رىشتىنى ئۈزۈۋىشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلُوطًا إِذْ قَالَ لِقَوْمِهِۦٓ إِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ ٱلْفَٰحِشَةَ مَا سَبَقَكُم بِهَا مِنْ أَحَدٍ مِّنَ ٱلْعَٰلَمِينَ أَئِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ ٱلرِّجَالَ وَتَقْطَعُونَ ٱلسَّبِيلَ وَتَأْتُونَ فِى نَادِيكُمُ ٱلْمُنكَرَ ۖ فَمَا كَانَ جَوَابَ قَوْمِهِۦٓ إِلَّآ أَن قَالُوا۟ ٱئْتِنَا بِعَذَابِ ٱللَّهِ إِن كُنتَ مِنَ ٱلصَّٰدِقِينَ قَالَ رَبِّ ٱنصُرْنِى عَلَى ٱلْقَوْمِ ٱلْمُفْسِدِينَ﴾ «لۇتنى (قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق)، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر ھەقىقەتەن قەبىھ ئىش قىلىۋاتىسىلەر، سىلەردىن ئىلگىرى جاھان ئەھلىدىن بىرىمۇ مۇنداق قەبىھ ئىشنى قىلغان ئەمەس. سىلەر ھەقىقەتەن لىۋاتە قىلامسىلەر؟ يوللارنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلامسىلەر؟ سورۇنلىرىڭلاردا ئوپئوچۇق يامان ئىشلارنى قىلىۋېرەمسىلەر؟» ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ جاۋابى: «ئەگەر سەن راستچىللاردىن بولساڭ، بىزگە ئاللاھنىڭ ئازابىنى كەلتۈرگىن» دېيىشتىنلا ئىبارەت بولدى. لۇت: «پەرۋەردىگارىم! بۇزغۇنچى قەۋمگە قارشى ماڭا ياردەم بەرگىن (يەنى ئۇلارنى ھالاك قىلىپ ماڭا ياردەم بەرگىن، ئۇلار بۇزغۇنچى ئەخمەقلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈشى ئۈمىد قىلىنمايدۇ، ئۇلار گۇمراھلىققا، بۇزۇقچىلىققا چۆمۈپ كەتكەن)» دېدى[1].

[1] ئەنكەبۇت سۈرىسى 28 ـ 30 ئايەتلەر.

# ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، چۈشكۈنلۈكتىن ساقلىنىش

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(04/06/1435ھ = 04/04/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ- سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ھەق ئۈستىدە مۇستەھكەم تۇرۇش، چۈشكۈنلۈكتىن ساقلىنىش» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت- سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. تەقۋادارلىق مۆمىننىڭ دەسمايىسى، پەزىلەتلەرنىڭ مەنبىئى، ياخشىلىقلارغا ئېرىشىش ئورنى، كۈچ مەركىزى ۋە ئالىجانابلىقنىڭ مىراجىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا تُرۡجَعُونَ فِيهِ إِلَى ٱللَّهِۖ ثُمَّ تُوَفَّىٰ كُلُّ نَفۡسٖ مَّا كَسَبَتۡ وَهُمۡ لَا يُظۡلَمُونَ﴾ ﴿سىلەر شۇنداق بىر كۈندىن (يەنى قىيامەت كۈنىدىن) قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن ھەر كىشى قىلغان (ياخشى- يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھ تەرەپكە يۈزلىنىش، قەلبىنىڭ يورۇقلۇقى، بەدەنلەرنىڭ ئىبادەتلەرگە كۆنۈشى ۋە گۇناھلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش بولسا بىباھا گۆھەردۇر. دۇنيادا ھەممە ئادەم ئاللاھنى رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئىنسان شۇ ھەقىقەتنى بىلىشى كېرەككى، ئىمان نۇرى بىلەن تولغان قەلب داۋاملىق ھۇجۇمغا ئۇچرايدىغان سېپىلدۇر. تائەت- ئىبادەتكە بويسۇنغان

[1] بەقەرە سۈرىسى 281 ـ ئايەت.

بەدەنگە دۈشمەنلەر داۋاملىق سۈيقەست قىلىپلا تۇرىدۇ. شۇڭا بەدەن ھىمايە قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق ۋە ھىمايە قىلىنىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ماكاندۇر. ئىنساننىڭ پەرۋەردىگارى تەرەپكە بولغان سەپىرى داۋاملىق پىتنە-پاسات ۋە سىناقلار بىلەن قاپلانغاندۇر، ئۇ تىكەنلىك يوللار ۋە پېتىپ كېتىدىغان پاتقاقلار بىلەن ئورالغاندۇر، چۈنكى بۇ ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلْمَوْتَ وَٱلْحَيَوٰةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا ۚ وَهُوَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْغَفُورُ﴾ «سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى، ئاللاھ غالىبتۇر، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر»[1].

﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِ ۗ وَنَبْلُوكُم بِٱلشَّرِّ وَٱلْخَيْرِ فِتْنَةً ۖ وَإِلَيْنَا تُرْجَعُونَ﴾ «ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنى بىز يامانلىققا مۇپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىنايمىز. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر (ئەمەلىڭلارغا يارىشا جازالايمىز)»[2].

مۇئمىننىڭ جېنى تېنىدىلا بولىدىكەن، جىھاد ئۈستىدە بولغان بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىمام ئەھمەد رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى ئۆلۈش ئالدىدا، شەيتان ئادەم سىياقىغا كىرىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بارمىقىنى چىشلەپ تۇرۇپ: ئى ئەھمەد! مەندىن قۇتۇلۇپ قالدىڭ! ئى ئەھمەد! مەندىن قۇتۇلۇپ قالدىڭ! دېگەندە، ئىمام ئەھمەد: تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىدىم، تېخى قۇتۇلۇپ بولالمىدىم، دەپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئەسلەپتۇ: «ئىنسان ئۇزۇن زامان جەننەت ئەھلىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، ئاخىرقى ئۆمرىدە دوزاخ ئەھلىنىڭ ئىشىنى قىلىش بىلەن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ»[3].

ئەنەس بىن مالىك رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئى دىللارنى تەسەررۇپ قىلغۇچى ئاللاھ! قەلبىمنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىل» دېگەن دۇئانى كۆپ قىلاتتى، بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى رەسۇلەللاھ! بىزدىن دىندىن يېنىۋالارمىكىن دەپ

[1] مۇلك سۈرىسى 2 ـ ئايەت.
[2] ئەنبىيا سۈرىسى 35 ـ ئايەت.
[3] مۇسلىم رىۋايىتى.

قورقۇۋاتامسەن؟ ھالبۇكى بىز ساڭا ئىمان كەلتۈرگەن، سەن ئېلىپ كەلگەن دىننى تەستىقلىغان تۇرساق؟! دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «دىللار رەھمان تائالانىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا، ئاللاھ ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ» دېگەن[1].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مەزكۇر ھەدىسلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە كۆپلىگەن ھەدىسلەردىن مەلۇم بولىدۇكى، ئىنسان ھەر زامان روھىي چۈشكۈنلۈككە مۇبتىلا بولۇش خەتىرىگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى بەزى پەيغەمبەرلەرمۇ ئۇنىڭدىن ساقلىنىپ بولالمىغان ئىدى، تەقۋادار كىشىلەرمۇ ئېزىپ كېتىش ئەھۋالىدىن قورقۇپلا ياشايتتى ۋە باشقىلارنى ئاگاھلاندۇراتتى.

كۈنىمىزدىمۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا توغرا يولدا بىر مەزگىل ماڭغاندىن كېيىن، ئېزىپ كەتكەنلەر ۋە مەغلۇب بولغانلارنى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ مۇسىبەت كەلگەندە ئاللاھنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي روھى چۈشكۈنلىشىپ، ئېزىپ كەتكەنلەر كۆپ بولغان. شۇڭا بىز ئاللاھتىن ھىدايەتتىن كېيىنكى ئازغۇنلۇقتىن پاناھ تىلەيلى ۋە مۇنداق دۇئا قىلايلى: ﴿رَبَّنَا لَا تُزِغْ قُلُوبَنَا بَعْدَ إِذْ هَدَيْتَنَا وَهَبْ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحْمَةً ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْوَهَّابُ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾[2].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ھازىرقى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى كۈزىتىدىغان بولساق، بەزى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ چۈشكۈنلىكى، دىيانىتىنىڭ سۇسلۇقى، مەسئۇلىيىتىنىڭ ئاجىزلىقى، ھاراملارنى يەڭگىل ساناش ۋە دىندا ناقىسلىق قاتارلىق ئىللەتلەرنى ھەمدە بەزىلەرنىڭ دىندىن يىراقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان تەشۋىقات مەيدانلىرىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى، قىسقىسى ئۆلارنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ئەھۋالنىڭ بىر ئۆمۈر ھاياتىنى ياخشىلىق ۋە ئىستىقامەت بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشىلەردە كۆرۈلۈشى تېخىمۇ ئېچىنىشلىقتۇر. لېكىن ئازغۇنلۇق يولىدىن قايتىۋېلىپ

[1] ئەھمەد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[2] ئال ئىمران سۈرىسى 8 - ئايەت.

ئەسلىگە قايتقان ۋە ھىدايەت يولىنى تاللىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. جەمئىيەتنىڭ شۇنداق ئازغۇنلۇق قاينىمى ئىكەنلىكى ئىنسان ئۆچۈن پەرۋەردىگارىنىڭ يولىدىن ئادىششقا ئۆزرە بولالمايدۇ، چۈنكى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھەممە ئادەم ئۆزى يالغۇز ھېساب بېرىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَكُلُّهُمْ ءَاتِيهِ يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ فَرْدًا﴾ ﴿قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا تەنھا كېلىدۇ﴾[1].

ھەر قانداق خىزمەت قىلغان كىشىنىڭ سۈرۈلۈپ چىقىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، ماڭغان ئادەمنىڭمۇ پۈتلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، لېكىن سۇسلۇق بەندىنى مەسئۇلىيەتلەرنى تاشلاپ، ھارامغا ئۆزىنى ئېتىشقا ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك. ئىنساننىڭ تەبىئىتى دائىم بىر خىل تۇرمايدۇ، بەزىدە سۇلغۇنلۇق، ئۈمىدسىزلىك ۋە روھى چۈشكۈنلۈك ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇرىدۇ، بىراق بۇ ئىشلار بەندىنى ئاللاھنى ئۇنتۇش ۋە توغرا يولدىن ئادىششقا ئېلىپ بارماسلىقى كېرەك.

ئىنسانىي شەيتاندىن ئۈمىد كۈتۈش، ئازغۇنلۇق ۋە مەغرۇرلۇقتۇر ھەمدە پەقەت ئۆزىنىلا كۆرۈپ: مەندەك دىندا مۇستەھكەم ئادەم يوق، مەن بۇ ياخشىلىقلىرىم بىلەن جەننەتنى كاپالەتكە ئېلىۋالغانمەن، دەپ ئۆزىگە تەمەننا قىلىش شەيتانغا ئالدانغانلىقتۇر. چۈنكى دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش ئاللاھ ئىنئام قىلغان بەندىلەرگىلا مەنسۇپتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿يُثَبِّتُ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ بِٱلْقَوْلِ ٱلثَّابِتِ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا وَفِى ٱلْءَاخِرَةِ ۖ وَيُضِلُّ ٱللَّهُ ٱلظَّٰلِمِينَ ۚ وَيَفْعَلُ ٱللَّهُ مَا يَشَآءُ﴾ ﴿ئاللاھ مۇئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ. ئاللاھ زالىملار (يەنى كۇففارلار) نى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ﴾[2].

نەۋۋاس بىن سەمئان رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ھەر قانداق بىر قەلب رەھمان تائالانىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا، خالىسا توغرا يولدا مېڭىشقا نىسىپ قىلىدۇ ۋە خالىسا ئازدۇرۇۋېتىدۇ»[3].

[1] مەريەم سۈرىسى 95 ـ ئايەت.
[2] ئىبراھىم سۈرىسى 27 ـ ئايەت.
[3] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَوۡلَآ أَن ثَبَّتۡنَٰكَ لَقَدۡ كِدتَّ تَرۡكَنُ إِلَيۡهِمۡ شَيۡـٔٗا قَلِيلًا﴾ «سېنى بىز (ھەقتە تۇرۇشتا) مۇستەھكەم قىلمىغان بولساق، ئۇلارغا مايىل بولۇپ كەتكىلى ھەقىقەتەن تاس قالغان ئىدىڭ»[1].

ئاللاھنىڭ كىتابىدا كىشىلەرنىڭ شىپالىق دورىسى بار. قەلبى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگە يۈكلىگەندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَوَلَمَّآ أَصَٰبَتۡكُم مُّصِيبَةٞ قَدۡ أَصَبۡتُم مِّثۡلَيۡهَا قُلۡتُمۡ أَنَّىٰ هَٰذَاۖ قُلۡ هُوَ مِنۡ عِندِ أَنفُسِكُمۡۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ﴾

«سىلەرگە يەتكەن مۇسىبەت سىلەر دۈشمەنگە يەتكۈزگەن مۇسىبەتنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدىغان تۇرسا (يەنى ئۇھۇد غازىتىدا سىلەردىن 70 كىشى شېھىت بولغان تۇرسا، بەدرى غازىتىدا بولسا مۇشرىكلاردىن 70 كىشىنى ئۆلتۈرگەن، 70 كىشىنى ئەسىر ئالغان تۇرساڭلار)، سىلەر يەنە: «بۇ مۇسىبەت قەيەردىن كەلدى؟» دېدىڭلار. ئېيتقىنكى، «ئۇ سىلەرنىڭ ئۆزلىرىڭلاردىن (يەنى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىڭلار ۋە غەنىيمەتكە ھېرىس بولغانلىقىڭلاردىن) بولدى». ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر»[2].

ئىنسانىنىڭ ئازغۇنلىقى سەۋەبىدىن ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى ئازدۇرىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ لِمَ تُؤۡذُونَنِي وَقَد تَّعۡلَمُونَ أَنِّي رَسُولُ ٱللَّهِ إِلَيۡكُمۡۖ فَلَمَّا زَاغُوٓاْ أَزَاغَ ٱللَّهُ قُلُوبَهُمۡۚ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ﴾ «ئۆز ۋاقتىدا مۇسا قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! مېنىڭ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئەۋەتكەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ سىلەر ماڭا نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟» دېدى، ئۇلار (ھەقتىن) بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ھىدايەتتىن بۇرىۋەتتى، ئاللاھ پاسىق قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ»[3].

ياخشىلىقتىن ئاداشقان ئىنسانىنىڭ قەلبى ھەقتىنمۇ ئادىشىپ كېتىدۇ، كىبىر ۋە ھەقتىن يۈز ئۆرۈشنىڭ ئاقىۋىتى خەتەرلىكتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿سَأَصۡرِفُ عَنۡ ءَايَٰتِيَ ٱلَّذِينَ يَتَكَبَّرُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّ

[1] ئىسرا سۈرىسى 74 ـ ئايەت.
[2] ئالى ئىمران سۈرىسى 165 ـ ئايەت.
[3] سەف سۈرىسى 5 ـ ئايەت.

وَإِن يَرَوۡاْ كُلَّ ءَايَةٖ لَّا يُؤۡمِنُواْ بِهَا وَإِن يَرَوۡاْ سَبِيلَ ٱلرُّشۡدِ لَا يَتَّخِذُوهُ سَبِيلٗا وَإِن يَرَوۡاْ سَبِيلَ ٱلۡغَيِّ يَتَّخِذُوهُ سَبِيلٗاۚ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَكَانُواْ عَنۡهَا غَٰفِلِينَ﴾ ﴿يەر يۈزىدە ناھەق تەكەببۇرلۇق قىلىدىغانلارغا مېنىڭ ئايەتلىرىمنى پەھىم قىلدۇرمايمەن، ئۇلار بارلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىمۇ ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ، ئۇلار ئەگەر توغرا يولنى كۆرسە، ئۇنىڭدا ماڭمايدۇ، گۇمراھلىق يولىنى كۆرسە ئۇنىڭدا ماڭىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن غاپىل بولدى﴾[1].

دىلى قاتتىق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ سادىر قىلغان گۇناھلىرى سەۋەبلىك شۇنداق دىلى قارا بولۇپ قالىدۇ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كَلَّاۖ بَلۡۜ رَانَ عَلَىٰ قُلُوبِهِم مَّا كَانُواْ يَكۡسِبُونَ﴾ ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن﴾[2].

نەپسىنىڭ كەينىگە كىرىش ۋە دۇنياغا بېرىلىپ كېتىش، ئازغۇنلۇقنىڭ ۋە ئىلىمنىڭ بەرىكىتىدىن مەھرۇم قېلىشنىڭ سەۋەبىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱتۡلُ عَلَيۡهِمۡ نَبَأَ ٱلَّذِيٓ ءَاتَيۡنَٰهُ ءَايَٰتِنَا فَٱنسَلَخَ مِنۡهَا فَأَتۡبَعَهُ ٱلشَّيۡطَٰنُ فَكَانَ مِنَ ٱلۡغَاوِينَ وَلَوۡ شِئۡنَا لَرَفَعۡنَٰهُ بِهَا وَلَٰكِنَّهُۥٓ أَخۡلَدَ إِلَى ٱلۡأَرۡضِ وَٱتَّبَعَ هَوَىٰهُۚ فَمَثَلُهُۥ كَمَثَلِ ٱلۡكَلۡبِ إِن تَحۡمِلۡ عَلَيۡهِ يَلۡهَثۡ أَوۡ تَتۡرُكۡهُ يَلۡهَثۚ ذَّٰلِكَ مَثَلُ ٱلۡقَوۡمِ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَاۚ فَٱقۡصُصِ ٱلۡقَصَصَ لَعَلَّهُمۡ يَتَفَكَّرُونَ سَآءَ مَثَلًا ٱلۡقَوۡمُ ٱلَّذِينَ كَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَا وَأَنفُسَهُمۡ كَانُواْ يَظۡلِمُونَ مَن يَهۡدِ ٱللَّهُ فَهُوَ ٱلۡمُهۡتَدِيۖ وَمَن يُضۡلِلۡ فَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) غا شۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىسسىنى ئوقۇپ بەرگىنكى،ئۇنىڭغا ئايەتلىرىمىزنى بەردۇق (يەنى كىتابۇللاھنىڭ بەزى ئىلىملىرىنى ئۆگەتتۇق). ئۇ ئايەتلىرىمىزدىن ئۆزىنى تارتتى،ئۇنىڭغا شەيتان ئاپىرىدە بولۇشى بىلەنلا گۇمراھلاردىن بولۇپ كەتتى. ئەگەر بىز خالىساق، ئۇنى (تەقۋادار ئۆلىمالار دەرىجىسىگە) كۆتۈرەتتۇق،لېكىن ئۇ دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى،نەفسى خاھىشىغا بويسۇندى، نەپسى گويا بىر ئىتقا ئوخشايدۇكى، ئۇنى قوغلىۋەتسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسرايدۇ، قوغلىۋەتمىسەڭمۇ تىلىنى چىقىرىپ ھاسرايدۇ، بۇ بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغان ئەنە شۇ

[1] ئەئراف سۈرىسى 146 ـ ئايەت.
[2] مۇتەففىفىن سۈرىسى 14 ـ ئايەت.

قەۋمىنىڭ مىسالىدۇر، ئۇيلاپ بېقىشلىرى ئۈچۈن، بۇ قىسسىنى (قەۋمىڭگە) سۆزلەپ بەرگىن . بىزنى ئىنكار قىلىپ ئۆزلىرىگە زىيان سالغان قەۋمنىڭ مىسالى نېمىدېگەن يامان! ئاللاھ ھىدايەت قىلغان ئادەم ھىدايەت تاپقۇچىدۇر، ئاللاھ گۇمراھ قىلغان ئادەم زىيان تارتقۇچىدۇر﴾[1].

ئىنسانغا ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئايەتلىرىنى ئۆگەتسە، ئۇ ئۆز پەزلىدىن نېسىۋىدار قىلسا، ھىدايەت ۋە ئۇستۇنلۇك ئۈچۈن مۇكەممەل پۇرسەتنى بەرسە، ئاندىن شۇ ئىنسان ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، مۇداپىئەلىنىش قالقانلىرىنى چۆرۈپ تاشلىۋەتسە، ھىدايەتتىن ئازغۇنلۇق يولىنى تاللىسا، شەيتانغا يەم بولماي نېمە بولماقچى ئىدى؟!

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئىلگىرى ئۆتكەن ياخشىلار داۋاملىق قەلبىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى، چۈنكى ياخشىلىق، تەقۋالىق، ئاللاھ بىلەن مۇناجاتلىشىش، ئىمان ۋە يەقىين قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پەقەت پاك قەلبلەردىلا ئورۇنلىشىدۇ. ئاللاھنىڭ ئادالىتى شۇكى، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن ئىنساننى ئازدۇرمايدۇ، ئىنساننىڭ ئازغۇنلىقى پەقەتلا ئۇنىڭ روھىيىتىدىكى چۈشكۈنلۈكنىڭ سەۋەبىدىندۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ ٱللَّهُ لِيُضِلَّ قَوۡمَۢا بَعۡدَ إِذۡ هَدَىٰهُمۡ حَتَّىٰ يُبَيِّنَ لَهُم مَّا يَتَّقُونَۚ إِنَّ ٱللَّهَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٌ﴾ ﴿ئاللاھ بىرەر قەۋمنى ھىدايەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى بايان قىلماي تۇرۇپ، ئۇلارنى گۇمراھ قىلمايدۇ (يەنى گۇمراھلىققا ھۆكۈم قىلمايدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

گۇناھ-مەسىيەتلەرنى يەڭگىل ساناش، ھالاكەت ۋە روھىي چۈشكۈنلۈكنىڭ سەۋەبىدۇر. ھەدىستە كېلىشىچە: «كىچىك گۇناھلارنى يەڭگىل ساناپ سادىر قىلغۇچى بولماڭلار، كىچىك گۇناھلار جۇغلىشىپ ئاخىرى ئىنساننى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ»[3].

ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان يوللارنىڭ ئەڭ خەتىرى، نامەھرەملەر

[1] ئەئراف سۈرىسى 175 ـ 178 ئايەتلەر.

[2] تەۋبە سۈرىسى 115 ـ ئايەت.

[3] ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

بىلەن خالى بولۇش ۋە باشقىلار كۆرمىدى، دەپ گۇناھ قىلىشتۇر. ئاللاھتىن قورقمايدىغانلار ئۈچۈن بۇنىڭ ۋاستە ۋە ئۇسۇللىرى بەك كۆپتۇر. ئىنسان ئۈچۈن نامەھرەم بىلەن مۇناسىۋەت قىلىش يوللىرىنىڭ ئاسانلىشىشى، ئۇنىڭ ئىمانىنى سىناش ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَيَبۡلُوَنَّكُمُ ٱللَّهُ بِشَيۡءٖ مِّنَ ٱلصَّيۡدِ تَنَالُهُۥٓ أَيۡدِيكُمۡ وَرِمَاحُكُمۡ لِيَعۡلَمَ ٱللَّهُ مَن يَخَافُهُۥ بِٱلۡغَيۡبِۚ فَمَنِ ٱعۡتَدَىٰ بَعۡدَ ذَٰلِكَ فَلَهُۥ عَذَابٌ أَلِيمٞ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! كۆرمەي تۇرۇپ الله دىن قورقىدىغانلارنى بىلىش ئۈچۈن، قولۇڭلار ۋە نەيزەڭلار بىلەن ئوۋلىنىدىغان بىر ئاز ئوۋ بىلەن ئاللاھ سىلەرنى چوقۇم سىنايدۇ، كىمكى ھەددىدىن ئاشسا (يەنى ئېھرامدا تۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىسا)، ئۇ قىيىنغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[1].

ئىنسان شەھۋىتىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئېزىپ كېتىشىنىڭ يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى ئىنتايىن كۆپتۇر، ئىمان ئاجىزلاشقانسىرى ئىنسان گۇناھتىن قورقمايدىغان ۋە پاھىشىدىن ئۆزىنى تارتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئادەمگە ئەڭ ئېغىر كېلىدىغان ئىش شۇكى، نىجاتلىق ۋە غەلىبە يوللىرى ئېچىلىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىش پۇرسىتى كەلگەندىن كېيىن ۋە ئۆزىنى ھەقىقى سائادەتمەنلەر قاتارىدىن ساناپ بولغاندىن كېيىن، ئېزىپ كېتىش ۋە ئازغۇنلار يولىغا كىرىپ كېتىشتۇر.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئاس رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قەلبىڭلاردىكى ئىمان خۇددى كىيىم كونىراپ قالغاندەك كونىراپ قالىدۇ، ئاللاھتىن ئىمانىڭلارنى يېڭىلاپ تۇرۇشنى تىلەڭلار»[2].

ئاللاھ ماڭا ۋە سىلەرگە قۇرئان ۋە سۈننەت ئارقىلىق بەرىكەت ئاتا قىلسۇن، ئۇنىڭدىكى ئايەت ۋە ھېكمەتلەرنى ئاتا قىلسۇن، ئاللاھتىن ئۆزۈم ۋە سىلەر ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن، ئامىين!

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى مۇسۇلمانلار! مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدە ياخشىلىقلار كۆپ، شۇ

[1] مائىدە سۈرىسى 94 ـ ئايەت.
[2] ھاكىم ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان.

ياخشىلىقلارنى تېخىمۇ ياخشىلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم، ئىنسان ئۈچۈن روھىي تەربىيە ۋە روھىي ئوزۇق مۇھىم بولۇپ، مەيلى ئالىم، مەيلى ئاددىي مۇسۇلمان، ئوخشاشلا ئوزۇققا موھتاجدۇر. ئىلىم ئەمەلگە ئېلىپ بېرىشى كېرەك، ئوزۇقلۇقى تەقۋالىق ۋە ياخشى ئەمەل بولغان ئادەم نىجاتلىققا لايىقتۇر. ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتى شۇكى ئاللاھقا يۈزلەنگەن ئادەم ئۈمىدسىز قالمايدۇ. ئازغۇنلۇقتىن ساقلىنىش ئاللاھقا قايتىش بىلەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسىبەت ئىچىدە تۇرۇپ ئىبادەت قىلغانلىق، خۇددى مېنىڭ قېشىمغا ھىجرەت قىلغان بىلەن ئوخشاشتۇر»[1]. كىشىلەر ئازغۇنلۇققا كېتىپ بارغاندا نامىز ۋە ئىبادەتكە يۈزلەنگەنلەر ئۈچۈن خۇش بىشارەت بولسۇن، كىشىلەر غەم-ئەندىشىگە چۆمگەندە قەلبى ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولغانلارغا خۇش بىشارەت بولسۇن.

مۇھىم بولغىنى ئەۋلادلارنى مۇستەھكەم ئىرادە ۋە ئىشەنچكە كۆندۈرۈش، ھورۇنلۇق ئاپىتىدىن ساقلاش لازىم. باياشاتلىق ئىچىدە شەرەپكە نائىل بولۇش خام خىيالدۇر. ساھابە كىراملار تىرىشچانلىق ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ شەرىپىگە ئېرىشكەن. ئۇلار ئىلىم بىلەن ئىبادەت، دەۋەت بىلەن جىھادنى بىرلەشتۈرگەن، راھەت-پاراغەتكە بېرىلمىگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، جەننەت مۇشەققەتلەر بىلەن ئورالغاندۇر، شۇڭا كىم جەننەتنى خالىسا، شۇ مۇشەققەتلەرگە دۇچ كېلىشى ۋە ئۇنى يېڭىپ چىقىشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿رَبَّنَا لَا تُزِغۡ قُلُوبَنَا بَعۡدَ إِذۡ هَدَيۡتَنَا وَهَبۡ لَنَا مِن لَّدُنكَ رَحۡمَةًۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡوَهَّابُ﴾ ﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى ھىدايەت قىلغىنىڭدىن كېيىن دىللىرىمىزنى توغرا يولدىن بۇرىۋەتمىگىن، بىزگە دەرگاھىڭدىن رەھمەت بېغىشلىغىن. شۈبھىسىزكى، سەن (بەندىلىرىڭگە ئاتالارنى) بەكمۇ بېغىشلىغۇچىسەن﴾[2].

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[2] ئالى ئىمران سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

ئى دىللارنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! دىللىرىمىزنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن، ئى دىللارنى مۇستەھكەم قىلغۇچى ئاللاھ! دىللىرىمىزنى دىنىڭدا مۇستەھكەم قىلغىن، ئاندىن سىلەر ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئەڭ پاكراقى بولغان قۇرەيشلىك ھاشىمى نەسەپلىك مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھقا دۇرۇت ۋە سالام يوللاڭلار.

ئى ئاللاھ! ئۆزەڭنىڭ بەندەڭ ۋە ئەلچىڭ مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ پاك ئەھلى بەيتىگە، بەرىكەتلىك ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەت كۈنىگىچىلىك ئۇلارغا ياخشىلىق بىلەن ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت، سالام ۋە بەرىكەت يوللىغىن. ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن، دىنسىزلارنى ۋە مۇفسىد (بۇزغۇنچى)لارنى خار قىلغىن.

ئى ئاللاھ! بۇ ئۈممەت ئۈچۈن ساڭا ئىتائەت قىلغانلار ئەزىز بولىدىغان، ساڭا ئاسى بولغانلار ھىدايەت تاپىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇلۇپ، يامانلىقتىن توسۇلىدىغان تەرەققى قىلغان بىر شارائىتنى ھازىرلاپ بەرگىن. ئى ئاللاھ! كىم ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ئۆزىگە مەشغۇل قىلغىن، ئۇنىڭ ھىيلە-مىكرىنى ئۆزىگە قايتۇرغىن ۋە يامان ئاقىۋەتنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلغىن، يا راببەل ئالەمىن!

ئى ئاللاھ! پەلەستىندە ۋە ھەر قانداق ئورۇندا سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىۋاتقانلارغا ياردەم بەرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ئەسىرلىرىنى ئازات قىلغىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغىن. ئى ئاللاھ! مەسجىدى ئەقسانى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ۋە ئىشغالچىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئازات قىلغىن.

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ سۈرىيە، بىرما ۋە ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا رەھىم قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلاردىن بالايى-مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۇلارغا دەرھال چىقىش يولى بەرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرىغا رەھىم قىلغىن، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغىن، ئى ئاجىزلارغا رەھىم قىلغۇچى! ۋە ئى مەزلۇملارغا ياردەم بەرگۈچى!

ئى ئاللاھ! ئۇلارنى قان تۆكۈلۈشتىن ساقلاپ قالغىن، قورقۇنچىسى ئورنىغا

خاتىرجەملىك بەرگىن، ئابرويلىرىنى ساقلىغىن، يوچۇقلىرىنى ئەتكىن، ئاچلىرىغا تائام بەرگىن، دىللىرىنى ئىناق قىلغىن، قەدەملىرىنى مۇستەھكەم قىلغىن، ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلغانلارغا قارشى ئۇلارغا ياردەم بەرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۇلارنى ھىدايەت ئۈستىدە جەملىگىن، ئۇلارنىڭ يامانلىرىغا كۇپايە قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ دۈشمىنىنى ھالاك قىلغىن.

ئى ئاللاھ! زالىم تاغۇتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنى ھالاك قىلغىن. ئى ئاللاھ! مىسىر ۋە ھەر قانداق ئورۇندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنى ھەقىقەت ۋە ھىدايەت ئۈستىدە جەملىگىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۇلارنىڭ ياخشىلىرىنى ئۇلارغا ۋالى قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىرىغا كۇپايە قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئۆزەڭنىڭ دىنىڭ، كىتابىڭ، پەيغەمبىرىڭنىڭ سۈننىتى ۋە مۆمىن بەندىلىرىڭگە ياردەم بەرگىن.

ئى ئاللاھ! ئىككى ئۇلۇغ ھەرەمنىڭ خادىمى بولغان ئىش ئىگىمىزنى ئۆزەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئۇنى ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ئېلىپ كەلگىن، ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ۋەلى ئەھدىسىگە تەۋفىق ئاتا قىلغىن، يا راببەل ئالەمىن. ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ۋالىلىقىغا بەرىكەت بەرگىن، ئۇنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ياخشى قىلغىن، ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغان ھەر قانداق كىشىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۇنىڭ دىلىنى مەخپى ۋە ئاشكارا ھالەتتە سېنىڭ قورقۇنچۇڭ بىلەن تولدۇرغىن.

ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرىنى سېنىڭ شەرىئىتىڭنى ھاكىم قىلىشقا ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلغىن ھەمدە ئۇلاردىن مۇئمىن بەندىلىرىڭگە رەھمەت قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىگە خاتىرجەملىك ۋە موللۇقنى يايغىن، يامانلارنىڭ يامانلىقىدىن ۋە پاجىرلارنىڭ ھىيلە-مىكرىدىن كۇپايە قىلغىن.

# مۇسۇلمان ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ھەر ئىشتا ئاگاھ بولۇشى كېرەك

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(11/06/1435ھ = 11/04/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتىگەن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇسۇلمان ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈپ، ھەر ئىشتا ئاگاھ بولۇشى كېرەك» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى: ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھالەتلەردە تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِۦ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ﴾ ﴿ئى مۇئمىنلەر! ئاللاھقا مۇۋاپىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار﴾[1].

دۇنيا بىخۇتلاشتۇرغۇچى ۋە مەغرۇرلاندۇرغۇچىدۇر. ئىنسان ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، خۇشاللىق بىلەن غەم قايغۇ، بايلىق بىلەن كەمبەغەللىك، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت ئوتتۇرىسىدىكى تۇقۇنۇش ئىچىدە ياشايدۇ. ئىنساننىڭ كۈنلىرى ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بۈگۈن پايدىسىغا بولسا، ئەتە زىيىنىغا بولۇپ قالىدۇ، دۇنيا كېچىلىرى كۆتۈلمىگەن يېڭىلىقلارنى كۆتۈرۈپ كەلگۈچىدۇر. ئىنسان ئاللاھنىڭ ئۆزىگە نېمىلەرنى تەقدىر قىلغانلىقىنى ھېچ بىلمەيدۇ. ئىنسان بىر مەزگىل خۇشال ياشىسا، بىر مەزگىل قايغۇ بىلەن ياشايدۇ. دېمەك، بۇ دۇنيا بىر كۈن پايدىمىزغا بولسا، يەنە بىر كۈن زىيىنىمىزغىدۇر.

---

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 102 ـ ئايەت.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِن يَمْسَسْكُمْ قَرْحٌ فَقَدْ مَسَّ ٱلْقَوْمَ قَرْحٌ مِّثْلُهُۥ ۚ وَتِلْكَ ٱلْأَيَّامُ نُدَاوِلُهَا بَيْنَ ٱلنَّاسِ وَلِيَعْلَمَ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَيَتَّخِذَ مِنكُمْ شُهَدَآءَ ۗ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلظَّٰلِمِينَ﴾ ﴿ئەگەر سىلەرگە شىكەستلىك يەتكەن بولسا (يەنى بۇ جەڭدە سىلەر يارىلانغان ۋە شېھىد بولغان بولساڭلار)، دۈشمەنلەرگىمۇ (بەدرى جېڭىدە) ئوخشاشلا شىكەستلىك يەتتى (يەنى ئۇلار يارىلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى). بۇ كۈنلەرنى ئىنسانلار ئارىسىدا ئايلاندۇرۇپ تۇرىمىز (يەنى غەلىبىنى ھەمىشە بىر پىرقىدە قىلماي، بىر كۈن بۇ پىرقىدە، بىر كۈن ئۇ پىرقىدە قىلىمىز)، (بۇ) ئاللاھنىڭ (ھەقىقى) مۇئمىنلەرنى (مۇناپىقلاردىن) ئايرىلىشى ئۈچۈندۇر، سىلەرنى شەھىدلەردىن قىلىشى (يەنى سىلەردىن بەزىلەرنى شېھىدلىك دەرىجىسىگە مۇشەررەپ قىلىشى) ئۈچۈندۇر، ئاللاھ زالىملارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[1].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئىنسان بۇ دۇنيانىڭ بىر كىشىلىك ئەزاسى بولۇشى، دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا ئالاھىدە ئۈممەتنىڭ بىر پارچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنيادىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە ئەتراپىدىكى ئەھۋاللارغا قارىتا ھۇشيار تۇرۇشى كېرەك. سىزگە باشقىلار داۋاملىق كۆز تىكىپ، پۇرسەت كۈتۈپلا تۇرغان ئىكەن، سىز ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ سىزگە بولغان مۇئامىلىسى ۋە نىيەتلىرىنى پىلانلىشىغا قارىتا ھۇشيار ۋە سەزگۈر بولىشىڭىز كېرەك.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ھۇشيارلىق ئىنسان ئۈچۈن بەختەرلىك قالقىنى ۋە ئۈممەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى مۇستەھكەم ئېسىلىشقا تېگىشلىك ئارغامچىدۇر. جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئەزا ئۆزىنىڭ ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى لازىم. ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ شەخسى بىخەتەرلىكى، پىكرى ساغلاملىقى، جىسمانى سالامەتلىكى ۋە ئۇرۇقلىقىنىڭ بىخەتەرلىكىدەك ئىشلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك. چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ۋە پەرۋاسىزلىق قىلىشقا قەتئى بولمايدۇ.

ئىنساننىڭ ھۇشيارلىقى، دىققەت قىلىش بىلەن ھەر ئېھتىمالغا تەييار تۇرۇشى، شۇ ئىنساننىڭ ئويغاق قەلب ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 140 ـ ئايەت.

ئۆلچەم، شەخسلەرگە قارىتىلغاندەك جەمئىيەتكىمۇ ئوخشاشلا قارىتىلىدۇ. ئاللاھ ئىنسانغا كۆپ نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ بەندە ئۈستىدە ھەقلىرى كۆپتۇر. ئىنسان يەنە ئاللاھنىڭ چەكسىز نېمىتىگە مۇيەسسەر بولغاندەك، ئۇنىڭ سىناق-ئىمتىھانلىرىغىمۇ مۇبتىلا بولۇشقا ھازىر تۇرۇشى كېرەك.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُّ نَفْسٍ ذَآئِقَةُ ٱلْمَوْتِۗ وَإِنَّمَا تُوَفَّوْنَ أُجُورَكُمْ يَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِۖ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدْخِلَ ٱلْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَۗ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا مَتَـٰعُ ٱلْغُرُورِ﴾ ﴿ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دەۋزەختىن يىراق قىلىنىپ، جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)﴾[1].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ھوشيار بولۇش دېگەنلىك، داۋاملىق ئېھتىياتچان بولۇپ، ۋەقە يۈز بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىش دېگەنلىكتۇر. بۇ بىر ساغلام مۇئامىلە بولۇپ، «ئالدىنى ئېلىش داۋالىنىشتىن ياخشى» دېگەن پرىنسىپقا توغرا كېلىدۇ. ھوشيار تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ توغرا ئىشلىرى خاتالىقلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ھوشيار ۋە ئاگاھ بولۇش دېگەنلىك، ھەر قانداق خەتەرلىك ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئوڭشىغىلى بولمايدىغان خاتالىقلاردىن ساقلىنىش، كىچىك مەنپەئەتلەر ياكى شەخسى مەنپەئەتلەرنى دەپ چوڭ پايدىغا ۋە ئۈممەتنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالماسلىق دېگەنلىكتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا كَانَ ٱلْمُؤْمِنُونَ لِيَنفِرُواْ كَآفَّةًۚ فَلَوْلَا نَفَرَ مِن كُلِّ فِرْقَةٍ مِّنْهُمْ طَآئِفَةٌ لِّيَتَفَقَّهُواْ فِى ٱلدِّينِ وَلِيُنذِرُواْ قَوْمَهُمْ إِذَا رَجَعُوٓاْ إِلَيْهِمْ لَعَلَّهُمْ يَحْذَرُونَ﴾ ﴿مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس (ئۇلارنىڭ بىر تۈركۈمى جىھادقا چىقتى)، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر جامائەدىن يەنە بىر تۈركۈمى دىنى ئالىم بولۇپ، ئۇلار قەۋمىنىڭ قېشىغا

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 185 ـ ئايەت.

قايتقاندىن كېيىن، قەۋمىنىڭ

الله دىن قورقۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇش مەقسىتىدە نېمىشقا (ئىلىم تەلەپ قىلىشقا) چىقمىدى؟﴾[1].

داۋاملىق ئاگاھ بولۇش ۋە ئېھتىيات قىلىش، ئاللاھ بۇيرۇغان قانۇنلۇق سەۋەبتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا فِيٓ أَنفُسِكُمۡ فَٱحۡذَرُوهُۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٌ حَلِيمٞ﴾ ﴿بىلىڭلاركى، ئاللاھ دىلىڭلاردىكىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ جازالىنىشتىن) ھەزەر قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھ ناھايىتى مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (ئاللاھتىن قورقۇپ گۇناھتىن چەكلەنگەنلەرگە) ھەلىمدۇر (يەنى ئاسىيلىق قىلغانلارنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ)﴾[2].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ مۇنداق دېگەن: «مۇئمىن بىر تۆشۈكتىن ئىككى قېتىم چېقىلمايدۇ»[3].

مۇسۇلمان ئۆزىنى ئاگاھ بولۇشقا كۆندۈرۈپ نەپسىنى تەربىيلىسە، خاتالىقلارنى سادىر قىلىشتىن ئۆزىنى ساقلاپ دىققەت قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسى ۋە سۇيىقەستلىرىگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ. شۇنى ھېچ ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەككى، كۆرۈنگەن ئاق نەرسىنىڭ ھەممىسى دۈمبە ئەمەس، قارا نەرسىنىڭ ھەممىسى كۆمۈر ۋە يالتىرىغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەستۇر. ھۇشيارلىقنى ئۆستۈرگەنسىرى بىپەرۋالىقتا كۆرۈلمىگەن نەرسىلەر ئاشكارىلىنىشقا باشلايدۇ، شۇڭا غەپلەت ئۇيقۇسىغا پېتىپ، ھالاكەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ.

ئىنسان يۇتۇپ سالىدىغان ئەڭ يامان زەھەر بولسا، كۈلۈپ تۇرۇپ تەقدىم قىلىنغان زەھەردۇر:

ئەقىللىق بولساڭ پاراسەتنى ئۇنۇتما،
كۈلۈپ تۇرۇپ جان ئالغۇچىنى يولاتما،

[1] تۆۋە سۈرىسى 122 ـ ئايەت.
[2] بەقەرە سۈرىسى 235 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

چايان چاقار چېغىدا كۆلمەيدۇ ئەمما ،
ئىنسانلارنىڭ كۆلۈپ تۇرۇپ چېقىشىنى ئۇنۇتما.

ئىسلام ئۇممىتى ئىچىدە ھاكىملار، پۇقرالار، ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە قانداق كىشىلەر بولسۇن داۋاملىق ئاگاھ بولۇشى كېرەك. ئەمەلىيەتتە ھەر بىر مۇسۇلمان ئەخمەق ۋە تەنتەك بولماسلىقى، ئىشلارنى ھېسسىيات بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن ئۆلچىشى كېرەك. باشقىلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن ئىنساننى ئالدامچى ئۆزى خالىغان يېرىگە سۆرەپ كېلەلەيدۇ. ئىنساننىڭ نەپسى-خاھىشىمۇ ئىنساننى ياخشىلىققا چاقىرمايدۇ. ئۇمەتمۇ نەپسى-خاھىشىغا ئەگەشكەن كۈنى ۋەيران بولىدۇ. نەپسىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن تەقۋالىق كېرەك. ئىنسان ھەر ئىشتا ئاگاھ ۋە سەزگۈر بولمايدىكەن، زۇلۇمنى زۇلۇم سانىمايدىغان، خاتانى خاتا دەپ بىلمەيدىغان ۋە بىلسىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئىنسان ئۆزىنىڭ كۈچى، پۇلى، مەنسىپى ۋە ئورنىغا ئىشىنىپ، باشقىلارغا زۇلۇم قىلماسلىقى ۋە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقى كېرەك. ھەددىدىن ئاشقان ئىنسانلار باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلمايدۇ، تىلىنى باشقىلارنىڭ زىتىغا تېگىشتىن، ئابرويىغا تىل ئۇزارتىشتىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن ساقلىمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ قۇدرەتلىك ئىنتىقام ئالغۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

بىلىش كېرەككى، ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن بولۇپ، مۆھلەت بەرگەن بىلەن ئۇنتۇپ قالمايدۇ، زالىمنىڭ كۇكۇلىسىدىن تۇتقاندا قويۇپ بەرمەيدۇ. زالىملارنىڭ قىلمىشلىرى ھەددىدىن ئېشىپ تېخىمۇ ۋەھشىلىششى، ئاللاھنىڭ ئۇنى تېخىمۇ گۇناھقا چۆمۈپ بىخۇت ھالغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈندۇر.

ئەبۇ مەسئۇد ئەلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسىنى ئۇرۇۋاتقانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭغا دەرھال: «ئى ئەبۇ مەسئۇد! بىلگىنكى ئاللاھنىڭ ساڭا بولغان قۇدرىتى سېنىڭ بۇ بالىغا بولغان قۇدرىتىڭدىن ئۈستۈندۇر» دېگەندە، ئەبۇ مەسئۇد: مەن شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە بۇنىڭدىن كېيىن قۇللارنى ئۇرمايمەن، دېسەم، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۇنداق قىلساڭ (قايتا ئۇرساڭ)، سېنى ئوت يۇتۇپ كېتىدۇ»، دېدى[1].

ھوشيارلىقنى ئاشۇرۇپ دىققەت قىلغان ئادەم تەقۋالىق قىلىدۇ، تەقۋالىق قىلغان ئادەم قۇتۇلۇپ قالىدۇ. دىققەت قىلمىغان ئادەم خەتەر مەنبەلىرىنى بىلمەيدۇ ۋە پۇتلىشىپ يىقىلىدۇ. دىققەت قىلغان ئادەم، پۇشايمان قىلمايدۇ. غەپلەتتە قالغان ئادەم پۇشايمان قىلىدۇ، ئەمما پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿يَوْمَ تَجِدُ كُلُّ نَفْسٍ مَّا عَمِلَتْ مِنْ خَيْرٍ مُّحْضَرًا وَمَا عَمِلَتْ مِن سُوٓءٍ تَوَدُّ لَوْ أَنَّ بَيْنَهَا وَبَيْنَهُۥٓ أَمَدًۢا بَعِيدًا ۗ وَيُحَذِّرُكُمُ ٱللَّهُ نَفْسَهُۥ ۗ وَٱللَّهُ رَءُوفٌۢ بِٱلْعِبَادِ﴾ ﴿ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈندە) ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، يامان ئىشلىرى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئايان بولىدۇ، (ئۇلار يامان ئىشلىرىنى كۆرمەسلىكنى)، ئۆزى بىلەن يامان ئىشلىرىنىڭ ئارىسىدا (مەشرىق بىلەن مەغرىبنىڭ ئارىسىدەك) ئۇزۇن مۇساپە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھ سىلەرنى ئۆزىنىڭ ئازابىدىن قورقۇتىدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىگە مېھرىباندۇر﴾[2].

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! تەقۋالىق قىلىڭلار، بىلىڭلاركى، ئاللاھنىڭ نۇرلۇق شەرىئىتىنىڭ مۇكەممەل قانۇن-تۈزۈم سىستېمىسى بار بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنى ياخشىلىققا باشلايدۇ، يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. يامانلىقتىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى پەخەس بولۇشتۇر. بىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلاردا پەخەس بولۇش ۋە دىققەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئەنە شۇ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز، بىزنى ئۇخلىغاندا چىراقلارنى ئۆچۈرۈپ، ئىدىشلارنىڭ ئاغزىنى يېپىش ۋە ئۇخلاشتىن بۇرۇن يوتقان كۆرپىلەرنى قېقىۋېتىشكە بۇيرۇغان.

ئىنسان دېققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش، ئاللاھنىڭ تەدبىرىدىن ئاگاھ بولۇشتۇر. ئاللاھنىڭ تەدبىرىدىن بىپەرۋا بولغانلار ھالاكەتكە يۈزلىنىپ، زىيان تارتىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿أَفَأَمِنُواْ مَكْرَ ٱللَّهِ ۚ فَلَا

[1] مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.
[2] ئالى ئىمران سۈرىسى 30 ـ ئايەت.

يَأۡمَنُ مَكۡرَ ٱللَّهِ إِلَّا ٱلۡقَوۡمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ﴾ ﴿ئۇلار ئاللاھنىڭ مەكرىدىن (يەنى ئۇلار تۇيۇقسىز تۇرغاندا ئاللاھنىڭ ئازاب نازىل قىلىشىدىن) قورقامدۇ؟ پەقەت زىيان تارتقۇچى قەۋملا ئاللاھنىڭ مەكرىدىن قورقمايدۇ﴾[1].

ئىنسانغا نېمەتلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، غەپلەتكە سەۋەب بولىدۇ. ئىنسان غاپىل بولسا خاتالىشىپ قالىدۇ. بەزىلەر، دىققەت قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۇ تەقدىرنى ئۆزگەرتەلەمتى؟ دېيىشى مۇمكىن. بىز مۇنداق دەيمىز: ئاگاھ بولۇش تەقدىرنىڭ بىر پارچىسىدۇر. ئاللاھ بىر ئىشنى چەكلەپ ئۇنىڭغا جازا بەلگىلىگەن بولسا، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش ئۈچۈن توسقان ئىشنىڭ ئەكسىنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇنداقتا بىز ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن ئاللاھنىڭ يەنە بىر تەقدىرىگە قاچقان بولىمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:﴿فَأَمَّا مَنۡ أَعۡطَىٰ وَٱتَّقَىٰ وَصَدَّقَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡيُسۡرَىٰ وَأَمَّا مَنۢ بَخِلَ وَٱسۡتَغۡنَىٰ وَكَذَّبَ بِٱلۡحُسۡنَىٰ فَسَنُيَسِّرُهُۥ لِلۡعُسۡرَىٰ﴾ ﴿(پۇل- مېلىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن) سەرپ قىلغان، تەقۋادارلىق قىلغان، (كەلىمە تەۋھىدنى) تەستىق قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭغا بىز ياخشى يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز. بېخىللىق قىلىپ (ئاللاھ نىڭ ساۋابىدىن) ئۆزىنى بىھاجەت ھېسابلىغان، كەلىمە تەۋھىدنى ئىنكار قىلغان ئادەمگە كەلسەك، بىز ئۇنىڭغا يامان يولنى مۇيەسسەر قىلىپ بېرىمىز﴾[2].

[1] ئەئراف سۈرىسى 99 ـ ئايەت.
[2] لەيل سۈرىسى 5 ـ 10 ئايەتلەر.

# يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشنىڭ خەتىرى

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە ئابدۇللاھ خەييات

(18/06/1435ھ = 18/04/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشنىڭ خەتىرى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرۇڭلار، داۋاملىق ئاللاھنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىڭلارنى ئەسلەڭلار، مال، بالا ـ چاقا ئەسقاتمايدىغان كۈننى ئېسىڭلاردىن چىقارماڭلار.

بۇ زېمىننى ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ ئىسلاھ قىلدى، ئوچۇق ـ ئاشكارا ھۆججەتلەر بىلەن كىتابلارنى چۈشۈردى، توغرا يولغا باشلىدى، كىتابلار ئارقىلىق ئىنسانلارنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇردى، ئىسلام نېمىتى بىلەن مۇكاپاتلىدى، تەۋھىد ۋە سۈننەت بىلەن ئۇلۇغ قىلدى. ئاللاھنىڭ پەزلى ئىنسانلارغا شۇ ئىسلاھات بىلەن تولىمۇ يۇقىرى بولدى.

يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشنىڭ خەتىرى، زىيانلىقى، ئاقىۋىتىنىڭ يامانلىقى ھەققىدە ئاللاھ كۆپلىگەن ئورۇنلاردا ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ئاللاھنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى بۇ ھەقتە كەسكىن ۋە رۇشەن بولدى: ﴿وَلَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ بَعۡدَ إِصۡلَٰحِهَا وَٱدۡعُوهُ خَوۡفٗا وَطَمَعًاۚ إِنَّ رَحۡمَتَ ٱللَّهِ قَرِيبٞ مِّنَ ٱلۡمُحۡسِنِينَ﴾ ﴿ئاللاھ (پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ) يەريۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەريۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار، (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورققان ۋە رەھمىتىنى) ئۈمىد

قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر﴾[1].

دۇنيا ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭدا بۇزۇقچىلىق قىلىش، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا جەڭ ئېلان قىلغانلىق، ياخشىلىقلار ۋە مەنپەئەتلەرنى ۋەيران قىلغانلىقتۇر. بۇزۇقچىلىق قىلغان ئادەم يامان ئىشلارنى يولغا قويغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغانلاردۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَقَالَتِ ٱلْيَهُودُ يَدُ ٱللَّهِ مَغْلُولَةٌ ۚ غُلَّتْ أَيْدِيهِمْ وَلُعِنُوا۟ بِمَا قَالُوا۟ ۘ بَلْ يَدَاهُ مَبْسُوطَتَانِ يُنفِقُ كَيْفَ يَشَآءُ ۚ وَلَيَزِيدَنَّ كَثِيرًا مِّنْهُم مَّآ أُنزِلَ إِلَيْكَ مِن رَّبِّكَ طُغْيَٰنًا وَكُفْرًا ۚ وَأَلْقَيْنَا بَيْنَهُمُ ٱلْعَدَٰوَةَ وَٱلْبَغْضَآءَ إِلَىٰ يَوْمِ ٱلْقِيَٰمَةِ ۚ كُلَّمَآ أَوْقَدُوا۟ نَارًا لِّلْحَرْبِ أَطْفَأَهَا ٱللَّهُ ۚ وَيَسْعَوْنَ فِى ٱلْأَرْضِ فَسَادًا ۚ وَٱللَّهُ لَا يُحِبُّ ٱلْمُفْسِدِينَ﴾ ﴿يەھۇدىيلار: «ئاللاھنىڭ قولى باغلاقتۇر (يەنى ئاللاھ بېخىلدۇر ياكى پېقىردۇر)» دېدى. يەھۇدىيلارنىڭ قوللىرى باغلانسۇن! ئۇلار بۇ سۆزلىرى سەۋەبلىك ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يىراق قىلىندى، ئەمەلدە ئاللاھنىڭ ئىككى قولى ئوچۇقتۇر، قانداق خالىسا شۇنداق رىزىق بېرىدۇ، پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان قۇرئان ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكىدە يامانلىق بىلەن كۇفرىنى ئاشۇرىدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ ساڭا دۈشمەنلىكىنى ۋە قۇرئاننى ئىنكار قىلىشنى زىيادە قىلىدۇ). بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىكنى سالدۇق، ئۇلار ھەر قاچان (رەسۇلۇللاھقا قارشى) ئۇرۇش ئوتى ياقماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇنى ئۆچۈرىدۇ. ئۇلار يەر يۈزىدە (ئىسلامغا سۇيىقەست قىلىش ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پىتنە قوزغاش بىلەن) بۇزغۇنچىلىق قىلىپ يۈرىدۇ، ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ﴾[2].

بۇزۇقچىلىقنىڭ تۈرلىرى ھەرخىل بولسىمۇ باشتا كېلىدىغىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتۇر. ئۇ بولسا ئوچۇق-ئاشكارا زۇلۇمدۇر. لوقمان ئەلەيھىسسالام ئوغلىغا شۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: ﴿وَإِذْ قَالَ لُقْمَٰنُ لِٱبْنِهِۦ وَهُوَ يَعِظُهُۥ يَٰبُنَىَّ لَا تُشْرِكْ بِٱللَّهِ ۖ إِنَّ ٱلشِّرْكَ لَظُلْمٌ عَظِيمٌ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك

[1] ئەئراف سۈرىسى 56 ـ ئايەت.
[2] مائىدە سۈرىسى 64 ـ ئايەت.

كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر» دېدى﴾[1].

ھەقىقەتەن شېرىك، ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى قىلىدىغان ئەڭ ئېغىر زۇلۇمدۇر. دۇنيانى يوقتىن بار قىلغۇچى، رىزىق بەرگۈچى، ھايات بەرگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى ئۇلۇغ ئاللاھنى قانداقمۇ ئۆزىگە پايدا زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان مەخلۇققا تەڭ قىلسۇن! بۇنىڭدىنمۇ كاتتا بۇزۇقچىلىق بولامدۇ؟! ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ مىسالى تاغنىڭ چوققىسىدىن زېمىننىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلاملىرىغا يىقىلىپ چۈشكەن ئادەمگە ئوخشاشتۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿حُنَفَآءَ لِلَّهِ غَيۡرَ مُشۡرِكِينَ بِهِۦۚ وَمَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَكَأَنَّمَا خَرَّ مِنَ ٱلسَّمَآءِ فَتَخۡطَفُهُ ٱلطَّيۡرُ أَوۡ تَهۡوِي بِهِ ٱلرِّيحُ فِي مَكَانٖ سَحِيقٖ﴾ ﴿ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئۇ گويا ئاسماندىن تاشلىنىپ، قۇشلار ئۇنى ئېلىپ قاچقاندەك، ياكى بوران ئۇنى ئېلىپ بېرىپ يىراق جايغا تاشلىۋەتكەندەك بولۇپ قالىدۇ﴾[2].

شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېرىكنى يەتتە تۈرلۈك ھالاكەت قاتارىدىن سانىغانلىقى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «يەتتە تۈرلۈك ھالاك قىلغۇچى ئاپەتلەردىن ساقلىنىڭلار»! ساھابىلار: ئۇلار نېمىلەر ئى رەسۇلۇللاھ!؟ دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىر قىلىش، ئاللاھ ھارام قىلغان جاننى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈش، ئۆسۈم يېيىش، يېتىم ھەققىنى يېۋېلىش، ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىش، مۇئمىن-مۇسۇلمان ئاياللارغا تۆھمەت قىلىش» دېدى[3].

ئاللاھ تائالا بەندىلەرنى نېمىدىن چەكلەپ ئاگاھلاندۇرغان بولسا، شەيتان ئىنسانلارنى شۇ نەرسىگە تەرغىپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى چىرايلىق كۆرسىتىپ ئازدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئاللاھ مۇناپىقلارغا مەخسۇس خىتاب قىلىپ، ئۇلارنى

[1] لۇقمان سۈرىسى 13 ـ ئايەت.
[2] ھەج سۈرىسى 31 ـ ئايەت.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

بۇزۇقچىلىق ئۇرۇغىنى چاچقۇچىلار دەپ سۈپەتلەيدۇ: ﴿وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ لَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ قَالُوٓاْ إِنَّمَا نَحۡنُ مُصۡلِحُونَ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡمُفۡسِدُونَ وَلَٰكِن لَّا يَشۡعُرُونَ﴾ ﴿ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ﴾[1].

ئىبنى جەرىر تەبەرى مۇنداق دېگەن: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلار ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىش ۋە گۇناھ-مەسىيەتلەر ئارقىلىق بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلاردۇر، ئۇلار ئاللاھنىڭ بىرلىك-بارلىقىغا شەك كەلتۈرىدۇ، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلار بىلەن سىرداش بولۇشۇپ، ئاللاھنىڭ ئەۋلىيالىرىنى تاشلاپ قويىدۇ، مانا بۇ مۇناپىقلار، ئۆزلىرىنىڭ يەر يۈزىدىكى بۇزۇقچىلىقلىرى ۋە ناچار قىلمىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ھوشيارلىق دەپ ھېسابلايدۇ».

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئەڭ چوڭ بۇزۇقچىلىق ئاللاھقا كاپىر بولۇش ۋە يەر يۈزىدە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشتۇر. ئىنسان يەر يۈزىدە ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنىڭغا تەرغىپ قىلسا، بۇزۇقچىلىق قىلغان بولىدۇ. ئاسمان-زېمىننىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ئاللاھقا تائەت-ئىبادەت قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: ﴿وَٱبۡتَغِ فِيمَآ ءَاتَىٰكَ ٱللَّهُ ٱلدَّارَ ٱلۡأٓخِرَةَۖ وَلَا تَنسَ نَصِيبَكَ مِنَ ٱلدُّنۡيَاۖ وَأَحۡسِن كَمَآ أَحۡسَنَ ٱللَّهُ إِلَيۡكَۖ وَلَا تَبۡغِ ٱلۡفَسَادَ فِي ٱلۡأَرۡضِۖ إِنَّ ٱللَّهَ لَا يُحِبُّ ٱلۡمُفۡسِدِينَ﴾ ﴿ئاللاھ ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن، ئاللاھ ساڭا ياخشىلىق قىلغاندەك، سەن (ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگىمۇ) ياخشىلىق قىلغىن، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىقنى تىلىمىگىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ﴾[2].

ئاللاھ مېنى ۋە سىلەرنى ياخشىلىقلارغا باشلىسۇن، مەنپەئەتلىك كىشىلەردىن قىلسۇن، قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكۈچىلەردىن قىلسۇن!

[1] بەقەرە سۈرىسى 11 - ۋە 12 - ئايەت.
[2] قەسەس سۈرىسى 77 - ئايەت.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن، ئاللاھتىنلا ياردەم سورايمىز، ئىستىغفار ئېيتىمىز ۋە نەپسىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق ۋە تۈرلۈك بالايى-ئاپەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى، ئىنسانلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن سادىر قىلغان جىنايەتلەر سەۋەبىدىن ئىكەنلىكى مۇنۇ ئايەتتە بايان قىلىنغان: ﴿ظَهَرَ ٱلْفَسَادُ فِى ٱلْبَرِّ وَٱلْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِى ٱلنَّاسِ لِيُذِيقَهُم بَعْضَ ٱلَّذِى عَمِلُوا۟ لَعَلَّهُمْ يَرْجِعُونَ﴾ ﴿ئىنسانلارنىڭ قىلغان گۇناھلىرى تۈپەيلىدىن، قۇرۇقلۇقتا ۋە دېڭىزدا ئاپەت يۈز بەردى، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋۋە قىلسۇن دەپ قىلمىشلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ (جازاسىنى) ئۇلارغا تېتىتتى﴾[1].

يەر يۈزىدىكى بۇزۇقچىلىقلارنى يوق قىلىش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش، يەنىلا ئىنسانلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئىسلاھات يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشلىرى ئارقىلىق بولىدۇ. چۈنكى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغاندەك بىر قەۋمگە بىرىلگەن ياخشىلىقنى شۇلار ئۆزى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ تائالا ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿ذَٰلِكَ بِأَنَّ ٱللَّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِّعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَىٰ قَوْمٍ حَتَّىٰ يُغَيِّرُوا۟ مَا بِأَنفُسِهِمْ وَأَنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٌ﴾ ﴿بۇ (يەنى ئۇلارغا نازىل بولغان ئازاب) شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىرەر قەۋم ئۆزلىرىنىڭ ھالىتىنى (كۇفرى ۋە گۇناھ بىلەن) ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نېمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ، ئاللاھ (ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (قىلمىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾[2].

ئى بەندىلەر! داۋاملىق ئاللاھتىن قورقۇڭلار ۋە تەقۋالىق قىلىڭلار، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئىتائەت قىلىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، داۋاملىق ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللاڭلار!.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ ٱللَّهَ وَمَلَٰٓئِكَتَهُۥ يُصَلُّونَ عَلَى ٱلنَّبِىِّ ۚ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ صَلُّوا۟ عَلَيْهِ وَسَلِّمُوا۟ تَسْلِيمًا﴾ ﴿ئاللاھ ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە

[1] رۇم سۈرىسى 41 ـ ئايەت.
[2] ئەنفال سۈرىسى 53 ـ ئايەت.

رەھمەت يوللايدۇ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ ۋە دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ قىلىدۇ)، پەرىشتىلەرمۇ ھەققەتەن (پەيغەمبەرگە) مەغفىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر! سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار (چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)﴾[1].

ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن، دىنىنىڭ ماھىيىتىنى قوغدىغىن، دىن دۈشمەنلىرىنى ۋە باشقا تاغۇت مۇفسىدلارنى ھالاك قىلغىن، مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىنى ئىناق قىلغىن، ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى بىرلەشتۈرگىن، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىرىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۇلارنى ھەق ئۈستىدە بىرلەشتۈرگىن، يا راببەل ئالەمىن! ئى ئاللاھ! دىنىڭغا، كىتابىڭغا، پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ھەممە ئۆزەڭنىڭ مۇئمىن، مۇجاھىد سادىق بەندىلىرىڭگە ياردەم قىلغىن.

ئى ئاللاھ! بىزنى ئۆز ۋەتىنىمىزدە خاتىرجەم قىلغىن، بىزنىڭ ئىماملىرىمىز ۋە ئىش ئىگىلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن، بىزنىڭ ئىماملىرىمىزنى ۋە ئىش ئىگىمىزنى ھەق بىلەن كۈچلەندۈرگىن، ئۇنىڭغا يارامىلىق سىرداشلارنى چىقىرىپ بەرگىن ۋە ئۇنى ئۆزەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئى دۇئالارنى ئاڭلىغۇچى! ئى ئاللاھ! ئۇنى، ئۇنىڭ ئىككى نائىبىنى ۋە قېرىنداشلىرىنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ياخشىلىقى بار ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغىن ھەمدە بەندىلەرنىڭ ۋە دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئەتى بار ئىشقا نېسىپ قىلغىن، ئى قىيامەت كۈنى ھەممە نەرسە ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتىدىغان زات!

ئى ئاللاھ! نەپسلىرىمىزگە تەقۋالىقنى كەلتۈرۈپ بەرگىن ۋە ئۇنى پاكلىغىن، سەن ئۇنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە مەۋلاسىسەن. ئى ئاللاھ! بارلىق ئىشلاردا ئاقىۋىتىمىزنى ياخشى قىلغىن،

[1] ئەھزاب سۈرىسى 56 ـ ئايەت.

بىزگە دۇنيانىڭ خارلىقى ۋە ئاخىرەتنىڭ ئازابىدىن پاناھ بەرگىن.

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ ساقلىغۇچىسى بولغان دىنىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ئۈنىڭدا بولغان دۇنيالىقىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن، بىزنىڭ قايتا تىرىلىشىمىز ئۈنىڭدا بولغان ئاخىرىتىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن، ھاياتلىقنى ھەر قانداق ياخشىلىقتا بىزگە زىيادە قىلىپ بەرگىن ۋە ئۆلۈمنى ھەر قانداق يامانلىقتىن بىزگە راھەت قىلىپ بەرگىن.

ئى ئاللاھ! ئۆزەڭنىڭ ۋە بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە قارىتا ئۆزەڭ خالىغان نەرسە بىلەن بىزگە كۇپايە قىلغىن، يا راببەل ئالەمىن! ئى ئاللاھ! ئۆزەڭنىڭ ۋە بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە قارىتا ئۆزەڭ خالىغان نەرسە بىلەن بىزگە كۇپايە قىلغىن، يا راببەل ئالەمىن! ئى ئاللاھ! ئۆزەڭنىڭ ۋە بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزگە قارىتا ئۆزەڭ خالىغان نەرسە بىلەن بىزگە كۇپايە قىلغىن، يا راببەل ئالەمىن! ئى ئاللاھ! بىز سىنى سىنىڭ دۈشمەنلىرىڭنىڭ ۋە بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ كېكىرتىكىدە قىلىمىز ۋە سىنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز. ئى ئاللاھ! بىز سىنى ئۇلارنىڭ كېكىرتىكىدە قىلىمىز ۋە سىنىڭ ياردىمىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز

ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنى ئۆز دىيارلىرىدا مۇھاپىزەت قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ساقلىغىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلغىن ۋە ئۇلارنى ئاشكارا-مەخپىي پىتنىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلىغىن، ئى ئاللاھ! پەلەستىن، سۈرىيە، ئوتتۇرا ئافرىقا، سومالى، بىرما ۋە ھەر قانداق دىيار ۋە شەھەرلەردىكى مۇسۇلمانلارنى مۇھاپىزەت قىلغىن، يا راببەل ئالەمىن!

ئى ئاللاھ! كېسەللىرىمىزگە شىپالىق بەرگىن، ئۆلۈكلىرىمىزگە رەھىم قىلغىن، بىزنى ئۆزەڭ رازى بولىدىغان يوللار بىلەن ئارزۇلىرىمىزغا يەتكۈزگىن، ئەمەللىرىمىزنى ياخشىلىق بىلەن تاماملىغىن.

# ئىسلامدا سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن مۇھەممەد ئالى تالىب

(25/06/1435ھ = 25/04/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتەلىگەن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلامدا سۆزنىڭ مەسئۇلىيىتى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئىنسان تەبىئىتىدىكى چۈشەنچە ئوخشاشماسلىقى ھەممىگە مەلۇم، ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك پىكىر، دىن، مەزھەب ۋە ئېقىملارنى قوبۇل قىلىشىدا شەك يوق، لېكىن ھەر نەرسىنىڭ ئۇسۇلى ۋە قائىدىسى بارلىقى ئېنىق. دېمەك، ھەركىم خالىغىنىنى دەپ، خالىغىنىنى يەپ، خالىغىنىنى كىيىپ ياكى يالغاچ يۈرىيدىغان باشباشتاقلىققا ئىسلام يول قويمايدۇ.

كېسەلنى دوختۇردىن باشقىسى داۋالىيالمايدۇ. يالغان دوختۇرلار كېسەلنى داۋالىيالماستىن ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاشتىمۇ ئەقىلسىز ۋە نادانلار ئەمەس، بەلكى بىلىملىك ۋە ئەقىللىق كىشىلەر باشلايدۇ. بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ دىنىغا باشلاش، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ياكى قۇلاق مولۇللىرىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئالىم كېرەك. گەپ قىلىش ھەر كىمگە ئاسان بولغان، ئاۋاز تارقىتىش ۋاستىلىرى تولۇق بولغان ۋە بىر سىكونت ئىچىدە پۈتۈن دۇنياغا كېڭىنى

ئاڭلىتالايدىغان بوْگوْنكى ۋاقىتتا، خالىغان ئادەم، خالىغان ماۋزۇ ۋە ھەر قانداق باپتا گەپ قىلىشقا باشلىسا، ئاقىۋەت نېمە بولماقچى؟!.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە، تەبۇك غازىتىدا بەزىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسكەرلىرى ھەققىدە: بىز بۇنداق كىشىلەرنى كۆرمىگەن، بۇلارنىڭ قورسىقىدا ئۇمىچى يوق، يالغانچى ۋە دۈشمەننى كۆرسە، ئۇلاردىن قورقۇنچىسى يوق كىشىلەر ئىكەن، دېيىشكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزرە سوراپ كېلىپ: بىز پەقەت چاقچاق قىلدۇق، يولدا گەپلىشىپ ماڭغان ئىدۇق، دېگەندە، ئاللاھ مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُمْ لَيَقُولُنَّ إِنَّمَا كُنَّا نَخُوضُ وَنَلْعَبُ ۚ قُلْ أَبِاللَّهِ وَآيَاتِهِ وَرَسُولِهِ كُنتُمْ تَسْتَهْزِئُونَ لَا تَعْتَذِرُوا قَدْ كَفَرْتُم بَعْدَ إِيمَانِكُمْ ۚ إِن نَّعْفُ عَن طَائِفَةٍ مِّنكُمْ نُعَذِّبْ طَائِفَةً بِأَنَّهُمْ كَانُوا مُجْرِمِينَ﴾ ﴿(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ (مەسخىرە قىلغانلىقىنى) سورىساڭ، ئۇلار:«بىز (راستىن ئەمەس)، پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويدۇق» دەيدۇ. (بۇ مۇناپىقلارغا «سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟» دېگىن. سىلەر (يالغان قەسەم ئىچىپ) ئۆزرە ئېيتماڭلار، سىلەر ئىمان ئېيتقىنىڭلاردىن كېيىن، (پەيغەمبەرنى مەسخىرە قىلىش بىلەن) كاپىر بولدۇڭلار سىلەردىن بىر گۇرۇھنى (راست تەۋبە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئەپۇ قىلساق، يەنە بىر گۇرۇھنى گۇناھكار بولغانلىقلىرى (يەنى مۇناپىقلىق بىلەن گۇناھنى داۋاملاشتۇرغانلىقلىرى) ئۈچۈن جازالايمىز﴾[1].

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دېيىشىچە: گەپ پەيدا قىلغان ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ ئارغامچىسىغا ئېسىلىپ يالۋۇرۇپ، ئى رەسۇلەللاھ! بىز بۇ گەپلەرنى چاقچاق قىلىپ دېگەن ئىدۇق، دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ﴿سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى (يەنى كىتابىنى) ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟﴾ دېگەن يۇقىرىدىكى ئايەتنى قايتا ـ قايتا تەكرارلىغان».

[1] تەۋبە سۈرىسى 65 ـ ۋە 66 ـ ئايەت.

ئـى مۇسـۇلمانلار! مەزكـۇر ئايەتلەردىـن دىلـلار قورقـۇپ، جىسـىملار تىتـرەپ كېتىـدۇ. ئەنـە شـۇ ئاللاھ ئىنسـانلارغا خىتـاپ قىلىـپ: ﴿ئىمـان ئېيتقاندىـن كېيىـن كاپىـر بولـدۇڭلار﴾ دەپ، ئىمـان ئېيتقـان ۋە جىھـاد قىلغانلارنـى تەسـتىقلاپ بولغاندىـن كېيىـن، ئىـچ پۇشـۇقنى چىقىرىـش ئۈچـۈن، چاخچاق قىلىـپ دەپ قويغـان سـۆزلىرى ئۈچـۈن ئۇلارنـى كاپىرلىققا مەنسـۇپ قىلغـان. گەرچـە ئـۇلار سـۆزلىرى ئارقىلىـق ئاللاھ ۋە ئاللاھنىـڭ رەسـۇلىنى بىۋاسـىتە مەسخىرە قىلمىغـان بولسـىمۇ، ئاللاھ ئۇلارنىـڭ دىللىرىنـى بىلگەنلىكـى ئۈچـۈن ئۇلارغـا كايىـدى.

بۈگۈنكـى كۈنـدە سـىز كىشـىلەرنىڭ ماقالىـلار ئارقىلىـق بولسـۇن، ياكـى رادىئـو، تېلېۋىـزورلار ئارقىلىـق بولسـۇن، ئەنـە شـۇنداق كىشـىلەرگە قارىتـا خەتەرلىـك گەپ-سـۆزلەرنى ۋە تۆھمەتلەرنـى قىلغانلىقنـى كۆرىسـىز.

پەيغەمبـەر ئەلەيھىسسـالام مۇنـداق دېگـەن: «بەنـدە ئويلىماسـتىن (ياكـى پەرۋا قىلماسـتىن) بىـر سـۆزنى قىلىـدۇ، ئـۇ سـۆز شـۇ ئادەمنـى مەشـرىق بىلـەن مەغرىـب ئارىلىقىـدا بولغـان يىـراق مۇساپىدىكى ئوتقـا تاشـلايدۇ»[1].

بۈگۈنكـى كۈنـدە كۆپلىگـەن كىشـىلەرنىڭ شـەرىئەتكە قارشـى ياكـى ئالىملارغـا قارشـى، ئىـچ پۇشـۇقنى چىقىرىـش ياكـى ئۆزىگـە تەسـەللى بېرىـش ئۈچـۈن، ئېغىزىغـا كەلگەننـى سـۆزلىگەنلىرىنى ئۇچرىتىمىـز. ھالبۇكـى ئاللاھ تائـالا مۇنـداق دەيـدۇ: ﴿إِذْ يَتَلَقَّى ٱلْمُتَلَقِّيَانِ عَنِ ٱلْيَمِينِ وَعَنِ ٱلشِّمَالِ قَعِيدٌ مَّا يَلْفِظُ مِن قَوْلٍ إِلَّا لَدَيْهِ رَقِيبٌ عَتِيدٌ﴾ ﴿ئىنسـاننىڭ ئـوڭ تەرىپىـدە ۋە سـول تەرىپىـدە ئولتـۇرۇپ خاتىرىلەيدىغـان ئىككـى پەرىشـتە بـار، (ئىنسـاننىڭ سـۆز- ھەرىكىتى خاتىرىلىنىۋاتقـان) ۋاقىتتـا، ئـۇ قانـداق بىـر سـۆزنى قىلمىسـۇن، ئۇنىـڭ ئالدىـدا ھامـان پەرىشـتە ھازىـر بولـۇپ كۆزىتىـپ تۇرىـدۇ﴾[2].

ئاللاھ ۋە ئۇنىـڭ رەسـۇلى، شـەرىئەتكە قارشـى شەخسـلەرنىڭ سـۆزلىرىگە بـۇ دەرىجىـدە كايىسـا، ئىسـلام ۋە مۇسـۇلمانلارغا مەنسـۇپ بولغـان مەشـھۇر گېزىـت-ژۇرناللارنىـڭ ھۇجۇملىـرى قانداقمـۇ مەقبۇل بولسـۇن؟! ئېغىزىمىزدىن چىقىدىغان ھـەر بىـر سـۆزنىڭ مەسـئۇلىيىتى بـار، سـۆز قىلغانـدا ئېغىزىمىزغـا كەلگەننـى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] قاف سۈرىسى 17 ـ ۋە 18 ـ ئايەت.

سۆزلەش ئاللاھنىڭ ئازابىنى چاقىرىدۇ ھەمدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىككە سەۋەب بولىدۇ.

ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى تەنقىت قىلىدىغانلار، گۇناھ-مەسىيەتلەرنى ئاشكارا سادىر قىلىپ، ئاندىن كىبىر قىلىپ باشقىلار بىلەن جىدەللىشىدىغانلار، ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئوچۇق-ئاشكارا قارشى چىقىدىغانلار، ئۆزىنىڭ ئەقلى ياكى ھاۋايى-ھەۋىسىگە توغرا كەلمىگەن ھەر قانداق پىكىرنى تەنقىتلەيدىغانلار، قەدىمقى پەيلاسوپلارنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئەقلى نېمىنى چىرايلىق كۆرسەتسە، شۇ چىرايلىقتۇر، ئۇنىڭدىن باشقىسى قەبىھتۇر، دېگۈچىلەر، ھەقىقىي ئازغۇنلاردۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى سۈپەتلەپ، ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «جەھەننەم دەرۋازىلىرى ئالدىدا ئۇنىڭغا چاقىرغۇچىلار بار، كىمكى ئۇلارنىڭ چاقىرىقىغا قۇلاق سالسا، ئۇ كىشىنى جەھەننەمگە ئاتىدۇ». مەن: ئى رەسۇلەللاھ! ئۇلار كىملەر ماڭا تەسۋىرلەپ بەرسىلە! دېسەم، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار بىزنىڭ مىللىتىمىزدىن ۋە بىزنىڭ تىلىمىزدا سۆزلەيدىغانلار». دېگەن.

ئىنسان، ئۆز نەپسى-خاھىشىغا ئەگىشىشنى ئۆگىنىپ قالسا، ئۇنى تۈزەش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شەرىئەت ئىشلىرىدا ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ۋە ئىلىم ئەھلىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىش ۋاجىپتۇر. شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپنى ئاسماندىن نازىل قىلىنغان كىتاپقا تەڭلەپ ھەل قىلىش كېرەك، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىگە مۇراجىئەت قىلىنغان تەقدىردە ھەممە ئادەمنىڭ ئەقلى بار».

دىندا ئالىم بولمىغان ئادەمنىڭ دىنى بىلىملەر ھەققىدە ئىچكىرىلەپ كىرىشى توغرا ئەمەس، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يُجَٰدِلُ فِى ٱللَّهِ بِغَيۡرِ عِلۡمٍ وَلَا هُدًى وَلَا كِتَٰبٍ مُّنِيرٍ﴾ ﴿بەزىلەر (توغرا تونۇشقا ئېلىپ بارىدىغان) ھېچقانداق ھەقىقىي ئىلمىسىز، ھىدايەتسىز ۋە نۇرلۇق كىتابسىز ھالدا ئاللاھ توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىدۇ (ئۇنىڭ مۇنازىرىلىشىشى نوقۇل نەپسى-خاھىشىدىن ۋە تەرسالىقىدىندۇر)﴾[1].

[1] ھەج سۈرىسى 8 ـ ئايەت.

ئۆزى بىلمەيدىغان ساھەدە سۆزلىگەن ئادەم، ئاجايىپ غەلىتە سۆزلەرنى قىلىشقا باشلايدۇ. مەرھۇملاردىن بىرسى مۇنداق دېگەن: «بىلمىگەن ئادەم سۈكۈت قىلسا، ئىختىلاپ ئازىيىدۇ».

ئىلاھىي ۋە نەبەۋى يوليورۇقلار شۇنى تەكىتلەيدۇكى، سۆز، قەلب (ۋىجدان) نىڭ تەرجىمانىدۇر. ئىنساننىڭ ئەقلىدە نېمە بولسا تىلىغا شۇ چىقىدۇ. بەزى ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى ۋە پىكرىنى يوشۇرۇشقا قانچە تىرىشسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە يازمىلىرىدىن ئۇنىڭ دىنىغا بولغان چۈشەنچىسى ئاشكارىلىنىدۇ. ئاقىللار نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا تىل ئۇزارتىشتىن ساقلىنىدۇ. پىتنىگە سەۋەب بولىدىغان ئورۇنلاردا سۈكۈت قىلىش، ھەقىقىي ئەرلەرنىڭ خىسلىتىدۇر. شۇنداقلا سۆزلەشكە توغرا كەلگەندە قورقماستىن سۆزلەش شەرەپلىك خىسلەتتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاڭلىغاننىڭ ھەممىنى سۆزلەش شۇ ئادەمنىڭ يالغانچىلىقىغا كۇپايە قىلىدۇ» دېگەن. ئىسلام خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «گەپنى جىق قىلغان ئادەمنىڭ خاتالىقى كۆپ بولىدۇ، خاتالىقى كۆپ بولغان كىشىنىڭ گۇناھلىرى كۆپ بولىدۇ، گۇناھلىرى كۆپ بولغاننىڭ جايى جەھەننەمدۇر».

تىلنى كەلسە-كەلمەس سۆزلەردىن ساقلاش ئىماننىڭ كامالىتىدۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئىككى كالپۇكى بىلەن ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا كاپالەتلىك قىلسا، مەن ئۇنىڭغا جەننەتكە كاپالەتلىك قىلىمەن» دېگەن.

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئى مۇسۇلمانلار! ئىسلام ئەقىدىسى ئوچۇق-ئاشكارا ۋە توغرا ئەقىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق مۇجمەللىك يوق. گۇمان-شۈبھىلەرگىمۇ يول يوق، شۇڭا ئۇ ھەقتە بىلمەستىن، گۇمان بىلەن سۆزلەش توغرا ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَا تَقْفُ مَا لَيْسَ لَكَ بِهِۦ عِلْمٌ ۚ إِنَّ ٱلسَّمْعَ وَٱلْبَصَرَ وَٱلْفُؤَادَ كُلُّ أُو۟لَٰٓئِكَ كَانَ عَنْهُ مَسْـُٔولًا﴾ «بىلمەيدىغان نەرسەڭگە ئەگەشمە (يەنى بىلمىگەننى بىلدىم، كۆرمىگەننى كۆردۈم، ئاڭلىمىغاننى ئاڭلىدىم دېمە)، (ئىنسان قىيامەت كۈنى) قۇلاق، كۆز، دىل (يەنى سەزگۈ ئەزالىرى) نىڭ

قىلمىشلىرى ئۈستىدە ھەقىقەتەن سوئال- سوراق قىلىنىدۇ﴾[1].

قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ئازغىنا ۋە ئىخچام سۆزلەر قەلب ئۈچۈن مۇكەممەل يول خەرىتىسىدۇر. قۇرئان كەرىم ھەر قانداق بىر خەۋەر ياكى سۆزنى قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭ راستلىقى ۋە چىنلىقىغا دىققەت قىلىشقا چاقىرىدۇ، يالغان گەپ تارقىتىشنى قەتئىي چەكلەيدۇ. ئىنساننىڭ قەلبى ساغلام ۋە ئەقلى سالىم بولسا، يالغان، خۇراپات، پىتنە-ئىغۋالارغا ئىشەنمەيدۇ ۋە ئۇنى تارقاتمايدۇ. قەلەم ئىگىسى ئۈچۈن ئىلمىي جەھەتتىن ئامانەتدارلىق تولىمۇ مۇھىم. ئەقىل ۋە جىسىملارنىڭ ئامانىتىدىن قىيامەتتە ئاللاھ سوراق قىلىدۇ، چۈنكى ئىنساننىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر بىر كەلىمە (سۆز) نىڭ ھېسابى بار.

ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن، تاغۇتلارنى، دىنسىزلارنى ۋە مۇفسىدلارنى خار قىلغىن. ئى ئاللاھ! بۇ ئۇممەت ئۈچۈن، ساڭا ئىتائەت قىلغانلار ئەزىز بولىدىغان، ساڭا ئاسى بولغانلار ھىدايەت تاپىدىغان، ياخشىلىققا بۇيرۇلۇپ، يامانلىقتىن توسۇلىدىغان تەرەققى قىلغان بىر شارائىتنى ھازىرلاپ بەرگىن. يا رابىبەل ئالەمىن!

ئى ئاللاھ! كىم ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا يامانلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى ئۆزىگە مەشغۇل قىلغىن، ئۇنىڭ ھىيلە-مىكرىنى ئۆزىگە قايتۇرغىن ۋە يامان ئاقىۋەتنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قىلغىن، يا رابىبەل ئالەمىن!

ئى ئاللاھ! پەلەستىندە ۋە ھەر قانداق ئورۇندا سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىۋاتقانلارغا ياردەم بەرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ئەسىرلىرىنى ئازات قىلغىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغىن. ئى ئاللاھ! مەسجىدى ئەقسانى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ۋە ئىشغالچىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئازات قىلغىن. ئى ئاللاھ! بىزنىڭ سۈرىيە، بىرما ۋە ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا رەھىم قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلاردىن بالايى-مۇسىبەتلەرنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۇلارغا دەرھال چىقىش يولى بەرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرىغا رەھىم قىلغىن، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن ۋە ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغىن،

[1] ئىسرا سۈرىسى 36 ـ بەت.

ئى ئاجىزلارغا رەھىم قىلغۇچى! ۋە ئى مەزلۇملارغا ياردەم بەرگۈچى!

ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ساقلاپ قالغىن، قورقۇنچتىن خاتىرجەم قىلغىن، ئابرويلىرىنى ساقلىغىن، يوچۇقلىرىنى ئەتكىن، ئاچلىرىغا تائام بەرگىن، دىللىرىنى ئىناق قىلغىن، قەدەملىرىنى مۇستەھكەم قىلغىن، ئۇلارغا تاجاۋۇز قىلغانلارغا قارشى ئۇلارغا ياردەم بەرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۇلارنى ھىدايەت ئۈستىدە جەملىگىن، ئۇلارنىڭ يامانلىرىغا كۇپايە قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ دۈشمىنىنى ھالاك قىلغىن. ئى ئاللاھ! زالىم تاغۇتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنى ھالاك قىلغىن. ئى ئاللاھ! زالىم تاغۇتلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەمچىلىرىنى ھالاك قىلغىن.

ئى ئاللاھ! مىسىر، ئىراق ۋە ھەر قانداق ئورۇندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنى ھەققەت ۋە ھىدايەت ئۈستىدە جەملىگىن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۇلارنىڭ ياخشىلىرىنى ئۇلارغا ۋالى قىلغىن ۋە ئۇلارنىڭ يامانلىرىغا كۇپايە قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئۆزەڭنىڭ دىنىڭغا، كىتابىڭغا، پەيغەمبىرىڭنىڭ سۈننىتىگە ۋە مۆمىن بەندىلىرىڭگە ياردەم بەرگىن.

ئى ئاللاھ! ئىككى ئۇلۇغ ھەرەمنىڭ خادىمى بولغان ئىش ئىگىمىزنى ئۆزەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلغىن، ئۇنى ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ئېلىپ كەلگىن، ئى ئاللاھ! ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ ۋەلى ئەھدىسىگە تەۋفىق ئاتا قىلغىن، يا رابىبەل ئالەمىن! ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ۋاللىقىغا بەرىكەت بەرگىن، ئۇنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا ياخشى قىلغىن، ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغان ھەر قانداق كىشىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىلىنى مەخپى ۋە ئاشكارا ھالەتتە سېنىڭ قورقۇنچۇڭ بىلەن تولدۇرغىن، ئۇلارنىڭ سىرداشلىرىنى ئىسلاھ قىلغىن.

ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنىڭ ھاكىملىرىنى سېنىڭ شەرىئىتىڭنى ھاكىم قىلىشقا ۋە پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىشكە مۇۋەپپەق قىلغىن ھەمدە ئۇلارنى مۆمىن بەندىلىرىڭگە رەھمەت قىلغىن.

# مۇھىتنى ئاسراش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر

ئۇستاز دوكتور ئابدۇررەھمان سۇدەيس

(03/07/1435ھ = 02/05/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۇچۇن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «مۇھىتنى ئاسراش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇستىدىكى مەسئۇلىيەتلەرنىڭ قاتارىدىندۇر» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇيرۇغان ئىشلارغا ئالدىراش ۋە ئاللاھ توسقان ئىشلاردىن يىراق بولۇش ھەقىقىي تەقۋادارلىقتۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! بىز مۇقەددەس دىنىمىز ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە، ئىنسانىي ئەخلاق ئۆلچىمى، مەدەنىيەت جەۋھەرلىرى ۋە پرىنسىپال تەرەپلىرىگە قايتا نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئۇنىڭ دۇنياۋىلىقى، تارىخىي ئەھمىيىتى ۋە ئىلگىرى-كېيىنكى بارلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئارتۇقچىلىقى بارلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ بولسىمۇ مۇھىتنى ئاسراش، ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىشتەك ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇ ھايات رىتىمىنى نورمال ھالەتتە ساقلايدىغان، كائىناتتىن ئىبارەت ئاسمان-زېمىن جىسمىنى ھەر قانداق بۇزغۇنچىلىق ۋە بۇلغۇنۇشتىن ساقلايدىغان ئۆزگىچىلىككە ئىگە دىندۇر.

ئى مۇسۇلمانلار! مۇھىتنى ئاسراش، ئىمانىنىڭ تارماقلىرىدىن بىر تارماق

بولۇپ، ئۇ ياخشىلىق ۋە ئېھسانىنىڭ دەلىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ مونۇ ئايەتلىرى بىزگە كۇپايە قىلىدۇ: ﴿وَإِذِ ٱسْتَسْقَىٰ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ فَقُلْنَا ٱضْرِب بِّعَصَاكَ ٱلْحَجَرَ ۖ فَٱنفَجَرَتْ مِنْهُ ٱثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْنًا ۖ قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ ۖ كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ مِن رِّزْقِ ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. تاشتىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەممە ئادەم (يەنى قەبىلە) ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، (ئۇلارغا) «ئاللاھ بەرگەن رىزقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» (دېدۇق)﴾[1].

﴿وَلَا تُفْسِدُوا۟ فِى ٱلْأَرْضِ بَعْدَ إِصْلَٰحِهَا وَٱدْعُوهُ خَوْفًا وَطَمَعًا ۚ إِنَّ رَحْمَتَ ٱللَّهِ قَرِيبٌ مِّنَ ٱلْمُحْسِنِينَ﴾ ﴿ئاللاھ (پەيغەمبەرلەر ئەۋەتىپ) يەريۈزىنى تۈزىگەندىن كېيىن، يەريۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلماڭلار،(ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورققان ۋە رەھمىتىنى) ئۈمىد قىلغان ھالدا دۇئا قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا يېقىندۇر﴾[2].

ئىمام قۇرتۇبى مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ بىرئاز ئىسلاھاتتىن كېيىن، بىر ئاز بۇزۇقچىلىق قىلىشنى توسقان».

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئىمان يەتمىش نەچچە تارماق بولۇپ، ئەۋزىلى؛ لائىلاھە ئىللەللاھ، بولسا، ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋىنى يولدا ئىنسانلارغا توسالغۇ بولغان (ئازار بېرىدىغان) ئەخلەت-چاۋانى ئېلىۋېتىشتۇر»[3].

ئاللاھۇ ئەكبەر! ئىنساننىڭ تۇرمۇشىنىڭ ساپلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى تازىلاش ۋە ئېلىۋېتىش ئىماندىن بولسا، ئىسلام ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ گۈزەل، پاك ۋە ساغلاملىق دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى بولۇشىنى تەلەپ قىلسا، بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى دىن ۋە مەدەنىيەت بولامدۇ؟ يەنە كېلىپ بۇ تەشەببۇس 14 ئەسىر بۇرۇن تەشەببۇس قىلىنغانلىقى

[1] بەقەرە سۈرىسى 60 ـ ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى 56 ـ ئايەت.
[3] مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ھەممىگە مەلۇم.

ئى ئىمان قېرىنداشلىرىم! ئاللاھ بەندىلىرىگە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ئىنسانلار ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى بايان قىلغان تۇرسا، قانداقمۇ مۇھىتنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بەرمەيلى؟! ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱلْأَرْضَ مَدَدْنَٰهَا وَأَلْقَيْنَا فِيهَا رَوَٰسِيَ وَأَنۢبَتْنَا فِيهَا مِن كُلِّ زَوْجٍۭ بَهِيجٍ تَبْصِرَةً وَذِكْرَىٰ لِكُلِّ عَبْدٍ مُّنِيبٍ﴾ ﴿يەر يۈزىنى (توغرىسىغا ۋە ئۇزۇنىسىغا سوزۇپ) كەڭ ياراتتۇق، يەر يۈزىدە (ئۇنىڭ تەۋرەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) تاغلارنى قىلدۇق ۋە ئۇنىڭدا تۈرلۈك چىرايلىق ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈردۇق. ئاللاھقا قايتقۇچى ھەر بىر بەندىگە (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) كۆرستىش ئۈچۈن ۋە (ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى) ئەسلىتىش ئۈچۈن (شۇنداق قىلدۇق)﴾[1].

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئايەتلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئاللاھ ئۇنىڭدا ئوچۇق-ئاشكارا مۇھىتنى ئاسراشقا، ئىنسانلار، ھايۋانلار، قۇشلار، قۇرۇلۇشلار، قۇرۇقلۇق، دېڭىز، ھاۋا بوشلۇقى، دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەر، زىرائەت ۋە سۇلارنى ئاسراشقا چاقىرىپلا قالماستىن، بەلكى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى، تازىلىقى، كۈچى، يېڭىلىقى، بىخەتەرلىكى ۋە ساپلىقىنى ساقلاشقا چاقىرغان.

ئىنسانى ھەيران قالدۇرىدىغان گۈزەللىك، سان-ساناقسىز نېمەتلەر، مىليونلارچە شەكىلدىكى گۈل-گىياھلار، ئىنساننىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان مىليونلارچە ماددىلار بىلەن زېمىننى گۈللەندۈرۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگەن ئاللاھ، شۇ گۈزەللىكنى ئاسراش ۋە ھىمايە قىلىشقا قانداقمۇ تەشەببۇس قىلمىسۇن!؟ ئاللاھ بىز ئىنسانلارنى رەڭگا-رەڭ نېمەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشقا، ساپ ھاۋادىن نەپەسلىنىشكە، ئىنساننىڭ ئۆز بەدىنىنىڭ ساغلاملىقىنى ھىمايە قىلىشقا چاقىرغان ئىكەن، ساغلاملىققا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنى ھىمايە قىلىشقا ئەلۋەتتە تەشەببۇس قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بىر ھەدىسىدە: «بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ بىر تىكەنلىك چىۋىقنى ئۇچراتسا، ئاندىن ئۇنى يولدىن ئېلىۋەتسە، ئاللاھ ئۇ ئادەمگە تەشەككۈر بىلدۈرىدۇ ۋە گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم

[1] قاف سۈرىسى 7 - ۋە 8 - ئايەت.

قىلىدۇ» دېگەن[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە بىر ھەدىسىدە: «ئۈچ تۈرلۈك لەنەتكە سەۋەب بولىدىغان ئىشتىن ساقلىنىڭلار: سۇغا، يولغا ۋە سايىغا ھاجىتىڭلارنى ئادا قىلماڭلار» دېگەن[2].

ئى مۇسۇلمانلار! مانا بۇ ئىسلام دىنى مۇھىتنى ئاسراش ھەققىدە شۇنچە كۆپ تەۋسىيەلەرنى قىلغان ۋە تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە يوليورۇقلارنى بەرگەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا ئىسلام دىيارلىرىنىڭ كۆپلىرىدە تازىلىققا دىققەت قىلماسلىق، مەينەتچىلىك، قالايمىقانچىلىق، رەتسىزلىك ۋە مۇھىتنى بۇلغاشتەك جىنايەتلەر سادىر بولماقتا! مۇھىت سىستېمىسىنى بۇلغاش ئېغىر ئاپەت بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۇنىڭدىن ساقلىنىشى كېرەك.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قانداق بىر ئىنسان قۇچقاچ ۋە ئۇنىڭدىن چوڭ جانلىقلارنى سەۋەبسىز ئۆلتۈرىدىكەن، ئاللاھ شۇنىڭدىن سوراق قىلىدۇ ۋە ھېساب ئالىدۇ»[3].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ھەدىسىدە: «كىمكى سىدىر دەرىخىنى كېسىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ بېشىنى ئوتقا توغرىلايدۇ» دېگەن. ئىسلام مۇھىت ئاسراشتا بۇ دەرىجىدە ئىنچىكە سەزگۈر مۇئامىلە قىلىۋاتسا، بۈگۈنكى كۈندە زاۋۇت-كارخانىلارنىڭ ئىس-تۈتەكلىرى، ئوۋلاش باھانىسى بىلەن ھايۋانلار ۋە ئۇچار قۇشلارنى ئۆلتۈرۈشلەر، ئوتۇن-كۆمۈر باھانىسىدا دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلاشلارنىڭ ھەممىسى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى چەكلىگەن ئىشلاردۇر. يەنە كېلىپ ئىنسانلار ئۆي ئىچى ۋە مەھەللىلەرنىڭ تازىلىقىغا دىققەت قىلماي، كەلسە-كەلمەس يەرلەرگە ئەخلەت تۆكۈش، يوللارغا تۆكۈلگەن ئەخلەتلەرنى ۋاقتىدا تازىلىماسلىق، كۆپلىگەن مەھەللىلەردە يەر ئاستى پاسكىنا سۇلارنىڭ يوللارغا تېشىپ چىقىشى، كىشىلەرنىڭ

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئەبۇ داۋۇت ۋە ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان.
[3] ئەھمەد ۋە نەسەئى رىۋايەت قىلغان.

قوللىرىدىكى ئەخلەتلەرنى ئەخلەت ساندۇقلىرىغا تاشلىماستىن، يوللارغا كەلسە-كەلمەس تاشلىشى قاتارلىقلار ئېغىر جىنايەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قىيامەتتە ئاللاھ ئالدىدا ھېساب بېرىلىدىغان گۇناھ-مەسىيەتتۇر.

مۇھىتنى بۇلغايدىغان ھەممىدىن خەتەرلىك ئامىللار بولسا، زالىم-قانخورلارنىڭ قىرغۇچ قوراللىرى، خىمىيە قوراللىرى، زەھەرلىك گازلار، پارتلاتقۇچ بومبىلار، مىنالار، ئىنسانىيەتكە قارشى رەھىمسىزلەرچە ئىشلىتىلىۋاتقان بومبا قاچىلانغان تۇڭلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كائىناتنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ۋە مۇھىتنى بۇزىدىغان جىنايەتلەر بولۇپ، مەزكۇر قوراللارنى ياسىغان، توشۇغان، ئىشلەتكەن ۋە سېتىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا بىرمۇ-بىر ھېساب بېرىدۇ.

يېقىندىن بېرى ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقان ۋابا-تائۇن، يۇقۇملۇق كېسەللەرنىڭ ھەممىسى مۇھىت بۇلغىنىش ۋە تازىلىققا رىئايە قىلىنمىغانلىقتىن كېلىپ چىقىدىغان كېسەللىكلەر بولۇپ، ئۇنىڭ سەۋەبچىسى يەنىلا ئىنساندۇر. ئىنسانىيەتكە ۋە مۇھىتقا قارشى جىنايەتلەرنىڭ يەنە بىر تۈرى، زىيونىزىمچى جوھۇدلارنىڭ ئىسلام مۇقەددەسلىرىگە قارشى سادىر قىلىۋاتقان سۇيىقەستلىرى، سۈرىيەدە چۈشكۈنلىشىۋاتقان ئىنسانىي ۋەزىيەت، ئىسلام زېمىنلىرىدا ئىسلام ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى سادىر بولىۋاتقان قورقۇنچلۇق دۆلەت تېرورىزىمىدۇر. مۇھىتنى بۇلغاشقا ھەسسە قوشۇۋاتقان بارلىق يامان نىيەتلىك زالىملارغا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن.

ئى مۇسۇلمانلار! مۇھىتنى ئاسراش يولىدا ئىنسانلارغا تەربىيە ئىشلەش، مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى تونۇتۇش، دىنىي، ئەخلاقىي ۋە مىللىي مەسئۇلىيەتتۇر. مۇھىتنى ئاسراشقا ئەھمىيەت بەرمىگەن مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مەدەنىيەتلىشىشى مۇمكىن ئەمەس. مىللەتلەرنىڭ ئىسلامغا بولغان چۈشەنچىسى قانچە چوڭقۇرلاشسا، شەرىئەتنىڭ سىرلىرى ۋە ھېكمەتلىرىگە بولغان قارىشى شۇنچە ئاشىدۇ، مۇھىتنى ئاسراشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ تۆۋەندىكى ئايەتلىرىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ ئەمەل قىلىدۇ: ﴿فَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ خَيْرًا يَرَهُۥ وَمَن يَعْمَلْ مِثْقَالَ ذَرَّةٍ شَرًّا يَرَهُۥ﴾ «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن ، ئۇنىڭ

مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ﴾[1].

ئى مۇسۇلمانلار! شەخسى مۇھىتنى ئاسراشقا ئەگىشىپ ئىجتىمائىي، مىللىي، ئائىلىۋى، سىياسىي، جەمئىيەت، ئىقتىسادى ۋە تەبىئەت ھاياتى مۇھىتلىرىنى ئاسراشمۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسىدۇر. مۇھىتنى ئاسراش بولسا ئېسىل ئەخلاقنىڭ سىمۋولى، يۈكسەك مەدەنىيەت مەھسۇلى ۋە دۇنيا قارىشىمىزنىڭ تاكامۇللىقىدۇر. قىسقىسى مۇھىتنى ئاسراش بولسا ئەڭ مۇھىم ئىبادەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

ئاللاھ ماڭا ۋە سىلەرگە قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئەمەل قىلىش نېمىتىنى ئاتا قىلسۇن ۋە بەرىكەت بەرسۇن!

**ئىككىنچى خۇتبە:**

ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر تەقۋالىق قىلىڭلار، مۇھىتنى ئاسراش ئىسلامدا مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى مۇھىتىنى ئاسراشمۇ ماددى مۇھىتتىن قېلىشمايدۇ، مەنىۋى مۇھىتنى ئاسراش بولسا، مۇھەممەد مۇستافا ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرىغا ئەگىشىش ۋە شەرىئەت كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇش ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ، شۇڭا ھەممە ئىشتا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَيَرۡزُقۡهُ مِنۡ حَيۡثُ لَا يَحۡتَسِبُۚ وَمَن يَتَوَكَّلۡ عَلَى ٱللَّهِ فَهُوَ حَسۡبُهُۥٓۚ إِنَّ ٱللَّهَ بَٰلِغُ أَمۡرِهِۦۚ قَدۡ جَعَلَ ٱللَّهُ لِكُلِّ شَيۡءٖ قَدۡرٗا﴾ ﴿ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾[2].

ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئىسلامنى

[1] زەلزەلە سۈرىسى 7 - ۋە 8 - ئايەت.
[2] تالاق سۈرىسى 3 - ئايەت.

ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىلغىن، شېرىكنى ۋە مۇشرىكلارنى خار قىلغىن، دىن دۈشمەنلىرىنى ھالاك قىلغىن، بۇ دۆلەتنى ۋە باشقا مۇسۇلمان دۆلەتلەرنى تىنچ، خاتىرجەم، ساخاۋەتلىك ۋە مولچىلىق قىلغىن.

ئى ئاللاھ! بىزنى ئۆز ۋەتەنلىرىمىزدە خاتىرجەم قىلغىن، ئى ئاللاھ! بىزنى ئۆز ۋەتەنلىرىمىزدە خاتىرجەم قىلغىن، ئى ئاللاھ! بىزنى ئۆز ۋەتەنلىرىمىزدە خاتىرجەم قىلغىن، ئى ئاللاھ! بىزنىڭ يېتەكچىلىرىمىزنى ۋە ئىش ئىگىلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلغىن،

ئى ئاللاھ! بىز سەندىن ھىدايەتنى، تەقۋالىقنى، ئىپپەتنى ۋە بىھاجەتلىكنى سورايمىز، يا زەلجەلالى ۋەلئىكرام! ئى ئاللاھ! مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدىكى غەمگە چۈشۈپ قالغانلارنىڭ غېمىنى كۆتۈرۈۋەتكىن، بىچارىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىر تەرەپ قىلغىن، قەرزدارلارنىڭ قەرزىنى ئادا قىلغىن، بىزنىڭ كېسەللىرىمىزگە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كېسەللىرىگە شىپالىق بەرگىن، يا ئەرھەمەر راھىمىن. ئى ئاللاھ! نەپسلىرىمىزگە تەقۋالىقنى كەلتۈرۈپ بەرگىن، ئۇنى پاكلىغىن، چۈنكى سەن ئۇنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچىسەن، سەن ئۇنىڭ ئىگىسى ۋە مەۋلاسىسەن.

ئى ئاللاھ! سېنىڭ يولۇڭدا جىھاد قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا ۋە ھەر قانداق ئورۇندىكى بوزەك قىلىنغانلارغا ياردەم بەرگىن، ئى ئاللاھ! پەلەستىندىكىلەرگە ياردەم قىلغىن، ئى ئاللاھ! مەسجىدى ئەقسانى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن ۋە ئىشغالچىلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ئازات قىلغىن. ئى ئاللاھ! ئۇنى قىيامەت كۈنىگىچە ئەزىز ۋە پارلاق قىلغىن.

ئى ئاللاھ! بىزنىڭ سۈرىيە، بىرما ۋە ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى قېرىنداشلىرىمىزغا رەھىم قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ ئاجىزلىرىغا رەھىم قىلغىن، ئۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بەرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ساقلاپ قالغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ قانلىرىنى ساقلاپ قالغىن، ئۇلارنىڭ ئابرويلىرىنى، ماللىرىنى ۋە دىيارلىرىنى ساقلىغىن، يا راببەل ئالەمىن!

ئى ئاللاھ! ئۇلارنىڭ كېسەللىرىگە شىپالىق بەرگىن، ئۆلۈكلىرىگە رەھىم قىلغىن، ئۇلارنىڭ ئىشىغا ئىگە بولغىن، يا ھەييۇ! يا قەييۇم! يا زەلجەلالى

ۋەلىئىكرام! ئى ئاللاھ! ئۇلار ئاجىز، كۆچلەندۈرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلار خار، ئەزىز قىلغىن، ئى ئاللاھ! ئۇلار ئېزىلگەن، ياردەم بەرگىن، ئى ئاللاھ! ئۇلار ئېزىلگەن، ياردەم بەرگىن، ئى بوزەك قىلىنغانلارنىڭ ياردەمچىسى! ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئىگىسى!

ئى ئاللاھ! مىسىر، ئىراق، بىرما، بىنگال، ئوتتۇرا ئافرىقا ۋە ھەر قانداق ئورۇندىكى قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، يا راببەل ئالەمىن! ئى ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلغىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى كىتاب ۋە سۈننەت ئۈستىگە جەملىگىن، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى كىتاب ۋە سۈننەت ئۈستىگە جەملىگىن، يا زەلئەتائى ۋەلفەزلى ۋەلمىننە!

﴿پەۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن﴾[1].

﴿پەرۋەردىگارىمىز! بىز ئۆزىمىزگە زۇلۇم قىلدۇق، ئەگەر سەن بىزگە مەغپىرەت قىلمىساڭ، بىزگە رەھىم قىلمىساڭ، بىز چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولىمىز﴾[2].

﴿قۇدرەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر، پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن، جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر﴾[3].

[1] بەقەرە سۈرىسى 201 ـ ئايەت.
[2] ئەئراف سۈرىسى 23 ـ ئايەت.
[3] سافقات سۈرىسى 180 ـ 182 ئايەتلەر.

# دەم ئېلىشقا چىقىش ۋە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش

ئۇستاز دوكتور سالىھ بىن ئابدۇللاھ بىن ھۇمەيد

(10/07/1435ھ = 09/05/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۈچۈن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «دەم ئېلىشقا چىقىش ۋە ئىسلام ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھتىن قورقۇش بولسا جەمەتسىز شەرەپ، تەلەپ قىلىنمىغان بىلىم، مال ـ دۇنياسىز بايلىق ۋە جامائەتسىز ئۈلپەتتۇر.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئۆمۈرنىڭ بەرىكىتى ياخشى ئەمەلدۇر. پۇشايمان تەۋبىنىڭ يولىدۇر. پىكىرنىڭ ئاپىتى كۆڧرىنىڭ كەينىگە كىرىشتۇر. بالايى ـ مۇسىبەتنىڭ يامىنى دۈشمەننىڭ خۇشاللىق بىلەن كۆرەڭلىشىدۇر. كايىش ئاداۋەتكە يول ئاچىدۇ، مېھرىبانلىق قىلىش يېرىم ئەقىلدۇر. غەيۋەت ئاجىزنىڭ قورالىدۇر. كىمكى ئائىلىسى ۋە كىشىلەرنى ئىسلاھ قىلىشنى خالايدىكەن، باشتا ئۆزىنى ئىسلاھ قىلسۇن.

ئى مۇسۇلمانلار! تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكى مەنىلىك ئۆتۈشكە باغلىق. بەندە ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ كاتتىلىقى ۋە ئەزىمەتىنى تونىمىغۇچە مەنىلىك ئۆتەلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بىلگەن كىشى يارىتىلىشنىڭ سىرىنى بىلەلەيدۇ، تىرىشچان كىشى، خىزمەتنىڭ مۇۋەسسىنى تېتىيالايدۇ، ئاندىن ئۇ كىشىدە كېيىن قىلىدىغان ئىشلاردا ھاڭۋېقىش ۋە غەم ـ قايغۇ بولمايدۇ ھەمدە ئۇ كىشى يولىنى تاپالماي گاڭگىراپمۇ قالمايدۇ.

ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتىشكە يېتىش، ئاللاھ ئىنسانغا ئاتا قىلغان توغما قابىلىيەتتۇر. ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە بەندىلىرىگە تۈرلۈك تالانت، بىلىم ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئاتا قىلغان، توغرا-خاتا يوللارنى كۆرسىتىپ قويغان ۋە ھەر ئىككىلا يولدا مېڭىشنى ئاسانلاشتۇرغان. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿ٱللَّهُ ٱلَّذِى خَلَقَكُم مِّن ضَعْفٍ ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ ضَعْفٍ قُوَّةً ثُمَّ جَعَلَ مِنۢ بَعْدِ قُوَّةٍ ضَعْفًا وَشَيْبَةً ۚ يَخْلُقُ مَا يَشَآءُ ۖ وَهُوَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْقَدِيرُ﴾ ﴿ئاللاھ سىلەرنى ئاجىز ياراتتى، ئاندىن سىلەرنى ئاجىزلىقتىن كۈچلۈك قىلدى، ئاندىن (سىلەرنى) كۈچلۈكلىكتىن ئاجىز قىلدى ۋە (سىلەرگە) قېرىلىقنى يەتكۈزدى، ئاللاھ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىگە قادىردۇر﴾[1].

ئىنساننىڭ ھاياتى، تۈرلۈك باسقۇچلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ياشايدۇ، باردى-كەلدى قىلىدۇ، سەپەر قىلىدۇ، ئىشلەيدۇ، ئۆزگىرىشلەردىن ئىبارەت ۋە ئاچچىق ساۋاق ئالىدۇ. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ھەر بىر باسقۇچنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىشلىرى بولىدۇ. ئەگەر شۇ باسقۇچلاردا ئۆزىگە لايىق ئىشلارنى قىلمىسا، ئۆمرىنى زايا قىلغۇچىكەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسى شۇ ئاساستا بايان قىلىنغان: «بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىمەت بىل؛ سالامەتلىكىڭنى كېسەللىكتىن بۇرۇن، ياشلىقىڭنى قېرىلىقتىن بۇرۇن، بايلىقىڭنى كەمبەغەللىكتىن بۇرۇن، بوش ۋاقتىڭنى مەشغۇللىقتىن بۇرۇن ۋە ھاياتىڭنى ئۆلۈمدىن بۇرۇن غەنىمەت بىل»[2].

يەنە بىر ھەدىستا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەتتە بەندە ھەممىدىن بۇرۇن تۆت تۈرلۈك ئىشتىن سوراق قىلىنىدۇ: ئۆمرىنى نېمىگە سەرپ قىلدى؟ مال-دۇنيانى نەدىن تاپتى ۋە نەگە ئىشلەتتى؟ ياشلىق باھارىنى نېمىلەر بىلەن خوراتتى ۋە ئۆگەنگەن بىلىمىنى نېمىگە ئىشلەتتى»؟!

ئاقىلانە قارايدىغان بولساق، ئىنساننىڭ ھاياتى بىرلا قېتىم كېلىدۇ، تۇغۇلۇشتىن ئۆلۈشكە بىرلا پۇرسەت كېلىدۇ، شۇ ئارىلىقتا بوۋاقلىق،

[1] رۇم سۈرىسى 54 ـ ئايەت.
[2] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.

ئۆسمۈرلۈك، نەۋقىرانلىق ۋە قېرىلىق باسقۇچلىرىنى بېشىدىن كەچۈرىدۇ. مەزكۇر باسقۇچلارنىڭ ھەممىسى ئۆگىنىش، بىلىش، ئىشلەش، ئىبادەت قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھنىڭ لۇتفى-قۇدرىتى شۇكى جىسىم ئاجىزلاشقانسىرى ئەقىل كۈچلىنىپ بارىدۇ، سەككەكلەر چىرىشقا باشلىغاندا پەھمى-ئىدراك كۈچىيىدۇ. چاچ-ساقال ئاقىرىشقا باشلىغانسىرى ھېكمەت تەجەللىي قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئەقلى-ھوشى جايىدىلا بولىدىكەن، ئىشلەپچىقىرىش ۋە نەتىجە يارىتىشقا مۇكەللەپتۇر. بۇ ھەقىقەت تۆۋەندىكى ئايەتتە كۆرسىتىلگەن: ﴿وَقُلِ ٱعۡمَلُواْ فَسَيَرَى ٱللَّهُ عَمَلَكُمۡ وَرَسُولُهُۥ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۖ وَسَتُرَدُّونَ إِلَىٰ عَٰلِمِ ٱلۡغَيۡبِ وَٱلشَّهَٰدَةِ فَيُنَبِّئُكُم بِمَا كُنتُمۡ تَعۡمَلُونَ﴾ ﴿ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «(خالىغان) ئەمەللەرنى قىلىڭلار، قىلغان ئەمەلىڭلارنى الله ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلەر كۆرۈپ تۇرىدۇ، يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا (نەرسىلەرنى) بىلگۈچى (الله ) نىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاللاھ قىلمىشىڭلارنى سىلەرگە خەۋەر قىلىدۇ﴾[1].

مانا بۇ ئىسلامدىكى ئىنسان ھاياتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش قارىشى. ئى مۇسۇلمانلار! بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بىراق ئىنساننى بۇ دۇنيادا قانۇن-تۈزۈملەر، ئىدارىلار ۋە تەشكىلاتلار چىرمىۋالغان، قىلىدىغان ئىشلىرى مۇئەييەن بىر ياشقىچە بەلگىلەنگەن. ئىشلار ئىشچىنىڭ قولىدىكى دىپلوم ۋە ماھارەتكە باغلانغان. ئۇنىڭ باشلىنىشى ۋە نەھايىتىمۇ بار. يېڭى نەسىللەرگە ئورۇن بوشىتىدىغان ۋە ياش خىزمەتچىلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغان ئىشلار، مۇناسىپ شەكىلدە ئۆز لىنىيەسىدە مېڭىپ داۋاملىشىدۇ. ھېچ كىشىگە خىزمەت قىيامەتكىچە داۋاملاشمايدۇ، ئەگەردە داۋاملاشقان بولسا سىزگە خىزمەت تەگمىگەن بولاتتى، چۈنكى سىز قىلغان خىزمەتنى قېرىندىشىڭىز كۈتىۋاتىدۇ، بۈگۈنكى خىزمەتچى ئەتە دەم ئېلىشقا چىققان پىنسىيەچى بولىدۇ، مانا بۇ ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىدۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَهُمۡ يَصۡطَرِخُونَ فِيهَا رَبَّنَآ أَخۡرِجۡنَا نَعۡمَلۡ صَٰلِحًا غَيۡرَ ٱلَّذِي كُنَّا نَعۡمَلُۚ أَوَلَمۡ نُعَمِّرۡكُم مَّا يَتَذَكَّرُ فِيهِ مَن تَذَكَّرَ وَجَآءَكُمُ ٱلنَّذِيرُۖ فَذُوقُواْ فَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِن نَّصِيرٍ﴾ ﴿ئۇلار دوزاختا: «پەرۋەردىگارىمىز!

[1] تەۋبە سۈرىسى 105 ـ بەت.

بىزنى چىقىرىۋەتسەڭ (دۇنيادىكى ۋاقتىتا) قىلغان ئەمەللىرىمىزدىن باشقا ئەمەللەرنى قىلساق» دەپ يالۋۇرۇپ تۇۋلايدۇ. (ئاللاھ ئېيتىدۇ) «سىلەرگە ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلىپ، ۋەز- نەسىھەت ئالالىغۇدەك ۋاقىت بەرمىدىممۇ؟ سىلەرگە ئاگاھلاندۇرغۇچى (يەنى پەيغەمبەر) كەلدىغۇ، ئەمدى ئازابنى تېتىڭلار، زالىملارغا ھېچقانداق ياردەم بەرگۈچى يوق﴾[1].

شۇڭا خىزمەت ۋاقتى توشقان خىزمەتچى ئۆتمۈشىنىڭ قۇلى بولۇۋالماسلىقى ۋە ۋاقتى توشقان خىزمەتنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋالماسلىقى كېرەك. جەمئىيەت، دۆلەت، ئائىلە، جامائەتتىن ئاغرىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەمەلىيەتتە، خىزمەتچىنىڭ پىنسىيگە چىقىدىغان ۋاقتى، سائەت-مىنۇتلار بىلەن مەلۇملۇق، شۇڭا ھەيران قېلىشنىڭ ۋە تىڭىرقاش-ئىزتىرابنىڭ نېمە ھاجىتى؟!

شۇنداق، ئىنساننىڭ داۋاملىق مۇئەييەن بىر باسقۇچقا ئېسىلىۋېلىشى ئاقىلانە ئىش ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ياخشى پال ئېلىپ پىنسىيگە چىقىش ئىنسان ئۆچۈن تېخىمۇ ياخشى ئۈپۈقلارنى ئېچىشى مۇمكىن. ئەقىللىق كىشى ياخشى بىلىشى كېرەككى، بەخت-سائادەتنىڭ مەنبەئى ئالىدىغان مائاشتا، ماددى كىرىمدا ۋە مۇئەييەن بىر خىزمەتتىمۇ ئەمەس. ھەقىقى بەخت-سائادەت، ئاللاھنىڭ تەۋپىقى بىلەن ئاللاھقا قۇلچىلىق قىلىش ۋە بوشاشماستىن تىرىشىپ ئىشلەش بىلەن بولىدۇ. ئىشلەش ھاياتنى گۈللەندۈرىدۇ ۋە ئىجتىمائى ئالاقىنى قويۇقلاشتۇرىدۇ. ئىشلەش ئىنساننىڭ ھەقىقي قىممىتىنى نامايەن قىلىدۇ، ھاياتلا بولىدىكەن ئىش توختىمايدۇ. خىزمەتچى خىزمىتىنى تاشلىغان بىلەن ئىشنى تاشلىمايدۇ.

پىنسىيگە چىقىشنى كەڭ دۇنيانىڭ ئوخشاش بولمىغان مەيدانلىرىغا قەدەم قويىدىغان دەرۋازا دەپ قارىغان ئادەم، ھېكمەتلىك ئادەمدۇر. پىنسىيگە چىقىش يېڭى مۇھىت ۋە يېڭى ئىشنىڭ دەرۋازىسىنى ئاچىدۇ. ئىنسان ئاخىرقى نەپىسىگىچە ۋاقتىنىڭ ئىگىسىدۇر. ئىجادىيەتچىلەر شۇ ھەقىقەتنى بىلگەنكى، ئىجادىيەت، ئىشلەش ۋە ھىممەت ئىنساندىن ياش چەكلىمىسى تەلەپ قىلمايدۇ، ياش ئەمەس، بەلكى ھورۇنلۇق ۋە روھى چۈشكۈنلۈك ئىنساننى خىزمەت قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجادىيەتتىن توسىدۇ. دەم

---

[1] فاتىر سۈرىسى 37 - ئايەت.

ئىلىشقا چىقىش بولسا بىر باسقۇچتىن يەنە بىر باسقۇچقا ئۆتۈش، تەجرىبە ۋە ئالمىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەجرىبىنى يەكۈنلەيدىغان، يىغىلىپ قالغان ئېنېرگىيەنى ئىشقا سالىدىغان ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئالاھىدە ھەسسە قوشىدىغان پۇرسەتتۇر.

پىنسىيىگە چىققانلارنىڭ تەجرىبىلىرىگە قارايدىغان بولساق، خىزمەت جەريانىدا نەتىجىلەرنى ياراتمىغان ئادەم، پىنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئالاھىدە نەتىجە يارىتىشى قىيىن. شۇ بىر ھەقىقەتكى دۇنيا پۇرسەتلەردىن ئىبارەتتۇر. پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويساق، ئۇ قايتا كەلمەيدۇ. ئاللاھ ئىنسانىنى ئاخىرقى تىنىققىچە ئىبادەت قىلىش ۋە ئىشلەشكە بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَٱعْبُدْ رَبَّكَ حَتَّىٰ يَأْتِيَكَ ٱلْيَقِينُ﴾ ﴿سەن ئۆزۈڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن﴾[1].

نىيەت خالىس بولسا دىنىنىڭ خىزمىتى ئەڭ ئۇلۇغ ئىبادەتتۇر. دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتتۇر، چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿مَنْ عَمِلَ صَٰلِحًا مِّن ذَكَرٍ أَوْ أُنثَىٰ وَهُوَ مُؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّهُۥ حَيَوٰةً طَيِّبَةً ۖ وَلَنَجْزِيَنَّهُمْ أَجْرَهُم بِأَحْسَنِ مَا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ﴾ ئەر-ئايال مۇئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق، ھالال رىزىق ۋە ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز﴾[2].

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەن سىلەرگە ئەڭ ياخشىلىرىڭلارنىڭ كىملىكىنى دەپ بەرمەيمۇ؟» ساھابىلار: شۇنداق قىلسىلا، ئى رەسۇلەللاھ! دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەڭ ياخشىلىرىڭلار ئۆمرى ئۇزۇن بولغان، ئەملى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر».

ئىسلامدا ھايات، ئىشلەش، تىرىشىش، تەر تۆكۈش، باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلار، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى

[1] ھىجىر سۈرىسى 99 ـ ئايەت.

[2] نەھل سۈرىسى 97 ـ ئايەت.

ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەسسە قوشۇشتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى چۈشەنگەن ئادەم، بۇ ھەقىقەتنى ياخشى بىلىدۇ. ھاياتقا قارىتا ئىنسان شۇنداق ئۈمىدلىك ۋە پايدىلىق ياشاش كېرەككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قىيامەت قايىم بولسىمۇ ئۇنى تىكىۋەتسۇن».

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن دۇنيالىقى ئۈچۈنمۇ ئىشلىمەيدىغان، ئاخىرىتى ئۈچۈنمۇ ئىشلىمەيدىغان بىكار تەلەپ ئادەمدىن نەپرەتلىنىمەن». ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! سەن ئۆتمۈشنىڭ قۇلى بولما، چۈنكى ئۆزىنىڭ ئارقىسىغا قاراش ئەقىللىق ئىش ئەمەس، يېڭى تۇرمۇش ۋە يېڭى روھ بىلەن يەنە ھاياتنى داۋاملاشتۇر، پائالىيەتچان ۋە ئىرادىلىك بولۇشقا تىرىش. بىلگىنكى، غەم-قايغۇ قىلساڭ، يالغۇز غەم-قايغۇ قىلىسەن، تەبەسسۇم قىلساڭ، ساڭا دۇنيا تەبەسسۇم قىلىدۇ.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! مۇسۇلماننىڭ ھاياتىدا بوشلۇق ۋە بىكار تەلەپلىككە ئورۇن يوق. ھەقىقىي مۇسۇلمان ئۈممەتنىڭ غېمىنى ھېس قىلىدۇ، ئۇنىڭ قايغۇسىغا ھەمدەم بولىدۇ، خۇشاللىقىدىن خۇشاللىنىدۇ، ھارماي-تالماي ئىشلەيدۇ. يېقىن-يىراق، ئورۇق-تۇغقانلارنى يوقلايدۇ. ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايدۇ. بىلگىنكى رەببىڭنىڭ سىنىڭ ئۈستىڭدە ھەققى بار، ئۆز جىسمىڭ ۋە روھىڭنىڭ ھەققى بار، ئائىلەڭنىڭ ھەققى بار، شۇڭا ھەممە ھەق ئىگىسىگە ھەققىنى بېرىشىڭ كېرەك.

# ئىسلامدا تەسەللى بېرىش ۋە ھەمدەمدە بولۇش ئەخلاقى

ئۇستاز دوكتور سەئۇد بىن ئىبراھىم شۇرەيم

(17/07/1435ھ = 16/05/2014م)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈگەن يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «ئىسلامدا تەسەللى بېرىش ۋە ھەمدەمدە بولۇش ئەخلاقى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. ئۆزۈمگە ۋە سىلەرگە قىلىدىغان تەۋسىيەم شۇكى: ئاشكارا-مەخپىي، غەزەپلەنگەن ۋە خۇشاللانغان ۋاقىتلاردىمۇ تەقۋادارلىق قىلىڭلار، چۈنكى تەقۋادارلىق، قاراڭغۇدا نۇر، ئۇسسۇزلۇقتا سۇ، يالغۇزلۇقتا ھەمرا، سەپەردە يولباشچى، قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ كۈنلىرىدە خاتىرجەملىكتۇر.

ئى خالايىق! تۇرمۇشنىڭ ھەلەكچىلىكى ۋە مۇرەككەپلىكى ھەممىنى ئۆزگەرام قىلىۋالغان، ئىنسانلار دۇنيادىن نېسىۋىدار بولۇش يولىدا ئالدىراش ئىشلەۋاتقان ۋە ئىنسانلار ئارىسىدىكى توقۇنۇشلار كەسكىنلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىنسانلار ئۆز ئارا يىراقلاشتۇرۇشقا ئەمەس، بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇشقا، بەل قويۇۋېتىشكە ئەمەس، ئۆزئارا ھەمكارلىششقا ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشكە ئەمەس، بەلكى ئىسلامغا نۇسرەت بېرىشكە تولىمۇ موھتاجدۇر.

بۈگۈنكى نازۇك كۈنلەردە ئىنسانلار شەخسىي مەنپەئەتلىرىنى قايرىپ قويۇپ، ھەقىقىي ئەخلاققا ئىگە بولۇشقا موھتاجدۇر. گەپ سېتىشنىڭ ئورنىغا مال دۇنياسى ۋە ئەمەلى ھەرىكىتى بىلەن ئىشلەشكە موھتاجدۇر. ئىنسانلار

تىل، يۇرت، جىنس ۋە رەڭ مۇناسىۋەتلىرىدىن بۇرۇن، دىللارنىڭ ئۆز ئارا تونۇشۇشىغا موھتاجدۇر. ئوچۇقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلار مەشرىقتە بىر قېرىندىشى چۈشكۈرسە، مەغرىپتىكى قېرىندىشى جاۋاپ قايتۇرالىشى، كەمبەغەللىرى كېسەل بولۇپ قالسا، بايلىرى كېسىلنى يوقلىيالىشى، ئاجىزلىرى زۇلۇمغا ئۇچرىسا كۈچلۈكلىرى ياردەمگە كېلەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئەنە شۇ ئۈممەت ئىزدەيدىغان ۋە قەدىرلەيدىغان نەرسە، «تەسەللى» دۇر. تەسەللى دېگەن، ھېسسىياتقا مۇناسىۋەتلىك ئىسىل تۇيغۇ بولۇپ، تەسەللىچان ئىنسان قەلبى پاك ۋە روھى يۈكسەك ئىنساندۇر. قايسى بىر جەمئىيەتتە بۇ يۈكسەك خىسلەت تېپىلىدىكەن، شۇ جەمئىيەت بىر جىسىمغا ئوخشاش بىر گەۋدە بولۇشقا لايىقتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۈممىتىنى ئەنە شۇنداق تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلىپ، مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەر دوستلۇقى، مېھرىبانلىقى ۋە ھەمكارلىقىدا خۇددى بىر جىسىمغا ئوخشاشتۇر، جىسىمنىڭ بىر يېرىگە ئاغرىق تەگسە، بارلىق ئەزا بىرگە ئاغرىيدۇ ۋە قىزىتما پەيدا بولىدۇ»[1].

ئۈممەت تەسەللىنى بىلمەي تۇرۇپ، بىر جىسىمغا ئوخشاش مۇستەھكەم ئۈممەت بولۇشقا يارىمايدۇ. بەزىسى يىغلاۋاتسا، يەنە بەزىسى كۈلگەن، قوشنىسى ئاچ قېلىۋاتسا، توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىۋاتقان، يېقىنلىرى ئۇسسۇز قېلىۋاتسا سۇلارنى بىكارغا ئېقىتقان، دىنى قېرىندىشى يالىڭاچ قېلىۋاتسا، كىيىملەرنى قوشلاپ كىيگەن ئۈممەت، بۇ دۇنيادا غەلبە ـ نۇسرەتكە ئېرىشىش لاياقىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قوشنىسى ئاچ قېلىۋاتسا، بىخارامان قورسىقىنى تويغۇزۇپ يۈرگەن ئادەم مۇئمىن ئەمەس» دېگەن[2].

تەسەللىدىن يىراق ياشىغان قەلبلەر، نەس باسقان قەلبلەر بولۇپ، پەزىلەت ئىگىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان ئوت كەبىدۇر. زىيانىنى يەنىلا ئۈممەت ۋە جامائەت تارتىدۇ. ئىجابى ۋە ساغلام جەمئىيەت بولسا، كىشىلەردە

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.
[2] ھاكىم ۋە باشقىلار رىۋايەت قىلغان.

تەسەللى بېرىش ۋە ھەمدەمدە بولۇش روھى ئۆلمىگەن جەمئىيەتتۇر. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇنداق جەمئىيەت سەلبى جەمئىيەت بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش، ھۆرمەت قىلىش، ئېسىل ئەخلاقلارنى قەدىرلەش، باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش، سورىغانغا بېرىش ۋە قولنى سۇنغانغا قولىمىزنى سۇنۇش قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزىمىزگە ئۆزلەشتۈرۈشكە نېمە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟!

بەزىلەر دېيىشى مۇمكىن، مەندە پۇل بولمىسا باشقىلارغا قانداقمۇ تەسەللى بېرەلەيمەن؟! بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، تەسەللىنى ماددى ياردەم بىلەنلا چەكلەپ قويۇش خاتا، چۈنكى تەسەللى قەلبتە بولىدىغان ھېسسىياتتىن ئىبارەت بولۇپ، باشقىلارغا ياكى موھتاجلارغا روھىي جەھەتتىن تەسەللى بېرىپ، كۆڭلىنى كۆتۈرۈشنىڭ ئۆزى تەسەللىدۇر. مەسىلەن: يېتىمنىڭ بېشىنى سىلاش، جىنازىلەرگە ئەگىشىش، كېسەل يوقلاش، مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ چىرايىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىش ۋە مۇسىبەت ئىگىسىگە تەزىيە بىلدۈرۈش قاتارلىقلار ئۈچۈن مال-دۇنيانىڭ كېرىكى يوق. ئەمەلىيەتتە بۇ خىسلەتلەر باشقىلارغا قارىتا ئويغاق قەلبكە موھتاجدۇر. تەسەللىنىڭ نەتىجىسىنى ھېس قىلغان، مۇھىملىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنى لازىم تۇتقان ئادەمنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى، باغۇ-بوستانلىق جەننەتتۇر.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئۈممەت ئىچىدە دىلى قارىداپ كەتكەن، ھايات قامۇسىدىن ھېسداشلىقنى ئۆچۈرۈۋەتكەن، دەرت-ئەلەم چېكىۋاتقانلارنىڭ ئەلەملىرىگە پىسەنت قىلمايدىغان، ياردەمگە چاقىرىپ ۋاقىراۋاتقانلارنىڭ ئاۋازىنىڭ بوغۇلۇشىغا قۇلاقمۇ سېلىپ قويمايدىغان، دىللىرى ئۆلگەن كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ دىللىرى قارىداپ، جىگەرلىرى قېتىپ كەتكەن ئىنسانلاردۇر.

ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئۈممىتى دۇنيانى چوڭ بىلىپ، پۇل توپلاشنى بىرىنچى ئورۇندا قويماسلىقى ۋە يېتىم-يېسىرلارنى ئۆز تەقدىرىگە تاشلاپ قويماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇنداق قىلىشنىڭ ئاقىۋىتىدە، باي مال -دۇنيا يىغىدۇ، كەمبەغەل بايغا قارىتا ئاداۋەت يىغىدۇ، جەمئىيەتتە ئۇنسى-ئۈلپەت يوقىلىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ دىللىرىنى قارا داغ باسىدۇ. ھالى بۇنداق بولغان

ئۈممەت دۈشمىنى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ۋە دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا ئۆزىگە لايىق ئورۇننى ئىگە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن ۋە ئەقلىنى ئىشقا سالالمىغان مىللەتكە دۇنيا-ئاخىرەتتە ياخشىلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿بَلۡ تُؤۡثِرُونَ ٱلۡحَيَوٰةَ ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةُ خَيۡرٞ وَأَبۡقَىٰٓ﴾ ﴿سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى ئارتۇق كۆرىسىلەر. ئاخىرەت تېخىمۇ ياخشىدۇر ۋە باقىيدۇر﴾[1].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابە كىراملاردىن: «بۈگۈن كىم روزا تۇتتى؟» دەپ سورىغاندا، ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ): مەن، ئى رەسۇلەللاھ! دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۈگۈن كىم جىنازىغا ئەگەشتى؟» دېگەندە، يەنە ئەبۇ بەكرى: مەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۈگۈن كىم مىسكىنغا تائام بەردى؟» دەپ سورىغاندا، يەنە ئەبۇ بەكرى: مەن، دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم كېسەل يوقلىدى؟» دېگەندە، ئەبۇ بەكرى: مەن، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ھەر قانداق بىر كىشىدە مەزكۇر ئىشلار بىر كۈندە يۈز بەرسە، ئۇ ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى[2].

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ھېسداشلىق روھىنى يېتىلدۈرۈڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار! ئاممىۋى خىزمەت روھىنى يېتىلدۈرۈڭلار، قولۇڭلاردىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، ۋەقپىلەرنى قۇرۇڭلار، خەيرىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمئىيەتلىرىنى بەرپا قىلىڭلار، بايلار كەمبەغەللىرىڭلارغا ياردەم قىلىڭلار، ئۆز ئارا ھەمكارلىشىڭلار، دۇنيا قوللىرىڭلاردا بولسۇنكى، دىللىرىڭلاردا بولمىسۇن.

سىلەر شۇ ھەقىقەتنى ھېچقاچان ئۇنتۇماڭلاركى، بىزگە خۇشاللىقنى بەرگەن ئاللاھ، ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا شۇ خۇشاللىقنى بىزدىن تارتىپ ئېلىشقا قادىر. بىزگە مالنى بەرگەن ئاللاھ شۇ مالنىڭ بەرىكىتىنى، تېخى ئۇ مالنىڭ ئۆزىنى تارتىۋېلىشقىمۇ قادىردۇر.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿كُلُّ نَفۡسٖ ذَآئِقَةُ ٱلۡمَوۡتِۗ وَإِنَّمَا تُوَفَّوۡنَ أُجُورَكُمۡ

[1] ئەئلا سۈرىسى 16 ـ ۋە 17 ـ ئايەت.
[2] مۇسلىم رىۋايەت قىلدى.

يَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ ۖ فَمَن زُحْزِحَ عَنِ ٱلنَّارِ وَأُدْخِلَ ٱلْجَنَّةَ فَقَدْ فَازَ ۗ وَمَا ٱلْحَيَوٰةُ ٱلدُّنْيَآ إِلَّا مَتَٰعُ ٱلْغُرُورِ﴾ ﴿ھەر بىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر. سىلەرنىڭ ئەجىرلىرىڭلار (يەنى ئەمەللىرىڭلارنىڭ ساۋابى) قىيامەت كۈنى تولۇق بېرىلىدۇ، كىمكى دوزەختىن يىراق قىلىنغان ۋە جەننەتكە كىرگۈزۈلگەن ئىكەن، ئۇ مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئالدايدىغان مالدىنلا ئىبارەتتۇر (يەنى ئالدايدىغان نەرسە بولۇپ، ئازغىنا بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ)﴾[1].

### ئىككىنچى خۇتبە:

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! سىلەر ئاللاھتىن قورقۇڭلار! بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئىنساننى مۇشەققەت ئىچىدە ياشاشقا ياراتتى، ئۇ پەرۋەردىگارىغا ئۇچرىشىش يولىدا جاپا چېكىدۇ، دۇنيادا ئىنسان ياشايدىكەن، مۇسىبەتتىن خالىي ياشىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭلاشقا تەسەللى بېرىش ئەخلاقى، مۇسىبەت ئىگىلىرى ئۈچۈن ئەڭ ياخشى مەلھەمدۇر.

ئىنسان ھاياتىدا دەرت تۆكمەي، شىكايەت قىلماي ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن تەسەللى قىلالايدىغان ئادەمگە دەرت تۆكۈش ئەلەمنى يەڭگىللىتىدۇ ۋە ھەقىقى تەسەللى بولىدۇ. ھەقىقي مۇسىبەت ئىگىسى ئەڭ باشتا ئاللاھنىڭ تەسەللىسىگە موھتاجدۇر، ئاللاھ ھەممىدىن بەك رەھىملىكتۇر. ئاللاھ سىزدىن بىر نەرسىنى تارتىپ قويسا، ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بېرىش ئۈچۈن تارتىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، سىزدىن بىر نەرسىنى توسۇپ قويغان بولسا، شۇ نەرسىنىڭ زىيىنىدىن سىزنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن توسقان بولۇشى مۇمكىن.

ئىنسان ئۈچۈن مۇسىبەتلەرگە قارىتا سەۋر قىلىش، ئەڭ ياخشى تەسەللىدۇر. سەۋرنىڭ ئاقىۋىتى ساپ ھەسەلدىنمۇ شىرىندۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُلْ يَٰعِبَادِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ ٱتَّقُوا۟ رَبَّكُمْ ۚ لِلَّذِينَ أَحْسَنُوا۟ فِى هَٰذِهِ ٱلدُّنْيَا حَسَنَةٌ ۗ وَأَرْضُ ٱللَّهِ وَٰسِعَةٌ ۗ إِنَّمَا يُوَفَّى ٱلصَّٰبِرُونَ أَجْرَهُم بِغَيْرِ حِسَابٍ﴾ ﴿ئېيتقىنكى، «ئى (ئاللاھنىڭ) مۇئمىن بەندىلىرى! پەرۋەردىگارىڭلارغا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش قىلغانلار (ئاخىرەتتە) ياخشىلىققا (يەنى

[1] ئالى ئىمران سۈرىسى 185 ـ ئايەت.

جەننەتكە) ئېرىشىدۇ. ئاللاھنىڭ زېمىنى كەڭدۇر (كۇففارلار ئارىسىدىن شۇ زېمىنغا ھىجرەت قىلىڭلار)، پەقەت سەۋر قىلغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئەجرى ھېسابسىز بېرىلىدۇ»﴾[1].

ئى ئاللاھ! ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنى ئەزىز قىل، دىنىڭغا، كىتابىڭغا، پەيغەمبىرىڭنىڭ سۈننىتىگە ۋە مۇئمىن بەندىلىرىڭگە نۇسرەت ئاتا قىلغىن، ئامىين!!

[1] زۇمەر سۈرىسى 10 ـ ئايەت.

# بوش ۋاقىت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى

ئۇستاز دوكتور ئۇسامە ئابدۇللاھ خەييات

)24/07/1435ھ 2014 – يىلى 5 – ئاينىڭ 23 – كۈنى)

ئىمام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەرەمدە جۈمە نامىزى ئۆتۈش يىغىلغان مۇسۇلمانلارغا: «بوش ۋاقىت ۋە ئۇنىڭ ئەھمىيىتى» دېگەن مەزمۇندا تۆۋەندىكى تەۋسىيەلەرنى قىلدى:

ئى مۇسۇلمانلار! ئاللاھتىن قورقۇڭلار! ئاشكارا ۋە مەخپىي ھاللاردا تەقۋالىق قىلىڭلار! تەقۋادارلىق ئىنساننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. قىيامەت ئۈچۈن ياخشى ئوزۇق توپلاڭلار، دۇنيانىڭ لەززىتى سىلەرنى مەغرۇرلاندۇرۇپ قويمىسۇن.

ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيادا چوڭ-چوڭ ۋەقەلەر ۋە ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، بىزنى ھەقىقىي نېمەت ئېگىسى بولغان ئاللاھقا تەشەككۇر ئېيتىشتىن بىخۇتلاشتۇرۇپ قويىۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇنى ساناپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِن تَعُدُّواْ نِعۡمَةَ ٱللَّهِ لَا تُحۡصُوهَآۗ إِنَّ ٱللَّهَ لَغَفُورٞ رَّحِيمٞ﴾ ﴿ئەگەر ئاللاھنىڭ (سىلەرگە بەرگەن) نېمىتىنى سانىساڭلار، ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ بولالمايسىلەر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ (بۇ جەھەتتىكى يېتەرسىزلىكىڭلارنى) ئەلۋەتتە مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر﴾[1].

كۆپ ۋاقىتلاردا ئىنساننىڭ ئەتراپىدىكى ھادىسىلەر، ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە جەمئىيىتى ھەققىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىن بىخۇتلاشتۇرۇپ، ئېغىر مۇسىبەتتە قالغان قېرىنداشلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنۇشقا، ھەقىقىي

[1] نەھل سۈرىسى 18 ـ ئايەت.

قىرىنداشلىق ۋە بۇرادەرلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشقا توسالغۇ بولىدۇ. ئارقىمۇ-ئارقا يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەر، قانلىق توقۇنۇشلار، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مۇقىمسىزلىقى، كىبىرلىك، ئاچارچىلىق، كەمبەغەللىكتەك ئىللەتلەرمۇ ئىنساننى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى مۇكەممەل ئادا قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ.

يەنە كۆپلىگەن ئىنسانلار دۇنيانىڭ ھادىسىلىرىدىن يىراق تۇرۇپ، راھەت-پاراغەت ئىچىدە ياشايدۇ، بۇنداق كىشىلەر ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى قەدىرلىشى ۋە شۈكۈر قىلىشى كېرەك. ئاللاھ ئىنسانغا بەرگەن نېمەتلەرنىڭ ئەڭ كاتتىلىرى ۋاقىت نېمىتى ۋە تەن سالامەتلىك نېمىتىدۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدە مۇنداق دېگەن: «ئىككى تۈرلۈك نېمەت بار، كۆپ كىشىلەر بۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ، ئۇ بولسا تەن سالامەتلىكى ۋە بوش ۋاقىتتۇر»[1].

ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ ئەخمەق ۋە زىيانكار كىشى قولىغا كەلگەن پۇرسەتلەرنى قاچۇرۇپ قويغان، ئالدىغا كەلگەن ئامەتنى ئۆتكۈزۈپ قويغان كىشىدۇر. ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ مۇھىم پۇرسەت ۋە ئامەت بولسا تەن ساغلاملىق بولۇپ، سالامەتلىكى ياخشى ئىنسان بۇ نېمەتنىڭ قەدرىنى ياخشى بىلىپ، ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىشى، ئۆزىنىڭ ۋە جەمئىيىتىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئىنسان ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراشنىڭ ئۆزىمۇ بىر نېمەتتۇر. سالامەتلىك بار چاغدا ئەمەل-ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلىۋېلىش ۋە ياخشىلىقلارغا ئالدىراش، ئاقىلانە ئىشتۇر. ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش نېمىدىگەن ئۇلۇغ ئىش ھە!

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِذْ تَأَذَّنَ رَبُّكُمْ لَئِن شَكَرْتُمْ لَأَزِيدَنَّكُمْ ۖ وَلَئِن كَفَرْتُمْ إِنَّ عَذَابِي لَشَدِيدٌ﴾ ﴿ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار: «نېمىتىمگە شۈكرى قىلساڭلار، (ئۇنى) تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر (كۇفرىنى نېئمەت) قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە، بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى﴾[2].

[1] بۇخارى رىۋايەت قىلغان.
[2] ئىبراھىم سۈرىسى 7 - ئايەت.

شۈبھىسىزكى ئىنساننىڭ تەن سالامەتلىكى داۋاملىق تۇرمايدىغان نەرسە، ئىنسان كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلىشىپ، قېرىپ ماڭىدۇ، ئاخىرى ھاياتىنى تۈگەشتۈرىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، دۇنيانىڭ ئويۇن-تاماشا ۋە كەيپى-ساپالىرىغا بېرىلگەن ئادەم، زىيان تارتقۇچى ۋە بۇ دۇنيادا مەغلۇبىيەت شارابىنى ئىچكەن ئادەم ھېسابلىنىدۇ. ۋاقىتنىڭ بوشلۇقى ئىنسان ئۈچۈن رىزقى كەڭ بولۇشقا سەۋەب بولۇشى كېرەك. ئاللاھ ئىنسانغا رىزقىنى كەڭرى قىلىپ بېرىپ، دۇنيالىقتىن خاتىرجەم قىلسا، ئەلۋەتتە ئۇ ئىنسان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ئاخىرىتى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. مەجبۇرىيەتلەر ۋاقىتتىن كۆپ بولۇپ قالغان ئەھۋالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ چارىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، مۇنۇ ھەدىس ئارقىلىق يولىيورۇق بەرگەن: «بەش نەرسىنى بەش نەرسىدىن بۇرۇن غەنىمەت بىل؛ سالامەتلىكىڭنى كېسەللىكتىن بۇرۇن، ياشلىقىڭنى قېرىلىقتىن بۇرۇن، بايلىقىڭنى كەمبەغەللىكتىن بۇرۇن، بوش ۋاقتىڭنى مەشغۇللىقتىن بۇرۇن ۋە ھاياتىڭنى ئۆلۈمدىن بۇرۇن غەنىمەت بىل»[1].

بىلىشىڭلار كېرەككى، بوش ۋاقىت نېمىتىمۇ سالامەتلىك نېمىتىگە ئوخشاش قولدىن كېتىپ قالىدىغان نېمەتتۇر.

تامام: 2017/02/10

[1] ھاكىم رىۋايەت قىلغان.